ئابباس مۇنىياز تۆركىيقان



# تەنھا پەرۋانە


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

تەنھا پەرۋانە

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

تەنھا پەرۋانە

ISBN 978-7-5469-5133-1
定价:55.00 元



ئابباس مۇنىياز تۈركىيقان

# تەنھا پەرۋانە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

孤傲的飞蛾：维吾尔文 / 阿巴斯·莫尼牙孜著
. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，
2014.2
ISBN 978-7-5469-5133-1

Ⅰ. ①骄… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①纪实小说-中国-当代
-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第032564号

策　　划　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑　图尔荪古丽·亚森
封面设计　穆拉丁·阿比提
责任决审　艾尼瓦·库提鲁克
责任复审　海拉提江·吾斯曼
责任印刷　刘伟煜

书　　名　孤傲的飞蛾（维吾尔文）
作　　者　阿巴斯·莫尼牙孜
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
制　　版　新疆奥敢图书发行有限公司
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　15.75
版　　次　2014年2月第1版
印　　次　2015年3月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-5133-1
定　　价　55.00元



# مۇندەرىجە


قۇياشلىق ئەل ........................................ 1
يوچۇن دەرۋىش ........................................ 7
يىراقتا قالغان ئەستىلىكلەر ........................ 15
غازىيانە يۇرت تەسۋىرى ............................ 90
چوغتالدا نورۇز ...................................... 98
يېگى شەيخ .......................................... 113
ئۇنتۇلماس ئەزان، خاسىيەتلىك سەھەر .......... 128
مەدرىستىكى مۇھەممەت .............................. 137
جانلار قاياشى ...................................... 149
كىچىك ئۇستاز ...................................... 177
مۇھەممەت — شەيخنىڭ كۆزىدە ...................... 187
قەشقەردىكى ئېھتىرام ................................ 200
ئائىلىدىكى مۇنازىرە ................................ 222
تۇنجى داموللام ...................................... 228
پەتىۋاغا پەتىۋا ...................................... 243
باغدا تۇغۇلغان ئەشئار — «نەپسى بىرلە جەڭ قىلماقنىڭ بايانى» ........................................ 260
ئۇ — مۇھەممەت ئەمەس، مۇرتەد! ................ 272
تىنجىماس چايانلار .................................. 280
دەسلەپكى رىۋايەتلەر ................................ 339

ئۇ راستىنلا خەراباتى ئىكەن ............................ 344
تەنھالىق ........................................... 358
مەن كىم؟ ........................................... 443
خەير، ۋەتەن ........................................ 464
ھاجى ھەققىدە رىۋايەتلەر ............................. 475
ئاخىرقى تىركىشىش ................................... 480
شاگىرت پۈتكەن يىلنامە .............................. 492
خاتىمە ............................................. 500

# قۇياشلىق ئەل

(مۇقەددىمە)

ئالەمنىڭ قۇياشى بىر بولسىمۇ، ھەربىر ئەلنىڭ ئۆز قۇياشى بولىدۇ.

**— مۇئەللىپ خاتىرىسىدىن**

ئۇزاق بىلىنىسىمۇ، ئاخىر يەنە قۇياش چىقتى. قەدىمىي زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات راھەتبەخش ھارارەتتىن جانلاندى. ئالەمنىڭ بوستانلىق ۋە سايلىرىدىكى بىھوش مۆجىزاتلار يېڭى قۇياشتىن نۇر ئەمدى. ھەممە ياق نۇرلاندى. بارچە جانلىق قېنىپ نەپەس ئالدى. بىر ـ بىرلىرىگە چىرمىشىپ، يىراق بوشلۇقلارغا يىلتىز تارتىشىپ كەتكەن كۆيە رەڭ بۇلۇتلار قارا قۇيرۇقلىرىنى سۆرۈشۈپ ھەريان قېچىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا جۇدۇنمۇ تارىدى. ئۇپۇق ئاقاردى. ئارقىدىنلا قىزاردى. ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان ئەزەلىي تەكرارلىق تەقەززا ئالەمگە تۇمەنلىگەن مۆجىزىۋى ئۆزگىرىشلەرنى بەخش ئەتمەكتە ئىدى.

ئالەم ئۇپۇق بويلاپ ئاقىرىپ كېلەتتى. ئۇپۇقتىن ـ ئۇپۇققا تۇتىشىپ بېرىۋاتقان ھاياتبەخش ئاقلىق، قەدىمىي زېمىننىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىغا يېڭىچە نەپەس ئاتا قىلاتتى. كۆللى مەۋجۇدات ئاستا ـ ئاستا جانلانماقتا ئىدى. ساناقسىز رىۋايەتلەرنى قوينىغا سىغدۇرغان مۇقەددەس تەكلىماكان، قۇم بارخانلىرىنىڭ تەك ـ تېگىگە كۆمۈلۈپ قالغان قۇلاقلىرىنى

كۆچ بىلەن قېقىشتۇرۇپ، ئۆزىنى مەھلىيا ئەتكەن يېقىملىق نۇر تامان سىلجىيتتى. چەكسىز ئۇزاقلارغا سوزۇلغان سىرلىق ۋە سېھىرلىك توغراقزارلىق، ئاستىدىكى تونۇش، راھەتلىك قىمىتلاشلار تۇرتۇشلىرىدە ئويغىنىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك غالىب يىلتىزلىرى ئۆزلىرى سەزگەن شېرىن بىشارەتلەرنى بويلاپ چوڭقۇرلاپ كىرەتتى. چوڭقۇرلىغانسېرى يىلتىزلار مۇستەھكەملىنەتتى. غوللار كۆچىيەتتى. شاخلار چوڭىياتتى. ياپراقلار ياشىراتتى... ياپيېشىل توغراقزارلىق ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىدىكى قورغانسىمان چاتقاللىقلار بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەندى، ئەتلەنگەن توشقانلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا سەكرەپ ئۆتۈشەتتى. ھۆسن تۈزىگەن كەكلىك، قىرغاۋۇللار شوخلۇق بىلەن قانات قېقىشاتتى. ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان قوي ۋە يىلقا توپلىرىدىن باشقا، ئۇلاي، جەرەن، كىيىك، يولۋاس، يىلان، چايان، سالما، پاتمىچۇق... كەبى دائىمىي جانلىقلارمۇ قانداقتۇر بىرەر شەپىنى سەزگەندەك، مەيلى تارتقان، دىلى خالىغان تەرەپلەردە چېپىپ يۈرۈشەتتى. توغراقلار ياشارغان، چاتقاللار قويۇقلاشقانىدى. بۇ ھال ھەممە جانلىق ئۈچۈن پاناھلىق كاپالىتى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار «ئەمدى قورقمايمىز» دېگەندەك مەغرۇر قەدەملەر تاشلاپ، ئۆزلىرى خالىغان، ئۆزلىرى كۆنگەن ئاۋازدا تىنىمسىز ۋە قانغۇچە ئۇنلەپ يۈرۈشەتتى...

تاغ ـ دەريا، دەشت ـ باياۋان... ھەممىلا يەر ئاقلىق سېھرىدىن پاكلىق تاپقانىدى. تەڭرىتاغ ۋە مۇزتاغ ئاتا كۆككە باش تىرەپ، پۈتۈن ئەل كۆزىچە مەردانە يالتىرايتتى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ نۇرانە يۈزىگە داغ بولۇپ قونغان توپا ـ تۇمان، لاي ـ لاتقىلار مانا ئەمدى نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئانا تارىم، سېخىي زەرەپشان، پەخىرلىك خانتەڭرىنىڭ تەڭداشسىز ھەيۋىتىگە جور بولۇپ، قىن ـ قىنىغا سىغماي جۇشقۇنلاپ ئاقاتتى. تەكلىماكان،

ھېممت ۋە چولاقنىڭ سايلىرى... يېڭىچە نۇر، يېقىملىق ئاقلىق
سېھرىدىن قىمىرلايتتى، جۇلالىناتتى، تەبەسسۇم قىلاتتى...

يۇرت ـ يۇرتلاردا شادلىق مەشرەپلىرى قايىنايتتى. ئانا زېمىندا ئەلمىساقتىن ياڭراپ كېلىۋاتقان ئوتلۇق مۇقام، قايناق بەزمىلەر، يېڭىچە لاتاپىتى بىلەن دىللارغا خۇشلۇق ۋە ئاسايىشلىق كۆيىنى تارىتاتتى. قەلبلەردە ھاياجان، چېھرلەردە تەبەسسۇم، مەنزىللەردە ئاقلىق، نىيەتلەردە پاكلىق!... كىشىلەر، ياق، پۈتۈن جانلىق شادلىناتتى. پۈتۈن ئەل يايرايتتى، سايرايتتى. بېسىۋالغۇسىز شادلىق، تەسۋىرلىگۈسىز شادىيانلىك ئىللىق تەبەسسۇم، ئوتلۇق ئۇسسۇل، مېھرلىك ۋە سېھرلىك مۇقام بولۇپ ئالەمگە تارايتتى...

كۆيگە ئايلانغان ئالەم بارا ـ بارا قىزاردى. قىزغۇچ، ھال رەڭ، ئاندىن يەنە قىپقىزىل رەڭگە كىردى. ئەمدى ئۇنىڭ چوغقا ئايلىنىشىدا ھېچ شۈبھى يوق ئىدى. ھەئە، چوغقىمۇ ئايلاندى. مۇزلىغان ۋۇجۇدلار ئېرىدى. ئۇششۇگەن ياپراقلارغا جان كىردى. خاسىيەتلىك زېمىنىنىڭ چەت ـ چېتىدە مۆگدەپ ياتقان ھاياتلىق گەۋدىلىرى يېڭىچە ۋە كۆيدۈرگۈچ ھارارەتتىن بىر ـ بىرلەپ تىرىلىپ قوپتى. قىزىللىق ـــ چوغ، چوغ ـــ ھارارەت، ھارارەت ـــ ھاياتلىق ئىدى. مانا ئەمدى ئانا زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ـــ گۈل ـ گىياھ، تاش ـ داشگال، قۇم ـ شېغىللىرىغىمۇ... جان كىرەتتى. ئالەم ياشنايتتى. بارچە ھايات ئۆز خىلىدا ياشايتتى...

قۇياش بارغانسېرى تىك ئۆرلىدى. ئۇنىڭ پارقىراپ نۇر چېچىشلىرى پۈتۈن ئالەمگە يورۇقلۇق ۋە ھارارەت ئاتا قىلاتتى. مىليون ـ مىليون مۆجىزاتنىڭ ئەمدىكى سەزگۈسىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر تۈيغۇ يالتىرايتتى. ئەمدى ياشايمىز. ئەمدى ياشنايمىز! بۈيۈك خانتەڭرى قۇياشقا باقاتتى. ئۇلۇغ تارىم قۇياشقا قاراپ ئاقاتتى. تەكلىماكان ئانا ئۆز قۇياشىغا باغرىنى ياقاتتى. ھەممە شاد، ھەممە تۈيغۇن، ھەممىلا بارلىق ئۆز

قۇياشغا ئۇيغۇن ئىدى. قۇياش قانچىكى پارلىسا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان سايىلەر شۇنچە كەڭ ۋە قېلىن بولاتتى. زېمىن راھەتبەخش ھارارەتتىن مادار ئېلىپ، تونۇش سايە ئاستىدا نەپەسلىنەتتى. چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئۆز قۇياشىدىن قۇۋۋەتلىنىپ، قۇياش ئۆستۈرگەن توغراقلىرى سايىسىدە كېرىلەتتى، كېڭىيەتتى. چۆل - باياۋانلار چاك - چاك يېرىلغان لەۋلىرىنى شۇمۇپ قۇياشغا باققاندا، ئۆز گەۋدىسىگە چۈشكەن ھارارەتنىڭ ئوت ئەمەس، سايە ئىكەنلىكىنى ئىپتىخار بىلەن ئەسكە ئېلىشاتتى. قۇشلار قۇياش سايىسى ئاستىدا پەرۋاز قىلىشاتتى. ئۆمىلىگۈچىلەر قۇياش راھىتىدە قوغلىشاتتى. بارچە جانلىق يېقىملىق ۋە ھارارەتلىك سايە ئاستىدا كۈچلىنەتتى. پەقەت شۇ سايە ئاستىدىلا ئۆز نېسۋىسىنى تاپاتتى. ھايات پەيزىدە چاپاتتى. ئەۋلاد سۈيىدە ئاقاتتى...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى، نەگە بېرىپ يەتكىنىنى ھېچبىر جانلىق سەزمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھارارەتلىك ۋە غەمسىز سايە ئاستىدا ياشىغىنى ياشىغان. بىراق، ۋاقىت ئۇلارنىڭ رايىغا باقمىدى. قاچانكى بىر چاغدا قۇياش يانغا قايرىلىپ، ئۇنىڭ نۇرلىرى غۇۋالىششقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭدىن چۈشكەن سايىلەرمۇ نېپىزلەپ، يامغۇر - يېشىن، جۇد - بورانلارغا دالدا بولالماس بولۇپ قالدى. قۇياشىمىز يەنە پېتىپ كېتەرمۇ؟ بەختىمىز يەنە قېچىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرەشتى مۆجىزاتلار. لېكىن، بۇ ئەنسىرەشمۇ ھېچنېمىگە دال بولالمىدى. قاچاندۇر بىر چاغلاردىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەھىمىلىك جۇدۇن يەنە قىستاپ كەلدى...

ئەمدىلىكتە قۇياش بەكلا غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى. گۇل - گىياھلارنىڭ ئۇچ - ياپراقلىرىنى سارغايتىپ ئۆلگۈرگەن جۇدۇن قۇيۇنغا، قۇيۇن بورانغا ئايلانماقتا ئىدى. مۇقەررەركى، ئۇزاققا بارمايلا قارا بوران چىقاتتى...

ئالەم قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. مىس رەڭ بۇلۇتلار قارا بۇلۇتلارغا ئايلىنىپ، قارا بۇلۇتلار ئۆزىدىنمۇ قاپقارا قۇيرۇق چىقىرىپ كۆكتە ئەگىپ يۈرۈشەتتى. گىياھلار ئۇششۇشكە باشلىغانىدى. زېمىن غال ـ غال تىترەيتتى. پايانسىز تەكلىماكان قاراڭغۇلۇقتىن ھۇۋۇلاۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆكتىن، زېمىندىن، ئۈپۈقتىن... ئىش قىلىپ ھەممىلا ياقتىن قاراڭغۇلۇق قىستاپ كېلەتتى. دۇنيا تارايماقتا ئىدى. تاغ قايان، دەريا قايان... ھېچبىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كۆن چىقار قايسى، كۈن پاتار قايسى... بۇنىمۇ پەرق قىلىش تەس ئىدى. دۇنيادا بىرلا نەرسە ياشايتتى: قاراڭغۇلۇق، پەقەت قاراڭغۇلۇقلا!

قۇياش قاياققىدۇر غايىب بولدى. ھېچبىر جانلىق بۇنى كۈتمىگەنىدى. تەكلىماكاننى ئۇمۇرتقا قىلغان ئانا زېمىن نالە قىلاتتى، ئىڭرايتتى...

ــ دىيارى مەغرىپتە كۈن چىقىپ تۇرۇپتىمىش...

ــ دىيارى مەشرىقتىمۇ ھاۋا ئوچۇق دېيىشىدۇ...

ــ ...

قاياقتىندۇر پىچىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. شۇئان ئانا زېمىن قاتتىق سىلكىندى. گىگانت خانتەڭرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چۇقان سالدى:

ــ ھەر ئەلنىڭ قۇياشى باشقا!

مۆجىزاتلار ئېغىر تىندى. ھەممە ياقنى يەنە سۈكۈت قاپلىدى.

يەنە شۇ قاراڭغۇلۇق، جۇت ۋە تۇمان... كۆزلەر باغلانغان، تىللار تۇتۇلغان، دىل رىشتى ئۈزۈلگەن. مەقسەت ۋە مەنزىل يوللىرى بىراقلا كېسىلگەن، ئەلمىساقتىن شۇنداقتەك. ئەبەدىي شۇنداق بولىدىغاندەك...

ــ يۇلتۇز... يۇلتۇز كۆرۈندى!...

ھېچ كۈتمىگەندە، قاراڭغۇلۇقنىڭ تولىمۇ ئېگىز بىر

يېرىدىن خانتەڭرىنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

قەدىمىي ئانا زېمىن ۋە زېمىندىكى بار مەۋجۇدات قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن كۆككە باقتى. دېگەندەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان يىراق بوشلۇقتا ئاجايىپ نۇرلۇق بىر يۇلتۇز ئۈمىدۋارلىق بىلەن چاقناپ تۇراتتى.

ئەتراپنى ھەيرەتلىك ھېسلار قاپلىدى. شۇنچە قېلىن تۇمان، شۇقەدەر قويۇق بۇلۇتلار قېتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالىغان قايسى يۇلتۇزكىنە بۇ؟

قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىن تەكلىماكاننىڭ يېقىملىق ۋە تەمكىن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇ بىزنىڭ يۇلتۇزىمىز. بەخت يۇلتۇزى!

زېمىندا يەنە پىچىرلىشىشلار باشلاندى: بىر يۇلتۇز چىققان يەردە، باشقىلىرى چىقماي قالارمۇ. يۇلتۇز كۆرۈنگەن يەردىن ئۈمىد ئۈزگىلى بولارمۇ؟!...

# يوچۇن دەرۋىش

مىلادىيە 1739 ـ يىلى.

ئۆپۆق ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان. ئەتىيازنىڭ سوغۇق، ئەمما يېقىملىق شامىلى ئۇيۇشقان يۈزلەرگە باشقىچە بىر ھالەتتە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەتراپ يەنىلا گىرىمسەن، ھەممىلا نەرسە سۈس بىر قەۋەت پەردە ئىچىدە كۆرۈنىدۇ. ئالدى تەرەپتە ـ تولىمۇ يىراقتىكى شىمالىي ئېگىزلىكتە بايا كۆرۈنگەن نۇرلۇق يۇلتۇزلار ئاۋۋالقىدەكلا چاقناپ تۇرىدۇ. يىراق ـ يىراقلاردا ئىتلار ھاۋشىيدۇ. ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان چۈقانچى قۇشلار يېقىنلا يەردىن پۇرۇلداپ ئۇچىدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى ئۇچۇش تەييارلىقىدا چۇرۇقلايدۇ. چاتقاللىق قېتىدا سەھەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچەلمەي مۈگدەپ ياتقان جان ـ جانىۋارلار ئاللىقانداق بىر خەۋپلىك قەدەم تىۋىشىنىڭ ئۆزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىشىپ، ھاپىلا ـ شاپىلا بېشىنى ئېلىپ قېچىشىدۇ. «پارت!» قىلىپ باشقا بىر چاتقال قېتىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ ياكى چالا ئويقۇلۇق ھالىتىدىلا قاراڭغۇ بوشلۇققا قاراپ قانات قاقىدۇ...

چاتقاللىق قويۇقلىشىپ باراتتى. پىيادە يولۇچىنىمۇ ناھايىتى تەسلىكتە سىغدۇرالايدىغان چىغىر يول بارغانسېرى كۆرۈنمەي قالغانىدى. ھەممە ياق چاتقاللىق، چىغلىق، يۇلغۇنلۇق، قومۇشلۇق... گەرچە ئۇلار تېخى ئەتىياز ھىدىنى سېزىپ ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ...

ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. قارا پەردە سۈس

يورۇقلۇققا ئورۇن بوشاتتى. شۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپلا جاھان باشقىچە تۈسكە كىردى: يورۇۋاتقان بوشلۇق، ئاقىرىۋاتقان قەدىمىي توغراقلىق، چاتقاللىق، قۇملۇق... سەھەر شامىلىمۇ، سوغ شامالنىڭ مۇزدەك يېقىشلىق گەۋدىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاشىق قۇشلارمۇ... ھەممىسى ئاقتەك، ئاقىرىۋاتقاندەك...

يولۇچى قەدىمىنى ئاستىلاتتى، شۇنداق قىلمايمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان قېلىن چاتقاللار ئۇ مېڭىپ كېتىۋاتقان قەدىمىي چىغىر يولنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.

— ئېزىپ كەتتىممۇ نېمە؟... ئاداشقان ئوخشىمامدىمەن؟ — شۇنداق دېگەچ بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى يولۇچى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە ئازمىغان، ئازمايدىغان يولۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىگە، تۈيغۇسىغا زىيادە ئىشىنەتتى، — خۇدايا تووۋا قىلدىم، سەپىرىم مۇشۇ يەرگىچە ئوڭۇشلۇق بولۇپ، مەنزىلگە ئازلا قالغاندا... بايا ئوقۇغان بامدات نامىزىمدىن كېيىن كۆڭلۈمگە ھېچبىر شەك كەلمەپتىيا؟!...

جۇملىسىنىڭ ئاخىرىنى خوتەن تەلەپپۇزىدا چۇشۇرگىنىگە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كۈلگىسى كېلىپ كەتتى. بولمىسا خوتەندە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتمىگەنىدى ئۇ.

ھەي!... ئۇنى يىغلاپ ئۇزاتقان ئاشۇ خوتەنلىك ساھىبجامال ـ ھە! ئۇ دەرۋىشلىك يولىنى تۇتۇپ، مۇشۇ يول پەرز خاسىيەتلىرىگە ئەقىدە قىلمىغان بولسا، بەلكى...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىنچىكە قارا قاشلىق، ئويناپ تۇرىدىغان بۇلاق كۆزلۈك، پەردازسىز ھالىتىدىمۇ گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ تېمىپ تۇرىدىغان چىرايلىق لەۋلىك... تەڭداشسىز بىر گۈزەل كەلدى. ئۇ يەنە ئاشۇ تونۇش چىرايىنىڭ ئۆزىنى ئۇزاتقان چېغىدىكى جىلۋىلىك بېقىشلىرىنى، ياش تۆككەن ۋاقتىدىكى ئوماقلىقىنى؛ ئۇ ئازغۇنلۇق بولىدۇ، ـ دەپ قولىنى تۇتقازمىغىنى

ئۇچۇن قىزنىڭ ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ تۇمشۇقىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ قالغىنىنى ... ئەسلەپ كەتتى.

توساتتىنلا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن بىر قۇش «پۇر» قىلىپ ئۇچتى. ھېلىقى ساھىبجامال قۇش بولۇپ ئۇچقانىدەك، پەرىشتە بولۇپ كۆككە كۆتۈرۈلگەندەك بىلىنىپ كەتتى ئۇنىڭغا. لېكىن، ئۇ دەرھاللا ئۆزىگە كەلدى ۋە ئۆز ئەقىدىسىگە ئاسىيلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چۆچۈپ كەتتى. «ئاسىيلىق!... گۇمراھلىق» ئىختىيارسىز ھالدا قاتتىق توۋلىۋەتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۈنلىغان قۇشلار ئۈركۈپ، كۆككە كۆتۈرۈلدى. «مەن دېگەن دەرۋىش، مەن ئاشىق!»

ئۇ دەرۋىش ئىدى، ئۇنىڭ قاچاندىن بېرى مۇشۇ يولنى تۇتقانلىقى ھەققىدە ھېچ كىشى بىر نېمە دېيەلمەيتتى. بىلىدىغىنىمىز ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئىدى: ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ، قاسماق باسقان ساقال بۇرۇتىغا قاراپ يېشىنى پەرەز قىلىش تەسكە چۈشەتتى. پەقەت ئۇنىڭ مەزمۇت تۇرقى، ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە قاراپ تېخى 35 ياشلاردىن ئاشمىغان دەرۋىش ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ تاشلاقسىز كۈلاھى تىتما ـ تالاڭ بولۇپ، باشقىچە تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. كىرلىشىپ كەتكەن قارا چاچلىرى تۇماق ئىچىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ، مۈرە ۋە گەجگىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى. رەڭگىنى پەرق ئېتىشكە بولمىغۇدەك ھالغا يەتكەن ئەبجەق جەندىسى ئوشۇقىغىچە سۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. ئوڭ مۈرىسىگە سېلىنغان قىل خۇرجۇنمۇ ئاستىدىكى جەندە رەڭگىدىن قېلىشمايتتى. ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇمۇ ئۆڭۈپ، ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقانىدى. ئىزمىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن خۇرجۇننىڭ يىرتىق ئېغىزىدىن ھالقىلىرى چۈشۈپ، شالاڭلىشىپ قالغان كونا ساپايىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېلىدە بەلباغ، ئۇمۇ رەڭگىنى

يوقاتقان، پۇتىدا خام تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك، ئۇمۇ ھەم مەينەت، يىرتىق...

ئۇ قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدىن گۇرۇلدەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان تورلۇك ئاۋاز، رەڭگارەڭ سىياقتىكى قۇشلارغا ھەۋەس بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. چېكىنى پەرق ئېتىشكە بولمايدىغان بۇ چاتقاللىقلار دۇنياسىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، قۇشلىرىمۇ شۇ قەدەر گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. بۇ دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن كەڭرى ۋە تارتىملىق! ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېگۈسى كەلدى ئۇنىڭ. «كۆكتاتلار يۈزىنى تولۇق كۆرسەتمەي تۇرۇپ شۇنداق تۇسكە كىرگەن يەردە، چوكاتتال پەسلىدە يەنە قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتەر بۇ يەر؟!» ئەمما، ئۇ بۇلارنى ۋارقىراپ تۇرۇپ دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، گۈزەللىك، بۈيۈكلۈك ۋە چىنلىق پەقەت ئۇ دۇنيادا، ئاللانىڭ ۋۇجۇدىدىلا مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۇ دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشەت ـ پاراغەتلىرىدىن كېچىپ كېلىۋاتاتتى. كېچىپ كەلدىم دەيتتى ـ يۇ، قەلبىنىڭ تىزگىنسىز قېلىۋاتقان ئاللىقانداق بىر قاراڭغۇ بۇرجىكىدىن ئۇنى تەۋرىتىشكە ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان تەلۋە ھېسسىياتنىڭ پات ـ پات باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۆزىلا ئىرادىسىزلىك، روھىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلمىگەنلىك ئىدى. بۇ خىل يېتىشسىزلىك ئۇنى ئەقىدە ـ ئاسىيلىققا، بارلىق گۇناھ، گۇمراھلىققا باشلىيالايتتى. پانىينى گۈزەل دېگۈزەتتى. شەيتان ساھىبجامالارنىڭ ئېزىتقۇ، ناز ـ كەرەشمىلىرىگە دىققەت قىلدۇراتتى. روھىنى بۇلغاپ، شەھۋەتنى ئاشۇرىدىغان كۈچلۈك نېمەتلەرگە قارىتا ئىشتىيىنى قوزغىيالايتتى. نەپسىنى كۈچەيتەلەيتتى...

ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى. بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئىرادە

ۋە كارامەتچىلىك ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش مۇساپىسىنى بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ مۇساپە ئۇنى ھەقىقىي سوپىلىق مۇقامىغا ئۇلاشتۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەمدىكى مەنزىلىدە، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان خىسلەتلىك ۋە مۆجىزىكار دەرۋىش، تەسەۋۋۇپتا ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن ئۇستاز① ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى جۇلا قىلىپ تۇراتتى. پەقەت مۇشۇ يېتۈك ئۇستازلا ئۇنى سوپىلىق مەنزىلىنىڭ ئەڭ بۇيۈك پەللىسىگە ئېلىپ چىقالايتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ئىللەت، چىركىنلىكلەردىن؛ نەپس، شەھۋەت ۋە بارلىق ئازغۇنلىقلاردىن خالاس بولالايتتى...

ئۇ ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى يۆتكىمەي تۇرۇپ، شەرققە قارىدى. مانا ئەمدى ئۇپۇق قان رەڭگىگە كىرگەنىدى (ئۇ «قىزىل رەڭ» نى ھەمىشە «قان رەڭ» دەپ ئىشلىتەتتى). شەپەق نۇرى يېتىپ ئۇلگۈرگەن ۋە ئانچە يىراق بولمىغان بوشلۇقلاردا قوغۇشۇن رەڭ تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ بىلەتتىكى، بۇ ئاۋام موزىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئىدى. دېمەك، يېقىن ئەتراپتا ئائىلىكلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— ئادىمزات بار يەرگە يېقىنلاشقان چېغىم بار، مېڭىپ باقاي، — دېدى ئۇ قەدىمىنى ئۇڭ تەرەپكە، يەنى قويۇق ئىس لەيلەپ يۈرگەن تەرەپكە توغرىلاپ. ئۇنىڭ ئاداشقاندىن كېيىنكى تۇنجى قەدىمىمۇ خوتەن تەلەپپۇزى ئارىلاشقان جۈملىنىڭ ئىلھامى بىلەن بېسىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزى بۇنى سەزمەيتتى. لېكىن، ھە دېسىلا خوتەنگە قېچىپ كېتىۋاتقان ئېسى ئۇنى يولىدىنمۇ، سۆزىدىنمۇ ئازدۇرۇپ باراتتى...

— بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم! — ئۇ بىرقانچە (بەلكى

---

① بۇ يەردە ياش دەرۋىشنىڭ ھاجى خەراباتى ھەققىدە خاتا ئۇچۇرغا ئىگە بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكتۇر) قەدىمىنى شۇنداق دەپ باستى. خۇددى ئالۋۇندەك گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقاپ كېتىدىغان، يوق ھېسابىدىكى بۇ چىغىر يولدا يەنە ئېزىپ كەتمىسەمتى، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئادىمىزات كەمدىن ـ كەم ئاياغ باسىدىغان يوللارنىمۇ ئىزدەپ ـ سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئازماي تېپىپ كەلگەن بۇ ياش دەرۋىش مانا ئەمدى ئاقسۇ ئاتلىق سېخىي ئۇلۇغلار دىيارىغا قەدەم باسقاندا ئېزىپ قالغىنىغا ھەيران قېلىۋاتاتتى. «خۇدايا تووۋا قىلدىم!» دەيتتى ئۇ يولنى توسۇۋالغان چاتقاللارنى قولى بىلەن قايرىپ يول ئېچىپ كېتىۋېتىپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇنداق يوللاردا كۆپ ماڭغان. ئادەم ئۇچرىغان چاغلاردا سوراپ، بىر كىم يولۇقمىغاندا ئۆز تۇيغۇسىغا تايىنىپ مېڭىپمۇ زادىلا بىرەر قېتىممۇ ئېزىپ قالمىغان. تۇيغۇسى بىرەر قېتىممۇ ئۇنى ئالدىمىغان، ھۆكۈم قىلىش، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى زىنھار يېڭىلىشىپ باقمىغانىدى. خوتەن تەلەپپۇزى قاچان تىلىغا ياماشتى، شۇندىن بېرى «تووۋا، ئاجايىپ ئىش ئىكەن سېھرىي ئازغۇنلۇق دېگەن»؟! ئۇ كۆرستىدىغان شەيتان سىمالار ئارىلىق ئۇزارغانسېرى يېقىنلاپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كۆچىيىپ بارىدىكەن. ئۇنى يولۇپ تاشلىغىلى، تىللاپ قاچۇرغىلى بولمايدىكەن. بولمىسا قارىقاش، گۇما، يەكەن، قاغىلىقلاردىمۇ... بۇنچىلىك بولۇپ كەتمىگەن ئىدىيا، ئۇ... راست، ئاقسۇ دېگەن ھەقىقەتەن ئۇلۇغلار يۇرتى ئىكەن. ھەممىلا يېرى بايلىق ـ مەئىشەتكە تولۇپ ياتقان بۇ زېمىن ئۇنىڭ ئۆز باغرىغا قەدەم باسقانلىقىنى سېزىپتۇ. شۇڭا، ئۇنى سىناۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە ئىرادە كۈچىنى بىلىپ باقماقچى بولۇۋېتىپتۇ... چوقۇم شۇنداق! تەبرىزىم، كوھىمارىم، چىلتەنلىرىم، ئالتۇنلىرىم... مازارلىرىنى تاۋاب قىلىپ ئۆتتى. ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولدى. ئازمىدى، ھېچنېمە ئازدۇرالمىدى. ئۆز ئەقىدىسى، قەدەم ۋە تەلەپپۇزلىرىغا سادىق بولۇپ كەلدى.

قاچانلىكىم «ئەختەم بۇزرۇكگاھ» قا ئاياغ باستى، شۇندىن بېرى ئۇنىڭ خىيالى چېچىلىپ، ئىرادىسى بوشىشقا باشلىدى. ئۇچرىغانلار «چوغتالغا ئاز قالدى» دېگەنسېرى، ئۇنىڭ خىيال چېچىلىشلىرى يۇقىرى چەككە يېقىنلاشتى. مانا بۇگۈن يېڭى تاڭنى ئېزىش بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەمدى ئويلاپ يەتتىكى، «ئەختەم بۇزرۇكگاھ» ئاقسۇنىڭ بىر پېشى ئىكەن. ئۇ شۇ مۇبارەك تاۋابگاھقا قەدەم باسقاندىن تارتىپ سىنىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. مۆجىزىكار ھەزرىتىم ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىۋالغان ئىكەندە! بەلكى شۇ تاپتىمۇ ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندۇ. ئۇنىڭ روھىيەت ئالەمىدىكى زىددىيەتلەرنى، خىيال ۋە تاقەتسىزلىنىشلىرىنى... ھەممىنى سېزىپ تۇرۇۋاتقاندۇر!

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غايىبانە ئۇستازى كەلدى. ئۇ بۇ زات بىلەن ھېچقاچان كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇرت ـ يۇرتلارغا تارالغان ئاجايىپ تەرىپلەشلەر بۇ ھەزرەتنى ئاللىقاچان ئۇنىڭ غايىبانە ئۇستازىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، ھەزرىتى ھاجىم① ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، پارقىراق يۈز، كەكە ساقال، ئورا كۆز، ئېگىز بوي زات ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بارلىق كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ زات ئۆيىدە ئولتۇرۇپلا باشقا يۇرتتىكى خالىغان بىراۋنى كۆرەلەيتتى. ئۆزى ھەققىدىكى گەپ سۆزلەرنىمۇ شۇ ھالەتتە ئاڭلىيالايتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۆزى تامان كېلىۋاتقان ياش دەرۋىشنىمۇ كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. راست، كۆرىدۇ. ئۇنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ خىيالىنىمۇ!

ئۇ بارغانسېرى ئىتتىك كېتىۋاتقان بولسىمۇ، خىيالچان كۆزلىرى نامەلۇم بوشلۇق ئۇستىدە قېتىپ قالغانىدى. ئاشۇ

① ھاجى خەراباتى دېمەكچى.

بوشلۇقتا ـ ناھايىتى يىراقتا، تونۇشتەك كۆرۈنگەن ناتونۇش بىر زات ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شور ـ پېتىقلارغا دەسسەشلىرىنى، ئۇچلىرى قۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆتەكلىرىگە سۇ يۇگۇرۇشۇپ قالغان چاتقاللارنى قايرىپ كېتىۋاتقاچ، يىراقتا قالغان بىر ئېرىتتقۇ سىمانى ئەسلەشلىرىنىمۇ... كۆرۈپ تۇراتتى. ھەئە، بۇنىڭغىمۇ كۈلۈپ تۇراتتى!

«مېنى كەچۈرسىلە ئۇستاز... ئۆزلىرىنىڭ پېشىنى تۇتقاندىن كېيىن، بەدنىيەت خىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇيمەن» دەيتتى ئۇ بىر ئامالالار بىلەن تېزرەك قەدەم ئېلىشقا تىرىشىپ، «ئۇي خىيالىمنى بىلىپ تۇردىلا، مۇشۇ خىيالىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلارلىمۇ؟ ... ئىككى دۇنيالىق ئۇستاز تۇتسام، مېنى ئەرزىمەس شاگىرتلىققا قوبۇل قىلارلىمۇ؟ ... سىلىنى ئۇلۇغ بىلىدىغان قەشقەرلىك ئىككى زاتنىڭ مەكتۇپىنىمۇ ئالغاچ كەلدىم. مۇشۇ مەكتۇپلارنىڭ يۈز ـ خاتىرسى ئۈچۈن بولسىمۇ، مېنى يانلىرىدا ئېلىپ قالغايلا.»

ـــ تونۇمايمەن... دېمىگەيلا ئۇستاز، ـــ سەلدىن كېيىن ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى، ـــ خۇدا خالىسا، نورۇز كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ بارىمەن. ئۇلۇغ نورۇزنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىمەن ھەزرىتىم!... .

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، تۈيغۇسىدىكى چوغتالنى نىشانلاپ تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

# يىراقتا قالغان ئەستىلىكلەر

تۇرارگاھىدا ئۆتكەندە مەنزىل ئىشقىغا قانىماسلىق، بارارگاھىغا يەتكەندە ئەسلىيەتكە قىيماسلىق — ئىنسان مەيلىنىڭ ئورتاق تۇراقسىزلىقى. ھەر بىر ئىنسان، مەيلى ئۇ ساددا دىل مۆمىن بولسۇن ۋە ياكى پىكرى كامىللىق پەللىسىگە ئۇلاشقان زاتى دانىشمەن بولسۇن، ھاياتى ھىجرەتلىرىدە ھامان مۇشۇ خىل روھىي قارارسىزلىقتا مۇپتىلا بولماي ئۆتمەيدۇ. ئەقىدە سەيياھلىرى ۋە مەقسەت مەردانىلىرى تېخىمۇ شۇنداق. شۇ تاپتا ئۆز مەنزىلى قىرلىرىغا قەدەم باسقان دەرۋىشمۇ ئەينى شۇ ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇ ھەر قېتىمقىدەكلا قارارگاھىغا يېقىنلىشىشى بىلەن تەڭ، ئارقىدا — يىراقلاردا قالغان مېھىرلىك جايلارنى ئەسلەپ قېلىۋاتاتتى. دۇنيادا ئۇنىڭدىن گۈزەل ۋە باياشات يۇرت يوقتەك بىلىنەتتى. يەنە بىر ياقتىن، قەدەم بېسىۋاتقان يېرى ئاخىرىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ مۇساپىدەك، ھاياتىنىڭ تۈگەللىمىسى مۇشۇ يەردىدەك، ئەجەل ئەلچىسى ئۇنى دەل مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغاندەك... تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا قوزغالغان قىيالماسلىق ھېسلىرى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجان ۋە يەنە شۇنىڭغا ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان ئېنىقسىز ئەندىشە ئۇنى گاڭگىرىتىپ، تەسەۋۋۇرغا باي مېڭىسىنى قۇيقۇرۇق بىر قاراڭغۇ بوشلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى...

«ئېھ، ئەزىزانە خوتەن!» دەۋەتتى ئۇ ئىختىيارسىزلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ۋە يەنە تۇنجى بولۇپ خوتەننى زىكرى قىلدى «بىرنى

بىر دەيدىغان لەۋزى ھالال خوتەنلىكلەر!»

دەرۋەقە، ئارقىدا قالغان يۇرتلار بىر - بىرىدىن مېھرى ئىسسىق ۋە تارتىملىق ئىدى. خوتەن، گۇما، چاقىلىق؛ يەكەن، قەشقەر، قاغىلىق... بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ باغرىدا ئەزىزلىنىپ ياتقان سەھۋالىم، كۆھمارىم، تەبرىزىم، ئىمامى رەببھۇللا، ئىمامى قاسىم، ئىمامى ھاشىم مازارلىرى... يەنە تېخى پىرىيانە يەكەندىن جاي ئالغان ئالتۇنلۇق، چىلتەنلىرىم؛ ئەزىزانە ئاتۇشنىڭ، قەشقەرنىڭ باغرىدىكى ساتۇق بۇغراخان، ئارسلانخان مازارلىرى... مانا بۇلارغا شۇنچە ئاسانلا قىيغىلى بولسۇنمۇ؟ ساتۇق بۇغراخان ھەزرەتلىرى ئۈچۈن ئالدىن بىشارەت قىلىپ ئېيتىلغان «تۈركىيلەردىن ئەۋۋەل مۇسۇلمان بولىدىغان كىشى ساتۇق بولىدۇ» دېگەن ھەدىس ۋە باشقا مازارى - بۇزرۇكگاھلار خۇسۇسىدىكى نوپۇزلۇق ئېيتىلما - ھېكايەتلەر... بۇ يۇرتلاردىن ئايرىلىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇرمامدۇ؟ خەيرىيەت، ئۇ ئاخىرى تەۋەككۇل دەرياسىغا شۇڭغۇپ، غازىيانە ئاقسۇ تامان «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم!» دەپ ۋەزىنلىك قەدەملىرىنى باستى. بىراق، يىرىم يولغا كەلمەيلا بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالايدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. ئۆزىنى سېھىرلىك ماگنىتتەك تارتىپ تۇرغان، ھەزرىتى مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ يۇرتى بولمىش قەدىمىي ئاقسۇغا يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىدى. «جانابلىرى بىلەن دىدارلىششىنى ئاللاھ ماڭا نېسىپ قىلمىغان چېغى ھەزرىتىم» دەپ ياش تۆكتى ئۇ قانچە قېتىملاپ. بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارەن ۋاز كەچكىنى ئەمەس ئىدى. ھېچ كۈتمىگەن دىشۋارچىلىقلار ئۇنى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر قىلاتتى. قەدەمدە بىر يۇلۇقۇپ تۇرىدىغان قورقۇنچلۇق تاسادىپىيلىقلار ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئىستەك يىپلىرىغا تىغ ئۇرۇپ تۇراتتى. «تەقدىرگە قويدۇم، ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم!...» شۇنداق دەپ قەدەم باسقاندى

ئۇ نەزىرىدىكى بۈيۈك زاتنىڭ ئۇلۇغ يۇرتى بولغان ئاقسۇغا ئىنتىلىپ.

شۇ كۈنلەردە يۇرت ـ يۇرتلار ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى. گاھ ئاق تەقىيلىقلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، گاھ قارا تەقىيلىقلەر ئۇلاردىن ھوقۇقنى تارتىۋالاتتى. بىر تەرەپ ھوقۇق ئىگىلەپ «ئۇھ» دەپ بولغىچە، يەنە بىر تەرەپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ بولاتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىكى ئورتاق تەدبىرى: جۇڭغارلارغا يېلىنىش ۋە تېخىمۇ كۆپ مۇرىت توپلاش ئىدى. بۇ چارىنى ئەڭ دەسلەپ ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ يولباشچىسى، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ ھامىيسى ئاپاق خوجا ئىشلىتىپ ئۈنۈم قازانغاندىن كېيىن، قارا تەقىيلىقلەرمۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتا مۇشۇ يولنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىپ تاللىۋالدى. تىلى ۋە دىنى بىر بولغان يۇرتداش، قېرىنداشلارنىڭ ئۆز سۇلۇك ـ مەزھەپلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئوردىدا ھوقۇق ئىگىلەش مەقسىتىدە ھەددى ـ ھېسابسىز سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىپ جۇڭغارلارغا باش ئۇرۇش، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى يامانلاپ چېقىش، جۇڭغارلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن يەنە بىر مەزھەپنىڭ سەلتەنىتىنى يوق قىلىش... تەڭ رەزىللىكلىرى ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەممە بىلىدىغان ۋە ھەر ئىككىلا مەزھەپنىڭ قولىدىن كېلىدىغان نومۇسلۇق ئۇدۇمغا ئايلاندى. پەلەكنىڭ چاقى ئايلىنىپ، سەلتەنەت سۈرۈش پۇرسىتى ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ قولىدىن كېتىپ، قارا تەقىيلىقلەرگە كەلگەندە، ئۇلار ئۆز كۈشەندىسى بولغان ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ «جۇڭغارلاردىن ياردەم سوراش» يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ باستى. بېرىدىغان ۋەدە ـ قەسەم، يەتكۈزۈدىغان سوۋغا ـ سالام ۋە قەرەللىك تاپشۇرۇدىغان باج ـ ئولپانلارنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. مىلادىيە 1720 ـ يىلىدىن باشلانغان دانىيال خوجا دەۋرى ئۇيغۇر

تارىخىدىكى بۇ قاباھەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتە داۋام ئەتكۈزۈلۈشى ئىدى. دانىيال خوجا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ۋەكىلى، قارا تەقىيلىكلەرنىڭ يولباشچىسى بولسىمۇ، ئۇ ئىمتىياز تەختىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش يولىدىكى بارلىق ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلغان، ھەتتا ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانىدى. بۇ دەۋردە قارا تەقىيلىقلەرنىڭ كۈچى ناھايىتى زورايدى. ئۇلار دانىيال خوجىنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىشى، جۇڭغارلارنىڭ سىرتتىن ھىمايە قىلىشى بىلەن ئاق تەقىيلىق خوجىلارنىڭ — سۇلۇكي ئىشقىيەنىڭ يولباشچىلىرى ۋە ئىككىنچى، ئۈچىنچى قول باشچىلىرىنى مۇخلىسلىرى بىلەن قوشۇپلا قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئۆلگۈرگەنلىرى شەھەرنى، يۇرتنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ قاچتى. قاچالمىغانلىرى قارا تەقىيلىقلەرنىڭ قىساس شەمشەرلىرىگە يەم بولۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ قىرغىنچىلىقتا ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى. خۇددى قارا تەقىيلىقلەر يېزا - قىشلاق، تاغ - جىرالارغا يوشۇرۇنۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە كۈچ توپلاپ ۋە جۇڭغارلاردىن مەدەت تىلەپ، ئاق تەقىيلىقلەرنى ئورۇندىن قوغلاپ چىقارغانىدەك، ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ ھايات قالغانلىرىمۇ يىراق سەھرا، تاغ، قىشلاقلاردا پاناھلىنىپ، كەلگۈسىدىكى قىساس ۋە سەلتەنەت پۇرسەتلىرىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى...

مىلادىيە 1735 - يىلى قارا تەقىيلىقلەرنىڭ — خەلق تىلىدا قارا تاغلىقلار دەپ ئاتالغان ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ باشچىسى دانىيال خوجا ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سايىسى بولمىش خىش - ئەقرىبالىرى ھەممىلا جايدا دەۋران سۈرۈپ، ئاۋام ئېڭىغا «دانىيال خوجا دەۋرى»نى ئۇسسۇزلۇقتەك قۇيۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسھاقىيە تەرەپدارى بولغان خوجا جاھان قارا تەقىيلىقلەرنىڭ

دىنىي ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ مەزھەپنىڭ تەسىرى كۈ-
چىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. قە-
دىمىي ۋە غول يۇرتلاردىن بولغان خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋە ئاق-
سۇلارغا دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى — ئابدۇللا خوجا، خوجا
جاھان، يۇسۇپ خوجا، ئايۇپ خوجىلار غالدان سېرىن تەرىپىدىن
ۋەزىپىگە قويۇلۇپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئاۋۋالقىدەكلا دا-
ۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئادەم ئالماشسىمۇ، ئۇنىڭ تەدبىر -
ئىجرائىيەتلىرى بىر خىلدا ۋە دەخلىسىز داۋام ئەتكۈزۈلۈۋاتات-
تى. دانىيال خوجا ئۆز سۇلۇكىتىنىڭ تەرتىپ - ئەقىدىلىرىنى
ئىلگىرىكى ئىشان - خوجىلاردىن ئاشۇرۇپ ئىجرا قىلغىنىدەك،
ۋارىس بالا خوجىلارمۇ دادىسىنىڭ — قارا تەقىيلىقلەرنىڭ بارلىق
تەرغىب - ئەھكاملىرىنى، بارچە تەدبىر، سۇلۇك ۋە مەزھەپ قا-
راشلىرىنى شۇ پېتىچە يۈرگۈزۈۋاتاتتى. جۇڭغارلارنى ھامىي ۋە
ھىمايە قىلىش ئۇلارنىڭ ئەڭ تۈپ ھاكىملىق پىرىنسىپى ئىدى.
سوۋغا - سالام ۋە ئولپان - پاراقلارنى پۈتۈشكەن قەرەلىدىنمۇ
بۇرۇن جۇڭغارلار ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈش ئۇلارنى ئەڭ ئالدىرىتىدى-
غان خىزمەتلەر سانىلاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار جان ۋە نان قايغۇ-
سىدا قالغان خەلقتىن يىغىلىدىغان ئالۋاڭ - ياساقلارنى تېزراق
تەقلەشكە ئالدىرايتتى. مۇشۇ ۋەزىپىلەر تاماملىنىپ بولغۇچە،
بالا خوجىلارنىڭ ھەر كېچىسى چۈشلىرى بۇزۇلۇپ، ئۇيقۇسى
ئۇيقۇ بولماي قالاتتى. بولۇپمۇ، كەشمىر، گىلگىت، ھىرات، بە-
دەخشان، نەمەنگان، ئەنجان... كەبى يىراق شەھەرلەرگە باش ئې-
لىپ كەتكەن ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ يولباشچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
مىڭلىغان مۇخلىسلىرى ھەدېگەندىلا كالتەك - چوماقلار بىلەن
ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ قارا باسقانلىرىدا، ئۇلارنىڭ يېگىنى
ئاش، كىيگىنى تون، قىلغىنى سۆز - نەسىھەت بولماي قالاتتى.
مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەسلىرىگە بىرىنچى بولۇپ يەنە
يىراقتىكى شاپائەتچىسى، جۇڭغار خانى غالدان كېلەتتى. ئەمما،

چۈشلىرى بۇزۇلغاندا ئۇلار غالدانىمۇ ياخشى ھالدا كۆرەلمەيت-
تى. «ئاتاڭ دانىيالدىن باشلاپ، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مېنى
ئىزدىشەتتىڭ. لېكىن، سەنلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋېلىپلا شاپائەت-
چىڭنى ئۇنتۇشىدىغان نائەھلى ئىكەنسەن. مېنى شۇنچە ئۇزاقتا
ئاران يوقلاپ كېلىشتىڭما؟! سەنلەرنىڭ كەشىڭنى توغرىلايمەن.
ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاق تەقىيلىق ۋاپادار خوجىلار-
نى تاپىمەن!...» قارامتۇل چىرايى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە
قارىداپ كەتكەن غالدان كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا قول
شىلتىيتتى، قىلىچ تەڭلەيتتى. «ئۆزلىرى بىزنىڭ ئەۋلادمۇ-
ئەۋلاد شاپائەتچىمىز، شەپقەتچىمىز، سىلى بىزنىڭ پىر - ئۇس-
تازىمىز، ئاتىمىز!...» بالا خوجىلار كېچىلىرى شۇنداق دەپ تۇۋ-
لىغىنىچە ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىشەتتى. باج - ئول-
پان، سوۋغا - سالاملار بىلەن تېزراق بېرىپ، شەپقەتچىسىنىڭ
ئالدىدا باش قويۇشقا، پۇتلىرىغا سۆيۈشكە ئالدىرىشاتتى... باج -
ئولپانلارغا قوشۇپ، يەنە «سەدىقى ئەۋقاپ»، «سەدىقى ھىجرەت»
كەبى نەچچە ئونلىغان يەرلىك ئالۋاڭ - ياساقلارمۇ ۋاقتىدا ۋە
ھېچ كېمەيتىلمەي ئورۇندىلىشى كېرەك ئىدى. بۇلار ئاۋامدىن
يىغىلىپ، ئاۋام ئۈچۈن خىراجەت قىلىنىدۇ. مۇخلىسلار ھىج-
رەتلىرى ئۈچۈن سەرپ ئېتىلىدۇ. ئۇلۇغ خاسىيەتلەر، باقىيلىق
ساۋابلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، دېيىلەتتى. شۇڭلاشقا، بۇ خىل
سېلىقلارمۇ جۇڭغارلار ئۈچۈن يىغىلىدىغان ئولپانلاردەكلا قاتتىق
تەدبىرلەر ئاستىدا يىغىلاتتى. مۇشۇ جەرياندا يۇرت - يۇرتلاردا
نەچچە ئونلىغان، ھەتتا يۈزلىگەن پۇقرا جېنىدىن، مىڭلىغان
پۇقرا قىزىدىن، مېلىدىن ئايرىلاتتى. ئاۋام نان ئورنىغا قان يۇتۇپ
ياشاۋاتسىمۇ، خوجىلار ئۆزى بىلگەننى قىلىۋېرەتتى. ئۆزى تال-
لىغان يولدا مېڭىۋېرەتتى. بۇگۈنكى كۈندە دانىيال خوجا دەۋرى-
دىكى مۇرىت كۆپەيتىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى سانالغان «ھىجرە-
تى ماشايىخ» تەدبىرى ئۇ ھايات چېغىدىكىدەكلا داۋام ئەتكۈزۈل-

مەكتە ئىدى. بالا خوجىلار ئۆز سۇلۇكىنىڭ كېلەچەك يولباشچىـ
لىرى ۋە نوپۇز، ساداقەتتە سىنالغان مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۇـ
رۇپ، يۇرت ـ يۇرتلارغا ھىجرەت قىلاتتى. دادىسى باسقان يوللار ـ
نى ئىزلاپ ماڭاتتى. ئۇلار ئاي ـ ئايلاپ يول يۇرۇپ، يۇرت ـ
يۇرتلاردىكى مازارى ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ ئېتەتتى. باقىيدىكى ئۇ ـ
لۇغلار، پىر ـ ئۇستازلار روھىغا دۇئايى ـ تەگبىرلەر، يادنامە ـ
قەسىدىلەرنى ئوقۇشۇپ، ساما سېلىشاتتى. مۇشۇ خىل ھىجرەت،
ساما ۋە ياد ئېتىشلەر ئاۋام دىللىرىغا ئۆز تەسىرلىرىنى يەتكۇز ـ
مەيمۇ قالمايتتى. ئۇلار بارغان يۇرتلاردىكى بىرمۇنچە كىشىلەر
«ھىجرەتى ماشايىخ» تەسىرىدە ۋە ئەبەدىيلىك ساۋابلىق ئۇچۇن
ھىجرەتچىلەر توپىغا قوشۇلىشاتتى. ئۆز يۇرتتىكى ساناقسىز
مۇخلىسلار، ھىجرەتچىلەر توپىغا ھامان بىر كۇنى قوشۇلۇش
ئىستىكىدە، خوجىلاردىن ئىنساب ۋە شاپائەت تىلىشەتتى. شۇند ـ
سى قىزىق ئىدىكى، «شارائىتى يار بەرگەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ
ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككە مۇكەررەمگە ھەج ھىجرەتكە بارمىقى
جايىز» دېيىلىدىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئۇلۇغلار زۇۋانىدىن
تالاي ئىشتىپ كۆنگەن مۇخلىسلار، ئەمدىلىكتە «ھىجرەتى
ماشايىخ»تىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ساۋاب ـ
خاسىيەتلەرگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ
كۆز ئالدىغا قايسىبىر يۇرتتىكى پىر ـ ئۇستازلار مازىرى كېلىد ـ
ۋاتاتتى. خىيالىدا قايسىبىر پۇرسەتتە ۋەسلىگە يېتىدىغان شە ـ
ھىدى ئەزىزلەر ھۆكۇم سۇرەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا خوجىلار
ھەم ئۇلارنىڭ ساداقەتمەن سوپى ـ دەرۋىشلىرى ئۆرنەك ئىدى.
ئۇلار قارا تەقىي كىيگەنلىكى ئۇچۇن، ئىشەنچ ۋە ساداقەتمەنلىك
ماقامىنى تاما ئەيلەۋاتقان مۇخلىسلارمۇ قارا تەقىي كىيىشەتتى.
خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ نەسەب ـ قۇززادلىرى يېڭىچە بېيىت ـ
غەزەللەر بىلەن ساما سالسا، مۇخلىسلارمۇ ئىجاد كويىدا زورىقىد ـ
شاتتى. قاچانكىم ئۇلار جالالىددىن رۇمىي، ئەھمەد يەسسەۋى ۋە

مۇشۇ تۇپراقتا ئىزلىرى ئۆچۈپ ئۆلگۈرمىگەن شاھ مەشرەپ كە-
بىي پىر - ئەۋلىيالارنىڭ قەسىدە - ئىختىرالىرى بىلەن ساما
باشلىسا، ئۇلارمۇ كۆڭۈل دىۋانلىرىنىڭ قايسىبىر سەھىپىسىدىن
شۇلارنى قېدىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بېيىت - قەسىدىلىرى بىرلە
جەررە سالاتتى. شۇنداق دېيىش ئارتۇقچە ئەمەس ئىدىكى، ئۇلار
ئۈچۈن خوجىلار كۆز، قۇلاق، دىل ۋە سىياق ئىدى. ھەتتا، ئىمان
ھەم ئېتىقادىمۇ شۇلارغا بېقىشاتتى... «ھىجرەتى ماشايىخ» نىڭ
مۇخلىسلار قەلبىنى ئۇتۇش ۋە سۇلۇك تۈپىنى كېڭەيتىپ، ئىمـ-
تىياز سەلتەنىتىنى ئاشۇرۇشتا ئوينىغان رولى شۇ قەدەر زور ئىدى. شۇ
تۈپەيلى، بۇ خىل تاۋاپ زىيارىتىنى ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ باشچىـ-
سى ئاپاق خوجىمۇ كۆچەپ يولغا قويغانىدى. كېيىن قارا تەقىيـ-
لىقلەر — ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى دانىيال خوجا باشقا تەدبىرلەر
قاتارى «ھىجرەتى ماشايىخ» ئۇدۇمىنىمۇ قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ئەنـ-
ئەنىنى تېخىمۇ كۆچەپ يولغا قويدى. بۇ يولدا ئۇ ئاياغ باسمىغان
يۇرت ۋە مازارى بۇزۇرۇكگاھلىرى ئاز قالدى. مانا ئەمدى بۇ قا-
ئىدە قارا تەقىيلىقلەرنىڭ ئەۋلادى، سۇلۇكى ئىسھاقىيەنىڭ ۋا-
رىسى بولمىش بالا خوجىلارغا مىراس بولۇپ قالغانىدى. ئەھۋال
شۇنداق ئىدىكى، ئاق تەقىيلىقلەر بىلەن قارا تەقىيلىقلەر بىر -
بىرلىرىگە تۈپتىن رەقىب سانىلىدىغان سۇلۇكلەر بولسىمۇ،
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەقىدە - ئەھكام ۋە تەشەببۇسلىرى بىر -
بىرلىرىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىـ-
سى يۇرت - يۇرتلارنى پارچىلاپ تاشلاپ، بىر يۇرت ئىككىنچى
بىر يۇرتقا دۈشمەن قىلىپ قويۇلسىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ سۇلۇك
بەلگىسى بولمىش تەقىيلىرى ھەم ئۇلارنىڭ رەڭ - نۇسقىلىرى
(ئاق تەقى ۋە قارا تەقى دەپ) بىر - بىرلىرىدىن كەسكىن پەرقـ-
لىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار چوڭ جەھەتتىن بىرى يەنە بىرىـ-
نىڭ ۋارىسى ھەم داۋاملاشتۇرغۇچىسىدەكلا كۆرۈنەتتى. چۈنكى،
ئۇلارنىڭ قولى بىلەن يۇرت ئاسمىنىغا يېيىلغان زۇلمەت پەردـ-

سى ئۇپمۇئۇخشاش ئىدى. ئىككىلا مەزھەپ ئوخشاشلا جوڭ-غارلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە تەخت بېشىغا چىققانىدى. غالدان ئۇلار ئۇچۇن ئورتاق «ئاتا» سانىلاتتى. جوڭ-غارلارغا تاپشۇرىدىغان ئولپان، خەلق بېشىغا كەلگەن ئالۋاڭ - سېلىق ھېچ پەرقسىز ئىدى. ھەتتا، كۈن ساناپ ئارتىپ بېرىۋا-تاتتى. يۇرت - يۇرتلاردا سۇلۇكلەر مەنپەئەتى ئۇچۇن كۈرەشلەر بىر خىلدا داۋام قىلاتتى. ھەر بىر يۇرتنىڭ تىلىدا بىرلا سۆز ئۇدۇم ئىدى: «ئاق تەقىيلىق»، «قارا تەقىيلىق».

دانىيال خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىنكى 10 ~ 15 يىل ئىچىدە پۇقرالار دەردلىرىنىڭ كۆتۈرگۈسىز دەرىجىگە يەتكەنلىكى، يۇرت - يۇرتلاردا نارازىلىق ئىسيانلىرى ئۇلغايغانلىقى... تارىخچىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان قەيت قىلىنىدى. تەكىتلەپ قىستۇرۇپ قويۇدىغىنىمىز، بۈيۈك سەئىدىيە خانلىقىنى جوڭغارلارنىڭ قولى بىلەن يىقىتقان ئاق تەقىيلىق خوجىلار، يەنە جوڭغارلارنىڭ قولى بىلەن قارا تەقىيلىق خوجىلار تەرىپىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارمۇ يەنە جوڭغارلار تەرىپىدىن، جوڭغارلار مەنچىڭ چىرىكلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. تارىخ سەھىپىلىرىدە ئوزۇنغا سوزۇلغان بۇ قانلىق تىركىشىشتە ئەڭ زىيان تارتقىنى يەنىلا ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بولدى، دەپ يەكۈنلەندى. دەرھەقىقەتكى، بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت، ئىچكى قىسىمدىكى مەزھەپلەر كۈرىشى سەۋەبلىك ئورتاق بىر تاشقىي كۈچ تەرىپىدىن ئارقا - ئارقىدىن يوق قىلىنىشى ئاۋام تىلىدىكى «ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر»، «ئىككى قاغا پوق تالاشسا، ئوۋچىغا پايدا» دېگەندەك خەلق ھېكمەتلىرىنى يېڭىچە مەنالارغا ئىگە قىلدى...

يۇرتلارنى ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىكلەرنىڭ باسقانلىقىنى ياش دەرۋىشمۇ ئۆز سەپىرىدە كۆرۈپ ۋە ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھەممىلا يەرنى سوپى - ئىشانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاجايىباتلار

قاپلاپ كەتكەندى. ھېچقاچان ۋە ھېچزامان ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان سۈلۈك ـ مەزھەپلەر ھەم ئۇلارنىڭ پەرھىز ـ ئەھكاملىرى ھەققىدىكى تۈرلۈك ئاڭلانمىلار يۇرت ئەھلىنى ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇراتتى. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئۇلاردىن ھېيىقاتتى ھەم يەنە ئۇلارغا ھەۋەسمۇ قىلىشاتتى. ئاۋام نەزىرىدە ئۇلار ھەممىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان، كۆڭۈل كىرلىرىنى يېشەلەيدىغان؛ دىلى ياقىقاننى قاتارىغا قوشۇپ، نەزىرىدىن چۈشكەننى ئوتقا تىقالايدىغان پىرى ـ كامىللار ئىدى. شۇڭا، ئۇ سۇپەتتىكى زاتى ئەزىزلەر خۇسۇسىدا دىل ۋە تىلدا بىلىپ ـ بىلمەي غەيرىي نىيەتلەردە بولۇپ قالماسلىق مۆمىنلەرنىڭ ئۇلۇغ ئاللادىن كېچە ـ كۈندۈز تىلەيدىغان تىلەكلىرى ئىدى. شۇ تۇپەيلى، ئېھتىياتكارلىق يۇرتلاردىكى ياشاش پەرھىزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. دەرۋىش ئۇچراتقان كىشىلەر، مەيلى بازار ئەھلى بولسۇن ۋە مەيلى مازار ئەھلى بولسۇن، تولىمۇ ئېھتىياتچان كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى. نېمىنى سورىسا، شۇنىڭغىلا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ بېسىپ كەلگەن كېرىيەدىمۇ، چىرادىمۇ، گۇلاخما، جىيا ۋە ھاڭگىيادىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى...

قارا مادا سۇس توپا توزىتىپ يورغىلاپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرغان دەرۋىش رېئال دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەندەك، كۆزلىرىنى ئېپادىسىز ھالەتتە نامەلۇم نۇقتىلارغا تىكىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۆڭگەن كۇلاھىنىڭ پېشانىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان گىرۋەك تۇكلىرىدە نېپىز مۇزلار قېتىپ قالغانىدى. دەرۋىشنىڭ قاش ۋە كىرپىكلىرىدىمۇ ئاپئاق ھەم ئۇنچىدەك قىروۋلار يالتىرايتتى. ئۆڭگەن لەۋلەر ئارىسىدىن ئىسسىق ۋە كۈچلۈك نەپەسلەر ئاپئاق ھور بولۇپ سىرتقا ئۆرلەيتتى. ئۇنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ساقاللىرى ئۈستىمۇ توپا ۋە مۇز ئارىلاش

قېتىشمىلاردىن چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. توپا باسقان، قارىدىغان يۈزىدىن تاشقىي دۇنياغا قارىتا ھېچبىر ئىنكاس سېزىلمەيتتى. ئۇ رەڭگى ئۆڭگەن جەندىسىنى مەھكەم قىمداپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن كونىراپ كەتكەن بەلباغنى چىڭ باغلىۋالغانىدى. ئەتىگەندە سوغۇقتىدىن ئۇيۇشقاندەك بىلىنگەن پاچاق ۋە پۇتلىرى مانا ئەمدى ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. بىر غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى كۆك تاياقنى تۇتقان ئوڭ قولى ھەم ئۇنىڭ بېغىشىغا ئېسىلغان سول قولى توقۇم ئۇستىگە تىرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى كىرلىشىپ، رەڭگىنى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن خۇرجۇن ئېشەكنىڭ يورغىلىشىغا ماسلىشىپ يەڭگىل سىلكىنەتتى. قارا مادا بۇ قەدىمىي يوللاردا يىللاردىن بېرى قاتناپ يۈرگەن ئەقىللىك كارۋان بېشىدەك، قانداقتۇر بىر ئىزلارنى ھىدلاپ، ئۆز مەيلىچە، ئازماي، زورۇقماي يورغىلاپ كېلەتتى...

مادا ئەمدى توپا ۋە شورلۇق يوللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ساي ئىچىگە چۈشكەنىدى. ئەتراپتا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنگەن ۋە سوغۇقتىن جاڭغىيىپ كەتكەن يۇلغۇن، چىغ، جىغان، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكتىن باشقىسى تاش سىياقىدىلا كۆرۈنەتتى. ئېشەكنىڭ ھارغىن تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا تېگىشلىرىدىن شاراقلىغان ۋە بەزىدە تاراقلىغان ئاۋازلار چىقاتتى. ئەمما، ئېشەك يەنىلا پۇتۇن ماھارىتىم بىلەن يورغىلاي، ئېگەمنىڭ شېرىن خىياللىرىغا دەخلى يەتكۈزمەي دېگەندەك، چوڭ ـ كىچىك تاشلار، ئېگىز ـ پەس، ئوي ـ چوڭقۇر يوللاردىمۇ شۇ قەدەر سىلىق، چىرايلىق قەدەم ئېلىپ كېلەتتى. ئالدى تەرەپتە، ئانچە يىراق بولمىغان ئېگىزلىكتە بىر مەھەللە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. يوللاردىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئىگىسى بەلكىم مۇشۇ مەھەللىدە توختىسا كېرەك. ئاشۇ مەھەللىگە بارغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا سۇ، ئوت بەرسە كېرەك... ئېشەك روھلۇق بىر

پۇشقۇرۇپ قويۇپ، قىرووۋ يالتىراپ تۇرغان بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن ھور ئۆرلەتكىنىچە ئالغا ئۇمتۇلۇپ باراتتى...

توۋا، ئەجەپ چۈش كۆردۈم دېسە!... چوڭقۇر خىيال، تېگى يوق مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا يەنە شۇ گەپنى تەكرارلايتتى دەرۋىش ئەتراپقا قاراپمۇ قويماي، — دىيارى چەرچەندىكى ھېلىقى پىرى ئەزەم: «سەھەردە كۆرگەن چۈش ئۇقتاسىغا كەلگۈسىدۇر» دېمىگەنمىدى؟ راست شۇنداق بولسا، ئۇقتاسىغا قايسى ھالدا كېلۇر مېنىڭ بۇ چۈشۈم...

ئۇنىڭ چۈش ھەققىدىكى خىيالمۇ باشقا چىقمىدى. شۇ تاپتا يەنە قانداقتۇر بىر غايىبانە خىيال، قايسىبىر شىرىن ئىستەك ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى...

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. قۇياش پارقىراپ تۇرۇۋاتسىمۇ، لېكىن سايىنىڭ ئاچچىق سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. تۇمشۇقلىرى مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئېشەك ھامان بىر خىلدا يورغىلاپ كېلەتتى. ئىگىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەمدىلىكتە ئۇمۇ خىيال دەرياسىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك، دۇنيانىڭ قايسىبىر غەۋغالىرى ھەققىدىكى ئىچكى مۇلاھىزىلەرگە ئەسىر بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئېشەك شامالدەك يەڭگىل ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. تۈپتۈز يولدا بەخىرامان كېتىۋاتقان دەرۋىش بىردىنلا چەكسىز ئۇزاقلارغا سوزۇلغان، ئاي ـ يۇلتۇزسىز تۈن رەڭگىدەك قاپقارا پېتىقلىقتا دۈچ كەلگۈدەك. ھەممىلا ياق قارا، شاتىراق ھەم مەينەتچىلىك ئىمىش. خۇددى مۇشۇ پېتىقنى نىشانلاپ كەلگەندەك، ھېچيەردە ئاستىلىماي يۈرگەن ئېشەك دەل مۇشۇ قارا پېتىققا كېلىپلا چىپپىدە توختىغۇدەك. «خىت!...» دەپ يېنىش ـ يېنىشلاپ ۋارقىرىغۇدەك بايامقىدەك ئۇچۇشنى ئارزۇلىغان دەرۋىش. ئەمما، ئېشەك قۇلاقلىرىنى لىكىلدىتىپ، ئالدىغا بىر سىيامىمۇ سىلجىماي تۇرۇۋالغۇدەك. «نېمە بولغاندۇ بۇ

ئېشەككە بۇگۈن؟» دەپ جىلى بولغۇدەك دەرۋىش. پەسكە چۈشەي دېسە، ئالدى ۋە ئەتراپى بەكلا پېتىقمىش. ئۈستىدە تۇرۇپ دېۋىتسە، مادا ئالدىغا ئەمەس، ئارقىغا ماڭارمىش. شۇنچە تىللاپ، قورقۇتسىمۇ، كەينىگە تىرەجەپ تۇرۇۋالغۇدەكمىش. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئارقىدىن يەنە نەچچە ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ... ئاچچىقىغا پايلىمىغان دەرۋىش، قولىدىكى كۆك تاپىقى بىلەن ئېشىكىنىڭ يانپىشى ۋە قورساقلىرىغا بولۇشىغا ئۇرۇۋېرىپتۇ. ئېغىزىدىن شالۋىقى، بۇرنىدىن ماڭقا ئارىلاش ھور چىقىۋاتقان ئېشەك ئوڭغا دېۋىتسە سولغا، سولغا دېۋىتسە ئوڭغا قايرىلىپ، تىپەسلەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەمدى دەرۋىش پەقەت چىدىماپتۇ. نېمە كۆرسەم كۆردۈم دەپ، يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئېشەكنىڭ ئارقا پاچاقلىرىغا جان ـ جەھلى بىلەن ساۋاشقا باشلاپتۇ. دەرۋىشنىڭ مۇشۇ ئاچچىقىدا، مۇشۇ ساۋاشلىرىدا ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ قويمىغۇچە بولدى قىلمايدىغاندەك ئەلپازى بار ئىكەن. بىر چاغدا ئېشەكتىن «خەير» دېگەندەك بىر ئاۋاز چىقىپتۇ. دەرۋىش «توۋا» دەپ ئەتراپقا قاراپ بولغۇچە، ئېشەك ئېگىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، قارا پېتىق ئىچىگە دىكىلداپ كىرىپ كېتىپتۇ. دەرۋىشمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ... بىر ۋاقىتتا ھېچ كۈتمىگەندە، ھەر ئىككىسى چوڭقۇر ۋە قاپقارا پېتىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. «ئانا!» دەپ توۋلاپتۇ دەرۋىش ۋە ئارقىدىنلا ئانىسى يوقلىقىنى ئەسكە ئاپتۇ. «ئاتا!» دەپ ۋارقىراپمۇ بېقىپتۇ. بىراق، ئاتىسى يوقلىقىمۇ دەرھاللا يادىغا كەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ۋارقىراشنى داۋام قىپتۇ. مەنزىل مۇرادىمغا يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ دەپ ئويلاپتۇ ئۇ تېگى يوق پېتىق قېتىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىۋېتىپ. «ئۆزەڭگە قىلدىڭ!» پېتىق ئىچىدە خىرتىلداپ، يۇلقۇنۇپ بىرىۋاتقان ئېشەكتىن شۇنداق ئاۋاز كەپتۇ. «مېنى كەچۈر، ئادەم بارمۇ؟!...» دەرۋىش

توختىماي ۋارقىراپتۇ. ئىغىز - بۇرنىنىڭ ئىتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئاماللار بىلەن تۇمشۇقىنى ئۇستۇن قىلىۋاپتۇ. شۇنداقتىمۇ، پېتىق مۇرىسىدىن، بوينىدىن، قولاقلىرىدىن ئېشىپ، ئۇنى يالماپ يۇتۇشقا باشلاپتۇ... ئەمدى ئۆلۈپ كەتتىم دەپ ئويلىغان شۇ دەقىقىدە، ئۇ چۆككەن پېتىق ئارىسىدا ئاجايىپ ئاپئاق بىر دەستە نۇر پەيدا بوپتۇ. ئارقىدىنلا ئاق نۇر ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋايغا ئايلىنىپتۇ. «قولۇڭنى ماڭا بەر!» دەپ خىتاب قىپتۇ بوۋاي ۋە دەرۋىشنىڭ لايغا مىلىنىپ كەتكەن قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تارتىشقا باشلاپتۇ. تارتىپتۇ، تارتىپتۇ... لايدىن پۈتكەن بۇ زېمىنىنىڭ قات - قېتىغا كىرىپ كەتكەن دەرۋىش ئۆزىنى تارتقان قول تامان سىلجىپتۇ. توختىماي تىيەسلەپتۇ... ئارىدىن قانچە كېچە، نەچچە كۈندۈز ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولماپتۇ. توختاۋسىز تىيەسلەش، ۋاز كەچمەي تارتىش نەتىجىسىدە، دەرۋىش ۋە قارا ئېشەك پېتىقتىن ئاران چىقىپتۇ. ئەمما، بوۋاي غايىب بوپتۇ. ئەتراپتىن ئۇنىڭ ئىغىر ھاسىرىغان ئاۋازى ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ دەرۋىشمۇ، ئېشەكمۇ ھاسىراپتۇ...

دەرۋىش مەتسادىق شەيخنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ چۈش سەۋەبلىك ئەتىگەندىلا ئويغىنىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى كاللىسىدا يەنە شۇ چۈشنىڭ خىيالەن تەبىرلىرى...

«چۈشۈمنىڭ يامىنىغا ئۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ئاللا ئۆزى ساقلا. ئاسانچىلىق بولسا، ئۇلۇغ ئاللا شۇنىڭغا نىسىپ قىلۇر، مۇشۇ يولدا ماڭغىنىم - ماڭغان!»

ئىرادە كۈچى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ روھىمۇ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. يىراقلاردا قېلىۋاتقان دىل كۆزىمۇ سۆيۈنۈش بىلەن ئالدىغا تىكىلدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئەتىگەندىن بۇيانقى ئەڭ جۇشقۇن بىر قىياپەتتە بېشىنى كۆتۈردى. ئىككى ئۇن يېتىم يىراقلىقتا يۇرۇڭقاش بازىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئالەمگە مەشھۇر شۇ بازارغا بېرىپ، بىر «ئۇھ!...» دەۋالسا، ئاندىن ئېشكىنى بولۇشىغا زىخلاپ ئىلچىگىلا كىرىپ كەتسە، ئاندىن... ئاھ، شەھىدانە خوتەنىدىكى مۇقەددەس تەبرىزىم، زاتى ئەزىزلەر بۇزرۇكگاھى سەھۋالىم، كۆھمارىم!...

بازار كۈنى بولسا كېرەك، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ بازار ئادەملەر بىلەن لىققىدە تولغانىدى. تۇماقلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋېلىشقان، پاختىلىق تامباللىرىنى ئاپئاق پىيمىلىرىنىڭ قونجى ئىچىگە تىقىۋېلىشقان سودىگەرلەر تاتلىق تىللىرى بىلەن تېنىمسىز خېرىدار چىللىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بازارغا كىرگەن ھەربىر ئادەمگە سەزگۈرلۈك بىلەن تىكىلەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، يۇرۇڭقاشنىڭ تەجرىبىلىك سودىگەرلىرى، بازارغا كىرگەن قايسى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ خېرىدارى ئىكەنلىكىنى يىراقتىن ۋە بىر قاراپلا بىلەۋالالايتتى. بولۇپمۇ، قاشتېشى سودىگەرلىرى خېرىدار پەرق ئېتىشنىڭ پىر كامىللىرى ئىدى. چۈنكى، بۇ بازاردىكى ئەڭ قىززىق سودا دەل قاشتېشى سودىسى ھېسابلىناتتى. دەريانىڭ ئاخىرى ۋە ئىككى تەرىپىدىكى ئىلچى، لوپ ۋە باشقا يۇرتلاردىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بازارغا تاش ئېلىپ كېلىپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، گۆش ـ ياغ ۋە ئوتياش ئېلىپ كېتىشەتتى. يازدا سۇ ئېقتىپ كېلىپ، قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويغان قاشتاشلارنى قىشتا سۈزۈۋېلىشقان دېھقان، كاسىپلار بازاردا تاشنىڭ باھاسى ھەققىدە كۆپ تالىشىپ كەتمەيتتى. خۇرجۇن ـ خالتىلىرى ياكى قويىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەلگەن تاشلىرىنى بىر ـ ئىككى تاش سودىگىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ باقاتتى ـ دە، توختىغان باھادا سېتىپ، باشقا سودىسىغا ماڭاتتى. تاش سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا خۇددى دېيىشىۋالغاندەك، بىر تاشقا بىر خىلدىلا باھانى قويۇپ تۇرۇۋېلىشلىرى تاش تەرگۈچىلەرنىمۇ پىشۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا،

ئۇلار تاش ئېلىپ ـ ساتارلاردەك باھانى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆنلەپ ساقلاپ ئولتۇرمايتتى.

بازار كوچىسىدىن توپا ئۆرلەيتتى. يولنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، جابدۇق ـ لازىمەتلىكلەر بازىرىمۇ قىزىپ كەتكەننىدى. بىرى ـ بىرىنىڭكىدىن يوغان تۇماقلارنى چۆكۈرۈپ كىيىۋېلىشقان دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇپلا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان گۆشگىردىلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشەتتى. ئاشلانمىغان قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلىرىغا مەھكەم ئورالغان يەنە بەزىلەر دۈگدىيىپ تۇرۇپ قوغۇن يېيىشىۋاتاتتى. يولنىڭ چېتىگە ئۆتۈۋېلىپ، رومالىلىرىنى قىيا ئېچىشىپ، لەڭپۇڭ، ئۆپكە ـ ھېسىپ يەۋاتقان، قېتىق ئىچىشىۋاتقان ئاياللارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، ھەركىم ئۆز ئىشى، ئۆز سودىسى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

دەرۋىش تۆشلىرىدىن تەر ئېقىپ تۇرغان ئېشىكىنى يېتىلىگىنىچە، ھارغىن ھالەتتە بازارغا كىرىپ كەلدى. قىش ــ سوغۇق دېگەننى ئەستىن چىقارغان كىشىلەر ئۇنىڭغا زەن قويمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىيىنىش ۋە تۇرقى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ رەڭگىنى بىلگۈسىز بولۇپ كەتكەن كۆلا ـ جەندىسى، بازاردىكىلەردىن پەرق قىلىپ تۇرىدىغان جاھانكەزدىلەرگە خاس قىياپىتى، ئەتراپتىكىلەرگە يېتىرقاش بىلەن نەزەر سېلىشلىرى... ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا يەرلىك ئەمەسلىكىنى يىراقتىنلا جاكارلاپ تۇراتتى.

ئۇ ھاردۇق چىقىرىش ئىشىنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي، بىر ھازا قۇرۇق ئايلاندى. ئۇ ھەيران قالدىكى، بۇ قەدىمىي بازاردىمۇ خېرىدارلاردىن تىلەمچىلەر كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇرۇپ تىلەيدىغانلىرىمۇ، مېڭىپ يۈرۈپ، نەدە ئادەم بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تىلەيدىغانلىرىمۇ، ئەرلەرمۇ،

ئايالالارمۇ، ھەتتا ئەمدىلا ئايىقى چىققان بالىلارمۇ بار ئىكەن. «ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئولگۇردى دەرۋىش بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، قوپال يول يۈرىدىغان ۋە باشقىلارنى سوقۇپ بولۇپلا، يەنە دەرھال «پوشدە!» دېگەن سۆزنى ياغدۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايدىغان توپا چىراي كىشىلەر ئارىسىدا ئېشىكنى تەستە يېتىلەپ مېڭىۋېتىپ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سوپى ھەزرىتىم!

بازارنىڭ، دەريانىڭ باش تەرىپىگە سوزۇلغان ئۇچىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا شۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. لېكىن، دەرۋىش ئېرەن قىلماي مېڭىۋەردى. باشقا بىر زاتى ئەزىزنى، قايسىبىر تونۇش سوپىزادىنى چىللاۋاتقاندۇر بەلكىم... دەپ ئويلىدى. بىراق، ئاۋاز يەنە بىر رەت ئاڭلاندى:

ــ ئۆزلىرىنى دەۋاتىمەن، قارا ئېشەكلىك، جاھان كەزدى سوپى ھەزرىتىم!

دەرۋىش چىپپىدە توختاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلدى. ناتونۇش بىر يۇرتتا «سوپى» نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقىنى ئۈچۈن، ئۇ ئىچىدە خۇش بولۇۋاتاتتى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

سالامغا قايتۇرۇلغان جاۋابنىڭ ۋاقتى سەل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ گەپ قىلغان كىشىنىڭ ئالدىغا شۇنداق دەپ قول ئۇزارتىپ باردى.

يولنىڭ قىرغىقىدا تىلەمچىلەر قاتار تىزىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە تەسىرلىك ئىبارەتلارنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقاندى. بۇ ھال خۇددى قۇربان ياكى روزى ھېيت كۈنلىرىدىكى قايناق مازارلارنى ئەسلىتەتتى. دەرۋىش شۇلار قاتارىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان، بېشىغا كۆرۈمسىز ۋە كونا ئاق تۇماق، ئۈچىسىغا تىتماتالاڭ بولۇپ كەتكەن جۇۋا كىيىۋالغان، ئالدىغا سېلىنغان قاسماق رەخت ئۈستىگە قانداقتۇر بىر كونا

كىتاب، بىرەر ئوچۇمچە ئۇششاق تاش ۋە مايلىشىپ كەتكەن تەسۋىنى رەتلىك تىزىۋالغان بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشتى ھەم دېيىشىدىغان مۇھىم گەپ باردەك، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېشىكى بىلەنلا توختىدى. پالچى سىياقىدىكى بۇ ئادەم 80 ~ 85 ياشلاردا باردەك قىلاتتى. قاردەك ئاقارغان قويۇق ۋە ئۇزۇن ساقاللىرى كىردىن چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. قورۇق باسقان ياغاق يۈزلىرى سۇسىرىغان سايلىقتەك تىلىم ـ تىلىم بۆلۈنۈپ تۇراتتى. ئويۇردەك چوڭقۇر كۆزلىرىنىڭ نۇرسىز قارىچۇقلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بىر يەرگە ـــ مېڭىسىنىڭ قات ـ قېتىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ كۆزلەر يەنە، بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەستەك ۋە پاكى ھەممىلا نەرسىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغاندەك شۇ قەدەر پەرۋاسىز، ھېسسىياتسىز ۋە ئىپادىسىز ئىدى.

ـــ ئالدىمغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرسىلا، سوپى ھەزرىتىم، ـــ دېدى ئۇ خۇددى ئورۇن بوشىتىماقچى بولغاندەك، ئارقىغا سەل مىدىرلاپ قويۇپ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىرخىل قىزغىنلىق نۇرلىرى تەپچىدى، ـــ بۇ تىلەمچى مېنى نېمە دەپ يېنىغا چىللاۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلاۋاتىدىلا ئۇششىبۇ دەقىقىدە. ھەق راست، تىلەمچى دېسىلە تىلەمچى، رەمبال دېسىلە رەمبالمەن. ئەممازە، كۆڭلىرىم تىلەمچىلەر بىلەن بىللە ئۆتىدۇ مېنىڭ. ئاق تاغلىقلار سۇلۇكىدە ئۇچ، قارا تاغلىقلار سۇلۇكىدە تۆت بولۇپ، جەمئىي يەتتە ئوغلۇم بار، ھەممىسى تىلەمچى. سۇلۇكىي تۇركىيدە توققۇز نەۋرەم بار، ئۇلارمۇ ھەم تىلەمچى. ئۆزۈممۇ تىلەمچى سىياق ئادەممەن. ئۆزلىرىنى يېنىمغا چىللىشىمدا، يىراقتىن بىر قاراپلا، مەن ساقلاۋاتقان سوپى شۇكەن دەپ ئويلىغۇدىم. راست شۇ بولۇپ چىقتىلا. ئۆزلىرىنى ساقلاپقۇ باشقا ئىشىم يوق ئەينا. ئەتىگەندىن بېرى مانا كېتەي دەيمەن، ئەنە كېتەي دەيمەن، كۆڭلۈمنىڭ بىر

يېرى سىلى كەلگەن سېنىغا تارتىپ تۇرىدۇ. ئەقىدىلىك بىر جاھان كەزدى بىلەن دىدارلىشىسەن، دەيدۇ قانداقتۇر بىر غايىب ئاۋاز. توۋا، مانا ئاخىر شۇنداق بولدى. كۆزۈمگە كۆرۈنگەن قارا ئېشەك، دىلىمغا ئايان بولغان سىياقلىرى...

— بۇ، سىلى... — دەرۋىش قورسىقى ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇدى. تەقدىرىي قىسمىتىمگە پال ئېچىپ باقسا باقسۇن دەپ ئويلىدى.

— شۇ ئەسنادا قورساقلىرى زىيادە ئاچ. ئېشەكلىرىمۇ شۇ هالدا. ئەمما يەنە رەم سېلىپ باقسا باقسۇن، — دەپ ئويلاۋاتىدىلا ئىچىلىرىدە. ئوبدان، مەن ئۆزلىرىگە پال ئېچىپ باقاي. پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە دېگەنىكەن ئۇلۇغلار. جانابلىرىغا پال سېلىپ بېرىش كەمىنىلىرىنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەندۇر. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى، ھەر كۈنى كۈن چىقاردىن ـ كۈن پاتارغا ئۆزلىرىنى ساقلاپ ئولتۇردۇم. مانا ئاخىر كەلدىلە. ئۆزلىرىدىن بىر تىيىن ھەق ئالمايمەن. نېمىشقا دېسىلە، سىلى تولىمۇ يىراق جايلارنى كېزىپ كەلدىلە، بەكمۇ ئۇزاق يەرلەرگە سەپەر قىلىپ بارىدىلا. خۇش بولىدىغىنىم، مېنىمۇ ئەستىلىك قىلىپ ئېلىپ كېتىدىلا. سالامىمنى ھەربىر تاۋابگاھقا يەتكۈزۈپ ماڭىدىلا. بارچىسىدىن خاسىيەتلىك بولغىنى، مەن ئۇلۇغلاپ كەلگەن زاتى ئەزىزنىڭ مۇبارەك ئىزىنى زىيارەت قىلىش ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسەت ۋە ئاداققىي مەنزىللىرىدۇر. شۇڭا...

— تاغا! — ئىختىيارسىز ھالدا تۇپىلاڭ يەرگە «گۈپپىدە» يۈكۈنۈپ ئولتۇردى دەرۋىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن داۋاملاشتۇردى، — تاغا... ئۆزلىرى ئەۋلىيامۇ ياكى شاپائەتچىمۇ؟... مېنى ساقلىدىم دەيلا. مېنى يىراقتىنلا تونۇدۇم دەيلا...

— يىراق مەنزىلدىكى مۇبارەك تۇپراق ھەم ئۇنىڭ زاتى ئەزىزىنى تاۋاب ئەيلەش — ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىي يازمىشلىرىدۇر. ئۆزلىرىنى ساقلاش ھەم يەنە خاتاسىز تونۇش —

مېنىڭ قىسمىتىم، سوپى ھەزرەت. سىلىنى سوپى دېيىشىمدە، ئۆزلىرى سوپى بولماقنى نىيەت قىلغان ھەم شۇل يولدا كېتىپ بارىدىلا. بۇ يولنى ھاياتلىقتىكى ئەڭ شەرەپ ۋە كامىلىي خاسىيەت دەپ بىلگەنلىكلىرى ۋەجىدىن، رايىلىرىغا خۇش ۋە مەنزۇر كېلۇر دەپ بىلىپ، شۇنداق ئاتىدىم. ئەمما، ئۆزلىرى زامانىمىز سۇلۇكلەر ھۇدۇدىنىڭ تاشايىنىدىكى بىر زاتتۇر. بىر ئاللاغىلا ئىشق باغلاش — سىلىنىڭ ئەبەدىيلىك ئەھكاملىرىدۇر. ئاللادىن ئۆزگە ھېچبىر تايانچلىرى يوقتۇر. قارا يېتىملىك، ھالاللىق يوللىرىدىكى قىسمەتلىرىدۇر. ھەم شۇل قىسمەتلىرى مەقسەت ۋە مەنزىللىرىگە تولىمۇ ئۇيغۇندۇر. سۇلۇكلەر مەنپەئەتى ھەم شەخسىيەت مەقسەتلىرى ئۈچۈن يۇرمەسلىك — دىللىرىغا ئورنۇشۇپ كەتكەن زاھىتلىق سۇننەتلىرىدۇر. ماڭغان يوللىرى پاك، دۇرۇس يولدۇر. بۇ يول ئۆزلىرىنى ھەقىقىي سوپىلىق ماقامىغا يەتكۈزگۇسىدۇر. ئەمما، مەنزىلگە يېتىشتە يوللىرىدا توساق كۆپتۇر. تېخى تۈنۈگۈن كېچىدىلا بىر چۈش كۆرۈپتىلا. ئول چۈش سىلىگە ئۈچرىماق بولغان دوقال - توساقلارنىڭ بىشارىتى ئېرۇر. ئۆزلىرى شۇ تاپتىمۇ ئۇشۇل چۈشتىن ۋايىم يەپ ئولتۇرىدىلا. ئاللا بۇيرىسا، شۇ چۈشلىرى ئۇقتاسىغا كەلگۇسىدۇر. بۇنى يېشىشتىكى بىرلا يول — روھىي جاسارەتلىرىدۇر. سىلى بۇنىڭدىن ئۆزگە نۇرغۇن - نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارغا ئۇچرايدىلا، دەرۋىشىم. ئاخىر بېرىپ، ئىزدىگەننى تاپالماي، ئويلىمىغان خاسىيەتلەرگە نائىل بولىدىلا. ماڭماقلىرى مۇشكۇلدۇر. بېرىش نېسىپ قىلسىلا، يوللىرىدا يانماقلىرى يوقتۇر. يېنىش يوللىرى تامامىي ئېتىلگەندۇر. قىسمەتلىرى ئاجايىپ ھەم يەنە مەندار بولغۇسىدۇر. قەدەم باسقان ھەر جايلىرىغا مەندىن سالام دېگەيلا. يادلاپ ماڭغان شەھىد روھىغا مەندىن دۇئا دېگەيلا. ئامىن!

— نېمە، نېمە؟... شەھىد؟... قايسى شەھىدنى دەيدىغانلا؟

— خوش، ئەمدى پالچى ئەمەس، تىلەمچىمەن. ئامىن!
— بۇ...؟ ئا... مىن!...

* * *

دەرۋىش يۇرۇڭقاشقا يېقىنلاشقاندا لوپقا قىيالمىغاندەك، ئەمدىلىكتە قارىقاش تۇپرىقىغا قەدەم قويۇپلا شەھىرىي خوتەنگە قىيمايۋاتاتتى. قىيمايلا قالماي، دىل بايانلىرىغا باقسا، ئارقىسىغا يېنىپ كېتىدىغاندەك، ئاشۇ شەھىدلەر ماكانىغا، راستچىللار دىيارىغا، گۈزەللەر باغچىسىغا ئەبەدىيلىك يەرلىشىپ قالىدىغاندەك بىلىنەتتى. ھېچبىر مازارى ـ بۇزرۇكگاھقا سەرپ ئېتىلمىگەن ئۈچ ھەپتىسىنىڭ خوتەنگىلا، يەنە كېلىپ بىر سەھۋالىغىلا بېغىشلىنىشى، راست بۇ ئاجايىپ ئىچكۆيەرلىك ئىدى. شۇغىنىسى، مۇشۇ ئۈچ ھەپتىمۇ ئۇنىڭ ھېسسىيات چۇقانلىرىغا ئەرزىمەس ۋاقىت بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— مېھرى ئىسسىق شۇ يۇرتقا قايتىپ، دەرۋىشلەر ساھىبخانى بولغان شەيخ ـ بىلگىنلەر بىرلە ياشاپ قالاي، — دەيتتى دەرۋىشنىڭ ھېسسىيات تەلپۈنۈشلىرى، — ئۇ يەردە پاكدىل ئىنسانلار بار. يەنە... يەنە ھېلىقى ئۈز خېنىم بار...

— بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇنىڭ ئىدراك تەقەززالىرى كەسكىن ھالدا، — زادىلا بولمايدۇ. مۇشۇ يېرىدىن ئەنسىرەپلا، كۆھمارىم، تەبرىزىم، ئىمام جەئفىرى... كەبىي ئۇلۇغ مازارىي تاۋابگاھلارنىمۇ زىيارەت قىلماي كېتىپ بارىمەن. توۋا، شۇنچە يىراقلاردىن تاۋاب قىلماقنى ئىستەپ كېلەي ـ يۇ، يەنە تاۋاب قىلمايلا ياناي. چۈشۈمدە مېنى سۆرەپ كىرىپ كەتكەن پېتىق شۇ بولغىيمىدى ـ يا؟!... ئەمدى قاچان نېسىپ بولۇر شۇل تەبرىزىم، كۆھمارىمغا تاۋاب ئەيلەمەك؟...

ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ۋەزنى ئېغىر خىيال كارۋانىغا تېخىمۇ ئېغىر ۋە ۋاز كېچىش بەكمۇ قىيىن بولغان يەنە بىر خىيال يۈكى ئارتىلغانىدى. يەنە كېلىپ، بۇ يۈكتە پىكرى ئىزتىراپلا ئەمەس،

ئىشقىي ھەۋا سىڭدۈرۈلگەن بۇ ئۇلۇغ ئايەت بىزنى ھاياجانغا سالاتتى. يۇرت، ئاجايىپ خەلقتە...

سەزگۈر مادا بىر خىلدا يورغىلاپ باراتتى. ئۇ، ئېگىسىگە يولداشلا ئەمەس، ھەم يەنە مۇڭداش، مەسلەكداش ئىدى. ئېگىسى مۇڭلانغاندا، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزماي، بار ئاماللار بىلەن يورغىلاپ ماڭاتتى. چېچىلىپ، ئاچچىقلاپ قالغانلىرىدا، ئۇنىڭ دىل غەشلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن يىراقلارغا تاشلاپ كېتەي دېگەندەك، سىلىق، ئەمما شامالدەك تېز چاپاتتى. چېچەنلىكى سەۋەبلىك، ئېگىسىنىڭ قولىدىكى كۆك تاياقنىمۇ ئاسانلىقچە ئۆزىگە تەگكۈزمەيتتى. چۆل يولى تۇرلۇك ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرى، سۆيدۈك ـ ماياقلىرى بىلەن تولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، مادا شۇ ئىزلارنى ھىدلاپ ماڭاتتى. ناگان ـ ناگاندا ئېگىسىنىڭ پۇتلىرى بەرگەن شەپىلەر بىلەنمۇ يولنى تېپىپ مېڭىۋېرەتتى. ئوڭ بېقىنىغا تاپاندىسا سولغا، سول بېقىنىغا تاپاندىسا ئوڭغا يۇرۇپ، بۇ جەھەتلەردىمۇ كۆپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەنىدى. دەرۋىشكە بارلىق يوللارنى شەيخلەر كۆرسىتەتتى. ئۇ يەتكەن مازارنىڭ شەيخلىرى، بارماقچى بولغان مازارنىڭ ئىسمى، تارىخى، شەيخى، بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرى... قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرەتتى. ھەممىلا يۇرتنى سوپى ـ ئىشانلار سۇننەتلىرى، دەرۋىشلىك ئوتى قاپلاپ كەتكەن مۇشۇ زاماندا، شەيخلەر تولىمۇ بەختىيار ئىنسانلاردىن ئىدى. ئۇلار ئاۋام ـ مۆمىنلەر دىدارىنى بىر كۆرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇلاپ تۇرۇۋاتقان مەشھۇر سوپى ـ ئىشانلارنى غېرىبانە كەپىسىدە، ئۆزى قاراۋاتقان مازاردىلا كۆرەلەيتتى. تېخىمۇ خاسىيەتلىك بولغىنى، ئۇلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يۈزلىگەن مۇرىتلار ھېمايىسىدە سەپ تارتىپ كېلەتتى. ھەئە، شەيخنىڭ ئالدىغىلا كېلەتتى. «ھىجرەتى ماشايىخ» نامىدىكى بۇ تاۋاب زىيارىتىدە، سوپى ـ ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ يۈزلىگەن مۇرىتلىرى مازارنى بىرقانچە

كۆنلەپ، بەزىدە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ تاۋاب قىلىپ، بۇ يەرنى پانىي قىبلىگاھىغا ئايلاندۇرىۋېتەتتى، قىرائەت قىلاتتى، جەررە ـ ساماغا چۈشەتتى. سۇلۇكىي سۈننەت ھەققىدە تەرغىبات ئېلىپ باراتتى. يۇقۇرى ئاۋازدا نىدا قىلىشاتتى. ھۇ تارتىپ يىغلىشىپ، پانىي گۇناھى ـ كەبىرلىرى خۇسۇسىدا پىغان چېكىشەتتى... قايتار چېغىدا شەيخكە يېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى قالدۇرۇپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يۈزلىگەن يېڭى مۇرىتلار قوشۇلۇپ ماڭغان بولاتتى... شۇ تۇپەيلى، شەيخلەر ئۆزلىرىنى بەختىيار ئىنسانلار سانىشاتتى. يەنە شۇ تۇپەيلى، شەيخلەر بىر ـ بىرىنى، بىر ـ بىرىنىڭ بېسىپ ياتقان مازارى ـ بۇزرۇكگاھلىرىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىشەتتى. تاۋاب ـ زىيارەتچىلەرگە بارىدىغان يوللىرىنى كۆرسىتىش، ئۇلارنى سىلىق قوبۇل قىلىپ، چىرايلىق ئۇزۇتۇش — بارلىق شەيخلەرنىڭ ساۋاب تېپىش ۋە زىيارەتچى كۆپەيتىشتىكى ئەقەللىي ئۇسۇلى ئىدى. زىيارەتچىلىرى كۆپ مازارنىڭ داڭقى بولاتتى ھەم ئۇنىڭ نامى كۆنسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان سوپى، دەرۋىشلەر تەرغىباتى بىلەن يىراقلارغا تارىلاتتى...

دەرۋىش ھەربىر مازارغا يەتكەندە، نۆۋەتتىكى بارارگاھنىڭ ئەھۋالىنى شەيختىن سورىۋالاتتى. يولبويى شۇنداق قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ قېتىم... نەق شۇ خوتەنگە يەتكەندە... «بۇ، نىمانداق سېھىرلىك يۇرتتۇر. ھېلىقى ساھىل سۇپەت پالچى زادى قانداق ئادەمدۇر؟...» دەرۋىشنىڭ ئۆزى يولدا، ئەمما كۆزى خوتەندە ئىدى.

سەھۋالىم قەدىمىي ۋە ھەيۋەتلىك مازار ئىدى. بۇ يەرگە تاۋاب، زىيارەتلەر ئۈچۈن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپمۇ، يالغۇزمۇ كېلەتتى. بىر كەلگەن پېتى ھەپتىلەپ، ئايلاپ تۇرۇپ كېتىشەتتى. زىيارەتچىلەرنىڭ مەزھەپ ۋە مەقسەتلىرى

ئوخشىمىغاچ، مەشغۇل بولىدىغان مازار يوسۇنلىرىمۇ بىر ـ بىرلىرىدىن پەرق قىلاتتى. سېغىنىش، تىلەك ئېيتىش، قىرائەت ۋە ھېكمەت ئوقۇش... ئوخشاش دائىمىي ئادەتلەرنىڭ بىر خىلدا تەكرارلانغىنىدىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسىم يوسۇنلار كەلگەنلەرنىڭ مايىل ـ تەلپۈنۈشلىرىگە مۇناسىپ ھالدا پەرقلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. باشچىلىرىغا — ئىشان ـ پىرلىرىغا ئەگىشىپ كەلگەنلەر ئومۇمەن جەررە سېلىپ، ساماغا چۈشەتتى. يالغۇز كەلگەنلەر قايسىبىر قەبرىنى قۇچاقلاپ، كۈن ـ كۈنلەپ يىغلاپ يېتىشاتتى. يەنە بەزىلىرى، ھۇ تارتىپ، قەبرە بېشىدىكى قاتتىق يەرگە گۈرسۈلدىتىپ ئۇسەتتى. ئايلاپ قىرائەت قىلىدىغانلارمۇ، لام ـ جىم دېمەي قەبرە بېشىدا ئۇخلاپ ياتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. دەرۋىش يەنە دىققەت قىلغان ئىدىكى، سەھۋالىم نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مەشھۇر مازاردا ناسىۋال چېكىدىغانلارمۇ، قارىداپ كەتكەن مۇشتۇمدەك قاپاقنى قەبرە بېشىغا يۆلەپ قويۇپ، كۈن بويى چىلىم تارتىدىغانلارمۇ، كەيپ ھۇزۇرىدا مەست بولۇپ، قەبرە بېشىدا ئانىسىدىن تۇغما ھالدا ئۇخلاپ قالىدىغانلارمۇ، ھەتتا ئۆزلىرى يىراقلاردىن زىيارەت ئەيلەپ كەلگەن ئۇشبۇ مۇقەددەس مازارغا كوكىرىتىپ سىيىۋېتىپ كېتىدىغانلارمۇ بار ئىدى... سۇلۇكلەر ھەم ئۇلارنىڭ سۈننەتلىرى كۈنساناپ كۆپىيىپ بېرىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، مازاردىكى بۇ خىل ئاجايىباتلارغا ھېچكىم ھېچنېمە دەپ پەتىۋا بېرەلمەيتتى...

دەرۋىش كېچە ـ كۈندۈز قايناپ تۇرىدىغان بۇ ئۇلۇغ تاۋابگاھدا ئىككى ھەپتە ۋاقتىنى تىنچ ۋە چوڭقۇر ئىچكى مۇلاھىزىلەر بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇزاق يول بېسىپ ماڭغانسېرى ئۇنىڭ پىكرى قۇۋۋىتى ئېشىپ بېرىۋاتقاندەك، مەنىۋى يەكۈنىگە يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنگەنىدى. مانا بۇ يەردە ئۇ بۇ خىل ھالنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلدى. كەڭ كەتكەن مازار ناھايىتى سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. تاۋابچىلار تەرەپ ـ

تەرەپلەردىن توپ ـ توپ بولۇشۇپ كېلىشىۋاتسىمۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئادەم كەم بولمىسىمۇ، لېكىن ئىچكى سېغىنىش، پىنھانە مۇلاقەت ئەھلى ئۈچۈن يەنىلا تېپتىنچتەك تۇيغۇ بېرەتتى. تېنىمسىز ئوقۇلۇۋاتقان ھۆكمەت، قىلىنىۋاتقان قىرائەتلەر روھىي مۇڭداشقۇچىلار ئۈچۈن ھېچبىر زەرەر كۆرسىتەلمەيتتى. مازار ئەتراپىدىكى يەرلەرگە سېلىنىشتۇرغاندا خېلىلا ئېگىز بىر دەرەخلىككە جايلاشقانىدى. ھەممىلا ياقنى ياپراقسىز كونا دەرەخ، قېرى يۇلغۇنلار قاپلاپ تۇرغاچقا، بۇ يەر تېخىمۇ قەدىمىي ۋە مۇقەددەس بولۇپ كۆرۈنەتتى. زومچاق ـ زومچاق قەبرىلەر قېلىن ئازغان، ئاقارغان چىغ، قورۇغان بۇيىلار بىلەن ئورۇلۇپ تۇراتتى. دەرەخ ۋە يۇلغۇنلارنىڭ شاخلىرىغا چېگىپ قويۇلغان ھەر خىل پارچە ـ پۇرات رەختلەر، قەبرە بېشىغا كىملەر تەرىپىدىندۇر قاداپ قويۇلغان رەڭگى ئۆڭگەن بايراقلار، باش ئۇستىگە تىزىپ قويۇلغان كالا ھەم ئۆچكە مۈڭگۈزلىرى... مازارنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى.

دەرۋىش ئۆزى بىلگەن ۋە شەيختىن ئاڭلىغان ئۇلۇغلار قىسسىلىرىنى، شۇلارنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ يېگىمباشتىن ئەسلەپ چىقاتتى. ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ، ئايرىم ـ ئايرىم پىكرى مۇلاقەتتە بولاتتى. ئۆزى ئىزدىگەن، يېشەلمىگەن، تەلپۈنگەن روھىيەت سىرلىرى خۇسۇسىدا قىزغىن مۇنازىرە قۇراتتى. بەزى شۈبھىلىرىگە جاۋاب تاپقاندەك بولاتتى. بەزىلىرىدە ئۆزىنىڭ چالىلىقى مەلۇم بولاتتى. يەنە بەزىلىرىدە شەھىدىي ئەزىزنىڭ روھەن كۆلىبىسىگە كىرىدىغان يولنى تاپالماي قالاتتى. بۇنداق چاغدا قەبرە ئاستىدىكى زاتىي مۇبارەك تېخىمۇ ئەزىز ۋە كارامەتلىك، ئۇنىڭ روھىي ھاياتى يەنىمۇ بۈيۈك ۋە ئەبەدىي بولۇپ تۇيۇلاتتى... نېمىلا بولمىسۇن، دەرۋىشنىڭ روھىي ئېچىرقاشلىرى، قەلب تەلپۈنۈشلىرى ئۆزى كۈتكەن كەبى مەنپەئەتلىنىپ كېتىۋاتاتتى. يەنە ئاجايىپ مەنپەئەتلەرگە

ئېرىشەر ئىدى ـ يۇ، لېكىن...

دەرۋىش ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، قەلب دىيالوگىنىڭ يۈكسىلىش دولقۇنىغا كەلگەن ئۈچىنچى ھەپتىسى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يېنىغا بىرسى پەيدا بولۇپ قالدى. باشتا دەرۋىش ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمىدى. تاۋابچىلارنىڭ بىرى ئوخشايدۇ، ئۇشبۇ قەبرە ئېگىسىگە ئۇنىڭمۇ ئىخلاسى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. بىراق، ئاخىرىدا يەنە دىققىتىنى بەرمەي بولمىدى. چۈنكى، تاڭ سەھەردىن تاكى چۈشكىچە ئۇلۇك يېنىدىكى بىر جۈپ پۇت مىدىرلىمايلا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئامالسىز بېشىنى كۆتۈردى. مەلۇم بولدىكى، چىرايلىق ئاق پىيمە كىيگەن بۇ بىر جۈپ پاچاقنىڭ ئېگىسى قارا رومال ئارتقان نامەلۇم بىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭ خېنە ياققان بارماقلىرى يوغان بىر ھېجىر قاچىنى سول بېقىنىغا بېسىپ تۇراتتى.

— ئەسسالام، دەرۋىش ھەزرىتىم! — ئۇنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلغانلىقىنى پەملىگەن ئايال ئالدىراپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زىل ۋە نازۇك ئىدى.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! ئۆزلىرى؟... — پىكىر تۇتقۇسىنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن دەرۋىش خاپىغان ھالەتتە شۇنچىلىك دېيەلىدى. شۇنچە كۈنلەردىن بېرى، بۇ مۇقەددەس جايدا ئايال زاتىنى كۆرمىگەن دەرۋىش بۇ ئايالنىڭ قىلىۋاتقانلىرىغا ھەيران قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەيرانلىقىمۇ ئۇزاققا بارمىدى. ئايال يەنە گەپ باشلىدى.

— ئۆيۈم ئاۋۇ ياقتىكى تۆۋەنكى مەھەللىدە، غوجام. دادام ئۆلۈپ كەتكەن. ئانام بىلەن ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرىمىز. ئاز، ئەرزىمەس بولسىمۇ، قەبرە بېشىدىلا بىر نەزىر بېرىۋېتەيلى دەپ...

— ھە... نەزىر دېسىلە؟ — دەرۋىش پۈركەنچىلىك ئايالغا سوغۇق بىر قاراپ قويدى، — نەزىر بېيىشكە چولام يوق.

باشقىلارغا بەرسىلە خېنىم.

— ئۆزگىلەرگە بەرسەممۇ بېرەرمەن. سىلىنى دىلىم تارتىپ قاپتۇ غوجام.

— نەزىرنىممۇ دىلى تارتقانغا بەرگەن بارمۇ خېنىم؟ كۆڭۈل ئەمەس، ئاش - غىزا تۇرسا بۇ دېگەن؟ — دەرۋىش قوپال تەلەپپۇزدا ئايالنىڭ پۇتىغا قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇ: باشقىلار يېنىمدا تۇرۇۋېلىپ، دىققىتىمنى چېچىۋەتمىسە بولاتتى. ئايال زاتى تېخىمۇ بەك ئېزىتقۇ، دەپ ئويلايتتى.

— غىزا كۆڭۈل بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىگىسىدە كۆڭۈل بار، — دېدى ئايال رومال ئىچىدىكى بېشىنى لىككىدە تۆۋەنگە تاشلاپ تۇرۇپ. ئۇ جۇرئەتلىك، ئوچۇق - يورۇق ھەم يەنە گەپدان ئايالدەك قىلاتتى، — ئۆزلىيىنى دىلىم تارتىشىدا دەرۋىش غوجام، مەن ئەتىگەندىلا يانلىرىغا كەلگەن ئەينا. ئۇ چاغدا ئۆزگە دەرۋىشلەر قەبرە بېشىدا ئۇخلىشىۋاتقان، كەيىپ قىلىشىۋاتقان ئىكەن. سايىتىن كەلگەنلەرمۇ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا تېگىشتى. پەقەت تەقۋادار دەرۋىش غوجاملا كۈن چىقاردىن تا چۈشكىچە ھۆددەس مىدىرلىماي ئېتىكاپتا ئولتۇردىلا. شۇڭا، نەزىرنى ئۆزلىيىگە بەرگۈم كەلدى. ئەرزىمەس غىزايىمىزغا سىلىنى ئېغىز تەگكۈزۈپ، ھەق ساۋاب تاپاي دېدىم. ئەسلىدىغۇ، مازارغا مەزلۇم خەق كەلگۈلۈك ئەمەستى. سىلىگە دېدىم، ئامالىمىز يوق. ئەتتىگەندىن بېرى بىر ئۆزلىيىنىلا ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنداق قىلماي بىر ئېغىز تېگىپ بەرگەيلا ئۇز غوجام.

— بۇ... — دەرۋىش سەل تەسىرلىنىپ قالدى. بىر دەرۋىش ئۈچۈن يېرىم كۈن ساقلاش، ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلگەن كاتتا ئەقىدە ئىدى.

— ماقۇل دېسىلە غوجام. ئىككى يالماپلا يۇتۇپ بولىدىلا...

دەرۋىشنىڭ جىم تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئايال، ماقۇل بوپتۇ دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپلا قاچىنىڭ ئېغىزىنى

ئاچتى. قاق، كىشمىش سېلىپ ئېتىلگەن گۆشسىز پولو سوۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىغاندەك قىلاتتى. ئايال قاچىنى تويا يەرگىلا دەسسىتىپ، رومال تېگىدە قالغان يان يانچۇقىدىن بىر تال ياغاچ قوشۇقنى ئاختۇرۇپ ئالدى. ئۇ قوشۇقنى دەرۋىشكە سۇنۇپ بولۇپىراق، يەنە تارتىۋالدى. كۆڭلىگە شەك كېلىپ قالمىسۇن دېگەندەك، ئۇنى سىيپاپ بەرمەكچى بولدى. ئۇيانغا ئۆرۈلۈپ، بۇياننى ئاختۇرۇپ، ئاخىرى روماللىنىڭ ئۇچىغا ئېسىلدى. شۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق بىر نەرسە تاپالمىغانىدى. رومالنىڭ ئۇچى بىلەن قوشۇقنى يېنىشلاپ ئېرتىۋاتقاندا، كۆتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردىكى، بۇنى دەرۋىش ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە «تەقدىر» دەپلا چۈشەندى. رومال تۇيۇقسىزلا ئايالنىڭ ئېتىكىگە سىيرىلىپ چۈشتى. كۆتمىگەندە ئۇنىڭ باش ـ كۆزى تولۇق ئېچىلىپ كەتتى: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر يۈزىنى يېپىشقا ئالدىرىمىدى. ئەكسىچە، مەن سىزگە ئىشىنىمەن دېگەندەك، ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. پاكىز ۋە يېنىش ـ يېنىشلاپ ئېرتىلغان قوشۇقنى ئىككى قوللاپ سۇندى. دەرۋىشمۇ قوشۇقنى ئىككى قوللاپ ئالدى ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. قارىدى ـ يۇ، ۋۇجۇدى شۇئان لەرزىگە كەلدى. قانلىرى ئۆركەشلەپ، پۈتۈن جىسمى ئوت بولۇپ كۆيدى. دىل كۆزىدىكى پىكرى ھاياجان، مۇلاقات خاتىرىلىرى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. باسقان روھىي مۇساپىلىرى، ئېرىشكەن مەنىۋى پەللىلىرى ھەرياقلارغا توزىدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا ئۆتمۈشى بولۇپ باقمىغاندەك بىلىندى. ھاياتى بۇگۈندىن، دەل ھازىردىن باشلىنىدىغاندەك، ئىلگىرى يوقلۇق ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەندەك سېزىلدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىچكى مېھنەتلىرىگە بىر جۈپ كۆزىلا ھۆكۈمران ئىدى: قىز بەكلا چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە ئايدەك ئەگىم قاشلىرى تەبەسسۇمغا جور بولۇپ

ھېمىرىلىپ تۇراتتى. قاپقارا قايرىما كىرپىكلىرى سۇرمىلىك بادام قاپاقلىرىنىڭ جەلپكارلىقىغا قوشۇلۇپ، يوغان ۋە تېنىق كۆزلەرگە سېھىرلىك مەنالارنى ئاتا قىلىپ تۇراتتى. چوڭ، قارا ۋە چىرايلىق كۆزلەر ئېغىر ـ بېسىق ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ تىنچ تاشلىنىشلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قوپقۇسىز ھارارەت، سۆيگۈ، جەلپكارلىق بالقىيتتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىلا ئەمەس، يۈزلىرى، يۈزلىرىدىكى ھەر بىر تېرە مۇسكۇللىرىنىڭ يارىلىش شەكلىگىچە قانداقتۇر بىر سېھىرىي نىدادا سۆزلەيتتى. ئۇزۇۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان جىنەستىدەك سۇزۇك، نېپىز ۋە قىپقىزىل لېۋى جىمجىت، ئەمما مىسلىسىز شېرىن زۇۋاندا پىچىرلايتتى. بۇ ئۈنسىز پىچىرلاشتىن، ۋۇجۇدلارغا ئوت، قەلبلەرگە چېقىن تارايتتى. يۈرەكلەر چىداپ بولماس تاتلىق سېزىم كۈچىدە ئېرىيتتى. كۆزلەردە ئوت سۆزلەردە ئوت...

نەپسى جىددىيلىشىپ، ئەزايى ـ بەدىنى تىترەپ ۋە ئېرىپ كەتكەن دەرۋىش ھېجرىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا بىكارلاپ بولغانىدى. نەزىرىدە ئۇنىڭ يېگىنى پولو ئەمەس، كۆڭۈل، تۈتۈپ تۇرغىنىمۇ قاچا ئەمەس، قىز ئىدى. ئۆمۈرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن، كۆرۈۋاتقان گۈزەل قىز! ئۇ قاچىنى قىزغا ئىككى قوللاپ سۇنغاندا، قىزنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي جامالى كۆزدىن يۈتكەن ـــ قارا رومال ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئۆلگۈرگەنىدى. دەرۋىش كۆنلەپ ئۇسسۇز قالغان ئادەمدەك كۈچ بىلەن يۈتۈندى. شۇئان گېلىغا يىغىلىپ قالغان سۈيۈقلۇق ئېقىمى «غۇرت» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ، پەسكە چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يەنە يۈتۈنغۇسى، نېمىنىدۇر يۈتۈۋەتكۈسى كېلەتتى...

ـــ رەھمەت، دەرۋىش غوجام. قايدالا بولسۇن، كۆڭلۈمنى يەردە قويمىدىلا.

ـــ ئۆ...ئۆزلىرىگە رەھمەت... خې... خې... نىم!...

دەرۋىش بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلماقچىدى، دېيەلمىدى.

كۆڭلىدە تالاي سۆزلىرى باردەك بىلىنەتتى ـ يۇ، لېكىن تىلى ھېچبىر گەپكە كەلمەيتتى. شۇ ئارىدا يەنە قىز گەپ قىلدى:

ــ ئەممىسە، مەن ماڭاي دەرۋىشىم. كەچقۇرۇن، خاھى بولمايدۇ ئەتىگەنلىككە يەنە كېلىمەن.

قىز شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا چىرايلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆرۈلۈپ ماڭدى. دەرۋىش ئۇنىڭ ئېغىر پېيىمە بىلەنمۇ كىيىكتەك يەڭگىل قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقان ئۇزۇن پاچاقلىرىغا، قىشلىق ئېگىن بىلەنمۇ جەلپكارلىقى بىلىنىپ تۇرغان بەل ۋە سۆڭگەچلىرىگە ئىختىيارسىز ھالدا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بەدەن ھەرىكەتلىرىمۇ شۇ قەدەر جەلپكار ئىدى. ئاستا مېڭىشلىرىدىن، ئېغىر سوكۇت ئىچىدە ئۇزاشلىرىدىن ئۇنىڭ نېمىگىدۇر قىيمايۋاتقانلىقى، تارتىنىشۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى...

دەرۋىش ئۇزاق روھىي چېلىشىشلاردىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى. ئېغىر خاتاغا يول قويغىنىنى بىلدى. «ئايال زاتىغا قارىغۇلۇق ئەمەستى. بۇنداق شەيتانىي ۋەسۋەسىلەرگە بوي بەرگۈلۈك ئەمەستى...» دەپ ئويلىدى. بىلىپ ـ بىلمەي بىر قېتىملىق نەپسى شەيتانغا يول قويدى. ئەڭ يامىنى قىز: يەنە كېلىمەن، دېدى. «را... راستتىنلا كېلىپ قالسا، خاھىي كەچتە بولسۇن، خاھىي ئەتە بولسۇن، كېلىپلا قالسىلاكىم، دەرۋىشلىكىم تۈگەمەكتۇر. ئۇلۇغلار مازارلارنى زىيارەت قىلماغىم، غازىلار ئېلىدىكى زاتى ئەزىزنى، ئەھلى مۆجىزەنى كۆرمەگىم يوق بولۇر. بەرھەق، ھەۋا ئىچرە ئەڭ ئازغۇنى ئىشقىي ھەۋا ئېرۇر، دېمىگەنمىدى كېرىيە ياقىدىكى بىر زاتى مۇبارەك. بەس! ئەمدى يانە خاتاغا يول بەرگۈلۈك ئەمەس! ئۇزاق كەت، ئېزىتقۇ شەيتانلارىم!...» ئۇ يەنە شۇنداق ئويلىدى ۋە ئالدىراپ ۋارقىرىدى:

ــ ئەمدى كەلمىگەيلا. يېنىمغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ

باسمىغايلا، خېنىم!...

ئەمما، قىز خېلى ئۇزاپ، مازارنىڭ يىراق بۇرجىكىدىكى ئۆيمانغا چۈشۈپ بولغانىدى.

نېمىلا بولمىسۇن قىزنى كەتكۈزۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، دەرۋىشنىڭ كۆڭلى سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. ئەمدى بۇنداق ئازغۇنلۇقلارغا بېرىلمەسمەن، ھەرقانچە بولسىمۇ، نەپسى شەيتاننى يېنىمغا يولاتماسمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ئەھدى قىلدى. لېكىن، ئەھدى بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ باشقا ـ باشقا ئىش ئىكەنلىكىنى يېرىم كۈنلۈك روھىي ھارغىنلىق ئارقىلىق تولۇق ھېس قىلىپ يەتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئەقلى، ئەقلىگە مايىل ئەھدى ۋە تىلى تىنچ پىكىر نۇقتىسىغا قايتىشنى ئىستەيتتى. قاچقۇن ھېسسىياتى ۋە ئۇ تۇغقان يۈگرەك خىيالى، ھامان قىزنىڭ رومالغا ئورالغان تەڭداشسىز ھۆسنىنى يادلاپ، ئىزلاپ باراتتى. دەرۋىش ئۆزىنى سەتلەپ باقسىمۇ، ئەيىبلەپ كۆرسىمۇ، ھېسسىيات تەلپۈنۈشلىرىدىن ئاجراپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ھەدېسىلا پىكرى چېچىلاتتى، خىيالى قاچاتتى. ھېكمەت ۋە تەپەككۇرىدىن ئازاتتى. ئاخىرىغا بېرىپ، ئىچكى مۇجادىلە نەتىجىسىز بىر ھالدا ئاخىرلاشتى...

كېچە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم بولدى. «ئۇخلاي» دېگەن نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ھامان قۇملۇق چۆلدىمۇ، تاشلىق سايدىمۇ يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىدىغان دەرۋىش بۇگۈن كېچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئويلىماي دېگەنسېرى ئىختىيارسىز ھالدا قاراپ سالغان شۇ ئوتلۇق ھەم نۇقسانسىز چىراي كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زىنھار ئاراملىق بەرمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى، ئۇ ئۆزى تىللىغىنىدەك ئاسىي، بەدنىيەت بىر يەرلىرى يەنە شۇ ئېزىتقۇ چىراينى سېغىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ سۈرە ياسىنىڭ بىرقانچە موبىيىنلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇدى. قايسىبىر پىر ـ

ئۇستازنىڭ مەزمۇنى سۈرە ئىخلاسقا ياندىشقان ھېكمەتلىرىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ يادىدىن ئۆتكۈزدى. ئۆزى بىلىدىغان، ئىرادە ۋە جاسارەتكە ئائىت ئەقلىيەلەرنى ئەسكە ئېلىپ كۆردى. «ھازىر» ھەققىدىكى تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆزىنى يىلدىرلاپ تۇرغان جىن چىراغتىن ئۇزمەي يېتىپمۇ باقتى... يەنىلا ھېچ ئامال قىلالمىدى. ئاساۋ ئاتتەك شاش خىياللىرى ئەقىل، ئەقىدە توساقلىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋەردى...

ــ توۋا، توۋا، ــ دېدى ...ئۇ يىغلامسىراپ، ــ تەرەپپىياللا يولۇققان بۇ قىز ئىنسانمىدۇ ياكى زاتى شەيتانمىدۇر؟... ئىنسان بولسا، نېمىشقا زاھىتلىق يولىنى تۇتقان مەندەك بىر قەلەندەرنىڭ دىلىغا چاپلىشىۋېلىپ، زۇلۇم قىلىدۇ. شەيتان بولسا، نېمە دەپ مېنى يېرىم كۈنلەپ ساقلايدۇ؟... پىر ـ يارەنلەر روھى مېنى سىناۋاتقانمىدۇر ـ يا؟... زىيارەت ئىستىكىم مۇشۇنداقلا يوق بولۇپ كېتۇرمۇ. ئۇشبۇ ھالدا ئازغۇن بولۇپ ئۆتەرمەنمۇ...

تاڭ ئاتتى. ئۇيقۇسىز دەرۋىش، بېشى گاراڭ ھالدا قەبرە بېشىغا چىقتى. تۈنۈگۈنكى ئىچكى مۇلاقات پەللىلىرىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئەسلىدى. بىراق، قانچە باش قاتۇرۇپ ۋە ئۇزاق ئەسلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاشقان پىكرى مەنزىللىرىنىڭ پەللىسىنى ئەمەس، ھەتتا تارماق نۇقتىلىرىنىمۇ تاپالمىدى. ئۆزى يەتمەكچى ئىستىگەن بۈيۈكلۈك يولىنىڭ قۇيرۇق تۈكىنىمۇ تۇتالمىدى. يۈرىكىنى ئاغدۇرۇپ، ئەقلىنى ئازدۇرۇۋاتقان ھېلىقى گۈزەل چىراي بولسا، ئەكسىچە قۇياشتەك، نۇردەك، ئاپتاپتەك يورۇق ۋە پارلاق ھالەتتە كۆز ئالدىغا كېلىۋەردى، ئەس ـ يادىنى ئېلىۋەردى. بۇنىڭغا كۈچۈنۈش كېرەك ئەمەس ئىدى. مەقسەت، ئىدراك، پەيت، خالاش ياكى خالىماسلىق دېگەنلەر بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمايتتى. «ئۇلۇغ ئاللا!» دەپ خىتاب قىلدى دەرۋىش كۆڭۈل مەيلىدىن

ئاجراپ چىقالماي. ئۇنىڭ قەلب كۈرەشلىرىدە ئەقلى تىمىسقىلايتتى. غالىب خىيالى ھۆسن زىيارىتىدە، ۋىسال پەرۋازىدا ئىدى...

— ئەسسالام، دەرۋىشىم!

كۆڭلى تارتقان، ئەقلى ئەنسىرىگەن ئىش يەنە يۈز بەردى. دەرۋىش گاراڭلاشقان بېشىنى ئىتتىكلا كۆتۈردى. ئۇ بىرەر شەپىگە ھېچقاچان بۇنچىلىك تۇيغۇن ۋە چاققان بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلدى. ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالدى. ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق قىلىپ سالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى...

ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ ئەمەستەكلا غەيرىي بىر رىتىمدا تېپچەكلەيتتى. تېنىقى تېزلىشىپ، ۋۇجۇدى تىترەيتتى. تىلى ئاللىقاچان كالۋالىشىپ بولغانىدى.

— ۋە... ۋەئەلەيكۇم... ئەس... سالام! — ئۇ قارا رومallىق قىزدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، يەرگە قاراپ تۇرۇپلا سالامغا جاۋاب قايتۇردى. ھېچبولمىغاندا شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. سالامغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش مۇسۇلماندارچىلىق يولىدىكى ئەقەللىي ئەدەپ ئىدى.

— ئۆزلىرىگە غىزا ئېلىپ كېلىۋىدىم.

— ...

دەرۋىش ئەمدى قەتئىي ھالدا زۇۋان سۈرمەسلىك نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇنىدىلا بارلىق ئىشقىي ھەۋەس ۋەسۋەسىسىنى باسقىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭچە، سۆز كۆڭۈلنىڭ، كۆڭۈل بارلىق نەپسى ئۇيقانلىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئۇ لام - جىم دېمەي، بېشىنى ئىككى ياققا تاشلاپ، قايسىبىر ھېكمەتنى ئىچكى زۇۋاندا ئوقۇشقا كىرىشتى. شەكىل ئۈچۈن بولسىمۇ ئوقۇي، مۇشۇ شەيتان يېنىمدىن تېزراق كەتسۇن... دېگەنلەرنى ئويلىدى.

بىر ئاش پىشىم... بىرقانچە ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. قىزنىڭ بايىقى جايىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغانلىقىنى دەرۋىشنىڭ كۆڭلى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنى ئويلىغانچە، ئۇنىڭ دىققىتى يەنە چېچىلىشقا باشلىدى. مانا ئەمدى شەكىلگە ئوقۇۋاتقان ھېكمەتلىرىمۇ ئېسىگە كەلمەيۋاتاتتى ياكى مىسرالىرى ئالمىشىپ كېتىۋاتاتتى...

— دەرۋىشىم...

—...

كۆپ قېتىملىق چاقىرىشلار جاۋابسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قويۇپ كەتكەن غىزانى تاشلىۋېتىشكە بولمىدى.

قىزنىڭ كېيىنكى قېتىملىق غىزاسىنى يەپ تۈگەتكەن شۇ دەقىقىدىن باشلاپ دەرۋىش كۆڭلىنى، تېخىمۇ توغرىسى ئۆزىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىش بەدىلىگە ئېرىشكەن پىكرى يۈكسىلىشلىرىمۇ قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەس - يادى، خىيال ۋە تەپەككۇرى ئاشۇ ساھىپجامال قىزدىلا ئىدىكى، ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيتتى. ھەيران قالارلىقى، دىدارىنى پەقەت بىرلا كۆرسەتكەن قىز دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، تەڭداشسىز ۋە ئېۋەنسىز يار بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئالەمدىكى بارچە قىز زاتىنى يىغقان ھالەتتىمۇ دەرۋىش كۆڭلىگە ئايان ئىدىكى، يەنە مۇشۇ جانانچىلىك كەلمەيتتى. ياق، ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى!...

دەرۋىشنىڭ كېيىنكى كېچىسى تېخىمۇ ئازابلىق ئۆتتى. تۈنۈگۈن قىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئويلاپ ياتقان بولسا، بۈگۈن سېغىنىش ئازابىغا چىداپ تۇرالمىدى. قىزنىڭ يېنىغا يۈگرەپ بارغۇسى، ئۇنىڭ تۇتىيا پېشلىرىگە يېنىشلاپ سۆيگۈسى كەلدى.

«ئاھ!... ئاھ!...» دەرۋىش شۇنداقلا دەيتتى. كۆكرىكى چىڭقىلىپ، نەپسى ئوت بولۇپ ياناتتى. يۈرىكى كاۋاپ مېيىدەك

ۋىژىلداپ، پۈتۈن بەدەنلىرى چوغ بولۇپ كۆيەتتى. «نىمە بار بولغىيدى شۇ غىزادا... ئىسسىق دۇئاسى ئوقۇپ قويغان بولغىيمىدى؟...» نىمىشقىدۇر ئۈنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. پۈتۈن ئالەمنىڭ كۆتۈرۈپ قويقۇسىز ئېغىر دەردى بىر ئۈنىڭغا ئارتىلغاندەك بىلىنەتتى. دەردتىن جۇدا بولۇشنىڭ، يىغىسىنى بېسىشنىڭ بىردىنبىر يولى قىزنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئىدى. بىراق، بۇ ئۈنىڭغا مۇمكىنمۇ؟ ئۇ نېمە كويدا يولغا چىققان ۋە قايسى مۇددىئاغا يەتمەكچىدى. ئۆمۈرلۈك مەقسەت قىلىپ تاللىۋالغىنى مۇشۇ بۈيۈك سەھۋالىمدا ئېرىشمەكچى بولغان ئىشقىي چۈشەكمىدى؟ هەي ئېسىت، هەي ئېسىت، هېلىقى پالچى توغرا دەپتىكەن. ئۈنى پېتىنقىقا سۆرىگەن غايىب باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مۇشۇ شەيتانىي ئالۇۋۇن ئىكەن ئەمەسمۇ. بۈنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسا، خوتەندىكى هېچبىر مازارغا يولۇقماي، ئۇدۇللا باشقا يۇرتلارغا ئۆتۈپ كەتمەسمىدى. ئەمدى باشقا مازارىي - ماشايىخلارنى تاۋاب قىلالماسمۇ. يىراق ئاقسۇدىكى هەزرىتى خەراباتىنى زىيارەت قىلالماسمۇ؟ ياق، هۆددەس ئۈنداق قىلالمايدۇ! قىزغا كۆڭۈل بەرگەن سائەتتىن باشلاپ، ئۈنىڭ زاهىت - دەرۋىشلىكى ئاخىرلىشىدۇ. زاهىتلىقتىن مۇددىئا — نەپسىنى يېڭىش ئەمەسمىدى. ئەڭ كۈچلۈك ئېزىقتۇرغۇچى نەپسى ئىشقىي نەپسى ئەمەسمىدى؟! ئەمدى ئۈنىڭدا باشقا چارە قالمىغانمىدۇر. هېچبىر ئامال يوقمىدۇر؟!...

ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. بىرمۇنچە ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۈنىڭ خىيالىغا بۇ يەردىن كېتىش كەلگەندى. كېتىش ئۈنىڭ ئۈچۈن هەممىدىن كېچىش بولاتتى. گۈزەل جانانىنىڭ چىلىلاشلىرىدىن، سېغىنىش ئوتىنىڭ قىيناشلىرىدىن، كۆهمارىم، تەبرىزىم... كەبىي نامدار مازارلار زىيارىتىدىن... هەممىدىن بىر يولىلا كېچەتتى. شۇ دەقىقىدە ئۈنىڭ يادىغا «جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس»

دېگەن ماقال چىن مەنىسى بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. «راست، بۇ يولنىڭ بەدەل ـ مۇشەققەتلىرى بەك كۆپكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ ئېشەك ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ. شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياش قۇيۇلدى. قاراڭغۇلۇق قېتىدىن شەيخ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە قىيماسلىق بىلەن قاراپ قويدى. بىلەتتىكى، ئۇ بۇنداقلا كەتسە بولمايتتى. ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان شەيختىن رازى ـ رىزالىق ئېلىشى، بارار مەنزىللىرىنىڭ يول، يوسۇنلىرىنى سوراپ بىلىۋېلىشى لازىم ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنداق قىلىشتىنمۇ ۋاز كەچتى. ئەگەر شۇ يولنى تۇتسا، شەيخكە ھەممىنى دېيىشكە توغرا كېلەتتى. ئېتىكاپ مۆھلىتى، يەنە شۇ كۆھمارىم، تەبرىزىم زىيارەتلىرى... تەبىئىي ھالدىلا شەيختىن سوئال كۈتەتتى. ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرۈپ رەسۋا بولغۇچە، كۆرۈنمەيلا قاچقان ئەۋزەل، دەپ ئويلىدى دەرۋىش.

ئۇ ئېشەكنى ئېغىلدىن يەم بىلەن يېتىلەپ چىقتى ـ دە، بېشىنى چوڭ يولغا توغرىلاپلا «ياھ پىرىم!» دەپ مىندى. تاڭ يورىماستا ماڭغىنى ئۈچۈن، بىراۋ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالىدىغاندەك، قايسىبىر نائەھلىگە ئۇچراپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ماڭماي بولمايتتى. بۇ يولنىڭ يانمىقى يوق ئىدى.

ئېشەكنىڭ بېقىنلىرىغا زىخلاپ، زورلاپ چاپتۇرۇپ، قانچە ئۇزاق يول باسقىنى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ. بىر ئەمىنلىك: تىنچ ـ ئامان تاڭ ئاتقانىدى. ئۇ بىرەر ئېغىز رەھمەت دەپ قويۇشقىمۇ يارىماي، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەڭ رەزگى تەرىپىگە يۈزلەنگىنى ئۈچۈن، نومۇس ئوتىدا كۆيۈپ كېتىپ باراتتى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئەمدىلىكتە ئۇنى كۆيدۈرىدىغان ئوت ھەسسىلەپ كۆپەيگەنىدى. زاھىتلىق ئوتى، نومۇس ئوتى، ۋە يەنە شۇ ئىشقىي ئوت...

— دەرۋىش ھەزرىتىم. دەرۋىشىم!...

ئېشەكتە ئەمەس، ئازاب قولۋىقىدا كېتىپ بارغان دەرۋىش يامان چۆشتىن ئويغانغان ئادەمدەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ يانغا ئۆرۈلۈپ قاراپلا ھەيران قالدى. ئۆزىنى ئوت دېڭىزىغا تاشلاپ قويغان، ھازىرمۇ يەنە تېخى شۇ ئوت بىلەن قىيناۋاتقان قىز — مازاردىكى قارا روماللىق ئېزىتقۇ ئۇدۇل يولدىن تۇۋلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قولتىقىغا قانداقتۇر بىر نەرسىنى قىسىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي يۈگرەيتتى. ھاسىراپ تۇۋلاۋاتقىنى ئۇچۇن ئاۋازى تىترەڭگۈ ئىدى. بۇ ھال دەرۋىشكە يىغلاۋاتقاندەك بىلىندى.

— راستتىنلا خىسلەتلىك قىز ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئېشەكنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، — بولمىسا مېنىڭ يولغا چىققىنىمنى قانداق بىلىدۇ. ماڭا قانداق يېتىشەلەيدۇ؟...

— بىر... بىر ئېغىز گېپىمنى... ئاڭلاپ ماڭسىلا دەرۋىشىم! — ئۇ تېنىمسىز يۈگرەپ كېلىۋېتىپ شۇنداق دەيتتى، — مەن سىلىنى تۇتۇپ قالمايمەن... يېنىمدا قالسىلا دېمەيمەن... بىر ئېغىز گېپىم بار. پەقەت بىر ئېغىزلا!...

ئېشەكنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ مېڭىۋاتقان دەرۋىش ئىختىيارسىز ھالدا ئېشەكتىن چۈشۈپ توختىدى.

— نېمە گەپلىرى بار شۇنچە ئالدىراش؟ — ئۇ قىزنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپلا سورىدى. ئۇ بوگۈن پېيىمە كىيمىگەنىدى. ئەيلەنمىگەن قىزىل خورۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈكى ئاپئاق تويىغا مىلىنىپ، رەڭگى تونۇغۇسىز بىر ھالدا تۇراتتى.

— قاقپودا ناشتىلىق غىزا ئېلىپ كەلسەم، ئۆزلىرى ئاقتىمۇ ـ كۆكتىمۇ يوق تۇرىلا. شەيختىن سورىسام، ئۆزگىگە ئېيتقۇسىز دىل شىكەستىسى ۋەجىدىن بۇ يەرنى تەرك ئەتتى. مەن بىلەن خوشلىشىشقىمۇ رايى بارماي، كېچىدىلا كېتىپ

قالدى، دېدى. شۇ يۇگۇرگەنچە يېقىن يول بىلەن ئالدىلىرىغا چىقىشىم، دەرۋىشىم.

— شەيخ شۇنداق دېدىما؟

— شەيخىم شۇندا دېدى غوجام. ئۇ يەنە: بۇ ئېسىل پەزىل، كاتتا مۇددىئالىق دەرۋىشكە سۇننەت سىناقلىرى باشلاندى. بەلكى، سىناقنىڭ ئەڭ ئېغىرى باشلاندى. ئىشق ئوتى ھەربىر دەرۋىش ئۈچۈن زىيادە مۇشكۇل سىناقدۇر. خاتالاشمىسام، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭلا ئەمەس، تارىختىكى نۇرغۇن كاتتا زاتلارنىڭ ئەڭ مۇشكۇل ئىشقىي سىناقلىرى دەل مۇشۇ يەردىن — شەھىدانە خوتەندىن باشلانغان، — دېدى.

— مۇ... مۇددىئالىرىنى دېسىلە... — دېدى دەرۋىش ئۆزىمۇ سەزمەيلا كېكەچلەپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا «شەيخ بۇ ئىشنى قانداق بىلگەندۇ» دېگەن سوئال ئەگىيتتى. يۈزلىرى خۇددى شەيخ قاراپ تۇرغاندەك قىزىپ كەتكەندى.

— دېمەكچى بولغىنىم... مېنىڭ سىلىگە دەيدىغىنىم... بىر مەن ئۆزۈملا ئەمەس، سىلىمۇ زىيادە ئازاب چېكىپتىلا. ئاللاھ بۇ ئوتنى ئىككىمىزگە تەڭ ساپتۇ. مېنى ئاندا قىيىنىمىسىلا، ئۆز غوجام... — قىز قارا رومال ئىچىدە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېسەدەشلىرىدىن رومال يەڭگىل تىترەيتتى.

دەرۋىش ھەممىنى چۈشەندى. شەيتان ۋەسۋەسىسى ئۇنى مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كەلگەندى.

ئۇ يۈرىكىنىڭ ئېچىشىشلىرىنى، دىلىنىڭ توسقۇنسىز ئارتىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئازاب، ئەمما كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

— يولۇمنى توسۇمىسىلا خېنىم!

— دەر... ۋى... شىم! — قىز «پالاققىدە» ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، — ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا، دەرۋىشىم. قارىسام، قارىدىلا. غىزا بەرسەم يېدىلە... مېنى ئازابقا سېلىپ قويۇپ

ئەمدى... ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا ئۇز غوجام. سىلىدىن ئۆتۈنەي. ئاللا سىلىدىن رازى بولسۇن...

— ماڭىمۇ ئۇۋال قىلمىسىلا، خېنىم. روزىغارلىق يولىنى ئەمەس، تەركىي دۇنيالىق يولىنى تاللىۋالغان دەرۋىشمەن. نىكاھقا بەنت بولۇش ئەقىدەمگە مۇخالىپتۇر. مېنى ماڭغىلى قويسىلا...

دەرۋىش ھېچنېمىگە قارىماي ماڭدى. ئەمما، قىزنىڭ جەندىسىنىڭ پېشىگە، پۇتلىرىغا يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتكەنلىكىنى، يۈرەكنى ئەزگۈدەك ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ: «ماڭا ئۇۋال قىلدىلا. مېنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ كەتتىلە. بۇ ئىشنىڭ ئۇۋالى سىلىگە. قىيامەتتىكى سوراقلارغىمۇ ئۆزلىرى جاۋاب بېرەرلا...» دەپ قېلىشلىرىنى ئۇزۇنغىچە، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنتۇيالمىدى.

— ئەجەپ جاھىل بىر خەقكىنا بۇ خوتەنلىك دېگەن دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى دەرۋىش كېتىۋېتىپ، — مەن بىر ئەر تۇرۇپ، كۆيۈك ئازابىنى ئىچىمگە سىڭدۇرۇپ كېتىۋاتسام، بۇ مەزلۇم ئۆز گېپىدە ئەجەپ چىڭ تۇردى - يا. بىرنى بىر دەيتىمىز، دەپ يۈرسە، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن. نىيەت - مۇددىئايىمىزدىن يانمايمىز، گېپىمىزدە چىڭ تۇرىمىز، دېگىنى ئىكەن ئەمەسمۇ ئەسلى. مۇھەببەتكە شۇنچە سادىق بولغىنىغا قارىغاندا، دوستلۇققا قانچە سادىقتۇر بۇ خەق. مەزلۇملىرى بۇنچىلىك جۇرئەتلىك بولغاندا، ئەرلىرى قايسى دەرىجىدىدۇر. يولدىكى قايسىبىر يۇرتتا بىر دانىشمەننىڭ: شەھىرى خوتەندىن ئامان - ئېسەن ئۆتەلىسەڭ، ئىشقىي توسۇقلىرى ساڭا قايتا يولىماستۇر، دەپ دۇئا بەرگىنىنى بىكار ئەمەسكەندە. سەھۋالىم مازارىدىكى ئاقكۆڭۈل شەيخنىڭ مەن كەلگەن كۈنى كېچىسى خوتەن ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ‹بىرنى بىر دېگۈلۈك› رىۋايىتىمۇ بىكار ئېيتىلمىغانىكەندە! ئەرلىرى

تۇرماق، مەزلۇملىرىمۇ ئۆز ئەقىدە ـ مۇددىئالىرىدىن ئاسانلىقچە يانمايدىغانلاردىن ئىكەندە بۇلار.

بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سەھۋالىم شەيخى كەلدى. چىرايى قاقتەك قورۇلۇپ كەتكەن شەيخ دۇنيادىكى جىمى ئۇچۇر، ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرداردەك سۆزلەيتتى. ئۇمۇ باشقا خوتەنلىكلەرگە ئوخشاشلا «قىلىتمىز، ئېتىتمىز» دەيتتى. «ر» نىڭ ئورنىغا هامان «ي» نى ئالماشتۇرۇپ گەپ قىلاتتى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، «ر» تاۋۇشىنى چوقۇم ئېيتمىسا بولمايدىغان جايدا، ئۇنىڭغا بىرقانچە «ر» نى قوشۇپ دەۋەتمەكچى بولغاندەك، شۇنچە كۈچەپ ۋە ئېغىر تەلەپپۇز قىلاتتى. ئۇنىڭ دەرۋىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر هېكايىسى مۇنداق ئىدى:

زامانلار ئايلىنىپ، پەلەكنىڭ چەرخى چۆرۈلۈپ، ئەلنىڭ سەلتەنەت قۇياشى خاندىن ـ ئىشانغا يۈزلەنگەن بىر دەۋر ئىكەن. هىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغار خانى غالدان سېرىننىڭ قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، ئىسمائىلخاننىڭ قولىدىن بۈيۈك يەركەن خانلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پۇقرالارغا ئېغىر زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا جۇڭغارلار قىزىل تۇچتىن ياسالغان داچەن پۇلنى بىر پۇل دەپ خەجلەيدىكەن. هىدايىتۇللا خوجا جۇڭغارلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى پۈتۈن جايلارغا ‹بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش› توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ۋە شۇ يول بىلەن ئۆزىگە ياردەم بەرگەن غالدان قوشۇنلىرىنى باي قىلىشنى ئويلاپتۇ. بۇ بۇيرۇققا ئالدى بىلەن خوتەن خەلقى قاتتىق نارازى بولۇپ، بىر پۇلنى ئىككى دېيىشكە زادىلا ئۇنىماپتۇ. بۇيرۇقنى ئۆتىمىگەن هىدايىتۇللا خوجا خوتەن خەلقىگە هەيۋە قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئەدەپلەپ قويۇش مەقسىتىدە، پۈتكۈل پۇقرانى بىر مەيدانغا توپلاپتۇ. قىرىق نەپەر يۇرت ئاقساقىلىنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ: «بىر پۇلنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟» دەپ

سوراقلاپتۇ. «خۇدامۇ بىر، بىر پۇلمۇ بىر، بىرنى ئىككى دېسەك خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. شۇڭا، بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ قارشىلىق قىپتۇ ئۇلار.

جۇڭغارلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ: «ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلىپ، قايسىڭ بىر پۇلنى ئىككى پۇل دېمىسەڭ ئۆلتۈرىمىز!» دەپ ئۇلارنى قورقۇتماقچى بوپتۇ ۋە بىر - بىرلەپ سوراپتۇ. كىمدىنلا سورىسا، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ سۆزىدىن زادىلا يانماپتۇ. شۇ جايدىلا بىرنى ئىككى دېمىگەنلەرنىڭ باشلىرى ئېلىنىپتۇ. ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇز توققۇز كىشىنىڭ بېشى كېسىلىپتۇ. قىرىقىنچى كىشىگە كەلگەندە يەنە سوراپتۇ. ئۇ كىشىمۇ جۇڭغارلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «بىرنى بىر دېگۈلۈك!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ دەرھال كېسىلىپتۇ. شۇ چاغدا مەيداندا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ: «بىرنى بىر دېگۈلۈك!» دېگەن شوئار ساداسى كۆكنى لەرزىگە سالپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خوتەنلىكلەرگە «جاھىل، گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان مەنىسىدىكى ‹بىرنى بىر دېگۈلۈك› دېگەن ئاتا مىراس لەقەم سىڭىپ قاپتۇ...

* * *

دەرۋىشكە ئەستىلىك بولىدىغان ئىشلار تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئۇ سەپەر جەريانىدا، تاشقى يېڭىلىقلاردىن كۆرە كۆپرەك ئىچكى ئۆزگىرىشلەرگە، تاشقى تەسىرنىڭ قەلبىنى قوزغىتىشلىرىغا، ئۆز تەپەككۇرىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان غەليان ياكى يۇكسىلىشلەرگە... ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان رىئاللىق تەقەززالىرىدىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. جىمجىت يۇرۇش، تىنچ تەپەككۇر قىلىش ئىستىكى ھامان تۇرلۇك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپلا تۇردى.

ئۇ خوتەندىن كېچىلەپ يولغا چىققىنى، يەنە كېلىپ شەيخ بىلەن خوشلاشمايلا چىققىنى ئۈچۈن، يول بىلمەي قارىقاش

يولىدا خېلى كۆپ ھەرەج تارتتى. ئۇدۇل مازارغىلا يېتەي دېگەنچە، كۆزلىگەن يېرىدىن شۇنچە چەتنەپ، ئىمامىي ئەفتە مازارىنى ئاران تەستە تاپتى. ئۇچرىغانلا كىشىدىن سوراپ يۈرۈپ، نىشانلىغان زىيارەتگاھىقا يەتكەندە كۈن ئولتۇراي دېگەندى.

ئۇ قائىدە بويىچە مازار شەيخىگە سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن، تاۋاب زىيارىتىنى رەسمىي باشلىدى. مازار ئۇ ئۇزاقلاردىن بېرى داڭقىنى ئاڭلىغىنىدەك، چەت - چېتى يىراقلارغا سوزۇلغان، قەدىمىي، سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. كەچ بولغانسېرى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كىشىلەر خۇددى قايسىبىر يۇرتتىكى ئازنا بازار ياكى چارشەنبە بازارغا ماڭغاندەك، بالا - ۋاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىراپ، ئىتتىرىشىپ ۋە تىقىلىشىپ كېلىشەتتى. قارىماققا بىر دەمدىن كېيىن بۇ يەرگە ئادەملەر سىغمايدىغاندەك ئىدى.

دەرۋىش ئۆزى كۆزلىگەن قەبرە بېشىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ قەلب زىكىرلىرى، ئىچكى مۇلاقەت - مۇلاھىزىلىرى باشلىنىپ كەتتى...

ھەر خىل كىيىنىشكەن كىشىلەر تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىشىپ، ئۆزلىرى خالىغان قەبرە بېشىدا ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن بەند بولماقتا ئىدى. ئەتراپتىن ئوخشىمىغان ئاۋازدىكى قىرائەت ئاڭلىناتتى. بوغۇق، زىل ۋە توم ئاۋازلاردا ئېيتقان ھېكمەتلەرمۇ قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى. بىرلىرى قايسىبىر مۆتىۋەرنىڭ تونۇش ھېكمىتىنى ساپايە تەڭكىشى بىلەن ئوقۇسا، يەنە بىرلىرى پېشانىسىنى يەرگە يېقىپ، ھۆ تارتىپ يىغلىشاتتى. قەبرە بېشىغا باغرىنى يېقىپ يېتىۋالغان، گۆپپۈرلەپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئاجايىپكى، بۇ يەرنى خۇددى مازار ئەمەس، بازار دەپ تونۇپ قېلىشقاندەك، قايسىبىرلىرىنىڭ جەڭنامە

قىسسىلىرىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى، مەنسۇر ھەللاجى، شاھ مەشرەپ ھەققىدىكى قىسسىلەرگە ھەدىس شېرىپتىن نەقىللەر قوشۇپ ھېكايە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. مازارنىڭ ھەر تەرىپىگە چېچىلغان تاۋابچىلارنىڭ كۆپ قىسمى كۇلاھ ـ جەندە كېيىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى، رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۇلاھىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ، مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى. تاۋابچىلارنىڭ بەزىلىرى توپ، بەزىلىرى يالغۇز ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتاتتى. بۇ يەردىمۇ خوتەندىكىگە ئوخشاش دىن بىر، سۇلۇك ـ مەزھەپلەر ھەم ئۇنىڭ سۇننەتلىرى كۆپ ئىدى. «ئىسھاقىيە» ھەممە بىلىدىغان غوللۇق سۇلۇك سانالسىمۇ، ئاۋام تۇرمۇشىدا يەنە باشقا تۇرلۇك سۇلۇكلەر ھەم ئۇنىڭ سۇننەتلىرى ئېقىپ يۇرەتتى. قارىقاش نامى بىلەن ئاتالغان، تارىختىن بېرى دىنىي ئەقىدىسىنىڭ كۇچلۇكلۇكى بىلەن نام چىقارغان مۇشۇ بىر يۇرتتىنلا ئىسھاقىيەدىن باشقا يەنە، ئىشقىيە، يەسەۋىيە، جەھرىيە، كەبرۇيە، رەبوردىيە، دۇۋانىيە، نېمىتىيە... قاتارلىق بىرمۇنچە سۇلۇك ـ مەزھەپلەرنىڭ مۇرىتلىرىنى تاپقىلى بولاتتى. مۇرىتلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە سۇلۇككە كىرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۆزىنىڭ قايسى سۇلۇكتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارمۇ، باشقىلار نېمىنى قىلسا، شۇنىڭغا ئەگىشىپ قىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنى ئورتاق بىر ئىستەك باغلاپ تۇراتتى: مۇرىتلار ۋە مۇرىت بولۇش كويىدا يۇرگەنلەر ئۆز سۇلۇكىنىڭ پىر ـ ئەۋلىيالىرىغا قول بېرىشنى ۋە يېنىشلاپ قول بېرىشنى ئاداققى مۇرادى دەپ بىلەتتى. شۇندىلا ئاللاغا يېقىنلىشالايمىز، باقىيلىق ساۋابىغا ئېرىشىمىز دەپ قارايتتى. ھەممە ئۆزى دۇرۇس كۆرگەن مەزھەپنىڭ سۇننەتلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇنداق دېيىش ھېچ مۇبالىغە ئەمەس ئىدىكى، ئىسلام پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى

بۇگۈنگىچە، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ پەرھىز، سۈننەتلىرى ئەڭ
بۇرمىلانغان جايدىن «سەئىدىيە» زېمىنىدىن باشقا يەنە بىر ئەلنى
تاپقىلى بولمايتتى. «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەر روھىغا مۇخالىپ
پەتىۋا، ئەقىدە، پەرىز، سۈننەتلەرنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھى مۇشۇ
رايىش تۇپراق ئىدى. يۇرت - يۇرتلاردىن ئېقىپ كەلگەن تۇرلۇك
نامىلاردىكى سۇلۇك - مەزھەپلەرنىڭ ئاخىرىقى تۇراگاھى ۋە
جەمگاھىمۇ يەنە دەل مۇشۇ «سەئىدىيە» ئېلى ھېسابلىناتتى.
شۇڭا، بۇ ئەلدە ئۆتمۇش ھەم بۈگۈنكى ۋاقتى ئۆتكەن ۋە
ئېقىۋاتقان بارچە پىكىر - مەزھەپلەرنىڭ يېتەرلىك بازىرى بار
ئىدى. ئۆزىنىڭ قايسى سۇلۇكتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ياكى
سۇلۇكلەر تەسىرىگە تېخى ئۆتمىگەن مۇسۇلمانلارمۇ ئەجدات
ئەنئەنىسى ۋە بۇزۇلغان ئەھكاملار بويىچە ئۆز ئىشىنى قىلىپ
كېتىۋېرەتتى.

كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ مازار تېخىمۇ قايناپ كەتتى.
ھەممە تەلپۈندىغان، بارچە كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان بۇ
ھەيۋەتلىك ئېگىزلىكتىن تاراۋاتقان گۇرۇلدەش ئاۋازى يىراق -
يىراقلارغىچە يېتىپ باراتتى. بىردەمدىلا مازاردا كونا پىيمىدىن
ياسالغان ئاسما چىراغلار پەيدا بولدى. تاۋاپچىلار چىراغ ئاستىدا
ئۇششاق - ئۇششاق توپلارغا بۆلۈنۈپ ۋە بەزىلەر تەنها ھالدا
ھېكمەت ئېيتىشقا باشلىغانىدى. مۇشۇ يىللاردىكى ئەھۋال
شۇنداق ئىدىكى، قەدىمي ئاستانە يەركەندە بىرەر ئىشتىن شەپە
بىلىنگەن ھامان، باشقا ناھىيە - شەھەرلەردە بوران چىقاتتى.
يىراق - يېقىندىكى يېزا - ئايماقلاردا بولسا، كۈچلۈك قارا
قۇيۇنغا ئايلىناتتى. نۆۋەتتىكى تاۋاپ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنداق
ئىدى. خوجا - ئىشانلار باشلاپ بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى
بۇگۈنگىچە داۋام ئەتكۈزۈۋاتقان «ھىجرەتى ماشايىخ» دولقۇنى جاي
- جايلاردىكى ئاۋام كۆڭلىنى لەرزىگە سالغانىدى. چوڭ ئىشاننى
دوراپ ئوتتۇرانچىسى، ئۇنى دوراپ كىچىك سەردارلىرى ئۆز

ئەتراپىغا مۇرىت توپلاپ، يۇرتتىكى مازارى - ماشايىخلارنى
كوللېكتىپ زىيارەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشقانىدى.
ئۇلار خوجا - ئىشان پىرلىرىدەك ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ، يۇرت
ئاتلاپ يىراقلارغا بارالىسىمۇ، يېقىن ئەتراپتىكى مازارلارنى
قەرەللىك تاۋاب قىلىپ تۇرۇشاتتى. مۇشۇ پۇرسەتكە يېتىشنى
ئارزۇلاپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ ھېسابسىز ئىدى. بۇ ئارقىلىق سۇلۇكتە
مۇرىتلار كۆپىيەتتى. خوجا - ئىشانلار رازى - رىزا بولۇشاتتى.
ناگان - ناگاندا مۇشۇنداق كوللېكتىپ تاۋابنىڭ ئۇستىگىلا
چۈشكەن كەم دىدار پىر - ئىشانلارنىڭ مۇبارەك يۈزىنى
كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغىلىمۇ ھەم بولاتتى. ئۇلارغا بۇنداق
پۇرسەت كەم ئۇچرىسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ
تاۋاب ئەيلەشنىڭ ئۆزىمۇ ھۇزۇر ۋە بەخت ئىدى. شۇڭا، ئۇلار
بارلىق تاۋاب پائالىيىتىدە خوجا - ئىشانلارنىڭ رەسىم -
يوسۇنلىرىنى تەكرارلايتتى. ئۇلارنى دوراپ ھېكمەت ئېيتاتتى،
جەررە سالاتتى، زىكرى - ساماغا چۈشەتتى. ھەر بىر سۇلۇكنىڭ
ئۇدۇم - مەشغۇلاتلىرى مەزمۇن ۋە شەكلى جەھەتتىن ئاساسەن
بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، پائالىيەتنىڭ سۈپەت ۋە دەرىجىسى
ئۇنىڭغا قاتناشقانلارغا قاراپ بولاتتى. پىر - خوجىلار باشلامچى
بولۇپ كەلگەن زىيارەت پائالىيىتىنىڭ دەرىجە ۋە سۈپىتى
ئالاھىدە يۇقىرى بولاتتى. بۇنداق زىيارەتتە ئۇلار
ئىخلاسمەنلىرىگە سەركە بولۇپ، «ئۇلۇغلار جامالى»نى تاۋاب
قىلاتتى، مۇقەددەس ئىزنالارنى زىيارەت قىلىپ ئۆتەتتى،
مۇرىتلار زىيارىتىنى قوبۇل قىلاتتى، يېڭى مۇرىتلارنى ئۆز
قوينىغا ئالاتتى. قول بەرگەنلەرنىڭ پۈت - پېشلىرىغا
سۆيۈشلىرىنى نەزەرىگە ئالاتتى. يىراق - يىراقلاردىن ئارمانلاپ
كەلگەنلەرگە دۇئا ۋە رازىلىق بېرەتتى. ئاخىرىدا قىرائەت
قىلىپ، زىكرى - ساماغا چۈشەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا پىر -
خوجىلارغا ئەگىشىپ كەلگەن شائىر - ۋائىزلار ئۆز

كارامەتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشاتتى. بىر قەدەر مۇقىملىشىپ، ئەنئەنە بولۇپ قالغان ھېكمەتلەر ئوقۇلۇپ، دەرۋىش ـ سوپىلار زىكرى ھالقىسىغا چىللانغاندىن كېيىن، ھەركىم ئۆز كامالەتلىرىنى كۆرسىتىشەتتى. خوجىلار سۆيۈنگەنچە شېئىرىي ـ ھېكمەتلەر شۇنچە يېڭىلىنىپ ۋە رەڭدارلىشىپ باراتتى. نەق مۇشۇنداق چاغدا ۋائىزلار ئاغزىدىن ئاجايىپ پاساھەتلىك ھېكمەتلەر ـــ يېڭى شېئىرىي ئىختىرالار جاراڭلايتتى. بۇ زىكرى ـ سامانىڭ ھۆرمەت، سۈپەت دەرىجىسىنى بەلگىلەيتتى. يەرلىك سوپىلار سەركىلىرى ئۆزلىرى تەشكىللىگەن زىكرى ـ سامالارنىڭ ئىناۋەت ۋە سۈپەت دەرىجىسى بۇنىڭدىن سەل پەرقلىنىدىغان بولاتتى. بۇ چاغدا خوجا ـ ئىشانلار بىۋاستە قاتناشمىغاندىن باشقا، زىكرىدە ئېيتىلىدىغان ھېكمەتنىڭ يېڭىلىق، پاساھەتلىك ھەم ئىجاتكارلىق خاراكتېرىمۇ سۇسراق بولاتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىدىن كۆرە، ئىلگىرىكىلەرنىڭ شېئىرىي ـ ھېكمەتلىرى يادقا ئوقۇلاتتى ۋە ھەتتا بەزىدە بۇزۇپ ئېيتىلاتتى. كەيپىياتمۇ خوجىلار ئىشتىراك قىلغان زىكرى ـ سامالاردا ئېپادىلەنگەن خۇشلۇق ھەم ھاياجانغا يەتمەيتتى. لېكىن، زىكرىگە قاتناشقۇچىلار بۇنداق قارىمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، زىكرى ـــ ئۆزنى، ئۆزگىنى، پۈتۈن ئالەمنى ئۇنتۇپ، ياراتقۇچى ھەقتائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى. شۇڭا ئۇلار زىكرىنى سېغىنىپ تۇراتتى، زىكرى ئويۇشتۇرۇشنى ئارزۇلايتتى. دەل مۇشۇ ئارزۇ تۈرتكىسىدە يىراق ـ يىراقلاردىن سەپ تارتىپ كېلىشەتتى...

ھەر تەرەپتە ئايرىم ـ ئايرىم توپ بولۇپ تۇرۇشقان كىشىلەر ئوخشىمىغان يېزا ـ مەھەللىلەردىن كەلگەندەك قىلاتتى. يول ـ ئۆتەڭلەردىكى تۈنەكخانە، خانىقا، مۇساپىرخانىلاردىن ئۈلگۈرۈپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. قايسى بىر توپتىكىلەر ساپايىلىرىنى شاراقلىتىپ، «ھەق، ھۇۋ!» دەپ جەررىگە چۈشكەنىدى. يەنە

قايسىبىر تويتىكىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلىشىۋاتاتتى. تەكبىر ئېيتىشىۋاتقان، ئىمان كەلتۈرۈۋاتقانلار توپىمۇ بار ئىدى. يېقىنلا يەردىكى گۈمبەزلىك بىر قەبرە ئالدىدا قىش بولغىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك يېرىم يالىڭاچ كېيىنگەن، قوللىرىدا ساپايە تۇتۇۋېلىشقان بىر توپ ئۆزۈن چاچ كىشىلەر ھېكمەتكە ئۇمتۇلۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشقان بولۇپ، تەڭكەش بولۇشقا تەييارلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. پەيت كەلگەن ھامان ساپايىلەر «ھەق، ھۇۋ!» غا ماسلىشىپ تۇشمۇ ـ تۇشتىن شاراقلايتتى. بوغۇق ۋە تىترەك ئاۋازدىكى ھېكمەت دىللارنى ئاجايىپ بىر سېھرىي ھاياجان يېپىغا باغلاپ، ئۆز مەنزىلىگە ئېلىپ كەتكەنىدى:

ئاۋۋال سېنىڭ ھەمدىڭ ئېيتاي قادىر خۇدا،
سەن زۇۋانىم جارى قىلغىل ھازىر ئىلاھ.
گۇناھ دەردى بىمار قىلدى، بەرگىل داۋا،
گۇناھىمدىن ساڭا يىغلاپ كەلدىم مانا.
گۇناھىمنى بايان قىلسام يەرگە سىغماس،
سەندىن ئۆزگە كىمگە باراي، قولۇم ئالماس،
ھادىي ئۆزۈڭ، سەنسىز ھېچكىم يولغا سالماس،
گۇناھىمدىن يىغلاپ ساڭا كەلدىم مانا.
گۇناھكارمەن، ھەرنە بولسام ساڭا بولدۇم،
راھمان ئېگەم، يۈز ئۆرۈمە، سېغىنىپ كەلدىم.
ئايا مەھبۇب، لۇتف ئېيتمىساڭ، يولدا قالدىم،
گۇناھىمدىن ساڭا يىغلاپ كەلدىم مانا.
...

شۇ ئارىدا مازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر توپ دەرۋىشلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كۇلاھ ـ جەندە

كېيىشكەنلەر بولۇپ، كۆلاھى يوقلارنىڭ بېشىدا ئاق تەقىي — تاشلاقسىز ئاق تېرە تۇماق بار ئىدى. سەپ ئارقىسىدىن يەنە ئونلىغان ئاق تەقىيلىق كىشىلەر ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۆز ئالدىغا توپ بولۇشۇپ، مازارنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە چېچىلغان كىشىلەر ئارىسىدىنمۇ زور توپقا كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلار بار ئىدى.

بىردىنلا ئاق تەقىيلىق دەرۋىشلەر سەردارى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، «سۇرە پاتىھە»نى ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇدى ۋە ئارقىدىنلا يەسەۋى ھېكمەتلىرىدىن بىرىنى تېخىمۇ ياڭراق زۇۋاندا قىرائەت قىلىپ، سەپداشلىرىنى سەپكە — زىكىر ھالقىسىغا چىللىدى:

«ھۇۋ» ھالقىسى قۇرۇلدى، ئەي دەرۋىشلەر، كېلىڭلار،
«ھەق» سۇپرىسى يېيىلدى، ئۇندىن ئۇلۇش ئېلىڭلار!
قال ئىلمىنى ئوقۇبان، ھال ئىلمىگە يېتىبان،
يوقلۇق ئىچرە پاتىبان، بارلىقلاردىن ئېلىڭلار!
يىرتىپ شەپقەت پەردىسىن، تىلەپ دىدارى خۇدا،
ئېچىپ كۆڭۈل دىيدەسىن، مۇشاھىدە قىلىڭلار!
«ھۇۋ» ھارىسىن ئېلىبان، نەپس بېشىغا سېلىبان،
تۈنى - كۈنى، تالىپلار، جاننى پىدا قىلىڭلار!
ھالقا ئىچرە «ھۇۋ» دەڭلار، ئىشق ئوتىدا يېنىڭلار،
جان - تەن بىرلە، تالىپلار، تەكبىر باشلاپ ئېيتىڭلار!
«ھۇۋ - ھۇۋ» دەيۇ زار ئىڭراپ، ھۇۋ دېمەكتىن مەنا بار،
دىدارىدىن ئۈمىدۋار، رەھمىتىدىن ئېلىڭلار!
قۇل خاجە ئەھمەد قۇل بولغان، يول ئۈستىدە كۈل بولغان،
تالىپلار كامىل بولغان، ئاندىن ئىبرەت ئېلىڭلار!

تەكبىر ئېيتىلىپ، دەرۋىشلەر بىر - بىرلەپ، ئاخىرىدا

ئورتاق ئاۋازدا ئىمان كەلتۈرۈشكە باشلىدى. مۇبارەك كەلىمە، ئۇنىڭدىكى رەسۇلۇللا شەرىپى دەرۋىشلەر دىلىنى سۆيۈپ ۋە پاكلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمدىلىكتە ئەتراپتىكى ھەممىلا ئادەم بىر يىپقا، بىر مەقسەتكە — ئاللانىڭ رەھمىتىگە تېزراق ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىرلا تۈگۈچكە باغلانغانىدى.

تۈپ ئىچى بىر مەھەل سۈكۈتكە چۆمدى. دەرۋىشلەرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، دىققىتى يىغىلغان، نەپەسلەر ئۆز ئەركىگە قويۇلغانىدى. ۋۇجۇدلار يەڭگىللەپ باراتتى. ھەر بىر دەرۋىش جىسمىنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا پەيدەك، توزغاقتەك يېنىكلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىر ئېزگۈ بىشارەت ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرۇشاتتى. خىياللار جەملەنگەن، كۆڭۈللەر روھلانغان، دىل كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. بارچە زېھىن بىر مۇرادقا جەم بولۇپ، ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى كۇتۇپ تۇرۇشاتتى. زارىققان روھلار تەن قەپىزىدىن بۆسۈپ چىقىپ، مەقسەت تامان چاپچىيتتى، تەن سىلكىنەتتى، جان يۇلقۇناتتى. شوخشىپ تۇرغان بارچە قەلب ھاياجانلىق دەملەر ئۇچۇن تەلپۈنەتتى. ھەممە ئۆرلەشكە ھازىر بولۇپ تۇراتتى، ھەممە ئۇچۇشقا تەييار ئىدى.

دەرۋىشلەرنىڭ چىرايىغا «لاپ» قىلىپ بىر قارىۋەتكەن تۈپ سەردارى گەجگىسىدىكى ئۇزۇن چاچلىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ ھېكمەت باشلىدى:

پاتقان بولسەڭ گۇناغە،
يەتمەك بولسەڭ ئاداغە.
— ھەق! ھۇۋ!
كۇنۇ - تۇنلەپ تەۋبە قىل،
زىكرى ئەيتگىل خۇداغە.
— ھەق! ھۇۋ!

ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ قىزىش ۋە ئۆرلەش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشتا مىسرالارنى بۆلۈپ - بۆلۈپ، بارغانسېرى قوشۇپ -

جۇپلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئەتراپتىن شۇنىڭغا ماس ھالدا «ھەق! ھۇۋ!» دېگەن سادالار، قىزىغانچە «ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!» دېگەن قوش خىتابلار ياڭرىدى.

ئىشىق يانسە دىلىڭدە،
تەپتى زاھىر تىلىڭدە.
— ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!
ھەم زەفىران چېھرىڭدە،
زىكرى ئەيتگىل خۇداغە.
— ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!

سەردار دەرۋىش بارغانچە يۇقىرى ئاۋازدا توۋلايتتى. ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازدىكى ھېكمەت رىتىمىگە ماس ھالدا، باشقا دەرۋىشلەرمۇ خىتاب سۇرئىتىنى تېزلىتىپ باراتتى. ھېكمەت ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېيتىلىۋاتقان خىتابلارنىڭ شىددىتى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. خىتاب قىلغۇچىلار سەردارنىغا ئەگىشىپ گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا بۇرۇلاتتى. ئوڭغا قايرىلىپ بىر «ھەق، ھۇۋ!»، سولغا قايرىلغاندىمۇ يەنە «ھەق، ھۇۋ!» دەپ ۋارقىرايتتى. كۇلاھدىن ئېشىپ، مۈرىگە يېيىلىپ تۇرغان چاچلار دەرۋىشلەر ھەر سىلكىنگەندە، ئۇلارغا ئەگىشىپ ھەريان تاشلىناتتى. كۆزلەر يۇمۇلغانىدى. جان - جەھلى بىلەن خىتاب قىلىۋاتقان ئېغىزلاردا كۆپۈك قايناپتتى. ئۇستى قارچىغىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇچلۇق كۇلاھلار ھازىرلا باشتىن ئىرغىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك بوشلۇقتا سىلكىنەتتى. ھەممە بىھوش ئىدى. بىر - بىرلىرىگە قايرىلىپ ۋارقىراۋاتقان بولسىمۇ، ھېچبىر دەرۋىش ياندىكى بىرىنى كۆرمەيتتى. ئۇلارنىڭ خىيالى، تىلى ۋە دىلى بىر ئاللانىلا زىكرى قىلاتتى...

سەردار دەرۋىش ھېكمەت ئېيتقاچ، ھالقا سېپىنى كۆزەتتى. دەرۋىشلەر بەيگە ئۇچۇن قىزىتىلىۋاتقان ئارغىماقتەك بارغانسېرى قىزىشماقتا ئىدى. ھېكمەتلىك مىسرالارمۇ بىر - بىرىگە

ئۆلىنىپ، تېز ـ تېز ئېيتىلىشقا باشلىدى.

ھەقنىڭ ئەمرى يار سەڭا،
كۆنۈ ـ تۈن قىلغىل ئەدا.
ئۇندا بار غەيىب سەدا،
زىكرى ئەيتگىل خۇداغە.

بەندە ئۆزۈڭ، گۇناھلىغ
بەك كۆپ ئېرۇر يەمانلىغ.
بىر ئاللادىن ئەمانلىغ،
زىكرى ئەيتگىل خۇداغە
ــ ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!!!

دەرۋىشلەر ئۆزىنى بېسىپ ئالغۇسىز دەرىجىدە قىزىدى. بېيىتلار رېتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەمدى ئۇلار «ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!» دېگەن ياڭراق خىتابنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ۋە سوزۇپ ئېيتىشقا باشلىدى:

«ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!!!»

ئۇلار كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرايتتى ـ يۇ، ھېچبىرىنىڭ خىتابىغا قۇلاق سالمايتتى. گىرىمسەنلىك قېتىمدا تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئالغان مازار لەرزىگە كەلگەنىدى. ئاسما چىراغلار پاراسلايتتى. يۈزلەر قىزىرىپ، گەردەن تومۇرلار كۆپۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا دەرۋىشلەر «ھايت!» دېسىلا ئۇچۇشقا تەييار بولۇپ تۇرغان قۇشلارغا ئوخشايتتى...

ئۇلار بىردىنلا «ھەق، ھۇۋ!» دەپ توۋلىغاچ، ئورۇنلىرىدىن ئىرغىپ تۇرۇشتى. كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يەلكىلىرىگە چاقماق تېزلىكىدە قويۇپ ئۈلگۈردى. نۆۋەتتىكى ھېكمەت ئاپاق خوجا ھەققىدە ئىدى:

قولۇم ئېلىڭ يا پىرىم، مەندە تاقەت قالمادى،
يولغا سېلىڭ يا پىرىم، مەندە ھالەت قالمادى.

— ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!!

دەرۋىشلەر يەنىمۇ قىزىغاندى. ئۇلار بىيىت ئېيتقۇچى دەرۋىشنىڭ ھېكمىتىگە جور بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىنى بىرلىكتە ئېيتاتتى ۋە ئۇلارپلا «ھەق، ھۇۋ!» دەپ ۋارقىرايتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆز قىنىدىن تېشىپ چىقىپ كەتكەن دەريا دولقۇنلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، ھەممىنى ئۇنتۇپ توۋلايتتى. ئەتراپ مۇھىتى، بۇ دۇنيا، ئۆزى ھەم ئۆزگە تامام يادىدىن چىققانىدى. بىر - بىرلىرىنىڭ يەلكىلىرىگە مەھكەم ئېسىلىپ، ئىككى ياققا يۇلقۇناتتى. ئوڭغا قانچە قەدەم ئالسا، سول يېقىغا شۇنچە قەدەم دەسسەپ، جۇشقۇن بىر رېتىم ھاسىل قىلىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ رېتىملىق ۋە ئەسەبىي ھەرىكەتلىرى شىددەتلىك ساما جېڭىنى ئەسكە سالاتتى. ئىشتىراكچىلار بىردە ئوڭغا بۇرۇلاتتى، بىردە سولغا بۇرۇلاتتى. گاھ ئارقىغا تېز - تېز قەدەم ئېلىپ، ھالقىنى كېڭەيتسە، گاھ ئالدىغا ئېڭىشىپ كېلىپ سالام بېرەتتى. يەنە تۇرۇپلا غۇلاچلىرىنى ئىككى يانغا كەڭ كېرىپ، تۆت تەرەپكە غۇلاچ تاشلاپ ئايلىناتتى. كۆچەپ تېپىشلەردىن قاتقان تۇپراق ئۇستىدىكى بىر قەۋەت توپا ئېقىمى تەرەپ - تەرەپلەرگە چاچرايتتى. غۇۋا چىراغ نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان بوشلۇقتا توزۇيتتى. ئۇلارنىڭ كۆلاھلىرى ھەرياققا ئۇچۇپ چۈشكەن، بەلباغلىرى يېشىلىپ، جەندىسىنىڭ ئالدىدىن تۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. تېنىپ ئۇلگۈرەلمەيۋاتقان ئېغىزلاردىن ئاپئاق ھور ئۆرلەيتتى. ئۇزۇن چاچلار يېپىشۋالغان پېشانىلىرىدىن قارا تەرلەر شۇرقىراپ قۇيۇلاتتى...

ئۇلارنىڭ قىزىشلىرى يۇقىرى چەككە يەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ھېچبىر دەرۋىش سەردارىنىڭ بىيىتلىرىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى، بەلكى بىيىتنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىنى ئۆزلىرى نۆۋەت بىلەن ئۇلاپ ئېيتىشاتتى.

ھەزرەتىمدىن مەن بۇگۈن دۇئا تىلەپ كېلىبمەن،
بوينى سۇنۇق يېتىممەن، مەندە راھەت قالمادى.
— ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!
...
قىزىغان دەرۋىشلەرگە بارا ـ بارا بۇمۇ كۇپايە قىلمىدى. سۈرئەت تېزلەشكەنچە، ئۇلار ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا خىتاب قىلاتتى.
ئاقا خۋاجەم كىم سۆيۈپ، ھە! ھۇۋ! ھە! ھۇۋ!
ئاتىڭ مەشرەپ دېدىلەر، ھە! ھۇۋ! ھە! ھۇۋ!
بوسۇغاڭدا ئۆلۈرمەن، ھە! ھۇۋ! ھە! ھۇۋ!
مەندە ھەسرەت قالمادى، ھە! ھۇۋ! ھە! ھۇۋ!
...
زىكرى ئېيتىش قانچە ئۇزاق داۋاملاشتى، قانچىلىغان دەرۋىش ھاياجاندىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى، بۇلارنى بىلىپ بولمايتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئېغىر نەپەسلەر ئارىسىدىن يەنە زىكرى ئېيتقان ئاۋاز ئاڭلاندى:
ئايا مۆمىن كىرگىل يولغا مۇراد ئىستەپ،
جان بەھرىدىن ئۆتكىن رەھىم راھمان ئۈچۈن.
گۇناھىڭغا پۇشايمان قىل سىدقىڭ بىرلا،
تەۋبە قىلغىل رەھىم ئېيتقۇچى گۇفران ئۈچۈن.
«ھەق راست! ھەق راست!»
تەندە جانىڭ مېھمان ئېرۇر نەچچە كۈنلەر،
قان يىغلاغىل قايغۇ بىرلە ئۇزاق تۈنلەر.
نېچۈك بولغاي ھالىم دېبان يىراق يوللار،
شاياد قابۇل قىلغاي سەندەك ھەيران ئۈچۈن.
«ياھ ھەزرەت! ياھ ھەزرەت!»
زاھىت قۇللار تەقۋا بولۇپ ناماز ئوقۇر،
نېسىب قىلسا ئاندا بارىب ھۆرلەر قۇچۇر.

ئاشىق قۇللار مەنسۇر يەڭلىغ جاندىن كېچۇر،
قۇربان بولۇر دار ئۇستىدە جانان ئۈچۈن.
«ۋادەرىخ! ۋادەرىخ!»
ھارام ئېرۇر ئاشىقلارغا غەرەز، خۇدا،
خاتا ئېرۇر تەلەب قىلسا ھاردۇق سورا.
مۇھەببەتسىز تائەتلىرىڭ بەدى ھاۋا،
مەغرۇر بولما دۇنيا، ئۇچبۇ، رىزۋان ئۈچۈن.
«مىڭ تەۋبە! مىڭ تەۋبە!»
...

دەرۋىشلەر نۆۋەت بىلەن ھېكمەت ئېيتىشىپ، تۈننى تاڭغا ئۇلار ئىدى ــ يۇ، بۇ شېرىن ئارزۇغا يېتىش ئۇلارغا نېسىپ بولمىدى. تۇيۇقسىزلا باستۇرۇپ كەلگەن بىر توپ يوچۇن دەرۋىشلەر مازارنى بىردىنلا قىيامەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا بېشىغا قارا تەقىي ياكى مەخسۇس قارا رەخت بىلەن تاشلانغان كۇلاھ كىيىۋېلىشقانىدى. ئۇزۇن ۋە يىرتىق جەندىلىرى سۇنغان قاناتتەك يەرگە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ قولىدا جان ئالغۇچى ئەسۋاب ــ سايمان: پالتا، نەيزە، ئارا، توقماق، ئاسقاق، كالتەك، قىلىچ، پىچاق... قارىماققا بۇلار قاراڭغۇ مازاردىن تىرىلىپ چىققان ئەرۋاھلارغا ئوخشايتتى.

قارا رەختتىن تاشلانغان كۇلاھ كىيگەن، ئاق ساقىللىق كىندىكىگە چۈشكەن، گەجگە ــ پاتاڭلىرىنى يېپىۋالغان چار ئارىلاش چاچلىرى ھەريان يەلپۈنۈپ تۇرغان، ئوتتۇر چىشنىڭ بىرىمۇ قالماي چۈشۈپ كەتكەن قارا ماتاق دەرۋىشنىڭ قولىنى بىر سىلكىشى بىلەن، ئەگىشىپ كەلگەن دەرۋىشلەر ئاچ ھەرىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇلار زىكىر سېھرىدىن مەست بولۇشۇپ، ئىلاھىي ئىشىق كويىدا نەپەس ئېلىشىۋاتقان ئاشىق دەرۋىشلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتى. ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ بىرلىرى توقماق زەربىسىدىن، بىرلىرى ئۆتكۈر

قىلىچ تىغىدا، يەنە بىرلىرى كۆچەپ سانجىلغان نەيزە بىلەن يەر چىشلەشتى. يىقىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيلا ئۇ دۇنياغا ئۇزىدى. كېچىكىپ سەزگەنلىرى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. «ئۇرا! چاپ!»، «قىرا!» دېگەن ئاۋازغا ئۇلۇشۇپلا، مازارنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدىن «قېچىڭلار!» دەپ ۋارقىراشقان ئەنسىز ئاۋازلار ياڭرىدى. بىردەمدىلا قىيا - چىيا، ۋارقىراش، ئىنجىقلاش، ئىڭراش، ۋايساش، قاغاشلار... ئەتراپنى قاپلىدى. ئاسما ماي چىراغنىڭ سۇس نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان تۇپراق هايت - هۇيت دېگۈچە ئاق تەقىيلىقلەرنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالدى. يۇزلىگەن دەرۋىشلەر كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە جەسەتكە ئايلىنىپ، توپا ئارىلاش قان ئىچىدە ساينىڭ تېشىدەك ياتاتتى. ئۆلارنىڭ بەزىلىرى كۆزى ئوچۇقلا جان ئۈزگەندى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكەن، بەزىلەرنىڭ مېڭىسى ئۇيۇلۇپ كەتكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۈچەيى چۇۋۇلۇپ، قان ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى... ۋەقە شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، ئەتراپتىكى قەبرە باشلىرىدا ئىچكى مۇهاكىمىلەردە بولۇشىۋاتقان، جەررە - ساما سېلىشىۋاتقان، هېكمەت ئېيتىشىۋاتقان، ساپايىلىرىنى جان - جەهلى بىلەن شاراقشىتىپ ئۇسسۇلغا چۇشىۋاتقان دەرۋىش - زىيارەتچىلەرمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قېلىشتى. پەقەت باستۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدىكى غالىب سادالىرى ۋە جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ قاغاش - ئىڭراشلىرى ئاڭلانغاندىن كېيىنلا، ئاندىن هەممىنىڭ دىققىتى قانغا مىلەنگەن جەسەتلەر دۆۋىسىگە مەركەزلەشتى. ئەنسىز توۋلاش، قېچىش، مۆكۈشلەر شۇنىڭدىن باشلاندى.

— ۋاي نېمە ئالامەتلەر بولغاندۇر؟

— نېمە قازالار كەلگەندۇر؟

— نېمە كارامەت بۇ؟

كىشىلەر شۇنداق دېيىشىپ، قورقۇنچ بىلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ساناقسىز قارا گەۋدىلەر قاراڭغۇلۇققا غايىب بولدى. ئەتراپنى لەرزىگە سالغان جەررە ـ سامالار بېسىقتى. بەس ـ بەس بىلەن ئېيتىلىۋاتقان بېيىت ـ ھېكمەتلەرمۇ توختىدى. مۇڭلۇق قىرائەتلەرمۇ، يىغلاپ تۇرۇپ دەرد ـ تەلەپ تۆكۈشلەرمۇ تىنجىدى. يەكشەنبىنىڭ بازىرىدەك قايناپ كەتكەن مازار بىردىنلا جىمىپ ۋە چۆلدەرەپ قالدى. ھەممە ياقنى ئەنسىزلىك، قورقۇنچ باستى.

— ھاشىمخان سوپى، قۇل خوجا قەھھەر دەرۋىشلەر مۇرىتلاردىن 8 ~ 10 نى باشلاپ بارىپ، ئەتراپنى ئالا قويماي ئاختۇرۇڭلار. ئاق تاغلىق پاسىق ـ مۇناپىقلەرنىڭ بىرەرسىمۇ كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ قاچمىسۇنلەر، — دەپ بۇيرۇق قىلدى قېرى سوپى خىرقىراق ئاۋاز بىلەن.

— قۇللۇق! پىرى كامىلىم!

— بېشىم بىرلە بەجا كەلتۈرگەيمەن!

ئىسمى ئاتالغان ئىككى دەرۋىش قوللىرىدىكى كالتەك ۋە تۆمۈر ئارىسىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان مۇرىتلاردىن بىرقانچىسىنىڭ نامىنى ئاتىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا «قۇللۇق!» دېيىشىپ، دەرھاللا ئەتراپنى تىمىسقىلاپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا جەسەتلەر ئارىسىدىن بىرسىنىڭ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

— ئاللا جاجاڭنى بېرۇر... ئۇلۇغ ئاللا جاجاڭنى بېرۇر!...

دەرۋىشلەر سەردارى دەرھاللا شۇ ياققا بۇرۇلدى ۋە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— جانى ئامان قالغان پاسىقنى ئېنىقلاڭلەر!

دەرۋىشلەر جەسەتلەر دۆۋىسىگە يېڭىباشتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. قان ئىچىدە مايماق ـ سايماق يېتىشقان ئۆلۈكلەرنى

پۈتىدىن، قولىدىن ۋە ھەتتا بەزىلىرىنى قۇلاقلىرىدىن تارتىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا تاشلاشتى. بىردەملىك جىددىي ئىنىقلاشتىن كېيىن، چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان بىر دەرۋىش سىرتقا تارتىپ ـ سۆرەپ چىقىرىلدى.

ـــ بايا بىزگە قارغىش ياغدۇرغان جوھۇت سەنمۇ، پەسەندە؟ ـــ ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ سورىدى قېرى دەرۋىش.

ـــ ھە... ئە، مەن. ئۆزۈڭ جوھۇت، مۇنا... پىق! ـــ قان ئۇيۇپ، يۇزلىرىنى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن دەرۋىش جان تالىشىپ تۇرۇۋاتقان پۈتلىرىنى تېنىمسىز مىدىرلىتىپ ۋە ئۆزىمۇ خارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، ـــ ئاللا... ئاللا جاجاڭنى بې... بې... رىدۇ... ئىشان نۇر ئاللانىڭ، ئىشان... خوجا ئاپاق ئىشان ئەلەيھىنىڭ شەھىد روھى ئۇرىدۇ...

ـــ ئىشانىڭنىڭ پاسىق جانى ئۆزى ئىچكەن زەھەر بىرلە دەۋزەق ئوتىدا كۆيۈپ بولغان مۇرتەد. سەنلەرنى ئۇرغىنى، دانىيال بۇزرۇك ئاللا خوجامنىڭ مۇبارەك روھىي. ئەۋلىيا خوجام شەھىد روھى بىرلە پەرمان قىلىدۇلەركى، ئاق تاغلىق ئاسىيلەرنىڭ بارچەسى ئۆلۈمگە مەھكۇم ئېرۇر. جان ۋە روھلەرى ۋەيلۇن دەۋزەقتە كۆيگۈسىدۇر. سەنمۇ ھەم پاسىق! ـــ سەردار دەرۋىش ساقاللىرىنى دىرىلدىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ـ دە، قولىدىكى تۆمۈر ئارىنى جان تالىشىپ ياتقان دەرۋىشنىڭ ئېغىز ۋە بويىنغا توغرىلاپ زەرب بىلەن تىقىۋەتتى. «ئىھا!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يېرىم جان دەرۋىشنىڭ نەپسى ئۈزۈلدى.

ـــ ئۇشبۇ مازارنىڭ شەيخى كىمدۇر؟ ـــ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن شۇملۇق دەھشىتى يېغىپ تۇرىدىغان، ئورۇقلىقىدىن بەئەينى ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغان قېرى سەردار دەرۋىش غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن شۇنداق سورىدى. سوپى ۋە خەلپىلەرمۇ ئۇلاپلا ۋارقىراشتى:

ـــ شەيخنى تېپىڭلار!

— ئۇشبۇ مازارنىڭ شەيخىنى دەمبەسقەدەم ھازىر قىلىڭلەر!

بىر دەملىك چاقىرىش، ئىزدەش ــ ئاختۇرۇشلار نەتىجىسىدە شەيخ تېپىپ كېلىندى. ئۇنى بىرقانچە دەرۋىش ئالدىغا سېلىپ ئىتتىرىپ، دۈشكەللەپ سەردارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ 60 ~ 70 ياشلار چامىسىدىكى، كىمگىدۇر سالام قىلغاندەك ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، بىر قاراشتىنلا كېسەلچانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، كەكە ساقال، يەنە كېلىپ ساقىلى ناھايىتى شالاڭ بىر ئادەم ئىدى.

— مازارنىڭ شەيخى ئۆزۈڭمۇ؟ — دېدى قېرى دەرۋىش شەيخكە سوغۇق نەزەردە بېقىپ ۋە تۇنجى جۈملىسىدىلا ئۇنى سەنلەپ.

— خوش، كەمىنە ئۇشبۇ مازارنىڭ شەيخى بولۇرمەن، — ئۆزىنى سەنلىگەن ئاۋازدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ بىشارىتىنى سەزگەن شەيخ بار ئامالار بىلەن رايىشراق بولۇشقا تىرىشتى. ئالدىدىكى قېرى سوپىغا ئىختىيارسىز ھالدا باش ئېگىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

— ئەلنىڭ تاۋاپ ــ زىيارىتى داۋاملىشىۋاتقان دەملەردە، شەيخ بولغان مۆمىننىڭ دەرقەمدە تۇرماسلىقى دۇرۇسمىدۇر ئۆزۈڭچە؟ — قولىدىكى ئارىنى يەرگە قاتتىق ــ قاتتىق سانجىپ تۇرۇپ، شۇنداق سورىدى قېرى سەردار.

— ھۆددەس دۇرۇس ئەمەستۇر، سوپى ھەزرىتىم. كەمىنە چال بىتاب ۋەجھىدىن ئۇيقۇغا بوزەك بولۇپتۇرمەن. بىردەم دېمىمنى ئالماقنى ئىستەپ يېتىپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. گۇناھكارمەن!...

— ھىم! — كۆز ئالدىدىكى دەرۋىشنىڭ قۇللۇق بىلدۈرۈشلىرىدىن سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولغان سەردار بىرنەچچە دەقىقىلىق ئېغىر ھاسىراشلاردىن كېيىن، يەنە داۋاملاشتۇردى، — كىمنىڭ شەيخىسەن؟!

چۈشىنىكسىز بۇ سوئالدىن گاڭگىراپ قالغان شەيخ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇدۇللا جاۋاب بەردى.

— مازارنىڭ شەيخىمەن. ئىمامىي ئەفتە مازارىنىڭ.

— سىپسىق زوۋانىڭغا پوق، تۇزكورى! — بايىقى بىر ئاز سوغۇققان كۆرۈنگەن ھالىتىنى تامامەن يوقىتىپ، قىرى شىردەك خىرقىرىدى سەردار، — سەن ئەۋلادى پەيغەمبەر خوجا پېشۋاھى دانىيال خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ شەيخىسەن. شۇل زاتى مۇبارەك روھلارى ھەمراھى - مەدەت بولۇۋاتقان سۇلۇكىي ئىسھاقىيەنىڭ شەيخىسەن.

— خوش.

— لېكىن، سەن ئاق تاغلىق گۇمراھلەرنىڭ مازاردا يايراشلىرىگە، پىرى شەنىگە سايراشلارىگە يول قويدۇڭ.

— بۇ... بۇنى... بىلمەپتىمەن. راست، سەزمەپتىمەن. كۆزۈم كور ئىكەن، سوپى ھەزرىتىم، — قان ئىچىدە ياتقان جەسەتلەرگە قاراپ، دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى شەيخ. ئۇنىڭ ئېسىدە ئاق تاغلىقلارمۇ بۇ مازاردا كۆپ قېتىم بۇگۇنكىدەك قانلىق پاجىئەلەرنى پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ سەردارلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراشقانىدى. ئۇ چاغلاردا بىرنېمىلەرنى دەپ، كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ قۇتۇلغان. بىراق، بۇ قېتىم ئەھۋال باشقىچىدەك قىلاتتى. قىرى سەردار پىر - ئىشانلاردىن بولمىسىمۇ، ناھايىتى ئابرۇيلۇق، ئاچچىقى يامان ۋە رەھىمسىزدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تىنىمسىز ھاسىراشلىرى ۋە خىرقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلىشلىرى، تېخىمۇ مۇھىمى، كۆز ئالدىدىكى پاجىئەنىڭ ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا يۈز بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ تولىمۇ شەپقەتسىز سوپى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— جۆيلىمە! يالغان ئېيتىۋاتىسەن، كاززاپ. سەن مەككار ئەتەي يول قويغانسەن!

— شۇنداق، ئەتەي يول قويغان گەپ ئەينا، — دەپ لوقما سالدى يەنە بىر دەرۋىش خۇددى زىكرىدە خىتاب قىلغاندەك بىر ئاۋازدا.

— ئاق تاغلىق ئىمانسىزلەرنى زاكىدىكى بوۋاق چېغىدا تونۇيدۇ. ساقالتۇمان بىر شەيخنىڭ پەرق قىلالمىدىم دېيىشى قىپقىزىل يالغانچىلىق ئەمەسما؟ — قوشۇمچە قىلدى بايىقى قەتلىئامدا بەش ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغان كۆچتۈڭگۈر بىر دەرۋىش سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرىنى قولى بىلەن ئارقىغا ئېتىپ قويۇپ.

— ئاق تاغلىقلار دېگەن تولىمۇ بەدنىيەت مەلئۇنلار، — يەنە سۆز ئالدى سەردار ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئۇلار بىرمۇنچە مۇرىتلىرىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يۇرتلىرىدىن قوغلىدى. يەنە بىرمۇنچە مۇخلىسلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى كېسىپ تاشلىۋەتتى. چۈللۈككە تاشلاپ، نان - سۇسىز قويۇپ ئۆلتۈرگەن مۇرىتلىرىمىزنىڭ سانىمۇ ھەددى - ھېسابسىز... بۇلارنى ئاز دەپ، مۆمىن پۇقرالارنى خۇداسىزلىق يولىغا باشلىدى. كىشىلەرنى دىندىن، ئەقىدە - ئىخلاسىدىن ئازدۇردى. بۇ يەڭلىغ زاتى ئىبلىسلارنى ئەپۇ ئەتكىلى بولسۇنمۇ؟ — ئۇ ئۆز سوئالىغا جاۋاب كۈتكەندەك، دەرھال ئەتراپىدىكى مۇرىتلىرىغا قارىدى.

— زىنھار ئەپۇ قىلغۇلۇق ئەمەس! — بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىدى بىر دەرۋىش.

— كۆرگەنلا يەردە ھەممىنى قەتلى قىلغۇلۇق! — يەنە بىر دەرۋىشمۇ قولىدىكى ئاسقاقنى ئۇستۇن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تولغىدى.

— قەتلى قىلغۇلۇق!

دەرۋىشلەرنىڭ ئورتاق بىر ئاۋازدا خىتاب قىلىشى قېرى دەرۋىشنى روھلاندۇردى. ئۇ ھاياجانلىق ئاۋازدا ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى:

— قەتلى قىلىنغان بىر مۇرىتىمىز ئۇچۇن، ئۇن، ھەتتا يۈزلىگەن زاتى خەۋارىچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش جايىز.

— بەرھەق!

— بۇگۇنكى بۇ قەتلىئام تېخى يېتەرلىك ئەمەس، — كۆك كۆزلىرىدىن ۋەھشىلىك نۇرلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان بىر دەرۋىش سەردارىنىڭ قولىقى تۇۋىدە تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — ئاق تاغلىق گېزەندىلەر تەرىپىدىن گۇمىدا قەتلى قىلىنغان مۇرىتلىرىمىز ئالدىدا، بۇ ھېچقانچە قىساس ئەمەس، پىرىم.

— ھەق راست. ئۇل دەيۈزلەر بىر مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنى تامامىي قىرىۋەتتى.

— قاغىلىقتا قەتلى قىلىنغان مۇرىتلىرىمىزچۇ؟

— ھېمىتنىڭ سايلىقىغا باغلاپ تاشلىۋېتىلگەن ھەم ئۇل جايدا شېھىت بولغان مۇرىتلىرىمىزچۇ تېخى؟

— ئۇل ئاسىي بەدبەختلەر زىيادە كۆرەڭلەپ كەتتى. بىز ئۇلارنىڭ بىر مۇرىتىنى قەتلى قىلىپ بولغۇچە، ئۇلار بىزنىڭ ئونلاپ مۇخلىسىمىزنى شېھىت قىلىدۇ. بىز ساغاندا قەتلى قىلساق، ئۇلار نەۋئابادتا ئۆچ ئالىدۇ. بىزلەر ئۇل كاپىرلەرنى چۇلاقنىڭ سايلىقىغا تاشلىۋېتىپ ئۆچ ئالساق، ئۇلار مۇرىتلىرىمىزنى ھېمىتنىڭ سايلىقىغا باغلاپ ئاپىرىپ، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ تاشلىۋېتىپ قىساس ئالىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ھەددىدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى پىرىكامىلىم!

— ھەق راست!!

قېرى سەردار دەرۋىشنىڭ ئولتۇرۇشقان، خۇنۇك كۆزلىرىدە قىساس نۇرلىرى ئەلەڭگىدى. مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چىگىش چاچلىرى ساقاللىرى بىلەن تەڭ دىرىلدىدى. قارىدىغان، ياغاق چىرايىدىن قىشنىڭ سوغ تۇمانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىمسىز بىر ئېپادە يالتىراپ ئۆتتى. ئاستا- ئاستا ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ يوق ھېسابىدا بولۇپ قالغان ۋەھىمىلىك كۆزلىرى

ئەلەملىك قىسىلدى. تاتىرىپ كۆسەيدەك بولۇپ كەتكەن لەۋلىرى غەلىتە بىر شەكىلدە تىترىدى...

ـــ سەن... سەن شەيخ، كۇدە ـ كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ، ھازىرلا بۇ يەردىن يوقال!

ـــ گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا، سوپى غوجام، ـــ شەيخ توپا يەرگە «گۇپپىدە» تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قېرى سەردارنىڭ پۇتىغا باش قويدى، ـــ كەمىنە زەئىپلىرى ئۇشبۇ مازاردا 35 يىل شەيخلىق قىپتىمەن. بۇ زىيارەتگاھقا كۆڭلۇم چۇشۇپ قاپتۇ. شېھىت ـ بۇزرۇكۋارلارنىڭ روھ ـ جامالىغە ئېچەكىشىپ قاپتىمەن. مېنى قوغلىمىغايلا، غوجام...

ـــ يوقال! بۇ مازارى شەرىفكە سەن كەبىي رۇي سىياھ بەدبەختىنىڭ كېرىكى يوق!

ـــ غوجام... ـــ شەيخنىڭ كۆز ياشلىرى شالاڭ ساقاللىرىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. پۇتۇن بەدەنلىرى قاراپ تۇرغۇچىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە غالىلداپ تىترىدى.

ـــ ھازىرلا يوقال! ـــ جاھىللارچە ۋارقىرىدى سەردار دەرۋىش، ـــ ئىگىسىنى تونىمايدىغان ماۋۇ غالچىنىڭ پېشانىسىنى پىچاق بىرلە تىلىپ، ئەنلەپ يولغا سېلىڭلار. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاپىرىپ تاشلاڭلار!

قېرى سەردار دەرۋىشنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە، ئىككى ـ ئۈچ دەرۋىش يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىرى ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ، يەنە بىرى بېشىنى يۇقۇرىغا كۆتۈرۈپ بولدى. مەڭزى گىرىم قىلىغاندەك قىپقىزىل كۆرۈنىدىغان ياش بىر دەرۋىش يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا، كۆز ئالدىدا تىترەپ، ياش تۆكۈپ تۇرغان دادىسى دېمەتلىك شەيخنىڭ پېشانىسىنى شارتىلدىتىپ تىلىۋەتتى. ئېچىنىشلىق ۋارقىراش بىلەن تەڭ شەيخنىڭ پېشانىسىدىن قىپ ـ قىزىل قانلار جىرىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. بىرقانچە دەرۋىش شەيخنىڭ داد ـ

پەرياد كۆتۈرۈشلىرىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، ئۇنى دارىلدىتىپ سۆرەپ ئېلىپ كەتتى.

كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن شۇنچە مالامەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، بۇ تۇپەيلى مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ ئولتۇرغان زىيارەتچى ياش دەرۋىش يا قېچىشنى، يا بىر يەرگە مۆكۈشنى بىلەلمەي، خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك دۇگدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەمىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، نەگە قېچىش ۋە قەيەرگە مۆكۈنۈشنىمۇ بىلمەيتتى. يەنە كېلىپ، گۇناھسىز تۇرۇپ قاچقىنى سەۋەبلىك تۇتۇلۇپ قالسا، ئاۋۇ جەسەتلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ مۇراد مەنزىلىگە يەتمەي تۇرۇپلا بۇنداق ئاددىي، ئەرزىمەس بىر شەكىلدە ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقا، قاراڭغۇدىكى قەبرە دالدىسىدا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تىترەپ ئولتۇرۇپ، «سۈرە ناس» نى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدى. ئۆز ياقىسىنى تەكرار ـ تەكرار قاماللىدى. راستىنى دېگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغاندەك، جەسەتلەر دۆۋىسىگە قوشۇلۇپ بولغاندەك ھېس قىلاتتى...

بىر چاغدا چارلىغۇچى دەرۋىشلەر ئۇنى تۇتۇپ، قېرى سەردارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى سەردار ھارغىن قىياپەتتە. ئۇنى نەشە خۇمارى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. كەيپ ئىشقى تەسىرىدىن پۈتۈن بەدەنلىرى، تومۇر ـ تومۇرلىرى چىڭقىلىپ ۋە ئۇيۇشۇپ باراتتى.

— دە... دەرۋىشمەن... مازارى ـ بۇزرۇكگاھلارنى زىيارەت قىلىمەن... — لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى زىيارەتچى دەرۋىش.

— قاياقتىن كېلىۋاتىسەن؟ — ئەسنەپ قويۇپ، ئەمما يەنە جىددىي تەرىزدە سورىدى سەردار.

— شەھىرى خوتەن ياقىدىن كېلىۋرمەن.
— كىمگە زىكرى ئېيتىۋرسەن؟
— بىر ئاللاغا زىكرى ئېيتىۋرمەن.

قېرى سەردار دەرۋىشنىڭ جەھلى قاتتى. ئۇ بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەنىدى. بېرىلگەن جاۋابنى خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ كۈتكەن توغرا جاۋابنىڭ نەق ئۆزىمۇ ئەمەس ئىدى.

— ھەي كەلگۈندى! — دەپ ۋارقىرىدى سەردار دەرۋىش نەشە خۇمارى كەلتۈرۈۋاتقان ئاچچىقىنى بىر يولىلا چىقارماقچى بولغاندەك خىر - خىر قىلىپ، — مەن ساڭا پىرىڭ كىم، قايسى سۇلۇكتىسەن دەۋاتىمەن؟!

— مەن... مەن ئاللا ئىشقىدا يانىۋرمەن. ھەق ئوتىدا كۆيىۋرمەن. كېچەيۇ - كۈندۈز بىر ئاللانى زىكرى قىلىۋرمەن...

— زىكرۇ - پىرىڭ يوقما؟

— مەن... مەن... زىكرى قەلبىمەن. ئىچىمدە يادلايمەن... — ياش دەرۋىش شۇنداق دەيتتى - يۇ، ئۆزىنىڭ قايسى سوئالغا قانداق جاۋاب قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەتلا قورقۇنچتىن جالاقلاپ تىترەيتتى. ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك باشقىلار ئويلىمىغان نۇقتىدىن قىسقىلا سۆزلەيتتى.

— زىكرى قەلبىنى بىزلەرمۇ ئېلىپ بارۇرمىز. بۇ دېگەن سۇلۇك ئەمەستۇر، ئازغۇن. ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە شەپقەتلىك ئۇلۇغ ئاللا ياراتقان بىرلا سۇلۇك باردۇر. ئول سۇلۇك — سۇلۇكىي ئىسھاقىيەدۇر.

— بەرھەق!!

مۇرىتلار ياش زىيارەتچى دەرۋىشنىمۇ قەتلى قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى جەسەتلەر دۆۋىسىگە قوشۇۋېتىدىغاندەك بىر ئەلپازدا ۋارقىراشتى.

زىيارەتچى دەرۋىش ئەمدى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. جېنى ئامان قېلىشىنى كۆزلەپ «مەن ئىسھاقىيە مەزھىپىدىن»

دېسە، ئېـنىقكى يەنە بىـرمۇنچە سوئال ـ سوراقـلارغا دۇچ كېلەتتى. بۇ سۇلۇكنىڭ پىر ـ ئىشانلىرىنى، سۈننەت ـ ئەقىدىلىرىنى سورايتتى. راستىنى دېگەندە، بۇلارغا ئۇ ئەزەلدىنلا قىزىقمىغان ۋە بۇ ھەقتە ھېچنىمىنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا، يالغانچىلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ مىزانىدا يالغان سۆزلەشكە يول يوق ئىدى. «مەن ئىشقىيەدىن» دەي دېسە، بۇ سۇلۇكنىڭ سۈننەتلىرىدىنمۇ تازا خەۋىرى يوق. ئەڭ يامىنى، بۇ گەپ ئېغىزىدىن چىقىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بولىدۇ. زادى قانداق قىلسۇن، نېمە دەپ جاۋاب بەرسۇن؟... بۇ خۇدالىق ئالەمدە مۇسۇلمانلار چوقۇم سۇلۇك ـ مەزھەپلەرگە ئايرىلىشى كېرەكمىدۇر. ئۆز قەلبىدە روھ ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاغا سېغىنىش گۇناھ بولۇرمۇ؟...

— تېخىچە پىر ـ خوجىسىنى تونۇمىغان، ئىسھاقىيە شاراپىتىنى بىلمىگەن بۇ كەلگۈندى دەيۈزنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولىۋېتىڭلار! — خىرقىراق ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى قېرى سەردار.

زىيارەتچى دەرۋىش ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردى. تاۋاب زىيارىتىگە ماڭغانلىقىنى، ئۆزىگە رەھىم قىلىشىنى ئېيتقاندىن باشقا، يېنىشلاپ يالۋۇرغاندىن ئۆزگە، بۇلارنى قايىل قىلغۇدەك ھېچنىمە دېيەلمىدى. تىلى تۇرۇپ بىرنېمە دېيەلمەيۋاتقىنى ئۈچۈن جىلە بولدى. گۇناھسىز تۇرۇپ رىجىمغا ئېلىنىۋاتقىنى ئۈچۈن غال ـ غال تىترىدى. ئاخىرى «بىئەجەل ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىمغا شۈكرى. قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويسا، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قويۇۋېتەر. قاراڭغۇ ئۆي مەن چۈشۈمدە كۆرگەن قارا پېتىق شۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى سۆرەپ كېتىلىۋېتىپ. لېكىن كۈتمىگەندە، قېرى سەردار يەنە ۋارقىرىدى.

— ھەي، جىللا دەرۋىش، قايىم كۆتەك توختاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ نەپسى نەپسىگە ئۇلاشماي ھاسىراپ. شۇئان ئۇنىڭ

چىرايىدا غەلىتە بىر كۈلكە ئىپادىلىرى جىلۋىلەندى. نەشە چەككەندىن كېيىنكى كەيىپ خوشلىقىنى سۈرۈۋاتقاندەك، زەھەرخەندىلىك بىلەن خىرقىرىدى، — شۇنچە سوراقلىساقمۇ، بۇ كەلگۈندى مەرەز بىرەر ئېغىزمۇ «تەۋبە» دەپ قويمىدى. بىلىپ تۇرۇپتىمىزلەركى، بۇ پاسىق ئىككى كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن نەپ ئالماقنى، ھېچ ياقتىن زەرەر كۆرمەي ماڭماقنى نىيەت قىلغاندۇر. بۇ مۇبارەك سۈلۈكىمىزگە زەرەرلىك بىر ھالدۇر. ياش بىرنېمە كۆرۈنىدۇ. بۇنداقلىرى ئاسانلا ئازىدۇ. سۈلۈكىي ئىسھاقىيەگە خىيانەتلەر قىلماقى قاش بىلەن كىرپىك ئاراسىدادۇر. شۇل سەۋەب، بۇ بەچچىغەرنى ھاشىم قاۋان بىلەن سەيدىئەخمەت بۇقا، يانە مەتقۇربان ھاڭگىمۇ كەلسۇن، ئەدەبلىسۇن. ئارام بەرمەي جازالاپ، ئول قارارسىز مەككارنى يا بىزنىڭ يانىمىزغە ئالىپ كەلسۇن، يا توختىقىز سەتەڭ، ماموتخان قاراقاشلەرنىڭ سەپلەرىگە قوشۇۋەتسۇنلەر!

دەرۋىشلەر بىر ـ بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ، خۇپىيانە كۈلۈشتى. قېرى دەرۋىش كۈلگەنىگىمۇ، غەزەپلەنگەنىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە بىر ئاۋازدا قىخ ـ قىخلاپ قويدى. ئۇنىڭ ساقال باسقان، كىر ـ قاسماقتىن قارىداپ كەتكەن مۇز چىرايىدىن ئەتراپتىكىلەر ھېچقانداق بىر ئىپادىنى سېزەلمىدى. ئۇ بىردەم قېنىپ نەپەسلىنىۋالغاندىن كېيىن، شۇنداق دېدى:

— ئەھەتخان قېنى سىلى، ھېكمەت باشلىسىلا. ئاق تاغلىق گېزەندىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدە زىكرى ـ ساما ئېلىپ بارۇرمىز. ئۇلارنىڭ قانلىرىنى كېچىپ تۇرۇپ، جەررە ـ قەسىدىگە قانۇرمىز. كەيىپ بىرلە ئاللا ۋەسلىگە يېتۇرمىز!

— بارىكاللا!

— غەنىيمەت!

*     *     *

سوْرگوْن قىلىنغان شەيخنىڭ قازناق ئۆيگە سولاپ قويۇلغان زىيارەتچى دەرۋىش سىرتتىكى ئالا ـ تاغىل ئاۋاز، ھېكمەت، خىتابلارنى ئاڭلاپ تۇردى. قارا تاغلىق سوپى ـ دەرۋىشلەر قىبرى سەردارىنىڭ يېتەكلىشىدە جەررە ـ ساماغا چۈشكەنىدى. «ھەق، ھۇۋ!»، «ھۇم! ئاللا ھۇم!» دەپ ساپايە چېلىپ، خىتاب قىلغان ئاۋازلار قاراڭغۇ كېچىنى لەرزىگە سالغانىدى. مازار گۈپۈرلەيتتى، گۈلدۈرلەيتتى. مايسىز قالغان ئاسما چىراغلار بىر بىرلەپ ئۆچۈپ، ئەتراپ بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

يېرىم كېچە بولغان مەھەلدە بىرسى قازناق ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى ۋە خوشياقمىغاندەك سوراپ قويدى:

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

بۇ ئۆزىنى مۇشۇ ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرگەن دەرۋىشلەرنىڭ بىرى ئىدى.

— ئۇخلىيالمىدىم، — كېسەل ئادەمدەك، زەئىپ بىر ئاۋازدا جاۋاب بەردى زىيارەتچى دەرۋىش.

— مېنىڭ كۆزلىرىم پۇرۇلۇپ كەتتى. چىلىمدىن ئازراق تارتىپ قويۇۋېدىم، ئۇيقۇ باستى. ساما قىلىپ ھاردۇق يەتتى. باشقىلار جەررە سالغىنىنى سېلىپ، كەيىپ بولغىنى بولۇپ يىقىلدى. يەنە بىرلىرى، نەشىنى توختاتماي چېكىشىۋاتىدۇ... شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ. مەن بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي دەپ كىردىم. سېنى قېچىپ كەتمىسۇنمۇ دېدىم، كەلگۈندى. سەنمۇ ئۇخلاۋەرگىن. سېنى تېخى تاڭ ئاتقۇچە ھېچكىم جازالىمايدۇ...

— جازا؟ مېنى قانداق جازالايدۇ؟ — ئەندىشە بىلەن ئىتتىكلا سورىدى زىيارەتچى دەرۋىش.

— ھى... ھى... ھى... تېخى بىلمىدىڭما؟ خەۋەر

بىرىـۋەتتۇق. تاڭ يورۇشى بىلـەنلا ھېلـىقى قاۋان، بۇقا، ھاڭگا دېگەنلەر يېتىپ كېلىدۇ. تەۋبە قىلىپ ھوشۇڭنى تاپمىساڭ ــ خوجا ئاللاھىمىزغا قول بەرمىسەڭ، ھى...ھى... ھى... ئۇ چاغدا سېنى نۆۋەت بىلەن خوتۇنلايدۇ. غوجام بۇيرۇسىلا، سەن ئەمەس، سۇۋادان تېرەكتەك ئەرلەرنىڭمۇ قۇيرۇقلىرىنى شىڭغايتىۋېتىدىغان بۇقىلار ئۇلار...

ــ نېمە، نېمە؟ راست شۇنداق قىلامدا؟

ــ شۇنداق قىلىدۇ، بۇرادىرىم. نۇرغۇن ئادەمنى شۇنداق قىلىۋەتكەن. ئۆزىنىڭ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىمۇ نېرى تۇر دېمەيدىغان تەلۋىلەردىن ئۇلار.

ــ توۋا، توۋا! ــ تەكرار ـ تەكرار ياقىسىنى تۇتتى زىيارەتچى دەرۋىش، ــ نېمە دېگەن غەلىتە جازا بۇ؟ گەپلىرىدىنغۇ چىقىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ بۇ سوپى ـ سەركەڭلار يەرلىكلەردىن ئەمەسمۇ ـ نېمە تەقسىر. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلگەن كىشىدەكلا بىلىنىدۇ ـ يا ماڭا؟ بولمىسا بۇنداق جازانى...

ــ بەقارار بولغىنىڭ بىلەن ھوشيار ئىكەنسەن كەلگۈندى. پەرىزىڭ ئورۇنلۇق. يەرلىكلەردىن بۇنداق خوجا ـ پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى چىقىدۇ دەمسەن؟ ھەي... بولدى، بولدى، مېنى تولا گەپكە سالماي ئۇيقۇڭنى ئۇخلا. ئىش قىلىپ، سەردارىمىز ئېيتتىمۇ، دېمەك سەن جازالىنىسەن. تاياق يېيىشىڭدىن، بەچچى ـ غىتمەك بولۇشۇڭ ئېھتىمالغا تولا يېقىن. بۇقساپ كەتكەن نېمىلەر ئۇلار... بولدى ئۇخلا! ــ دەرۋىش شۇنداق دېدى ـ دە، پالاس ئۈستىگە قىڭغايدى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا! مېنىڭ شور پېشانىلىكىم!...

ئۇ ساقىلىنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. بىلەتتىكى، شۇنداق ئىش يۈز بەرسىلا، ئۇنىڭ پۈتكۈل تائەت ـ ئىبادەتلىرى، ئاللاغا سېغىنىشلىرى، ھەق

ئىشقىدا يېنىشلىرى... ھەممىسى بىكار بولاتتى. بۇنىڭ ئىشقىي نەپسىنى باسالماي گۇمراھ بولغاندىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى. تېخىمۇ يامىنى، بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ نورمال ئەرلىك نام ـ ھالىتىدىن مەھرۇم بولاتتى. ئۇ چاغدا... جازادىن قۇتۇلمەن دەپ، ئۆزى خالىمىغان سۇلۇكنىڭ مۇخلىسى بولۇشنى تېخىمۇ راۋا كۆرمەيتتى. بۇگۈن كۆرگەن ئىدىكى، يۇزلىگەن مۆمىنىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بۇ سۇلۇك ساۋابىنىڭ ئەمەس، كەچۈرگۈسىز گۇناھنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەقلى ھۆكۈم قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىكى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا مۇخلىس بولۇش كەچۈرگۈسىز گۇناھ ۋە جىنايەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ سۇلۇككە كىرەلمەيتتى. زىنھار كىرمەيتتى! ئۇنداقتا، ئۇنداقتا؟... ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ، بىرنەچچە ئاش پىشىم ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. شىپىرلاپ مېڭىشلاردىن تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان كۆزەتچى دەرۋىش جىلپەزلىك بىلەن قاينىدى:

— جازالىنىشتىن بۇ قەدەر ۋايىم يېگەن ئادەم ئۆيۈڭدە خوتۇنۇڭنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ ئولتۇرماي، نېمە قىلاتتىڭ بۇ يەرگە ئاياغ بېسىپ؟!

— شېھىت، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ مازارىنى تاۋاب قىلماقنى نىيەت قىلغانمەن. مۇشۇ يوسۇندا مېڭىپ، غازىيانە ئاقسۇ دىيارىدىكى ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى جامالىنى تاۋاب قىلماقچىدىم، دەرۋىشىم.

— نېمە؟ خەراباتى؟ — داق يەرگە سېلىنغان شال پالىغى ئۈستىدىكى يېپىنچىسىنى قايرىپ تاشلىۋېتىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى دەرۋىش، — سەن شۇل زادىنى تاۋاب قىلماقچىمىدىڭ ئەسلى؟ بۇرۇنراق دېسەڭ بولماسمىدى بۇ گېپىڭنى؟

تار ئۆي ئىچىدە ئەمدى ئۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا

باشلىدى، ئېغىر تىندى، قوللىرىنى تېنىمسىز ئىشقىلىدى، بارماقلىرىدىن قارس چىقاردى. گاھ ئۆياققا، گاھ بۇياققا مېڭىپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ «ئەستا!...، ھەي دەردىڭا!...» دېدى.

زىيارەتچى دەرۋىش ھەيران قالدى. گېپىمنى باشقىچە ئاڭلاپ قالغانمىدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇ ئارىدا ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەن بايىقى دەرۋىش مېڭىشتىن «شارتتىدە» توختىدى.

ــــ ئول زات، جاھانغا مەشھۇر ئىنساندۇر. ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى ـ شەرىپىنى مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئىشتىپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، ئۇ ياقلارغا قەدەم بېسىش، پانىي ئالەمدە ماڭا نېسىپ بولمايدىغان چېغىۋا. دىيارى ئاقسۇنى بەك يىراق، نەچچە ئايلىق يول دېيىشىدۇ. ئىشان غوجام شاپائەت قىلغان «ھىجرەتى ماشايىخ» پۈرسىتىگە بىر ئۇلاشقان بولسامغۇ، يۈزلىگەن زاھىتلار سېپىگە قوشۇلۇپ باراتتىم ئول يۇرتقا. «ئەختەم بۇزرۇككاھ»، «قىرمىش ئاتا» مازارلىرىنى كەئبە زىيارەتلىرىدىن مۇلۇك، دېيىشىدۇ دەرۋىشلەر. ئېزگۇ نىيەتتە يولغا چىقىپسەن. بەك ئېزگۇ نىيەتتە ئىكەنسەن... ــــ دېدى ئۇ يەنە. ئۇ ئۆي ئىچىدە يەنە ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىشقا باشلىدى. جىن چىراغ يورۇقىدا بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، ئېغىر تىنىۋېتىپ قەدىمىنى توختاتتى.

ــــ خەراباتى ھەزرىتىم خۇسۇسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىمىغىنىم تۈزۈك ئىدى. مانا بۈگۈن تەرەپبالەن سىلىدىن ئاڭلاپ قالدىم، ــــ دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ ۋە تەلەپپۇزىنى بىردىنلا «سىلى» گە ئۆزگەرتىپ، ــــ ئاڭلىدىم ـ يۇ، ئىچىمگە يەنە ئوت تۇتاشتى. چۈشەنسىلىرى شۇ تاپتا يۈرەك ـ باغرىمغا ئوت كەتتى. ھەممىلا يېرىم شۇل ئوتتا ۋازىلداپ كۆيمەكتىدۇر. مەن ئارزۇلاپ، بارالمىغان مەنزىلنى سىلى نىشانلاپ مېڭىپتىلا. بىلىپ تۇرۇپ، سىلىنى بۇ يولدىن توسسام گۇناھ بولۇر. ئېغىر گۇناھقا شېرىك بولۇرمەن. شۇل ۋەجھىدىن ئۆزلىرىنى ئازاد

قىلماقنى نىيەت قىلدىم. سىلى هايال بولمايلا ماڭسىلا. مەن بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈرمەن. يول بولسۇن!

— سىلى... بۇ؟... — زىيارەتچى دەرۋىش ھەيران قالدى. دەرھاللا ئۆز شاپائەتچىسىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى. ئانىسىغا يىغلاپ بەرگەن بالىدەك مىشىلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ۋۇجۇدىنى يىغا تاشقىنى تۇرتۇپ تۇرۇۋاتقىلى خېلى چاغلار بولغانىدى، — قاراپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى بالاغا تىقىپ قويسام قانداق بولۇر، دەرۋىشىم؟

— ئۇنداق دېمىگەيلا، — دېدى دەرۋىش كۆز ئالدىدىكى تۇتقۇن دەرۋىشنىڭ قوللىرىنى ئۇ تۇتقاندىنمۇ مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، — خەراباتى ھەزرىتىمگە باغلىنىشلىق بىرەر ئېزگۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئىككى ئالەملىك ساۋابدۇر. بۇ ئىش سەۋەبلىك بېشىمغا كەلگۈسى قىسمەتلەردىن ئۆكۈنۈشۈم يوق. بىر بولسا ئۆزلىرىنى يولغا سېلىۋېتىپلا، مەنمۇ بېشىم قايغان ياقلارغا جۆنەيمەن. كېرىيە تامان يول ئالارمەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغا باش ئېلىپ كېتەرمەن. مەندىن زىيادە ئەنسىرەپ كەتمىگەيلا. سىلىدىن بىرلا ئۆتۈنۈشۈم: مۇبارەك يۇرت ئاقسۇ دىيارىغا قەدەم باسقانلىرىدا، ھەزرىتى خەراباتى جاناپلىرىغا مەندىن سالام دېگەيلا. يېنىشلاپ ئۆتۈنەي، مەندىن سالام دېگەيلا!

— ۋەدە بېرىمەنكى، خۇدا خالىسا، سالاملىرىنى جەزمەن ئۆز ئاغزىم بىلەن ھەزرىتىمگە يەتكۈزۈمەن. ماڭا قىلغان ساۋاب ئىشلىرى بىرلە قوشۇپ يەتكۈزىمەن. خاتىرجەم بولغايلا.

— رەھمەت! يەنە ئارتۇق گەپلەرگە پۇرسەت يوق. ئەمىسە، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا يولغا چىققايلا. بىرەر دەقىقىمۇ ھايالداپ قالمىغايلا.

— ياخشىلىقلىرىنى ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمەن، شاپائەتچى دەرۋىشىم. ئامان بولغايلا، ئاللاغا ئامانەت!

— ئاللاغا ئامانەت! سىلىنى ئۆزۈم يولغا ئەپچىقىپ

قويمەن. تاڭ يورۇپ بولغۇچە بۇ يەردىن كېتىۋالسىلا. يولغا چۈشكەن ھامان ئورۇنسىز ھايال بولۇپ قالمىغايلا. ئەمىسە، ماڭغايمىز.

— خوش، بۇرادىرىم.

— خوش، قېرىنداشىم.

ئۇلار ئەڭ يېقىن قەدىناسلاردەك ۋە ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغان سەپەرگە ئاتلانغاندەك بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاشتى. ناتونۇش، ئەمما يەنە ئەڭ تونۇشتەك بىلىنگەن مەڭىزلىرىگە بىر - بىرىنىڭ ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى...

ئىنسان قەلبى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ. ئۇ شادلىق ۋە قايغۇ پەسىللىرىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز گەۋدىسىدە ئوخشىمىغان بەلگە - بىشارەتلەرنى زاھىر قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم گاھ ئازاب جۇدۇنلىرىغا ئەسىر بولسا، گاھ چېچەك ئوتىغا ھامىلدار بولىدۇ. بەزىدە قىزىل گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل بولۇپ سايرىسا، يەنە بەزىدە ئۆز ئاۋازلىرى دەردلىك يۈرەكلىرىدە مۇز بولۇپ قېتىپ كېتىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەلب ئېگىسى ئازاب ۋە شادلىقنىڭ ھامان ئالمىشىپ ھەم گىرەلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، بىرىنى كۆرگەندە يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەستىن چىقىرىدۇ. بىرسىنى تېتىپ يۈرگەن دەقىقىلىرىدە، يەنە بىرىنىمۇ ئۇزاققا بارمايلا تېتىپ قالىدىغانلىقىنى تامامىي ئۇنتۇيدۇ. ھەتتا، شۇنداق بىر قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. بۇ بەلكىم ھاياتنىڭ تاتلىقىدۇر ۋە بەلكىم سىرلىق دىللارنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان خۇشلۇق - شادلىقىدۇر. زىيارەتچى ياش دەرۋىشمۇ مۇشۇ خىل ئۇنتۇشنىڭ شېرىن ئىسكەنجىسىدە كېتىپ باراتتى. گەرچە ئۇ دۇنيادا ھېچبىر بارلىقنىڭ، ھېچبىر قىسمەتنىڭ ئەبەدىيلىك ئەمەسلىكىنى ئەڭ چوڭقۇر تونۇيدىغانلاردىن بولسىمۇ، لېكىن

شۇ تاپتىكى كۆڭۈل مەيلى ئۇنىمۇ ئۇنتۇلدۇرغانىدى. خەتەردىن قۇتۇلۇپ، دىل ئارامىلىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى مۇساپىسىدە ئۇنى ئوت بولۇپ ياندۇرغىنى يەنىلا ئىسمى ناتونۇش بولغان، سەھۋالىمدا كۆرگەن ۋە كۆرۈپلا كۆيگەن ئاشۇ گۈزەل قىز بولدى. قاراقاشتىكى پاجىئە ۋە كۈلپەت جەريانىدا، ھەتتا ئۇ يەردىن قېچىپ، بىخەتەر يەرگە ئۇلاشقىچە قىزنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇغانىدى. دۇنيادا ئۆلۈم، كېلىشمەسلىك، دوقال ـ پېشكەلچىلىكلەردىن ئۆزگە ھېچنىمە يوقتەك بىلىنگەنىدى. مانا ئەمدى دىل مەيلى ئارامىلىق بەھرىدىن كۆكلەپ، قىزنىڭ تەڭداشسىز ھۆسنى تامان ئۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نازۇك، زىلۋا گەۋدىسى سېھىرلىك ئوت تۇغاتتى. ھەممىلا يېرى ئوت بولۇپ كۆرۈنەتتى. دۇنيادا شۇنىڭدىن باشقا مەنىلىكرەك ئەستىلىك يوقتەك بىلىنىۋاتاتتى. بۇمۇ ئۇ قۇتۇلۇپ قالغان جازانىڭ گۇناھىدىن قېلىشمايدىغان گۇناھلىق ئىش ئىدى ـ يۇ، يەنە مەيلى شۇ ياققا تارتاتتى. شۇ ياققىلا تەلپۈنەتتى...

ئۇ ئۆز قىسمىتىنىڭ بۇقەدەر ئۆزگىرىشچان بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە باشقىلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ، يەنە بۇنداق تېز قۇتۇلۇپ چىقىشىنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىدى. بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىدە، ئۆزىنى بىرەر ـ ئىككى مىڭ ياشقا كىرگەندەك ھېس قىلاتتى. ئاخىرىغا بېرىپ، پۈتۈن ئەس ـ يادى يەنە «خەراباتى» دېگەن بىر ئىسىم ئۈستىگە مەركەزلىشەتتى. ئۇ بۇ مۇبارەك نامنىڭ شۇ قەدەر مەشھۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچە ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئىجراچىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەيرانۇ ـ ھەس قالدى. ئۆزى نىشانلىغان تاۋاب مەنزىلىنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ۋە توغرا تاللاش بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇلارنى ئويلىغانسېرى ئاقسۇ تامان مېڭىش ئىرادىسى

كۆچەيدى، ئىشەنچىسى ئاشتى.

ئۇ قارا مادىسىنى دېۋىتىپ كېتىۋېتىپ، يەنە شۇنىمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئويلاپ قالدىكى، ئۆزىنىڭ ھېچبىر سۇلۇك ـ مەزھەپنى تونۇماي، ئىچكى زىكرى بىلەنلا ئۆتكىنى دۇرۇس بولغانىكەن. ئۇنداق بولمىغىنىدا يا ئاۋۇ، يا ماۋۇ سەۋەبلەر بىلەن سۇلۇكى دائىرىسىگە باغلىنىپ قېلىپ، كۆز ئالدىدىكى ئۇلۇغ ھىجرەتتىن، بۈيۈك بىر تاۋابتىن مەھرۇم قالار ئىكەن. «بۇمۇ ئالالانىڭ ماڭا بىلدۈرگەن ئىلتىپاتى» دەپ ئويلىدى ئۇ چۆل باغرىدا خالىي كېتىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە. ئۇزۇن يوللاردا يۈرۈپ ئويلىمىغان، پىكىر يۈرگۈزمىگەن ماھىيەتلەر ئاز قالغانىدى. بولۇپمۇ، مۇسۇلماندارچىلىق پەرھىز، سۈننەتلىرىنىڭ مەزھەپلەر ئەقىدىسى بويىچە پارچىلىنىپ، ئۆزگىرىپ كېتىشلىرى؛ بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ بىر ـ بىرلىرىنى قىر ـ چاپ قىلىشىشلىرى... ئۇنى ئويلاندۇراتتى. قاراقاشتىكى پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەندە ئىدى، ئىككى مەزھەپ زىددىيىتىنىڭ بۇ قەدەر ئۆتكۈرلىكىنى سەزمىگەن، باشقىلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ زىنھار ئىشەنمىگەن بولار ئىدى. ئۇ مانا ئەمدى ئىشەندى. يولدا غىل ـ پال سەزگەنلىرىنىڭمۇ، باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىنىڭمۇ تامامەن راست ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندى. كېلىۋېتىپ كۆرگەن، نائىنىق كىشىلەر تەرىپىدىن سادىر ئېتىلگەن پاجىئەلەر ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندۇردى: ھېمىتنىڭ سايلىقىدا يۈزلىگەن جەسەتلەر پۇت ـ قوللىرى كېسىلگەن، كۆزلىرى ئويۇلغان ھالدا تاشلىنىپ ياتاتتى. چولاقنىڭ سايلىقىدا پۇت ـ قوللىرى باغلانغان نەچچە يۈز مۇردا قارنى يېرىلغان، بۇرۇن ـ قۇلاقلىرى كېسىلگەن، ئاغزى يىرتىلغان، ئۈچەيلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ تاشلاپ بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن

باشقا، يول بويى كۆزگە چېلىقىپ كەلگەن، مېيىپ قىلىنغان هالەتتە تاشلىۋېتىلگەن ئېگىسىز جەسەتلەر ھەممىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى... ئۇ بۇلارنى ئۇنتۇيالمايتتى. مەزھەپلەر توقۇنۇشىنىڭ ھەممىلا يەردە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ھەممىلا يەردە بىر خىل شەكىلدىكى پاجىئەنىڭ تەكرارى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاخىرقى كۈنلەرگىچە سېزىپ تۇردى. بۇلا ئەمەس، يول بويى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ، ئاقسۇغا يېقىنلاشقاندا بىرلا يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالمىغان ۋاپادار ئېشىكىنى پات ـ پات ئەسلەپ قالدى. ھەرقايسى يۇرتلاردىكى مازار ـ تاۋابگاھلاردا ئۆزىگە خەيرىخاھلىق قىلغان ئاقكۆڭۈل شەيخ ـ دەرۋىشلەرنىمۇ زادىلا ئەستىن چىقارمىدى. زادىلا ئۇنتۇيالمىغىنى، يەنىلا قاراقاشتا ۋە يولدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سانسىز جەسەتلەر بولدى. شۇنداق، ئۇ ئىچكى مۇلاھىزىنى ئادەت قىلغىنى ئۈچۈن، ھېچقانداق بىر قىسمەت ـ تەسىراتلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ قويمىدى. خوتەنلىك شۇ گۈزەل قىزنى، ئاشۇ مېھرى ئوتلۇق گۈلنى ئۆمۈر بويى ئەسلەپ ۋە سېغىنىپ ئۆتتى...

ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان سانسىز ئەستىلىكلەرنى يۈدۈپ، مۇبارەك ئاقسۇ دىيارىغا ھاياجان بىلەن قەدەم باستى.

# غازىيانە يۇرت نەسۋىرى

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا دەرۋىش ئاقسۇ ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل ۋە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئاقسۇ ئاتلىق بۇ دىيارنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى مىلادىيەدىن نەچچە ئون ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن ئىزدەش لازىملىقى توغرىسىدا تارىخچىلار كۆپ دەلىللەرنى يورۇتۇشتى. مەيلى قايسى تەرەپتىنلا قارالسۇن، بۇ يۇرتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەدىمىي دىيار ئىكەنلىكىدە ھېچبىر شۇبھە يوق. گۈزەل، باياشات، خۇش ھاۋالىق ماكان ئىكەنلىكىمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۆز - ئۆزىدىن ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئاقسۇنى ئانا دەريا تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ئاستىنقى، ئۇستۇنكى شاخچىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولغاچقا، ھاۋاسى بەكمۇ ساپ ۋە مۆتىدىل. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئاقسۇ كىشىلىرىدە ئۆزگىچە خىسلەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ ھەقتە يېقىنقى زامان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىرى موللا موسا سايرامى (مىلادىيە 1836 ~ 1917 - يىللار) مۇنداق يازىدۇ: «ئاقسۇ ئەھلى توغرا، ساددا، ياۋاش، مۇلايىم، كەمتەر، لېكىن غەم - ئەندىشىلىك، ئۇلپەت ۋە ئىتتىپاقى يوق، پاراكەندە، مۇھەببەت ۋە مەسلىھەتى يوق، چېچىلاڭغۇ، مەھسۇلات ساقلىمايدىغان، تەۋەككۇلچى خەلقتۇر، شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك كۈنلۈك نانلىرىنى ئۇدۇللۇقچە بازاردىن سېتىپ ئالىدۇ. شۇڭلاشقا،

ئاشپەز، ناۋايلىرى ئاسانلا راۋاج ۋە روناق تاپىدۇ. ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، دېھقانلىرى كۆپ، مېۋە - يېمىش مەھسۇلاتى ئۆز شەھىرىگە كۈپايە قىلىدۇ. گۈرۈچلىرى پاكىز بولۇپ، ھەرقايسى شەھەرلەرگە توشۇپ كېتىلىدۇ. يايلاق ۋە قىشلاقلىرى كەڭرى، چار - پايلىرى كۆپ بولۇپ، ئۆزىگە يېتىدۇ. ھەتتا، ئېشىپمۇ قالىدۇ.»

دەرھەقىقەتكى، ئاقسۇ باي - باياشاتچىلىق، شۇنىڭغا يېقىپ خەلقى تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، ساددا، مېھماندوست بىر يۇرت. ئەمما، خەلقى ھۈنەر - تىجارەتلەرگە تازا ئېتىبار بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى كۆپىنچە باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەر قىلىدۇ. يۇرت ئاتلاپ كەلگەنلەر بېيىپ، يەرلىك كىشلەر نامرات ھالىتىدە قالىدۇ. بۇلارنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكى، ساناقسىز غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ مۇشۇ زېمىندا ماكان تۇتۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن، تارىختىن بېرى يۇرت - يۇرتلاردىن ئاقسۇ دىيارىغا كېلىپ ماكانلاشقانلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ.

ئاقسۇ — ئېگەرچى، بەشتۇگمەن، توپلۇق، قۇمباش، ئايكۆل، قاراتال، توقاي قاتارلىق يېزىلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ ناھىيە. ناھىيە بازىرىنى ئېگەرچى يېزىسى قورشاپ تۇرىدۇ. ياش دەرۋىش نىشانلاپ كەلگەن چوغتال، ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغان دەل مۇشۇ ئېگەرچى يېزىسىدا.

دەرۋىش يەنە ھامان بىر كۈنى ئاقسۇنىڭ مۇبارەك نامىغا بېغىشلانغان غارايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلايدۇ.

دەرۋىش بىلەن نەچچە كۈنلەپ مۇڭداشقان قايسىبىر تاۋابچى بوۋاي شۇنداق رىۋايەت قىلىشى مۇمكىن:

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەر غايەت زور دېڭىز ئىكەن. ئۇنىڭ بىر چېتى كۈنچىقىش تەرەپتىكى سېرىق توپىلىق يار، يەنە بىر چېتى كۈنپېتىش تەرەپتىكى كۆيۈك تاغ ئىكەن. دېڭىزنىڭ سۈيى كۆپكۆك بولۇپ، ئىككى قاشتىكىلەر ئۆزلىرىگە

ھېسابسىز پايدا كەلتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ دېڭىزنى ئانىسىدىن ئارتۇق بىلىدىكەن. چوڭىدىن ـ كىچىككىچە سۇغا بىمالال چۆشۈپ، بېلىقتەك ئۈزۈپ ئوينايدىكەن... سۇ كۆپ بولغاچقا، دېھقانچىلىق قىلىشقىمۇ بەك ئەپلىك ئىكەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى شال تېرىشقا ئامراق ئىكەن. تېرىغان شاللىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، يىراق ـ يىراق جايلاردىن گۆرۈچ ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن... بارا ـ بارا بۇ يۇرت «گۆرۈچ ماكانى» دېگەن نامى بىلەن جاھانغا تونۇلۇپ كېتىپتۇ... بۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ باشقا يۇرتتىكىلەردىن باياشات ئىكەن. يەتتە ئىقلىمدىكى ھەرقانداق يېتىم ـ يېسىرلار بۇ يۇرتقا كېلىپلا قالسا، بېيىپ كېتىدىكەن. جېنىنى بېقىشقا ئامالسىز قالغان كىشىلەر بۇ يۇرتقا سەلدەك ئاقىدىكەن... شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى بۇ يۇرت ھەممە كىشى ئارزۇلايدىغان، باياشات، گۈزەل بىر جايغا ئايلىنىپتۇ... ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ... نەچچە ئون يىللار... ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدىغان كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ... دېڭىزنىڭ سۈيى بارغانچە ئازلاشقا باشلاپتۇ. ئازلاپتۇ... ئازلاپتۇ... ئاخىرى ئۇنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. دېھقانچىلىق قىلىشقا سۇ بولمىغاچقا، يەرلەر ئاق قېلىپ، قەھەتچىلىك باشلىنىپتۇ... خەقلەر يىغلىشىپتۇ، خۇداغا نالە قىلىشىپتۇ. ئەمما، دېڭىز تۈرۈۋېرىپتۇ... ئەتراپتىكى يىغا ـ زار، ۋەيرانچىلىققا چىداپ تۇرالمىغان بىر يىگىت ئۆزىگە ئوخشاش قاۋۇل ئەردىن 40 نى تاللاپ، سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن دېڭىزنىڭ باش تەرىپىگە بارماقچى بوپتۇ. خالايىق ئوغۇللىرىنى بەس ـ بەستە قوشۇپ بېرىشىپتۇ... 40 يىگىت يۇرت ئەھلىدىن دۇئا ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرى، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، «خۇدا» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن ـ بىرى ئۆتۈۋېرىپتۇ... يۇرت ئەھلى ئۇلارنى ساقلاۋېرىپ، تالاي يىللارنى

ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. قىرىلار بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. بالىلار چوپ ـ چوڭ ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ قاپتۇ. 40 ئەرنى باشلاپ كەتكەن ھېلىقى يىگىتنىڭ پۇتۇشۇپ قويغان لايىقىمۇ كۈتۈۋېرىپ، ئاق چاچلىق موماي بولۇپ كېتىپتۇ... ئۇلار يەنىلا كەلمەپتۇ. دېڭىزمۇ قاغجىرىغان پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قاپتۇ. ئاز بىر قىسىملار باشقا يۇرتتىن تاپقىنىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ يەپ، يىگىتلىرىنى، دادىلىرىنى ساقلاپتۇ... ئۇلار زادىلا قايتىپ كەلمەپتۇ. خەقلەر: «خۇدا، ئۇلار نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ مۇشۇ دېڭىزغا سۇ كەلسە، ئۇلارمۇ ئىشنى تۈگىتىپ كېلەتتى...» دەپ ياش تۆكۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پات ـ پات دېڭىز بويىغا چىقىپ، 40 يىگىت كەتكەن تەرەپكە قاراپ: «خۇدا... بىزگە سۇ بەرگەيسەن. دېڭىزغا سۇ باشلىغايسەن... ئاھ، سۇ!... پاتراق كەلسەڭ بولماسمىدى؟ 40 ئەرنى بىرگە ئېلىپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟ ئەي سۇ، كەلگىن، ئاقىقىن!... ئۇلۇغ سۇ، بىزنى مۇنداق قىينىما. ئاققىن، ئاق!... بۇنداق قىلما، ئاق، سۇ!...» دېيىشىپ خۇداغا نالە قىپتۇ... بارا ـ بارا يوقاپ كەتكەن 40 يىگىتنى سېغىنىش ئىستىكى «ئاق سۇ» سۆزى بىلەن ئىپتىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كېيىنكىلەر دېڭىز بويىغا بېرىشنى «ئاق سۇ» غا بېرىش دەپ چۈشىنىدىغان بوپتۇ... زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئاق سۇ» دېگەن سۆز بۇ يەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ...كىشىلەرنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقى كۈچەيگەنسېرى، ھەر كۈنى دېگۈدەك «ئاق سۇ» غا كېلىپ خۇدادىن سۇ تىلەيدىغان بوپتۇ... ئاخىرى بۇ تىلەكلەر خۇداغا يېتىپتۇ: قاغجىراپ كەتكەن دېڭىز ئىچىدە ساناقسىز بۇلاقلار پەيدا بولۇپ زېمىننى، ئادەملەرنى قاندۇرۇپتۇ. تارقىلىپ كەتكەن خەلق «ئاق سۇ» غا كېلىپ، بۇلاق بويلىرىدا شال تېرىپ كۆن كەچۈرۈپتۇ.

دېڭىز سۈيى توختاپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ سۇسىراپ

كېتىپ تازا ئايىنىمىغان ئوت ـ چۆپلەر بۇلاق سۈيىگە بىر قېنىپلا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. كىشىلەر بىر تەرەپتىن چارۋا ـ مال بېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن شال تېرىشنى كېڭەيتىپتۇ. ئاستا ـ ئاستا «ئاق سۇ» ساسلىق ۋە تېرىلغۇ يەر دەپ ئايرىلىپتۇ... شال تېرىش بارغانچە ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. چارۋا ـ ماللارمۇ كۆپىيىپ بېرىپتۇ... نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، «ئاق سۇ» گۈرۈچ ماكانىغا ئايلىنىپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ نامى ئالەمگە تارالغانچە، كىشىلەر تىلىدا ئەسلىدىكى ئىسمى ئۆزگىرىپ «ئاقسۇ» غا ئالمىشىپتۇ. بۈگۈنكى «ئاقسۇ» دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن...

بۇ يۇرتقا خېلىلا كونىراپ قالغان دەرۋىش كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاراتال ياكى بەشتۇگمەن تەرەپتىن كەلگەن قايسىبىر مويسىپىتتىن مۇنداق رىۋايەتنىمۇ ئاڭلايدۇ:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلماستا، مىرزا ئابابەكرى ئاتلىق بىر زالىم شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ خۇشلۇقى ـــ بايلىق، خۇمارى ـــ قىرغىنچىلىق ئىكەن. زوراۋان، قانخورلىقى ۋەجىدىن ئۇ ئاياغ باسقانلىكى يۇرت چۆلدەرەپ كېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇنىڭ جۇد قەدىمى ئاقسۇ دىيارىغا يېتىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال شىددەتلىك جەڭ بىلەن ئاقسۇ قەلئەسىنى ئاپتۇ. كېيىن باي ۋە كۇسەن دىيارىغا مەخسۇس لەشكەرلەر ئەۋەتىپ، ئول يۇرتنى ھەپتىلەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرۇپتۇ. بۇلانغان چارۋا ـ مال، دەپىنە ـ دۇنيا، مال ـ مۈلۈكلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. شۇ تۈپەيلى، بۇ قەدىمىي يۇرتلاردا ئىلگىرىكى ئاۋاتلىق ـ باياشاتچىلىقنىڭ ئىزناسىمۇ قالماپتۇ. بارا ـ بارا بۇ يۇرتلار خارابىلىككە ئايلىنىپتۇ. لېكىن، ئاچكۆز مىرزا ئابابەكرى بۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپماپتۇ. ئۇ ساناقسىز لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقسۇ خەلقىنى بۇلاشقا باشلاپتۇ. بۇلاڭ ـ تالاڭ نەچچە ئون

كۆنلەپ داۋاملىشىپتۇ. غازىيانە يۇرتنىڭ مەردانە ئادەملىرى بۇ تالان ـ تاراجقا جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. لېكىن، ئاخىرىدا ئەر ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى قان ئىچەر ئابابەكرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىپتۇ. ئول زالىم يەنە بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلماي، باللار ۋە ئاياللارنىمۇ قەتلى قىپتۇ. ئۆلتۈرۈپ ئېشىپ قالغان ئاجىز ـ ئاجىزەلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىپ يۇرۇپ، ئالتە شەھەرگە تارقىتىۋېتىپتۇ. ئۆزى بۇلاپ ـ تالاپ يىغقان ساناقسىز مال ـ بىساتلارنى ئېشەك ۋە ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ، ھەيۋەت بىلەن شەھىرى كاشىغەرگە يول ئاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 ~ 20 يىل ئىچىدە بۇ شەھەردە ئادەم زاتى ياشىماپتۇ. پۈتكۈل شەھەر، يېزا، ئايماق، سەھرا، تاغلار خالايىقتىن خالىي قېلىپ، ھەممىلا يەر ھۇۋقۇش، چوغۇندەككە ماكان بوپتۇ. ئاقسۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھالدىكى دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ ئۇۋىسى ــ «ئەردەۋىل»گە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، دىيارى ئاقسۇنىڭ نامى بىر مەزگىل «ئەردەۋىل» ــ «دىۋىلەر ماكانى» دەپمۇ ئاتالغانىكەن.

دەرۋىش بۇ يەرگە ئۆزلەشكەنسېرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ. بىرمۇنچە ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭ ـ ئەسرار بولۇپ كەلگەن قايسىبىر چال ئەل ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن مۇنۇ رىۋايەتنى ئۇنىڭغا جەزمەن دېمەي قالمايدۇ:

ئېتەكلەر ياقا، ياقىلار ئېتەك بولۇپ يۈرگەن زاماندا دىيارى ئاقسۇنىڭ نامى «ئەردەۋىل» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ بىر زامانلار كەلگەندە، ئەردەۋىلدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتى يۈز بېرىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەردەۋىلنىڭ يېزا ـ ئايماقلىرىدا ئېغىر ئاچارچىلىق بولۇپ، سان ـ ساناقسىز كىشىلەر قىرىلىپ كېتىپتۇ. ئەلمىساقتىن باياشاتچىلىقتا نامى بار بۇ شەھەر بىردىنلا چۆل ـ باياۋانغا ئوخشاپ قاپتۇ. ھەممىلا

ياقتىن يىغا ـ زاره ئاڭلىنىدىكەن. كوچا ـ كويلاردىن بوران ئۇچۇپ، توپا توزۇپ تۇرىدىكەن. بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا، يول ـ رەستىلەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى قەدەمدە بىر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن... ئەردەۋىلنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى شەھىرى كۇسەن ئەھلىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار: «ئەردەۋىلدىكى قېرىنداشلىرىمىز بۇنداق ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشلىرىگە قاراپ تۇرمايلى. قوللىرىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلايلى» دېيىشىپ، توپ ـ توپى بىلەن ئەردەۋىلگە كېلىشىپتۇ. ئۇلار يەرلىك كىشىلەر بىلەن جەم بولۇشۇپ دەريا بويىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دەريا سۈيى بەكلا پەسلەپ كەتكەنمىش. شەھەرگە، شەھەر ئەتراپىدىكى يۇرت ـ ئايماقلارغا سۇ چىقىرىشنىڭ زادىلا ئامالى بولماپتۇ. ئاخىرى ئاقىل زاتلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، كىشىلەر تاش ـ تۇپراق يىغىپ دەرياغا تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، دەريا سۈيىنى كۆپتۈرۈپ، شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يۇرتلارغا باشلاش ئىكەن. كىشىلەر مۇشۇ يوسۇندا هارۋا، ئات ـ ئۇلاغ، تۆگە ۋە كالا ـ خېچىرلار بىلەن، ئامال قىلالىغانلىرى تاغار، خۇرجۇنلارغا تاش ـ شېغىللارنى قاچىلاپ مۈرىسىگە ئارتىپ ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىشىپتۇ. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. دېگەندەك دەريا سۈيى كۆپۈشۈپ، ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا لىق تولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەريا سۈيى ئاستا ـ ئاستا بۆلۈنۈپ، ئەردەۋىل تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، سۇ شۇ قەدەر ئۇلغىيىپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ شىددىتى يۇرەكلەرنى هاياجانغا ساپتۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىرىشىپتۇ، سەكرىشىپتۇ. دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ. شۇ خىل خۇشاللىقتا دىققەتسىزلىكتىن بىر موللا بىلەن بىر موغول دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇنىڭ مەۋجى ئۇ ئىككىسىنى ئاياققا ئېقىتىپ

مىڭىپتۇ. شۇ ئارىدا بىر پېشۋا مويسىپىت خالايىققا قاراپ: «موللىنى تۇتۇۋېلىڭلار، موغۇل ئاقسۇن!» دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەرنىڭ نامى «ئاقسۇن» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ «ئاقسۇ» دەپ ئاتالغانىكەن. كۈنىمىزدىكى «ئاقسۇ» دېگەن مۇبارەك نام ئەنە شۇ زامانلاردىن قالغانىكەن...

سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، باغ - ۋارانلىرى كۆپ بۇ يۇرتنىڭ خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندىكىدەك سېھرى - قۇدرىتى ياش دەرۋىشنى شەيدائىي - ئەسىر قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇنىمۇ بىلىپ يېتەتتىكى، ئاقسۇ ناھىيەسى بىرمۇنچە يېزىغا ئايرىلغىنىدەك، بۇ ناھىيەنىڭ بىر يېزىسى بولغان ئېگەرچى يېزىسىمۇ، ئېگەرچى، خانقاسۇڭ، گۈلباغ، قارامۇقچى، بالداڭ، قوشتوغراق... قاتارلىق بىرمۇنچە مەھەللە - كەنتلەرگە بۆلۈنەتتى. چوغتال مۇشۇ مەھەللىلەر قاتارىدا ئېگەرچى يېزىسىغا قارايدىغان بىر چوڭ مەھەللە ئىدى. يەرلىك كىشىلەر «ھاجى خەراباتى ئاخۇنۇم» دەپ ئاتايدىغان نامى مەشھۇر زات — ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى دەل مۇشۇ ئوتلۇق ۋە سۆيۈملۈك يۇرتتا — چوغتالى ئەزىمدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى.

# چوغتالدا نورۇز

ئاقسۇ بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان چوغتال
ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈزەل يۇرت. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇن-
بەت، سۈيى ئەلۋەك، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنى بۇ
يۇرتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. كۈن چىقىش تەرەپتىكى سېرىق توپىلىق
ئېگىز يار تەبئىي ھالدا بۇ يەرنىڭ شەرقىي پاسىلى ۋە قورشاۋ
تېمى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نامى بار ئۆتەڭ. بۇ يەردىن كار-
ۋانلار توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. كولدۇرما ئاۋازى كېچەيۈ ـ كۈن-
دۈز ئۈزۈلمەيدۇ. دەرۋىشلەرنىڭ ساپايىلىرى، غېرىب ـ مۇسا-
پىرلارنىڭ ناخشىلىرى، ئاشىقلارنىڭ مۇڭلىرى... مۇشۇ يەرگە
تۈرلۈك تاۋۇشلار بىلەن شەپە بېرىپ ئۆتىدۇ. قەشقەر، يەكەن، قا-
غىلىق ۋە ھەتتا خوتەنلەردىنمۇ مۇشۇ ئۆتەڭگە ئۇدۇل باشلاپ كې-
لىدىغان كارۋان يولى بار. بۇ يول بارلىق يوللار ئىچىدە مۇساپى-
سى ئەڭ قىسقا، لېكىن ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يولنىڭ يولۇچىسى بولۇش ئەڭ تەس. قاراتال
①، بەشتۇگمەن② ئارىلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئۈزۈنغا
سوزۇلغان قۇمۇشلۇق، يۇلغۇنلۇقلاردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى
دېمىگەندىمۇ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان يول توسار قاراق-
چىلار خېلى جىگەرى بار ئەركەكلەرنىمۇ غال ـ غال تىترىتىدۇ.
شۇ سەۋەبتىن، بۇ يولنىڭ يولۇچىلىرى باشقا يوللارنىڭكىگە سې-

---

① ئاقسۇ ناھىيەسىدىكى جاي ئىسىملىرى
② ئاقسۇ ناھىيەسىدىكى جاي ئىسىملىرى

لىشتۇرغاندا يەنىلا ئاز. چۈنكى، بۇ يولغا ياراملىق ھەمراھلا ئە-
مەس، جۇرئەت ـ پاراسەتمۇ ھەم لازىم. شۇنداقتىمۇ بۇ يولدا ما-
ڭىدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ باققان ئەمەس . چۈنكى،
بۇ مەنزىرىلىك يول، گۈزەل يول. غېرىبقا پاناھ، دەردمەنلەرگە
دەردداش، ئاشىققا مۇڭداش بولىدىغان مېھىرلىك ۋە سېھىرلىك
يول. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ چوغتالنىڭ يولى!

چوغتال!

ئۇ ئەزىمەتلەر ماكانى، شېھىتلەر قەبرىگاھى.

ئۇ يەنە ئەنئەنە بۆشۈكى، ئەقىدە زېمىنى، قىسمەتلەر
قارارگاھى...

قاراڭ، بىز تەرىپلەۋاتقان بۇ زېمىن كۆن چىقماستىنلا
تەۋرەپ كەتتى. يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە ھەممىسىنىڭ
دىلىدا بىرلا شادلىق، چېھرىدە ئورتاق بىر كۈلكە: بۈگۈن نورۇز،
بۈگۈن بايرام!

نورۇز.

ھەممە ئۆز تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش. چوڭلار، مازاردا
ئەتمەكچى بولغان نورۇز ئېشىنى كۆپرەك ئادەمگە ئېغىز
تەگكۈزۈش غېمىدە. ياشلار بىر يىلدىن بېرى ئەتىۋارلاپ بېقىپ
كېلىۋاتقان تۇلپارلىرى بىلەن بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىپ، رەقىبلەر
كۆڭلىگە ھەسەت، قىزلار يۈرىكىگە ئوت سېلىش كويىدا. باللار
ئىت تالاشتۇرغانىنى، قوشقار ۋە خوراز سوقۇشتۇرغانىنى
كۆرۈۋېلىش، چاقپەلەككە چىقىپ، كۆپرەك ئايلىنىۋېلىش
خىيالىدا... يەنە كىملەرنىڭ خىيالىدا نېمە بارلىقىنى ساناپ
تۈگەتكىلى بولسۇنمۇ؟ قىسقىسى، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى
خۇشال!...

چوغتاللىقلار ئۈچۈن بۈگۈن تولىمۇ تەستە تاڭ ئاتتى،
نورۇز ھاياجىنىدىن كېچىچە كىرپىك قاقماي چىققان كىشلەر
كۆن چىقىش بىلەنلا تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىشتى. ئۆي ـ

ئۆيلەردە ھارۋىلار قوشۇلدى، ئېشەكلەر توقۇلۇپ، ئاتلار ئېگەرلەندى. ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆز ھالىغا يارىشا تەييارلىغان ئوزۇق ـ ئاۋقاتلىرى تەق قىلىپ قويۇلغان ھارۋىلارغا بەس ـ بەستە بېسىلدى...

بالىلار ئۆز ھارۋىلىرىنىڭ تېزراق يولغا چىقمايۋاتقانلىقىدىن جىلى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا چوڭ يولغا چىقىۋېلىشقانىدى. ئۇلار بايراملىق كىيىملىرىنى بىر ـ بىرىگە كۆز ـ كۆز قىلىشاتتى. ئۆز ئاتلىرىنىڭ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىشىپ، ئاق قۇچقاچتەك چۇرۇلدىشاتتى. بىرلىرى خورازلىرىنى ماختايتتى، يەنە بىرلىرى قوشقىرىنىڭ نوچىلىقى توغرىسىدا ماختىناتتى. چاقپەلەككە چىقسا، زادىلا بېشى قايمايدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تالىشىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى... قارىغاندا بۇ كاتتا بايرام مۇشۇلار ئۈچۈن بولۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى...

ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەستەك. ئاۋۇ توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقانلارنى قاراڭ. ئۇلار بالىلارغا يەتمەكچىدەك، شۇ ئارقىلىق بالىلىقىنى قوغلاپ تۇتماقچى بولغاندەك ئاتلىرىغا بەس ـ بەستە قامچا سې- لىشىپ كەلمەكتە. تاڭشۇرۇلغان تۇلپارلار چاڭ ـ توزانلارنى ئار- قىدا قالدۇرۇپ، خۇددى ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندەك سەنئەتلىك يورغىلايدۇ. ئېشەكلەر جېنىدا سوكۇلدايدۇ، يارىيار ھارۋىلار غى- چىرلايدۇ... ئۇلارنىڭ سوكۇلدىشىمۇ، غىچىرلىشىمۇ... يەنە مۇ- شۇ نورۇز ئۈچۈن، بايرام ئۈچۈن!

ئاغرىقلار ساقايغان، بوۋاي ـ مومايلار ياشىرىپ قېلىشقان- دى. قىز ـ يىگىتلەرمۇ بىر ـ بىرىنى تونۇيالماي قېلىشقاندەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر خۇشال ھەم ھەيران ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ ئا- دەملىرى نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟! ئاشۇ بوۋاي ـ مومايلار بىزنىڭ مەھەللىلىكمۇ؟ ئاشۇ چىرايلىق قىزلار بىزنىڭ مەھەل- لىنىڭ قىزلىرىمۇ؟ ئاۋۇ كېلىشكەن، زەبەردەس يىگىتلەرچۇ؟ ئۇلارنى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نېمىشقا كۆرمىدۇق ـ ھە؟!

كىشىلەر بىر ـ بىرىگە يېڭى، ياش ۋە چىرايلىق كۆرۈنەتتى، بۇ بايرام شادلىقى تۇغقان سىنچى ھېسسىياتتۇر ۋە بەلكى ئۇلار راستتىنلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەندۇر. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىگە بايرام سەۋەبچى ئىدى. ھەممىگە مۇشۇ ئۇلۇغ ۋە خاسىيەتلىك نورۇز سەۋەبكار ئىدى!

«يىلنىڭ بېشى باھاردىن» دەيدۇ مەھەللە چوڭلىرى. يىلنىڭ بېشى بىر كۈننىڭ سەھىرىگە ئوخشايدۇ. سەھەرنىڭ خۇشال باشلانسا، پۈتۈن بىر كۈنۈڭ شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. سەھەردىكى توقلۇقمۇ بىر كۈنلۈك باياشادلىقنىڭ باشلىنىشى، نورۇزمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇ تەبىئەتنىڭ قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان تۇنجى كۈنى بولۇپ، مۇشۇ كۈن كىشىلەرنىڭ بىر يىللىق تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باھارىڭ خۇشال باشلانسا، يېزىڭمۇ باياشاد ئۆتىدۇ... ھەممە كىشى شۇنداق چۈشىنىدۇ. چوغتاللىقلار بۇنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە بايرام قىممەتلىك، نورۇز ئەھمىيەتلىك!

ئەنە، كۈنمۇ خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. لېكىن، نورۇز پائالىيىتى ئۈچۈن كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدىغاندەك ئەمەس. ئېشەك، كالا ھارۋىلىرى بىلەن، ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچنىمىسى يوقلار پىيادە كېتىپ بارىدۇ...

چاچلىرى ئۆچتەك ئاقارغان، يۈزلىرىنى تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار باسقان بىر ئايال گىجىنىڭ كالىسىنى تېزرەك ماڭدۇرالماي ئاۋارە. ئۇ قولىدىكى كالتە تاياق بىلەن كالىنىڭ ساغرىسىغا، قورساق ۋە پاچاقلىرىغا زەردە بىلەن ئۇرۇپ باقىدۇ، زەھەردەك سۆزلەر بىلەن تىللايدۇ، چۈلۋۈرىنى سۆرەپمۇ كۆرىدۇ. لېكىن، كالىنىڭ مېڭىش سۈرئىتىدە ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك ئەمەس. تاياق ئۇرۇلۇپ سۇنۇپ كەتسىمۇ، ئېغىز تىللاۋېرىپ قۇرۇپ كەتسىمۇ... بەربىر. ئېغىزدىن شالىسى ئېقىپ قالغان قېرى كالا ھامان ئاۋۋالقى تېزلىكتە بىرخىللا قەدەم ئالىدۇ. ئۇ

سۆرەپ كېتىۋاتقان يارىيار ھارۋىمۇ مايسىزلىقتىن غىچىرلايدۇ. ئۇنىڭ غىچىرلىشىمۇ كالىنىڭ قەدەم ئېلىشىدەكلا زەئىپ...

«ھەي... ئەرسىزلىك، تۇۋۇرۇكسىزلىك!...» يەنە بىر قېتىم شۇنداق دېدى ئايال خېلى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن قەدىردانىنى سېغىنىپ. ھەممە خۇشال بولىدىغان بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ھالەتتە كېتىپ باراتتى. كونا يارىيار ھامان بىر خىلدا ئاستا غىچىرلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر داش قازان، خېلى كۆپ ئوتۇن، يېتەرلىك ماي، گۈرۈچ ۋە تۇز قاتارلىق لازىمەتلىكەر بېسىلغانىدى. ئايال ھەممىدىن بۇرۇن يولغا چىققىنىم دەپ قارىسىمۇ، ھەممىدىن كېيىن قالارىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئاخشام پۇتكۇزۇپ قويغان تەييارلىقى بىلەنلا يۇلتۇز تارىماستا مەھەللىدىن ئايرىلىپ بولغانىدى. كالىنىڭ ئاستىلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەك سەھەر يولغا چىققانىدى. لېكىن، بۇ قەدەر ئەزمىلىك قىلىپ، ئۇنى زەردە گۆش قىلىۋېتىشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇنى بىلسە، خەقلەرگە يېلىنىپ بولسىمۇ، ھارۋىغا قاتقىلى بولغىدەك ئۇلاغ ـ قارىدىن بىرەرنى تاپماسمىدى؟

ــ پىيادە كېلىۋاتقانلارمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى. نېمە ماڭمايدۇ بۇ كالا؟ تاياقنى ماڭا بېرىڭا ئانا، ـ دېدى چوقاينىڭ ئوڭ تەرىپىدە تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇرغان، يۈزى تولىمۇ كىچىك بىر ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ قولىغا يەنە بىر نۆۋەت ئېسىلىپ، ــ بۇنداق ماڭغىلى تۇرساق، نەزىر بېرىشكە قانداق ئۈلگۈرىمىز؟

ــ ئوغۇ راست... لېكىن سەن ھەيدىيەلمەيسەن، جېنىم بالام. ساق بولساڭتىڭ، دېمىسەڭمۇ ساڭا تۇتقۇزاتتىم بۇ تاياقنى، مەزلۇم كىشى تۇرۇپ ماڭمۇ نېمە كۈن؟... كېتىپ بارىمىزغۇ؟ يول ئازمۇ قالدى...

يارىيار زەئىپ غىچىرلايتتى. مېيىپ بالا بىلەن قېرىغان

ئانا بىر ـ بىرىگە بىلىندۈرۈشمەي ياش تۆكۈپ كېلىشەتتى. «دادام بولمىغاندىمۇ، چوڭ دادام تۈگەپ كەتمىگەن بولسا، مۇشۇنداق قېرى كالىنى ئىشلەتمەيتتۇق» دەپ ئويلايتتى بالا. «نەۋرە ئاكام بولغىنى بىلەن، ماڭا ئۆز ئاكامدىنمۇ زىيادە ئامراق ئىدى. يوقسۇزلۇق، غېرىبلىقىمىزنىمۇ بىلىندۈرمەيتتى. قاچان ئۇ تۈگەپ كەتتى، مېنىڭمۇ خوۋلۇقۇم ئۆچتى... ئەتىگەن بېرىپ نەزىر بېرىۋالارمەن دېسەم... تۇغقانلار نېمە دەپ قالار؟ ۋاقچە بېرىپ قالغىنىمنى كۆڭلىگە ئېلىپمۇ قالارمۇ... رەھمەتلىك ئاكام، يۈز ئاكىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان كۆيۈمچان ئاكام...» دەيتتى قاشالڭ كالىغا توختىماي تاياق سېلىپ كېلىۋاتقان ئانا ئىچىدە زار ـ زار يىغلاپ. دېمىسىمۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا مەرھۇم ئاكىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدىغان ئىككىنچى بىر قېرىنداش يارالمىغاندى. شۇڭا، ئۇ ھېلىغىچە يىغلاپ كېلىۋاتاتتى. مەرھۇمنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىدىنمۇ زىيادە ياش تۆكەتتى. ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ياد ئېتىپ، دۇئا قىلىپ تۇراتتى... راست، ئۇ ساقى باينىڭ سازلىقىدىكى قومۇشلۇقلارغا بېرىۋالغاندا يىغلاپ، يالۋۇرۇپ ئېلىپ كەلگىنى مۇشۇ ئايال ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ناماز كۈنى «ئايال كىشى بارسا بولمايدۇ» دېگەن نەسىھەت ـ پەتىۋالارغا قۇلاق سالماي، تۇپراق بېشىغىچە ئەگىشىپ بېرىپ، تاش يەرلىكىگە ئۆز قولى بىلەن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغىنىمۇ يەنە مۇشۇ ئايال ئەمەسمىدى؟...

«ئاۋۇيۇم ئاكام، تۇۋرۇكۇم ئاكام!»

«يانتايىقىم دادام، كۆيۈمچان دادام!»

خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ئانا ـ بالا ئىككىيلەن تەڭلا ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نورۇز سەھەرى ئەنە شۇنداق يىغا بىلەن باشلانغانىدى. ئەتە ۋە ئۆگۈنچۇ؟

يەنە كېلىشىۋالغاندەك ئىككىيلەن تەڭلا بېشىنى كۆتۈردى. كۆز ئالدىدىكى يول ئوي ـ دوڭغۇل ئىدى. ئايىغى ئىتتىك

ئايغىرلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ۋە ئاچچىق توپىلار ئۇلارنى كۆمۈپ باراتتى. كۆزلەر باغلىناتتى. توپىلاڭ يولنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى پەرق ئېتىشىمۇ بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى...

«مازار مەھەللە» كىشىلىرى ساھىپخان بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان نورۇز پائالىيىتى باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئەتراپ مازار تۇسىگە كىرگەن. ھەممە ياق قايناپ، مازارنى تۆۋەن تەرىپىدىكى يۇلغۇنلار ئوراپ تۇرغان بوشلۇق ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. ئۇلۇغ نامىغا يارىشا ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بۇ خىسلەتلىك «مازار» تېنىمسىز گۈرۈلدەيدۇ. تەرەپ ـ تەرەپلەردە پورۇقشۇپ قايناۋاتقان قازانلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەززىلىك پۇراقلار دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ، ئىشتەينى چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە غىدىقلايدۇ...

قېرى كالا سۆرەپ كېلىۋاتقان كونا يارىيار ھارۋىمۇ ئاخىرى ساناقسىز ھارۋىلار توپىغا كېلىپ قوشۇلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئانا ـ بالا كۆزلىگەن تونۇش قەبرە يېنىدىن ئۇلارغا قازان ئاسقىدەك بوشلۇق قالمىغانىدى.

«مانا مەن دېمىدىممۇ؟!» دېدى ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي. «مەنمۇ مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلىغان» دېدى مېيىپ ئوغۇلمۇ زەردە بىلەن ۋە پۇشۇلداپ تۇرغان قېرى كالىنى نەچچىنى ئۇرۇۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭدا كالىنى ئۇرغىدەك ئەمەس، مۇستەقىل ماڭالىغىدەك ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىدى. تۇرۇپلا چوڭ دادىسىنىڭ قەبرىسى ئەتراپىنى ئىگىلىۋالغانلارغا ئۇنىڭ ئۆچلىكى كەلدى. «بۇ چوڭ دادامنىڭ قەبرىسى تۇرسا، بۇلار نېمە دەپ...» شۇنداق ئويلىدى بالا جايىدا ئولتۇرۇپ. ھەر قانداق بىر قەبرىگە سىلىشتۇرغاندا، مۇشۇ قەبرىنىڭ ـ ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر كۆپ تۇراتتى. «چوڭ دادام راستىنلا ئۇلۇغ ئادەم چېغىكەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە بىردىنلا سۆيۈنۈپ. ئەمدى بايىقى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ

ئامراقلىقى كېلىۋاتاتتى.

«قانداق قىلسام بولار؟... زادى قانداق قىلسام بولار؟» تارىشىدەك قاتقان قوللىرىنى ئىشقىلاپ، قەبرە ئەتراپىنى توختىماي ئايلىناتتى ئانا. «قەبرە يېنىدا ئاسمىغان قازاننىڭ ئۆيدە ئاسقان قازاندىن نېمە پەرقى؟ بۇنداق بولىدىغان ئىش بولسا، نەزىر دېگەننى ئۆيدە بەرسەممۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ شۇنچە ئالدىراپ كەلگىنىم...» ئۇ يېقىنىراق جايدىن قازان ئاسقۇدەك بوشلۇق ئىزدىگەچ، قەبرە ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئامانلىق سورۇشۇپ چىقتى. تەكرار ئايلانغىنى ئۈچۈن، بەزىلەر بىلەن بىرقانچە قېتىم سالاملىشىپمۇ قالدى.

— قازان چۈشكىدەك يەر تېپىلمىدى ـ ھە، رېھىمىخان، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن دېمەتلىك كېلىدىغان، تۆۋەنكى مەھەللىدىكى چاۋارئاخۇن. ئۇمۇ رېھىمخان ئانىغا ئوچ تۇغقان كېلىدىغان كىشى ئىدى، — قازاننى ئوڭچە ئاسالىغان بولسىلىغۇ خويمۇ ئوبدان بولىتتى تۇغقۇنۇم، مانا كۆردىلە، ھەممە ئادەم مۇشۇ قەبرىنى ئەگىپ كېتەلمەيدۇ. يەرلىك ئىچىدىكى تۇغقان بىزنىڭ تۇرسا، ساڭا نېمە بار، دېگىلى ئەسلى بولمايدۇ بۇلارغا. شۇڭا، بىزنىڭ قازان بىكار بولغاندىن كېيىن، شۇ قازاندا ئېتىپ بەرسىلە قانداق بولار نەزىر ئېشىنى؟ قازاننى ھازىرلا بىكارلاپ بېرەي دېسەم، شويلىغا گۆرۈچ سېلىپ قويۇپتۇق...

— ماقۇل، شۇنداق قىلساممۇ قىلاي، — دېدى ئانا تېزلا. ئۇنىڭغا شۇنداق دېمەكتىن باشقىمۇ ئىلاج يوق ئىدى، — ۋاق قالغاندىكىن ئۆزۈمنىڭ شورى، مۇشۇنداق قىلمىسام نېمە ئامال دەيلا ئەمدى.

بالا ئىچىدە نارازى بولدى. ئۇنىڭچە، ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىنىڭ نەزىر ئېشىنى ئوڭچە قازان ئېسىپ، كەڭتاشا بېرىش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى دېگەن ئادەتتىكى ئادەممۇ؟ ئۇ ھايات ۋاقتىدا كۆرۈشۈلىش ئۈچۈن

نە ـ نەلەردىن ئادەملەر كېلەتتىغۇ؟... مۇشۇنداق ئىناۋىتى بار چوڭ دادىسىغا مۇشۇكىنىڭ كۆزىدەك كىچىكىنە قازاندا نەزىر بېرىمەن دېگىنى نېمىسى؟

ئانا تۇغقانلارنىڭ قازانلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتاتتى. بالا ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى...

تەرەپ ـ تەرەپتە قازان ـ قازانلار پورۇقشۇپ قاينايتتى. بۇرۇنراق قازان ئاسقانلارنىڭ نورۇز ياكى نەزىر ئېشى پىشىپ قالغانىدى. ھەيران قالارلىقى، ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇ مازارغا يېڭى بىر قەبرە قوشۇلغاندىن بېرى، ئەزەلدىن نورۇز ئېشى ئېتىپ كېلىشكەن كىشىلەر نورۇز ئېشى بىلەن نەزىر ئېشىنى بىرلا ئېتىپ بېرىدىغان قائىدىنى چىقىرىۋېلىشقانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى يەنىلا ئاشۇ يېڭى قەبرىدىن كۆرۈشكە بولاتتى. بۇ چوغتالدىكى ئۇششاق ـ چوڭ ھەممىگە تونۇشلۇق قەبرە ئىدى. ھەممە كىشىنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان نورۇز پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەبرە ئاستىدىكى شۇ تونۇش زاتنىڭ روھىغا ئاتاپ قەبرە بېشىدىلا نەزىر بېرىۋالغۇسى كېلەتتى. شۇڭا، چوغتالدىكى نورۇز ھەم شادلىققا تولغان بايرام، ھەم روھ ـ ئەرۋاھلار نەزىرىسى بولاتتى. بۇ خىل غەلىتە بىرلىشىپ كېتىشنى باشقا يۇرتلاردا ئۇچرىتىشمۇ قىيىن ئىدى.

نورۇز ئەھلى توپ ـ توپ بولۇشۇپ، قاتار كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ئېشى پىشقانلىكى قازاننىڭ بېشىدا ئازغىنا ۋاقىت تۇرۇشۇپ، نېمە ئەكەلگەن بولسا شۇنىڭغا ئېغىز تېگىشىپ، دۇئا ـ ھەشقاللا بىلەن يېنىشاتتى. جامائەت ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئايرىم قازان ئېسىپ تەييارلىغان تۇرلۇك غىزا ـ تائاملارغا ئېغىز تېگىپ بولۇشقاندىن كېيىن، كوللېكتىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا كۆڭۈل ئېچىش باشلىنىپ كېتەتتى. دەل مۇشۇ باسقۇچ نورۇزنى نەزىر تۈسىنى ئالغان دۇئا ـ تىلاۋەت خاراكتېرىدىن ھەقىقي بايرام تۈسىنى ئالغان

شادلىق پەللىسىگە باشلاپ كىرەتتى. مانا بۇ ھەقىقىي نورۇز،
ھەقىقىي بايرام ئىدى!

ھەممە ياق قايناپ ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەنىدى. نورۇز ئەھلى
ئۆز قىزىقىشى تارتقان ئويۇننىڭ تاماشىبىنى بولۇپ، يېقىن ـ
يېقىنلا جايلاردا توپ ـ توپ چەمبەر ھاسىل قىلىپ تۇرۇشاتتى.
بەزى توپتىكىلەر مەدداھلارنىڭ قىزىقارلىق جەڭنامە قىسسىلى-
رىنى ئاڭلايتتى. يەنە بەزى توپتىكىلەر خوراز سوقۇشتۇرۇش ئو-
يۇنىغا مەلىكە بولۇۋاتاتتى. قوشقار سوقۇشتۇرۇشنى كۆرىۋات-
قانلارمۇ، چاقپەلەكتە پىرقىراۋاتقان قىزلارنىڭ يېقىملىق «ۋاي-
جان!»لىرىغا قۇلاق سېلىپ، پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلارمۇ، چېلى-
شىشتىن ھۇزۇر تېپىۋاتقانلارمۇ ۋە كىمدۇر بىرلىرى كۆرسىتى-
ۋاتقان سېھىر ـ جادۇ ئويۇنلىرىدىن مەست بولۇۋاتقانلارمۇ... بار
ئىدى. يەنە بىر مۇنچە يىگىتلەر ئادەملەر توپىنىڭ سىرتىدىكى
بوشلۇقلاردا ئاتلىرىنى يەڭگىل چاپتۇرۇپ، باشلانغۇسى بەيگە
ئۇچۇن قىزىتىش تەييارلىقى قىلماقتا ئىدى...

مېيىپ بالا ئانىسىدىن ئايرىلىپ ھېچيەرگە بارالمايتتى. ئۇ
ئانىسى چىقىرىپ قويغان دۆڭدە ئولتۇرۇپ، ئۇسۇشۇۋاتقان
قوشقارلارنى، چېلىشىپ بەل قايرىشىۋاتقان، پۇتلاپ يانپاشقا
ئېلىشىۋاتقان ئەزىمەتلەرنى، سېھىر ـ قۇدرەت بىلەن بىر ـ
بىرىگە «كاللا قويۇشۇپ»، قاراس ـ قۇرۇس ئاۋازلارنى
چىقىرىشىۋاتقان «ئۇسكەك» ئېگەرلەرنى غىل ـ پال كۆرۈپ
ئولتۇراتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭغا يېقىن جايدا ۋە ئېنىقراق
كۆرۈنۈۋاتقىنى سېھىرگەرلىك بىلەن چېلىشىش ئويۇنى ئىدى.

ئەنە، ۋىجىكلا بىر يىگىت پور كۆتەكتەك سېمىز بىر
ئادەمنى بەلبېغىدىن تۇتقان پېتى يانپېشىگە ئېلىپلا ئېتىۋەتتى.
سېمىز ئادەم ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالدى. خەقلەر ئولاشتى.
«بىلى چىم بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېدى بىر قىسمىلار. «ياق،
قوۋۇرغىسى ئاجرىغان گەپ. بىزنىڭ مەھەللىلىك بۇ ياقۇپ ئۆزى

كىچىك بولغىنى بىلەن بوش نەرسە ئەمەس جۇمۇ...» دەپ ماختاندى بەزى كىشىلەر. «تېگىشچى تاپىلى ئاغىنىلەر. ئۆمەر كۆتەكنىڭ ئەھۋالى سەل چاتاقتەك تۇرىدۇ. ئۇمۇرتقىسىغا دەز كەتتىمۇ نېمە؟ ئەنە قوپالمىدى!» دېگۈچىلەرمۇ بولدى... مۇشۇلارنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرغان مېيىپ بالا ۋىجىك يىگىتتىن خېلىلا سۆيۈنۈپ قالدى. ئۇ مەھەللە باللىرى تەرىپىدىن ھەمىشە كەمسىتىلىدىغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئاجىز، ئورۇق ۋە ۋىجىك ئادەملەرنى ئۆزى بىلەن يېقىن كىشىلەردەك ھېس قىلاتتى. ھەممىدە شۇلار غالىب كەلسە دەيتتى. سېمىز، قاۋۇل كىشىلەرگە نېمىشقىكىن باشقىچە قارايتتى.

«چوڭ دادام بولغان بولسىمۇ شۇنداق ئاتاتتى سەن پور كۆتەكنى» دەپ ئويلىدى بالا ئىچ ـ ئىچىدىن شادلىنىپ. يىقىلغان سېمىز ئادەم مەيدانغا چۈشكەندىلا ئۇنىڭ كۆزىگە سىغماي قالغانىدى. «چوڭ دادام بولسىدى... مۇشۇنداق كۆرەشلىگەن چېغىدا چوڭ دادام بولغان بولسا...» دېگەندى بالا ئۇنى كۆرۈپلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مەرھۇم چوڭ دادىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممىگە قادىر، يېڭىلمەس ئادەم ئىدى. خۇشال بولغاندا، قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەندە ھامان ئۇنى ئەسلەيتتى...

ئۇنىڭ دىققىتى تۇيۇقسىزلا سېھىرگەرنىڭ بىگىز بارمىقىغا مەركەزلەشتى. ئېگەر سوقۇشتۇرۇش ئويۇننى كۆرسىتىپ بولغان سېھىرگەر بىگىز بارمىقنى قوۋۇزنىڭ ئۇ تەرىپىدىن تىقىپ، بۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى.

— مانا ئەمىسە جامائەت، كۆرمەي قالدىم دېمەڭلار، مانا تىقتىم قولۇمنى، مەندىن ۋەھىمە يېمەڭلار! مەندىن ۋەھىمە يېمەڭلار... مەندىن ۋەھىمە يېمەڭلار!

سېھىرگەر شۇنداق دېگىنىچە بىگىز بارمىقىنى ئۇڭ قوۋۇزىغا پاتۇرۇشقا باشلىدى.

— يا ھەزرەت، تۇم كارامەت ئىگىسىكەن جۇمۇ.

ــ توشقان سوپىكەن دېسىلە.
ــ راست، ھەقىقىي دەرۋىشكەن.
جامائەت بىردىنلا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. ئۇلارچە كامالەتكە يەتكەن سوپى، دەرۋىشلەرلا مۇشۇنداق مۆجىزە كۆرسىتەلەيتتى. مۆجىزە كۆرسىتىشكە قادىر بولسىلا، سوپىمۇ، دەرۋىشمۇ ئوخشاش ئىدى.
«چوڭ دادام بولغان بولسا، بۇنىڭدىنمۇ قالتىس كارامەتلەرنى كۆرسىتەتتى» دېگەننى ئويلاپ ئولتۇراتتى مېيىپ بالا باشقىلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ چوڭ دادىسىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىكار زات ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى، گەرچە كۆزى بىلەن كۆرۈش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ.
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ئەزىزلەر!
تۇيۇقسىزلا ئاڭلىغان بۇ ئاۋازدىن كىشىلەر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى ۋە ھەيران قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر دەرۋىش تىزىغىچە ئېگىلىپ، سالام بەجا كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ھەممە ھەيرانلىق، قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى.
ــ ۋەئەلەيكۇمئەسسالام ۋەرەھمۇتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ! كەلسىلە مېھمان!
بىرقانچە مويسىپىت ئۇنىڭ سالىمىغا تېزلا جاۋاپ قايتۇردى.
ــ قۇتلۇق كۈنگە ئۇلگۈرۈپ كەپتىمەن، تەقسىرلىرىم، ــ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى بايىقى دەرۋىش. ئۇنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرى تىتىلىپ، ساق يەرلىرى قالمىغانىدى، ــ خۇشالمەن... خۇشالمەن! ... مەرىكىگە بەرىكەت، نورۇزغا شادلىق ئاشنا بولغاي!...
كىشىلەر تۇشمۇ تۇشتىن مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى:

— يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن دەرۋىش ئوخشايدۇ. ئوبدان ۋاقىتقا ئۇلگۇرۇپ كەپتۇ. پېشانىسى ئوڭ ئىكەن.

— سوپى - دەرۋىش دېگەن كارامەت كۆرسىتەلمىسە، يۇرت ئاتلاپ چىقالمايدۇ. ئازراق ئويۇن قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ - ھە؟

— شۇنى دېسىلە، بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بەرگەن بولسا، خۇش بولۇپ قالاتتۇق.

— كارامىتى باردۇ - ھە؟

— راست، خېلى توشقان دەرۋىشتەكمۇ قىلىدۇ جۇمۇ...

ياش دەرۋىش ھەممىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك تەقسىرلىرىم، ھەر قايسىلىرىنىڭ دىلى تارتقان كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ قويۇش قولۇمدىن كېلىدۇ. شۇغىنىسى، ئالدى بىلەن بىر نەرسىنى سوراپ كۆڭلۈمنى توختىتىۋالسام دەيمەن. كەمىنە تولا يىراقتىن كەلدىم. چوغتالى ئەزىمنى ئەسلەپ كەلدىم، سېغىنىپ كەلدىم. ئارزۇ - ئارمانلاپ يۈرۈپ، مىڭ دىشۋارچىلىقلار بىلەن قۇتلۇق نورۇزغا ئۇلگۇرۇپ كەلدىم. مەقسىتىم ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى جانابلىرىنى زىيارەت قىلىپ، پىر - ئۇستاز تۇتۇش ئىدى. ئالدى بىلەن مېنى شۇل زاتى مۇبارەك بىلەن دىدارلاشتۇرغان بولۇشسىلا.

— خەۋىرى يوق ئوخشىمامدۇ بۇ دەرۋىشنىڭ.

— ۋاپات قىلغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن - دە.

دەرۋىش كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان گەپ - سۆزلەردىن چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھاللا ياندۇرۇپ سورىدى:

— نېمە؟ نېمە دېيىشتىلە؟ ھەزرىتى ھاجىمغا نېمە بولدى؟

— ئۇ ۋاپات بولدى.

— ۋاپات بولدى؟... قاچان؟ — تىترەك ئاۋازدا يېنىشلاپ سورىدى دەرۋىش.

— ئوزاقى يىلى.

— ئاھ خۇدا! — ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چۇقان سالدى، شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟... مۇمكىنمۇ؟ — دەرۋىش ياشانغان بىرقانچە كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ «مۇشۇ گەپ راستمۇ تەقسىر؟» دەپ يېنىش ـ يېنىشلاپ سورىدى. ئۇ «ھاجى خەراباتى تېخى ھايات» دېگەن گەپنىڭ چىقىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىمدىن بۇنداق سادا چىقمىدى. ئەكسىچە، ھەممىسى «ھەق راست» دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، مۆمىنلەرچە جاۋاب بېرىشتى. دەرۋىش ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ـ ئاھ، بىۋاپا دۇنيا!... ئاھ رەھىمسىز تەقدىر، يىرگىنىشلىك پانىي! ...

ئۇ ئۆلۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، باقىيلىقنىڭ ئەبەدىيلىك قارارگاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، بارلىق رەزىللىكنى... ھەتتا ئۆلۈمنىمۇ پانىي (بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى ئالەم) نىڭ گۇناھى دەپ قارىماقتا ئىدى.

— تالاي يىللاردىن بۇيان شۇنچە ئارزۇلىدىم، ئۇ شۇل ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈش زىنھار نېسىپ بولمىدى. تەقدىر ئىرادە بىلەن مىڭ ھەرەجلەردە ئاياغ بېسىپ كېلىۋېدىم، ھەزرىتىم ئۆز دىدارىنى كۆرسەتمىدى. مەن دىل كۆزۈم كور بەندە ئىكەنمەن. بۇنىڭدىن ئىككى يىل مۇقەددەم ۋاپات ئەتكەن مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ خەۋەرسىز قاپتىمەن. سېغىنىپتىمەن ـ يۇ، ھېچنىمىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن. بۇ قەدەر ئىش بولارىنى سەزگەن بولسام، يۇرت ـ يۇرتلاردىكى مازارى ـ ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىشنى قويۇپ، ئۇدۇل مۇشۇ تامان يول ئالماسمىدىم! ... ئاھ ھەزرىتىم، مەن ئۆزلىرىگە شاگرىتلىققا يارىمايدىكەنمەن. مەن ۋاپاسىز ئىكەنمەن، رويى سىياھ ئىكەنمەن!...

دەرۋىش تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلاپ، پېشانىسىنى شورلۇق يەرگە ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

مويسسپىتلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ياش تۆكۈشتى. پورۇقشۇپ قايناۋاتقان قازاندەك ۋاژىلداپ كېتىۋاتقان مازار بىردىنلا ھەسرەتلىك تۇسكە كىردى...

— بۇ مېھمان خەراباتى ھاجىمنىڭ قەبرىسىنى بولسىمۇ كۆرۈۋالغان بولسا بوپتىكەن.

— راست، قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويىلى بۇ دەرۋىشكە.

جامائەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان دەرۋىش چاچلىرى سالۋاراپ تۇر- غان بېشىنى تىككىدە كۆتۈرۈپ، ئەتراپتىكىلەرگە ئىلتىجالىق تىكىلدى:

— قەبرە؟!... توغرا، قەبرە! ھەزرىتىمنىڭ قەبرىسى نەدە، تەقسىرلىرىم؟ زاتى مۇبارەكنىڭ قەبرىسىنى بولسىمۇ كۆرەي، ئۇ شۇل قەبرىنىڭ تۇتىيا توپىسىنى كۆزلىرىمگە سۇرەي!

مويسسپىتلار دەرۋىشنى تېخى يېڭىلا ياسالغان ھەيۋەتلىك بىر مەقبەرە ئالدىغا باشلاپ كەلدى. مەقبەرە يۇزىگە لايدىن قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان، مېھراب شەكىلدىكى نەقىشلىك رامكا ئىچىگە بىرقانچە ئايەت ۋە مەرھۇمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى يېزىلغانىدى.

دەرۋىش مەقبەرىگە يېزىلغان خەتلەرنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، مىڭ تەسلىكتە ئوقۇپ تۈگەتتى - يۇ، ھېقىقىداپ يىغلىغىنىچە قەبرە ئالدىغا «پالاققىدە» يىقىلدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان، ھارغىن كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئەلەملىك ياشلار چىگىش ساقىلىنى نەمدەپ باراتتى. تارشىدەك قاتقان بارماقلىرى ئۇلۇغ زاتىنىڭ قەبرىسىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تېخىمۇ يېقىن ئېلىپ كەلمەكچى بولغاندەك شورلۇق تۇپراقنى مەھكەم قامالايتتى. ئاشۇ قامالغان مۇبارەك تۇپراقتا ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مۇخلىسىنىڭ نەپەس ۋە يۇرەك تىۋىشلىرى سىڭىپ، كۈچ - كۆسۈنگە تولغان ئوتلۇق كۆكرىكى پېتىپ باراتتى...

# يېڭى شەيخ

شۇ كۈنى ھاجى خەراباتى قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىغان دەرۋىشنىڭ ئىسمى سۇلايمان بىننى سېيت بىننى ھېيت سەرداھى ئىكەنلىكىنى كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلىپ كېتىشتى. ئۇلار قولاقتىن - قولاققا كۆچۈپ يۈرىۋاتقان شۇنداق گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ ئۈلگۈرگەندى: بۇ غەلىتە دەرۋىش خەراباتى قەبرىسىنى شۇ بىر قۇچاقلاپ ياتقانچە 15 كۈن ئورنىدىن قوپماپتىمىش. بۇ دەرۋىش خەراباتى قەبرىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ يېتىپ، كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنمىش. خەراباتىنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ياتقانمىش...

سېھرىي - كارامەتلەردىن باشقىسىغا ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئاددىي سۆزلەر قېتىدىنمۇ سېھرىي مەنە ئىزدەپ كۆنۈپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاڭلىغان سۆزلەر قولاقتىن - قولاققا ئۇلاشقانسېرى غارايىپ مەزمۇنلارغا شۇنچە تويۇنۇپ باراتتى...

دەرۋىش خەراباتى مەقبەرىسى يېنىغىلا جايلاشقان ئېتىكاپخانىدا ئۈن - تىنسىز ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خەراباتىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈن ياتتىم، ئېتىكاپتا ئولتۇرغىلى ئۇزۇن بولدى، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا زادىلا چولىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، پۈتكۈل ئەقىل - ئىدراكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزى شۇڭغۇپ كىرگەن روھىي ئالەم قېتىدىن ئارزۇسىدىكى پىكىر ۋە سىمالارنى قېدىرىپ

تېپىش ئىدى. جىمجىتلىق ۋە تەنھالىق بەخش ئەتكەن تەسەۋۋۇر ھەم ئۇ تۇغقان پىكىرىي مۇكەممەللىك ئۇنىڭ قەلب كۆزىنى بارغانسېرى روشەنلەشتۈرۈپ باراتتى. سۈكۈت ئۇزارغانسېرى ئۇ شۇڭغۇپ كىرگەن ئالەم شۇنچە كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىرگەن ئاشۇ چەكسىزلىكتە، تېخىمۇ چوڭقۇر پىكرى جاۋاھىرات قاتلىرىدا... ئۇ ئىزدىگەن دۇردانە ئۇچقۇنلىرى غىل - پال چاقناپ تۇرىۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنىمۇ چوڭقۇرلاش، زىنھار چېكىنمەسلىك كېرەك ئىدى. شۇنچىكى، مىسقال ئارقىغا يېنىش ھەممىنى باشتىن باشلاشقا ئېلىپ باراتتى. بۇ تولىمۇ خەۋپلىك مەغلۇبىيەت ھېسابلىناتتى. ئېنىقكى، بۇ سەرداھى - يېتىم بالا يەنە ئەقىدىسىزلىك، بوشاڭلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ھال مۇكەممەلسىزلىك بىلەن تۈگەللىنەتتى!...

كىشىلەر بۇ دەرۋىشنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىقى توغرىسىدىمۇ كارامەتلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ يۈرۈشتى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ھەممە ئۇ ھەقتىكى سېھرىي كارامەتچىلىككە دائىر ھېكايىلەرنى ئاڭلاش ۋە تارقىتىشقا خۇشتار بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. بىرلىرى، «سىيىت دەرۋىش مۇنداق قىپتۇ...» دېسە، يەنە بىرلىرى، «ھېيت دەرۋىش مۇنداق دەپتۇدەك...» دېگەندەك جۇملىلەرنى ئاڭلاپ يەتكۈزىشەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرىۋاتقىنىنى ھېچكىم يامان ئىش دەپ قارىمايتتى. ئۇلارچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش — ھاجى خەراباتىنى سېغىنىش، تاۋاپ قىلىش ۋە ساۋاب تېپىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش سانىلاتتى. مۇشۇ بىر ئىككى يىلدا خەراباتى مازىرىنى تاۋاپ قىلىمەن دەپ تالاي سوپى، دەرۋىشلەر كېلىپ ياندى. قېنى قايسىسى مۇشۇ دەرۋىشتەك ئۇزاق ئولتۇرالىدى؟ قايسىسى مۇشۇنچىلىك ساداقەت بىلدۈرەلىدى؟...

بۇ بەك ئۇلۇغ دەرۋىشكەن، ھاجى خەراباتنىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىكەن!

ھەممە شۇنداق مۇلاھىزە قىلىشاتتى. كىشىلەر قىزغىن مۇلاھىزە قىلىشىۋاتقان مۇشۇ دەملەردە، دەرۋىشمۇ جىمجىت مۇلاھىزە دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قۇشلىرى تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، پىكىر يوللىرى ئېچىلىپ، ئەقىل - ئىدراك، تۇيغۇ - توسالغۇلىرى بوشاپ، ئۆزىنى قويۇۋەتكەندى. ئەمدى ئۇ ئۆزى كۈتكەن چەكسىزلىككە توسالغۇسىز ھالدىلا كېتىپ باراتتى... ئاھ، تۇنۇگۇن!... ئىنسانىنى ھەر كويغا سالىدىغان بۈگۈن!... ئەنە، جەررە سېلىۋاتقان دەرۋىشلەر دۇنياسى، ئالتۇنلىرىم، چىھىلتەنلىرىم... ئاشۇ ئۇلۇغ مازارلار قويىنىدىن كۆلۈپ ۋە مۆڭلىنىپ قوپۇۋاتقان شېھىتلەر سىماسى... ئۇشبۇ مازارنىڭ پەخرىي - غۇرۇرى بولمىش مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى ھەزرەتلىرى! ... ئاھ، ئۇلۇغلىرىم!...

ئۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى. ھاجى خەراباتى مەقبەرىسىنى قۇچاقلاپ ياتقان كۆنىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ تەپەككۇر كۆزىدە سەكرەش خاراكتېرلىك روشەنلىك سېزىلمەكتە ئىدى. ئىلگىرى كۆرۈنمىگەن شېھىتلىك دەرگاھىدا باقىيلىق ھۆزۈرىنى ئەسىرلەپ سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ غايىب سىمالارنى كۆرۈپ، سېزىلمىگەن مۇبارەك روھ دەۋەتلىرىنى سېزىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ تېخى تەنھا تەپەككۇرنىڭ تۇنجى تۇغۇندىلىرى ئىدى. بىلىپ تۇراتتىكى، ئۇ يەنە چوڭقۇرلايتتى. تەپەككۇرنىڭ چەكسىزلىككە تۇتاشقان بوشلۇقلىرىغىچە چوڭقۇرلىيالايتتى. ئۇ چاغدا يەنە ئۇ زارىققان نۇرغۇن نەرسىلەر ئايان بولاتتى! يېشىلمىگەن سىر - ئەسرالار يېشىلىشى، تۇتۇق بەرمىگەن مەنىۋى كامالەت مەنزىلىمۇ ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىشى مۇمكىن ئىدى!

ئۇ يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلىپ يەتتىكى، ئاتۇش، قەشقەر،

يەكەن، قاغىلىق... ھودۇدلىرىدىكى مۆمىنلەرنىڭ «ئاق تاغلىق» ياكى «قارا تاغلىق» مەزھەپ قارىشىغا سىڭىشتۇرغاندا، چوغتالى ئەزىم ئاقسۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھەپ چەك - چېگرا قارىشى سۇس ئىكەن. بىر قىسىم مۆمىنلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ قايسى مەزھەپكە تەۋە ئىكەنلىكىنىمۇ دەپ بېرەلمەيدىكەن. ئۇلار ئۈن - تىنىسىز، دەۋايى - دەستۇرسىزلا مۇسۇلمانچىلىق پەرزلىرىنى ئادا قىلىۋېرىدىكەن. مەسچىتلىرى «ئاق تاغلىقنىڭ» ياكى «قارا تاغلىقنىڭ» دەپ ئايرىلمايدىكەن. يەكەن، قەشقەر مۆمىنلىرىدەك ناماز ئوقۇلۇپ بولغان ھامان ئۆز ئىماملىرىغا ئەگىشىپ قارشى مەزھەپتىكىلەرنىڭ مەسچىتلىرىدىن چىققانلارنى «كاپىر» دەپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈشمەيدىكەن. مەزھەپ دەۋاسى قىلىشىپ بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىدىغان، پىچاق تىقىشىدىغان... ئىشلارنىمۇ كۆپ كۆرگىلى بولمايدىكەن. بۇلاردا يەنە شۇنداق بىر ئادەت بار ئىكەنكى، غېرىب - مۇساپىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشنى ساۋاب تېپىشنىڭ ئەڭ ۋەزنىلىك جۈملىلىرىگە كىرىدىغان خاسىيەتلىك ئىش دەپ بىلىدىكەن. يېتىم - يېسىرلارغا تۆردىن ئورۇن بېرىدىكەن. ھېچيەرگە سىغمىغان تۇرلۇك غەرەزدىكى كەلگۈندىلەرمۇ ئۇشبۇ دىيارغا باش تىقىپلا ئۆزلىشىپ كېتىدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ۋە مېھماندوست ئىكەن. ياقا يۇرتلاردىن قاچقىپ چىققانلارنى زادىلا يەكلىمەي، ئۆز قوينىغا ئالىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەردە باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ يەرلىشىپ قالغانلار كۆپ ئىكەن. ئۇلار يەرلىك كىشىلەردىنمۇ باياشات ئىكەن...

قەشقەر، يەكەن ۋە قاغىلىقلاردا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. سىرتتىن بارغانلارنى ئاسانلىقچە قوينىغا ئالمايتتى. ھەتتا، بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دېگەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كېتىپ، بىر - بىرى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشقان ئەھۋاللار كۆرمىڭ... لېكىن بۇ قانداق يۇرت؟

ھەر بىر مۆمىن مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مەزھەپ تەۋەلىكىنى ئېنىق ئايرىش زۆرۈر بولغان مۇشۇ دەۋردە، ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەر ساماندەك يىغىلغان بۇ يەردىن قانداق قىلىپ ھەزرىتى ھاجىمدەك بۈيۈك زاتلار چىقتى؟ ئۆزىنىڭ مەزھەپ ۋە پىر ـ ئۇستازىنى دەپ بېرەلمەيدىكەنۇ، ھەممە كىشى سوپى ـ دەرۋىشلەرنى بەكلا ئۇلۇغلايدىكەن. بۇ قانداق مەنتىقە؟ زادى نېمە خاسىيەت بار بۇ يۇرتتا؟!...

دەرۋىش تىنىمسىز تەپەككۇر قىلاتتى، سوئال قوياتتى، جاۋاب ئىزدەيتتى... ئۇنىڭ پىكرى قۇرغۇيىارلىرى[1] قانات قېقىپ ئۆتمىگەن بوشلۇقلار قالمىغانىدى. ئۇ بەزى جايلاردىن «پۇر»لا قىلىپ، بىر تىنىق ئارىلىقىدىلا ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بەزى نۇقتىلارغا سايە تاشلاپ كېتەتتى. يەنە بەزى سېھىرلىك بوشلۇقلاردىن ئەگىپ كېتەلمەيتتى. ئۆلۈم باقىي، پانىي؛ ئەقىدە، روھ ۋە كامالەت... قىسقىسى، ئىنسان ئۆمۈرلۈك مەنىۋىيەت سەپىرىدە ھامان بىر كۆرۈپ ۋە بېسىپ ئۆتىدىغان روھىي جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرۋاز بوشلۇقى ئىدى. ئۆزى تەلپۈنگەن بۇ قارارگاھ تىنىچ قوينى ئارقىلىق، ئۇنىڭغا چەكسىز ئۆرلەش ۋە چوڭقۇرلاش پۇرسىتى بېرىدىغاندەك تۇراتتى.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تەپەككۇر ئالىمىنىڭ «كۆز يەتكۈسىز» قىرغاقلىرىدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەيتتى، ئىلگىرىلىشى كېرەك ئىدى! خىيالىدا، چۈش ۋە ئويغىنىمۇ شۇنى ئىستەيتتى. تەپەككۇر قەدەملىرى تېزلىشىپ، تەلپۈنگەن مەنزىللىرى يېقىنلاشقانسېرى ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ باراتتى. ھە دېسىلا رېئاللىق بىلەن خىيالى دۇنيانى ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭچە بولسا، خىيالىي دۇنياسىغا سىغدىلىپ

---

① مۇشۇ دەرۋىشنىڭ ئادەت سۆزلىرى بولۇپ، پىكىر قۇشى، پىكىر قۇشى دوستى دېگەنلىك.

كىرىۋالغان پانىي تەسىراتلىرىنى بىر ئامالىلار قىلىپ سىقىپ چىقىرىۋەتسە ياخشى بولاتتى. لېكىن، قاچقانسېرى ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايۋاتاتتى. روھىي ئالەمنىڭ ئەڭ يىراق بۇرجىكىگە بېرىۋالغان ھالەتتىمۇ رېئاللىق تەسىرىنىڭ سايە بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى سېزەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدا روھىي دۇنياغىلا خاس بولغان پاك تۇيغۇ يوق ئىدى. «پاكلىنىمەن» دەپ تىرىشقانچە ھەممە ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى: ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن، كەلگۈسى بىلەن چۈش، رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇر، خىيال بىلەن ۋىسال...

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!»

ئۇ تەپەككۇر دۇنياسىدىكى دادىل قەدەملىرىنى توختىتىپ، ئاڭلاش سېزىملىرىنى قەلبىنىڭ «ئەڭ سەزگۈر نۇقتىلىرىغا» يىغدى. ئاۋاز سىرتتىن، يىراق ئۆتمۈشتىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. قەبرە ئاستىدىن ـ يەرنىڭ قات ـ قېتىدىن چىقىۋاتقاندەكمۇ بىلىنەتتى.

«قەبرىدىن چىقىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق ئاۋازلارنى كۆپ ئاڭلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. «بەلكىم، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ ئاۋازىدۇر. ئول زات گۈل ـ گىياھ، تاش ـ تۇپراقلار... بىلەنمۇ شېرىن زۇۋاندا مۇلاقەت ئېلىپ بارالايدىغان ئەۋلىيا ئەمەسمىدى؟ راست، ھەزرىتىمنىڭ ئاۋازى!...» ئۇ شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش بىلەن تەڭ ھېلىقى ئاۋاز يەنە بىر رەت ئاڭلاندى. بۇ ھال ئۇلۇغۇشكۇنمۇ يۈز بەرگەنىدى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!»

ھازىرقى تەلەپپۇزغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئاۋازدا ئاڭلىغانىدى ئۇ بۇ مۇبارەك ئاۋازنى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـ ئىككىلەنمەيلا جاۋاب قايتۇرغانىدى ئۇ. «غايىبتىن قىچقىرىپ قالسا، ھە دېمىگىن» دەيتتى ئانىسى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا. لېكىن، ئەمدى ئۇ بۇ

گەپلەرگە ئېرەن قىلماس بولۇپ قالغانىدى، ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ئۇلاپلا يەنە بىر تەكرارلىۋەتتى ئۇ، ـ مەن كەلدىم جانابلىرى... يىراق يۇرتتىن سىلىنى زىيارەت ئەيلەپ كەلدىم.

«قەدەملىرىگە مۇبارەك!»

مۇشۇنداق بىر سادا كەلدىمۇ ياكى دەرۋىشكە شۇنداق بىلىنىپ قالدىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. يۈرەكلىرى ھاياجاندىن تېپچەكلەپ، سىغىنىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ھاجى خەراباتىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ، ئۇزاقراق مۇلاقەتتە بولغۇسى كەلدى.

ــ رەھمەت! رەھمەت، ھەزرىتىم!

ــ مەن باقىيدا ئېرۇرمەن، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرىنى مازارى ـ بۇزرۇكگاھقا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بېسىشلىرىدىكى ۋەج نېمىكىن ــ شۇنداق دېگەندەك بىلىندى دەرۋىشكە.

ــ ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىش... تاۋاپ قىلىش، ــ ئالدىراپ جاۋاب بەردى دەرۋىش.

ــ ھەي! ... ئۆزۈم شېھىت، ئۆزۈم شەيخ!... يەرنىڭ تەك ـ تېگىدىن زارلانغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى دەرۋىشكە.

ــ ھەزرىتىم، بۇ ...

دەرۋىش چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىكاپخانىدا ئىكەنلىكىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇنچە تىرىشچانلىق بىلەن ياراتقان تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئالىمىدىن ئاجراپ چىقالمىدى. ھېلىقى ئاۋازنىمۇ قايتا ئاڭلىيالمىدى. ئۇنى قايتا ئاڭلاش ئۈچۈن بەلكىم يەنە نەچچە ھەسسە تىرىشىپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، روھىي دۇنيانىڭ قات ـ قېتىغا شۇڭغۇش كېرەكتۇر ۋە بەلكى ھەممىنى باشتىن باشلاش كېرەكتۇر!

ئۇ ئىشتىشكە زارىققان ئاشۇ ئاۋاز بوگۇن يەنە

ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەمدى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە، بىپەرۋالىق قىلىشقا زادىلا بولمايتتى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!»

مانا ئەمدى ئۇ بۇ ئاۋازنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى. شۇغىنىسى بۇ ئاۋاز قەبرە ئاستىدىن ئەمەس، سىرتتىن، ئارقا تەرەپتىن قانداقتۇر بىر قەدەم تىۋىشىگە قوشۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. «بۇ قانداق گەپ» دېگەننى ئويلاپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— ئازراق غىزا يەۋالسىلا، تەقسىر.

دەرۋىش چۆچۈپ ئارقىغا بۇرۇلدى. مۇشۇ يەرگە قەدەم باسقان كۈنىدىن باشلاپ، ئۆزىگە ئاش - تاماق ئەكېلىپ بېرىۋاتقان چاۋار بوۋاي بىر ھېجىر كوزىنى تۇتقىنىچە ئېتىكاپخانا ئىشىكىدە قاراپ تۇراتتى.

باشقا ئادەم بولغىنىدا، مۇشۇ بوۋايدىن باشقىسى مۇشۇنداق قىلغىنىدا ئىدى، ئېتىكاپخانىغا باستۇرۇپ كېلىپ، تەستە قولغا كەلگەن تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكىنى ئۈچۈن، ئۇنى تىللاپ، قارغاپ، بۇرنىدىن بۇلاق چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. لېكىن، بۇ زاتنى ئۇنداق قىلغىلى بولسۇنمۇ؟ قىلالمايدۇ! شۇنداق قىلماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ياشانغان كىشى ئىكەنلىكى. تۇز - تائام بېرىۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ياۋاش - يۇمشاق بولغىنىغا باقماي، مۇڭداشقاق كەلگەن بۇ بوۋاينىڭ ھەزرىتى ھاجىم بىلەن ئەسرالىشىپ ئۆتكەن تەۋەررۇك زات بولغانلىقى ئىدى.

— كەلسىلە، كەلسىلە.

ئۇ شۇنداق دېگەچ، ئېتىكاپ سۇپىسىدىن چۈشۈپ، ساقلاپ تۇرغان بوۋاينىڭ ئالدىغا چىقتى. بىلىپ تۇراتتى، ئېتىكاپتىن ۋاقىتسىز قوزغىلىش ئۇنىڭ روھىي ئىزدىنىش سەپىرىدىكى ناھايىتى ئېغىر بەدەل، ئازابلىق قۇربان بېرىش ئىدى. ئۇ مۇشۇ

بىر سەۋەنلىكى ئۈچۈن ھەممىنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. باشتىن باشلىغان ھالەتتىمۇ، ھېلىقىدەك پىكرى چوڭقۇرلۇق مۇھىتىغا ئۆلىشىش، ھەزرىتى ھاجىم بىلەن سىر داشقۇدەك پەللىگە يېتىش قىيىن، بەكمۇ قىيىن ئىدى.

— سىلىنى بىھۇدە قوزغاپ قويدۇم تەقسىر، — دېدى بوۋاي دەرۋىشنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك ئۆزرە سوراپ، — ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن.

— ھېچقىسى يوق...

— دىققەتلىرىنى چېچىپ، بېزىرىپ تۇرۇشۇمدا... — شۇنداق دېدى بوۋاي سەل ئىككىلىنەنگەندەك بىر ھالەتتە، — ئۆلۈشكۈن ھەم تۈنۈگۈن ئەكەلگەن غىزالارنى شوكۇم قىلماپتىلا، باشلىرىدا قاراپ تۇرۇپ، يەپ بولغاندىن كېيىن كېتەي دېسەم، ئېتىكاپلىرىنى بۇزغۇم كەلمىدى. «ئۆزى يە» دەپ قويۇپ كەتسەم... ھە، ئەتىگەن ئېلىپ كەلگىنىممۇ جايىدا تۇرۇپتۇ مانا. شۇڭا، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، سىلىنى... — بوۋاي گۇناھكار ئادەمدەك كۆزىنى دەرھال دەرۋىشنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قاچتى ۋە بېشىنى ئېگىپ، يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— رەھمەت!...

دەرۋىش شۇنداق دېدى ـ دە، بوۋاينىڭ قولىدىكى كوزىنى قوش قوللاپ ئالدى. ئۆمرىدە بىرەرمۇ پەرزەنت كۆرەلمىگەن بۇ بوۋاي كېسەلچان مومىيى بىلەن تەستە كۈن ئېلىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭغا كۈندە دېگۈدەك تاماق توشۇيتتى.

— خەراباتىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىك ـ ماڭا ھۆرمەت قىلغانلىق، — دەيتتى بوۋاي دەرۋىش بىلەن ئازراق سىردىشىش نېسىپ بولسىلا، — ئول زات مېنىڭ سىردىشىم ئىدى. غەمگۇزارىم ئىدى...

دەرۋىشنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ بەللىرى مۈكچەيگەن، قەددى پۈكۈلگەن بۇ بوۋاينىڭ ھاجى

خەراباتىغا بولغان ئىخلاس ۋە ساداقىتىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولغانىدى. ھەممە ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ دۇنيادا بۇنچىلىك ئەقىدە ئىگىسىنى تېپىش ئاسانمۇ؟

ھاجى خەراباتىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ دوست ـ سىرداشلىرىنى كۆرەلىگىنى ئۈچۈن، ئۆزىنى يەنىلا بەختلىك سانايتتى دەرۋىش. ئۇشبۇ بوۋاي شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. دەرۋىش ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە، ھاجى خەراباتىنى كۆرگەندەك، ئايانچىلىق ئاۋازىنى ھەر ئاڭلىغىنىدا، ھاجى خەراباتىنىڭ مۇبارەك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى. ھەتتا ھاجى خەراباتى بىلەن يېقىن ئۆتكەن بۇ بوۋاينىڭ چىرايىنىمۇ ئاشۇ ئۇستازنىڭ چىرايى بىلەن ئوخشاش قىياس قىلاتتى.

«ئاددىي بولسىمۇ، مۇشۇ ئېتىكاپخانىنى مەن سالدۇرۇپ قويدۇم» دېگەنىدى بوۋاي، ئىككى ھەپتە ئىلگىرىكى بىر پاراڭدا، خەراباتى قەبرىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بوشلۇققا ـ بىرنەچچە قەدەم نېرىسىغىلا سېلىنغان كىچىككىنە لەمپىلىك، تار، قوپال سۇۋالغان سۇپىنى كۆرسىتىپ «بۇنىڭدىن بەلەن قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمىدى، قىلماسلىققا كۆڭلۈم تېخى ئۇنىمىدى، نە ـ نەلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر يامغۇر ـ يېشىندا ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلىپ كېتىپ بارىدۇ. تۇرۇپ ئىزا تارتىپ قالدىم. يۇرتىمىزدىن چىققان بۇ ئۆلىمانىڭ قەبرىسىنى كىشىلەر شۇنچە ئۇزۇندىن كېلىپ تاۋاپ قىلسۇنۇ، بوران، يامغۇردا ئولتۇرسۇن، بۇ بىزگە سەتكەن... قەبرىنىغۇ جامائەت ئۆتكەن يىلىلا ھە ـ ھۇ بىلەن پۈتكۈزۈۋەتتى. كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، ئۇنى ناھايىتى ئېسىل سالدى. ئەمدى يەنە ئېتىكاپخانا سالساق دېيىشكە تىلىم بارمىدى. بىلىلا، جامائەتنىڭ يۈكىمۇ بەك ئېغىر. ئالۋان ـ ياساقلار يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، ئېسەنگە ھاجى خەراباتى نامىغا چوڭ بىر خانىقا سالىمىز دېيىشىۋاتىدۇ ئۇلار. شۇڭا، ئېتىكاپخانا ئىشىدا

ھېچكىمگە مەسلىھەت سالمىدىم. ھەممە ئوبدان بولۇۋاتىدۇ. لېكىنزە...» نېمە دېمەكچى ئىدىكىن، گېپىنىڭ ئاخىرىنى شۇنداق ئەپسۇسلۇق ۋە خورسىنىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانىدى بوۋاي شۇ چاغدا. دەرۋىش بۇ خورسىنىشنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغانمۇ بولار ئىدى ـ يۇ، لېكىن مىڭ تەسلىكتە بىر نۇقتىغا توگۇلگەن زېھنىي كۈچىنى چېچىۋەتكۈسى كەلمىدى. مانا بۈگۈن بوۋاي ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شۇ كۈندىكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل روھىي مۇئەممانى تاشلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇنى ئۇ بوۋاينىڭ ئۈن ـ تىنسىز سۆزلەپ تۇرغان مەنىگە باي كۆزلىرىدىن ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ــ كېچىدىن خەراباتى ھاجىمنى چۈشەپ قاپتىمەن، ــ دېدى بوۋاي، دەرۋىشنىڭ سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن. دەرۋىشمۇ داق يەردە ـ بوۋاينىڭ يېنىدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، كوزىدىكى ئاشقا ھازىرچە ئېغىز تېگىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ھەتتا «قورساق ئېچىش» دېگەننىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. بوۋاي بىرنەچچە قېتىم يۆتىلىپ قويدى ۋە دەرۋىشكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئايانچلىق بىلەن داۋاملاشتۇردى، ــ ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: مېنى تاشلىۋەتتىڭلار، قەبرەمنى يالغۇزتاشلاپ قويدۇڭلار... ھەر قېتىم ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە، قەبرە ئاستىدا قورقۇپ، تىترەپ كېتىمەن. بوران چىققاندا، تەۋرىنىپ ياتالماي قالىمەن دەۋاتقۇدەك...

ــ شۇنداقمۇ؟!...

سوئالىمۇ، جاۋابىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى دەرۋىش. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭ باغلاپ پىكىر قىلىشقا ماھىر نېرۋىلىرى ھەرىكەتكە كەلدى: راست، قايسى كۈنى قەبرە ئاستىدىن ئاڭلانغىنىمۇ بوۋاينىڭ

چۈشكە ئوخشاپراق كېتىدىغان سادا ئەمەسمىدى؟ شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدىكى ئەپسۇسلۇق ئەمەسمىدى؟ «ئۆزۈم شېھىت، ئۆزۈم شەيخ» — بۇ دەل ھاجىمىنىڭ باقىيدا شېھىت بولۇپ تۇرۇپمۇ مازارىمغا ئۆزۈم قاراۋاتىمەن، دېگىنى بولماي نېمە؟ ئۆزۈم قاراۋاتىمەن دېگەن گەپتىن، قارىغىلى ئادەم يوق، دېگەن مەنە چىقامدۇ. ئۇنىڭ يەنە، پانىيدىكى سىر دېشىنىڭ چۈشكە كىرىش يولى بىلەن «مېنى تاشلىۋەتتىڭلار!» دېگىنى، مېنىڭ ئاڭلىغىنىم بىلەن مەنىداش سادا ئەمەسمۇ؟ بۇ بولماپتۇ. ھەزرىتىم ھەقىقەتەن غېرىبسىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ روھى قورۇلۇپتۇ. ئۇنى بۇ ھالەتتە تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ!

— بۇ مازاردا بىرەرمۇ شەيخ يوقمۇ، ئاقساقال؟ — بىر ھازادىن كېيىن شۇنداق سورىدى دەرۋىش.

— جانابلىرى كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، مازاردا يېتىپ تۇرۇپ قارايدىغان شەيخ يوق. ھەپتە - ئون كۈندە، ئازنا - پەيشەنبىلەردە بىرەر قېتىم كېلىپ قويىدىغانلار بار...

— شۇنىمۇ شەيخ دېگىلى بولامدۇ، تەقسىر؟ — سەل ئاچچىقلانغاندەك سۆزلىدى دەرۋىش.

— ئەمدى... ئەمدى... پىداكار چىقمىسا ھېچنېمە دەپ بولمايدىكەن، ئىلگىرى بىر شەيخ بولىدىغان. شۇ كىشى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، مازاردا يېتىپ تۇرۇپ قارايدىغان شەيخ چىقمىدى. مەن تېخى قېرىپ قالدىم...

چاندۇرمىغىنى بىلەن، بوۋاي دەرۋىشنىڭ سەزگۈرلىكىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەرۋىشكە دېگۈسى كېلىپ، دېيەلمىگەن، ئىغىزىدىن چىقىرالمىغان گېپىمۇ مۇشۇ ئىدى.

— بۇ بولمىغىنى، — دېدى دەرۋىش خاپىلىق ئارىلاش بىر تەلەپپۇزدا، — بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سىلىنىڭ ماڭا دېمەكچى بولغانلىرىمۇ مۇشۇ گەپ، ئاقساقال، دېمىسىمۇ، شۇنچە ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ مازارىدا شەيخ بولمىسا...

— راست، تاپتىلا، جانابلىرىغا دېمەكچى بولغىنىممۇ شۇ ئىدى ئەمدى. ئەمما، لېكىن...

ھەر ئىككىيلەن جىمىپ قېلىشتى.

بوۋاي ئېنىقكى، بۇ يېشىدا شەيخ بولالمايتتى. ئەمدى يېشىمۇ، ئىخلاس — ئەقىدىسىمۇ باب كېلىدىغان ئۇششۇ دەرۋىشچۇ؟ ئۇ شۇنچە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ كەلگەنگە يارىشا، ھەزرەتكە، ئۇنىڭ روھى ئۈچۈن بولسىمۇ نېمە ئىش قىلىپ بەردى؟ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ھەممىلا كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەقەللىي ئىشقۇ. مۇشۇ ئەزىز يۇرتقا قەدەم بېسىپ بولغۇچە تالاي دىشۋارچىلىقلارنى تارتتى. ئامراق ئېشىكى ئۆلدى. ئىككى - ئۈچ يەردە قاراقچىلارغا ئۇچراپ، ئۇلارغا يارىغۇدەك مال - دۇنياسى بولمىغىنى ئۈچۈن قەتلى قىلىنغىلى تاس قالدى... مۇشۇ قەدەر ئېغىر كۈلپەتلەرنى تارتىپ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىتى تاۋاپ قىلىپ قايتىش، بىرنەچچە ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ يېنىشمىدى؟ راست، ھەزرەت ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالاتتى. ئۆمۈر بويى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بارلىق سېھىر - كارامەتلەرنى ئۆگىنەتتى. ھەزرىتىم ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۆگىتىپ قوياتتى. شۇندىلا ئۇ پۈتۈن ئادەم بولاتتى. سوپىلىقنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتىپ، شېئىرىيەت ۋە روھىيەت ئىلمىدە كامال تاپاتتى. ئاھ، يىتۈك، قالتىس ئادەم بولاتتى!... ئەمدىچۇ؟ ئارزۇلاپ - ئارمانلاپ ئىزدەپ كەلگەن ئۇستازىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپلا بەدەر قاچسۇنمۇ؟ ياق! بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! ھەقىقىي دەرۋىش زادىلا ئۇنداق قىلمايدۇ. بۇنداق قىلىش دەرۋىشلەر ئۈچۈنمۇ نومۇس. ئەمىسە قانداق قىلسۇن؟ ھەزرىتى خەراباتى ئۈچۈن ئېسىل قەبرە قاتۇرغان، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، پىكىر بايانلىرىنى ئاڭلىغان مۇشۇ تەلەيلىك ۋە خاسىيەتلىك ئادەملەرنى «شەيخ بولمۇدۇك» دەپ ئەيىبلەپ

قويۇپ كەتسۇنمۇ؟ بۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ! بۇنداق قىلىش تۇزكورلۇق، قارا يۈزلۈك!

دەرۋىش جىمىپ كەتتى. ئۇ ئېغىر سىناقتا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. كېلەر يىلى چوغتال جامائىتىمىنىڭ «ھاجى خەراباتى خانىقاسى»نى پۈتكۈزۈش غەرىزى بارلىقىنى ئۇ، ئاربلاپ تاماق ئەكىلىپ بېرىۋاتقان يەنە بىر كىشىدىن ئاڭلىغان. مەنمۇ تېگىشلىك كۈچ ـ ھەسسەمنى قوشۇپ، خانىقا تولۇق پۈتكەندىن كېيىن ئاندىن كېتەرمەن، دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. مانا ئەمدى ئەھۋال باشقىچە. «ئۆزۈم شېھىت، ئۆزۈم شەيخ...» ئېخ، بۇ گەپنىڭ ئېغىرلىقى. ئەمدى قانداق قىلسۇن، زادى قانداق قىلسۇن؟

— مېنىڭ تۇزۇم تارتىپ، رىزقىم مۇشۇ يەرگە چۈشكەن ئوخشايدۇ، ئاقساقال، — دېدى دەرۋىش بىر ھازالىق سۈكۈتتىن كېيىن، تولىمۇ مۇلايىم ئاۋازدا.

— بۇ... بۇ نېمە دېگەنلىرى ئەمدى؟...

— مەن قارار قىلىپ بولدۇم، ئاقساقال. مۇشۇ يۇرتتا ئەمدى ئۆمۈر بويى تۇرۇپ قالىمەن. مۇشۇ مازارغا شەيخ بولۇپ، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ قەبرىسىگە ئەبەدىي قارايمەن. تىرىكلىكىمدە يۈزىنى كۆرەلمىدىم. باقىي ئالەمدە بولسىمۇ ئۇستاز بىلەن بىرگە ئۆتەي، ئۇنىڭ يېنىدا ياتاي...

دەرۋىشنىڭ چاناقلىرىدا ياش لىغىرلىدى. ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بوۋايمۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى.

— ... سىلىنىڭ يۇرت... ئەھلى ـ مەھەللە... — تىترەك ئاۋازدا شۇنداق دېدى بوۋاي ۋە ھەر قانچە قىلسىمۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇ يەنە سۆزلىسە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى.

— ھەقىقىي دەرۋىشنىڭ يۇرتى بولمايدۇ... پۈتۈن ئالەم

ئۇنىڭ يۈرتى، — كېسىپلا شۇنداق دېدى دەرۋىش.

— مەن بۇگۈندىن ئېتىبارەن مۇشۇ مازارنىڭ مەڭگۈلۈك شەيخى. «يۇقىرىقى يار مازىرى» دەپ ئاتالغان بۇ مازارنىڭ نامىمۇ ئۇشبۇ سائەتتىن باشلاپ «ھاجى خەراباتى مازىرى». ھاياتلا بولسام، مازارنىڭ مۇشۇ نامىنى ئەل ئارىسىغا تارىتىمەن، ئاقساقال.

ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، شەيخ بولۇشقا ئەھدە قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن تەپەككۇر يولىمۇ بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھاجى خەراباتى ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇۋاق ھالىتىدە كۆرۈنەتتى. ۋاللەي ئوينىغان بالىلىق چاغلىرىنى كۆرسىتەتتى. كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق مەزگىلى گەۋدىلىنەتتى. ئۇ يەنە مۇدەررىس ئىدى. يېتۈك شائىر ۋە مۇنازىرىچىمۇ ئىدى... يېڭى شەيخ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەمدىكى كۆزىدە ھاجى خەراباتىنىڭ شېئىرىيەت، روھىيەت ۋە جادۇ ـ سېھرىيەت[1]... بابىدىكى كامالەتكە يەتكەن ھەم مۆجىزىكار سىيماسىمۇ ئايان بولماقتا ئىدى...

---

① بۇ يەردە ئۇنىڭ ھاجى خەراباتى توغرىسىدا ئاڭلىغان ئېغىزاكى ئۇچۇرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەراباتى سېھرىگەر بولغان ئەمەس.

# ئۇنتۇلماس ئەزان، خاسىيەتلىك سەھەر

مىلادىيە 1638 ـ يىلى فېۋرال.

تولىمۇ ئۇزاق بىلىنگەن كېچە ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ باراتتى، يىراق ـ يىراقلاردىن توخۇلارنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن قىچقارغان ئاۋازى كېلەتتى. ئۆيگە يېقىنلا يەردىكى يولدىن يولۇچىلارنىڭ ئاندا ـ ساندا يۆتىلىشلىرى، بىلىپ بولمايدىغان گۇڭگۇر ـ مۇڭغۇر پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. شۇنىڭغا قوشۇلۇپ، قەدەم تىۋىشلىرىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە يولدىكى مۇز بولۇپ قاتقان قارلاردىن كۈچلۈك غاچىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى...

بۇۋىنىيازخان تېخىمۇ قاتتىق ئىڭراشقا باشلىدى. تۈنۈگۈن نامازدىگەر ۋاقتىدىن باشلاپ تۇتقان تولغاق مانا ئەمدى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ئۇ تولغىناتتى، ئىڭرايتتى، يىغلايتتى. زادىلا بولالمىغاندا ئېچىنىشلىق ۋارقىراپمۇ قوياتتى. تولغاق ئازابى كېچىدىن بېرى ئۇنى مۇشۇ تەرۇزدە قىيناپ كەلمەكتە ئىدى. دەسلىپىدە ئۇزاقتا بىر تۇتقان تولغاق، ئەمدىلىكتە خۇددى جاننى ئالىدىغاندەك قاپساپ كەلدى. تېخى ھېلىلا ئاربىلاپ ـ ئاربىلاپ ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقان ئانا، شۇ تاپتا چىڭراق تىنىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتى. دېمەك، بالىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. «ئىتتىكرەك چۈشسە... نېمىلا بولسۇن يەرگە بىر چۈشسە» دەيتتى چالاھوش بولۇپ قالغان ئانا مىڭ تەسلىكتە پىچىرلاپ، لېكىن بالا تۇغۇلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. چىداپ تۇرغۇسىز ئاچچىق تولغاق شىددەت بىلەن

قىستاپ كېلەتتى.

ئابدۇللا مەزىن تېپىرلاپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇ تۇغۇلۇكتىن كۆرۈنىدىغان تونۇش يولتۇزغا قاراپ، بامدات ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بامدات ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى ئۇنىڭچە، تۇغۇتنىڭ تېخىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. نېمىشقا شۇنداق بولمىسۇن؟ بامدات تاڭ يورۇغىلى تۇردى دېگەنلىك. بۇ ۋاقىتتا ھەتتا مەسچىتكە بارمايدىغانلارمۇ ئورنىدىن قوپۇپ بولۇشىدۇ. ھەرىدەك ئۆي ـ ئۆيلىرىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىشىۋاتقان، ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ھەريان چېپىشىپ يۈرگەن كىشىلەر، ئاشۇ بىچارە خوتۇننىڭ توۋلاپ ـ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالامدۇ؟ بىر كېچە تولغاق يەپمۇ تۇغالمايۋاتقان ئاشۇ مەزلۇم، كىشىلەر بىلىپ قالسا يەنە قانچىلىك قىينالماقچى؟ «خۇدا، بەندەڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئاسان قىلغايسەن. ئاشۇ بىچارە مەزلۇمەگە ئاسايىشلىق بەرگەيسەن!...»

ئابدۇللا مەزىن ئىنجىقلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغان خوتۇننىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى، ھۆللەنگەن ماتا بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى ئېرتاتتى. بىردە، ئۆزىنىڭ جەينىكى چىلانغان ئىلمان چاينى[1] ئۇنىڭ ئېغىزىغا دوملايتتى. ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئوچاق ئالدىغا يۈگۈرەيتتى. خوتۇننىڭ بېشىغا كېلىپ ئاللىقانداق ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى. ئايالى تولغاق ئازابىدا قىينالغانسېرى، نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چۆرۈلۈپ پىرقىرايتتى. ساقىلىنى سىقىمدايتتى، لېۋىنى چىشلەيتتى...

«قىز بەرسەڭمۇ مەيلى، ياراتقان ئىگەم. ئەمما، ئاشۇ

---

① قىيىن تۇغۇتتا، ئايالىغا ئېرىنىڭ جەينىكىنى چىلاپ چاي ئىچكۈزۈش ئادىتى بار.

بىچارىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللەتكەيسەن!...» قولۇلىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ شۇنداق تىلىدى ئابدۇللا مەزىن. ئىڭراپ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ تولغاق ئازابىغا چىدىماي ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ، قىلدەك تولغۇنۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەزىننىڭ چاناقلىرى خېلى بۇرۇنلا ياشقا تولغانىدى. مانا ئەمدى ئاشۇ سۇيۇقلۇق كەلكۈندەك يامراپ چىقىشقا باشلىدى.

— غەيرەت قىلىڭلار ئانىسى... ئازراق چىداشلىق بېرىڭلار خاتۇن!...

مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇ بىر كېچە قىينىلىپ چىققان خوتۇنىنىڭ تولغىقىنى يەپ، ئازابىنى تارتىشقا رازى بولغان بولاتتى. لېكىن شۇ تاپتا، ئۇنىڭ قولىدىن قاراپ تۇرۇش، ئۈنۈمسىز تىپىرلاشتىن باشقىسى كەلمەيتتى. خۇدا بىر ئوغۇل پەرزەنت بەرسە بولاتتى، دېگەن ئارزۇيىدىن بولسا ئاللىقاچان ۋاز كەچكەنىدى. «قىز بولسىمۇ مەيلى، نېمە بولسا مەيلى، ئىگەكىم!...»

ئابدۇللا مەزىنگە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئۈچ قىز ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى ھېچ بېسىلمايۋاتاتتى. بېسىلمىدىلا ئەمەس، كۈنسايىن كۈچىيىپ باراتتى. «ئوغۇل دېگەن ئۆينىڭ چىرىغى»، «ئوغۇل دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى»، «ئوغۇل دېگەن دەرەخنىڭ يىلتىزى، بۇلاقنىڭ كۆزى...» ئوغۇل ئىشقىدا شۇنداق دەپ كېتەتتى ئۇ، خوتۇنىنىڭ ئالدىدىلا. ئۇنىڭچە، ئوغلى يوق ئىنسان بۇ دۇنيادا ياشىمىغان بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇنداقلارنىڭ نەسلى ـ ۋەسلى ئۈن ـ تىنسىز توزۇپ ۋە قۇرۇپ كېتەتتى. ئات ـ جۇنىمۇ، ئىز ـ تۆھپىسىمۇ... ھېچنېمىسى بولمايتتى...

ئەمما، ھازىر ئۇ بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ ئازاب، ئىڭراشلىرى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ جاپاكەش خوتۇنغا ئاللادىن ئاسانچىلىقلا تىلەيتتى.

توخۇلار بەس ـ بەستە چىللاشقا باشلىدى. مانا ئەمدى ئۇ

ئەنسىرىگەن بامدات ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتنىڭ كېلىشىدىن يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەنسىرىگەن ئىدىكى، خوتۇنى تولغاق يەپ ياتقان مۇشۇنداق چاغدا ئۇنى تاشلاپ، مەسچىتكە چىقىپ كېتىشكە بولمايتتى. نامازنى قازا قىلىشقا كۆڭلى تېخىمۇ ئۇنىمايتتى. يەنە بىر تەرىپى، مەسچىتتىكى قەدىناس جامائەت ئۇنىڭغا ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. قانداق قىلسۇن؟ زادى قانداق قىلماق كېرەك؟

ئۇ ئاللىقاچان ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولغان قىزلىرىدىن بىرەرىگە خەۋەر قىلىپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ھېچ بولمىسا، تۆۋەنكى مەھەللىدىكى سىڭلىسىنى ئەكەلدۈرسىمۇ بولاتتىغۇ. خوتۇنىغۇ ھېچكىمگە خەۋەر قىلماڭلار، دەپ ئۇنىمىغان. شۇنداقتىمۇ، قىزلىرىدىن بىرەرسىگە بولسىمۇ خەۋەر بېرىۋېتىش كېرەككەنتۇق. «قىزىمىز ئۇققاندىكىن، ئۇنىڭ ئېرى، ئۇنىڭدىن كېيىن قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرى، كېلىن، نەۋرىلىرىمۇ بىلىپ قالىدۇ. جىق ئادەم بىلىپ كەتسە، تۇغۇت تەسلىشىپ كېتىدۇ. ھېچكىمگە خەۋەر بەرمەيلى، بالىنىڭ كىندىكىنىمۇ ئۆزۈم كېسىمەن، سىلى بېشىمدا تۇرۇپ بەرسەڭلىلا بولىدۇ، دادىسى...» دېگەنىدى بۈۋىنىيازخان، قورسىقى سەل ـ پەل ئاغرىۋاتقان چېغىدىلا. ئابدۇللا مەزىن مۇشۇ گەپكە ئىشىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تۇغۇتىنىڭ بۇ قەدەر قىيىن بولۇشىنى كىم بىلىدى؟ دېمىسىمۇ، ئالدىنقى ئۈچ بالىسىدا بۇنچىلىك قىينالمىغان. ئۈچىلا قىزىنىڭ كىندىكىنى مۇشۇ خوتۇن ئۆزى كەسكەن ئەمەسمىدى؟

ھالسىزلىنىپ كەتكەن بۈۋىنىيازخان ئاداققى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يىغىپ ئىنجىقلىماقتا ئىدى. ئابدۇللا مەزىنمۇ خوتۇنى بىلەن تەڭ چىڭقىلاتتى، جىددىيلىشەتتى، تىت ـ تىت بولاتتى. سەۋرىسىز توخۇلار ئۇنى بامداتقا چىللاپ بەس ـ بەستە قىچقىرىشاتتى. كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئازاب چىداپ تۇرغۇسىز تىت ـ

تىتلىق ئىچىدە، ئۇلۇغ بىر جان بۇ دۇنياغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى...

* * *

يار ئۈستى زاراتگاھلىقىغا بارىدىغان يولنىڭ بويىغىلا جايلاشقان ئاددىي ۋە كىچىككىنە مەھەللە مەسچىتى ئادەمگە لىق تولغانىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىغىلغان جامائەت، تېخىچە كېلەلمەيۋاتقان ئىمام ـ مەزىن ـ ئابدۇللا مەزىناخۇنۇمنى تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاپ تۇراتتى.

ئابدۇللا مەزىن ـ مەھەللىدىكى مۇشۇ نوپۇزى چوڭ، ئەمما كونىراپ، قىڭغىيىپ قالغان ئاددىي مەسچىتنىڭ ئىمامى، مەزىنى ھەم قارىسى ئىدى. جامائەت ئۇنى نېمە دېگۈسى كەلسە شۇ بويىچە، يەنى ئىمام، مەزىن ۋە بەزىسى قارى دەپ ئاتاۋېرەتتى. چىقىشقاق، كۆپنى بىلىدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، جامائەت مەسچىتنىڭ ھەممىلا ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا يۈكلىگەنىدى. ئۇمۇ بۇنىڭغا باشقىچە قاراشتا بولمايتتى، نېمىلا قىلسام جامائەتنىڭ ئىشى، ساۋابلىق يولدىكى خىزمەت دەپ قارايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەسچىتكە ھەمىشە ئەڭ بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتاتتى. جامائەت كەتكەندە ۋە كېلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان مەسچىتنىڭ ئىچ ـ تېشىنى سېرىپ ـ سۈپۈرەتتى. يەرگە سېلىنغان كونا كىگىز ۋە چۇۋۇلۇپ كەتكەن بورىلارنى قايتىدىن رەتلەپ تۈزەشتۈرەتتى. بارلىقىنى جامائەت ئۆيى بولغان مۇشۇ ئاددىي ۋە مۇقەددەس مەسچىتكە بېغىشلىۋەتكەن بۇ زات سەگەك ۋە تىنىمسىز كىشى ئىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن؟

جامائەت مۇشۇ ھەقتە غولغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. ھەممە كۈتۈۋاتقان بامدات ۋاقتى بولسا ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى...

— ئەستەغپۇرۇللا، تېخىغىچە كەلمەيدىيا، مەزىناخۇنۇم.
— بامدات ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىلى قوپتى مانا.
— ئاغرىپ ـ تارتىپ قالدىمۇ يا؟
— ئاخشام خۇپتەندىلا ساپساق تۇرسا.
— بىرىمىز ئىمام بولۇپ ياكى ئۆز ئالدىمىزغىلا ئوقۇۋېتىپ كېتىمىزمۇ يا؟
— بۇنداق قىلساق دۇرۇس بولمايدۇ، جامائەت. سەۋر قىلىلى، سەل سەۋر قىلىپ تۇرىلى. ۋاقىت شۇنچىكى ئۆتۈپ كەتسە ھېچ ۋەقەسى يوق.
— ...

قايسى بىر مويسىپىتنىڭ پەتىۋاسى بىلەن جامائەت يەنە تىنجىپ قالدى. تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆزىنى باسالمايۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار ئىدى. ئۇلار تەجرىبىسىز ۋە قىزىققان بولغىنى ئۈچۈن، ھەممىدە كەسكىن ئىدى ـ يۇ، ئۇدۇم خاراكتېرلىك ئىشلارنىڭ باش ـ ئاخىرىدىكى رەسمىيەتلەرنى ھەمىشە ئۇنتۇپ قالاتتى. كونىلار باشقىچە ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا ئويلايتتىكى، ئابدۇللا مەزىننىڭ يېشى بىر يەرگە بارغاندا قورساق كۆتۈرگەن خوتۇنى بۇۋىنىيازخان يېقىندىن بېرى خېلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. ئالمادىن بوشىنىپ قالغان بولسىچۇ شۇ مەزلۇم؟ ئەمما، بۇ گەپنى جامائەتكە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەرچەندە، راستتىنلا ئاي ـ كۈنى توشۇپ، تېخى كۆزى يورۇپ بولالمىغان بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ باشقا ئادەم بىلىپ قالسا، ھەتتا گۇمان قىلىپ قالسىمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ تۇغۇت دېگەن. شۇڭا، بۇ گەپنى جامائەتكە ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. بەلكىم، نېمىلەر بولمىسۇن ئابدۇللا مەزىننىڭ ئۆزىمۇ كېلىپ قالار. تاسادىپىي كېلىشمەسلىك بولۇپلا قالمىسا نامازنى قازا قىلىدىغان زات ئەمەس ئۇ. شۇڭا، جامائەتنى بىردەم تۇتۇپ تۇرماق كېرەك!...

بىر ـ بىرىگە دېيىشمىگىنى بىلەن، شۇ تاپتا كونىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇنداق ئويلاۋاتاتتى. تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشسە، ئاستىدا ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ئۆلۈم پەتىسىگىمۇ چاقچاق بىلەن بارىدىغان ئىبراھىم «سالتاڭ» ئاتلىق بىرى، جامائەتنىڭ تىنجىپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يەنە گەپ باشلىدى:

— بامدات ئوقۇشقىغۇ ئالدىراپ كەتتۇق، جامائەت. لېكىن، مۇشۇ بامداتقا ئەزان ئېيتقاننى ئاڭلىدىڭلىمۇ بۇگۈن؟

— نېمە؟

— نېمە دەيدۇ؟ بۇ ئالجوقى...

جامائەت ھەيرانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. راست، بامداتقا ئەزان ئېيتتىمۇ يوق؟ بەزىلەر، «ئەزان ئېيتتى» دېسە، يەنە بەزىلەر «تېخى ئەزان ئېيتمىدى» دەيتتى. خېلى كۆپ قىسمىلار نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئۇلارغا ئەزان ئېيتىپ بولغاندەك بىلىنەتتى. تۇرۇپلا بوگۈن ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەكمۇ ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئادەتلەنگەن ۋاقىت بويىچە، تۇيغۇسىغا تايىنىپلا چىققانىدى.

— خاھى ئەزان ئېيتسۇن، خاھى ئېيتمىسۇن، بامدات ۋاقتى بولدى زادى.

— بولدى ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكىلى قوپتى ھازىر!

— ۋاقىتلىق ئىمام بولۇپ بېرىدىغانلار چىقمىسا، نېمە بولسا بولسۇن ئۆزۈم ئوقۇپ چىقىپ كېتىمەن نامازنى.

— ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مەنمۇ...

مويسىپىتلارمۇ ئەمدى سەۋر قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ قەدەر كۆپ ئادەمنىڭ نامىزىنى قازا قىلىۋېتىش ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان ئېغىر گۇناھ ئىدى.

— ماقۇل مەن ئىماملىق قىلىپ بېرەي، — ساقىلى سەللىسىدەكلا ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي مېھراب تەرەپكە سىلجىدى. جامائەت ئۆزلىكىدىنلا سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى.

ھەممە بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا تەق بولۇپ تۇرغان شۇ دەقىقىدە، تۇيۇقسىزلا ئۇلارغا تونۇش بولغان مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا...

جامائەت خۇددى دېيىشىۋالغاندەك، ئىختىيارسىز ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ قالدى. بۇ ئابدۇللا مەزىنىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەزان ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

— ئابدۇللا مەزىنگە بۈگۈن نېمە بولغاندۇ. ئەزان ئېيتىشقا كېچىكىپ قاپتۇ.

— نېمىلا بولمىسۇن سەل تەخىر قىلىپ تۇرىلى. ئۆزىمۇ كېلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ئەزان ئېيتقان ئادەمغۇ كەلمەي قالماس. لېكىن، ئەجەپ ئۆيدە تۇۋلاپ قاپتىيا بۇ ئەزاننى.


— شۇنى دەيمىنا ...

ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇپ، يەنە مۇلاھىزە قىلىشىپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى ـ يۇ، بۇنىڭغا پۇرسەت بولمىدى. ئېغىزى ئىتتىكرەك بىر قانچەيلەننىڭ ئىت قوغلىغاندەك ئىتتىك دېگەن گەپلىرىنىڭ ئايىغى چۇشۇپ بولغۇچە، ھېلىقى تونۇش ئاۋاز ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان جۇشقۇن، ھاياجانلىق ھەم شادىيانە تۇس ئارىلاشقان ئۆزگىچە ۋە يېقىملىق تەلەپپۇزدا يەنە بىر رەت تەكرارلاندى.


— ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!...

ھەر ئىككى قېتىملىقى ئوخشاشلا ئەزان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپپۇز ۋە ھاياجان تۇسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى جامائەت دەرھاللا بىلىۋېلىشتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار يەنە شۇنىڭدىنمۇ خەۋەردار بولۇشتىكى: بۇۋىنىيازخان شۇ كۈنى بامداتقا ئۇلگۈرۈپلا



بوشانغانىدى. خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى بىلگەن ئابدۇللا مەزىن خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى ۋە سەل كېچىككەن بولسىمۇ بامداتقا ئەزان ئېيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەھلى ـ مەھەللە ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئېيتقان يەنە بىر ئەزىنى سەھەردە ـ بامداتقا ئۇلگۇرۇپ تۇغۇلغان ئارزۇلۇق ئوغلى ئۇچۇن ئېيتىلغانىدى. بالىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت قويۇلغانىدى.



# مەدرىستىكى مۇھەممەت

ئابدۇللا مەزىننىڭ خۇشاللىقىنى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولمايتتى. ئۇ ھەر قېتىملىق نامىزىدىن كېيىن جايناماززدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن، ئۆزىگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان، تىلىكىنى ئىجابەت قىلغان ئاللاغا يۈز مىڭ شۈكۈرلەر ئېيتاتتى. ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ چۈشكەن ئوغلىغا ھەر قارىغىنىدا، ئىختىيارسىز ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى زىكرى قىلاتتى. ئۆز ئىخلاسىنىڭ كۈچى سەۋەبىدىن ئۇ يېشى خېلى بىر يەرگە بارغاندا كۆرگەن تەۋەرۈك ئوغلىغا مۇھەممەت دەپ ئات قويغانىدى. «مۇھەممەت ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى. مۇھەممەت مېنىڭ گۆھەر ئوغلۇم!» شۇنداق دەپ كېتەتتى ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇ كىچىك بالىلارغىلا ئوخشاپ قالاتتى. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بوۋاقنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى كۆلدۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئۇ يەر - بۇ يېرىنى قىچىقلايتتى. ئۇچرىغانلىكى يېرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيەتتى. قۇچىقىدىن ئۇزمەي تۇرۇپ «ھوپپىلەك» ئېتەتتى. بوۋاق بولۇپ ئۆمىلەيتتى. ئات بولۇپ يورغىلايتتى. ئىت بولۇپ قاۋايتتى. كالا بولۇپ مۆرەيتتى... قىسقىسى ئۇ بالىسى ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بىر بالا ئىدى.

ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ، بوۋاق ئانىسىغا كۆپ ئاشمايتتى. ئابدۇللا مەزىن نامازغا ماڭغان ۋە بۇۋىنىيازخان بوۋاقنى ئېمىتىۋاتقان ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئومۇمەن، ئۇ دادىسىنىڭ

قوچىقىدا بولاتتى. ئابدۇللا مەزىنمۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ ھارمايتتى. ئەركىلىتىپ قانمايتتى. «ماڭا قاراپ كۈلۈپ بەرسىلە قوزام»، «مېنى دادا دەپ باقسىلا پاقلىنىم»، «خۇدايىم بەرگەن گۆھىرىم، قانتىم...» ئۇ، بوۋىقىنى ھەمىشە مۇشۇنداق تاتلىق ۋە سىلىق سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتەتتى. ھەتتا كېچىسىمۇ ئۇ، قوينىغا سولاپ ياتقان بالىسىنى ئويىنىتىپ ـ ئەركىلىتىپ چۈشەيتتى. ئاۋازىنى سىرتىغا چىقىرىپ ئەركىلىتىپ كەتكەن بۇنداق چۈشلەرنىڭ قانچە قېتىملاپ تەكرارلانغانلىقىنى پەقەت بۇۋىنىيازخانلا بىلىپ تۇراتتى. «باشقا بالىلارغا بۇنچىلىك قىلىپ كەتمىگەن، ئوغۇل بالىغا زەپمۇ ئامراق ئىكەن بۇ ئادەم» دەپ قالاتتى بۇۋىنىيازخان ۋە ئېرىنى شۇنچىلىك خۇش قىلالىغۇدەك بالا تۇغالىغىنى ئۇچۇن ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. سۆيۈنەتتى، شادلىناتتى. ھايات دېگەن مۇشۇنداق سىپايىلىك ئىچىدە ئۆتسە كىمنىڭ ئارمىنى؟ تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق بولسا... ئەر ـ خوتۇن دېگەن بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئىجىل ـ ئىناقلىق ئىچىدە ئۆتسە كىمنىڭ دەردى؟...

ئەمما، ئابدۇللا مەزىننى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئاش ـ غىزا ئۆلگۈرمىسىمۇ، ناماز ۋاقتى شۇنچىلىك ئۆتۈپ كەتسىمۇ، مەسچىتكە كىيىپ چىقىدىغان كىيىملىرى ئازاراق كىر ـ داغ بولۇپ قالسىمۇ... ئۇنىڭدىن خاپا بولاتتى، چېچىلاتتى. ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي تىللاپمۇ كېتەتتى. ئايالىنى تاياققا باسىدىغان باشقا ئەرلەردىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلسىمۇ، لېكىن ھە دېسىلا چېچىلىش، بۇۋىنىيازخاننىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭغا زادىلا ياراشمايتتى. ئۇ مەھەللىنىڭ، نامى ئۇلۇغ بىر مەسچىتنىڭ ئىمام ـ مەزىنى ئىدى. ئۇ يەنە ھەممىنى بىلىدىغان موللا، نامدار ئۆلىما ئىدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئادەم يوقىلاڭ ئىشقا قايناپ، چېچىلىپ يۈرسە قانداق بولغىنى؟ بۇۋىنىيازخان تالاي قېتىم دەپمۇ ئۇنىڭ بۇ تېرىككەك مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

ئۆزگەرتەلمىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ قوقىقىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن ماجىرالىشىپ قالغىلى تاسلا قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. لېكىن، مۇشۇنداق زىل ئادەم مانا ئەمدى تۇرۇپلا باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالسا ـ هە؟!

ھەقىقەتەنمۇ، مۇھەممەت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇللا مەزىن باشقا بىر دۇنيا بولۇپ يارالغاندى. ئاچچىقلىمايتتى، چېچىلمىدىغان، ۋارقىراپ، گۇركىرەيدىغان ئىشلىرىمۇ بىر يولىلا تۈگىگەنىدى. قۇچىقىغا ئېلىۋالغان بوۋاق ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سىيىپ ـ چىچىۋەتسىمۇ، مەسچىتكە مېڭىش ئالدىدىلا ئالغان تەرىتىنى بۇزىۋەتسىمۇ... زادىلا ئاچچىقلىمايتتى.

ــ ماشا قارىسىلا، بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى يىگىت. بۇ سىلىنىڭ ھاجەتخانىلىرى ئەمەس، مېنىڭ ئۇستىبېشىم، كىيىم ـ كېچەكلىرىم ئىدى ئەمەسمۇ؟

ــ ھەي مۇھەممەت قارى، ھەي مۇھەممەت قارى، مۇشۇ قىلغانلىرىڭغا بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى ئىزا تارتىپ قالىلا جۇمۇ، جوش... ئېتىمەن، پوق بار... دېگەن گەپنى بىلمەمدىلا؟

ئۇنىڭ ئېغىر گەپلىرى مۇشۇنداق بولاتتى. قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغاندا تەرەت قىلىۋەتسىمۇ شۇ ئىدى.

ئىنسان شاد ـ خۇراملىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېسىدە كۆپرەك قالىدىغىنى ھامان قەلبىنى يۇچۇلاپ ئۆتىدىغان دەرد ـ ھەسرەت ھەم قازا ـ كۈلپەتلەر بولۇپ قالىدۇ. سائادەتكە چۆمۈلگەن بەختىيار چاغلار بولسا، خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنتۇلىدۇ...

ئابدۇللا مەزىنمۇ ئوماق ئوغلى بىلەن ئۆتكەن تۆت يىللىق تاتلىق ھاياتىنى ئەنە شۇنداق تۇيمايلا ئۇزىتىپ قويغانىدى. مانا ئەمدى مۇھەممەت باشقىچە بىر سىياقتا: يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق،

ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەقىل ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن ھەريان تاشلىنىپ ئۆتىدۇ. بۇدرۇق قوللىرىدا دادىسى ياساپ بەرگەن قەلەم. «ئەلىپ، بە، تە، سە...»، «بىر، ئىككى، ئۈچ...» مانا بۇ، ئۇنىڭ دەيدىغانلىرى، ئۇڭ قولىدا ئەپچىل تۇتقان قەلىمى بىلەن، دوم يېتىپ تۇرۇپ يازىدىغانلىرى.

سوغا ۋە ھېجىر تەشتەكلەردە پورەكلەپ ئېچىلغان گۇللەر. گۇل ھىدى، يېشىللىق كۆركى بىلەن تېخىمۇ ئازادە ۋە كۆڭۈللۈك تۇسكە كىرگەن چىرايلىق ھويلا، تېپىك سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان پېشايۋانلىق ئۆي. سان ـ ساناقسىز كەپتەرلەر ئۆگزە بىلەن ھويلا ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا گۇرۇلدەپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، دانلىشىدۇ، چوقۇشىدۇ، بۇقۇلدىشىدۇ...

ياندىكى كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆي مۇھەممەت ئۇچۇن راسلانغانىدى. ئۆيگە ئەپلىكلا جايلاشقان كاتساندۇق ئۇستىگە يېڭى ۋە چىرايلىق گۇللۈك شىرداق سېلىنغان. مۇھەممەت دەل مۇشۇ يەردە دادىسىدىن ساۋاق ئالاتتى. بېرىلگەن ساۋاقلارنى تەكرار قىلاتتى. مەخسۇس ئۇنىڭ ئۇچۇنلا بۇيرۇتۇپ ياسىتىلغان تۆت چاسا شىرە سامان قەغەزدىن تىكىلگەن دەپتەرلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردەم يۆكۈنۈپ، بىردەم باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مانتىدەك چىرايلىق قوللىرىدا بىرنېمىلەرنى ھەجىلەپ يازاتتى. كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ نېمىلەرنىدۇ يادلايتتى... دادىسىنىڭ بوينىدىن چۇشمەيدىغان بۇ «تاۋار بالا» نە تاۋاركى، «گۆھەر بالا» مانا ئەمدىلا ساۋاق ئېلىش ۋە تەكرارلاش تەرتىپىگە رەسمىي كىرىشكەنىدى.

ئابدۇللا مەزىنچە بولسا، بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنلا بالىنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىشقا باشلىغان بولاتتى. ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن كۆپ ھەرىكەت قىلىپمۇ باقتى، بىراق، ئاقمىدى. قانداق ئاقىدۇ دەيسىز؟ دادىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، خالىغىنىنى

قىلىدىغان ئەركە بالا «ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىسىلا» دېگەن گەپنى ئاڭلىسۇنمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ تىرىشىپ كۆردى. مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى ۋە ئەلىشىر نەۋايىدەك شاھىنشاھ قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئاددىي ۋە ئۇقۇملۇق سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن مىسرالىرىنى تەكرار ـ تەكرار يادقا ئوقۇپ بەردى، يادلاتتى. شۇنىڭغا قوشۇپ، دىنىي كالاملاردىنمۇ ئاز ـ تولا ئېغىز ئېچىپ باقتى. ئۇنى ئەڭ خۇش قىلىدىغىنى شۇ بولدۇكى، بالا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگەن گەپنى ئىنتايىن پۇختا ۋە چىرايلىق تەلەپپۇزدا دېيەلەيتتى. گەرچە پات ـ پات ئۇنتۇلۇپ قېلىپ تۇرسىمۇ، نەۋايىنىڭ ئاددىي تىللار بىلەن يېزىلغان بىر ـ ئىككى پارچە قىسقا شېئىرىنى، مەسىلەن، تىل ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى بالىلارچە چۈچۈك تىل بىلەن يادلاپ بېرەلەيتتى. ئابدۇللا مەزىن، ئوغلىنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنسىمۇ، لېكىن بۇنى ھەقىقىي ساۋاق دەپ قارىمايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ھەقىقىي ساۋاق ئاڭلىقلىق ئىشقا ئاشقاندىلا ئاندىن باشلىناتتى. قويسىلا، دېسە كۆرپىگە سىيىپ ياتسا؛ ئولتۇرسىلا، دېسە دادىسىنىڭ بوينىدىن چۈشمىسە، بۇنى ئاڭلىقلىق دېگىلى بولامدۇ؟ ئاڭلىقلىق پەللىگە يەتمىگەن ئەقىل ساۋاق كۆتۈرەلەمدۇ؟ ئۇ ئوغلىنى مۇقىم بىر جايدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى تىڭشاشقا كۆندۈرەلمىسىمۇ، دىنىي ۋە شېئىرىي ساۋاقلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئاددىي ھېسابلانغان تېرىمىن ۋە مىسرالارنى تەكرار ـ تەكرار زېرىكمەي يادلاپ بېرىۋەردى. ئۇنى ئوينىتىۋاتقاندىمۇ، ئاش ـ تاماق يېگۈزىۋاتقاندىمۇ، بويىنىغا مىندۇرۇپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندىمۇ مۇشۇ ھال داۋاملاشتى. كۈنلەر ئۆتىۋەردى. كۆكۈيۈن چاققاندەك بىر جايدا زادىلا ئولتۇرالمايدىغان، كاڭدىمۇ، پەستىمۇ يۈگۈرۈپلا يۈرىدىغان بالا مانا ئەمدى تۈيمايلا تۆت ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئاڭلاپ ۋە يادلاپ كېلىۋاتقان سۈرە ـ مىسرالارنىڭ تەسىرى كۈچىدىنمۇ ياكى يېشىغا ياش

قوشۇلغىنى ئۈچۈنمۇ، مۇھەممەت ناھايىتى تەرتىپلىك بولۇپ كەتكەنىدى. دادىسى يۈكۈنۈپ ئولتۇرسىلا دېسە، شۇنداق قىلاتتى. قوللىرىغا قەلەمنى ئالسىلا دېسە يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتى. دەسلەپكى ساۋاتلارنى ئەمدىلا يېزىپ ئۆگىنىۋاتقىنى بىلەن، ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى تۈيمايلا يادلاپ بولغانىدى.

ئابدۇللا مەزىن ئەركە بالىسىغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويماقتا ئىدى. بامداتتىن كىرىپلا، شېرىن ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى بۆۋىنىيازخانىنىڭ نارازى بولغىنىغا قارىماي، مەڭزىگە سۆيۈپ ئويغىتىۋېتەتتى. چايدىن كېيىنلا، مۇھەممەت ئۈچۈن ياسالغان مەدرىس - ياندىكى كىچىك ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئېلىپبە ۋە ھېسابدىن ساۋاق بېرەتتى. بىر تەرەپتىن سۆزلەيتتى، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بۇدرۇق قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يازدۇراتتى. ئەسكە ئالالمىغان ياكى يېزىپ قاملاشتۇرالمىغان يەرلەرنى زېرىكمەي تەكرارلىتاتتى. ئۇنىڭ باش ۋە بوينىنى سىيلاپ تۇرۇپ، ئاتىلىق ۋە ئۇستازلىق مېھرى بىلەن قايتا - قايتىلاپ ئۆگىتەتتى. سىپايىلىك بىلەن بېرىلگەن ساۋاقنىڭ مېھىر بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

ساۋاق بېرىش بەك ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. بىرەر ئاش پىشىم ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن، كىچىك تالىپ - مۇھەممەت ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىلەتتى. ئىككى - ئۈچ ئاش پىشىم ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى يەنە، ئەركىلىتىپ تۇرۇپ «مەدرىس»كە ئېلىپ كېتەتتى ۋە بەرگەن ساۋاقلىرىنى تەكرارلىتاتتى. چۈشتىن كېيىنكى پائالىيەتمۇ مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشاتتى. ناگان - ناگاندا، ئۆلۈم - يېتىم ۋە نەزىر - چىراغ بولۇپ قالغان چاغلاردىلا بۇ تەرتىپتە ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولۇپ قالاتتى. ئەمما بىر نەرسە قەتئىي ئۆزگەرمەيتتىكى، ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەتنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى ئىدى. قايسى پەسىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چۈش ۋاقتى

قىنىپ ئۇخلايتتى. ئۇخلاشقا ئۇنىمىغان ھالەتتىمۇ بىر ئامالـلار بىلەن، سىيلاپ ـ سىيپاپ ئۇخلىتاتتى. ئابدۇللا مەزىنىنىڭ قارىشىچە، ئۇيقۇ تاماقتىنىمۇ مۇھىم ئىدى. ئىنسان مېڭىسى پەقەت ئۇيقۇ ئارقىلىقلا قۇۋۋەت تاپاتتى، كۈچىيىپ يۈكسىلەتتى. پەقەت ئۇيقۇلا، ئىنسان مېڭىسىنىڭ پاراسەت بۇلىقىنى ئاچىدىغان مەنىۋى تۈرتكە ۋە كۈچەيتكۈچى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ تۈزگەن ئۆزگە تەرتىپلەرنىڭ سەل ـ پەل ئۆزگىرىپ قېلىشىغا ماقۇل بولاتتىكى، ئۇيقۇسىنىڭ ھارام بولۇشىغا ئەسلا يول قويمايتتى. مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالغان ئاقلىق سىيىرنىڭ سۈتىنى بىرەر ئەتىگەن ئىچمەي قالسا، ئىدىتلىق يېگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىككى تال ياڭاقنىڭ بىرەرىنى يېمەي قالسا... بۇ باشقا گەپ ئىدى.

ــ دېگىنىم بويىچە ئۆگىنىپ، قايتا ـ قايتا تەكرار قىلىمىسلا بولمايدۇ، جېنىم ئوغلۇم مۇھەممەت قارى.

ــ ئانىلىرى يامان تەستە ئەتتى، بۇنى يېمىسلە بولمايدۇ، مۇھەممەت قارى.

ــ ئۆزلىرى دېگەن شائىر، ئۆلىما بولىدىغان ئادەم جۇمۇ...

ئاخىرقى گەپلەرنى ئېنىقكى، بالا چۈشەنمەيتتى. لېكىن، ئابدۇللا مەزىن ئۈچۈن بەربىر ئىدى. ئۇ ساۋاق بېرىشتە زېرىكمىگىنىگە ئوخشاش، بالىسى ئۈچۈن سىپايە گەپ قىلىپمۇ زېرىكمەيتتى. مۇشۇ خىل سىستېمىلىق تەربىيەنىڭ ھامان ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى ئۇ. «خۇدايىم بۇيرۇسا، كۆڭلەرنىڭ بېرىدە...» مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇ نامىنى بىلىدىغان مەشھۇر ئەدىب ـ ئۆلىمالار: يەنە شۇ لۇتفى، سەككاكى ۋە نەۋايىلار... كېلەتتى. ئۇنىڭچە، پەقەت مۇشۇنداق كىشىلەرلا ئىككى ئالەم ساۋاب تاپىدىغان ئىلىم مۆتىۋەرلىرى، «ئالتە كۆنلۈك» بۇ خۇدالىق ئالەمنىڭ تەڭداشسىز تەۋەرۈكلىرى ئىدى. ئۇلار

ئۆلـمەيتتـى، يېڭـلـمەيتـتى. ھەر بـىـرىنىڭ ئـىلىم دۇنـياسـىغا قالدۇرغان قۇتلۇق قەلەم ئىزلىرى، مۇدەررسلىك مۇنبىرىدىكى تەلىم ـ تەربىيەتلىرى، پەزىلەت ۋە پاراسەت سەھنىلىرىدىكى تەۋەرۈك چاچقۇلىرى، مۇلاھىزە، مۇنازىرە ۋە مۇتالىئە... بابىدا قالدۇرغان ئۆچمەس دۇر ـ جاۋاھىراتلىرى... ئىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى كېيىنكىلەر قەلبىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە قىلاتتى. زامان ـ زامانلار ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلار ياشاۋېرەتتى. ئۇلارنىڭ روھى، نام ـ شەرىپى مەڭگۈ ھايات ئىدى.

«مېنىڭ ئوغلۇم شۇ قاتاردىكى كىشىلەردىن بولالامسۇ؟» پات ـ پاتلا شۇنداق ئويلاپ كېتەتتى ئۇ. «مېنىڭغۇ تۇرۇشۇم مۇشۇ، ھەر نېمە بولاي دەپمۇ بولالمايمەن. ئوغلۇم بولسىمۇ...» ئۇ چوغتالدىكى ئەڭ نامدار ئۆلىما بولسىمۇ، بىراق يېتىپ ئۇلگۇرەلمىگەن، قەلبىدىلا قالغان ئارمانلىرى كۆپ ئىدى. ئۆزىنى ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك، قورسىقىدا ئىلىپىنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئەرزىمەس ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. ئوغلۇم باشقىچە ئادەم بولسا، ئۇ مەندەك چالا موللام بولۇپ قالمىسا... دېگەنلەرنى ئارزۇلايتتى ئۇ ھەمىشە.

ئۇ كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىق ئۇنى ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ئويلاشقا ئېلىپ باراتتى. دېمىسىمۇ، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە، ئادەمگە ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمراھ بولىدىغانغا ئىلىمدىن ئۆزگە يەنە نېمە قالدى؟ ئەمەل ـ مەنسەپ دېگەن يىلتىزى يوق دەرەخ ئىكەن. بىرلا بوران چىقسا، يەرگە يىقىلىپ، سۇنۇپ تۆگەيدىكەن. ئەنە، چوغتال دىيارىنى قانچە يىللاپ ئۆز ئالقىنىدا ئوينىتىپ كەلگەن سەيدۇللا بەگ بىرلا نەس بېسىۋىدى، شۇ يىقىلغانچە تەخت ئورنىغا قايتا چىقالماي، قان ـ زەرداب يۇتۇپ ئۆلدى ـ ئۇنتۇلدى. ئۇنى يىقىتقان شامال ـ يېڭى ھاكىمنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشى بولدى. ئۆزىنى ئالەمدە بىر ساناپ يۈرگەن ئوسماي باي، بەكرى بايۋەچچىلەرمۇ... ئارقا ـ

ئارقىدىن ئۆلدى. ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ مال ـ دۇنيالىرى
ھېچنېمىگە دالدا بولالمىدى. دالدا بولالمىدىلا ئەمەس، بالىلىرى
ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرالارغا سەۋەب بولۇپ، يۇرت ئەھلىنىڭ
لەنەت ـ نەپرىتىگە قالدى. مانا ئەمدى ئۇلارنى ھەممە ئادەم تىللاپ ـ
قارغايدۇكى، ھېچكىم ياخشى سۆز، ئىزگۇ ـ تىلەكلەر بىلەن
يادلىمايدۇ. خۇرجۇن ـ خۇرجۇن پۇللىرى، ساندۇق ـ ساندۇقلاپ
ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى ئۇلارنى ئاۋام لەنىتىدىن قۇتقۇزۇپ
قالالمىدى. ھەئە، ھېچنېمىگە دال بولالمىدى!
مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ، يەكەن دىيارىدا بولۇۋاتقان خانلىق
تالىشىش كۈرەشلىرى توغرىسىدىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئويلاپ
كېتەتتى. دېمىسىمۇ، خانلار باپكارنىڭ موكىسىدەك،
مۆكىمۆكىلەك ئويناۋاتقان بالىلاردەك بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى
ئالمىشىپ تۇرۇۋاتتى. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ، مۇھەممەت
تۇغۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا 8 ~ 10 دەك خان ئالمىشىپتۇ.
ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونىمىسىمۇ، لېكىن نام ـ شەرىپى،
پەزىل ـ پاراسەتلىرىنى ھەم خەلققە سالغان رەنجى ـ
رىيازەتلىرىنى... تارىخ ـ تەزكىرەلەردىن ۋە ئاۋامنىڭ باھا ـ
ۋەسىيەتلىرىدىن بىلىپ، ئاڭلاپ تۇردى ئۇ. سەئىدخان،
ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇكېرىمخان، قۇرەيشخان، ئابدۇلېتىپخان...
ۋاي ـ ۋي، مانا بۇلارنىڭ قايسى بىرى توغرىسىدا باھا ـ
مۇلاھىزىلەر بولۇنمىدى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا تۇتقان يولى
بولسىمۇ، بىراق ئاۋامنىڭ دىلىغا ياققانلىرى بەكمۇ ئاز.
مۇھەممەت تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ خانلار ئالمىشىپ تۇردى.
ئابدۇللاخاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ 2 ~ 3 دەك خان بىرىنىڭ
ئورنىغا بىرى ئالمىشىپ تەختكە چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا
قىلىشقان ھەسەت ۋە سۇيىقەستلىرى ۋەجىدىن، بىرەرىمۇ
خاتىرجەم ھالدا جاھان سورىيالمىدى. ھەتتا تەختتە بىرەر يىلمۇ
تۇرالماي، يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ

چىقىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش، ھەممىسى تۇغقان، مۇسۇلمان، تاج ـ مەنسەپ شۇنداق نەرسە. ئۇ روشەن كۆزنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، پاك دىلنى تۇمانلاشتۇرىدۇ، دانا ئەقىلنى خىرەلەشتۈرىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىنى ئۆز شۆھرىتىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇنداقلاردىن ئەقىدە، ۋىجدان ئىگىسى ئاز چىقىدۇ. ئۇ بىلىدۇكى، تاج ـ مەنسەپ ئىگىلىرىدىن ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ چىققان. نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ؟ يەنە مۇشۇ مەنسەپ ئۈچۈن، ئۆز ـ ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تېخىمۇ زور شۆھرەت ئۈچۈن!... لەنەت، مىڭ ـ مىڭلاپ لەنەت ئۇلارغا!...

ئۇ بۇگۈنكى خانلىق ھەققىدىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە ئىدى. جامائەت يىغىلغان سورۇنلاردا دېيەلمىسىمۇ، ئىچىدە بىلىپ تۇراتتىكى، بۈگۈنكى خان تۈنۈگۈنكى خاندىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى. ئىسمىنىڭ ئالماشقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئۆز شۆھرىتى ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنىڭ ئورىسىنى كولاۋاتقانلار ئىدى. خان ــ دۆلەتنىڭ ئاتىسى. ئاتا بولغان ئادەم شۇ بولسا، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، پەرزەنت ـ پۇقرالىرى نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرچۇ؟ ئابدۇللا مەزىنىنىڭ كۆز ئالدىغا ھامان بىر ـ بىرىگە قولاق يېقىشىۋاتقان، پىچىرلىشىۋاتقان؛ كۆز ئالايتىپ، مۇشت دېۋەيلىشىۋاتقان... ساراي ئەھلىلىرى كېلەتتى. بۇ ھال ئۇنى سەسكەندۈرەتتى، غەزەپلەندۈرەتتى...

ئىلىم ئەھلىلىرى بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇلار تۆت تەڭگە ئۈچۈن سارغىيىپ ـ موڭغۇيۇپ يۈرسىمۇ، ھېچ كىشىدىن نام ـ مەنپەئەت ۋە شانۇ ـ شۆھرەت تەلەپ قىلمايتتى. ئۆلىما بولغانلىق سەۋەبلىك، چىن مەنىسى بىلەن ھېچ يەردە خورلانمايتتى. نادان بىراۋنىڭ ئۇلارنى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن خورلىغىنى ــ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى خورلىغىنى ئىدى.

ئۇلار ئۆز ئىلمى بىلەن تەڭ ياشايتتى. يەنە شۇ ئىلمى بىلەن نامى دۇنياغا تارايتتى. شۇڭا، ئابدۇللا مەزىننىڭ نەزىرىدە، پەقەت ئىلىم تەھسىل قىلىشلا ئىنسانىنىڭ مەڭگۈلۈك قىممىتى ۋە زىننىتى ئىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ باراتتى. گۆدەك تالىپ ــ مۇھەممەت ئۆز ساۋاقلىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن كىرىشىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ساۋاق ئېلىشى بىر ئاش پىشىم ۋاقتى بىلەن چەكلەنمەيتتى. تەكرارىمۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن داۋاملىشاتتى. ئالدىغان ساۋاقلىرىنىڭ دائىرىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، تۈرلىرى كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئېلىپبە، ھېساب، باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىستىلىستىكا، پەلسەپە ۋە تارىخ ـ جۇغراپىيە... كەبى بىر قەدەر قىيىن پەنلەر دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بالا چوڭقۇرلىغانسېرى، ئاتىنىڭ يۈكىمۇ ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ كۈننى كۈنگە ئۇلاپ قېلىن ـ قېلىن كىتابلارنى ئوقۇيتتى. ئەس ـ يادى ھامان ئەتىكى يېڭى ساۋاقتا ئىدى...

قىسقىراپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىغان تۈنلەر، بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. چوڭۇلداپ سۆزلەپ تۇرىدىغان مۇھەممەتنىڭ يېشىغا يەنە بىر يېڭى ياش قوشۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى...

... ــ قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد ئاللاھۇس ـ سەمەد...

پېشىن نامىزىدىن يېنىپ ئەمدىلا ھويلىغا قەدەم باسقان ئابدۇللا مەزىن سۆيۈنۈش، ئىپتىخار ئىچىدە ئىزىدىلا توختاپ قالدى. «مەدرىس» دەپ ئاتىۋالغان كىچىك ئۆيدىن مۇھەممەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. گەرچە بۇ ئاۋاز ئىنچىكە، پىشمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ قەدەر سىلىق ۋە يېقىملىق ئىدى.

ئۇ ھاياجانلاندى. كىتابلار دۆۋىسى قېتىدا باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىدىغان بولۇپ كەتكەن ئوغلىنىڭ چۈشتىمۇ كۆپ

ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز هالدا كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بويىنىغا مىنىۋېلىپ، ئات ئېتىپ چاپتۇرۇپ ئويناپدىغان غەمسىز چاغلىرىنى ئەسلەپ كەتتى. «بىچارە بالام... ئەقىللىك ئوغلۇم...» دېدى ئۇ بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ. لېكىن يەنە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى: «تېخىمۇ قاتتىق ئۆگەنمىسىلە بولمايدۇ، بالام. هە... ئاۋازلىرىنى مۇشۇنداق چىقارسىلا... ئاللا مەدەت قىلغاي!...»

ئۇ ئوغلىنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاشخانا ئۆي تەرەپكە ماڭدى. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر ساۋاقىنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا تەكرار قىلىنىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى:

نىگارا، سەنسىزىن مەندىن نە هاسىل؟
ئەگەر جان بولمەسە تەندىن نە هاسىل؟
چۇ گۈلدىن رەڭ ئېمەس بۇلبۇلغە بۇيى،
باهارۇ باغۇ گۈلشەندىن نە هاسىل؟
جەفاۋۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇبسەن،
مۇنىڭدەك ئىشۋە پۇرفەندىن نە هاسىل؟
كىشىكىم يوقتۇرۇر مېهرۇ ۋەفاسى،
ئەگەر خۇرشىددۇر ئاندىن نە هاسىل؟
بۇ تۇرلۇك هۆسىن ئىلە لۇتفى قۇلۇڭغە،
ئىنايەت قىلماساڭ، سەندىن نە هاسىل؟

چۇچۇك، جۇشقۇن ۋە يېقىملىق بۇ ئاۋازمۇ مۇهەممەتنىڭ ئىدى. ئۇ مېهىر، ۋاپا ھەم ساداقەت تەكىتلەنگەن بۇ شېئىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەش يېشىغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداق، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بەش ياشقا كىرىپ قالغانىدى.

# جانلار قاياشى

كۆز.

ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغانىدى. تېخى تۇنۇگۇنلا ئالەمنى يېشىللىققا پۈركەپ تۇرغان دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ، سوغ شامالدا شىرىقلاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەتراپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەن. ئۇنىڭ بارغانچە قارىيىشقا تۇتۇنغان ھۆسنى، جەلپكارانە يازنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى.

ئابدۇللا مەزىنىنىڭ ئۆي ۋە ھويلا ـ ئاراملىرى قالايمىقانچىلىققا تولۇپ كەتكەنىدى. قۇرۇغان ئوت ـ چۆپ، پاخال ـ سامان، داس ـ چېلەك، تاغار، يوتقان ـ كۆرپىلەر... ھەريان تاشلىنىپ، گويا ئۇرۇشتىن كېيىنكى خارابىلىككە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆيدىكى نەرسىلەر تالادا، تالادا تۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى ئۆيدە چېچىلىپ ياتاتتى. سارغايغان غازاڭلار ئۇستى ـ ئۇستىلەپ تۆكۈلۈپ، جەننەت سىياقىدىكى بۇ ھويلىنى گويا قىيامەت ۋەيرانچىلىقىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئابدۇللا مەزىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئۆيىگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قايتىپ كىردى. مەھەللە جامائىتىگە ئىمامەتچىلىك قىلىپ، نامازنى بىرلىكتە ئوقۇپ تاماملىغىنى بىلەن، كاللىسىدا ھامان شۇ سۆيۈملۈك ئوغلى ئەگىپ يۈرەتتى. «شۇ بالام نەگە كەتكەندۇر؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، ناماز باشلاشتىن بۇرۇن قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ. «بىرەر نا ئەھلى ئېلىپ قاچقانمىدۇر؟» دەپمۇ خىيال قىلدى، ناماز تۈگەشكە ئازلا قالغان

بىر چاغدا. ئىشقىلىپ، نامازنى تېنچ ـ ئامان تۈگىتىۋالدى. ئەمما، كۆڭلىدە بولسا، بۇ قېتىمقى نامىزىم قوبۇل بولماي قالغانمىدۇر؟ دەپ ئەنسىرەيتتى. «ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا ئۆزى كەچۈرەر» دەپ پىچىرلىدى ئۇ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان ھويلىغا قەدەم بېسىۋېتىپ. ھويلا، ئۇ مەسچىتكە ماڭغان چاغدىكىدىنمۇ بەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەندى.

ئابدۇللا مەزىننى كۆرۈپلا، ئايالى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.

— سىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. بىزنى قورقۇتۇپ ئويىنىغان بولمىسۇن دەپ، كاتساندۇقنىڭ ئىچى، يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئارىسى، ئېغىل، ئۆگزە... ئىزدىمىگەن ھېچيېرىم قالمىدى. شۇ بىچارە بالام نەگە كەتكەندۇ. نەگىمۇ كەتكەندۇر، دادىسى؟

— سەبرى قىلسىلا... — دېدى ئابدۇللا مەزىن، چاناقلىرىدىكى ياشنى خوتۇنىدىن مىڭ تەستە يوشۇرۇپ، — ئاللا، ياراتقان بەندىسىنى بىھۇدە خار قىلمايدۇ. بالىنى بىزگە بۇيرۇغان بولسا، ئۇنى ھېچبىر بەندە، ھېچيەرگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بالىمىزنى ئاللا ئۆزى ساقلايدۇ. خۇدا ساقلايدۇ...

ئىككىيلەن يەنە ئۇن ـ تىنسىز ئىزدەشكە كىرىشتى. ئاخشامدىن بېرى گېلىدىن بىرەر تېمىم سۇمۇ ئۆتمىگەن بۇ ئەر ـ خوتۇن، توۋلاپ پۇتۇپ كەتكەن ئاۋازلىرى بىلەن يەنە ۋارقىرايتتى.

— مۇھەممەت!...

— ھوي!... مۇھەممەت قارى!...

— بالام مۇھەممەتخان!...

— نەدە سىلى، خۇدايىم بەرگەن مۇھەممىتىم!...

تېخى تۈنۈگۈن كەچقۇرۇنلا بۇ كەڭرى ھويلىدا چىپىپ

يۇرگەن، ئوغلاق ـ پاقلانلارنى، ئىت ـ مۈشۈك ۋە توخۇ، موزايلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوينىغان مۇھەممەت تۇيۇقسىزلا غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئاخشامدىن بېرى ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى بىلىنگەن دەقىقىدىن باشلاپ، ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننىڭ ئارامى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى. ئابدۇللا ئىمام، ئەزىز ئوغلى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىشتىن ئايانمايدىغان ئابدۇللا مەزىن، بالىسى بىلەن بىرگە ئوينايدىغان باللارنىڭ ئۆيلىرىگە بىر ـ بىرلەپ بېرىپ باقتى. ئۇچرىغانلا ئادەمدىن سۈرۈشتۈردى. ئۆيى ئەتراپىدىكى چىت ـ ماندالارنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇپ كۆردى، تېپىلمىدى. ئايالى بولسا، ھويلا ـ ئارامنى بېشىغا كىيىپ، خۇددى ھازىدار ئادەمدەك ھۆ تارتىپ يىغلايتتى. «يامان كۆزنىڭ بالاسىغا كەتكەنسەنمۇ بالام.» «نا ئەھلىنىڭ قازاسىغا كەتكەنسەنمۇ بالام؟!» ھويلا ماتەم تۈسىگە كىرگەنىدى. ئانىنى ھېچبىر تەسەللى بىلەن بېسىقتۇرغىلى بولمايتتى...

ئابدۇللا مەزىننىمۇ يىغا تۇتۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ، خوتۇنىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈنلا، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى...

كۈن ئولتۇردى. كەچ كىردى. قاراڭغۇمۇ چۈشتى. ئەتراپ زۇلمەت پەردىسىگە ئورالغانسېرى، ئابدۇللا مەزىننىڭ كۆڭلى شۇنچە بىئارام بولۇۋاتاتتى. كاللىسى قاراڭغۇلىشىپ، خىيالىغا ھېچ زامان يەتمىگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار يېتەتتى. «بالىنى بىرەر نائەھلى يولۇچى ئېلىپ قاچقانمىدۇر؟» دەيتتى ئۇ، ۋاژىلداپ ئېچىشۋاتقان يۈرىكىنى كۆكرىكى ئۈستىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، «ياق، ئاغزىمغا تاش ـ تۇپراق! بۇنداق بولۇشتىن، ئەزىز ئوغلۇمدىن تىرىك ئايرىلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن!... ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، بىرەر ناكەس بالىنى ئېلىپ قاچقان تەقدىردە، بالا ‹ئانا› دەپ ۋارقىرار ئىدى. ناتونۇش بىرەرى تارتىپ

ماڭسا جىم تۇرىدىغان دۆت بالىلاردىن ئەمەس ئۇ. ئۇنداقتا، ئۇنداقتا...» ئۇ جىددىيلەشكەنسېرى توختىماي يۆتىلىپ، ئۆي ئەتراپىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئايلىنىپ چىقاتتى. بالا، يېقىنلا يەردە ماراپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ ئىزدەشلىرىگە قاراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئاتا، نەتىجىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتى. دەسلەپتە، ئەر ـ ئايال ئىككىلىسى مۇشۇنداق ئويلىغانىدى. لېكىن، بارا ـ بارا بۇ پەرەزمۇ يوققا چىقتى. ھەرقانچە مۆكۈنىۋالسىمۇ، شۇنچە ئۇزاق مۆكۈنەرمۇ؟ مۆكۈنىدىغان ھالەتتىمۇ، مۇشتۇمدەك بالا گۆردەك قاراڭغۇدىن قورقماسمۇ؟ قورسىقى ئاچماسمۇ، ئۇسسىماسمۇ؟... «ياق. بۇ، مۆكۈنىۋۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى بۇ قەدەر قورقۇتىدىغان تاش يۈرەك ئوغۇللاردىنمۇ ئەمەس. ئەمىسە، ئەمىسە... نېمە كېلىشمەسلىك بولغاندۇ بالىغا زادى؟...»

بىر كېچە يىغا ـ زارە، ئەنسىرەش، ئەندىشىلەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەر ـ خوتۇندىن ھېچقايسىسى كىرپىك قاقمىدى. بىر تامچە سۇمۇ يۇتمىدى. يۈز بەرگۈسى تۈرلۈك كېلىشمەسلىكلەرنى ئىچىلىرىدە بىلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈشتى. مانا بۈگۈن يەنە ئانىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسى...

ــ يىغلىماڭلار ئانىسى، ــ دېدى ئابدۇللا مەزىن، ساقىلى ئارىسىغا سىڭىشىپ كېتىۋاتقان ياشلىرىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتىپ قويۇپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ــ ئاللا بىزگە بۇيرىغان بولسا، تېپىلىپ قالار. ئاللا بەندىسىنى بىھۇدە كۈلپەتكە سالمايدۇ...

ــ ئاللا رەھىم قىلسا بولاتتى. بىزنى تىرىك ئۆلتۈرمىسە بولاتتى. جىگىرىم بالامدىن راستتىنلا ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولسا، مەن ياشىيالمايمەن. ياشىمايمەن، دادىسى!...

ــ ئۇنداق دېمەڭلار. سەبرى قىلىڭلار... بالىمىز تېپىلىپ

قالار...

— دا... دادىسى... — دېدى ئايال بىردىنلا ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكىپ، — سىلى بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمەيدىلا، شۇنداقتىمۇ سەۋەبىنىڭ ئالىمى دەپتىكەن، مامۇت باخشىغا بىر رەم سالدۇرۇپ باقمىزمۇ - يا؟

— رەم؟

— هە - ئە، رەم.

...

ئارىنى يەنە ئازابلىق سۈكۈت باستى. ئەر - خوتۇننىڭ يىغا يامىشىپ تۇرغان ئېڭىدا، چىرايلىق، ئەقىللىك ۋە شوخ بالىسىنىڭ نۇرلۇق سىيماسى سېھىرلىك يۇلتۇزدەك پارلاپ تۇراتتى...

مۇھەممەت مېھرى ئىسسىق بالا ئىدى. ئۇ ساغلام ۋە ناھايىتى ئەقىللىك چوڭ بولۇۋاتاتتى. كىچىك بولۇشىغا باقماي، ئۇنىڭ تىلىنىڭ تاتلىقلىقى، چېچەنلىكىگە خۇي - پەيلىنىڭ ئوڭلۇقلىقى ۋە ئەدەبلىككلىكى قوشۇلسا، كىشىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن مەسىلىكىنى قوزغايتتى. ئۇ، ھەرقانداق چاغدا، ئاتا - ئانىسىغا «سىلى، ئۆزلىرى» بىلەن گەپ قىلاتتى. ئابدۇللا مەزىننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، مۇھەممەتنىڭ خاتىرىسى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ساۋاقنى شۇ كۈنىلا ئەستە ساقلىۋېلىپ، «يەنە بارمۇ؟» دېگەندەك، ئۇستازىنىڭ — تەلەپچان دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە مۆلدۈرلەپ قارايتتى. ئابدۇللا مەزىننىڭ بايقىشىچە، بالا ئەستە قالدۇرۇش، ئاددىي قاپىيەلەرنى تۈزۈش ۋە يۇزە ئوخشىتىشلاردا ئىلگىرىلەپلا قالماستىن، پىكرىي چوڭقۇرلۇقتىمۇ يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر سۈرئەتتە ئالغا سىلجىپ كېتىۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا ئارىغا قويۇلغان بىر مۇئەممانى دادىسى بەكلا چۆچۈتكەنىدى.

— ئاللا ئادەمنى قانداق ياراتقان، ئاتا؟ — بىر كۈنى،

داستىخاندىلا شۇنداق دەپ سوراپ قالدى مۇھەممەت.
— تۇپراقتىن ياراتقان، — ئاددىي چۈشەنچىسى بويىچە ئۇدۇللا جاۋاب بەردى دادا.
— تۇپىدىن لاي ئېتىپما؟
— ياق... ھە، شۇنداق.
— مەن ئاداشلىرىم بىلەن ياساپ ئويناپدىغان لاي قوچاققا ئوخشاشما، ئاتا؟
— ھە ... ئە.
— ئەمىسە، بىز ياسىغان قوچاق گەپ قىلمايدىكەنغۇ؟
— ئۇنىڭ جېنى بولمىسا، بالام؟
— ئۇنداقتا، جاننى خۇدا بېرەمدا، ئاتا؟
— ئەلۋەتتە. جاننى خۇدا بېرىدۇ، يەنە خۇدا ئالىدۇ.
— ھەممە نەرسىنىڭ جېنى بولامدۇ، ئاتا؟
— ئەلۋەتتە، ئالەمدىكى جىمى بارلىقنىڭ جېنى ۋە تىلى بار، بالام.
— ئەمىسە، جان دېگەن قانداق نەرسە، ئاتا؟
— جان دېگەن... جان دېگەن... — ئابدۇللا مەزىنىنىڭ تىلى بىردىنلا كالۋالاشتى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن بۇنداق بىر سوئالنى سوراپ باقمىغانىدى، — جان دېگەن بىر ھور...
— ئېغىزدىن چىقىدىغان ھورنىڭ ئۆزى جانما؟ — يەنە ئۇلاپ سورىدى بالا.
— ياق، بۇ دېگەن... — دادا ئىختىيارسىز ھالدا ساقىلىنى چىمدىدى.
— ئاللا، سىلىنى قەيەردىكى لايدىن ياسىغان ئاتا؟
— مېنى لايدىن ياسىمىغان، ئاپام تۇغقان.
— ئەمىسە، مېنىچۇ؟
— سىلىنىمۇ ئاپىلىرى تۇغقان، بالام.
— بايا، ئادەمنى لايدىن ياراتقان دېمىدىلىمۇ ئۆزلىرى؟

ــــ بۇ، مۇنداق گەپ... ــــ دادىنىڭ كاللىسىغا ھېچقانداق گەپ كەلمىدى، ــــ مۇنداق گەپ...

ــــ ئاللا نەدە تۇرىدۇ، ئاتا؟

ــــ بۇ...ئاللا تائالا دېگەن... ئاللا دېگەن ئەرش كۇرسىسىدا...

ــــ مەن ئاللانى كۆرەلەيمەنمۇ، ئاتا؟

...

چوڭ ۋە ئېغىر بىر سوئال بىرمۇنچە شاخلاپ كەتكەندى. دادا، ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ تېيىزلىقىنى تەن ئالدى. قانچە قىلسىمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، گەپ ئەگىتكەن ھالەتتىمۇ، ئوغلىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، ئاللانىڭ مۇتلەق بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتىكى، بۇ ھەقتىكى ھېچبىر گۇمان ۋە سەۋەبىيەتكە ئورۇن قالدۇرمىغان، بۇ توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ باقمىغانىدى. بۇ خۇسۇسىدا ئويلىنىشمۇ، دىنسىزلىق بىلەن باراۋەر ئىدى ئۇنىڭ نەزەرىدە. مانا ئەمدى، ئەتىۋارلىق ئوغلى ئاجايىپ بىر مۇئەممانى سوراپ قالدى ـ ھە؟... ئۇ، چۆچىدى. ئەندىشە قىلدى. ئاخىرىدا خۇشمۇ بولدى. سوئال غەلىتە بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئوغلىنىڭ پىكىرلىك ئادەم بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. دادا، سۆيۈنۈش ئىچىدە ئەنسىرىدى: بۇ بالىغا ئەمدى ئۇنىڭ ساۋاقلىرى توغرا كەلمەيدىغان يەرگە كەپقاپتۇ. قايسى مەدرىسكە بېرىش ھەققىدە ئويلىنىدىغان ۋاقتى بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە، مۇھەممەت تېخىمۇ كۆپ سورايدىغان بولۇۋالدى. شۇ سەۋەبلىك، دەسلىپىدە زور ئىشتىياق ۋە خۇشلۇق بىلەن ساۋاق باشلىغان دادا، بارا ـ بارا ئوغلىنىڭ سوئاللىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغان، قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇستاز ئورنىدا تۇرۇپ ساۋاق بېرىك ـ يۇ، تالىپىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەڭ. بۇ قانداق مۇدەررىسلىك؟ ئۇ بىرمۇنچە تالىپلارنى ساۋادلىق قىلىپ قولدىن چىقارغان بولسىمۇ، بۇنداق قانائەتسىز

بالىنى، ئوغلىدەك بوٚنداق تەشەببۇسكار ۋە جوٚرئەتلىك تالىپنى ئوٚچراتمىغانىدى. باشقا موٚدەررىستىن ساۋاق ئالغان بولسا، بۇ قەدەر جوٚرئەتلىك بولالماسمىدى ـ يا؟ دادا شۇنداقمۇ ئويلاپ قالاتتى بەزىدە. بىراق، مۇھەممەتنىڭ كىيىنكى كوٚنلەردىكى ئىلىمگە ھېرىسلىكى، دادىنىڭ بۇ خىيالىنىڭ توٚپتىن خاتالىقىنى ئىسپاتلىغانىدى...

مۇھەممەت، ئالەم موٚجىزادلىرىغا ئالاھىدە مېھرى بىلەن باقاتتى. يۇلتۇزلارغا گەپ قىلاتتى. قۇياش بىلەن بىرگە كوٚلەتتى. بۇلۇتلار بىلەن يىراقلارغا ئۇچاتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا، كوٚپىنچە قوزا، موزاي، ئىت، توخۇلىرى بىلەن ئويناتتى. شوٚخلاشقا، ئۇ ئوٚيگە كىرگەندە ۋە چىققاندا، بىر ـ ئىككى قوزا، بەش ـ ئالتە توخۇ، كۇچۇك ھەم موشۇكلەر ئارقىسىدىن ئەگىشىپلا يۇرەتتى. ئۇ يىراقراق يەرلەرگە كېتىپ قالغان كۇنلىرى هويلىدا ئالاتوپىلاڭ كوٚتوۇرولەتتى: ئىت ئەنسىز قاۋايتتى، هوۋلايتتى. قوزىلار ئانىسىغىمۇ قارىماي مەرەيتتى. توخۇلار گويا بىرەر نەرسىدىن ئوركوپ كەتكەندەك، ئاسمانغا قاراپ ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلدايتتى، قىچقىراتتى. تاغىل موشۇك ئاسلانلىرىنى ئەگەشتوروپ ئوٚگزىگە چىقىۋالاتتى ۋە يەرنى تاتىلاپ توختىماي مىياڭلايتتى... «ئەييوھەنناس، مۇھەممەت قارىبى!» دەپ كېتەتتى ئابدۇللا مەزىن، شۇنداق ۋاقىتلاردا سىرتتىن يېنىپ كەلگەن ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ، «سىلى بولمىسىلا، ئوٚيدىكى جان ـ جانىۋارلار غەلىيان كوٚتوۇروپ، قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەپلا كېتىدىكەن ئەمەسمۇ. سىلى يىراققا بارمىسىلا جۇمۇ!»

«ئاللا خالىسا، ئەمدى ئوٚيدىن تالاغا چىقمايمەن ئاتا.» دەيتتى مۇھەممەت ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا پىلتىڭلاپ تۇرۇپ.

ئاتا ئىپتىخار بىلەن كۇلوپ كېتەتتى. مۇھەممەتمۇ تاتلىق ئاۋازى بىلەن پىخىلداپ كۇلەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز ئاداشلىرىم! — ئادەتتە تالادىن شۇنداق دەپ ھويلىغا قەدەم باساتتى مۇھەممەت، ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئىت - مۈشۈك، قوزا - پاقلانلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى يۇمشاق سىلاپ تۇرۇپ. شۇئان، قوزىلار ئۇنىڭ پېشىنى، يۈز - كۆزلىرىنى يالايتتى. توخۇلار يەڭگىل قاقىلداپ، قانات - قۇيرۇقلىرىنى ئۇنىڭ تامبىلىنىڭ پۇشقىقىغا سۈركەيتتى. بىر - بىرلىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىت بىلەن مۈشۈكمۇ ئىختىيارسىز ھالدا بىر يەرگە كېلىپ، مۇھەممەتنىڭ — قەدىرلىك دوستىنىڭ ئۇچرىغانلا يېرىگە سۆيۈپ - يالايتتى. يېقىنچىلىق بىلەن مىياۋلايتتى، قاۋايتتى...

— سۇغا سىيسەك يامان بولىدىكەن. ناننى دەسسىسەك يامان بولىدىكەن. يەرنى ئۇرساقمۇ يامان بولىدىكەن... ئۇنداقتا، — دېدى مۇھەممەت بىر كۈنى كەچتە دادىسىغا يەنە سوئال قويۇپ، — ئۇنداقتا، بۇلار بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزنى قانداق بىلىدۇ، ئاتا؟

— ھە... بۇرۇن دېگەنتىمغۇ سىلىگە، ھەممىلا نەرسىنىڭ جېنى بار، تىلى بار، ئوغلۇم، — يەنە ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتى دادا، — شۇڭا، سۇغا تۈكۈرسەك، يامان بولىدۇ — سۇ خاپا بولىدۇ. جىرىملارنى سۇندۇرساق، يامان بولىدۇ — جىرىم يىغلايدۇ. گۈل - چېچەكلەرنى ئۈزسەك، يامان بولىدۇ — ئۇلار بىزنى تىللايدۇ. ھايۋانلارنى خارلىساق، يامان بولىدۇ — ئۇلار بىزنى قاغايدۇ...

مۇھەممەت، ئەھمىيەتلىك ساۋاق ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلىدىغان ساناقسىز سوئال - مۇئەممالار ئارىسىدا ئۆسۈپ بارماقتا ئىدى. كۈنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر ئايلارنى قوغلاپ، يىللار داۋاننى بىر - بىرلەپ ئارقىغا تاشلاپ كېلەتتى. نەچچە رامىزان، قۇربان ھېيت ئۆتۈپ، يەنە بىر قۇربان ھېيت يېتىپ كەلدى. بارچە ئۇيغۇر ئائىلىلىرى قاتارىدا، ئابدۇللا مەزىن ئائىلىسىمۇ بالدۇرلا

ھېيت تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەندى.

ھېيت نامىزىنى ئوقۇتۇپ بولۇپلا، ئەل ـ جامائەتنىڭ ئەھلى ـ مەھەللىنى پەتىلەش تەكلىپىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆيگە كىرگەن ئابدۇللا مەزىن، خوتۇنىنىڭ يەنىلا ساڭزا ـ قۇيماق بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ سەل ئاچچىقلاپ قالدى.

— تېخىچە ساڭزا بىلەن ھەپىلىشىپ، مىسىلداپ ئولتۇرۇپسىلە. كەچكىچە ساڭزا ـ قۇيماق يەپلا ئولتۇرىمىزمۇ، خوتۇن؟ — دېدى ئۇ ئۇنىڭ پۈتىدىكى مەيسە ـ كالاچىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، — ھېلى جامائەت گۇرۇلدەپ كىرىدۇ. ئۇ چاغدا، بىز تېخى قۇربانلىق قىلمىغاندۇق دەپ يۈزىمىزنى داپتەك قىلىپ ئولتۇرىمىزما؟ قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوشقارغا ئۇسسۇزلۇق بەردىلىمۇ؟ مەن ئىشلىتىدىغان پىچاق، بىلەيلەر قېنى؟

— مانا، مانا... — دېدى ئايال تەمتىرەپ، — ھازىرلا تەييار قىلاي، ھازىرلا... سالىدىغان ساڭزا ـ قۇيماقلارمۇ تۈگەي دېدى. قوشقارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ بولغان. پىچاق تاختىيېشىدا، بىلەي مانا...

— بۇ گەپچە، قوشقارنى بىر ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىدىكەنمەن ـ دە؟ — دېدى ئابدۇللا مەزىن غاراڭ ـ غۇرۇڭ ۋە سوغۇق ئاۋازدا خىتاب قىلىپ، — بوپتۇ، سىلى ساڭزا بىلەنلا ئۆتسىلە. قوشقارنى بىر مەنلا يىگەندىكىن... — ئارقىدىنلا، سېرىق بىر مېكىيان بىلەن قوغلاشماق ئويناۋاتقان ئوغلىنى تۇۋلىدى، — مۇھەممەت قارىي، ئاۋۇ ئاداشلىرىغا خوش! دەپ قويۇپ، بۇ ياققا كەلسىلە، قۇربانلىق قىلىمىز.

— خوش، ئاتا.

ئابدۇللا مەزىن، قۇربانلىققا ئاتاپ بېقىۋاتقان كۆك قوشقىرىنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەرگە يىقىتىپ، پۇتلىرىنى

چۈشەپ بولدى.

— مەن قوشقارنى بوغۇزلايمەن. سىلى قورقۇپ كەتمەي، قوشقارنىڭ پاچاقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، تۇكلىرىگە مەھكەم ئېسىلىپ ئولتۇرسىلا بالام.

— تۇكىگە ئېسىلمىسام نېمە بولىدۇ، ئاتا؟

— ساۋابى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى مۇشۇ قوشقار بىزنى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن تارتىپ ئۆتكۈزىدۇ.

— ئۆتكەن ھېيتتىمۇ ئۆلتۈرگەنتۇق. ئاشۇ قوشقارچۇ، ئاتا؟

— ئۇ باشقا گەپ، بۇ قوشقار باشقا گەپ. ئىككىسىنىڭ ساۋابى باشقا ـ باشقا، بالام.

— ئۇنداقتا، تۈكىنى قىرقىۋېلىپ، قوشقارنى قويۇۋېتەيلىچۇ، ئاتا.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ قۇربانلىققا تۈكى ئەمەس، جېنى لازىم قوشقارنىڭ. ھە، ئەمىسە پىچاق سۇردۇم، مەھكەم بېسىپ تۇرسىلا ـ ھە!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، مۇھەممەت تېخى تۇتۇۋېلىپ بولالمىغان بىر سۇرىنى ئوقۇۋېتىپ، «ساڭا ئەجەل، ماڭا پەرمان!» دېگىنىچە، يالتىراپ تۇرغان پىچاقنى سېمىز ۋە چىرايلىق كۆك قوشقارنىڭ بوغۇزىغا كۈچ بىلەن سۈركىدى. شۇئان، قوشقارنىڭ گېلىدىن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. قوشقار باشتا ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەك بوش ئىنجىقلاپ قويدى. دەقىقە ئۆتمەيلا جان ـ جەھلى بىلەن مەرەپ، بار كۈچى بىلەن تېپچەكلىدى. ھازىرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك يۇلقۇندى.

— بالام چىڭ باسسىلا. پۇتلىرىنى چىڭ تۇتسىلا! — دېدى ئابدۇللا مەزىن جىددىيلىشىپ، — پۇتى بوش چۇشۇلۇپ قاپتىكەن. ئاپلا!... چىقىرىۋالدى! بەك باسسىلا، بەك!

ئابدۇللا مەزىن بىر ياقتىن ۋارقىراپ، بىر ياقتىن، قوپۇپ

كېتىشكە ئورۇنىۋاتقان قوشقارنى ئاستىغا بېسىشقا تىرىشاتتى. سول قولى بىلەن ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى مەھكەم قايرىپ، ئوڭ قولىدىكى پىچاقنى قوشقارنىڭ گېلىغا تېز - تېز سۈركەيتتى. قوشقار بولسا، بېشىنى ھەريان ئۇرۇپ، بوينىنى پىچاقتىن ئېلىپ قاچاتتى. ئاداققي كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ، ئەجەل لەشكىرى بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى.

قوشقار زورۇققان، كۈچەنگەنسېرى، قان شۇنچە كۆپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئاسان جان بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. خارقىرايتتى. ۋارقىرايتتى...

مۇھەممەتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ گەپلىرىگە ئېغىزىدا ماقۇل دېگىنى بىلەن، ئەمەلدە قوشقارنىڭ پۇتىنى زادىلا تۇتمىدى. ھە - ئە، كۆرۈنۈشتە تۇتقاننى دوراپ قويدى - يۇ، ئازراقمۇ كۈچ ئىشلەتمىدى. ئۇ ئىچىدە: قوشقار بىرلا سەكرەپ قوپۇپ كەتسىكەن. يىراقلارغا قېچىپ كەتسىكەن... دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ئۇ ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە، بىردىنلا قوشقارنىڭ كۆزىگە قاراپ قالدى. ئاجايىپكى، دەل شۇ چاغدا قوشقارنىڭ كۆپكۆك كۆزىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

— ۋاپاسىز! — شۇنداق دەۋاتقاندەك بىلىنىدى، خارقىراپ تۇرغان قوشقارنىڭ يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرى.

— ياق، مەن... ئاتام...

— ئاتاڭ ئەمەس، سەن ۋاپاسىز! — يەنە شۇنداق سادا كەلدى جان تالىشىۋاتقان كۆزلەردىن، — بىرگە ئوينىغان ئەمەسمىدۇق. ساڭا ئەگىشىپ چوڭ بولغان ئەمەسمىدىم؟...

— شۇنداق، بىز بىرگە ئوينىغان. بىز ئاداش بولۇشقان!...

مۇھەممەت ئىختىيارسىز ھالدا ۋارقىراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە يىراقلارغا قاچتى. باياتىن بېرى پۇشقۇرۇپ تۇرغان سېرىق مېكىيانمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

دوكۇلداپ يۈگۈردى.

— بولمىدى... بالام مۇھەممەت قارىي!...

ئەمما، قوشقارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى. ئۇ يېرىمى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇلۇنى كېسىلمىگەن بوينىنى ساڭگىلىتىپ، مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى.

— ماۋۇ قوشقار قويۇۋالدى. ۋاي بولمىدى... مۇھەممەت قارىي!... ئانىسى!...

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرلىكتە قوغلاپ تۇتۇشى ۋە يېڭىباشتىن چۈشەشلىرى بىلەن، قوشقار ئاخىرى جان تەسلىم قىلغان بولدى. بىراق، بۇ جەرياندىكى ھاردۇق ۋە خاپىلىق ئابدۇللا مەزىننىڭ ئوغۇسىنى خېلىلا قايناتقانىدى.

— نېمە قىلغانلىرى بالام ئۇ، ئەتىگەندىكىسى؟ — دېدى دادا، كەچقۇرۇن، مۇھەممەتكە خاپا بولۇپ. ئۇ، ئۆزىنى ئەڭ باسالمىغان چاغلاردىمۇ ئوغلىنى يەنىلا «سىلى، ئۆزلىرى» دەيتتى. بۇ، ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى.

— مېنى كەچۈرسىلە... ھايۋاننى خارلىسا يامان بولىدۇ، دېگەنىدىلە. قوشقىرىم مېنى قارغىۋېتەمدىكىن دەپ قورقتۇم... قوشقىرىمغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى... پەقەت چىدىيالمىدىم... شۇڭا قېچىپ كەتتىم، ئاتا، — دېدى بالا يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

— قۇربانلىق قىلىش، ھايۋانلارنى خارلىغانلىق بولمايدۇ، ئوغلۇم، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، قۇربانلىقنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە توختۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، — بۇ، بىزگە ئاللا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان، پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان ۋاجىپ.

— ۋاجىپ دېگەنلىرى؟... — ئادىتى بويىچە، يەنە سوئال بىلەن دادىسىغا تىكىلدى مۇھەممەت.

— بۇ، مۇنداق گەپ بالام، — بىلگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، ئابدۇللا مەزىن، — سىلى

چۈشەنگۈدەك قىلىپ دېسەم، ئادا قىلمىسا بولمايدىغان دىنىي قائىدىلەر ـــ پەرز بولىدۇ. قۇدرىتى يەتكەنلەر، شەرت ـ شارائىتى يار بېرىدىغانلار قىلىشقا بۇيرۇلغان دىنىي زۆرۈرىيەتلەر ـــ سۈننەت دېيىلىدۇ. ئەمدى ۋاجىپقا كەلسەك، ـــ بىرمۇنچە چۈشەندۇرۇشلەردىن كېيىن، يەنە مىسال بىلەن ئوچۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى ئۇ، ـــ خۇسۇسەن، قۇربانلىق ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ئاتلىق بىر ئوغلى باركەن. ئۇ بۇ ئوغلىغا بەك ئامراق بولۇپ، ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. ئۇنى بىردەم كۆرمىسە زادىلا چىدىمايدىكەن. بالىمۇ ھەم شۇنداق ئىكەن. بۇ ئاتا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئامراقلىقىنى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ زىيادە ئامراقلىقى، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر ئېغىزىدا داستان ئىكەن.

بىر كۈنى، پەرىشتىلەر:

ـــ خۇدايا، ئىبراھىم مەن ساڭا دوست دەپ يۈرەتتى. ئەمەلدە، سەندىنمۇ بەكراق ئوغلىغا ئامراقتەك كۆرۈنىدىغۇ؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ ئىبراھىمنىڭ ماڭا بولغان دوستلۇقىنىڭ زادى قانداقلىقىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياي، ـــ خۇدادىن شۇنداق بىر سادا كەپتۇ. ئارقىدىنلا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، خۇدادىن ئاجايىپ بىر پەرماننى ئاڭلاپتۇ:

ـــ قۇربانلىق قىل!

پەرماننى ئاڭلىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 10 مىڭ تۆگە، 500 قوينى قۇربانلىق قىپتۇ. لېكىن، بايىقى پەرمان يەنە ئاڭلىنىپتۇ:

ـــ قۇربانلىق قىل!

ـــ ئى ئۇلۇغ خۇدا، سەن ئۇچۇن شۇنچە جاننى قۇربانلىق

قىلدىم، يەنە نېمىنى قۇربانلىق قىلسام، ئاندىن قۇربانلىقىم قوبۇل بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

— مېنىڭدىن ئۆزگە، نېمىنى ئەڭ ياخشى كۆرسەڭ، شۇنى قۇربانلىق قىل! — دەپتۇ خۇدا.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى، ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ئادىمىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ ۋە ئۇنى تويغا ئېلىپ بارىدىغاندەك ياساندۇرۇپ، سىرتقا ئېلىپ مېڭىپتۇ. يۇيۇپ ـ تاراپ، يېڭى ئېگىنلەرنى كىيدۇرۇشلەردىن كېيىن، ئوغلى شۇنچىلىك تارتىملىق بولۇپ كېتىپتۇكى، ئىبراھىمنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئەقلى ھەيران قاپتۇ. كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ئېغىزى شادلىقتىن يۇمۇلماي قاپتۇ. ئوغلىغا بولغان مېھرى بۇرۇنقىدىن نەچچە باراۋەر زىيادە بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ، خۇداغا بولغان مېھىر ۋە ساداقىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئوغلىنى باشلىغان يولدىن يانماپتۇ.

يېرىم يولدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى شەيتان ئازدۇرۇپ بېقىپتۇ. «سېنى ئۆلتۈرىدۇ. قاچ!» دەپتۇ. لېكىن، ئىسمائىل:

— خۇدانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئاتام مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ھېلىغۇ ئەرزىمەس بىر جېنىمكەن، مىڭ جېنىم بولسىمۇ پىدا قىلىمەن! — دەپتۇ.

شەيتان بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت قىلماي، بالىنىڭ ئانىسىنىمۇ ئازدۇرۇشقا ھەرىكەت قىپتۇ. «جان ـ جىگەر ئوغلۇڭنى ئاتىسى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭدى. ئۇنى خۇدانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماقچى. تېز بېرىپ قۇتقۇزغىن!» دەپتۇ.

— ئۇلۇغ خۇدانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، ھېلىغۇ بىر ئوغلۇم باركەن، يۈز ئوغلۇم بولسىمۇ بەرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ ئانا.

شۇنىڭدىن كېيىن، شەيتان ئانا ـ بالىنىڭ يېنىغا كۆپ قېتىم كېلىپ، ئۇلارنى دەيدەيگە سېلىپ بېقىپتۇ. بىراق ھەر قېتىمدا دەككىسىنى يەپ، ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپتۇ.

— ئى چىرايلىق ئوغلۇم، خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن سېنى قۇربانلىق قىلماقچىمەن، رازى بولارسەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتا مىنى تېغىغا بارغاندىن كېيىن.

— ئۇلۇغ خۇدا شۇنداق پەرمان قىلغان بولسا، بۇ ئىشنى دەرھال ئىجرا قىلىڭ ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل، — ئۆيدە شۇنداق دېگەن بولسىڭىز، باغرى يۇمشاق ئانام بىلەن خوشلىشىۋالماسمىدىم. خەير، ھېلىمۇ كېرەك يوق. بىچارە ئانامغا مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزۈڭ. دېگەن يەرلىرىدىن چىقالمىغان بولسامۇ، مەندىن رازى بولسۇن، — دەپتۇ ئوغۇل كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئاتا ـ بالا بىر ھازا يىغا ـ زارە قىلىشىپتۇ.

— ئى ئەزىز ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل بىر ھازادىن كېيىن، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، — خۇدانىڭ پەرمانىنى كېچىكتۈرمەڭ. پۇت ـ قولۇمنى دەرھال باغلاڭ. مەن ئاجرىيالمىغۇدەك باغلاڭ. كۆزۈمنىمۇ مەھكەم تېڭىۋېتىڭ. جان تالىشىۋېتىپ سىزگە قاراپ قالسام ياكى مىدىرلاپ قالسام، گۇناھكار بولۇپ قالىمەن...

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى چىڭ باغلاپ، كۆزىنى مەھكەم تېڭىپ، قولىغا پىچاق ئاپتۇ. لېكىن شۇ چاغدا، خۇدادىن پىچاققا «كەسمىگىن!» دەپ پەرمان كەپتۇ. بۇنى بىلمىگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى ئوغلىنىڭ بوغۇزىغا كۈچ بىلەن سۈركەپتۇ. پىچاق كەسمەپتۇ. يەنە سۈركەپتۇ، يەنە كەسمەپتۇ... ئۈچىنى سانجىسا، ئارقىغا قايرىلىپ كېتىپتۇ. يەنە سانجىسا، يەنە قايرىلىپتۇ... دەرغەزەپكە كەلگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، قولىدىكى پىچاقنى تاشقا بىر ئۇرغانىكەن، تاش

ئىككى پارچە بولۇپ، ئۇنىڭدىن قان چىقىپتۇ. «تاشقا سالسام كېسىسەن، ئوغلۇمنى نېمىشقا كەسمەيسەن؟» دەپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاققا قاراپ.

— كايىماڭ، — دەپتۇ پىچاق جاۋابەن، — سىز بىر مەرتىۋە «كەس!» دېگۈچە، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا يەتمىش مەرتىۋە «كەسمە!» دەپ پەرمان قىلدى. ئەلۋەتتە خۇدانىڭ پەرمانىغا بويسۇنىمەن ـ دە! — دەپتۇ پىچاق.

پەرىشتە، ھۆر ـ غىلمانلار ئىبراھىمنىڭ خۇداغا بولغان دوستلۇق مۇھەببىتىگە قايىل بولۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا، خۇدادىن يەنە پەرمان كەپتۇ:

— ئى ئىبراھىم، سەن ماڭا بىر جان پىدا قىلدىڭ، مەن ساڭا سان ـ ساناقسىز جانلارنى ھەدىيە قىلىمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاسماندىن بىر كۆك قوشقار چۈشۈپتۇ.

— ئوغلۇڭنىڭ ئورنىغا مۇشۇ قوشقارنى قۇربانلىق قىل! — دەپتۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يېشىۋېتىپ، ئورنىغا كۆك قوشقارنى قۇربانلىق قىپتۇ ۋە: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىلھەمدۇ (ئاللا ئۇلۇغ، ئاللا ئۇلۇغ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللا ئۇلۇغ، ئاللا ئۇلۇغ، بارلىق مەدھىيە ئاللاغا خاستۇر) دەپ تەكبىر ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان، قۇربان ھېيتتا كۆك قوشقارنى، تاپالمىغاندا، ئۆزى ئەڭ ئامراق ۋە ساغلام قوشقارنى قۇربانلىق قىلىش ۋە مۇشۇ تەكبىرنى ئېيتىش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولغانىكەن. شۇڭا، بىزمۇ ئامراق قوشقارلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن قۇربانلىق قىلىۋەتتۇق، بالام.

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر!... — مۇھەممەت ئىختىيارسىز ھالدا تەكبىر

ئېيتىپ قويدى. ئۇ دادىسى رىۋايەتكە قىستۇرۇپ ئېيتقان تەكبىرنى بىر ئاڭلاپلا تۇتۇۋالغانىدى.

ئابدۇللا مەزىن، ئوغلىنىڭ ئەقلىگە يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى. شۇئان، ئىچ ـ ئىچىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان ئىپتىخار تۇيغۇسى ئۇنىڭ چاناقلىرىغا ياش بولۇپ يىغىلدى.

— مۇشۇنداق... مانا مۇشۇنداق ئېيتىمىز بالام، تەكبىر دېگەننى، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ھاياجاندىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ.

ئابدۇللا مەزىن ئوغلى ھەقىقەتە ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قەتئىي ھالدا كېسىپ ئېيتتى: «بالامنى بىرەرى ئېلىپ كەتمەپتۇ. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا. ئوغلاق، پاقلان، توخۇ ـ تومانلىنى يېڭىباشتىن ساناپ چىقايلى، خاتۇن!...» شۇنىڭغا ئۇلاپلا، باغ ۋە ھويلا ـ ئارامدىن يەنە ئەنسىز، بوغۇلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— بالام مۇھەممەت قارىي!

— ئوغلۇم مۇھەممەتخان!

...

* * *

كەچ.

كۇنپېتىشى بىلەن تەڭ، كۇزنىڭ ئىزغىرىن شاملى يېڭىباشتىن كۇچىيىشكە باشلىدى. سوغ تەسىرىدە بەدەن قورۇلاتتى. ۋۇجۇدلار يېقىمسىزلىناتتى. يول ئۇستىدىكى، ئېتىز ـ قىرلاردىكى، ئومۇمەن، سىرتتىكى يېلىنىڭ كىيىنگەن بارچە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز ھالدا گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇرغان چىرايلىق ئوت كېلەتتى. ئۇنىڭ تەنگە ھۇزۇر يېقىملىق ھارارىتىنى سېغىناتتى...

كۇنپېتىش تەرەپتىن كېچىنىڭ قارامتۇل پەردىسى تېزلىك بىلەن يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى. غازاڭلار بەس ـ بەستە شاراقلاپ

چۈشەتتى. ھەممىلا ياقنى قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك قاپلاپ تۇراتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن ئاتلار كىشنەپ كېلەتتى. ئېشەكلەر ھاڭرايتتى، كالىلار مۆرەيتتى. قويلارنىڭ مەرەشكەن، ئىتلارنىڭ قاۋاشقان ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

بىراق، مۇھەممەتنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى بۇلار ئەمەس ئىدى. ئۇ بالىلىق تەپەككۇرى بىلەن، ئۆز دۇنياسىدا كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇن ئالىمىدە، ھەممىلا نەرسە ھەرىكەت قىلاتتى. ئوينايتتى، سۆزلەيتتى، كۈلەتتى، يىغلايتتى. ئەڭ كىچىك بىر كۆرۈنىمۇ مۇھەممەت ئۈچۈن ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىدى. ئالايلۇق، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر تال چۈمۈلە غىلدىرلاپ ماڭغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىناس دوست سانىلاتتى ۋە ئىككىسى دەرھال پاراڭغا چۈشەتتى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چۈمۈلە ئاداش، كەچ بولدى دەپ ئۆيلىرىگە ئالدىراپ ماڭدىلىمۇ؟ ــ دەيتتى ئۇ چۈمۈلىنىڭ ئالدىنى ئالىقىنى بىلەن توساپ تۇرۇپ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇھەممەت ئاداش، دېگەنلىرى ئورۇنلۇق. كەچ كىردى، ئۆيۈمگە كېتىپ بارىمەن، ــ چۈمۈلىنىڭ شۇنداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى ئۇ.

ــ بۇنچە ئالدىراپ نېمە قىلارلا؟ ــ يېنىشلاپ سورايتتى ئۇ يەنە.

ــ باياتىننىڭياقى ئوينىۋالدىم، ئەمدى يانمىسام بولماس. ئاتا ـ ئانام ئەنسىرەيدۇ. ساۋاق تەكرار قىلىمەن...

ــ ئۆزلىرىمۇ ساۋاق ئېلىۋېتىپلا ـ دە، ئەمىسە؟

ــ شۇنداق بولمامدىغان ئادىشىم، مۇشۇ كۈنلەردە ساۋاق ئالماي بولامدۇ. ساۋاق ئالمىساق، ئاچلىقتىن ئۆلۈمىز. ئۆينى تاپالمايمىز، ئاچكۆزلەرگە يەم بولىمىز...

ــ سىلىگە ساۋاقنى ئاتىلىرى بېرەمدۇ، چۈمۈلەجان؟

ــ ئاتامۇ بېرىدۇ. كۆپراق ساۋاقنى ئانامدىن ئالىمەن

دېسىلە.

— ماڭا ساۋاقنى ئاتام بېرىدۇ. ھە... كۈندۈزى نېمىشقا چىقمايدىلا، ئويۇن ئوينايتتۇق ئەمەسمۇ؟

— كۈندۈزى ئاتا - ئانام، ئاكا - تاغىلىرىم چىقىپ يېمەكلىك يىغىپ كېلىدۇ. مەن چىقسام، توخۇ - چۈجىلەرگە يەم بولۇپ كېتىمەن. كەچتە چىقسام، ئۇلار مېنى كۆرەلمەيدىكەن، شۇڭا بىردەم ئويناۋالىمەن.

— مېنىڭ چۈجىلىرىممۇ جانلىرىغا ئارام بەرمەمدا؟

— سىلىنىڭلا ئەمەس، ھەممىلا چۈجە شۇنداق، مۇھەممەت قارىي... — بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ئۇ چۈمۈلىنىڭ، — دەسلىۋالاسىدا، ئوينىغاننى دوراپ بىزنى قوغلايدۇ. ئويناشقان ئوخشايمىز دەپ قاچماي تۇرۇپ بەرسەك، ئۈچلۈق تۇمشۇقى بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىر - ئىككىنى چوقۇپ، ئۈچەي - باغرىمىزنى چۇۋۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈيۈمايلا يەم بولۇپ كېتىمىز...

— قاملاشماپتۇ. جانلار بىر - بىرلىرىگە قاياش ئەمەسمۇ؟... ئاتام شۇنداق ساۋاق بېرىدۇ.

— ئەسلىدىغۇ شۇنداق ئىدى. لېكىن، ئۈچلۈق تۇمشۇقلۇقلار جېنىمىزغا ئاراملىق بەرمەي كېتىپ بارىدۇ، مۇھەممەت قارى.

— بۇ... بۇ قانداق بولغىنى؟... — بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇ ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى ۋە يېنىدا چۈكۈلداپ تۇرغان چۈجىلىرىگە بۇرۇلاتتى، — ماڭا قارىسىلا چىرايلىق ئادىشىم، سىلىمۇ تەپ تارتماي جانغا زامىن بولۇپ يۈردىلىما؟

— مەن... چۈك - چۈك، مەن... چۈك!... — چۈجىلەر ئىختىيارسىز ھالدا چۈكۈلداپ كېكەچلەپ، خىجىللىق بىلەن تۇمشۇقىنى يەرگە قاداپ تۇرۇۋاشاتتى.

— بۇ بولماپتۇ، — دەيتتى مۇھەممەت، ھەممەيلەننى بارلىق

دوست ـ ئاداشلىرىنى دەرقەمدە توختىتۇتۇپ تۇرۇپ، ــ بارچە جانلار خۇدانىڭ رەھمىتى. جانلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە قەست قىلىشقا ھەققى يوق. بىر ـ بىرلىرىمىزنىڭ جانلىرىغا قەست قىلمايلى. ئىجىل ئاداش بولايلى. بولمىسا، ھەرقايىسى ئاداشلاردىن خاپا بولۇپ قالىمەن. مەن رەنجىيمەن!

ــ خوپ، ئىجىل ئاداش بولايلى. بىر ـ بىرىمىزنىڭ جانلىرىغا قەست قىلىشمايلى!

جاۋابەن، چۈجىلەر چۈكۈلدايتتى. قوي ـ قوزىلار مەرەيتتى. كۈچۈكلەر قاۋايتتى. پاشا ـ كۇمۇتىلەر غىڭشىيتتى...

ــ ھە، ماۋۇ گەپ بولدى، ــ دەيتتى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن ۋە دەرھال چۈمۈلىگە تۇمشۇقىنى يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلاتتى، ــ ئاڭلىدىلىمۇ، چۈمۈلە ئادىشىم؟ ئەمدى بۇلارنىڭ ھېچبىرى سىلىگە، سىلىنىڭ جەمەتكە قەست قىلمايدۇ. بۇلار ۋەدىسىدە تۇرىدىغان جاندارلار، ــ ئۇ چۈمۈلىنى دەرھال ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ قوشۇپ قوياتتى، ــ بايا سىلى ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇقلار دەپ قالدىلا، مەن قالغان ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇقلارغىمۇ نەسىھەت قىلىمەن. ئۆردەك، غاز، قاغا، قۇچقاچ... ھەممىسىگە جانلارغا زامىن بولماسلىق ھەققىدە گەپ قىلىمەن.

ــ رەھمەت سىلىگە مۇھەممەت قارى ئادىشىم، كۆپ رەھمەت!... ــ ئۇ چۈمۈلىنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، بىرمۇنچە تولغۇنۇپ ــ تازىملار بىلەن يانغانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى.

ئۇ باشقا جانلىقلار بىلەنمۇ ئەينى شۇ مەزمۇندا سۆھبەت قۇراتتى، شۇ خىل ئۆلچەمدە دوستلىشاتتى. جانسىز شەيئىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، تەبىئىيكى، ئۇنى كۆرگەن ھامان بىردىنلا زوۋانغا كىرەتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇھەممەت قارى ئادىشىم! ــ دەپ

سالام بېرەتتى ياش ئۇجمە دەرىخى، ساۋاق ۋاقتىدىن بوشۇنۇپ چىققان ۋە تامبىلىنى سىيرىپلا، ئۆجكىنى ئۆزىگە تەڭلەپ كېلىۋاتقان مۇھەممەتنى كۆرۈپ، تېزلىك بىلەن.

— ۋا...ۋا... ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! — ئىشتانبېغىنى ئاللىقاچان بوشىتىپ بولغان تامبىلىنى يېڭىباشتىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇراتتى مۇھەممەت ۋە ئۆپكىدەك قىزىرىپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتاتتى، — مېنى كەچۈرسىلە، ئۇجمە ئادىشىم... كەچۈرسىلە. مەن بەك بەدقىلىقلىق قىلىپ قويدۇم. تەرىتىم زىيادە قىستاپ كېتىپ، ئۇجمە دەرىخى ئىكەنلىكلىرىنى پەرق قىلماپتىمەن...

— مەنمۇ شۇنداق بولغاندۇر دەپ ئويلىدىم. سەۋەنلىك سادىر قىلىپ بولغۇچە، مەن ئەسكەرتىپ قوياي دېدىم... — ئۇجمە دەرىخنىڭ تاتلىق ئاۋازلىرى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى مۇھەممەت، — ئۆزلىرى دېگەن ئەمەسمۇ، بارچە مۆجىزادىنىڭ تىلى ۋە جېنى بار. ھېچبىر جان ئىگىسى بىر ـ بىرلىرىگە ئازار يەتكۈزسە، بىر ـ بىرلىرىنى خارلىسا بولمايدۇ، دەپ.

— خوش، مەن شۇنداق دېگەن. ھازىرمۇ تانمايمەن، ئۇجمە ئادىشىم. ئۆزرۈلۈكمەن. ھاجەتنى ھاجەتخانىغا قىلىش كېرەك ئىدى...

— قايسىبىر چاغدا ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، مەن ئۇجمە دەرىخى بولىمەن، — ئۇ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزى دېگەن گەپلەرنى ئەمدىلىكتە ئۇجمە دەرىخىدىن ئاڭلايتتى، — مەن بارچە جانلىقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يارالغانمەن. قولاق چىقارغان كۈنۈمدىن ئېتىبارەن، باشقىلارغا خىزمەت قىلىشقا باشلايمەن. قۇلىقىمنى پىلە يەيدۇ. مېۋەمنى دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار ئوزۇق قىلىدۇ. سايەمدە مۇساپىر جانلار ئارام ئالىدۇ. شاخ ـ كاۋاكلىرىمدا قۇشقاچ، ھۆپۆپ ۋە سېغىزخانلار... ماكان تۇتىدۇ.

قېرىپ ئۆلگەندىمۇ يەنە رولۇم ئاخىرلاشمايدۇ مېنىڭ. تېرەمدىن قەغەز ئىشلىشىدۇ. جىسمىم ـ ئۇستىخانلىرىمدىن دۇتتار ـ تەمبۇر كەبىي ئېسىل چالغۇلارنى ياسىشىدۇ. زادى ئەپلەشتۇرەلمىگەنلەر، قەھرىتان قىش كۈنلىرى ھەممىلا يېرىمنى ئوتتۇن قىلىپ قالىۋەتسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان ئوتنىڭ تەپتىنى ھەم ئۇنىڭ جانغا راھىتىنى، مېنى قالاپ باققانلارلا بىلىدۇ. گېپىمنىڭ ئەسلى مەقسىتى بۇ ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، قاناتلىقلارغۇ ئۇستۇمگە چىقىپ تۇرۇپ يەيدۇ مېۋەمنى. بۇنداقتا، پاكىز پېتى، يېڭى پېتى يېيەلەيدۇ. قانىتى يوق جانلىقلارچۇ؟ ئۇلار ئاستىمغا چۈشكەنلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، سىلى ئاستىمغا سىيىپ قويىسىلا، يەنە بىر جانلىق كېلىپ چوڭ تەرەپ قىلىپ قويسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن مېۋىلىرىمنى باشقا جانلىقلار —— ئاشۇ قاناتسىز بىچارىلەر قانداق يېيەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، يىراق ـ يىراقلاردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن غېرىب ـ مۇساپىرلار، ئىسسىقتا جانلىرى كۆيگەن ھەرخىل جان ـ جانىۋارلار ئاستىمغا كىرىپ، سايەمدە پاناھلىنىدۇ، ئارام ئالىدۇ. ئېچىپ كەتكەن پوق ـ سۈيدۈكلەر ئۇستىدە ئارام ئالغىلى بولسۇنمۇ؟... شۇڭا، ئاستىمغا بىرەر جانلىق تەرەت قىلسا كۆڭلۈمگە كېلىدۇ. بەكلا رەنجىيمەن. بۇنى سىلى چۈشەندۈرگەن كۈندىن باشلاپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ھازىر، ئاستىمغا ئادەم ئەمەس، ئىت، مۇشۇك، قوي، كالىلار... تەرەت قىلىپ قويسىمۇ، تىللاپ تويغۇزۇۋېتىمەن. ئۇلار بۇرنى ـ قۇلاقلىرىغىچە تۈيۈشۈپ قايتىشىدۇ...

—— مەنمۇ تويدۇم. مۇشۇ يەرگىچە تويدۇم... —— دەيتتى مۇھەممەت، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن گېلىنى تۇتۇپ قويۇپ. ئۈجمە دەرىخى قىخ ـ قىخلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. مۇھەممەتمۇ كۈلەتتى...

ئۇنىڭ نەزەرىدە، دۇنيادا سۆزلىيەلمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. مۇھەممەت يېنىغا كەلسىلا، شاختىن ــ شاخقا قونۇپ يۈرگەن قۇچقاچمۇ، گىژىلداپ تۇرغان چىۋىنمۇ، ئورەككە يىغىلىپ قالغان سېسىق سۇمۇ، يەرگە تاشلىنىپ قالغان بىر تال تېرىق ياكى بۇغدايمۇ، ھەتتا ئەسكى تامنىڭ ھجىيىپ تۇرغان تۆشۈكىمۇ... بىردىنلا جانلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. بىراق، مۇھەممەت تۈرلۈك ــ تۈمەن ئاۋاز، جەلپكار ۋە سېھىرلىك دۇنيا قېتىدا ئويناپ يۈرۈپ، ھېچنېمىنى تۇيمىدى. سوغ شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئويۇن ئىدى. «كېلىڭلار ئاداشلىرىم، كېلىڭلار. يۈزلىرىمنى قىچىقلاڭلار. مېنىلا قىچىقلىماي، ماۋۇ تاغىل مۈشۈكۈمنى، ئاۋۇ ئالا تۆش پاقلىنىمنى، يەنە بۇ كەندىر چۇجەمنىمۇ قىچىقلاڭلار!» دېدى ئۇ يۈزلىرىگە يەڭگىل ئۇرۇلغان شامالنى سىيلاپ تۇرۇپ. ئاداشلىرى چۇقان سېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. يېقىملىق مەرىدى، قاۋىدى، چۇكۇلدىدى، مىياۋلىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن شامالدىنمۇ سادا كەلدى. يۇزلەرگە ئۇرۇلۇش كۈچەيدى. دەرەخ شاخلىرى كۈچ بىلەن لىڭشىدى. غازاڭلار ئارقا ــ ئارقىدىن شاراقلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. «بىرگە ئوينايلى» دېدى مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئاداشلىرى. «ماقۇل، بىرگە ئوينايلى» دېدى غازاڭلارمۇ جاۋابەن. مۇھەممەت دوستلىرىنى غازاڭلار ئەڭ قويۇق چۈشكەن يەرگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئاجايىپ سەپ بولغانىدى: باشتا مۇھەممەت، ئاندىن قوزا ــ پاقلانلار، كۈچۈكلەر، مۈشۈكلەر، توخۇ ــ چۇجىلەر... بىر ــ بىرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشتى. چىۋىن، پاشا ۋە كۆمۈتىلەرمۇ ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە چۇقان سېلىشاتتى.

ـــ ھازىر غازات ئويۇنى ئوينايمىز، ـــ دېدى مۇھەممەت، ئەتراپىدا ئۆزىگە سۈركىلىپ، يالاپ تۇرغان دوستلىرىغا قاراپ، ـــ ئۇ كۈچۈك، مۈشۈكلەرنى ئىسمى ۋە لەقىمى بىلەن قوشۇپ بىر ــ

بىرلەپ ساناپ چىقتى. نۆۋەت توخۇ ۋە ئۆلارنىڭ چۈجىلىرىگە كەلگەندە، قايسىبىر توخۇنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولدى. قايسى توخۇ بولغىيتى، زادى قايسىسى؟... بىر هازا ئەسلەش، ساناش ۋە سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن، كەندىر مېكىيان ۋە قىزىل خورازنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولدى. بۇلار نەگە كەتكەندۇر؟ شۇنچە بالدۇر قونداققا چىقىۋالغانمىدۇر؟

— قى - قى - قىق!...

ئىگىسىنىڭ: «كەچتە قىچقىرامسىز؟» دەپ نەچچە قېتىم گېلىغا پىچاق سۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كۆچەپ بىرنى قىچقىرىۋەتتى چار خوراز.

— قى - قىق!...

باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاجىز بىر سادا كەلدى.

مۇھەممەت دەرھال شۇ ياققا يۈگۈردى. باشقىلار ئەتتىرىشىپ، قىستىشىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى...

كۆردىكى، باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېرىق بويىدا ئۆسكەن قېلىن ماندا ئارىسىدا كەندىر مېكىيان تۇخۇم بېسىپ ياتاتتى. قىزىل خوراز بولسا، ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇراتتى.

مۇھەممەت يېقىن كېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. توخۇلار بىر - بىرىدىن ئورۇق، كېسەلچان كۆرۈنەتتى. تاجىسى ۋە تۇمشۇقلىرى قارىداپ كەتكەنىدى. مۇشۇ پېتىچە ياتسا، ئۇلار ئەتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

«بۇ بولمايتۇ!» دېدى مۇھەممەت يىغىدىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ ۋە توخۇنىڭ ئۇۋىسىغا تېخىمۇ ئېگىلىشىپ قاراپ، «سەن، ماڭا چۈجە چىقىرىپ بېرىمەن دەپ ئۆلۈپ قالساڭ بولمايدۇ، چىرايلىق كەندىرىم.»

«شۇنداق، ئۆلۈپ قالسا بولمايدۇ!»

دوستلىرىمۇ ئۇنى قوللاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇئان، مۇھەممەتنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى. «ئاپام كەندىر

مېكىيان يوق تۇردۇ دېسە، تازا ئېرەن قىلماپتىمەن. بۇ يەرگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ چۈجە چىقىرىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ بىراقلا باراي، ئۆيدىكىلەر هەيران قالسۇن دەپتىكەنسەن ـ دە، ئەسلىدە. لېكىن، نەچچە كۈندىن بېرى ساڭا دان، سۇ بېرىدىغان ئادەم يوق، قانچىلىك ئاچ قالغانسەن، بىچارە كەندىرىم!»

ئۇ چاناقلىرىدىكى ياشلارنى ماتا كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، ئۇۋۇغا ئېچكىرىلەپ كىردى. بىراق، خوراز ئۇنىڭغا ئېتىلىپ تۇرۇۋالدى. قوللىرىنىڭ بىر ـ ئىككى يېرىنى چوقۇپمۇ ئالدى. «ئۇنداق كازلىق قىلماي، نېرى تۇرە ئاداش!» دېدى ئۇ قىزىل خورازنى سىرتقا تارتىپ. خوراز قاق ـ قاقلاپ قويۇپ، تېپىشىپ بېقىپ، ئاخىرى سىرتقا چىقتى. شۇغىنىسى، ئەمدى ئۇنى كەندىر مېكىيانمۇ يېقىن يولاتمايۋاتاتتى.

— مەن سېنى چىقىپ كەت دېمەيمەن، — دېدى مۇهەممەت، قوللىرى بىلەن بىرمۇنچە ئىشارەتلەرنى قىلىپ، — بەك هېرىپ كېتىپسەن، بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋال دەۋاتىمەن، — مېكىياننىڭ قەق ـ قەق! قىلغان نارازىلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۇنداقتا، ئۇۋۇاڭدىن يىراققىمۇ كەتمىگىن، ئاۋۇ تېلىپ كەتكەن پۇتلىرىڭنى بىر سىيلاپ قوياي. ماقۇل دە، كەندىرىم!

ئۇ، مېكىياننىڭ ئېتىلىپ، چوقۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇنى سەل بېرىسىگە تارتىپ چىقتى. شۇئان، مېكىيان بېسىپ ياتقان 15 ~ 20 چە تۇخۇم كۆرۈنۈپ قالدى.

«قانداق قىلىش كېرەكتۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، بىردە ئۇۋۇسىغا ئىنتىلىپ تۇرغان مېكىيانغا، بىردە، چۈجە چىقىش ئالدىدا تۇرغان تۇخۇملارغا قاراپ، «يەنە بېسىپ يات دېسەم، كەندىرىم ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇنى چىقىرىۋەتسەم، ماۋۇ تۇخۇملاردىن چۈجە چىقمايدۇ...» ئۇ بىرئاز ئويلاپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئەقلىنى تاپقاندەك بولدى. بادام دوپپىسىنى ماندا شېخىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! دېگىنىچە

ئۇۋۇنغا كىردى ۋە كەندىر مېكىيانىنىڭ قەق ـ قەقلەپ، ئېتىلىشلىرىغا قارىماي، كۆڭلىكىنى قايرىپ، ئوتتەك قىزىزىق تۇخۇملارنى يۇمشاق، يۇمران كۆكرەكلىرى بىلەن باستى.

ــ كەندىرىم، سەن ئازراق دېمىڭنى ئېلىۋال، دەملىشىپ باسايلى، ــ دېدى ئۇ تەرسالىق بىلەن ئۇۋۇسىغا ئېتىلىپ تۇرىۋاتقان مېكىيانىنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويۇپ، ــ ئاداشلىرىم، سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار. بۇ يەردىلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار. مەن كەينىڭلاردىنلا بارىمەن...

ئەمما، بىرگە كەلگەنلەرنىڭ ھېچبىرى قايتمىغانىدى. ئۇلار تۇمشۇقىنى يەرگە تېرەپ، ئۇۋۇا ئەتراپىدا مۇھەممەتكە قاراپ يېتىشاتتى...

* * *

ــ ۋاي، مۇھەممەت قارىي بالام، ئۆزلىرى بۇ يەردىمىدىلە؟

ــ شۇنچە قىچقارساق، نېمىشقا ھە دېمەيلا، جېنىم ئوغلۇم؟

ــ كېچىچە قورقمىغانلىمۇ، قورساقلىرى ئاچمىغانمىدۇر، باغرى يۇمشاق بالام؟

ــ ...

ئەر ـ ئايال مۇھەممەتنى يىغلىشىپ تۇرۇپ قۇچىقىغا ئېلىشتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قورۇپ، يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىنى جان تالىشىۋاتقان باچكىدەك، ئاجىز بىر ھالەتتە «لىپ ـ لاپ، لىپ ـ لاپ» قىلىپ ئېچىپ ـ يۇماتتى. پۇت ـ قوللىرى بەزگەك ئادەمنىڭكىدەك غالىلداپ تىترەيتتى. توخۇ ئېتىكگە ئايلىنىپ قالغان بەدەنلىرىدىن مۇز ياغاتتى...

كۆز شاملى دەرەخلەرنى يەڭگىل ئىرغىتاتتى. غازاڭلار تېنىمسىز شاراقلاپ چۈشەتتى.

ماغدۇرسىزلانغان ئەر ـ ئايال، بەدەنلىرىنىڭ سوغۇقتىن قورۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئاچلىقنى، ئۇسسۇغىنىنىمۇ تۇيمايتتى. ئۇلار ئۆيىدىكى ھايۋانلىرىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ

ساناش ۋە كاملىرىنى ئىزدەش ئارقىلىق، بۇ يەرنى ئەمدىلا تېپىپ كەلگەنىدى. ئۇۋا ئەتراپىدا قاتار يېتىشقان كەندىر مېكىيان، سېرىق خوراز، قوزا ـ پاقلان، كۈچۈك، مۈشۈك ۋە باشقا توخۇ ـ چۈجىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

— سىلى، جانلار بىر ـ بىرلىرىگە كۈشەندە ئەمەس، قاياش، دېگەنىدىلە ئاتا، — دېدى بالا قۇرۇپ كەتكەن ئېغىزلىرىنى يالاپ، مىلىڭ تەسلىكتە، — تۇخۇم بېسىپ ھەرەج تارتقان كەندىرىمگە ھەمدەمدە بولاي دېۋىدىم، لېكىن...

ئوغلىنىڭ ئەمدىكى گېپىنى ئاڭلىغاندا بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتىۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى...

ھارارەتسىز قۇياش يانغا قايرىلغانىدى. كۆزلەر مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. دەرەخلەر ئىغاڭلايتتى. غازاڭلار ھامان بىر خىلدا شاراقلاپ تۆكۈلەتتى...

# كىچىك ئۇستاز

ئاقتاش ـ كۆكتاش،
دەريا بويىدا قەلەمقاش
قەلەمقاشقا مەن ئاداش،
ئوينىغىلى بالا بارمۇ؟!

مۇھەممەت يەنە شۇنداق دەپ توۋلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېرىلغان ئوڭ قاپىقى ئۆرۈكتەك ئىششىپ چىققان، يېرىلغان جايى ئۇستىگە كۆيدۈرگەن پاختا بېسىلغان، ئۇمۇ ئۇيۇغان قان بىلەن بىرىكىپ قېتىپ كەتكەنىدى. بۇنى ھازىرچە ئېلىۋېتىشكە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مۇھەممەتمۇ بۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى.

ئۇ بالىلارنى چاقىرىش قوشىقىنى يۇقىرى ئاۋازدا بىرقانچە قېتىم ئوقۇۋىدى. يىراق ـ يېقىندىن «مەن بار!»، «مەنمۇ بار!» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۆيلەر تارقاق بولغىنى ئۈچۈن بالىلار مۇشۇ قوشاقنى ئوقۇش ئارقىلىق تېپىشاتتى. بۇ قوشاقنى قايسى بالا، قانداق ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىۋېرەتتى. بىكار بالىلار بولسا، «مەن بار!» دەپ يۈگۈرۈپ چىقاتتى. ئىش بولسا گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇۋالاتتى. ھېچ يەردىن سادا چىقمىسا، توۋلىغان بالىمۇ «ھەممىسىنىڭ ئىشى بار ئىكەن» دەپ بىلەتتى ـ دە، ئۆيگە قايتىپ كېتەتتى. ئادەتتە، بۇ قوشاقنى كۆپرەك مۇھەممەت ئوقۇيتتى. ئوقۇغاندىمۇ ھەر كۈنى قەرەللىك ۋاقىتتا ئوقۇيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويناشقا چىقمايدىغان بالىلار ئاز ئىدى. ئۇلار،

قوشاق ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا ئۇلگۇرتۇپ ھەممە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولاتتى. «مۇھەممەت قوشۇلغان ئويۇن دېگەن قىزىپ كېتىدۇ!..» دەپ بىلەتتى ھەممىسى.

دېگەندەك، باللار بىردەمدىلا ھەرىدەك چۇۋۇلۇپ چىقىشتى. ئۇلار، قاپىقى ئىششىپ كەتكەن مۇھەممەتكە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. ھەممە ئويۇننى مۇھەممەت باشلاپ بېرىدىغانلىقى باللارغا ئايان ئىدى، لېكىن، قاپىقى شۇنداق يوغان يېرىلىپ كەتسىمۇ يەنە ئويناپ يۈرگىنى نېمىسى؟ باللار شۇنىڭغا ھەيران قېلىشاتاتتى. ئۇلار، مۇھەممەت ئەمدى ئويۇنغىلى چىقمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

ئابدۇللا مەزىن ئوغلىنىڭ قاپىقى يېرىلىپ كەتكىنىگە ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن زىيادە ئاھ ئۇرۇپ كەتمىدى. «ئوغۇلبالادارچىلىق!» دەپ قويدى ئۇ ئوغلىنىڭ جاۋابىنى تەكرارلاپ. ئوغلىمۇ قانغا بويالغان ئالىقانلىرى بىلەن يېرىلغان قاپىقىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، يىغلاپ ئالدىغا چىقىپ، سوئال ـ سوراقلارغا كۆمۈۋەتكەن ئانىسىغا ئەنە شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بۇ جاۋاب ئابدۇللا مەزىنگە بەكلا ياراپ كەتتى. ئۇنىڭچە، قاپاق يېرىلىش ــ ئوغۇل بالىنىڭ ھايات مۇشكۇلاتلىرى جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئەرزىمەس سىنىقى ئىدى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق كىچىك سىناقلار نۇقتىسىنى باشلىنىش قىلىپ، تېخىمۇ مۇشكۈل، مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر بولغان سىناقلار مەنزىلىگە، مۇشكۇلاتلار ئۆتكىلىگە قاراپ ئاستا ـ ئاستا سىلجىپ باراتتى. شۇڭا، تۇنجى سىناق ئاھ ئۇرۇش بىلەن ئەمەس، «قوبۇل قىلىش» بىلەن باشلىنىش كېرەك ئىدى.

«ساۋاقلارنى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېچنېمىنى ئويلىماي، يۇخادىن چىققۇچە ئويىنىسىلا بالام» دەيتتى ئابدۇللا مەزىن ھەمىشە. «بالىلىقى بولمىغان ئىنسان مەڭگۈ چىن ئادەم

بولالمايدۇ» دادىسىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى مۇھەممەت ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئوغلى چۈشەنگىدەك قىلىپ شەرھلەشكە مەجبۇر بولاتتى. «بۇ دېگىنىم» دەيتتى ئۇ ئىزاھلاپ «قانغۇچە، هارغۇچە ئوينىمىغان بالا چوڭ بولغاندا تازا ئەقىللىك ئادەم بولالمايدۇ. شۇڭا، سىلەردەك ساۋاق تەكرارلايمەن دەپ قوپماي ئولتۇرۇۋالماي، كىتابىڭنىمۇ ئوقۇش، چارچاپ قالغاندا تالاغا چىقىپ كۆڭلى تارتقان ئويۇننى ئويناش كېرەك دېگەنلىك.»
مۇھەممەت مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆگىنىشكە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەندى. لېكىن قانغۇدەك ئويناش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى «ئوينىغىلى بالا بارمۇ؟» دېگەن ۋاقتى، دەل ساۋاق تەكرار قىلىپ چىققان چاغلىرى بولاتتى.
بالىلارغا ئايان ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەر كۈنىدىكى ئويناشقا چىققان ۋاقتى ئۆزگەرمىگىنى بىلەن، باشلاپ بېرىدىغان ئويۇنلىرى ئۆزگىرىپ تۇراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىدىكى بالىلار ئەزەلدىن ئويناپ كېلىۋاتقان ئويۇنلارمۇ، مۇھەممەت ئارقىلىقلا ئۆگىنىۋالغان ئويۇنلارمۇ بار ئىدى. مۆكمۆكىلەڭ، ۋاللەي، ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك، تېپىشماق ئېيتىشىش... ھەممىسىدە مۇھەممەت باشلامچى بولاتتى. مۇشائىرە ئېيتىشىش، تەتۈر ساناش، يېڭىلىقلارنى دېيىشتە بەسلىشىش، ھېسابلىق مۇئەمما... قاتارلىق يېڭى ئويۇنلارنى مۇھەممەتنىڭ نەدىن تاپقانلىقىغا بالىلارنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇلار ھەيران ئىدى ـ يۇ، بۇ ئويۇنلارنى خۇشاللىق بىلەن ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلاتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يېڭى ئويۇنلار چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بىلەتتىكى، كېيىنكى يېڭى ئويۇنلار مۇشۇ ئويۇنلار ئاساسىدا بارلىققا كېلەتتى، چوڭقۇرلىشاتتى. بۇنىڭ قانۇنىيەت، جەريانلىرىنى پۇختا ئىگىلىمىگەندە كېيىنكى ئويۇنلارنى ئۆزلەشتۈرگىلى بولمايتتى. بولدى دېگەن ھالەتتىمۇ، بىرەر

قېتىم باشقىلارنى يېڭىۋالغۇدەك ئۆگەنگىلى بولمايتتى. «مۇھەممەت ئۆزى ئۆگىنىۋاتسا، باشلاپ بېرىۋاتسا، نېمىدىن قورقۇش» دەپ ئويلايتتى، ئۆزىنى ئەقلى ئۇسۇپ، دىلى يورۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتقان باللار. دېمىسىمۇ، يېڭى ئويۇنلاردىمۇ مۇھەممەت باشلامچى، تەشكىللاتچى ئىدى. شۇ نەرسىنى باللار ھېچ چۈشەنمەيتتىكى، بەزى ئويۇنلارنىڭ تەرتىپ – ئىنتىزاملىرى ئۆزگىرىپ، كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. مۇھەممەتنىڭ قايىقى يېرىلىشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

ئويۇندا ھېچقاچان يېڭىلىپ قالمايدىغان مۇھەممەت تۇنۇگۈن چۈشتىن كېيىنكى ۋاللەي ئويناشتا يېڭىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە سەككىز قىز – ئوغۇل بىر گۇرۇپپا بولغانىدى.

يەڭگۈچى گۇرۇپپىدىكىلەر ناھايىتى شادلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇھەممەتنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى بىردىن ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ يۈگۈرۈتۈپ، «ۋاللەي» دېگۈزۈپ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. قاچقۇچى «ۋاللەي» دېيىش جەريانىدا قەدىمى توختاپ قالماسلىقى، ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ ئىشتىمۇ يەنىلا مۇھەممەت باش بولۇپ، يەڭگۈچى تەرەپنىڭ «قەھرىمانى»نىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىش ھەممە باللارنى خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار مۇھەممەتنىڭ «تەسلىم» بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. «ۋاللەي» دەپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى بولسا تۇنجى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ «ۋاللەي دېيىشلىرىمۇ قىزىقكەن – ھە؟!» دېيىشتى باللار، قىن – قىنىغا سىغماي كۈلۈشۈپ. بۇ ھال، ئۇلارنىڭ باراۋەرلىك، غالىبىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. ئەستايىدىل ئوينىسا مۇھەممەتنىمۇ يەڭگىلى بولىدىكەنغۇ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇلار. «مۇھەممەت يېڭىلمەيدۇ» دېگەن ئاڭ بىردىنلا «ئەستايىدىللىق»، «كۆڭۈل قويۇش» دېگەن چۈشەنچىگە ئورۇن بوشاتقانىدى. ئېنىقكى، ئەمدى ئۇلار ھەممىلا ئويۇندا ئۆزگە

بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىدا تۇرۇپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇراتتى.

ھەممە باللار «جازالاش»دىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋاتاتتى. مۇھەممەتمۇ «جازا قوبۇل قىلىنىۋاتقان» ھەمرىيىنىڭ ھە دېسىلا ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قوشلاپ جازاغا تارتىلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى. جازالاش ئوغۇللار ئۈستىدىن مۇشۇ ھالدا يۈرگۈزۈلسە ئىدى، ھەممە شاد ـ خۇرام قايتقان بولاتتى. لېكىن، ئويلىمىغاندا «يېڭى جازالاش تەرتىپى» ئەستىن چىقىرىپ قويۇلۇپ، كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولدى.

ـــ نېمە قىلىۋاتىسەن هوي، توختا!...

دۆڭلۈك ئارقىسىدىن ئىشتان بېغىنى ئېتىپ كېلىۋاتقان مۇھەممەت بىردىنلا شۇنداق دەپ توۋلىدى. ھەممىنىڭ كۆزى زىلەيخانىنىڭ كەينى چاتىرىقىغا كالتەك دېۋەيلەپ، «ۋاللەي» دېگۈزۈپ قوغلاپ كېتىۋاتقان يەھياغا چۈشتى. يۈگۈرۈپ بولالماي تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن بىچارە قىز يەنە قوشلاپ جازالىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، جېنىنىڭ بارىچە چاپاتتى. يۈگۈرۈپ تۇرۇپ «ۋاللەي» توۋلايتتى. بۇ ئىككىيلەن مۇھەممەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىدى.

ـــ توختا! ـــ دېدى مۇھەممەت ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھېلىقى ئىككىيلەنمۇ جايىدىلا توختىدى.

ـــ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ـــ دېدى مۇھەممەت جىددىي بىر تەرىزدە يەھياغا يېقىنلاپ.

ـــ نېمە قىپتىمەن؟ ـــ «جازا»نىڭ توختاپ قالغىنىغا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان يەھيامۇ دەرھاللا ھۇرپەيدى.

ـــ بىز ئۆتكەندە نېمە دېيىشكەن؟ ـ مۇھەممەت قىزىرىپ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ـ ئوغۇللار تەپكۈچ ئوينىمايمىز، قىزلارنى «ۋاللەي» گە قوشمايمىز. بەك ئوينايمىز دەپ تۇرۇۋالسا، تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ «ۋاللەي» چاقىرتمايمىز، كەينىگە كالتەك تەگلىمەيمىز... ئوغۇل قىزلار

بىرلىشىپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنى ئۆزئارا كېلىشىپ تۇرۇپ، بىر - بىرىمىزنى خاپا قىلماي ئوينايمىز. بىر - بىرىمىزنى كەمسۇندۇرمايمىز. بىر - بىرىمىزگە ھاقارەت قىلمايمىز... دېيىشمىدۇقمۇ؟

— بۇ... — يەھيا سەل كېكەچلەپ قالدى - يۇ، دەرھال يەنە ئۆزىنى ئاقلىدى، — ئۆزى ئويناپمەن دېدىغۇ؟... چىدىغان ئادەم ئويناپدۇ بۇنى...

باللار جىم بولۇپ قېلىشتى. «ۋاللەي ئويناپدىغان قىزلارغا كالتەك تەگلىمەسلىك» دېگەن يېڭى قائىدە ھەممىسىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— قىزلار ئوينايمىز دېگەندە مەنمۇ بار، — دېدى مۇھەممەت، يەھيانىڭ ۋاللەي ئويناش «يېڭى قائىدىسى»نى ئۇنتۇلۇپ قالغىنىغا ئاچچىقلاپ، - مېنىڭ دېگىنىم، نېمىشقا ئويناپدۇ دېمىدىم، نېمە دەپ كالتەك تەگلەيسەن بۇ قىزغا دەۋاتىمەن؟ تەرتىپ دېگەننى ئۇنتۇپ قالدىڭماسەن؟

— كۆتۈر ئۇنداق تەرتىپىڭنى! يەھيانىڭ بىردىنلا تەرسالىقى تۇتتى، — كۆتىگە كالتەك تەگلىگەنگە چىدىغان ئادەم ئويناپدۇ، چىدىمىسا ئوينىمىسۇن!

— تەرتىپ تۈزگەندە سەنمۇ بارغۇ؟

— بار! — مۇھەممەتتىن قاتتىقراق توۋلىدى يەھيا.

— ئەمىسە نېمە بوپتۇ؟... زىلەيخان سېنىڭ ئاچاڭمىدى؟

«چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن يەھيانىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، يۈزى ئېششىپ، قىزىرىپ چىقتى.

«ئاچاڭنى...»، «ئاپاڭنى...» دېگەندەك ھاقارەت سۆزلىرى باشقا باللار ئۈچۈن پاخالدەك ئەرزان ۋە ئادەتتىكى سۆز ئىدى. لېكىن مۇھەممەت بۇنى كۆتۈرمەيتتى. ئۇ شۇ قەدەر زىل، پىرىنسىپال ئىدىكى، شۇنىڭغا يېقىنراق سۆز بولسىمۇ ئېغىر ھاقارەت دەپ بىلەتتى. باللار بىرلىكتە ماقۇل كۆرگەن «ئويۇن

قائىدىلىرى»نى بولسا، ئايرىم باللار بۇزۇشقا بولمايدىغان تۈزۈم دەپ قارايتتى. يەھياغا سالغان بىر شاپىلاقى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچرىغان ھاقارەت ۋە باللار ئورتاق تۈزگەن تەرتىپنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئىدى.

— ئاناڭنى... پوشكالچىنىڭ بالىسى، داستىخان چىۋىنى... گۈي، چىدىماس!...

يەھيانىڭ مۇشۇ گېپى بىلەن جېدەل تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن يانماي، ئاخىرى بېرىپ كاناي سىقىشتى. بۇلارنى باللارمۇ ئاجرىتالمىدى. مۇھەممەت «مېنىڭ ھەق» دەپ ئويلايتتى. يەھيا بولسا قىزلارنى ۋاللەي چاقىرتقانغا نېمە بولىدۇ. مۇھەممەتنىڭ نېمە كارى، دەيتتى. بىر ھازا تىركىشىشتىن كېيىن، يەھيانىڭ مۇھەممەتكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ ئارىدا يەھيا ياقىسىنىڭ قويۇۋېتىلگىنىدىن پايدىلىنىپ يەرگە ئېڭىشتى - دە، ھېلىقى قىز بالىغا - زىلەيخانىغا تەۋەللەنگەن كالتەكنى تېپىپ ئېلىپ مۇھەممەتنىڭ قاپىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر ئۇرىۋېلىپلا قېچىپ كەتتى. مۇھەممەت قاپىقىنى تۇتقىنىچە يەرگە يىقىلدى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن باللار ئەنسىز چۇرقۇرۇشۇپ قالدى...

— بۇگۈن مۇشائىرە ئېيتىشىپ ئوينايلى، — دېدى مۇھەممەت باشقا كۈندىكىگە ئوخشاشلا ئويۇننىڭ نامى ۋە تەرتىپىنى جاكارلاپ، «مۇشائىرە» دېگەننىڭ مەنىسىنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا چۈشەندۈرۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ئويۇندىمۇ قوشاق قاتتىم دەپ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى چىشلەپ تارتىشقا، بىر - بىرىگە ھاقارەت قىلىشقا، سەت بەتبەشىرە سۆزلەرنى قايىيە كەلتۈرۈشكە بولمايتتى.

ئويۇنلار ئىچىدە مۇھەممەتنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى «ۋاللەي» ئىدى. گەرچە بۇگۈنمۇ «ۋاللەي» ئوينىغۇسى بولسىمۇ، بىراق سەللا ئىتتىك قەدەم ئالسا لوقۇلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان

قاپىقى بۇنىڭغا يار بەرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ «مۇشائىرە» ئويۇننى تاللىۋالغانىدى. بۇ ئويۇن باشقا باللارغىمۇ بەك ياقاتتى. يېشىنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىگە قارىماي، بىر قىسىم باللار قاپىيىسى توق، پىكرى خېلىلا چوڭقۇر بولغان بەزى قوشاقلارنى توقۇپ چىققانىدى. بۇ خىلدىكى قوشاقلار مەھەللە چوڭلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا مۇشۇنچىلىك ئەقىل ۋە تىل ئۆگەتكەن مۇھەممەتنى «كىچىك ئۇستاز»دەپ تەرىپلەيتتى. مەھەللە چوڭلىرى بولسا، «ئالىم»، «مۇھەممەت موللام» دەپ چاقچاق قىلاتتى. باللارمۇ ئۇنى «موللا تاپقاق» دېيىشكە ئامراق ئىدى. باشقىلار قانداق قارىسۇن ۋە نېمە دېسۇن، ئابدۇللا مەزىن ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى. ئۇ ئوغلىنى هامان ئۆزى تاللىغان بىر نىشاننى بويلاپ تولىمۇ پۇختا قەدەملەر بىلەن يېتەكلەپ كېتىپ باراتتى.

— ئەمىسە باشلايمىز، هە، — دېدى مۇھەممەت، داق يەردە دۈگىلەك هاسىل قىلىپ ئولتۇرغان دوستلىرىغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — قايسى كۈنىدىكى مۇشائىرە ئېيتىشىشتا روزىخان ئۇتتۇرۇپ قويغان، شۇڭا روزىخان باشلاپ بەرسۇن.

— ياق، مەن باشلاي، — دېدى قارىمۇتۇق بىر ئوغۇل بالا.

— مەن باشلاي، — بىر قىزمۇ سەكرەپ چۈشتى.

قارىغاندا، مۇشائىرە ئېيتىشىش قىزىيدىغاندەك تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش ئەڭ توغرا تاللاش ئىدى، مۇھەممەتمۇ شۇنداق قىلدى.

ئا: ئۇرۇپ قاچۇر دوستىنى،
كالتەك بىلەن باشىغە.
ب: بەخت قونسا بىر كۈنى،
يۈگۈرۈپ كېلۇر قاشىغە.
س: ئۆتۈپ كۈنلەر، بىر زامان
ئاداش بولۇر ئاشىغە.

د: بولسا ئىنسان روي سىياھ،
بۇرنى تېگور تاشىغە.
ئې:...

— توختاڭلار، توختاڭلار! — دېدى مۇھەممەت تۇيۇقسىزلا، — بۇ قاپىيەنى مۇشۇ يەردە توختىتىلى. توختىتىپ قويغاننىڭ جازاسى ئۇچۇن ئۆزۈم باشلاپ بېرىمەن. بۇ قوشاق قاملاشمىدى ئەمەس، ناھايىتى بەك قاملىشىپ كەتتى. لېكىن... بۇنىڭدا يەھيانى كەمسىندۇرۇش غەرىزىمۇ بار ئىكەن. بايا بىر نەرسىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن... ئەسلى بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ئۆتكەندە بىز دېيىشكەن ئەمەسمىدۇق: ھەر قانداق ئويۇنىمىزدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، قىز ـ ئاياللارنى كەمسۇندۇرماسلىق، بىر ـ بىرىمىزنى ھاقارەت قىلماسلىق... تەرتىپى بولۇشى كېرەك، يەھيا ئۇرۇپ قاچتى، بۇ دېگەن ئويۇن، ئوغۇلبالادارچىلىق! ئۇنىڭ لەقىمى «يەھيا قاچتى» ئىدى. ئۇنىڭ ھەمىشە باللارنى ئۇرۇپ قاچىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— ئەمىسە مەن باشلىدىم، — دېدى مۇھەممەت باللارنىڭ پارىڭىنى بېسىپ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مۇشائىرە باشلىنىپ كەتتى.

مۇشۇ چاغدا مۇھەممەتنىڭ — كېيىنكى كۇنلەردە مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى نامى بىلەن داڭق چىقارغان گۆدەك تالىپنىڭ «مۇشائىرە» نامىدىكى يېتەكلىشى بىلەن قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلىپ، كېيىنچە شېئىرىيەت ساھەسىنىڭ غوللۇق ئادىمى بولۇپ قالغان نىزامىدىن سىدىق ھاجى ئىسمىلىك ھازىر جاۋاب شائىرنىڭ قاتارىغا قېتىلغانلىقىنى ئاندا ـ مۇندا ئاڭلىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھېچقانداق ئەسىرى يوقلۇقى سەۋەبلىك، بۇ ھەقتە چوڭقۇرراق توختىتىلىشقا ئامالسىز بىز. پەرەز قىلىشقا بولىدىغىنى: ئەسىر ـ مەھسۇلاتلىرى

كۆمۈلۈپ قالغان ئاشۇ شائىر، كىچىك مۇھەممەت ـ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدىكى بالىلار «مۇشائىرە» ئويۇنىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى. بەلكى ئۇ، شېئىرىيەت مەشىق مەيدانى بولغان «مۇشائىرە» ئويۇنىدا تاللاپ شېئىرلارنى يازغاندۇر ۋە بەلكى دوستى مۇھەممەتكە ھەمنەپەس بولۇپ، ئاڭسىز ھالدا سان ـ ساناقسىز بالىلارنى «ئويۇن» ۋاستىسى بىلەن دەسلەپكى ئىلىم ۋە پەزىلەت يولىغا باشلىغاندۇ...

مۇشائىرە ئېيتىشىش قىزىپ كەتتى. ۋەدىسى بويىچە مۇھەممەت باشلاپ بەردى. ئۇنىڭ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن تاللىغان قاپىيىسى «ئەپۇ» بولغانىدى. ئېنىقكى، ئەمدىكى ئويۇن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق داۋاملىشاتتى...

# مۇھەممەت ـــ شەيخنىڭ كۆزىدە

سۇلايمان دەرۋىش ئەمدىلىكتە «ھاجى خەراباتى» مازارىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ دەرۋىشلىك ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرەتتى. ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ـــ دەرۋىشنىڭ شەيخكە ئۆزگىرىشىنى گۈل دىيار ـ چوغتالى ئەزىمدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپلىرى ھېس قىلىپ كېتەلمەيتتى. بۇ خۇددى ئۆز مازارىنى ـ چوغتالدىكى ئۇلۇغ تاۋابگاھىنى ساقلاپ ياتقان ئەقىدە ئىگىسى سۇلايمان بىننى سىيت بىننى ھېيت سەرداھىنىڭ نامىشەرىپىنى پۇتۇنسۇرۇك ئەسكە ئېلىشنىڭ ئورنىغا «سۇلايمان دەرۋىش» دەپ ئاتاپ كۆتكەندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئۇلارچە، شەيخ بولامدۇ، دەرۋىش بولامدۇ، ئوخشاش ئىدى. ئەرزىيدىغىنى، ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى «ھاجى خەراباتى مازارى»نى كېچەيۇ كۈندۈز مۇستەھكەم ساقلاپ ياتقانلىقى ئىدى!

سۇلايمان بىننى سىيت بىننى ھېيت سەرداھىنىڭ (ئۇ ئۆزىنى شۇنداق دەپ ئاتاشقا زوقمەن ئىدى) قارىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ سۇكۇت ئىچىدە بىر مەنىۋى پەللىگە چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكەت ۋاستىسىدە ئاشقىلىق مەنزىلىگە يېتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانىدى. زاھىرەن ئىزدىنىشنىڭ ئاشىقلىق ۋىسالىغا ئۆلۈشتىكى ھەل قىلغۇچ يول ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن باتىنى قوزغىلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدىكى جىسمانىي ماسلىشىشمۇ ھەم لازىم ئىدى. بۇ خىل ھەرىكەت سىرتتىن ـ مازارى ـ

ماشايىخلاردىن، ئاشىقلار مەقبەرىلىرىدىن، ئۇلۇغلار قەبرەگاھىدىن، پىر - ئۇستازلار تاۋابگاھىدىن قارار تاپاتتى. دېمەك، ئۇ يۇرت يۇرتلارنى كېزىپ يۈرۈپ ۋىسال ئىزدەش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. بۇ ۋاز كېچىش يەنە پانىي مەئىشەتلىرىدىن يىراق تۇرۇش، روزىغارغا بەند بولماسلىق... كەبىي لەۋز - ئەھدىلىرىگىمۇ ئاسىيلىق ئىلىپ كېلىدىغاندەك تۇراتتى. پاكىت شۇ ئىدىكى، ئەمدى ئۇ دەرۋىش ئەمەس، شەيخ ئىدى. مۇقىم بىر جايىدا تۇراتتى. (ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇمۇ روزىغار تۇتقانلىق ئىدى)، ئىلگىرىكىدەك نەدە تاپسا، شۇ يەردە يەپ يۈرمەيتتى...

يىللار ئۆتۈپ، نەچچە باھار ئالماشتى. مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خەراباتى ھەزرەت بىلەن نورۇزنى بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ، يول - يوللاردا ئىزىپ يۈرگەنلىرى... ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

يەنە بىر باھار كەلدى. گۈزەللىك ۋە يېشىللىق ئەلچىسى كاككۇك ئۆز شادلىقىنى يېقىملىق ناخشا قىلىپ قاتاتتى. بۇ ناخشا شەيخ ئېڭىدىكى ئۇدۇم ھېكايەتكە سېلىشتۇرما ئىدى: كاككۇك بىلەن زەينەپ ئاشىق - مەشۇق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ۋىسال يولىنى شور دەرياسى توسۇپ تۇرىدىكەن. ئۇلار كۆرۈشمەك بولۇپ ھەر قېتىم بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا ماڭغاندا شور دەريادا توسۇلۇپ قالىدىكەن. بۇ بەك كەڭ ۋە سۇيى سۈزۈك دەريا ئىكەن. ھەر قانداق ئىگىز ئۇچىدىغان قۇشلارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىكەن، ئىشقى قۇدرەت ۋەجىدىن كاككۇك بىلەن زەينەپ دەريا ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكۈدەك جاسارەتكە كېلىدىكەنۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ كۆلۈپ كېتىدىكەن ۋە شۇئان كۈچ - غەيرىتى سۇنۇپ، ئارقىغا يانىدىكەن ھەر قېتىم مۇشۇ ھال تەكرارلىنىدىكەن، ھېلىغىچە شۇنداق بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇڭا، كاككۇك دەريانىڭ بىر تەرىپىدە، زەينەپ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، بىر - بىرىنى

«كاككۇك»، «زەينەپ» دەپ چاقىرىشىدىكەن، ئۇلار ۋىسال ئۇچۇن توۋلايدىكەن، باھار ئۇچۇن سايرايدىكەن...

سۇلايمان شەيخ ئويلىنىپ قالدى: ــ شادلىق ـ شادىيانلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قىن ـ قىنىغا سىغماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ سايراشتىن جۇدالىق مۇڭلىرى، ۋىسال تەلپۈنۈشلىرى، باھارغا ئىنتىلىشلەر... دىن زادى قايسىسى ئېنىق بىلىنەر؟ بەلكى ھەممىسى باردۇ! ئەمەلىيەتتىمۇ ھەممىسى تومۇرداش ئىپادە. باھارىستانىغا، بوستانىغا، گۈلىستانىغا!... ئۇنداقتا، كاككۇكنى باھار كۈيچى، پانىي مەدھىيەچىسى دېيىش كېرەكمىكىنا؟ بۇ يەنە، دۇنيا گۈزەل دېگەنلىك بولماسمۇ؟!...

«ياق، بۇ گۇمراھلىق. ئاسىي مەنتىقە!» شۇنداق دېگەچ، بېشىنى سېزىلەرلىك ھالدا سىلكىدى شەيخ، «ئەگەشمە تەپەككۇردىن بىخۇدلارچە تەلقىن، ئاسىي مەنتىقە چىقىدۇ. ئۇنىڭ تۇغىدىغىنى شەيتانىي يەكۈن. شۇڭا، ۋاجىبكى، ھەممىنى ئاشىقىي تەپەككۇر، ئالدىن كۆرۈنگەن ئىلاھى يەكۈنگە چاتماق زۆرۈردۇر. ئۇ شۇل يولدىن ئۆزگىسى گۇمراھلىق... گۇمراھلىق!»

شەيخ كاككۇكنىڭ چاڭىلداپ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىماي دېگەندەك كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. شۇئان «شور دەريا»نىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئىشقتىن باشقىنى ئۇنتۇغان تەركىدۇنيا زەينەپنى كۆرگەندەك بولدى. ئىشق دەۋاسىدا سايراپ يۈرگەن بۇ قۇشنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئۇنىڭ ئاشىقلىق ئىزدىنىشلىرىگە ئوخشايتتى... بۇ شەيخنىڭ يەكۈنى ئىدى. مۇشۇنداق يەكۈنلا ئۇنى قانائەت تاپقۇزۇپ كەلگەنىدى. ئۇچار قۇش، گۈل ـ گىياھ، تاغ ـ دەريا ۋە تاش ـ داڭگال... ھەممىسىدىن مۇشۇنداق مەنە ئىزدەپ كۆنگەنىدى ئۇ. لېكىن يېقىندىن بۇيان روھىي دۇنياسىنى چىرماپ كەلگەن دېلىغۇللۇق ئۇنىڭ ئازابلىرىغا ئازاب قوشۇپ كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، باھار ـ دەل مۇشۇ پەسىل روھىي

ئىزتىراپلاردىن جۇدا بولۇشنىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك پەيتى ئىدى. كۆكلەم، ئاۋاز، پۇراق، تۇيغۇ... ھەممىسى شەيتانى يەكۇنگە قول بېرىپ تۇراتتى...

سۇلايمان شەيخ قىيالماسلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. پېشىن ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان، يەنە كېلىپ غەيرىي ئاۋاز، دىلغا شەك سالغۇچى ئاغما تۇيغۇلار ... ئۇنىڭ روھىي يۈكسىلىشىنى توسۇپ قويغانىدى. يېقىنىدىن بۇيان مۇشۇنداق ئەھۋال پات ـ پاتلا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى: بۇ خىل خەۋپ يەنە داۋاملىق كۈچ كۆرسىتىدىغانىدەك ئىدى. بەلكى ئۇ شەيخلەر تۆلەيدىغان بەدەلدۇر ۋە بەلكى ھاجى ھەزرەت ئۇنىڭ ئىرادە كۈچىنى يەنە سىناۋاتقاندۇر!...

ئۇ بىرقانچە يىللاردىن بېرى ناماز ئوقۇپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئاددىي ئېتىكاپخانا ـ چەللىسىمۇ ئۆزىدەكلا كونىراپ كەتكەن تۆشۈك سۇپىدىن چۈشۈپ، كۈنچىقىش تەرەپكە ـ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى قەبرىسىنىڭ شەرقىگە ئۆتتى. قەبرە باشقا كۈنىدىكىگە ئوخشاشلا يېڭى ۋە پۇختا كۆرۈندى. ئوخشىمايدىغىنى: ئۇ تېخىمۇ سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. بۈنى شەيخ، ھەزرىتىمىنىڭ قەبرىسىگە چاپلانغان ھالەتتە قاتۇرۇلغان باشقا ئىككى قەبرە ئىگىسىنىڭ روھىغا مەدەت تاپقانلىقىدا دەپ بىلدى. چۈنكى ئۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى ھەزرىتى ھاجى بىلەنلا غايىبانە ئىچكى مۇلاقەتتە بولۇپ، ئۇنىڭغا يانداش ئىككى قەبرە ئاستىدىكى بۇزرۇكۋار ـ جانابى ھاجىمىنىڭ مۆھتەرەم ئاتىسى ۋە ئانىسى بىلەن روھىي دىدار بولۇشقا پۇرسەت تاپالمىغانىدى. تېخى قايسى كۈنىلا بۇنى ئورۇنلىيالىدى. «روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قويسىلا ھېساب ئەمەس. دۇئا دېگەن دۇئا، دىدارى مۇلاقەت دېگەن ئۇ باشقا گەپ» دەپ ئويلىدى ئۇ بارغانسېرى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈۋاتقان ئۈچ قەبرىگە قاراپ. «ئاتا روھى، ئانا روھى، يەنە قوشۇلدى پىر روھى. نە پىركى ئۇ زەبۇن،

زەرداب، ھەرەج كۆرگەن بالا روھى!...»

ئۇ ئاتا ـ ئانا ۋە بالا روھى قوشۇلسا، قۇدرەتلىك بىر روھىي كۈچ نۇقتىسى ھاسىل بولىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بەختىيار بىرلىشىش يوق، دېگەن مەزمۇندا بىرقانچە بېيىت قەسىدە ئوقۇۋۋەتمەكچى ئىدى. لېكىن، ئېتىكاپخانىنىڭ 10 ~ 15 قەدەمچە نېرىسىغا ـ ئۇنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان، ئالدى كۈنچىقىش تەرەپكە — دەل ھاجى خەراباتى قەبرىسىگە قاراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك خانىقا ئۇنىڭ ئىلھام كۆزىنى ئۆزىگە تارتىپ كەتتى.

ئۇ يېقىندىلا پۈتكەن ھەيۋەتلىك «ھاجى خەراباتى خانىقاسى»غا زوقمەنلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. خانىقانىڭ گۈللۈك دەۋازىسى ئۈستىدىكى ئاي ـ يۇلتۇز بەلگىسى چۆشۈرۈلگەن بىر جۈپ ئېگىز مۇنارىنىڭ ئاستىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مېھراب شەكلىدىكى تېمىغا «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ھاجى خەراباتى خانىقاسى، ھىجرىيە 1156 ـ يىلى» دېگەن خەتلەر قاپارتما قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى. خانىقا شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك ئىدىكى، شەيخنىڭ نەزىرىدە، ئالتە شەھەر تەۋەسىدە ئۆزى كۆرگەن ھېچقانداق بىر خانىقانى بۇنىڭغا تەڭلەشتۈرۈپ بولمايتتى.

شەيخ خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ھەيۋەتلىك خانىقاغا، ئۇنىڭ پۈتكەن ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان «ھىجرىيە 1156 ـ يىلى» دېگەن خەتلەرگە كۆز ئۈزمەي، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كەتتى. دېمەك، بۇ يىل مىلادىيە 1744 ـ يىلى ئىدى، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ چوغتالى ئەزىمگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىغا، دىلغۇللۇق ئىچىدە ئۆتكەن شەيخلىك ھاياتىغا بەش يىل بولغان بولاتتى. ئۇ ھەزرىتى ھاجىمنىڭ روھىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكىنىگە مىڭ قەترە رازى ـ رىزالىق ۋە شۈكۈرلەر ئېيتسىمۇ، لېكىن ئاشىقلىق يولىنىڭ تارىيىپ

كېتىۋاتقىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بىر قەبرىنى بېقىپ، بىر مازارنى ئايلىنىپ يۇرىدىغان شەيخنى ھەقىقىي ئاشىق دېگىلى بولمايتتى. ئاشىق يۇرت كېزىپ جاھان غەۋغالىرىدىن ئۆزىنى تارتىشى، نەپسى ۋەسۋەسىسىدىن يىراق تۇرۇشى، پانىي مەئىشەتلىرىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈشى، شەيتان ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچىپ، تىنىمسىز ھالدا ھەقىقەت ۋە مەرىپەت ئىزدىشى لازىم ئىدى. ئېتىقاد نۇقتىسىدىن، دەرۋىشلىك بىلەن شەيخلىك بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئىلاھىي ئىشق يولىدىكى قەدەملىرى، ۋىسال ئىزدەش ئۇسۇللىرى تازا ئوخشىمايتتى. دەل مۇشۇ يېرى سۇلايمان شەيخنى قىينايتتى. بەش يىل مابەينىدە مۇشۇ ئىككى يول ئوتتۇرىسىدا تىركىشىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

سۇلايمان شەيخ بىردە، يېڭى پۈتكەن ھەيۋەتلىك خانىقاغا، بىردە خانىقا ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ قەبرىگە قارايتتى. خانىقادىنمۇ، بىر ـ بىرىگە ئوپئوخشاش قىلىپ، ياندىشى قاتۇرۇلغان ئۈچ قەبرىدىنمۇ كۆچلۈك ئەقىدە، ھۆرمەت، مېھنەت ۋە مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بالقىپ تۇراتتى.

«ئېھ، ئەھلى ئاقسۇ، ۋاپادار چوغتالى ئەزىم» شۇنداق دەۋەتتى ئۇ، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سىڭدۈرۈلگەن بىھېساب ئەقىل ـ پاراسەت ۋە سېخىي كۈچ ـ مېھنەتتىن سۆيۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، چوغتال كىشىلىرىنىڭ بۇ قەدەر باي، باياشاد ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ۋە تونۇپ يەتكەنىدى.

خانىقا ۋە قەبرىگە قارىغانسېرى، مۇشۇ ھەشەمەتلىك مەقبەرىگە ئايماي ئەجىر قىلغان كىشىلەرگە، ئۆزىگە بەش يىل مابەينىدە ئاش ـ تۇز بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ يۇرتقا ھۆرمىتى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ بۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى دېگەن تەۋەررۇك ئىسمىنى قىسقارتىپ،

ئابدۇللا خەراباتى ياكى ھاجى خەراباتى ئاخۇنۇم دېگەندەك كالتە نام بىلەن ئاتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئاتىسى بىلەن ئوغلىنىڭ قەبرىسى بىر يەردە تۇرسا، ئۇلۇغلار روھى سۆيۈشۈپ تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئاتىغىنى مەرھۇم زاتى مۇبارەكلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئالامەتلىرى تۇرسا مۇشۇنداق ئاتاشنىڭ نەرى خاتا. خاتالىق ئەمەس، دانالىق بۇ! ئابدۇللا خەراباتى دېگىنى ــ ئاتىسى (مەزىن) ئابدۇللا بىلەن ئوغلى (دەۋائىي ئىشق يولىدا خاراب بولغۇچى شائىر) خەراباتى يانداش بىر يەردىن باقىي ماكانغا ئىگە بولدى دېگەنلىك. ھاجى خەراباتى ئاخۇنۇم دېگىنى ــ مەرھۇم ئاللا يولىدىكى ئاشىق شائىرلا ئەمەس، بەلكى ھەج تاۋاب زىيارىتىنىمۇ ئادا ئەتكەن ئۆلىما زات ئىدى، دېگەنلىك بولماي نېمە؟ «پېقىردىن ئۆتۈپتۇ. كوتا ئەقىللىك، كوتا ئەقىللىك!...»

ئۇنىڭ ئۆزرە قويۇۋاتقىنى يەنىلا چوغتاللىقلار ئىدى. مۇشۇ مۇبارەك تۇپراقتا يېتقىدىن قەدەم باسقان يىللاردا، مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خەراباتى جانابلىرىنى ئەينى ئىسمى بىلەن ئاتىمىغىنى ئۈچۈن، ھەتتا ئۆزىنىمۇ «سۇلايمان دەرۋىش»، «سۇلايمان شەيخ» دەپ، سۇلايمان بىنىنى سىيىت بىنىنى ھېيت سەرداھى دېگەن مۇبارەك نامنى قىسقارتىۋەتكىنى ئۈچۈن چوغتال ئەھلىدىن خاپا بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنى كەمسىتىپ يۈرگەنىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇلارنىڭ توغرا ئىكەن. ئۆزىمۇ دەرۋىش بولماي كىم بولغان؟ شەيخ بولماي كىم ھازىر؟

ئۇ ئويلىغانسېرى، چوغتاللىقلارغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن ئىدى. ئۇنى شەيخ دەيتتى، دەرۋىش دەپمۇ ئاتايتتى.

ناماز، تاۋاب زىيارەت ئۈچۈن كېلىدىغانلار كۈن ساناپ كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى. كىشىلەر ھەزرىتى ھاجىمنىڭ مۇلاھىزە،

نۇتۇق ـ تەلقىنلىرىنىڭ، يۇرت ـ يۇرتلارغا تارىلىپ كەتكەن مەنىۋى ـ مۇلاققەتلىرىنىڭ قىممەت ـ ۋەزىنىنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككى ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەن مۆجىزىۋى ھالەت بۇنى ئىسپاتلاشقا يېتەتتى.

شۇ كۈنى، شەھىرى يەركەندىن تولىمۇ ئېگىز ۋە كۈچتۈڭگۈر كۆرۈندىغان بىر دەرۋىش كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شەيخ ھەزرىتىم، — دېدى ئۇ مازارغا ئاياغ بېسىپلا، يىراقتىن سالام بەجا كەلتۈرۈپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە مېھمان، — سىپايىلىك بىلەن قارشى ئالدى سۇلايمان شەيخ، يەنە دىققىتىنى چېچىشقا مەجبۇر بولۇپ. يېقىندىن بېرى زىيارەتچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ، ئەمدىلا بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىۋاتقان پىكرى مۇساپە ۋە مۆجىزىۋى تەسەۋۋۇرلىرىنى ھە دېسىلا ئۈزۈپ قويۇۋاتاتتى.

— كەمىنە شەھىرى يەركەندىندۇرمەن. ھەزرىتى مۇھەممەت بىنى ئابدۇللا خەراباتى جانابلىرىنىڭ روھ ـ دىدارىغا سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن.

— مۇبارەك... بارىكاللا!

— شۇل زاتىنىڭ قەبرە ـ قارارگاھى قايدادۇر، تەقسىر؟

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، مېھمان. ئاۋۋال بىر يۇتۇم ئۇسسۇزلۇق ئىچكەيلا، ئاندىن...

— يوقسۇ، يوقسۇ... ئەڭ ئاۋۋال شۇل زاتىنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ، روھىغا دۇئا قىلىۋالاي. شۇنىڭدىن سوڭرە بىر گەپ بولۇر...

سۇلايمان شەيخ زىيارەتچى دەرۋىشنى ھاجى خەراباتى قەبرىسى ئالدىغا باشلاپ باردى. دەرۋىش كۆتەك يىقىلغاندەك ئېغىر بىر ھەرىكەت بىلەن قەبرە ئالدىغا تىزلاندى ـ يۇ، قىسقا بىر ئايەتنى ئوقۇۋېتىپلا، مۇڭلۇق، تەسىرلىك مەسنەۋىسىنى



باشلىدى:

ئەيتايىن ھەمدەڭنى ئەي يەزدانى پاك،
ئىچتىلەر خۇنى جىگەر مەردانى پاك.

خالىقا، خەلقىڭنى كۆردۈم بى ئەدەد،
ھېچنېمە يوقتۇر سېنىڭدېك بى مەدەد.

سېنىڭ زاتىڭ تەسەۋۋۇردىن مۇنەززە،
ساماۋاتىڭ تەسەل سۇلدىن مۇنەززە.

ئەناسىردىن قىلىبسەن ئادىمىزاد،
بىراۋنى دىۋىدەك، بىرنى پەرىزاد.

...

جان قۇشى جەننەتكە پەرۋاز ئەيلەگەي،
تىل سېنىڭ ھەمدىڭدىن ئاغاز ئەيلەگەي.

ياخشى سۇرەت بىرلە ئادەم ئەيلەدىڭ،
ئەقىلنى ئادەمگە ھەمدەم ئەيلەدىڭ.

دانەنى ئادەمگە سەن دام ئەيلەدىڭ،
نەپسىنى ئول دانەغە رام ئەيلەدىڭ.

دۇنيادا ئادەمنى بۇنياد ئەيلەدىڭ،
لەززەتى دۇنيا بىلەن شاد ئەيلەدىڭ.

ئاقىبەت ئول دانەغە بولدى راۋان،
كېلدى بۇ ئالەمغە ئادەم شول زامان.

بولدى ئادەمغە جاھان ماتەمسەرا،
كۆردى تۇن ـ كۈن مېھنەتۇ جەۋرۇ ـ جاپا.



...
...
ئەي خەراباتىكى، فەرياد ئەيلەگىل،
«كۆللى شەيئىن ھالىكون» ياد ئەيلەگىل.

شەيخ بىلىپ تۇردىكى، ئوقۇلىۋاتقىنى ھاجى خەراباتىنىڭ مەسنەۋىسى ئىدى. دەرۋىش توختايدىغاندەك قىلمايتتى. ئەكسىچە، ئوقۇغانسېرى جانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەسنەۋى بىر بىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىنىپ، بارغانسېرى تەسىرلىك ۋە جاراڭلىق ئۈن بىلەن ئوقۇلۇپ باراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەيخ بىلىدىغان مەسنەۋىمۇ، ئاڭلاپ باقمىغانلىرىمۇ بار ئىدى.

شەيخنىڭ ساقاللىرى كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەندى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرغان دەرۋىش بولسا ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە مەسنەۋىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

ئۆتتى ئۆمرۈم بىھۇدە ھەر يازۇ ــ قىش،
يوق تۇرۇر شەرمەندەلىكتىن ئۆزگە ئىش.
...
غاپىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىل ئىبادەت تۈنۇ ــ كۈن، شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

ھەر ئىككەيلەننىڭ ھاياجىنى كەلكۈن كەبى تېشىپ باراتتى. تىلىدىلا ئەمەس، دىلىدىمۇ ئېيتىلىپ بېرىۋاتقان بۇ مەسنەۋى ئۇلارنىڭ قەلب كۆزىنى ئېچىپ، ئەڭ يۈكسەك بىر نۇقتىغا ــــ ئىلاھىي مەنزىلگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ھەر ئىككەيلەن ئويلىغان، ئەمما تىلدا ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلغان ئارمانلىق مەدھىيە ھاجى خەراباتى مەسنەۋىسى ئارقىلىق ۋىسال مەنزىلگە

يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى. دېمەك، ئۇلارغا يەنىلا ھەزرىتى ھاجىم
كۆرۈك بولۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قەلب كۆزى شۇ قەدەر
روشەنلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، مەسنەۋى ئوقۇغۇچى دەرۋىش
ئەمەس، بەلكى ھاجى خەراباتى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ
ئوقۇيتتى، تۇۋلايتتى، يىغلايتتى...

... ھاجى خەراباتى مەسنەۋى ئوقۇپ بىھوش بولۇپ
كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ، ياش بولۇپ تۆكۈلەتتى.
تاراملاپ ئاققان ياشلاردىن نەچچە ئۆستەڭگە سۇ تولۇپ،
قانچىلىغان تۈگمەنلەر چۆرۈلەتتى...

...

قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار...

مانا ئەمدى سۇلايمان شەيخمۇ ھۇ تارتىپ يىغلاشقا
چۈشكەنىدى. شۇ ئارىدا ھاياجىنىنى باسالماي بىھوش بولۇپ
كەتكەن دەرۋىش «گۇپپىدە» ئارقىغا يىقىلدى ـ دە، ئىككىنچىلەپ
ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىلاھىي سېغىنىشتىن
يېرىلىپ كەتكەنىدى...

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە تالاي ئىشلار يۈز بەردى: قانچىلىك
ئادەملەر تاۋاب جەريانىدا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئېتىكاپتا
ئولتۇرىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. ئازنا ـ پەيشەنبە كۈنلىرى
قەبرە يوقلاشقا چىقىدىغانلارنىڭ سانى كۈن ساناپ ئاشتى. يىراق ـ
يىراقلاردىن كېلىدىغان سېغىنغۇچىلارنىڭ، زىيارەتچىلەرنىڭ...
ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمىدى. ھەتتا نامى ـ شەرىپى سۇلايمان
شەيخكە تونۇش بولغان، خوتەندىن كەلگەن بىر مەشھۇر دەرۋىشمۇ
ئۇنىڭغا: «ھەزرىتى ئەۋلىياغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ
روھ دىدارى بىلەن مۇلاقەت ـ تەلقىنلەردە بولۇش پەقەت
ئۆزلىرىگىلا نېسىپ بوپتۇ. بەختلىك ئىكەنلا تەقسىر» دېدى. مانا

بۇلار، سۇلايمان شەيخنىڭ تالىلىغان يولىنىڭ شەكسىز توغرىلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ؟ يىللاردىن بۇيان كىلىۋاتقان زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ خۇددى كەتكۈسى يوقتەك بۇ يەردە ئايلاپ، يىللاپ تاۋاب - ئىتىكاپتا ئولتۇرۇشلىرىمۇ شۇنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟

شەيخ، پېشىدىن يېنىپلا يەنە ئىچكى مۇلاقەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقىنى، ئەمدىكى مۇلاقەت ھېچ دەخلى - تەرۇزسىزلا ئالدىنقى قېتىم ئۇلاشقان پىكرى پەللىدىن باشلىنىپ كېتىۋاتاتتى. كەينىگە قايتىش، باشتىن باشلاش... دەك روھىي جەريانلار قىسقىراپ بېرىۋاتاتتى...

ئۇ قەبرە ۋە خانىقاغا سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قويدى. بۇلاردىن - قەبرىدىن ۋە سەل كېچىككىپرەك پۈتكەن بولسىمۇ، ناھايىتى زور ئەجىر ھەم ھۈنەر كۆرسىتىپ سېلىنغان خانىقادىن «مېھنەت» دېگەن بىر ئۇلۇغ ئۇقۇم يالتىراپ چىقىۋاتاتتى. توغرا، مېھنەت - مەرىپەتكە ئېلىپ بارىدۇ. مەرىپەت بولسا، قەلب كۆزىگە بارىدىغان، دىل كۆزىنى ئاچىدىغان يول. مەشھۇر جاھانكەزدىلەرنىڭ نامدار سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئىزدەپ يۈرگىنى دەل مۇشۇ مەرىپەت، ھەق ۋە ئادالەت يولى ئەمەسمىدى؟ ھەتتا ھەزرىتى ھاجىمۇ مۇشۇ يولدا جان پىدا قىلمىدىمۇ؟ مۇشۇ مەنزىللەرگە مېھنەت ئارقىلىق يەتكىلى بولسا، دېمەك، شەيخلىق يولىدىكى ئاشىقلىقمۇ چۈش ئەمەسكەن، ۋىسال پەللىسىگە يول بار ئىكەن!...

ئۇ شەيخلىق بىلەن دەرۋىشلىك ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مۇرەسسە يولىنى تاپقاندەك ئىدى. بۇ ئىككى يولنى مېھنەت ۋە مەرىپەت تەلپۈنۈشلىرى تۇتاشتۇراتتى. مۇشۇ تۇتۇش ئۇنى ئۆز نەزىرىدىكى ۋىسال مەنزىلىگە - دەرۋىشلىك ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان ئىلاھىي پەللىگە يەتكۈزەتتى. ئېھ، مەرىپەت كۆزى، ئېھ، مەنىۋى نىجاتلىق!...

ئەمدى ئۇ ھېچ قېينالمايلا كۆپ يىللار ئىرىشىش ئارقىلىق ئۇلاشقان تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر پەللىسىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى: ئابدۇللا مەزىندىن مۇناسىپ تەربىيەلىنىپ چىققان مۇھەممەت چوغتالى ئەزىمدىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەندى. ئۇ بۇ يەردىمۇ مەرىپەت ئۈچۈن ئېغىر مەنىۋى مېھنەت سىڭدۈرىۋاتاتتى. مەرىپەت ئارقىلىق مەنىۋىيەتنى، ئىنسانى تاكامۇللۇقنى كۈچەيتىپ باراتتى. ئۇ يەنە ھەممە تالىپلارنىڭ باشلامچىسى ئىدى. ئۇچرىغانلا يەردە ھىدايەت، ساخاۋەت ئۇرۇقى چېچىپ ماڭاتتى. مەرىپەت، پەزىلەت ۋە ئادالەت... ھەققىدە ۋەز ئېيتاتتى...

سۇلايمان شەيخ تەپەككۇر قىلاتتى، ئاڭلايتتى، كۆرەتتى. ئىچكى مۇلاقەت يولى ئارقىلىق سىلىشتۇرۇپ، باغلاپ ۋە چوڭقۇرلاپ باراتتى. مۇھەممەتنىڭ مۇشۇ كەمگىچە بولغان روھ ـ قىياپەتلىرىنى تولۇق كۆرۈپ يەتكەندى. ئەمدى تەپەككۇر نۆۋىتى ئۇنىڭ يېتىلگەن دەۋرىگە كېلەتتى...

# قەشقەردىكى ئېھتىرام

سۇلايمان شەيخ ئويلىغانسېرى، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ يېتىلگەن پەزلى ـ پاراسەت جەھەتلەردىكى كامالىتىگە ھەيران قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنى ئەرزىمەس ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە تەپەككۇرىنى توختاتمايتتى. مۇشۇ ئارقىلىقلا ھەزرىتى ھاجىمنىڭ قەلب خانىسىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدىغاندەك، پەقەت خەراباتى ھاجىملا ئۇنىڭ ئىشق دەۋاسىغا ھەمسىرىك بولۇپ، ۋىسال مەنزىلىگە يېتەكلەپ بارالايدىغاندەك سېزىلەتتى ئۇنىڭغا.

شەيخنىڭ قەلب كۆزى ئېچىلىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان شۇنداق بولۇشنى كۈتۈپ، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئازابلىق ـ مەنىۋى ئىزدىنىشنى باشتىن كەچۈرگەندى...

مىلادىيە 1658 ـ يىلى، ياز ئايلىرى.

جۇمە، قەدىمىي قەشقەر جاي ـ جايلاردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ قىزىپ كەتكەندى. مەينەت ۋە تار كوچىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئۇششاق يايمىچىلار، دوغاپچىلار، ئەلگەك ـ تەڭنىچىلەر، كۇلالچى، مىسكەر ۋە زەرگەر ـ قۇيمىچىلار... ئاچچىق ئۇچەيدەك تار ھەم ئۇزۇن كۆرۈنىدىغان كوچىلارنى يەنىمۇ تارلاشتۇرىۋەتكەندى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ خېرىدار چاقىرىشلىرى زور ئاۋاز كەلكۈنىنى ھاسىل قىلاتتى. ئاۋازلار ئاۋازلارغا، تىنىقلار تىنىقلارغا سىڭىشىپ... پەقەت قەشقەرغىلا خاس بولغان قىزغىن ۋە ئۇلۇغ بىر گۈرۈلدەشنى شەكىللەندۈرەتتى.

شەھەر قاينايتتى. ئات، تۆگىلىك، ئېشەك ۋە قېچىرلىق... كىشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ئات ياكى ئېشەككىلىرىگە يايداقلا مىنىۋېلىشقانىدى. يەنە بەزىسى غىچىرلاپ تۇرغان ياريار ھارۋىسىنى تار كوچىلارغا كەپلەپ، پوش ـ پوش دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلايتتى. بىرمۇنچە نان ـ توقاچلارنى بېشىدىكى تاۋاقتا قويۇپ، تۇتماي كېتىۋاتقان؛ مايلىشىپ كەتكەن كىچىك ساندۇقچىنى مەيدىسىگە ئېسىۋېلىپ، يىپ ـ يىڭنە ۋە تارغاق ـ سۆزگۈچ... سېتىۋاتقان يالاڭ ئاياغ بالىلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. قىسقىسى، قەشقەر ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھېچبىر شەھەرگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە روھىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە شەھەر ئىدى.

بولۇپمۇ ئابدۇللاخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرۇۋالغان بىر مۇنچە باشباشتاق بەگلىكلەرنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، قەشقەر ۋە يەكەن كەبى شەھىرى ـ ئاستانىلەرنىڭ سېھرىي قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ۋەزىيەت مۇقىم بولۇپ، سودا ـ سېتىق، باردى ـ كەلدىلەر زور دەرىجىدە جانلاندى. خانلىقنىڭ بۇ دەۋرىنى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن ئاۋات، باي ـ باياشاد ئىدى، دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن سەلتەنىتىدىن پۇقرالار سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىتخان دەۋرىنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئەرەبىستان، ئىران، كەشمىر ۋە ئافغانىستان... كەبى ئىسلام ئۆلكىلىرىدىن كېلىدىغان تالىپ ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قەشقەر ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت ۋە سودا مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن بازاردا ئەكىس ئەتكەنىدى.

تويا ـ تۇمان ئۆرلەپ تۇرىدىغان قەدىمى شەھەر تىنجىق ۋە

سودا قىزغىنلىقىدىن ئوت ئىچىدە قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يالاڭ ئاياغ هالەتتە مېڭىپ يۈرۈشسىمۇ، لېكىن كۆڭلى توق، يۈرىكى پۈتۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ يىرتىق ئىشتاندا كاسسىسى ئوچۇق قالغىنىغا باقماي، خانىنىڭ ئەركە ئوغلىدەك «پۈستانى هاجى!»، «كەسلە...!»، «ماڭا قايلىسىلا ئۇستام!» دەپ سوزۇپ توۋلاشلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ھەشەمەتلىك خانلىق مەدرىسىنىڭ ئالدى، نامازدىگەر ۋاقتى بولۇشىغا قارىماي بۇ يەرمۇ قايناق بازار تۈسىنى يوقاتمىغانىدى. قارىماققا، كىشىلەر كىچىچە تارقىماي، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغاندەك قىلاتتى.

ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئېسىل تون - سەللىلىك زەردارلار، مەدرىس ئالدىدىكى يايمىچىلاردىن ئۇنى - بۇنى ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇلارنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەرقانداق ئۆزىگە تارتاتتى. بولۇپمۇ، چىرايلىق قىرىلغان تەڭنە - چۆچەك، ئاياق - قوشۇقلار؛ خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان زىبۇ - زىننەتلەر؛ ھېيتگاھنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگە نەپىس ساپال بۇيۇملار... دىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. ھەر بىر ئورۇلۇشىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مۇڭ - ھەسرەت ياكى شادلىق - شادىيانلىق تۆكۈپ تۇرىدىغان دۇتار، راۋاب، تەمبۇر، ساتار قاتارلىقلارغا ئوخشاش سازلار بولسا ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى... ئۇلارنىڭ ھەممىگە تەكشى قىزىقىپ مېڭىشىدىن، خانلىق مەدرىسكە يېڭىدىن ئاياغ باسقان تالىپلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، چىپ - چىپ تەر ئاستىدا قالغان ئېگىز چىلان تورۇق ئاتقا مىنگەن بىر يىگىت خانلىق مەدرىسە ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ

يىگىت نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك، يەنە نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۇمران ۋە ئىنچىكە بۇرۇتلىرى لىكىلدايتتى. توپا قونغان سەللىسى ۋە ئورۇق، ئۇزۇنچاق يۈزى 20 ~ 21 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىتنى يىراقتىن كەلگەن مۇساپىر سىياقىدا كۆرسەتتەتتى.

ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، نەگە مېڭىشىنى بىلمىگەندەك بىر هازا تۇرۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، خانلىق مەدرىسكە ئات بىلەنلا كىرىشكە بولمايتتى. مەدرىسكە يېقىنراق بولغان چۇشكۇن قىلغۇدەك بىر جاي تېپىش كېرەك ئىدى. مۇشۇ ئەتراپتا ئىشەنچىلىكراق دەڭ، سارايلاردىن بارمىكىن، قايسى تەرەپ بىلەن مېڭىش كېرەككىن؟

شۇ دەقىقىدە، ئۇ ئايرىلغىلى خېلى كۈنلەر بولغان دادىسىنى ئەسلەپ قالدى. خانلىق مەدرىسىنىڭ ئۇدۇل يان تەرىپىدىلا ئوبدان بىر ساراي بار، دېگەنىدى دادىسى، ئۇنى ئۇزىتار چاغدا.

ئۇ ئېتىنى يېتىلەپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دادىسى ئېيتىپ بەرگەن يەرنى ئىشانلاپ ماڭدى. ئۇ تىقما – تىقماق ئادەملەر ئارىسىدا قېقىلىپ – قىسىلىپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا قارشى تەرەپتىن ئۈچ يىگىت ئايرىم – ئايرىم هالدا كۆكرىكىگە تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاق رەختكە دىققەت قىلىپ قالدى. ئۇلار ئۇدۇلغا كەلگەندە كۆردىكى، رەختكە ئوخشاش مەزمۇندا، ئوخشاش چوڭلۇقتا هۆسنىخەت بىلەن مۇنداق خەتلەر يېزىلغانىدى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆهتەرەم يېڭى تالىپ مۇهەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر»

مۇهەممەت هەيران قالدى. چۆچۈدى. رەختكە يېزىلغىنى ئەينەن ئۇنىڭ ئىسمى ئىدى. بۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى قانداق بىلىۋېلىشقاندۇر. بىلگەن هالەتتىمۇ رەختكە يېزىپ، كوچىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ نېمە قىلماقچىدۇ؟ «ياق، مېنىڭ ئېتىم ئەمەس بۇ» ئۇ رەختتىكى ئۆزىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىپ

قالدى. «مەن باشقىلارنىڭ نەزىرى چۈشكۈدەك نەزم، مۇھاكىمىلەرنى يېزىپ باقمىغان تۇرسام، ئويلاپ يۈرگەن كوللىيات مەسنەۋىنى ئەسلى باشلىيالمىغان تۇرسام، خەقلەر قانداق تونۇغاي مېنى؟ ئاندا ـ ساندا يېزىپ يۈرگەن رۇبائىي، مەسنەۋى، مۇخەممەسلىرىم بولسا ئۇ قەدەر جازىبىدار ئەمەس. ئايرىملار ئۇنى كۆچۈرۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، شەھىرى قەشقەرگە قەدەر يېتىپ ئۈلگۈرمىگەندۇر دەيمەن، شۇڭا...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — يانداپ ئۆتۈپ كەتكىلى تۇراتقان بىر يىگىتكە ئالدىراپلا سالام قىلدى ئۇ. رەختتىكى ئۆزىنىڭ ئىسمى بولسۇن ـ بولمىسۇن، مۇسۇلماندارچىلىق قائىدىسى بويىچە سالام بېرىپ، چۈشكۈن قىلىدىغان جايىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كۆرمەكچى بولدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەرھاللا جاۋاب قايتۇردى بايىقى يىگىت ئورنىدا چىپپىدە توختاپ، — ئۆزلىرى چىم بولىلىكى جانابىي تەقسىر؟

— كەمىنە مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر بولىمەن، دىيارى ئاقسۇدىن كېلىۋاتىمەن، ـ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇدۇللا جاۋاب بەردى مۇھەممەت.

— ۋاي شۇندامىا تەقسىر، ئەتىگەننىڭياقى يوللىرىغا قايلاپ... — ئۇ، گەپ ئارىلاپلا ئىككى ھەمرىيىنى توۋلىدى، — ۋۇي ھەمساۋاقلىرىم، بۇيانغا قايلاڭلار. بىز ساقلىغان ھەمساۋاق بۇرادىرىمىز كەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئىككى تالىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سالام بەجا كەلتۈردى. مۇھەممەتمۇ بىر ـ بىرلەپ جاۋاب قايتۇردى.

— مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر دېگەن كىشى مەن بولىمەن دېسىلە؟

— خوش.

— ئۆزلىرىنى شۇل يولدا تاپقانىمىز جۇدە كاتتا ئىش بولدىلەر، مېھمان.

— رەھمەت.

بۇلار ھەر يەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كەلگەن تالىپلاردەك قىلاتتى.

— پېقىرنىڭ نامشەرىپىنى قايدىن بىلىدىلىكىن جانابلا؟ — سالام ـ سائەتتىن كېيىن، تاقەتسىزلىنىپ سورىدى مۇھەممەت.

— ھۇسەيىن ھاجى ھېزرىېت ئايتىپ بېردىلەر.

— شۇنداق، ئۇستازىمىز ھۇسەيىن ھاجى گەپلىيىنى قىلىپ، سىلىنى ساقلاشقا چىقايغان، ئەينا.

— ئۆزلىرىنى شەھىرى كاشغەرگە كېلىپ باقماپتىكەن، ئازغىشىپ قالمىسۇن دېدى قايىسىلا، — تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى دەسلەپ ئۇچرىغان تالىپ، — ئىسمىنى ئۇستاز قايداق بىلگەندۇ دېسىلەۋاغۇ، ئۇ مەدرىسىنىڭ ئىشىك باقارىدىن ئاڭلاپتىكەن قايىلىسىلا، يولدىكى دەڭ ـ سارايلارنىڭ بىرەرسىدە بىرەر كىم بىلەن دېيىشكەنما؟

— بۇ... ھە ـ ئە...

— ھە، شۇ كىشى بىزنىڭ مەدرىسىنىڭ ئىشىك باقارى بولىدۇ، قايىلىسىلا. ئۇ يەنە ئۇستازنىڭ قوشنىسى، ئۇستاز سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ، ئۆزىنى باسالماي قاپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، ھويلىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن مېڭىپ كېتىپتۇ، قايىلىسىلا...

«تالىپنىڭ قايىلىسىلا...» بىلەن تۈگەللىنىدىغان گەپلىرى ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەۋەس قىلىپمۇ ياكى ھەسەت بىلەنمۇ ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مۇھەممەتنى تەرىپلەش ئالامەتلىرى ھەر جۈملىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

مۇھەممەت ئويلىنىپ قالدى. ئۇستاز ھۇسەيىن ھاجىگە

ياققۇدەك نېمە گەپ قىلغاندىمەن؟ قايسى گېپىمگە شۇنچە قىزىپ قالغاندۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. شۇئان، ئۇلۇشكۈنكى بىر ئىش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى.

قەشقەرگە بىرەر كۈنلۈكچە يول قالغاندا كەچ كىرىپ كەتتى. مۇھەممەت كۆرۈشنى ئارزۇلاپ كەلگەن قەدىمىي، گۈزەل قەشقەرگە تېزرەك يېتىپ بېرىپ، مەدرىس، مۇدەررىسلەر بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولۇشنى ئويلىسىمۇ، خېلى كۆپ ئاقچا، يوللۇقلار بىلەن كەلگىنى، يەنە كېلىپ قەشقەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن، قونالغۇ سوراپ يېتىپ قالماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىمۇ كېچىسى يول يۈرمەسلىكنى تاپىلاپ قالغانىدى.

ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ مېڭىپ بىر ئۆتەڭنى تاپتى. دەرۋازىدا ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغىلا، هويلا ئىچىدىن سىمىز بىر كىشى ئېگىز بىر قارا خېچىرنى (خېچىر توقۇقلۇق ئىدى) يېتىلەپ چىقىپ كەلدى. ئۇزايىدىن ئۇنىڭ خانلىق تەۋەسىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان قوۋمىدىن ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ساراي ئىگىسىنى بەكلا رازى قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، 35~ 40 ياشلار ئەتراپىدا بار چىرايلىق بىر چوكان دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ:

— ئوبدان قايلىيالمىدۇق مېھمان، كۆڭۈللىرىگە ئالماسلا، ماۋۇلىگە ئۆتكەندە يەنە چۈرۈپ تۇرالا جۇما، - دېدى، ئۇ ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان بىر يېقىنچىلىق بىلەن نازلىق ئەركىلەپ.

— رېقمىت، رېقمىت، مېنى يانى كىلىپمىن...

مېھمان شۇنداق دەۋاتقاندا، مۇھەممەت ئۇنىڭ چىرايىغا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قارىۋالدى: ئۇ يوغان باش، مەڭىز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، كۆزلىرى پۈلتىيىپ تۇرىدىغان، بۇرنى پاناق، دۈگىلەك يۈز كىشى ئىدى. بىر قاراشتا ئۇ

قالماقلارغا ئوخشايتتى. «چوقۇم قالماق» دەپ جەزملەشتۇردى مۇھەممەت. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ غەزىپى تاشتى. «پايلاقچى بولمىسا، كەچ بولغاندا سارايدىن ئايرىلامدۇ؟ كېچىسى مېڭىپ، كۈندۈزى چۈشكۈن قىلغانغا قارىغاندا، قالماقلارنىڭ پايلاقچىسى بۇ، يېڭىلىپ ئەدىپىنى يېگەن قالماقلارنى بۇ يەرگە يەنە ئاياغ باستۇرماسلىق كېرەك ئىدى. بىز خەقمۇ ـ زە...» ئۇ شۇنداق ئويلىغاچ، ساراي ئىگىسى ئايالغا قاراپ قالدى: ئۇ خېچىرغا مىنىپ خېلى ئۇزاپ كەتكەن مېھماننىڭ ئارقىسىدىن قىيماسلىق بىلەن، كۆز ئۈزمەي قاراپ قالغانىدى.

ــ ۋاي مېھمان، هوي...قالماق!!

شۇ ئارىدا، 35~ 36 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر ساراي هويلىسىدىن ۋارقىراپ چىقتى. ئۇ ئۇزاپ كېتىپ بولغان مېھمانغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلايتتى.

ــ هە، نېمە بولدىلا، نېمە ۋارقىرايلا مېھمان! ــ ساراي ئىگىسى ئايال شۇندىلا كۆزىنى كېتىۋاتقان مېھماندىن ئۈزۈپ، ۋارقىراپ چىققان مېھمانغا ئاغدۇردى.

ــ تەخەي... بىر تەخەي ئايرىلىپ قاپتۇ، ئاۋۇ قالماق ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىپتۇ، ــ دېدى مېھمان جىددىيلىشىپ.

ــ تەخەي دەملا؟ ــ دېدى ئايال يېنىشلاپ سوراپ ۋە راست ـ يالغىنىنى ئايرىماقچى بولغاندەك، ساراي ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ــ مېھمان!... هو...ي! ...! قالماق، تەخەي ئارىلىپ قاپتۇ!... ــ تەكرار توۋلىدى مېھمان قولىنى كانەي قىلىپ تۇرۇپ.

كېتىۋاتقان مېھمان ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سالدىمۇ، ئارقىسىغا قايرىلىپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، غەزىپى تېشىپ تۇرغان مۇھەممەت ئاخىرى گەپ قوشتى.

ــ ئۆزلىرى كىم بولىلا تەقسىر؟ ــ ئېتىنى يېتىلىگەچ، يېقىنلاپ كېلىپ سورىدى مۇھەممەت.

— مەن... مەن يولۇچى. قەشقەرلىك، تەقسىر... — خۇددى بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئەپتىلىرىدىن قەشقەرلىك ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم. دەيمەنكى: ئۆزلىرى زادى كىم بولىلا؟

— پېقىرنى چىم بولىلا دەۋاتامىلا؟... — يېنىشلاپ بىر سورىۋېتىپ ئاندىن جاۋاب بەردى مېھمان، — ھە، ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن تەقسىر. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ خادىمى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — تۇيۇقسىزلا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك توۋلىدى مۇھەممەت. ئۇنىڭ بىرەرسىنى «سەن»لىشىمۇ مۇشۇ تۇنجى قېتىم ئىدى، - دېمىسەڭمۇ سەن مۇسۇلمان ھەم يەنە ئۇيغۇرسەن، بىلىپ قوي، ئالدى بىلەن ئۇيغۇردۇرسەن. ئەمما، خانلىق مەدرىسىنىڭ ئادىمى مەن دەپ يالغان ئېيتما. قەشقەر خانلىق مەدرىستىن سەندەك ئادەم چىقمايدۇ. ئالىم - ئۆلىما، پەزلى - پاراسەت ئىگىلىرى يىغىلغان جاي ئۇ. سەندە شۇنداق پەزىلەت، مەسئۇلىيەت بارمۇ؟

— تەقسىر، بۇ... — مۇھەممەتنىڭ زەردىلىك سۆزلىرى ۋە زەردارلارچە تۇرقىدىن ئەيمەنگەن مېھمان شۇنىڭدىن باشقا گەپنى قىلالماي قالدى. ئۇ «ساۋابلىق ئىش قىلماقچى بولغان»لىقىنىلا بىلەتتىكى، باشقىلىرىنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمەيۋاتاتتى.

— قېنى، مەدرىس ئادىمىدەك پەزىلەت بارمۇ سەندە؟ — ئۆزىنى باسالماي، يەنە ئەزۋەيلەپ سورىدى مۇھەممەت. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆز خانىلىرىدىن بىر - بىرلەپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى، — ساڭا دېسەم مېھمان، مەدرىس ئادىمى ئىستىقلال چىرىغىنى نۇرلاندۇرۇش كويىدا بولىدۇ. ساڭا ئوخشاش، ياتلارنىڭ پايلاقچىسىغا چىقىم بولۇپ يۈرمەيدۇ. قالماقلارنىڭ بۇ ئەلگە سالغان پاراكەندىچىلىكى ئازمۇ. ئۇلار ھەر قېتىم بۇلاڭ - تالاڭغا كەلگەندە بىرمۇنچە نەرسىلىرىمىزدىن

ئايرىلدۇق. قان ـ قېرىنداش، ئاكا ـ ئىنىلىرىمىزنى چاقتۇق، بىر ـ بىرىمىزنى تۇتۇپ بەردۇق. ئەمدى بىز قالماقتا چاقمىغان كىچىككىنە تەخەي قالدىمۇ؟ يەنە كېلىپ، بۇ تەخەي قالماقنىڭ ئەمەس. قارا، مېھمان، قالماقنىڭ مىنىپ چىققىنى خېچىر تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقسىگە تەخىيى بولىدۇ؟ بىز ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان تەخەي چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ قالماقلارغا چېقىپ نېمە قىلماقچىمىز، قالماقلارنى يەنە بۇلاڭ ـ تالاڭغا كەلسۇن، ئىستىقلال چىرىغىمىز خىرەلەشسۇن دېگەنلەرنى ئارزۇلامدۇق؟ ياق، مېھمان، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ! مىللەت ئەزاسىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر كەلىمە تۇزكورانە سۆز، قىلدىن قىيىق كۇپۇرانە ھەرىكەتمۇ... ئۇلۇغ خانلىقنىڭ ئۇلىغا زەرەر يەتكۈزىدۇ. گېزى كەلسە، ئىمان ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن دېيەلىگەن بىر سۆزمۇ قۇدرەتلىك خانلىقىمىزنىڭ خىسلەتلىك چىرىغىنى نۇرلاندۇرىدىغان ماي، كۈچلەندۇرىدىغان پىلىك. ۋىژدان بىلەن ئىش قىل، مېھمان. سەن ـ ئۇيغۇر، سەن ـ مۇسۇلماندۇرسەن! مەنمۇ ئۇيغۇر ھەم مۇسۇلماندۇرمەن. مۇشۇ تۇرغانلارنىڭ ھەر بىرلىرىمىز ئاۋۋال ئۇيغۇر ۋە ئاندىن مۇسۇلمان زاتىدىندۇرمىز. ماڭغان ـ تۇرغان يېرىمىزدە، ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدە، دىلىمىز ھەم تىلىمىزدا مىللىتىمىز ۋە مۇبارەك دىنىمىزنىڭ روھىغا ئۇيغان ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىش ھەر بىرىمىزنىڭ ۋىجدانىي ۋە ئەخلاقىي بۇرچىمىزدۇر. شۇڭلاشقا، ھەر بىرلىرىمىزنىڭ ھەرقانداق جايدا ئۆزىمىزگە ئاگاھ بولمىقىمىز، سۆزىمىز ۋە ئىش ـ ئەمەلىمىزگە ئاگاھ بولمىقىمىز زۆرۈردۇر!...

دېگەندەك تەخەي قالماقنىڭ ئەمەس بولۇپ چىقتى. ساراي ئىگىسىمۇ، مېھمانلارمۇ تالىپ چىراي، زەردار سۆپەت بۇ يولۇچىنىڭ تەسىرلىك ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈنغىچە تارقىماي، يۈرەكلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى...

مۇھەممەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. بايىقى تالىپلارنىڭ

بىرى ئۇنىڭ قولىدىن، يەنە بىرى ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ، مەدرىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى بوستانلىق ھويلىغا باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

مۇھەممەت كېيىنكى كۈنلەردە چۈشىنىپ يەتتىكى، ئۆزى ئازار قىلغان مېھمان راستتىنلا خانلىق مەدرىسىنىڭ ئادىمى — مەدرىسىنىڭ ئىشىك باقارى ئىكەن. ئۇ مۇھەممەت بىلەن ئۇچراشقان شۇ كەچلىكى باشقىلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوسال قىلىپ، يولۇچىلارغا تەربىيەت قىلغان بۇ مېھماننىڭ قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ماڭغان ئاقسۇلۇق تالىپ ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپلا، نومۇس كۈچىدىن شۇ كېچىسىلا ئېتىنى توقۇپ قەشقەرگە جۆنەپ كېتىپتۇ ۋە ئەتىسىگىلا بولغان ئەھۋالنى مۇدەررىس ھۈسەيىن ھاجىگە دەپ بېرىپتۇ. ھۈسەيىن ھاجى خانلىق كۇتۇپخانىسىدىن ئۇنىڭ مۇئەللىپلىكىدىكى بىرقانچە پارچە مەسنەۋىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تېپىپ چىقىپ ئوقۇپ كۆرۈپتۇ ۋە ئاقسۇلۇق بۇ يىگىتنىڭ يولدا - ئۆتەڭدە دېگەنلىرى بىلەن مەسنەۋىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي: «مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ، ھويلىنى نەچچە ئايلىنىپ چىقىپتۇ. شۇ چاغدىكى مەسنەۋىلىرىگە ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ «مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر» دەپ تولۇق يازغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن، مۇدەررىس ھۈسەيىن ھاجى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا تالىپلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

مۇھەممەت ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ئۇ خانلىق مەدرىسىنىڭ غايەت زور كىتابلار زاپىسىغا ئىگە كۇتۇپخانىسى بارلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە ئوخشاش تېخى كۆزگە

كۆرۈنمىگەن مۇئەللىپىنىڭ مەسنەۋى ھالىتىگە كەلمىگەن نەزمىلىرىنىڭمۇ ساقلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. «بۇخارا مەدرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە نامى مەشھۇر بولغان «قەشقەر خانلىق مەدرىسى»نىڭ يېتۇك مۇدەررىس ـ ئۆلىمالىرى، ئىسلام دۇنياسىدا داڭقى بار ئالىم، تىلچى، مۇھاكىمە ـ تەفسىرچىلىرى؛ شۇنىڭدەك تېبابەت، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىلمىي نۇجۇم... ساھەلىرى بويىچە يېتىلگەن خادىم ـ مۇدەررىسلىرى بارلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ بىراق، نامى ئالەمگە تارالغان بۇ زاتلارنىڭ ئۇ قەدەر كەمتەر، خۇش پېئىل ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئۇلاردىكى پەزلى ـ پاراسەت، ئىلىم ـ ماھارەت ۋە كۈچلۈك ۋىجدانىي ـ مەسئۇلىيەت... تۇيغۇسى مۇھەممەتنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئىزدىگەن ھەممىلا نەرسە مۇشۇ مەدرىستىن تېپىلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئوقۇش داۋامىدا بىرەر قېتىممۇ ئۆيگە قايتماي ئىلىم تەھسىل قىلدى. تىرىشچانلىقى، چېچەنلىكى، ۋىجدان ۋە پەزىلىتى بىلەن مەدرىستىكى پۈتكۈل تالىپ، مۇدەررىسلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ناتىقلىقى، تەلقىن ـ مۇھاكىمىلەردىكى چېۋەرلىكى... ھەممىسىنى تاڭ قالدۇردى...

سۇلايمان شەيخنىڭ تەپەككۇر كۆزى مۇشۇ يەرلەرگىچە، مۇھەممەتنىڭ ھەر يىللىق ئەلا نەتىجىسى، ئۇ ئېرىشكەن شان ـ شەرەپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىراملارغىچە... يولۇقۇپ ئۆتتى ـ يۇ، ئۇنىڭ بىر قېتىملىق باشلىنىش خاراكتېرلىك مۇھاكىمىسىدە ئۇزۇنغىچە قادىلىپ تۇرۇپ قالدى.

مەدرىستە ئىلىم ھاۋاسى ناھايىتى قويۇق ئىدى. دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر بويىچە مۇھاكىمىلەر بولۇپ تۇراتتى. شۇنداق مۇھاكىمىلەرنىڭ بىرى مۇھەممەت كېلىپ ئىككىنچى يىلى قىشتا ئېلىپ بېرىلدى.

روھىيەت، شېئىرىيەت ۋە ئىستىلىستىكا... ئىلمىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئىلمىي مۇلاقەتتە مۇدەررىسلەر ئالدىن كۆرسىتىپ بەرگەن مۇھاكىمە نۇقتىلىرى ئاساسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار شەرھلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەق مەيداندىلا مۇلاھىزە شاخلىتىلىپ، تالىپلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىلىم ساپاسى، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى، سۆز ۋە مەجاز ماھارىتى سىناپ كۆرۈلەتتى. بۇ خىل مۇلاقەتتە يەنە تاسادىپىي رويابقا چىقىپ قالغان ئۆزگىچە مۇئەممالار ھەققىدىمۇ بەس ـ مۇنازىرىلەر بولاتتى. بۇ خىل مۇلاھىزە نۇقتىلىرىنى مۇدەررىسلەر قويسىمۇ، تالىپلار كۆتۈرۈپ چىقسىمۇ بولىۋېرەتتى. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ باشقا داڭلىق ئىلىم يۇرتلىرىدىن پەرق قىلىدىغان بىر يېرى شۇ ئىدىكى، تەلقىن ـ مۇلاھىزىلەردە تالىپلار بىلەن مۇدەررىسلەر باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتى. بۇ ھال، تالىپلارنىڭ مۇتائىلىيە، مۇھاكىمە قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر خاسلىقىنى كۈچەيتەتتى. ئۇلار قانچە چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنسېرى، شۇنچە كۆپ ئىلھام، ئالقىشلارغا سازاۋەر بولاتتى...

نۆۋەتتىكى مۇھاكىمە جان بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ مەجازى ھالىتى ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى، تالىپلار ئۆز قارىشىنى بەس ـ بەستە ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، مۇھاكىمە ئورنىنى قىزغىن كەيپىياتقا ئىگە قىلغانىدى. ئۇلار تالىشاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى، ھەممىسى ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. مۇدەررىسلەر بولسا، تالىپلارنى سەۋرچانلىق بىلەن مۇھاكىمىگە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ قارىشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇراتتى. تالاش ـ تارتىش كۆپەيگەنسېرى مۇلاھىزە چوڭقۇرلاپ باراتتى. يېڭىدىن ـ يېڭى مەسىلە ـ مۇئەممالارمۇ چۇۋۇلۇپ چىقاتتى...

ـــ كەمىنە مۇھەممەتنىڭ قارشىچە، ـــ دەپ سۆز ئالدى مۇھەممەت، گېپىنىڭ بېشىدىلا ئۆز خاسلىقى ۋە كەمتەرلىكىنى بىلدۇرۇشكە ھەرىكەت قىلىپ، ـــ ئاللا ياراتقان بەندىنىڭ جان بىلەن تېنى بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغۇچى گەۋدىدۇر. جان دېمەك ـــ روھ دېمەكتۇر. ئۇ باقىيلىق مەيلىگە تەۋەدۇر. شۇڭا ئۇ ئۆلمەستۇر، ئەبەدىيلىكتۇر. تەن جان چىققان ھامان ئۆز قىممەت ـ نازاكىتىنى يوقىتىپ، خاكىي ـ تۇپراق ئاستىغا غايىب بولىشىمۇ، ئۇ يەنىلا پانىيلىق مەيلىگە يېقىن ئىرۇر. بۇنىڭ ۋەجىمى شۇدۇركىم...

مۇھاكىمەخانا جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. مۇھەممەت ۋەزىن، پاساھەتكە تويۇنغان سۆز ـ ئىبارەتلىرى بىلەن كۆز قارىشىنى شەرھلەپ باراتتى... ئۇنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىچە، تەن ـ جاننىڭ مېھمانخانىسى، جان بولسا، تەننىڭ مېھمىنى ئىدى. جاندىن ئىبارەت مۇشۇ ئەزىز مېھمان بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆي (مېھمانخانا) رەتلىك، بەرىكەتلىك ۋە مەمۇرچىلىق بولاتتى. مېھمىنى يوق ئۆي ھەر زامان ۋەيرانە ئىدى...

تالىپ مۇدەررىسلەر ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. كەلگىنىگە ھېچقانچە بولمىغان بۇ يېڭى تالىپتىن، ئۆزگىچە تەپەككۇر دىتى، مۇلاھىزە ماھارىتى بالقىپ تۇراتتى. ئەگەر، ئۇنىڭ تەلقىنىگە ـ شەرھى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلسە، بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ۋە ھەيران قالارلىق ئىپادىلەر بىلىنىشى مۇمكىن ئىدى، ھەممە شۇنى كۈتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈكۈتلۈك ئىدى... كۈتكەندەك، پىكىر يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقا باشلىدى. مۇھەممەتمۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقاتقاندى. ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەمەس، تەپەككۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك، ئوتلۇق ھاياجان، زوق ـ ئىشتىياق بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى مەنە چوڭقۇرلۇق، مەنتىقىي جىپسىلىق، بەدىئىي لەززەت ۋە ئىستېتىك پاساھەتلەر

قوشۇلۇپ، تەبئىي قاپىيە ۋە ئىختىيارسىز ھالدا شەكىللەنگەن نەزمىي ـ مىسرالارنى تۇغماقتا ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى. باياتىن بېرى تۇغۇلغان چوڭقۇر، يېڭى ۋە ھاياجانلىق پىكىرلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاخىر شېئىر بولۇپ تۆكۈلدى:

ئەي ئوغۇل، تەن جانغە مېھمانخانەدۇر،
بولماسە مېھمان، بۇل ئۆي ۋەيرانەدۇر.

بولسا مېھمان ئۆيدە مەمۇرلۇق بولۇر،
كەتسە مېھمان ئۆيدە رەنجۇرلۇق بولۇر.

نېچە تۇن ـ كۇن تەندە جان مېھمان ئېرۇر،
ئۇشبۇ ئۆي ھەم ئاخىر ۋەيران ئېرۇر.

ھەر نېمە ئالەمدە ھەق پەيدا قىلۇر،
ئۇشبۇ مېھمان ۋەجھىدىن پەيدا قىلۇر.

بىل بۇ مېھمان قەدرىن، ئەي ئابدۇلئەزىز،
تاكى مېھمان ئۆيدەدۇر تۇتقىل ئەزىز.

ئاڭلا بۇ مەئنىنى ئەي مەردۇ غەرىب،
كەتسە ئۇل مېھمان يەنە كەلمەس يانىپ.

ھەر كۇنى ھۇشيار، تۇن بىدار بول،
تالىبى بول، تالىبى دىدار بول.

بىل بۇ مېھمان قەدرىنى ئەي خاسۇ ئام،
باش كۆتەرمەي سەجدە قىل ھەر سۇبھى شام.

ئۇشبۇ ئۆيدىن بىر كۇنى مېھمان كېتەر،
بارچە ئەفرادىڭ ئۇ كۇن ئەفغان ئېتەر.

كۆب پۇشايمان قىلماغاي ئول كۈنده سۇد،
قىل تىلىم مېھمان كەتمەسدە سۇجۇد.

ئەيتايىن جان تەمسىلىنى ئەي ئوغۇل،
بى كۇدۇرەت قىل بۇ سۆزلەرنى قوبۇل.

ھەر خىيالۇ - پىكرىلەر مېھمان ئېرۇر،
ئۇشبۇ مېھمانغە كۆڭۈل ئايۋان ئېرۇر.

ھەر كۆڭۈلدىن ھەر پىكىر خالى ئېمەس،
ئول سەبەبدىن مەرتىبە ئالى ئېمەس.

پىكىر گەر خەير دۇرۇر ئەيسا قىلۇر،
پىكىر گەر شەررى دۇرۇر تەرسا قىلۇر.

پىكرى سالىھ تەڭرى مېھماندۇرۇر،
پىكرى فاسىق مىكرى شايتاندۇرۇر.

پىكرى خەيرى كىرسە گەر كۆڭلۈك ئارا،
بولغاي ئول سائەت كۆڭۈل ئەرشى ئەلا.

پىكرى باتىل كىرسە گەر كۆڭلۈك ئارا،
بولغاندۇر ئول كۆڭۈل تەھتەسسەرا.

كىرسە مېھمان ئۆيگە ئىستىغفار قىل،
نىكىگە شۇكرى، بەدكە ئىستىغفار قىل.

ئەي بىرادەر ئۆمرى بىر ھەميانى زەر،
بولماغىل زىنھار ئاندىن بى خەبەر.

ھەر نەپەسكىم چىققانى ھەر دەمبەدەم،
گويىيا چىقمىشىدۇر ھەمياندىن دەرەم.

ئول دەرەم ھەردەم بۇ ھەمياندىن چىقار،
ئول كىشى ئاخىر بۇ دەۋراندىن چىقار.

ئەي جەۋان ئەبرەئىي بابائى بەرف،
قىلما ھەرگىز فانىغە ئول زەرنى سەرف.

ئەي ئوغۇل بىرنەچچە پەند ئەيتاي ساڭا،
چىقسە ھەمياندىن دەرەم كەلمەس يانا.

ھەر نەپەس ھوشيارى بول ئەي ھەمنەپەس،
ئول دەرەم كىم چىققانى چىققان نەپەس.

ئۆمىر ئۆتكەي گويىيا سەر ـ سەر كەبى،
تىتراشۇر بول جىسمىم ئەر ـ ئەر كەبى.

قىلماغاي ھەر ئۆمىر ئۆتكەي بولسا ئود،
نەزئى جان ۋەقتىدە قىلماس تەۋبە سۇد.

ھەر كىشىكىم بولسە گەر سىھھەت بەدەن،
ئۆمرى ئانىڭ گويىيا باغۇ چىمەن.

ھەر كىشىگە ناگاھ گەر پىرى رەسەد،
تۇشمىش ئانى بويىنىغە ھەبلى مەسەد.

يەر ھوسۇلدىن قالسە بولغاي شورلۇق،
شورلۇقغە ھىچكىم ساچماس ئورۇق.



ئەي جەۋان چېھرىڭ بۇگۇن گويا قەمەر،
قارىساڭ ھەم چۇن بولۇبتۇر پوستى گۇلەر.

ئەي جەۋان قەددىڭ بۇگۇن ھەم چۇن لەبان،
يەتسە ناگا پىرلىغ بولغاي كامان.

بولسە باغ ئىچرە دەرەخت بى سەمەر،
باغىبان قىلغاي ئانى زىرۇ زەبەر.

گەر كىشىكىم پىرى ھەم فاسىق دۇرۇر،
بىگۇمان دەۋزەخقە ئول لايىق دۇرۇر.

مەركەب ئاقساق، كۇن كېچە ۋە يول ئۇزۇن،
تۇرغالى يەر يوق نە ياتماقغە ئورۇن.


يىل ئاخىرى بولدى زىرائاتىڭ قېنى؟
ئۆمرىڭ ئاخىر بولدى تائاتىڭ قېنى؟

سۇد قىلماس ئەتلەسۇ كىمخاپلارىڭ،
بار دۇرۇر مەھشەردە كۆب دادخالارىڭ.

ئۆتكەرۇر سېن ئۆمىر دائىم بى ئەمەل،
بى خەبەر يەتكەي ساڭا بىر كۇن ئەجەل.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.



مەسنەۋى تۇگىشى بىلەن تەڭ مۇھاكىمەخانىدىكى تالىپ، مۇددەرىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. تۇشمۇتۇشتىن «ھۇششەرە!»، «بارىكاللا!» دېگەن ھاياجانلىق سادالار ئاڭلاندى. ئانچە ئۇزۇن دەپ كەتكىلى بولمايدىغان بۇ مەسنەۋىدە جان بىلەن تەنىنىڭ مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ مىجەزى كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە ئۇلگە بولغۇدەك بىر ھازىر جاۋاب ئەشئار شۇ تاپتا، ئەزىزانە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە نازىل بولغانىدى، ئۇ يەنە ھېكمەت ئىدى، مۆجىزە ئىدى!

مۇھاكىمەخانىنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلىغانىدى. ھېچكىمنىڭ ئولتۇرۇۋالغۇسى كەلمەيتتى. كۆپلىگەن مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يەنە «بارىكاللا!» دېگەن سادا كېلەتتى. «خەراباتى!» دېگەن گەپلەرمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. باشقىلار بىلەن تەڭ ھاياجانلىنىۋاتقان مۇھەممەت «خەراباتى» دېگەن مۇشۇ ئۆزگىچە ۋە مەنىسى چوڭقۇر سۆزگە دىققەت قىلىپ قالدى.

سۇلايمان شەيخنىڭ يەكۈنىچە، مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللانىڭ «خەراباتى» دېگەن تەخەللۇسىنى قوللىنىشى ۋە يازماقىنى نىيەت قىلغان «مەسنەۋى خەراباتى»نىڭ تۇنجى مىسرالىرى دەل مۇشۇ كۈنى باشلانغانىدى. يەنە دىققەت قوزغارلىق يېرى شۇ ئىدىكى، مۇشۇ كۈنى تاسادىپەن ئىلھامىنىڭ كۈچى بىلەن نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى پاساھەتلىك بىر بېيىت ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپىرىدە قىلىپ قالدۇرغان بارلىق مەسنەۋىلىرىنىڭ تۇگەللىمىسى بولۇپ قالدى.

مۇھەممەتنىڭ مەدرىس ھاياتى باش كۆتۈرمەي ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. تېخىمۇ كەمتەر ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ كەتكەن بۇ يىگىت ئەمدى

ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ۋە داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىلىۋاتاتتى.

* * *

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — مۇھەممەت، ئۇستاز ۋە ھەمساۋاقلىرى بىلەن كۆز يېشى قىلىشىپ خوشلۇشۇپ بولۇپ، ئەتە سەھەردە قايتاي دەپ تۇرغان كەچلىكى، ساراي ئالدىغىلا قارامتۇل، جۇدەڭگۇ بىر يىگىت كەلدى.

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ـ ئۆزىدىن سەل چوڭدەك كۆرۈنىدىغان بۇ يىگىت بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى مۇھەممەت.

— كەمىنە مۇھەممەت ئەمىن خوجامقۇلى بولىمەن، تەقسىر، — ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇدۇللا شۇنداق دېدى يىگىت.

— خوش.

— جانابلىرىنىڭ نامىشەرىپىنى، تۈرلۈك ئىلىملەردىكى مۇنازىرە ـ مۇلاقەتلەردە يۇرگۈزگەن ئۆزگىچە تەپەككۇرلىرىنىڭ، ئۆلىماچە شەرھى ـ تەفسىرلىرىنىڭ... داڭقىنى مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ھەمساۋاقلىرىمدىن ئىشىتكەنمەن. بولۇپمۇ جانابلىرىنىڭ شېئىرىيەت ۋە روھىيەت ئىلىمىدىكى پىكرى كامىللىقىغا ھېرىس بولۇپ، دىدارى مۇلاقەتتە بولماقنى ئىزدەپ يىراق تازغۇندىن ئىككى رەت كەلسەم، ھەزرىتى موللام مازارىنى تاۋاب ئەيلەپ كەتكەن ئىكەنلا. ئارىلىق يىراق بولغاچ، يېنىشلاپ كېلىپ بولالمىدىم.

— رەھمەت، رەھمەت تەقسىر.

— ئائىلىمىز يوقسۇل بولغاچ، مەدرىستىكى ئىلىم ـ تەھسىل قىلىش ئىشىم ئاخىرقى يىللاردا ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ جانابلىرى كەبى تالىپ، مۇدەررىس ـ ئۇستازلارنىڭ شېئىرىيەت بابىدا ئاپىرىدە قىلغان ئېسىل ئەشئارلىرىنى ئوقۇپ، تەلقىن قىلىپ تۇردۇم. نەۋايى، لۇتفىي، فۇزۇلى، خوجاھاپىز... لارنى ئۇستاز تۇتتۇم. ئۆزۈمگە ياقسۇن ـ ياقمىسۇن، «ھىرقىتى تەخەللۇس بىلەن نەزمىلەر تۈزۈپ، بەدىئىي ئىستېداتىمنى سىناپ

كۆردۈم...»

— نېمە؟ ھېرقەتنى تەخەللۇسلۇق شائىر ئۆزلىرى بولامدىلا؟ — باياتىن بېرى نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان مۇھەممەت بىردىنلا ئۈيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدى ئۇ، ھەمساۋاقلىرى كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن «ھېرقىتنى مۇئەللىپلىكىدىكى رۇبائىي ۋە غەزەللەرنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇيتتى، — مۇشۇ گەپنى بالدۇرراق دېسىلە بولمامدۇ؟ تەقسىر، سىلىمىدىلە بۇ!»

— شۇنداق كەمىنە مۇھەممەت ئەمىن خوجامقۇلى ھېرقەتنى بولىمەن، خەراباتى ھەزرىتىم!

— ئاھ، ئۆزلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن تەقسىر.

— جانابلىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدىكەن، ھەزرىتىم!

ئۇلار قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. چاناقلاردا ھاياجان ياشلىرى لىغىرلىدى. ساراي ئالدىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى ئۇزۇنغىچە قويۇۋەتمەي قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ ئىككى يىگىتكە ھەيرانۇھەس بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

سۇلايمان شەيخنىڭ قەلب كۆزىدە يەنە شۇ كۆرۈنۈشمۇ ئايان بولدىكى، مۇھەممەت ئېمىن غوجامقۇلى ھېرقىتنى ئىسمىنىڭ بۇ ياش شائىر ئۆزى بىلەن دېمەتلىك كېلىپ قالدىغان مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنى يېڭىشەھەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدا ئۈچ كۈن تۇتۇپ قالغان. ئۇلار ئىلىمىنىڭ تۇرلۇك ساھەلىرى بويىچە كەڭ - كۇشادە مۇلاقەتلەر ئېلىپ بارغان، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە خانلىقنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرى ئويلاپ كەلگەن تۇرلۇك مۇئەممالار... توغرىسىدا سۆھبەتلەر قۇرغان، قېنىپ مۇڭداشقان، ئېچىلىپ سىرداشقان...

قايتار چاغدا مۇھەممەت ئەمىن خوجامقۇلى ھېرقەتنى قەشقەرنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ كەلگەن. ئۇ بىر مۇنچە نان -

توقاچ ۋە يەل ـ يېمىشلەرنى يوللۇق تۇتۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان هالدا شۇنداق دېگەن:

— ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ، بۈيۈك خانلىقىمىزنىڭ قۇياشى ئىككىمىزنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا سۆيۈپ ـ تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، جانابلىرى... ئاقيول بولسۇن. ئۆزلىرىنى ئاسرىغايلا... خۇداغا ئامانەت!

— خۇداغا ئامانەت!...

ئىككىلىسى كۆز يېشى قىلىشقان، مۇھەممەت خېلى ئۇزاق يەرگىچە ئېتىنى مىنمەي، يېتىلەپ ماڭغان. دوستى مۇھەممەت ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىيماسلىق بىلەن قاراپ قالغان...

# ئائىلىدىكى مۇنازىرە

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى ماتا ئەمدى باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى، ئالدىراپ گەپكە قوشۇلمايتتى. ئاسانلىقچە كۈلمەيتتى، قانداقتۇر بىر ئىچكى مۇلاھىزە ۋە كۆرۈنمەس ئازابلارغا غەرق بولاتتى. لۇتفىي، نەۋايى... كەبىي ئۇيغۇر شاھىنشاھ شائىر ۋە مۇھاكىمە ئۇستىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشۇپ قالماي، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن، ئەتتار، رۇمىي كەبى گىگانت سىمالارنىڭ ئالەمشۇمۇل مەنىۋى جاۋاھىراتلىرىدىن ھەم يېتەرلىك بەھىر ئالغان بولسىمۇ، ئۆزىگە يەنە نېمىلەرنىدۇر كەمدەك سېزەتتى. ئىلىمنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە يېتەرلىك ساۋاق ئېلىپ، ناھايىتى زور مەنىۋى يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشكەن ھەم بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئىلىم كېچىكمۇ يېقىنلاپ بارالمىغاندەك ھېس قىلاتتى. قىسقىسى، چوڭقۇرلىغانسېرى، تېيىزدا ئىكەنلىكىنى؛ ئۆگەنگەنسېرى، بىلمەيدىغىنىنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى... ھېس قىلىپ بارماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ ئەمدىكى نەزەرىدە دۇنيا باشقىچە ئىدى: ئالەمدىكى جىمى بارلىق، مەخلۇقاتلار ئاڭلايتتى، سۆزلەيتتى، كۆرەتتى، سېزەتتى. گەپ، ئۇنىڭدىكى ئىچكى تىلنى قايسى دەرىجىدە بىلىشتە؛ سىر ـ ھېكمەتلىرىنى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا چۈشىنىشتە ئىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى، شۇ خىل مۇددىئا مەنزىلىنى بويلاپ ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلاپ باراتتى.

ئۇنىڭغا ئايان بولۇۋاتاتتىكى، بەزى سىر ـ مۇئەممالارنى مۇشۇ مەنىۋى پەللىسى ئارقىلىق يەشكىلى بولاتتى. يەنە مۇتلەق كۆپ قىسىم تەرەپلەر قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. بۇلارنى يەشمەك ئۈچۈن يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە يېڭىلىشمەس كامالەت نۇقتىسى ئىزدەش لازىم ئىدى.

ئۇ ئىرشاتتى، توختاۋسىز ئىزدىنەتتى. ھەر قېتىم يېڭى بىر مەنىۋى قەدىمىنى باسقاندا شۇنچە ھەيران قالاتتى. دۇنيا نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر تەڭشەپ يارىتىلدى؟ ئالەمدىكى كۇللى شەيئى ـ بارلىقنىڭ خىسلەت ـ خۇسۇسىيىتى ئادەمگە مۇجەسسەم بولغىنى نېمىسى؟ ياراتقۇچىنىڭ ۋىسالىغا يول بارمۇ؟...

ئۇ چوڭقۇرلىغانسېرى، قانائەتسىزلىنىپ باراتتى. بۇ خىل تىت ـ تىتلىق، كېچەيۇ كۈندۈز داۋاملىشىدىغان تىنىم تاپماس ئارامسىزلىق ئۇنى بارغانسېرى چوڭقۇر ئازابلار قاينىمىغا ئىتتىرەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ۋىجدان ئازابى، بۇرچ ۋە ئېتقاد پاكلىقى يولىدىكى مەنىۋى توسالغۇلار، روھىي كامالەت مۇساپىسى تۇغۇۋاتقان تەگسىز مۇئەممالار... ھە دېسىلا ئۇنى قىينايتتى. جان ـ جېنىغا ئېكەك بولۇپ تېگەتتى، ئۇ بۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇشۇ ئازاب بىلەن ئىدى! ئۇ شۇلارنى ھېس قىلغان چاغلىرىدا، بىر چاغلاردا قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە تاسادىپىي ئىلھام بىلەن توقۇۋەتكەن مەسنەۋىسىنىڭ ئاخىرقى بېيتىنى ئەسلەپ كېتەتتى. شۇ چاغدىلا چېقىن بولۇپ پارلىغان ئالدىن كۆرەلىگىگە ھەيران قالاتتى ۋە ئۆزىنى ھەيران قالدۇرغان ئاشۇ ئاخىرقى بېيتنى قايىللىق ئىچىدە يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇيتتى:

...

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

ئۇ سىر ـ مۇئەممالارنى يېشىش يولىدا تۇغۇلغان دەرد ـ ئازابلارنى يېڭىش ئۇچۇن يېڭى بىر مەنىۋى كامالەت پەللىسى يارىتىش زۆرۈرلىكىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن يەنە ئىلىم تەھسىل قىلىش ـ چوڭقۇرلاش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى، ئەمما بۇنىڭغا ئانىسى بوۋىنىيازخان قوشۇلمايۋاتاتتى. تۇنۇگۇن كەچتىن تارتىپ بولۇۋاتقان ئائىلە مۇنازىرىسىنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ ئىدى.

كېچە.

ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. تۈۋرۈككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىراغپايدىكى جىنچىراغ سۇس پىلدىرلايتتى. ئۇنىڭدىن تارالغان قارا ۋە ئاچچىق ئىسلار، ئەسلىدىلا ئۆينى بىر ئالغان ئاچچىق تۇمانلار بىلەن قوشۇلۇپ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا، كۆز ۋە بورۇنلارغا تەكشى سىڭىشىپ باراتتى. كىمدۇر قېقىلاتتى. قايسى بىرى يۆتىلىپ ـ يۆتىلىپ توختايتتى. يەنە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئېغىر تىنىغان ئاۋازمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. قارىماققا، بۇ ئۆينىلا ئەمەس، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قەلبخانىلىرىنىمۇ قويۇق تۇمانلار قاپلىۋالغاندەك قىلاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، بۇخاراغا بارمىسىلا ئۇنىمامىلا قارى بالام؟ — ناھايىتى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، يىغلامسىراپ تۇرۇپ يەنە سورىدى ئانا.

— باراي، بىر بېرىپ كېلەي، ئانا... — سىلىق ۋە تۆۋەن ئاۋازادا جاۋاب بەردى، بۇلۇڭدىكى مورىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مۇھەممەت. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

جىنچىراغ پات ـ پات پارسىلداپ قوياتتى. تولىمۇ يىراق جايلاردىن مەڭدەپ قالغان توخۇلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى كېلەتتى.

مۇشۇ كېچىككىنە ئىشنى تالىشىپ تاڭنى ئاتقۇزىۋەتمەيلى خاتۇن، ـ دېدى ئابدۇللا مەزىن ئۇيقۇسىزلىقتىن پورۇلۇپ كەتكەن

كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قىرىلىق يەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ـــ ئۇنىڭسىزمۇ كىچىنى يېرىم قىلىدۇق تالىشىپ يۈرۈپ، ئۇنى توسۇپ نېمە قىلىمىز، بارسۇن. ئىلىم تەھسىل قىلىش، جاھان كۆرۈشتىن ئەۋزەل ئىش يوق ئادەمگە .

ـــ قەشقەردە سەككىز يىللاپ ئوقۇغىنى يەتمەپتىما؟ ئۇ كېلىپ بولغۇچە يولىغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلىپ كېتەي دېدى مېنىڭ. ئەمدى يەنە بۇخاراغا بارىمەن دېسە، قاچان كەلمەكچى ئۇ يەردىن، ياق، ماڭغۇزمايمەن!

ئانىنىڭ مۇشۇ گەپنى تەكرارلاۋاتقىنىغا قاق يېرىم كۈن بولاي دېگەنىدى. ئۇ ئابدۇللا مەزىننىڭ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ سەل جىمىپ قالغاندەك بولاتتى. بىر هازا ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ھەممىنى ئۇنتۇپ: «بۇخاراغا بارمىسىلا زادى بولماسمۇ بالام» دەپ سورايتتى. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ: «ياق، ماڭدۇرمايمەن» دەيتتى. بۇنداق ۋاقىتتا مۇھەممەت ھېچنېمە دېيەلمەي قالاتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇ ئانىسىنىڭ «مەندىن زېرىكىپ قالدىلىمۇ» دەپ سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئانىسىنىڭ ئېغىزىدىن مۇشۇنداق سۆز چىقىپ قالسا، بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىش، ئۆزىنى ئاقلاش بەسىي مۇشكۈل ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى دادىسىغىراق قويۇپ بېرىپ، ئېغىر ـ بېسىق ھالەتتە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى. دادىسىمۇ شۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئائىلىنىڭ بارچە مۇھەممەتنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزى سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى.

ـــ بارسۇن، ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلسۇن. ئىلىم دېگەننىڭ چەك ـ پايانى يوق. قانچە ئۆگەنسە ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئاش ـ نان تەلەپ قىلمايدۇ. ئۆزلىرى بىلەن مەن قانچىلىك ئوقۇيالىدۇق. بولسا بېرىپ ئوقۇپ موللا ـ ئۆلىمالىق مەقامىغا يەتسۇن. «ئىلىم قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر، بىلىم قايدا بولسا بۈيۈكلۈك بولۇر» دېگەن گەپ بار بىزدە.

دادىسىنىڭ شۇنداق چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندا، مۇھەممەتنىڭ كۆزلىرىگە لىغىرلاپ ياش كېلەتتى. ئۇ سېزىپ تۇراتتىكى، دادىسىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. پەقەت ئوغلىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشتەك كاتتا مەقسىتىنى يەرگە ئۇرماسلىق ئۈچۈن، مۇشۇ يېگانە ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتاتتى. مۇھەممەتكە ئايان، ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە ئاتا ـ ئانىسىغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدى. ئۇلارغا مۇڭداش، سىرداش بولالمىدى. تۇنجى ئۇستازى ــ دادىسىدىن ساۋاق ئالدىم دېدى، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە سەككىز يىللاپ ئىلىم تەھسىل قىلدى، مانا بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ۋاقىتتىن سىرتتا يۈرگەن چاغلىرى كۆپ بولدى. ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پۈخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىپ بولالمىدى. ئۇلارغا قېنىپ ئۆتمىدى. مانا ئەمدى ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي يەنە بۇخاراغا ماڭىمەن دېسە، ئاتا ـ ئانىسىغا راستتىنلا ئېغىر كېلىدۇ. لېكىن ھەممە ئىش مۇشۇ «ئېغىر كېلىدۇ»دىن قالىدۇ. ياش 30 غا ئۇلاشقان مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ يەنە يۇقىرىلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئالدىرىمىسا، بىر يىل ئۆتتى، ئىككى يىل ئۆتتى... زېھىن خوراپ ھەممە تۈگىدى دېگەن گەپ. ئۇ چاغدىكى پۇشايماندىن نېمە پايدا؟!

ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغۇسى، ۋاقىتلىق ئايرىلىش ھېسابىغا ئۇلارنى رەنجىتكۈسى يوق ئىدى. لېكىن، يۇقىرىلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپمۇ كېتەلمەيتتى. ئىلىم ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش ۋاپاسىزلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇ پەقەت يېڭى كەتكىلى بولىدىغان ئۆتكۈنچى ھىجران ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، خېلى چوڭقۇر ئىلىمگە ئىگە دادىسى بۇنى چۈشىنەتتى، ئانىسىنىمۇ زادىلا چۈشەنمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى ـ يۇ، لېكىن...

ــ بارمىسىلا پەقەت بولمامدا، ئوغلۇم؟! ــ ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، باياتىن بېرى دەپ كەلگەن گېپىنى يەنە

تەكرارلىدى ئانا، — دادىلىرى بىلەن ئىككىمىز ياشىنىپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھان تىنچ ئەمەس. تۆت كۆنلىكىمىز قالدى بىزنىڭ. كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ، روزىغارىمىزنى ئۆزلىرىگە تۇتقۇزۇپ...

— دەپسەن - دۇنيا، مىراس - روزىغار دېگەننى ماڭا ئويلىمىسىلا ئانا. ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇپ قويغانلىرى، دىل كۆزۈمنى ئېچىپ قويغانلىرى، ھەممىدىن ئۇلۇغ مىراس. ئىلىم تەھسىل قىلىش مۆھلىتى توشقان ھامان بىر كۈنمۇ تۇرماي يېنىپ كېلىمەن. يانلىرىغا ئۇچىمەن ئانا، ماقۇل دەۋەتسىلە...

— ماقۇل دېسىلە، — دېدى ئابدۇللا مەزىن بۇيرۇق قىلغاندەك بىر ئاۋازدا. ئەمدى ئۇ جىلە بولۇپ قالغانىدى، — قورققۇدەك، ئەنسىرىگۇدەك نەرى بار بۇنىڭ؟ مۇھەممەت قارى دېگەن چوپچوڭ بولۇپ قالغان ئوغۇل، ئىلىم كۆرگەن تالىپ. نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى بىلىدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىمەن دېسە، مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرماي، خۇش بولماق كېرەك. قەتلىگاھقا بارمايدۇ، ئىلىم ئىزدەپ بارىدۇ بۇ بالا. خەقنىڭ بالىسى ئىلىمگە پاتالماي يېنىپ كەلگەن، بىزنىڭ بۇ ئۆيدە...

ئانا يەنە جىمىپ قالدى. ئۇ، ياشىنىپ قالغان ئابدۇللا مەزىننى خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

— شۇنداق قىلىپ چوقۇم بارامىلا بالام؟

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان مۇھەممەت، ئانىسىنىڭ ھامان يەنە مۇشۇ گېپىنى تەكرارلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك، دىنىي ئىلىم ھاۋاسى قويۇق بۇ ئۆيدە ئەزەلدىن دادىسىنىڭ گېپى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى...

# نۇنجى داموللام

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ «داموللام» ئۇنۋانىنى ئېلىپ كەلگەندە يېشى 40 قا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. يامىنى شۇ بولدىكى، ئۇ كېتىپ ئىككى يىلغا بارمايلا ئابدۇللا مەزىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئوغلىنىڭ ھىجران ئازابى، قەدىناسىنىڭ دەرد ـ پىراقىدا تولا يىغلاپ يۈرۈپ، بۇۋىنىيازخانىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى، ئوتتۇرا ياشقا يەتكەن مۇھەممەت ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى يەنىلا «خۇدانىڭ ئىرادىسى»، «تەقدىر» دەپ ئىزاھلىماي ئامالى يوق ئىدى.

ئۇ كېلىپلا كۆن چىقىش تەرەپتىكى يار ئۈستىگىدە قويۇلغان دادىسىنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساتتى. ئانىسىنىڭ تەلپى بويىچە، دادىسىنىڭ قەبرىسىگە چاپلاپلا بىر يەرلىك كولاتتى. بۇ گەرچە مۇھەممەتنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئىشتىمۇ ئۆزىنىڭ چاقىنى تولغاپ، ئانىسىنى يەنە بىر قېتىم رەنجىتىشنى خالىمايتتى. شۇ سەۋەبلىك، يەنە ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، بۇخارادىن كەلگەن يىلىلا توي قىلىۋەتتى. ئۇ ئانىسى ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى ئىدى.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، چوغتالى ئەزىمدىلا ئەمەس، دىيارى ئاقسۇدىمۇ مۇشۇ يىللاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن تۇنجى داموللام بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدىلا مەھەللىنىڭ ئىمام ۋە مۇدەررىسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ

سۇر ـ سۇلكەتلىك كۆرۈنىدىغان قامەتلىك، تازا تۇرقىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. تەگرى تائالا يولىنى تۇتۇش ئادىمى پەزىلەت، ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىش، پانىي ۋە باقىيلىق... توغرىسىدا قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى. يەنە كېلىپ بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەر مەدرىستە، مەسچىتتە؛ ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ ۋە توي ـ تۆكۈنلەردىكى جامائەت يىغىلىشلىرىدا... ئوخشاشلا ئېيتىلىۋېرەتتى، جامائەت ئۇچۇن ئۇنىڭ ھەر كەلىمە سۆزى ئالەمچە يېڭىلىق، ھەر بىر شەرھى ـ تەفسىرى قانۇنىي ـ ھېكمەت ئىدى. مۇھەممەتمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن دىنىي ۋە ئىلمىي قارىشىنى جاكار قىلالايدىغان سورۇنغا ئېرىشكەندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ سورۇنلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەرھى ـ بايانلىرىنى ئاۋامغا ئاڭلىتىپ، كۈندىن ـ كۈنگە بۇزۇلۇپ ـ بۇرمىلىنىپ كېتىۋاتقان كىشىلىك ئەخلاقنى توغرا بولغان دىنىي ئەخلاق مىزانى ئىزىغا سېلىشنى ئويلايتتى. دەۋەقە، ئۇنى ئەمدى قىينايدىغىنى مەۋجۇداتلار سىرىلا ئەمەس ئىدى. كۆز ئالدىدىكى رېئالنى مەسىلە ـــ بۇرمىلانغان دىنىي ئەھكام ۋە قېنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان، ئۆزىدىن ياتلىشىپ بېرىۋاتقان ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرمۇ ئۇنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتقان روھىي ئازابىغا ئازاب قوشۇپ كېلەتتى. مۇشۇ ئازابنى تارتىش، باشقىلارنىڭ ئازاب چەكمەسلىكى ئۈچۈن ئازابلىنىشنى دىنىي، ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانى بۇرچ دەپ قارايتتى ئۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوخشىمىغان سورۇنلاردا، ئوخشىمىغان تەلەپپۇز بىلەن ئوخشاش بىر مەزمۇندىكى ئىبارىلارنى تەكرارلايتتى.

ـــ ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئۆگىنىڭلار، ئىلىملىك بولۇڭلار، دېدى. ئىلىملىك دىل نۇرلىنۇر، ئىلىمسىز دىل خارلىنۇر، ـــ مەدرىستە گۆدەك تالىپلىرىغا ھەمىشە تۇنجى بولۇپ مۇشۇ سۆزنى

قىلاتتى ئۇ ئىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرماق بولۇپ، — بۇ، بىلىمسىز بىرنى يېڭۈر، بىلىملىك مىڭنى... دېگەن ماقال بىلەن مەنىداشتۇر. دانالار ئېيتىدۇرلەركى، ئىلىملىك كىشى قىممەتلىك تىللا، ئىلىمسىز كىشى قىممەتسىز يارماق. بۇنداقلار (ئىلىمسىزلەر) يەنە يىلىكسىز سۆڭەك كەبى خار ـ زاردۇر. بۇ يەڭلىغ سۆڭەككە ھېچ بىر ئىنسان قول ئۇزارتماستۇر...

تالىپلار پۇتۇن ئىخلاسى بىلەن ئۇستازىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالاتتى. مەرىپەت ھىممىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇشنى ئىستىگەن مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى، دىلىغا پۈكۈپ قويغان «ئارىفلار مەئرىپىتىنىڭ بايانى» ماۋزۇسىدىكى مەسنەۋىسىنى قايناق ھاياجان بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى:

غۇتە ئۇردۇم ئىلىمنىڭ دەرياسىغە،
قىلدى ھەق مەئمۇر دۇر يەكتاسىغە.

خاتەمى مۇلكى سۇلايمان ئىلىمدۇر،
بارچە ئالەم سۇرە تۇ جان ئىلىمدۇ.

روھىي ئادەم ئىلمىدىن قۇۋۋەت ئالۇر،
ئىلىمسىزنىڭ روھى بىقۇۋۋەت بولۇر.

گەر كىشىدە ئىلىم يوق مۇردادۇر،
بولماسە تەن ئىچرە جان، تەن خاردۇر.

جاندىن ھەم ئارتۇقدۇر ئىلمۇ مەئرىفەت،
مەئرىفەت يوق بولسە بولغاي خەرسىفەت،

ئەي بەرەدار ئىلىملىق بۇ دۇنيادىدۇرۇر،
مەئرىفەت يوق بولسە نابىنا دۇرۇر.

ئىستەسەڭ گەر مەئرىفەت ھەر سۇبھۇ شام،
مەئرىفەت ئارىفدىن ئىستە ھار داۋام.

...

...

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

تالىپلار يۈكسەك ئارزۇلار دۇنياسىغا ئەسىر بولاتتى. بۇ خىل ئېزگۈ ئارزۇ ئۇلارنى باش تارتىپ بولماس ئىلاھىي ۋەھىي - ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش پەرىزىنى ئادا قىلىشقا ئۈندەيتتى. «ئىلىم ئۇلۇغ، ئىلىملىك بولۇش — مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرىز» دېگەن ئەقىدە ئۇلارنىڭ كۈچ - ۋىجدانىنى ئۇرغۇتۇپ، كېچەيۇ - كۈندۈز ئىلىم تەھسىل قىلىشقا چاقىراتتى. خەراباتىنى سۆيۈندۈرىدىغىنى، نېمىلا بولمىسۇن، مەدرىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مۇھىتى ئۆزىنىڭ ساۋاق ۋە تەربىيە بېرىش ئىزىغا چۈشۈۋاتاتتى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن پۈتۈن سۈرۈك بىر يۇرتنى، ئەللە - مەھەللە جامائىتىنى ھەق - ئادالەت ۋە پەزىلى - پاراسەت يولىغا باشلاپ كىرگىلى بولسۇنمۇ؟ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقنى ئۆز ئىزىغا سالغىلى بولسۇنمۇ؟ جاھان نەدە، بىز نەدە؟ ئۇنى ئازاپلايدىغان يەنە بىر تەرەپ مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇخارادىن كېلىشى بىلەنلا جامائەتنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەبەيدۇللا ئىمام، بوگۇنگىچە شەرىئەتكە پەتىۋا بېرىپ يۈرگەن سايىت قازى ۋە قاياقتىندۇر باش ئېلىپ چىققان بىرقانچە سوپى - ئىشان ھەم ئۇنىڭ مۇرت - ئىخلاسمەنلىرى

ئۆزىگە قارشى سەپ بولۇپ ئۇيۇشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. خەتەرلىكى، ئۇلارنىڭ سىپى كونساناپ قويۇلۇپ، داۋراڭ ـ تەرغابىتلىرى كۆنسېرى كۆچىيىپ ۋە كېڭىيىپ بېرىۋاتاتتى.

«قانداق تەتۈر جاھان بۇ؟ قانداق مۇسۇلمان بولار؟!» شۇنداق دەپ قايناپ كېتەتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ئەھلى ئىسلام قائىدىسىدىن چەتنەپ كېتىۋاتقان ئىشانلار ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنگەن جامائەتكە قاراپ، ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە مەھەللىگە تىقىلىۋالغان سوپى ـ ئىشان، ئاشىق ـ دەرۋىشلەر ھەممىنى بۇزۇۋاتاتتى. قازى بولسا، بۇ خىل بۇزۇلۇشقا ئىككىلەنمەي پەتىۋا بېرەتتى. جامائەت تولىمۇ ئۇستاتلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ خىل ئۆزگىرىشنى سەزمەيتتى ۋە تۈيمايلا قوبۇل قىلاتتى. ئۆزى تەشەببۇس قىلىدىغان قەلەندەر تەرىقىتىنىڭ پەرىز ـ مىزانلىرىنىمۇ خاھىشى بويىچە بۇرمىلاپ، ئۇنى ئۆز نەپسىنىڭ قالقىنى ۋە قانۇنى قىلىۋالغان كەلگۈندى سوپى ـ دەرۋىشلەر، ئاۋامنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن ھالقىپ، روھ ئېتىقادىنىمۇ قامال قىلىپ بارماقتا ئىدى. روزىغارنى تاشلاپ تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىش؛ خوتۇن ـ بالىلىرىغا قارىماي، تىلەپ يېيىش؛ بۇگۈن ئەتىنىڭ غېمىنى قىلماسلىق؛ قىز بېرىپ دۇئا ئېلىش، «كەلىمە تەييىبە»نى بىلمەي تۇرۇپ، ئىلاھىي ئىشىق يولىدا ئاشىق قەلەندەر بولۇش... ئەقىدىسى توسۇپ بولماس ئەسەبىي شامال بولۇپ يامرايتتى. ھەتتا يۇرتتا شۇنداق ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردىكى، ھەقىقىي ئاشىق بولۇشنى ئىستەپ، تەرەتسىزلا مەسچىتكە كىرىدىغان ئەھلى مۇسۇلمانلارمۇ چىقتى!

ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆتكەن جۈمە كۈنىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئېسىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. شۇ كۈنى، ئۇ مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋېتىپ، مەسچىتنىڭ سىرتقى تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چىلىم تارتىۋاتقان بىرقانچە ياش بالىلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار چاچلىرىنى مۈرىسىگىچە قويۇۋەتكەن، توپا

رەڭگىگە كىرىپ قالغان يۈز ـ كۆزلىرىگە، ياق، پۈتۈن بەدەنلىرىگە يىلىلاپ سۇ تەگمىگەندەك ئىدى. ئۇلار تەسۋىرلىگۈسىز كىر ـ قاسماقلىق ئىچىدە مەست بولۇپ كېتىشكەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەربىر جۈملىسىدە «ئاللا»نى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ھەدېسىلا، «ئاھ، خۇدا!»، «ئۇلۇغ ئاللا!» دەيتتى. يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقان قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولغاندەك، مەيدىسىگە كۈچ بىلەن ۋاقىشتىپ، گۈپۈلدىتىپ ئۇراتتى.

ــ مەن ئىشق دەردىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دوستلىرىم، ــ دەۋاتاتتى چىرايى گۆردىن چىققان ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك قارىداپ كەتكەن، ئەلەس كۆز بىرى، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ تۇرۇپ، ــ يۈرىكۈمدىكى بۇ ئوت ھېچ پەسىيىدىغاندەك ئەمەس. چىلىمنى ماڭا يەنە بىر نۆۋەت بېرىڭلار، كۈچەپ بىر تارتىۋالاي. گۈپ قىلىپ يۈرۈكىمگە تەگسۇن. ئۆپكەمگىلا بارسۇن!... مەن چىدىيالمىدىم!...

ــ مېنىڭ دەردلىرىمنىڭ ئالدىدا نېمىدى سېنىڭ دەردىڭ؟ ــ زەئىپ ئاۋازدا ۋارقىرىدى، كالتە ئىشتاندىن باشقىسىنى سېلىۋەتكەن ۋە كۆتەكتەك قارىداپ كەتكەن بىرى، توپا يەردە يۇمۇلاپ تۇرۇپ، ــ ئەكەل چىلىمنى!... ئاھ خۇدا، شۇ تاپتا پۈتۈن بەدەنلىرىمگە ئوت كەتتى، ئوت! بۇ ئوتنى پەسكويغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالى بارمىدۇ؟ بۈيۈك ئاللانىڭ ۋەسلىگە قاچان يېتۇرمەن؟ ــ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، مەيدىسىنى تۇتۇپ ھەريان تولغىناتتى. تامغا گۈرسۈلدىتىپ ئۇسەتتى، ــ چىلىمنى ماڭا بېرىڭلار، ماڭا بېرىڭلار!... ــ دەيتتى ئۇ، كېسىلى تۇتقان بىماردەك تولغۇنۇپ ۋە زارلىنىپ.

ــ ئاللا!... ھەق، ئاللا!... ــ ۋارقىرايتتى يەنە بىرى، ساپايىسىنى كۈچ بىلەن شاراقشىتقىنىچە كۆككە بېقىپ، ــ يارانقۇچى ئاللا، ھەممىگە قادىر ئاللا، مەن غېرىبىنىڭ ئىشق

سەۋداسىنى ئاسان قىلغايسەن!
— ھەق!... ئاللا ھەق!...
— سۆيگىنىم ئاللا! كۆيگىنىم ئاللا!...
...

ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى. گويا شۇنداق قىلسىلا ئاللا ۋەسلىگە ئۇلىشىدىغاندەك، يۇزلىرىگە شاپىلاقلايتتى. بەدەنلىرىگە مۇشتلايتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىلىم تالىشىپ، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن بىر ـ بىرلىرىنى تىللايتتى. ئەتراپىدا كىم بار، يولدىن يەنە كىملەر ئۆتۈۋاتىدۇ... دېگەنلەر بىلەنمۇ چاتىقى يوق ئىدى. مەھەللىنىڭ قېرى ـ چۆرىلىرى، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى...

«ئەمدى بۇلار بۇزۇقچىلىق قىلمىغان يەردىن مەسچىتنىڭ بېقىنى قالغانمىدۇر؟ ئەستاغپۇرۇللا!... ئەستاغپۇرۇللا!...» دېدى مۇھەممەت ئىمام ۋە بىرئاز تۇرۇپ بېقىپىراق، يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. زەھەر دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئاچچىقىنى مىڭ تەستە بېسىۋېلىپ، ئۆتى يېرىلغۇدەك ھالدا مەسچىتكە يول ئالدى. «ئاللانىڭ ۋەسلىگە يېتىش شۇنچە ئاسان ۋە ئاددىي ئىشما؟» دەپ قايىندى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، «ئاللانىڭ رەھمىتىگە پاك ئىمان ھەم مۇكەممەل ئېتىقاد بىرلە ئېرىشمەك زۆرۈردۇر. قېيداش، مەستلىك، ناپاكلىق... ھېچ زامان ساۋابلىق يولغا باشلىغان ئەمەستۇر. كەلگۈندى سوپى ـ دەرۋىشلەر باللارنى كاردىن چىقىرىپتۇ. ماھىيەتنى بىلمەيدىغان گۆدەكلەر ئېزىپتۇ...» شۇلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭ غەزىپى بايىقى باللاردىن، مۇشۇنداق ئازغۇنلۇقنى يۇرتقا كۆتۈرۈپ كەلگەن ۋە تىنىمسىز تەشۋىق قىلىۋاتقان سوپى ـ دەرۋىشلەرگە كۆچتى. ئەسلىدە، بۇلارغا، قىلغانلىرىنىڭ خاتا ۋە ئاساسسىز، بىھۇدە ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكى ھەققىدە نەق جايىدىلا تەربىيەت قىلماقچىدى. بىراق،

ئۇچرىغانلا يەردە قىلغان گەپنىڭ ئۇنۇمى بولماس، تەربىيەتنى يەنىلا مەسچىتتىكى ۋەز ـ تەبلىغدىن باشلاش مۇۋاپىق بولار، دېگەن ئوي بىلەن، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بىر تالاي سۆزلىرىنى يۇتۇۋەتتى. «ئېزىتقۇلارنىڭ گۇناھى ئۆزىگە ئىدى ـ يۇ، يۇرت ئەھلىگە يامان بولدى... تەربىيەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەككەن. ھەممە ئىشنى مەسچىت جامائىتىدىن باشلاش زۆرۈركەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاللىقانداق بىر بۇزۇلۇشتىن ئەندىشىلىنىپ.

جۇمە نامىزى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. «سەپراس!» دېگەن چاقىرىق بىلەن تەڭ، جامائەت جىددىيلىك ئىچىدە سەپلىرىنى تۈزەشتى. لېكىن، يەنە دەل شۇ چاغدا ئارقىدىن «گۇلدۇر ـ غالاپ!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جامائەت ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە قاراشتى. كەيىپ بولۇشقان بايىقى بالىلارغا يەنە بىرقانچە بالا قوشۇلۇپ كىرىپ، جامائەتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى داق يەرگە دۇم يېتىۋېلىشقانىدى. جامائەت ھەيران قېلىشتى. ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئەمما باشقا ئارتۇقچە ھەرىكەتكە ۋاقىت قالمىغانىدى.

مۇھەممەت ئىمامىمۇ ھەممىنى سېزىپ تۇردى. غەزەپلەندى ـ يۇ، زېھنىنى يەنە دەرھال يىغىۋالدى. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنچە كۆپ جامائەت ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئازغۇن بالىلارنىڭ بۇ يەرگىچە ــ ئۇلۇغ ئىبادەتگاھ بولغان مۇبارەك مەسچىتكىچە باستۇرۇپ كىرىشلىرىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

مەسچىتتە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر دىنىي تەرتىپ تەكرارلىقى يۈز بەردى: «سەپراس!» دېگەن چاقىرىق قايتا ياڭرىدى.

ناماز ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ، جامائەت بىردەك خىتاب قىلىشتى:

— ئىقتىدا قىلدىم هازىر ئىمامغا!...

نەق شۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپلا، ئارقىدىكى بالىلارنىڭمۇ خىتابى ئاڭلاندى: — ئىقتىدا قىلدىم هازىر ئىشانغا!...

ناماز ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، غەزەپلەنگەن جامائەت ئۆزىنى باسالماي، بايىقى بالىلارغا تۇشمۇتۇشتىن قول شىلتىشتى.

— نىمە دەپ جامائەتنىڭ نامىزىنى بۇزىسەن، هەي نەشخور ئىمانسىزلار؟ — دەپ دېۋەيلەپ كەلدى ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي، ساقاللىرىنى دىر - دىر تىترىتىپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە كىرەك، سەنلەرمۇ مۇسۇلماننىڭ پۇشتى ئەمەسمۇ. هەي ياسىن، داداڭ رەهمەتلىك بەش ناماز ئادەم ئىدى، سەن... سەن... سەن!...

— مەنمۇ بەش ۋاق ناماز. بەلكى كۇنبويى ناماز ئوقۇيمەن، ئاللانى سىلىدىنمۇ بەك سىغىنىمەن، چاۋار ئاكا... — پۇرۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، دوم يېتىۋېلىشقان ياشلار ئارىسىدىكى ياسىن ئىسىملىك بالا. نەشىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئۇ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، — ناماز دېگەننى ئىمامغا ئەمەس، ئىشانغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇيمىز. بەش ۋاق ئەمەس، كۇنبويى ئوقۇماق زۆرۈر!...

— بەرهەق! — سۆز قاتتى، كۆكسىنى يەرگە چاپلاپ ياتقان يەنە بىر ياش بالا، ئېغىزىنى غەلىتە ئۇمچەيتىپ، — بەش ناماز بىرلە ئاللانىڭ ۋەسلىگە يەتكىلى بولماس. كۇنبويى سىغىنماق لازىم. كۇنبويى ئوقىماق لازىم...

— بىر ۋاق نامازنى ئوڭشاپ ئوقۇيالمىغان ئادەم، كۇنبويى ئوقۇشنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ كاپىر؟! — يۇگۇرۇپ كېلىپلا، گەپ قىستۇرغان بالىنىڭ كۆتىگە بىرنى تەپتى، بۇرۇتلىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياش بىر ئەر، — ئورۇق ئىنەكنىڭ پوقى چوڭ دەپ، نەدىكى بىر تەييارتاپ،

لالـمـىلارنىڭ گـېپىنـى كۆرۈڭ! قوپـە ئـورنۇڭدىـن، بـۇ سېنىـڭ ئېغىنـاپ يېتىـۋالـىدىغان ئېغىلىـڭ ئـەمەس! يەنـە نـەچچىنـى تېپىۋېتىمەن بىكار!...

ــــ بولسا، تەپسىلە ئاكا، ــــ دېدى بايىقى تېپىك يېگەن بـالا، ئورنىـدىن قوپـماي تۇرۇپ، ــــ نادانـلاردىن ناھەق ئـازار يېيىـش گۇناھنى يەڭگىللىتىدۇ...

ــــ ئۇرۇڭلار، بۇ تېرىكتابـلارنى! ــــ دەپ كۇچتـۇڭگۇر بىـر يىگىت يەڭ شىمايلاپ كەلدى، ــــ خۇدانىڭ ئۆيىدە لاقا ـ لۇقا گەپ قىلغان بۇنداق جوھوتلارنى چالما ـ كېسەك قىلىۋېتىش كېرەك!

ــــ شۇنـداق، مەسچىـتكە كـەيـىپ ۋە بىـتـاھارەت كىـرگـەن بۇنداق دەيۇزلەرنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتەيلى، جامائەت!

ــــ ئـىمامغـا ئەمەس، ئـىشانغا ئـىقتىـدا قىلىـدىغان بۇنـداق دىنىي مۇناپىقلارنى دارغا ئېسىپ، جەسەتلىـرىنى ئـىتقا تاشـلاپ بېرەيلى!

ــــ ئۇرۇڭلار!

ــــ دەسسەڭلار!

دىللىـرىدا غەزەپ ئوتلـىرى يانغـان جامائەت بـىر ـ بىرلـەپ قىستاپ، يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئەگەر مەيلىگە قويۇۋېتىلسە، نەدىكى بىر ئىللەتنى يۇقتۇرۇۋالغان، يەنە كېلىپ مەسچىتتە ئازغۇن گەپ قىلغان بۇ باللار بىردەمدىلا جانسىز گۆش دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. لېكىن، ئارىغا يەنە مۇھەممەت ئىمام چۈشتى.

ــــ ئاچچىقىمىزغا ھاي بېرەيلى، سەبرى قىلايلى، جامائەت، ــــ دېدى ئۇ مېھرابتىـن چۈشۈپ، جامـائەت ئارىسىغا سىغدىلىـپ كىرىۋېتىپ، ــــ ئـازمايدىغـان كـىم بـار. بـۇلارمـۇ بىـزنىـڭ قېرىنداشلىرىمىز، چىرايلىق تەربىيەت قىلايلى. ئاۋۋال بۇلارنىڭ زاكونلىرىنى بىر ئاڭلاپ باقايلى، ــــ ئۇ دوم يېتىۋالغان باللارغا يېقىـن كېلـىپ تـۇرۇپ سـورىدى، ــــ سىلـەرچـە، ئاللانىـڭ رەھمىتىگە مۇشۇ يول بىلەن ئېرىشكىلى بولۇرمۇ، ئىنىلىرىم؟

— ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشمەيمىز، دىدارىغا يېتەلمەيمىز، — دېدى، باياتىن بېرى گەپ قىلماي ياتقان بىر بالا. ئۆزىچە، مۇھەممەت ئىمامنىڭ گېپىدىكى سەۋەنلىكنى تۇزەتمەك بولۇپ.

— خوش، قانداق يېتۇرسىزلەر؟ — سورىدى مۇھەممەت ئىمام.

— ئاللا ئىشقىدا كۆيۈپ. كۇنۇ - تۇن ئاللانى سېغىنىپ...

— كەيىپ بىرلە ئۆزىمىزنى، دۇنيانى ئۇنتۇپ... — قوشۇمچە قىلدى بىر ياش، ياتقان يېرىدىن قوپۇۋېتىپ.

— ئىقتىدا قىلدىم هازىر ئىشانغا! دېگەن گېپىڭنى قانداق چۇشەندۇرىسەن، كاپىر؟ — ئۆزىنى تۇتالماي گەپ قىستۇردى نامازخاندىن بىرى.

— ئىمامغا ئەمەس، پىر غوجا - ئىشانلارغا ئىقتىدا قىلماق جايىز...

— سېسىق ئاغزىڭنى يۇم، جوهوت!

— ئىمانسىز دەيۇز!

— ئۇنداقتا، نە سەۋەب نامازنى ئۆز يوسۇنى بويىچە ئوقۇمايسىزلەر، ئىنىلىرىم؟ — سەۋرچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇردى مۇھەممەت ئىمام.

— ئاللاغا بولغان سېغىنىش ۋە ئىبادەتتە قائىدە - يوسۇن بولماسلىقى لازىمدۇر، — جاۋاب بەردى ياسىن ئاتلىق بالا، — سوپى غوجام شۇنداق ئۆگەتتى. بۇ ھەقتىكى تۇرلۇك يوسۇنلار، ئاللاغا بولغان سېغىنىشنى چەكلەپ قويىدۇ. چەكسىز ئىبادەت يولىنى توسايدۇ، چۇشەيدۇ...

— مۇبارەك «قۇرئانى كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» لەردە قەيت قىلىنغان مۇسۇلماندارچىلىق پەرھىزلىرى ھەم زۆرۈرىي سۇننەتلەرنى ئادا قىلماي تۇرۇپ كامىل مۇسۇلمان بولغىلى بولۇرمۇ؟ — ئوقۇۋاتقان دەۋرلىرىدە ئۆزلەشتۇرگەن مۇھاكىمە ئادىتى بويىچە، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن داۋاملاشتۇردى

مۇھەممەت ئىمام.

— ئاللا ئىشقىدا يانغان ھەقىقىي مۇسۇلمانغا پەرزلەر بىھاجەت. سۇلۇك سۈننەتلىرىگە رىئايە قىلسىلا، بەس! — قىپيالىڭاچ بىرسى، كىرلاشقان دۇمبىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بەردى، ھەمرىيىغا ۋاكالىتەن.

— بولدى قىلسىلا، ئىمام، — ۋارقىرىدى توپ ئارىسىدىن بىرسى سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋېتىپ، — تۇمشۇقىغا تېپمەن بۇ توڭگۇزنىڭ. ئىمانسىزلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟ ئىمانسىز بىلەن گەپ تالىشىپ، بىزمۇ ئىمانىمىزدىن ئاجراپ كەتمەيلى. بىر ئېغىز گەپ: ماڭىلا قويۇۋەتسىلە، كۆزلىرىنى قۇيۇۋېتەي بۇ جوھوتنىڭ!

— راست، گەپ تالاشمايلى، — ئۆپكىدەك قىزىرىپ تۇرۇپ گەپ قوشتى، جامائەتنىڭ ئالدىدىراق تۇرغان بىر چال، — ئاتام زاماندىن تارتىپ، ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىشنى بۈگۈن كۆرۈۋاتىمىز. تۇۋا، تۇۋا!... شۇڭا دەيمەن، ماۋۇ ياش باللارغىلا قويۇۋېتەيلى، ئۇرۇپ ـ چەيلەپ ئىشنى تۈگەتسۇن!

— بىز ئۇرايلى!...

— مېڭىسىنى يەنچىۋېتەيلى بۇ ھاراملىقلارنىڭ!...

— جىندەك تەخىر قىلايلى، ئازراق سەبرى قىلايلى جاما ـ ئەت، — قوللىرىنى كەرىپ تۇرۇپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلارنى توستى مۇھەممەت ئىمام، — گۆدەك باللاركەن. يەنە كېلىپ بىر قىسمى بىزنىڭ مەھەللىدىنكەن. يەنە تەربىيەت قىلىپ كۆ ـ رەيلى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇتقا ئىتتەرمەيلى بۇلارنى. غەزد ـ پىمىزگە ھاي بېرەيلى. جىندەك... — ئۇ، پىشانىسىگە چۈشۈ ـ ۋالغان سەللىسىنى سەل ئېگىزگە كۆتۈرۈپ قويۇپ، يېرىم يالىڭاچ بىر بالىنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە سورىدى، — بايا، پەرز، سۈن ـ نەتلەرنىڭ كېرىكى يوق دېدىڭلار. ئۇنداقتا، مەسچىتكە نە ۋەجد ـ دىن كىردىڭلار؟

— قەبرىستانلىقتا بىھوش بولۇپ، كىچەيۇ - كۈندۈز ياتساقمۇ، كەيىپ بولۇپ، دۇنيانى — ھەممىنى ئۇنتۇپ سىغىنساقمۇ، ئاللانىڭ ۋەسلىگە ھېچ يېتەلمىدۇق. شۇڭا، ئاللانىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇپ، ئاللانى سىغىنايلى دەپ... — سەل كېكەچلەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى بالا.

— خوپ، — دەرھاللا گەپ قىستۇردى مۇھەممەت ئىمام، — مەسچىتكە كىردۇق دېمەك، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن بىرىنى تونىدۇق دېمەك. شۇنداق ئىكەن، مۇسۇلماندارچىلىق پەرزلىرىنى پاك ۋە مۇكەممەل ھالەتتە ئادا قىلىسىڭىزلەر، ھەقىقىي ساۋابلىق ئىش بولۇر ئىدى.

— بەش ۋاق ناماز، روزا بىلەنما؟ — چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ قويدى ھېلىقى بالا، گەدەن - پاتاقلىرىدىكى كىرلارنى ھىمىرىپ تۇرۇپ، — بۇ كۆپايە قىلمايدۇ، ئىمام. نەچچە ۋاق ئوقۇش، نېمە قىلىشىمىز مۇھىم ئەمەس. دەيمەنكى، جەريان مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، مۇددىئا!...

— جەريانسىز، مۇددىئا ئىجابەت بولماس. ھەرىكەتسىز، مەقسەتكە يەتكىلى بولماس! — يەنە تېرىكمەي چۈشەندۈردى مۇھەممەت ئىمام.

— جەريان مەقسەتكە كۈشەندە...

— خوش، سىزلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىزلەرمۇ ئەينى جەريان. ئاللا قوبۇل قىلىدىغان، يوللۇق پەرز جەريانى ئەمەس، بەلكى «قۇرئانى كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» روھىغا خىيانەتكارانە جەريان. ئاسىيلىق جەريانى!

— بىز... ساداقەتكە ئاسىيلىق بىلەن... — ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغىچە، كىمدۇر بىرى يۇگۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ گەپ قىلىۋاتقان ئېغىزىغىلا بىرنى تېپىۋەتتى. «ئا!...» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالدى.

— ئۇرماڭلار جامائەت، ئۇرماڭلار!

ئەمما، مۇھەممەت ئىمامنىڭ ئەمدىكى توسۇشلىرىنى ھېچكىشى قوبۇل قىلمىدى. غەزەپلەنگەن كىشىلەر، ئوتتۇرىدا ئىتتەك دۈگدىيىشىپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئۈچرىغانىلا يېرىگە ئۇرۇپ، تېپىشكە باشلىدى.

— ئىمام بىلەن گەپ تالاشقان بۇنداق جوھۇتلارنى!...

— چوڭلار بىلەن جۇۋالاشقان توڭگۇزلارنى!...

— مەسچىتكە بىتاھارەت كىرگىنىڭگە تويە!...

— مۇسۇلماندارچىلىق يولىدىن تانغىنىڭغا تويە تازا!...

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بالىلارنىڭ باش - كۆزلىرى قانغا بويالدى. يەنە سۈكۈت قىلىنسا، ھېچبىرى تېرىك قالمايدىغانلىقى مانا مەن دەپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جامائەتنى بار كۈچى بىلەن توسۇپ، باستۇرۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەت ئىمام، ھېچ كۈتمىگەندە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— بولدى قىلىڭلار!... سىلەردە ئىنساب دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟! ئۇلاش - چولاش ئۇرۇۋەرسەڭلار، بۇلار ھازىرلا جان بېرىدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ جانلىرىغا زامىن بولساڭلار، ئاللا راۋا كۆرەمدۇ؟! خۇدادىن قورقمامسىلەر؟... ئۇرماڭلار. ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قولىغا بېرەيلى. تەربىيەت قىلايلى!...

جامائەت سۆزلەپ، غۇدۇراپ، مىڭ تەسلىكتە بېسىققان بولدى.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇھەممەت ئىمام بۇنداق ئىشلارنى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا، يول - يوللاردا، قەبرە - زاراتكارلىقلاردا... كۆزگە چېلىقتۇرۇپلا تۇردى. تېخىمۇ يامىنى، بۇ يولغا كىرگەن ياشلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى...

«خۇدايا تۆۋبە قىلدىم، تۆۋبە» شۇنداق دەپ ياقىسىنى چىشلەپ كېتەتتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئىمام. ئەتىلا مۇشۇ

ئىمام ۋە مۇدەررىسلىكى تارتىۋېلىنىدىغاندەكمۇ تۇيۇلاتتى ئۇنىڭغا. مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئۆز ئورنىنى مەھكەم ساقلاپ، ئەزىلى ئەخلاق ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت تەرغىباتىنى يوللۇق دىنىي كالاملار بىلەن ھەقلىق يوسۇندا ئېلىپ بېرىشقا ئەھدە قىلاتتى.

«ھەر قانچە بولۇپ كەتسىمۇ، جامائەت ئاللادىن تانماس، ئاللادىن تانمىغان بەندىنىڭ، ئۇنىڭ كالامىنى قوبۇل قىلمىقى جايىزدۇر»

ئۇ دىنىنىڭ پاكلىقىغا، مۇشۇ پاكلىق ئارقىلىق، مەنىۋىيەتتە سادىر بولۇۋاتقان ئېغىش ۋە خەس ـ پۈچەكلىكلەرنى تامامى يۇيۇشقا بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇندىلا ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەدلى ـ ئادالەت نۇرى يۇرت ئاسمىنىدا جۇلا قىلاتتى. شۇندىلا...

ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئابرۇيى ـ ئىناۋىتى، «داموللام» لىق نوپۇزى ھەم ساۋاق، شەرھى ـ تەفسىر بېرىش... تەك يېتەكچىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ غەيرىي ئەقىدە ـ ئەھكاملارغا ھەر جايدا دەككە بېرىشنىڭ زۆرۈر ۋە يوللۇقلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى...

# پەنىۋاغا پەنىۋا

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇھەممەت ئىمام!

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خۇپتەنگە ماڭاي دەپ تۇرغان بىر كەچلىكى، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان بىر ئادەم سالام ـ سائەت بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ، قېلىن ياغلىقنى ئېڭىكى بىلەن قوشۇپ چىگىۋالغان بىر قىزنى يېتىلىۋالغانىدى. قارىماققا بۇلار خېلى يىراقتىن كەلگەندەك تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە مېھمان، — قىزغىنلىق بىلەن مېھماننى ئۆيگە باشلىدى ئۇ.

— قاشلىرىغا كېلىشتىن مۇددىئايىم... كېلىشتىن مەقسەت، دامولام... — بىر پىيالە چايدىن كېيىنلا سۆز باشلاپ، يەنە نېمىشقىدۇر دۇدۇقلاپ قالدى مېھمان.

— بەھۇزۇر ئولتۇرغايلا، تارتىنمىغايلا...

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، مەن بەشتۇگمەن دېگەن يەردىن ئالايتەن ئۆزلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم، تەقسىر...

— خوش.

— بىر ـ بىرىدىن كېلىشكەن ئۈچ قىزىم بار ئىدى. ئىككىسىنى يۇرتتىكى ئىمام، قازىلارغا تۇتقۇزۇپ، دۇئايى ـ ساۋاب ئالدىم. ئەمدى مۇشۇ بىر كىچىك قىزىم قېلىۋىدى، بۇنى ئۆزلىرىگە تۇتقۇزۇپ دۇئالىرىنى ئالاي دەپ...

— نېمە؟ ... نېمە دېدىلە؟ — خۇددى چايان چاققاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى مۇھەممەت ئىمام. ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى تۇنجى رەت ئاڭلىشى بولمىسىمۇ، لېكىن قىزلىرىنىڭ

ھەممىسىنى دۇئا قىلدۇرىدىغان ئادەمنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى. ئۇ دامولللا بولۇپ كەلگەندىن بۇيان تالاي ئادەملەر مۇشۇ مەقسەتتە ئۇنىڭغا قىزىنى تەقدىم قىلماقچى بولدى. لېكىن ھەممىسى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن چىرايلىقچە قايتۇرۇلدى. ئەمدى بۇ ئادەمگە نېمە دېگۈلۈك؟ كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزنى قايتۇرىۋەتكەن ھالەتتىمۇ، دۇئا قىلدۇرۇپ بولغان ئىككى قىزىغا نېمە پەتىۋا بەرگۈلۈك؟ شەرئى پەتىۋاچىلارنىڭ نەپسى بالاقى دىيارى بەشتۇگمەندىمۇ ئوخشاش ئىكەندە!

— ھەيران بولمىغايلا... كىچىك كۆرۈپ قالمىغايلا دامولللام، — دېدى مېھمان، قىزىمنى بويىغا يەتمىگەن قاتارىغا چىقاردى دەپ ئويلاپ، — جۇغى كىچىك كۆرۈنگىنى بىلەن 11 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى بۇ پوكزەك، چىرايىمۇ ئاپىسىغا مۇت ئوخشىدى. ئىككى ئاچىسىنى كۆرسىلە ھە دەپ قالاتتىلە. بۇ، قالغان ئىككىسىدىنمۇ چىرايلىق، يەنە بەك چىچەن، قولى ئىشلىق...

— مۇشۇنداق دۇئا ئېلىش شەرئەتنىڭ قايسى نىزامىدا بار ئىكەن تەقسىر؟ — ئۆزىنى باسالماي ئولتۇرسىمۇ، مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يەنىلا سىلىق سورىدى ئۇ.

— قۇرئاندا، قۇرئاندا شۇنداق دېيىلگەنىكەن، — دەرھاللا جاۋاب بەردى مېھمان.

— سىلى قۇرئاننى ئوقۇپ باققانمۇ؟

— ئوقۇغان... ياق، ياق، كۆرگەن، ئوقۇپ باقمىغان. ساۋادىم يوق مېنىڭ. مەھەللىدىكى ئىمام، مەزىن قازىلار... قۇرئاندا بار دېگەن بۇنى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ دەيدىغان گېپى مۇشۇ: دۇئا ئېلىش، ساۋاب تېپىش، سەدىقە بېرىش...

— ئۇلار خاتا تەفسىر قىپتۇ، — دېدى مۇھەممەت ئىمام ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — پېقىر شەھىرى قەشقەر، بۇخاراغىچە تەھسىل قىلىپ كەلگەن ئادەمدۇرمەن...

— خوش سىلىنىڭ ئىلىم ھېكمەت بابىدىكى مۇبارەك

ناملىرى يۇرت ـ يۇرتلارغا مەشھۇردۇر، دامولـلام، ـــ بىردىنلا مۇھەممەتنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى مېھمان.

ـــ يوقسۇ، مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەس تەقسىر، ـــ دەرھاللا تۈزەتتى مۇھەممەت ئىمام، ـــ دېمەكچىمەنكى، ئۇشۇل جايلاردا ئوقۇغان تۈركىي، ئەرەبىي ھەم پارس دەستۇرىلارنىڭ ھېچبىرىدە سىلى ئېيتقان كەلىمىلەر يوق، تەقسىر. ساۋاب ـ سائادەتنىڭ يولى كۆپ. ئەمما، بۇ كەبى ساۋاب تاپماق ئېغىر گۇناھتۇر. شۇڭا قىزلىرىنى ئۆز خىزمەتلىرىگە سالغايلا، بويىغا يەتكەن ھامان تۈزى چۈشكەن يەرگە تۇتقازغايلا.

ـــ قى... قىزىم ئىشلىق... ئىشقا پىششىق... دۇئا بەرگەيلا دامولللام، ـــ قىزى بىلەن قوشۇلۇپلا «گۇپپىدە» تىزلىنىپ ئولتۇردى مېھمان.

ـــ بولمايدۇ. زىنھار قوبۇل قىلمايمەن، بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلمايمەن. گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ!...

ئۇنىڭ غەزىپى قايناپ تېشىۋاتسىمۇ، لېكىن نادان، ساۋاتسىز بۇ ئادەمگە يەنىلا ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردى.

ئۇنىڭ ئالدىغا پەتىۋا سوراپ كېلىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئېنىقكى، يۇرت قازىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ھەر قانداق جايدا توغرا پەتىۋانىڭ توغرا خاتالىقىنى ئايرىش، شەرھى ـ تەفسىر قىلىشقا ھەقلىق بولۇشتەك ئىلىم ـ ئۇنۋان ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئۆز ئىلىمىگە تايىنىپ، شەرىئەتكە تاقىلىدىغان ھەر قانداق پەتىۋالارنىڭ سوپى ـ ئىشان ۋە قازى ـ كالانلار چىقىرىۋاتقان پەتىۋالارنىڭ تەگ ـ ماھىيىتىگە يېتەلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تىلى ئۇزۇن، شەرھىسى ئورۇنلۇق ئىدى. بۇ ھال، ھەپتىيەكنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان قازى، قەيەرلەردىندۇر كېلىپ مەھەللىگە باش تىقىۋالغان سالپى ـ ساياق سوپى ـ پەتىۋاچىلار

بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى. زىددىيەتنى كۈچەيتەتتى، كىشىلەردە «دامولام» لىق نوپۇز بىلەن سوپى - ئىشانلىق داۋراڭ ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى مەسچىتتىمۇ كۆرۈلەتتى.

مۇھەممەت ئىمام خۇپتەندىن كېيىن سوئال سوراشنى جامائەتنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەھەللىدە ئاتلاپ نامازغا كېلىدىغانلار كۆپىيىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلار كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى سورايتتى. ئۆز مەھەللىسىدىكى ئىمام، قازىلارنىڭ شەرھى - پەتىۋالىرىنى مۇھەممەت ئىمامنىڭ پەتىۋاسى بىلەن سېلىشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن يېڭى ئۇچۇر ۋە قاراش - مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلاپ كېتەتتى.

— توققۇز ياشلىق بىر قىزغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان، نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەكېلىۋالسام بولارمۇ، دامولام؟ — دەپ سورىدى 35 ياشلاردىكى بىر كىشى.

— بولمايدۇ! بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس! — يۇقىرى تەلەپپۇزدا، كېسىپلا ئېيتتى مۇھەممەت ئىمام. بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ بولغىچە، سورىغان كىشى ئالدىراپ گەپ قىستۇردى:

— مەھەللىمىزدىكى نىياز سوپى: قىز بالا دېگەننى تۇماق بىلەن بىرنى ئۇرسا يىقىلمىغۇدەك بولسىلا نىكاھقا ئېلىپ خوتۇن قىلسا بولىدۇ دەيدا ئەمەسمە؟

— خاتا دەپتۇ! ۋەجھى شۇكى...

ئۇ ئادەم چۈشەندۈرۈشكە قۇلاق سالمايلا يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى...

— مەھەللە قازىسىغا مەسلىھەت سالسامۇ، نىياز سوپى توغرا دەپتۇ، شۇنداق قىل، — دېدى.

— خاتا. ھەممىسى گۇناھكارانە پەتىۋا! - قاتتىق ۋارقىرىدى مۇھەممەت ئىمام، — سىلىنىڭ مەھەللىدىلا ئەمەس، بىزنىڭ

مۇشۇ مەھەللىدىمۇ بار بۇ كەبى پەتىۋاچىلار. مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن چىقىرىلغان بۇنداق پەتىۋالارغا ئىشەنگۈلۈك ئەمەس، جامائەت، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانىنىڭ ياد ئېتىدىغىنى ئاللاتائالا، ئىشىنىدىغىنى ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم بولمىقى لازىمدۇر. شۇل ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىدىغان ئازغۇن پەتىۋاچىلار ئاينىپ كەتتى. سەگەك بولماق كېرەك، ھوشيارى ـ بىدار بولماق كېرەك!...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ھەر كۈندىكى شەرھى ـ تەفسىرلىرىگە تۇرلۇك كىتابلاردىن مىسال ـ تەمسىل قىلىش ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، ئىچ ـ ئىچىدىن يامراپ چىقىۋاتقان پىكرى ـ تەلقىنلىرىنى ئوتلۇق ھاياجان ۋە ئاچچىق ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان نەزمە قىلىپ تۆكتى:

...

ئەي دەرىغا، بارچە غەفلەت ئىچرەدۇر،
دائىما كۇفرى زەلالەت ئىچرەدۇر.

ھېچ كىشى قورقماس كىشىنىڭ ھەققىدىن،
يادىغا كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن.

خاھ غەنىيۇ، خاھ گادايۇ شاھ ھەمە،
خاھى شەيخۇ، خاھ سوفى موللاھەمە.

خاھى قازى، مۇفتى، خاھى مۇھتەسىب،
ئىستەمەس ھەرگىز ھەلالدىن نەسىب.

...

نەپسى شەيتاندۇر دەۋام ھەم سۆھبەتىڭ،
كەتتى سەندىن دىن بىلەن ھەم مىللەتىڭ.

...
مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

ئۇ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ئالغان ھېس ـ چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇر پىكىرلەرگە تويۇنغان مىسرالار ئارقىلىق جامائەتكە ئاشكارا قىلدى، نامزخانلار ئىلاھىي ۋەزگە ئەسىر بولغاندەك، ئۈن ـ تىۋىش چىقارماي ئاڭلاپ تۇرۇشتى. ئارقىدىنلا بۆلۈك ـ بۆلۈكىدىن ھۇ تارتقان، مىشىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ئاخىرىدا، ھەممە رازى ـ رىزالىق ۋە ھاياجان بىلەن قايتىشتى، ئەمما، شۇ كەچتىن باشلاپ، ئىلھامى قۇدرەت بىلەن تۇغۇلغان بۇ مۇبارەك ئەشئار يۇرت ـ يۇرتلارغا تارىلىپ، ھەممىنىڭ يۈرىكىنى بىر ـ بىرلەپ مۇجۇپ ئۆتتى...

باغدا تۇغۇلغان ئەشئار ـــ «نەپسى بىرلە
جەڭ قىلماقنىڭ بايانى»

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇش كەپسىزلەر ئەزىزلەر!

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى شۇنداق دېگىنىچە، جەننەت تۇسىگە كىرگەن بېغىغا قەدەم باستى، بۇ، ئۇنىڭ باغقا باغدىكى يەل ـ يېمىش، گۈل ـ گىياھلارغا بىلدۈرگەن سالام، ئېھتىرامى ئىدى. باشقا جاي ـ تاغ ـ دەريا، ئېتىز ـ ئېرىق، تاش، تۇپراق... بولغان ھالەتتىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق دېگەن بولاتتى. ئادەمسىز مازار، جامائەتسىز مەسچىت، تالىپسىز مەدرىسەلەر... بىلەنمۇ شۇنداق دەپ سالاملىشاتتى ئۇ. ئۇنىڭچە، ئالدىدىكى جىمى مەۋجۇدات ئۆزىگە خاس تىل ۋە سەزگۈگە ئىگە. ئۇلارمۇ ئىنسانغا ئوخشاشلا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام، كۆيۈنۈش، ھېسداشلىققا موھتاج ئىدى. مۇشۇ موھتاجلىق قانائەت تاپسىلا،

ئۇلارمۇ ئۆز تىلىدا ئوتلۇق تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. ھۆرمەت ۋە رەھمەتلىرىنى ئىپادىلەيتتى. ئۆزىنىڭ ئۇدۇم ھالەت ۋە ئادىتى بىلەن شادلىق كۈيلىرىنى ياڭرىتاتتى. قىسقىسى، ئۇلارمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان داۋراڭسىز جانلىقلار ئىدى.

باغ ھەقىقەتەن گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۆزى تىككەن يەل - يېمىشلەرمۇ سانجاق - سانجاق مېۋىلىرى ئارقىلىق قاتارغا قوشۇلغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى. دادىسى تىككەنلىرى، ئانىسى تىككەنلىرى، ئۆزى تىككەنلىرى... ئاھ، ھەممىسى قوشۇلۇپ تەڭداشسىز گۈزەل بىر باغ بوپتۇ. كۆچ - كۆچكە، مېھنەت - مېھنەتكە، ئەقىل - ئەقىلگە ئۆتۈشۈپتۇ!...

ئۇنىڭ كۆڭلى سەل - پەل ئېچىلغاندەك بولدى. ھەر قېتىم ئازابى ئاشقاندا، غەزىپى تاشقاندا باغقا كىرىش ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق بولغاندا، زىيادە غەزەپ قىلىشتىن، ئايال، بالىلىرى ياكى مەسۇم تالىپلىرىغا ئورۇنسىز ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. سايراپ تۇرغان كاككۇك، ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەر، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر، دىماغنى يارىدىغان مەززىلىك، خۇشبۇي پۇراقلار... ئۇنىڭ قوزغالغان ئەسەبىگە ئاراملىق بېرەتتى. «غەزەپ قىلغۇلۇق ئەمەس بالام، غەزەپ ئەقىلنى كېسىدۇ» دەيتتى مەرھۇم دادىسى ئابدۇللا مەزىن. «غەزەپكە غەزەپ قايتىدۇ» شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدى ئۇ ئۆزىمۇ... باغ - ۋاران سەۋدانى ئالىدۇ، دەيتتى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئانىسىمۇ، ئېغىر تىنىپ يۇرگەن مۇھەممەتكە قاراپ «گۈل - گىياھلارغا نەزەر سېلىپ، سايرىغان بۇلبۇل، بۇقۇلدىغان كەپتەرلەرنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ تۇرغۇلۇق»...

دېگەندەك، مۇھەممەت ھەممىگە تەكشى نەزەر سېلىپ باراتتى. بەزى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە كېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيتتى. بەزىسىگە «خۇش كەپسىزلەر ئەزىزلەر» دېگەن گېپىنى تەكرارلايتتى. يەنە بەزىسىگە «دىدارى غەنىيمەت» ياكى

«مۇلاقەتى غەنىيمەت»... دەيتتى. ئۇ باغدىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئىسمى بىلەن تىل خاسلىقىنى بىلىپ سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...

«ھەي!...» بىردىنلا يەنە ئەسلىگە قايتتى ئۇ، باغنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن «نېمە ۋەجىدىن، زادى نېمە ۋەجىدىن؟!...»

ئۇنىڭ يەنە پىغانى ئۆرلىدى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەر قانچە تىرىشىپ كۆرسىمۇ، يۈرىكىنى مورلاپ، تاتىلاپ تۇرغان بىر تەلۋە قول ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيتتى...

ئەمدى ئۇ، يۇرت ـ يىلتىزىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىككى ـ توكتوك سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە تېز يىلتىز تارتىپ، بۇ قەدەر كۈچ ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدى. خانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئالمىشىپ، سەلتەنەت سۈرۈش پۇرستى ئاياق خوجىغا كەلگەندى. ئۇنىڭ سوپىلار بېشى ئىكەنلىكىنى مۇھەممەت ئوبدان بىلەتتى. بېشى تىرىك يىلاننىڭ قۇيرۇقى مىدىرلىماي قالاتتىمۇ... ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغىنى بۇلا ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى يۈزلەپ، مىڭلاپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان قالماق لەشكەرلىرى ئۇ ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ ھامان يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئۇ ئىزدىنىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، مۇئەممالار ئۇنىڭ زېھنىي كۈچى ئۆلگۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئالەم ۋە ئادەم سىرلىرى، مەۋجۇداتلىرىنىڭ يارىتىلىشى، جانلىقلاردىكى ئىلاھىي پاراسەت، بۇزۇلغان دىنىي ئەقىدە، ياتلاشقان ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق، كۆز ئالدىدىكى تەرغىباتچى، كارامەتچىلەر، ئۇنىڭغا يانتاياق بولۇۋاتقان سوپى ـ ئىشانلار... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ روھىنى خورىتاتتى. ۋۇجۇدىنى غاجىلايتتى، يۈرىكىنى تاتىلايتتى... ئەڭ يامىنى كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەر ئىدى!

ئۇ ئۆزىگە ئېغىر ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلغىنىنى سېزەتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۆتۈرۈپ قويۇشقۇسىز ئازاب ئىدى. «ئاللا يولىنى تۇتماقلىق دورۇس تاللاشتۇر» دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە ئۆز يولىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۇرلۇك تەلىم، پەتىۋالىرىدا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مۇشۇ ھەق يولىنى شەرھى ئۆلچىمى قىلاتتى. بۇرمىلانغان دىنىي ئەقىدە ۋە ئەپقاچتى پەتىۋالارغا بولسا، ئۇچرىغانلا يېرىدە رەددىيە بېرىپ ماڭاتتى:

— ئۆزلىرىنى ھەر جۈمە كۈنى مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ جۈمە نامىزىغا داخىل بولىدۇ، يېنىپ كېلىپلا بىزگە ئىمامەتچىلىك قىلىدۇ، دەپ ئاڭلايمىز. بۇنىسى راستمۇ داموللام؟ — قايسى كۈنى خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە يەنە سوئال سوراشتى جامائەت.

— يالغان! — كېسىپلا جاۋاب بەردى مۇھەممەت، — مەككە مۇكەررەم كۈنلەپ ئەمەس، ئايلاپ ماڭىدىغان ئۇزاق يول تۇرسا، بىر كۈندە بېرىپ يانغىلى بولسۇنمۇ؟ ئەپقاچتى گەپ بۇ.

— مەھەللىگە كېلىپ يەرلىشىپ قالغان ئاۋۇ سوپى - دەرۋىشلەر بېرىپ كېلەلەيمىز، دېگۈدەكقۇ، ئەمىسە؟

— ئۇمۇ يالغان! — قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى مۇھەممەت ئىمام.

— يوقسۇ، داموللام ئۇلاردا شۇنداق كارامەتلەر بار ئىكەن، — قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرەيلەن.

ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى، يېقىندىن بېرى بەكلا كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقان كەلگۈندى سوپى - ئىشانلارنىڭ كارامەتچىلىك ھۈنەرلىرى ئىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئاپاق خوجىنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلالمايدىغان سېھرىي - پەنتلىرى يوقلۇقى توغرىسىدا جار سالماقتا ئىدى. ئۇلار ھەرەمگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بېرىپ كېلەلەيمىز دەيتتى. ئۇچالايمەن، غايىب

بولالايمەن، دەيتتى بەزىسى؛ ئاغرىتىپ قويالايمەن، يوق قىلالايمەن، دەپ ئىشەندۈرىدىغانلار بار ئىدى. ھەتتا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيمەن، دەپ يۈرتقا ۋەھىمە سېلىپ، جامائەتنى ئۆزىگە مۇخلىس قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. جامائەتنىڭ ھەيرەتتە قېلىۋاتقىنى شۇ ئىدىكى، سوپى ـ ئىشانلار بىر چاغلاردا جۇلدۇر كېپەن ھالەتتە تىلەپ كېلىپ قالغان شۇ بىرقانچە كىشىلەر نېمىلا دېسە شۇ بولۇۋاتاتتى. سەن بالايىقازاغا يولۇقىسەن، دېسە شۇ كىشى بىر كېچىدىلا كىملەردىندۇر تاياق يەپ، نىمجان بولۇپ ياتاتتى. مال ـ چارۋا كۆزگە يېقىن دېسە، بىر كېچىدىلا قوتان، قوتان مال-لار غايىب بولۇپ كېتەتتى، پوستانى ئۆلىدۇ، دېگەن كۈننىڭ ئەتىسىگىلا كىشىلەر شۇ ئادەمنىڭ سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايتتى... مانا بۇلارغا، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ غارايىب ئىشلارغا ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقا كارامەتلەرنى كۆرگەنلەر ئازراق، دېيىلگەن ھالەتتىمۇ، شۇنچە ئادەملەرنىڭ كۆزىچە بىر «سوپ» لەش بىلەنلا لىڭگىچاق سوقۇشتۇرۇش، چوكا موللاق ئاتقۇزۇش، چالما ـ داڭگاللارنى پاقىغا ياكى كەپتەرگە ئايلاندۇرۇش، باشتا تۇرغان تۇماق، ياغلىقلارنى يوق قىلىۋېتىش... تەك غارايىباتلارنى كۆرمىگەنلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. مانا بۇلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇنىمۇ يالغان، كۆرمىدىم، دېيىشكە بولسۇنمۇ؟ تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇ ئىدىكى، ئەزەلدىن بۇنداق ھۈنەرنى كۆرسىتىپ باقمىغان، «كارامىتى» بارلىقىغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان قورساققا ئامراق، چالا ساۋات قازىمۇ يېقىندىن بېرى كىشىلەرگە «كارامەت» كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. جامائەتنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇنىڭ سوپىدىن دۇئا ئېلىپ، سېھىرگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى.

— يالغان ـ ياۋىداق پاراڭلارغا ئىشەنگۈلۈك ئەمەس،

جامائەت، ـــ ئاخىر گەپنى ئوچۇق قىلىشقا مەجبۇر بولدى مۇھەممەت ئىمام. ساددا قىزغىنلىقى ئېشىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرگە شۇنداق دېمەيمۇ ئىلاج يوق ئىدى، ـــ ئىسلامدا ئاللا بىردۇر. پەقەت ئاللاتائالا ھەممىگە قادىردۇر. تىرىكنى يوق قىلىپ، ئۆلۈككە جان بەرمەك ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. ئاللانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەستۇر. مۇشۇ كارامەتلەرنى قولۇمدىن كېلىدۇ دېيىش ئاللا بىلەن سەلتەنەت تالاشقانلىقتۇر. بۇنىڭ ئۆزى كۇپۇرلۇق ۋە كاپىر - ئىمانسىزلىق يولىنى تۇتقانلىقتۇر. كۆز بويامچىلىق - سېھىر - جادۇ بىلەن ئىلاھىي قۇدرەتنى پەرق ئەتمەك زۆرۈردۇر.

جىسغا بېرىلگەن مۇشۇ پەتىۋامۇ ئەتىسىگىلا يۇرتقا تارىلىپ، قازى ئىشان، سوپى - مۇخلىسلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئەمدى ئۇلار مۇھەممەت ئىمامغا قارشى ئاشكارا جەڭگە ئۆتكەنىدى. ئۇلار ئۇچرىغانلىلا يەردە مۇھەممەت ئىمامنى جامائەتكە يامانلاپ سېپىستاتتى. ئاسىي، كاپىر دەپ تىللايتتى. ئۇنى ھامان بىر كۈنى نەس باسىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرەتتى. مۇھەممەت ئىمامۇ مەسچىت، مەدرىس ۋە ئۆلۈم - يېتىم سورۇنلىرىنى بازا قىلىپ، ئۆز قارىشىنى - ئىسلامنىڭ ماھىيىتى، دىنىنىڭ پاكلىقى، ئەخلاقىنىڭ قىممىتى... توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تىنىمسىز شەرھلەيتتى. مۇشۇ خىل زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن، ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن ئۆتكۈر ۋە چوڭ ھەجىملىك بولغان ئۈچ پارچە شەرھى - تەلقىنى كۆچۈرۈلمە بولۇپ روياپقا چىققانىدى. بۇنىڭدا دىن، ئەخلاق، غۇرۇر ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت... لەر توغرىسىدا تولىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ ھال ئۇنىمۇ ئوچۇق مۇنازىرە سەھنىسىگە ئېلىپ چىققانىدى...

ـــ ئەبەيدۇللا ئىمام، سايىت قازىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسىي، مۇرتەد دەپ يۈگۈرگىنىنى ئىشتىپ قالدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنى، ئۇستاز؟ ـــ تېخى يېقىندىلا شۇنداق دەپ سورىغانىدى

تالىپلاردىن بىرى.

— بۇ دېگىنى، — ئەستايىدىل جاۋاب بەردى مۇھەممەت ئىمام، — سەنمۇ بىز ماڭغان، ئاللاغا شېرىك كەلدۈرىدىغان كۇپۇرانە يولدا ماڭ دېگىنى، - ئۇ چىرايلىق ياسىتىلغان كەكە ساقىلىنى سىقىمداپ قويۇپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىغىنىچە داۋاملاشتۇردى، — ئۇلارچە، ئاللانىڭ يولىدا مېڭىش — ئاسىيلىق، شەك كەلتۈرۈش، بۇرمىلاش — مۇسۇلمانچىلىق، مۇشۇل قاراش دۇرۇسمىدۇر، بالىلىرىم؟

— دۇرۇس ئەمەستۇر، ئۇستازا! — بىردەك ئاۋازدا جاۋاب بەردى تالىپلار.

— دۇرۇس ئەمەس، — مىسال - تەمسىللەر ئېلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مۇھەممەت ئىمام، ساۋاق ۋە تەربىيەت ئادىتى بويىچە، — ئەسلىيەت مەنىسىدىن كۆرە، ئاسىيلىق دېمەك، ھەق - ئادالەت ۋە ئومۇمىيەت يولىدىن چەتنەش دېمەكتۇر. شۇل زامانغا تەققاسلىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ۋە توغرا ئەخلاقى، دىنىي مىزانلىرى... ھەققانىيەتتۇر. شۇل يولدىن چەتنەش - ئاسىيلىق ئېرۇر. ئاسىيلىقنىڭ دائىرىسى زەرا كەڭ بولۇر. چوڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى سېتىش ئاسىيلىقتۇر. كىچىكرەك دائىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي مىزانلىرىنى بۇرمىلاش، روھىنى زەھەرلەش؛ ئۇلارنى پاسىق - مۇناپىقلار يولىغا باشلاش؛ ئىچىملىك، چېكىملىك، قىمار... كەبى ناشايان ئىشلارغا ئۆگىتىش ئاسىيلىقتۇر. ھەم يەنە مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، خەلق قولىدىكى بىر بۇردا ناننىمۇ تارتىۋېلىش، ئۇلارنى كەمسىتىش؛ دۈشمەننى كۈچلۈك كۆرسىتىپ، خەلقنى ئاجىز كۆرۈش، دۈشمەننى زىيادە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ روھىنى سۇندۇرۇش؛ ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلىپ،

جاسارەتنى پايمال قىلىشمۇ... ھەم ئاسىيلىقتۇر. ئەكسىچە، ياراق ئېلىپ غازاتقا چىققاندىن باشقا يەنە مىللىي قەھرىمانلارنى مەدھىيلىگەنمۇ قەھرىمان. قەھرىمان ئۈچۈن مەدەت بەرگەن، ياش تۆككەن، بىر پىيالە سۇ، بىر بۇردا نان بەرگەنمۇ قەھرىمان. قەھرىمانغا تەھسىن ئوقۇغان، ئۇ شۇل تەھسىن ئارقىلىق خەلققە روھىي كۈچ ئاتا قىلغان، ئۈمىد بەخش ئەتكەن؛ ساۋاق ۋە تەربىيەت بەرگەنمۇ قەھرىمان. ئېغىر كۈنلەردە، خەلققە ئىشەنچ بېغىشلاپ، ئىستىقبال ۋە ئىستىقلال ئۈمىدىنى ئاشۇرغانمۇ... ھەم قەھرىمان. مۇشۇ مىزان بويىچە ئېيتقاندا، تىنىمسىز ساۋاق ۋە تەلىملەر ئېلىۋاتقان ھەر قايسىڭلار قايسى مەۋقەگە تەۋەدۇرسىزلەر، بالىلىرىم؟

— قەھرىمانغا!

— بىزمۇ قەھرىمان، ئۇستاز!

مۇھەممەت ئىمامنىڭ چاناقلىرىغا لىققىدە ياش كەلدى. تالىپلارنىڭ جاۋابىدىن، ئۇ مىللەتنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادلىق بىر ئەۋلادىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى.

— يارايسىلەر، بالىلىرىم، يارايسىلەر. سىلەر راست قەھرىمان! — ھاياجاندىن تىترەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى مۇھەممەت ئىمام، — مىللەتنىڭ قانى ھەم روھەنلىرىنى پاكلايدىغان، ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى ئاقلايدىغان، يىلتىز ھەم يانە شاخلىرىنى ساقلايدىغان، بۇگۈننى ئەرتەسىگە ئۇلايدىغان قەھرىمان!...

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ گەپلەرمۇ سىرتقا باشقىچە پەتىۋا بولۇپ يېيىلدى. كىشىلەر، قەھرىمان ۋە ئاسىي توغرىسىدا دېيىلگەن گەپلەردىن، بىز ـ تالىپ ۋە مۇدەررىسلەر قەھرىمان، ئۇلار سوپى، قازىلار ئاسىي دېگەن مەنىنى؛ «سىلەر راست قەھرىمان، بالىلىرىم» دېگەن گەپتىن، سىلەر قەھرىمان ئاسىيلارنى يوقىتىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىزدەپ تېپىشقاندى. بۇ

خىل مەنىلەر قازى، ئىمام ۋە سوپىلارنى چىداپ تۇرغۇسىز غەزەپلەرگە مۇپتىلا قىلاتتى. ئۇلار مۇھەممەت ئىمام توغرىسىدا قورقۇنچلۇق بېشارەتلەرنى بېرىپلا قالماي، كىشى ئىشەنگۈسىز سۇيىقەستلەرنىمۇ پىلانلاپ بارماقتا ئىدى.

«نە ۋەجىدىن شۇنداق بولىدۇ؟ نە ۋەجىدىن؟!» ئۇنىڭ ئازابلىرى ئەمدى مەدرىس ۋە مەسچىتلەردىن كېلىپ قوشۇلغانىدى. پاك تەربىيە ۋە ھالال ئېتىقاد يولىدا كېتىۋاتقان مۇشۇ ئەھلى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ چېقىمچى پايلاقچىلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئۇنى ئازابلايتتى. بۇ ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ سۇسلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ، بۇزۇلغان دىنىي، ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

«ئاھ، نەدەدۇر ۋەجھى ئانىڭ، ۋەجھى ئانىڭ؟!» يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئازاب بىلەن شۇنداق دېدى مۇھەممەت ئىمام.

— پۇتەيمۇ، ئۇستاز؟

مۇھەممەت ئىمامغا سوڭدىشىپ يۈرگەن ئوماققىنا تالىپچاق مۇشۇ سوئالى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزىۋەتتى. ئۇ ئۇستازنىڭ بايا دېگەن ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مىسرالار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

مۇھەممەت ئىمام شۇندىلا ئۆزىگە كەلدى. يېنىدا ساداقەتمەنلەرچە باش ئېگىپ تۇرغان چېچەن تالىپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ سەللىسى سەل چۇۋۇلۇپ قالغانىدى. بۇ ھالىتى ئۇنى نامرات، بىچارە قىلىپ كۆرسىتىپ قوياتتى. «ساڭا باشقىدىن سەللە، تون قىلىپ بەرمىسەم بولماپتۇ، بالام» دەپ ئويلىدى ئۇ، يېتىم بولۇشىغا قارىماي، زېھنى ئەڭ ئۆتكۈر بۇ تالىپقا ئىچ ئاغرىتىپ. ئۇ مەدرىستىكى باشقا ئون بەش نەپەر تالىپلار قاتارىدا، يېنىدا قونۇپ ساۋاق ئېلىۋاتقان مۇشۇ تالىپقىمۇ خەج - خىراجەت بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. يەنە كېلىپ،

بۇ تالىپ ساۋاقلاردا ئەڭ ئالدى بولغىنى سەۋەبلىك، مۇھەممەت ئىمامنىڭ چوڭ ئوغلىغا مۇدەررىسلىكمۇ قىلىۋاتاتتى. ئۇنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇ ئىدىكى بۇ ئوغۇل يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا باقماي مۇنازىرىلەرگە ئىشتىراك قىلاتتى. شەرھى ـ تەفسىرلەرگە قاتنىشاتتى، نەزم تۈزۈپ، ھېكمەتلەر پۈتۈپ تۇراتتى، مۇشۇ قىزغىنلىقى بولسا كېرەك، ئۇ ئۇستازىغا ئىخلاس قىلاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا، يېنىدا بىرگە يۈرۈشكە، نەزم مۇلاھىزىلىرىنى قويۇشقا ھېرىس ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، مۇھەممەت ئىمام چوڭقۇر تەپەككۇرغا چۆكۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا قايناق ھاياجان بىلەن تەلقىن قىلغاندا ئېغىزدىن چىققان تالاي ھېكمەت ـ مۇلاھىزىلەر، نەزم ـ نەسىھەتلەر... دەل مۇشۇ تالىپنىڭ قەلىمى ئارقىلىق پۈتۈلۈپ چىققانىدى. تالىپ ھەر قېتىم پۈتكەن ئەشئارلارنى ئۇستازىغا كۆرسەتكەندە، ھېلىلا ئىلھام كۈچ بىلەن ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆزلىرىنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇستاز ئۆز تەلقىنلىرىگە ھەيرانۇھەس قالاتتى. ئۇنى قولغا ئېلىپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ كېتەتتى. بېسۇۋالغۇسىز ھاياجانغا چۆمەتتى. ھالقىلىق پەيتتە چېچەنلىكىنى نامايان قىلغان شاگىرتىنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق بىلەن ماختايتتى...

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى ئەنە شۇنداق ئىختىرا قىلىپ باراتتى. ئىمان، ئەخلاق ياكى ئىللەت... كەبى ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتكە تاقىلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇ ئۇزۇن مۇددەت، ئازابلىق ئويلىنىش ئېلىپ باراتتى. يول ماڭغاندا، ئاش ـ غىزا ئۇستىدە... ھامان شۇ مەسىلە ئۇستىدە باش قاتۇراتتى. چوڭقۇر ئىچكى مۇلاقەتتە بولۇپ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئاللىقانداق بىر پىكىر ئىگىسى بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. بەزى چاغلاردا باشقىلار ئەيمەنگۈدەك ئاۋازدا ۋارقىراپ كېتەتتى. بەزىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆرىدەپ قوپۇپ

كىمگىدۇر قوللىرىنى شىلتىيتتى. ئاچچىق كۈلۈپ كېتىدىغان، ئازابلىق ياش تۆكىدىغان... چاغلىرىمۇ كۆپ ئىدى. مۇشۇنداق ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ئېغىزىدىن نەزم ۋە ھېكمەت تامىدىغان چېغى ئىدى.

ئۇ تەلقىن قىلىپ باراتتى. يېزىۋاتقىنى ئاستا ـ ئاستا «كوللىيات مەسنەۋى» بولۇپ شەكىللىنەمەكتە ئىدى. بۇنىڭ سەۋە-بىنى، مەسنەۋىنىڭ تىل ۋە دىلغا يېقىنلىقىدىن، ئەركىن ۋە ئەپ-لىكلىكىدىن ئىزدەشكە بولاتتى. تېخىمۇ توغرىسى، بۇ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ ئىلھامىي كۈچى بىلەن تاسادىپىي نەزم تۈزىدىغان ئادىتىگە تولىمۇ ماس ئىدى. ئۇ تالاي مۇئەممالار توغرىسىدا ئۇزاق ـ ئۇزاق ئىزدىنىپ، بىر كۈنلەرگە كېلىپ ئۆ-زىمۇ تۇيمايلا مۇشۇ ھەقتىكى پىكىر ـ ھاسىلاتىنى نەزم ـ مەس-نەۋى قىلىپ تۆكەتتى. بۇ چاغ مەسچىت جامائىتىنىڭ ئالدىغا، مەدرىس تالىپلىرىنىڭ ساۋاقلىرىغا؛ چالا ئۇيقۇلۇق ھالىتىگە؛ يول يۈرگەن، خىيال سۈرگەن... پەيتلىرىگە، قىسقىسى، ئېنىق ۋاقىتنى دەپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاللىقانداق چاغلارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇلاردىن پۈتۈكچى تالىپ يېنىدا بار چېغىدا ئاپىرىدە بولغانلىرى خاتىرىگە ئېلىناتتى. يوق ۋاق-تىدا ئۇرغۇپ چىققانلىرى بولسا، ئومۇمەن، غەزەپ بىلەن تەڭلا تاراپ توزۇپ كېتەتتى. ئەقىللىك تالىپ مۇشۇ نۇقتىنى ـ ئۇس-تازنىڭ غەزىپى نەزم بولۇپ تۆكۈلىدىغانلىقىنى پەملەپ ئالغان-دى. شۇڭا ئۇ، ئۇستازىنى غەزەپلىك ھالىتىدە يالغۇز تاشلىمايت-تى. ئېغىزىدىن چىققانلىكى نەزىم ـ ھېكمەتلىرىنى چاققانلىق بىلەن خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ئۇنى قىينايدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئۇستازنىڭ نەزم ھالىتىدە تەكرار ۋە تەرتىپ دېگەنلەرگە رىئايە قىلىنمايتتى. يېنىشلاپ سورىغان ھالەتتىمۇ بەربىر ئىدى. «ئېسىمدە يوق» ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابى بولاتتى. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئوخشاش مەزمۇن ۋە ئوخشاش پىكرى يەكۈنلەر سىماسە-

دا ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزە ۋە تەلقىنلەر تەكرارەن يۈز بەرگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان، ئۆز-گىچە نەزم - مىسرالار تۆكۈلەتتى. ئەمما بۇنداق پىكرىي تەكرار-لىق كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى.

ئۇ شۇ تاپتا ئىچكى مۇلاقەتنىڭ مۇنازىرە باسقۇچىدا كېتىۋاتاتتى. ئېنىقكى، ئۇ يەنە چوڭقۇرلايتتى. مۇئەمما، ئازاب، مۇلاقەت، مۇنازىرە...

«چېقىمدىن مۇددىئا نېمەدۇر؟» سورىدى ئۇ، ئېگىدىكى مۇنازىرىچىدىن.

«نەپ ئالماق» جاۋاب بەردى مۇنازىرىچى.

«رىياكارلىقتىن مۇددىئا نېمەدۇر؟»

«مەنپەئەتكە ئېرىشمەك»

«بۇرمىلاشتىن مۇددىئا نېمەدۇر؟»

«نام ئابرۇيغا ئىگە بولماق»

«نام - ئابرۇينىڭ يىلتىزى نېمەدۇر؟»

«...»

مۇنازىرە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ باراتتى. ئۇ تەلقىن قىل-غانسېرى چوڭقۇرلاپ، چېچىلغان پىكىر يوللىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ كەلمەكتە ئىدى. يىغىلا - يىغىلا، پىكىر يوللىرى ئاخىرى نۇرلۇق بىر توچكىدا توختاپ، ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك سىلكىنىش پەيدا بولدى. بۇ سىلكىنىش قەلب تۈگۈچلىرىنى يەشتى. پىكىر توسۇقلىرىنى ئاچتى...

— ياز، بالام! — دېدى ئۇ شەپە بەرمەيلا باشلاپ كېتىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، تۇيۇقسىزلا.

كېيىنچە «نەپسى بىرلە جەڭ قىلماقنىڭ بايانى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ رەتلەنگەن مەسنەۋى - نەفس ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ خاسىيە-تى توغرىسىدىكى بىر ئۇلۇغ ئەشئار دەل مۇشۇ كۈنى پۈتۈلگەن-دى.

# باغدا توغۇلغان ئەشئار — «نەپسى بىرلە جەڭ قىلماقنىڭ بايانى»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇش كەپسىزلەر ئەزىزلەر!

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى شۇنداق دېگىنىچە، جەننەت تۇسىگە كىرگەن بېغىغا قەدەم باستى، بۇ، ئۇنىڭ باغقا، باغدىكى يەل ـ يېمىش، گۈل ـ گىياھلارغا بىلدۈرگەن سالام، ئېھتىرامى ئىدى. باشقا جاي — تاغ ـ دەريا، ئېتىز ـ ئېرىق، تاش، تۇپراق... بولغان ھالەتتىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق دېگەن بولاتتى. ئادەمسىز مازار، جامائەتسىز مەسچىت، تالىپسىز مەدرىسەلەر... بىلەنمۇ شۇنداق دەپ سالاملىشاتتى ئۇ. ئۇنىڭچە، ئالدىدىكى جىمى مەۋجۇدات ئۆزىگە خاس تىل ۋە سەزگۈگە ئىگە. ئۇلارمۇ ئىنسانغا ئوخشاشلا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام، كۆيۈنۈش، ھېسداشلىققا موھتاج ئىدى. مۇشۇ موھتاجلىق قانائەت تاپسىلا، ئۇلارمۇ ئۆز تىلىدا ئوتلۇق تىلەكلىرىنى بىلدۈرىشەتتى. ھۆرمەت ۋە رەھمەتلىرىنى ئىپادىلەيتتى. ئۆزىنىڭ ئۇدۇم ھالەت ۋە ئادىتى بىلەن شادلىق كۈيلىرىنى ياڭرىتاتتى. قىسقىسى، ئۇلارمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان داۋراڭسىز جانلىقلار ئىدى.

باغ ھەقىقەتەن گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۆزى تىككەن يەل ـ يېمىشلەرمۇ سانجاق ـ سانجاق مېۋىلىرى ئارقىلىق قاتارغا قوشۇلغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى. دادىسى تىككەنلىرى، ئانىسى تىككەنلىرى، ئۆزى تىككەنلىرى... ئاھ، ھەممىسى قوشۇلۇپ تەڭداشسىز گۈزەل بىر باغ بوپتۇ. كۈچ ـ كۈچكە، مېھنەت ـ مېھنەتكە، ئەقىل ـ ئەقىلگە ئۆتۈشۈپتۇ!...

ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ـ پەل ئېچىلغاندەك بولدى. ھەر قېتىم
ئازابى ئاشقاندا، غەرىپى تاشقاندا باغقا كىرىش ئۇنىڭ ئادىتى بو ـ
لۇپ قالغانىدى. بۇنداق بولغاندا، زىيادە غەزەپ قىلىشتىن، ئايا ـ
لى، بالىلىرى ياكى مەسۇم تالىپلىرىغا ئورۇنسىز ئازار بېرىپ
قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. سايراپ تۇرغان كاككۇك، ئېچى ـ
لىپ تۇرغان گۈللەر، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر، دىماغنى يارى ـ
دىغان مەززىلىك، خۇشبۇي پۇراقلار... ئۇنىڭ قوزغالغان ئەسەبى ـ
گە ئاراملىق بېرەتتى. «غەزەپ قىلغۇلۇق ئەمەس بالام، غەزەپ ئە ـ
قىلنى كېسىدۇ» دەيتتى مەرھۇم دادىسى ئابدۇللا مەزىن. «غەزەپ ـ
كە غەزەپ قايتىدۇ» شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدى ئۇ ئۆزىمۇ...
باغ ـ ۋاران سەۋدانى ئالىدۇ، دەيتتى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئا ـ
نىسىمۇ، ئېغىر تىنىپ يۇرگەن مۇھەممەتكە قاراپ، «گۈل ـ گىيا ـ
ھلارغا نەزەر سېلىپ، سايرىغان بۇلبۇل، بۇقۇلدىغان كەپتەر ـ
لەرنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ تۇرغۇلۇق»...

دېگەندەك، مۇھەممەت ھەممىگە تەكشى نەزەر سېلىپ باراتـ ـ
تى. بەزى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە كېلىپ «ئەسسالامۇ ئە ـ
لەيكۇم» دەيتتى. بەزىسىگە «خۇش كەپسىزلەر ئەزىزلەر» دېگەن
گېپىنى تەكرارلايتتى. يەنە بەزىسىگە «دىدارى غەنىيمەت» ياكى
«مۇلاقەتى غەنىيمەت»... دەيتتى. ئۇ باغدىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخ ـ
نىڭ ئىسمى بىلەن تىل خاسلىقىنى بىلىپ سۆزلەۋاتقاندەك كۆ ـ
رۈنەتتى...

«ھەي!...» بىردىنلا يەنە ئەسلىگە قايتتى ئۇ، باغنى تولۇق
بىر ئايلىنىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن «نېمە ۋەجىدىن، زادى
نېمە ۋەجىدىن؟!...»

ئۇنىڭ يەنە پىغانى ئۆرلىدى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە
تىرىشىپ كۆرسىمۇ، يۈرىكىنى مورلاپ، تاتىلاپ تۇرغان بىر تەلۋە
قول ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيتتى...

ئەمدى ئۇ، يۇرت ـ يىلتىزىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىككى ـ

توكتوك سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە تېز يىلتىز تارتىپ، بۇ قەدەر كۈچ ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ كەتكىنىنىڭ سەۋە ـ بىنى بىلگەندەك بولدى. خانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئالمىشىپ، سەلتەنەت سۈرۈش پۇرستى ئاپاق خوجىغا كەلگەندى. ئۇنىڭ سوپىلار بېشى ئىكەنلىكىنى مۇھەممەت ئوبدان بىلەتتى. بېشى تىرىك يىلاننىڭ قۇيرۇقى مىدىرلىماي قالاتتىمۇ... ئۇنىڭ غەزە ـ پىنى كەلتۈرىدىغىنى بۇلا ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى يۈزلەپ، مىڭلاپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان قالماق لەشكەرلىرى ئۇ ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ ھامان يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئۇ ئىزدىنىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، مۇئەممالار ئۇنىڭ زېھنىي كۈچى ئۈلگۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپىيىپ كەت ـ كەنىدى. ئالەم ۋە ئادەم سۇئالىرى، مەۋجۇداتلىرىنىڭ يارىتىلىشى، جانلىقلاردىكى ئىلاھىي پاراسەت، بۇزۇلغان دىنىي ئەقىدە، ياتلاش ـ قان ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق، كۆز ئالدىدىكى تەرغىباتچى، كا ـ رامەتچىلەر، ئۇنىڭغا يانتاياق بولۇۋاتقان سوپى ـ ئىشانلار... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ روھىنى خورىتاتتى. ۋۇجۇدىنى غا ـ جىلايتتى، يۈرىكىنى تاتىلايتتى... ئەڭ يامىنى كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەر ئىدى!

ئۇ ئۆزىگە ئېغىر ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلغىنىنى سېزەتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازاب ئىدى. «ئاللا يولىنى تۇتماقلىق دۇرۇس تاللاشتۇر» دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە ئۆز يولىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۇرلۇك تەلىم، پەتىۋالىرىدا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مۇشۇ ھەق يولىنى شەرھى ئۆلچىمى قىلاتتى. بۇرمىلانغان دىنىي ئەقىدە ۋە ئەپقاچتى پەتىۋالارغا بولسا ئۇچرىغانلا يېرىدە رەددىيە بېرىپ ما ـ ڭاتتى:

— ئۆزلىرىنى ھەر جۈمە كۈنى مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ جۈمە نامىزىغا داخىل بولىدۇ، يېنىپ كېلىپلا بىزگە ئىمامەتچى ـ

لىمىك قىلىدۇ، دەپ ئاڭلايمىز. بۇنىسى راستمۇ داموللام؟ — قايسى كۈنى خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە يەنە سوئال سوراشتى جامائەت.

— يالغان! — كېسىپلا جاۋاب بەردى مۇھەممەت، — مەككە مۇكەررەم كۈنلەپ ئەمەس، ئايلاپ ماڭىدىغان ئۇزاق يول تۇرسا، بىر كۈندە بېرىپ يانغىلى بولسۇنمۇ؟ ئەپقاچتى گەپ بۇ.

— مەھەللىگە كېلىپ يەرلىشىپ قالغان ئاۋۇ سوپى - دەر-ۋىشلەر بېرىپ كېلەلەيمىز، دېگۈدەكقۇ، ئەمىسە؟

— ئۇمۇ يالغان! — قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى مۇھەممەت ئىمام.

— يوقسۇ، دامولللام ئۇلاردا شۇنداق كارامەتلەر بار ئىكەن، — قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرەيلەن.

ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى، يېقىندىن بېرى بەكلا كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقان كەلگۈندى سوپى - ئىشانلارنىڭ كارامەتچىلىك ھۇ-نەرلىرى ئىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئاياق خوجىنى پەش قىلىپ تۇ-رۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلالمايدىغان سېھرىي - پەنتلىرى يوقلۇقى توغرىسىدا جار سالماقتا ئىدى. ئۇلار ھەرەمگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بېرىپ كېلەلەيمىز دەيتتى. ئۇچالايمەن، غايىب بولالاي-مەن، دەيتتى بەزىسى؛ ئاغرىتىپ قويالايمەن، يوق قىلالايمەن، دەپ ئىشەندۈرىدىغانلار بار ئىدى. ھەتتا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ، تى-رىكنى ئۆلتۈرەلەيمەن، دەپ يۈرتقا ۋەھىمە سېلىپ، جامائەتنى ئۆزىگە مۇخلىس قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. جاما-ئەتنىڭ ھەيرەتتە قېلىۋاتقىنى شۇ ئىدىكى، سوپى - ئىشانلار بىر چاغلاردا جۇلدۇر كىيەن ھالەتتە تىلەپ كېلىپ قالغان شۇ بىر-قانچە كىشىلەر ئىمىلا دېسە شۇ بولۇۋاتاتتى. سەن بالايىقازاغا يو-لۇقىسەن، دېسە شۇ كىشى بىر كىچىدىلا كىملەردىندۇر تاياق يەپ، ئىمجان بولۇپ ياتاتتى. مال - چارۋا كۆزگە يېقىن دېسە، بىر كېچىدىلا قوتان، قوتان ماللار غايىب بولۇپ كېتەتتى، پۇس-

تانى ئۆلىدۇ، دېگەن كۆنىنىڭ ئەتىسىگىلا كىشىلەر شۇ ئادەمنىڭ سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەرىنى ئاڭلايتتى... مانا بۇلارغا، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ غارايىپ ئىشلارغا ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقا كارامەتلەرنى كۆرگەنلەر ئازراق، دېيىلگەن ھالەتتىمۇ، شۇنچە ئادەملەرنىڭ كۆزىچە بىر «سوف» لەش بىلەنلا لىڭگىچاق سوقۇشتۇرۇش، چوكا موللاق ئاتقۇزۇش، چالما ـ داڭگاللارنى پاقىغا ياكى كەپتەرگە ئايلاندۇرۇش، باشتا تۇرغان تۇماق، ياغلىقلارنى يوق قىلىۋېتىش... تەك غارايىباتلارنى كۆرمىگەنلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. مانا بۇلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇنىمۇ يالغان، كۆرمىدىم، دېيىشكە بولسۇنمۇ؟ تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇ ئىدىكى، ئەزەلدىن بۇنداق ھۈنەرنى كۆرسىتىپ باقمىغان، «كارامىتى» بارلىقىغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان قورساقتا ئامراق، چالا ساۋات قازىمۇ يېقىندىن بېرى كىشىلەرگە «كارامەت» كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. جامائەتنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇنىڭ سوپىدىن دۇئا ئېلىپ، سېھىرگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى.

ـــ يالغان ـ ياۋىداق پاراڭلارغا ئىشەنگۈلۈك ئەمەس، جامائەت، ـــ ئاخىر گەپنى ئوچۇق قىلىشقا مەجبۇر بولدى مۇھەممەت ئىمام. ساددا قىزغىنلىقى ئېشىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرگە شۇنداق دېمەيمۇ ئىلاج يوق ئىدى، ـــ ئىسلامدا ئاللا بىردۇر. پەقەت ئاللا ـ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. تىرىكنى يوق قىلىپ، ئۆلۈككە جان بەرمەك ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. ئاللانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەستۇر. مۇشۇ كارامەتلەرنى قولۇمدىن كېلىدۇ دېيىش ئاللا بىلەن سەلتەنەت تالاشقانلىقتۇر. بۇنىڭ ئۆزى كۇپۇرلۇق ۋە كاپىر ـ ئىمانسىزلىق يولىنى تۇتقانلىقتۇر. كۆز بويامچىلىق ـ سېھىر ـ جادۇ بىلەن ئىلاھىي قۇدرەتنى پەرق ئەتمەك زۆرۈردۇر.

جامائەتنىڭ سورىغانلىرىغا بېرىلگەن مۇشۇ پەتىۋامۇ ئەتىسىگىلا يۇرتقا تارىلىپ، قازى ئىشان، سوپى ـ مۇخلىسلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئەمدى ئۇلار مۇھەممەت ئىمامغا قارشى

ئاشكارا جەڭگە ئۆتكەندى. ئۇلار ئۇچرىغانلا يەردە مۇھەممەت ئى-
مامنى جامائەتكە يامانلاپ سىپىستاتتى. ئاسىي، كاپىر دەپ
تىللايتتى. ئۇنى ھامان بىر كۈنى نەس باسىدىغانلىقى توغرىسىدا
بېشارەت بېرەتتى. مۇھەممەت ئىمامنۇ مەسچىت، مەدرىس ۋە ئۆ-
لۇم - يېتىم سورۇنلىرىنى بازا قىلىپ، ئۆز قارىشىنى -
ئىسلامنىڭ ماھىيىتى، دىنىنىڭ پاكلىقى، ئەخلاقنىڭ قىممىتى...
توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تىنىمسىز شەرھلەيتتى. مۇشۇ خىل
زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن، ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن ئۆتكۈر ۋە چوڭ
ھەجىملىك بولغان ئۈچ پارچە شەرھى - تەلقىنى كۆچۈرۈلمە بو-
لۇپ روياپقا چىققاندى. بۇنىڭدا دىن، ئەخلاق، غۇرۇر ۋە كىشى-
لىك مۇناسىۋەت... لەر توغرىسىدا تولىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر
يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ ھال ئۇنىمۇ ئوچۇق مۇنازىرە سەھنىسىگە ئې-
لىپ چىققاندى...

— ئەبەيدۇللا ئىمام، سايىت قازىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسىي،
مۇرتەد دەپ يۈگۈرگىنىنى ئىشتىپ قالدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ نېمە
دېگىنى، ئۇستاز؟ — تېخى يېقىندىلا شۇنداق دەپ سورىغاندى
تالىپلاردىن بىرى.

— بۇ دېگىنى، — ئەستايىدىل جاۋاب بەردى مۇھەممەت ئى-
مام، — سەنمۇ بىز ماڭغان، ئاللاغا شېرىك كەلدۈرىدىغان كۇپۇ-
رانە يولدا ماڭ دېگىنى، - ئۇ چىرايلىق ياستىلغان كەكە ساقى-
لىنى سىقىمداپ قويۇپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىغىنىچە داۋاملاش-
تۇردى، — ئۇلارچە، ئاللانىڭ يولىدا مېڭىش — ئاسىيلىق، شەك
كەلتۈرۈش، بۇرمىلاش — مۇسۇلماندارچىلىق، مۇشۇل قاراش
دۇرۇسمىدۇر، بالىلىرىم؟

— دۇرۇس ئەمەستۇر، ئۇستاز! — بىردەك ئاۋازدا جاۋاب
بەردى تالىپلار.

— دۇرۇس ئەمەس، — مىسال - تەمسىللەرنى ئېلىپ، مەس-
ئۇلىيەتچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مۇھەممەت ئى-

مام، ساۋاق ۋە تەربىيەت ئادىتى بويىچە، ــ ئەسلىيەت مەنىسىدىن كۆرە، ئاسىيلىق دېمەك، ھەق ـ ئادالەت ۋە ئومۇمىيەت يولىدىن چەتنەش دېمەكتۇر. شۇل زامانغا تەققاسلىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە توغرا ئەخلاقى، دىنىي مىزانلىرى... ھەق ـ قانىيەتتۇر. شۇل يولدىن چەتنەش ـ ئاسىيلىق ئېرۇر. ئاسىيلىـ ـ قىنىڭ دائىرىسى زەرا كەڭ بولۇر. چوڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى سېتىش ئاسىيلىقتۇر. كىـ ـ چىكرەك دائىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي مىزانلىرىنى بۇرمىلاش، روھىنى زەھەرلەش؛ ئۇلارنى پاسىق ـ مۇناپىقلار يولىغا باشلاش؛ ئىچىملىك، چېكىملىك، قىمار... كەبى ناشايان ئىشلارغا ئۆگىتىش ئاسىيلىقتۇر. ھەم يەنە مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، خەلق قولىدىكى بىر بۇردا نانىنىمۇ تار ـ تىۋېلىش، ئۇلارنى كەمسىتىش؛ دۈشمەننى كۈچلۈك كۆرسىتىپ، خەلقنى ئاجىز كۆرۈش، دۈشمەننى زىيادە تەشۋىق قىلىپ، خەلق ـ نىڭ روھىنى سۇندۇرۇش؛ ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلىپ، جاسارەتنى پايمال قىلىشمۇ... ھەم ئاسىيلىقتۇر. ئەكسىچە، ياراق ئېلىپ غازاتقا چىققاندىن باشقا يەنە مىللىي قەھرىمانلارنى مەد ـ ھىيەلىگەنمۇ قەھرىمان. قەھرىمان ئۈچۈن مەدەت بەرگەن، ياش تۆككەن، بىر پىيالە سۇ، بىر بۇردا نان بەرگەنمۇ قەھرىمان. قەھرىمانغا تەھسىن ئوقۇغان، ئۇ شۇل تەھسىن ئارقىلىق خەلققە روھىي كۈچ ئاتا قىلغان، ئۈمىد بەخش ئەتكەن؛ ساۋاق ۋە تەربىـ ـ يەت بەرگەنمۇ قەھرىمان. ئېغىر كۈنلەردە، خەلققە ئىشەنچ بېـ ـ غىشلاپ، ئىستىقبال ۋە ئىستىقلال ئۈمىدىنى ئاشۇرغانمۇ... ھەم قەھرىمان. مۇشۇ مىزان بويىچە ئېيتقاندا، تىنىمسىز ساۋاق ۋە تەلىملەر ئېلىۋاتقان ھەر قايسىڭلار قايسى مەۋقەگە تەۋەدۇرسىز ـ لەر، بالىلىرىم؟

ــ قەھرىمانغا!

ــ بىزمۇ قەھرىمان، ئۇستاز!

مۇھەممەت ئىمامنىڭ چاناقلىرىغا لىققىدە ياش كەلدى. تالىپلارنىڭ جاۋابىدىن، ئۇ مىللەتنىڭ ئىمان - ئېتىقادلىق بىر ئەۋلادىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى.

— يارايسىلەر، باللىرىم، يارايسىلەر. سىلەر راست قەھرىمان! — ھاياجاندىن تىترەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى مۇھەممەت ئىمام، — مىللەتنىڭ قانى ھەم روھەنلىرىنى پاكلايدىغان، ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى ئاقلايدىغان، يىلتىز ھەم يانە شاخلىرىنى ساقلايدىغان، بۈگۈننى ئەرتەسىگە ئۇلايدىغان قەھرىمان!...

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ گەپلەرمۇ سىرتقا باشقىچە پەتىۋا بولۇپ يېيىلدى. كىشىلەر، قەھرىمان ۋە ئاسىي توغرىسىدا دېيىلگەن گەپلەردىن، بىز - تالىپ ۋە مۇدەررىسلەر قەھرىمان، ئۇلار سوپى، قازىلار ئاسىي دېگەن مەنىنى؛ «سىلەر راست قەھرىمان، باللىرىم» دېگەن گەپتىن، سىلەر قەھرىمان ئاسىيلارنى يوقىتىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىزدەپ تېپىشقانىدى. بۇ خىل مەنىلەر قازى، ئىمام ۋە سوپىلارنى چىداپ تۇرغۇسىز غەزەپلەرگە مۇپتىلا قىلاتتى. ئۇلار مۇھەممەت ئىمام توغرىسىدا قورقۇنچلۇق بېشارەتلەرنى بېرىپلا قالماي، كىشى ئىشەنگۈسىز سۈيىقەستلەرنىمۇ پىلانلاپ بارماقتا ئىدى.

«نە ۋەجىدىن شۇنداق بولىدۇ؟ نە ۋەجىدىن؟!» ئۇنىڭ ئازابىلىرى ئەمدى مەدرىس ۋە مەسچىتلەردىن كېلىپ قوشۇلغانىدى. پاك تەربىيە ۋە ھالال ئېتىقاد يولىدا كېتىۋاتقان مۇشۇ ئەھلى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ چېقىمچى پايلاقچىلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئۇنى ئازابلايتتى. بۇ ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ سۇسلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ، بۇزۇلغان دىنىي، ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

— ئاھ، نەدەدۇر ۋەجھى ئانىڭ، ۋەجھى ئانىڭ؟! — يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئازاب بىلەن شۇنداق دېدى مۇھەممەت ئىمام.

— پۈتەيمۇ، ئۇستاز؟

مۇھەممەت ئىمامغا سوئدىشىپ يۈرگەن ئوماققىنا تالىپچاق مۇشۇ سوئالى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزىۋەتتى. ئۇ ئۇستازنىڭ بايا دېگەن ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مىسرالار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

مۇھەممەت ئىمام شۇندىلا ئۆزىگە كەلدى. يېنىدا ساداقەتمەنلەرچە باش ئېگىپ تۇرغان چېچەن تالىپقا كۆز يۈگۈرۈتتى. ئۇنىڭ سەللىسى سەل چۇۋۇلۇپ قالغانىدى. بۇ ھالىتى ئۇنى نامرات، بىچارە قىلىپ كۆرسىتىپ قوياتتى. «ساڭا باشقىدىن سەللە، تون قىلىپ بەرمىسەم بولماپتۇ، بالام» دەپ ئويلىدى ئۇ، يېتىم بولۇشىغا قارىماي، زېھنى ئەڭ ئۆتكۈر بۇ تالىپقا ئىچ ئاغرىتىپ. ئۇ مەدرىستىكى باشقا ئون بەش نەپەر تالىپلار قاتارىدا، يېنىدا قونۇپ ساۋاق ئېلىۋاتقان مۇشۇ تالىپقىمۇ خەج ـ خىراجەت بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ تالىپ ساۋاقلاردا ئەڭ ئالدى بولغىنى سەۋەبلىك، مۇھەممەت ئىمامنىڭ چوڭ ئوغلىغا مۇدەررىسلىكمۇ قىلىۋاتاتتى. ئۇنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇ ئىدىكى بۇ ئوغۇل يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا باقماي مۇنازىرىلەرگە ئىشتىراك قىلاتتى. شەرھى ـ تەفسىرلەرگە قاتنىشاتتى، نەزم تۈزۈپ، ھېكمەتلەر پۈتۈپ تۇراتتى، مۇشۇ قىزغىنلىقى بولسا كېرەك، ئۇ ئۇستازىغا ئىخلاس قىلاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا، يېنىدا بىرگە يۈرۈشكە، نەزم مۇلاھىزىلىرىنى قويۇشقا ھېرىس ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، مۇھەممەت ئىمام چوڭقۇر تەپەككۇرغا چۆكۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا قايناق ھاياجان بىلەن تەلقىن قىلغاندا ئېغىزىدىن چىققان تالاي ھېكمەت ـ مۇلاھىزىلەر، نەزم ـ نەسىھەتلەر... دەل مۇشۇ تالىپنىڭ قەلىمى ئارقىلىق پۈتۈلۈپ چىققانىدى. تالىپ ھەر قېتىم پۈتكەن ئەشئارلارنى ئۇستازىغا كۆرسەتكەندە، ھېلىلا ئىلھام كۈچ بىلەن ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزلىرىنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇستاز ئۆز تەلقىنلىرىگە ھەيرانۇھەس قالاتتى. ئۇنى قولغا ئېلىپ، يېـ

نىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ كېتەتتى. بېسىۋالغۇسىز ھاياجانغا چۆمەتتى. ھالقىلىق پەيتتە چېچەنلىكىنى نامايان قىلغان شا ـ گىرتنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق بىلەن ماخ ـ تايتتى...

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى ئەنە شۇنداق ئىختىرا قىلىپ باراتتى. ئىمان، ئەخلاق ياكى ئىللەت... كەبى ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتكە تاقىلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇ ئۇزۇن مۇد ـ دەت، ئازابلىق ئويلىنىش ئېلىپ باراتتى. يول ماڭغاندا، ئاش ـ غىزا ئۇستىدە... ھامان شۇ مەسىلە ئۇستىدە باش قاتۇراتتى. چوڭقۇر ئىچكى مۇلاقەتتە بولۇپ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەي ـ دىغان ئاللىقانداق بىر پىكىر ئىنكىسى بىلەن مۇنازىرلىشەتتى. بەزى چاغلاردا باشقىلار ئەيمەنگۈدەك ئاۋازدا ۋارقىراپ كېتەتتى. بەزىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆرىدەپ قوپۇپ كىمگىدۇر قوللىرىنى شىلتىيتتى. ئاچچىق كۈلۈپ كېتىدىغان، ئازابلىق ياش تۆكىدى ـ غان... چاغلىرىمۇ كۆپ ئىدى. مۇشۇنداق ۋاقتى دەل ئۇنىڭ ئې ـ غىزىدىن نەزم ۋە ھېكمەت تامىدىغان چېغى ئىدى.

ئۇ تەلقىن قىلىپ باراتتى. يېزىۋاتقىنى ئاستا ـ ئاستا «كوللىيات مەسنەۋى» بولۇپ شەكىللەنمەكتە ئىدى. بۇنىڭ سەۋە ـ بىنى، مەسنەۋىنىڭ تىل ۋە دىلغا يېقىنلىقىدىن، ئەركىن ۋە ئەپ ـ لىكلىكىدىن ئىزدەشكە بولاتتى. تېخىمۇ توغرىسى، بۇ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ ئىلھامىي كۈچى بىلەن تاسادىپىي نەزم تۇزىدىغان ئادىتىگە تولىمۇ ماس ئىدى. ئۇ تالاي مۇئەممالار توغرىسىدا ئۇزاق ـ ئۇزاق ئىزدىنىپ، بىر كۇنلەرگە كېلىپ ئۆ ـ زىمۇ تۇيمايلا مۇشۇ ھەقتىكى پىكىر ـ ھاسىلاتىنى نەزم ـ مەس ـ نەۋى قىلىپ تۆكەتتى. بۇ چاغ مەسچىت جامائىتىنىڭ ئالدىغا، مەدرىس تالىپلىرىنىڭ ساۋاقلىرىغا؛ چالا ئۇيقۇلۇق ھالىتىگە؛ يول يۇرگەن، خىيال سۇرگەن... پەيتلىرىگە، قىسقىسى، ئېنىق ۋاقتىنى دەپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاللىقانداق چاغلارغا

توغرا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇلاردىن پۈتۈكچى تالىپ يېنىدا بار چېغىدا ئاپىرىدە بولغانلىرى خاتىرىگە ئېلىناتتى. يوق ۋاقىتىدا ئۇرغۇپ چىققانلىرى بولسا، ئومۇمەن، غەزەپ بىلەن تەڭلا تاراپ توزۇپ كېتەتتى. ئەقىللىك تالىپ مۇشۇ نۇقتىنى - ئۇستازنىڭ غەزىپى نەزم بولۇپ تۆكۈلىدىغانلىقىنى پەملەپ ئالغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇستازىنى غەزەپلىك ھالىتىدە يالغۇز تاشلىمايتتى. ئېغىزىدىن چىققانلىكى نەزىم - ھېكمەتلىرىنى چاققانلىق بىلەن خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ئۇنى قىسىنايدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئۇستازنىڭ نەزم ھالىتىدە تەكرار ۋە تەرتىپ دېگەنلەرگە رىئايە قىلىنمايتتى. يېنىشلاپ سورىغان ھالەتتىمۇ بەرىبىر ئىدى. «ئېسىمدە يوق» ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابى بولاتتى. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئوخشاش مەزمۇن ۋە ئوخشاش پىكرى يەكۈنلەر سىماسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزە ۋە تەلقىنلەر تەكرارەن يۈز بەرگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان، ئۆزگىچە نەزم - مىسرالار تۆكۈلەتتى. ئەمما بۇنداق پىكرى تەكرارلىق كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى.

ئۇ شۇ تاپتا ئىچكى مۇلاقەتنىڭ مۇنازىرە باسقۇچىدا كېتىۋاتاتتى. ئېنىقكى، ئۇ يەنە چوڭقۇرلايتتى. مۇئەمما، ئازاب، مۇلاقەت، مۇنازىرە...

— چېقىمدىن مۇددىئا نېمەدۇر؟ — سورىدى ئۇ، ئېڭىدىكى مۇنازىرىچىدىن.

— نەپ ئالماق، — جاۋاب بەردى مۇنازىرىچى.

— رىياكارلىقتىن مۇددىئا نېمەدۇر؟

— مەنپەئەتكە ئېرىشمەك.

— بۇرمىلاشتىن مۇددىئا نېمەدۇر؟

— نام - ئابرۇيغا ئىگە بولماق.

— نام - ئابرۇينىڭ يىلتىزى نېمەدۇر؟

— ...

مۇنازىرە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ باراتتى. ئۇ تەلقىن قىلغانسېرى چوڭقۇرلاپ، چېچىلغان پىكىر يوللىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ كەلمەكتە ئىدى. يىغىلا ـ يىغىلا، پىكىر يوللىرى ئاخىرى نۇرلۇق بىر توچكىدا توختاپ، ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك سىلكىنىش پەيدا بولدى. بۇ سىلكىنىش قەلب تۈگۈچلىرىنى يەشتى. پىكىر توسۇقلىرىنى ئاچتى...

— ياز، بالام! — دېدى ئۇ شەپە بەرمەيلا باشلاپ كېتىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، تۇيۇقسىزلا.

كېيىنچە «نەپسى بىرلە جەڭ قىلماقنىڭ بايانى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ رەتلەنگەن مەسنەۋى ـ نەفس ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىكى بىر ئۇلۇغ ئەشئار دەل مۇشۇ كۈنى پۈتۈلگەندى.

# ئۇ ــ مۇھەممەت ئەمەس، مۇرتەد!

ئۇلارنى ـ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىدىن ھاقارەت ئىشتكەن سايىت قازى، ئەبەيدۇللا ئىمام ۋە بىر چاغلاردا يەكەن، قەشقەر تەرەپلەردىن يېتىمچى بولۇپ، چىقىپ قالغان، ھازىر يۇرتتىكى مۇھىم پەتىۋاچىلار سانىلىدىغان شەيخ سوپى، شادى دەرۋىش.. قاتارلىقلارنى ئورتاق ئۆچمەنلىك بىر يەرگە جەم قىلغانىدى. سايىت قازى ساھىبخان بولۇپ، غەزەپ ۋە سۈيىقەستكە يەنە بىر رەت پىلتە يېقىپ بېرىۋاتاتتى.

ــ ھاي توختەك چىلىمنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ قوي! ــ توختى ئىسىملىك يىلىلىقچىسىنى شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى سايىت قازى، ئۇنىڭسىزمۇ خىزمەتكارلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشەتتى.

سورۇن بۇلۇڭىدىكى مېھمانخانا ئۆيگە راسلانغانىدى. قاراڭغۇراق كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆيدە شۇ تاپتا توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمەتلەر تېپىلاتتى. «قورساق تويسا ھېساب، ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىش كۇپرانلىق» دەپ جار سېلىپ يۈرگەن مۆھتەرەم پەتىۋاچىلار، مانا ئەمدى پىنھاندىكى بۇ ئۆيدە «جەننەت ھۆزۈرى» نى سۈرمەكتە ئىدى.

ــ ئەكەلسىلە، مەن بىر شوراي، قازى، ــ دەپ چىلىمنى قولغا ئالدى، باياتىن بېرى تولا شوراپ ـ شۈمۈپ تەمى قالمىغان بىرنەچچە تال ناسۋالنى «چىرت!» قىلىپ تۈكۈرۈۋەتكەن شەيخ سوپى، ــ ئاشقلىق يامان ئىكەن قازى. ھېلى ناسۋال چېكىپ باقىمەن، ھېلى نەشە تارتىپ باقىمەن، ھېچ بېسىقمىدى بۇ

ئوت. ئاللا ۋەسلىگە يەتمەك قىيىن ئىكەن، بەسىي مۈشكۈل ئىكەن.

— بەرھەق، بەرھەق! — ئاۋاز قوشتى شادى دەرۋىش، — جانابى شەيخ سوپى، كەمىنە شادى دەرۋىشلا ئەمەس، كاتتا - كاتتا شاھى دەرۋىشلەرمۇ شۇل يولدا بىر ئۆمۈر رىيازەت چەككەندۇر. رەنجى - دىشۋار ئۆمۈرلۈك ئىرۇر، ۋىسال مەنزىلى ئەبەدىيلىكتۇر. شۇڭا، پىرى قەلەندەرىيەلەرمۇ ۋەسلى ئىزدەپ جاھان كەزگەندۇر. مازارى - ماشايىخلاردا نەشە چىكىپ، چىلىم تارتىپ ھۆرى - غىلمانلار بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولغاندۇر...

— بەرھەق، بەرھەق!

ئۇلار بىر - بىرىگە مۇشۇ تەقلىدتە مەدەت بېرىشىپ باراتتى. توختىماي يەيتتى، چېكەتتى، ئىچەتتى. دەرۋىشلىك كۆلا ۋە جەندىسى بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر كونىراپ ۋە پاسكىنىلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا سايىت قازىمۇ نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن دەرۋىشلىك تونىنى قازىلىق تونىنىڭ ئورنىدا كىيىۋالدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. لېكىن، بىرلا يېرى، ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقى ئۆزىگە مەدەتكار بولۇپ كېلىۋاتقان شەيخ سوپى ۋە شادى دەرۋىشلەرگە ياقاتتى.

شەيخ سوپى ۋە شادى دەرۋىشلەرنىڭ بىر چاغلاردا قەلەندەرچىلىك ۋەجىدىن كېلىپ قالغانلىقىنى، يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، تۇز - تائام بېرىپ باققانلىقىنى قازى ناھايىتى ئوبدان ئەسلىيەلەيتتى. بىراق، بۇلار قانداقسىگە سېھرىي - كارامەتلەرگە ئىگە ئابرۇيلۇق دەرۋىشلەردىن بولۇپ قالدى، ھەتتا ئۆزىمۇ شۇلارغا تايىنىدىغان بولۇپ قالدى؟ ئۇ، بۇلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيتتى. دەرۋىشلەر ئۇنى ھەيرانۇ - ھەس قالدۇراتتى. بىر كۈنى «ئاخشام چۈشلەتەنلىرىم ۋە ئالتۇنلۇرۇم مازارىنى تاۋاپ ئەيلەپ، شۇ زامات

يۇرتقا هازىر بولدۇم» دەيتتى. بەزىدە «بابا ھەزرىتى ئاپاق خوجا ئەۋلىيا بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ كەلدىم» دەيتتى. «پىر – ئۇستازىمىز ھەزرىتى ئاپاق خوجا جانابلىرى مۇشۇ يۇرتتا ئىشانى ئەبەد بولۇش ئۈچۈن دۇئا بەردى»... دەيدىغان چاغلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ھەيران قالارلىقى، ئاپاق خوجا توغرىسىدىكى پاراڭلار كۆپەيگەنسېرى، تەرەپ – تەرەپتىن كېلىدىغان سوپى – دەرۋىشلەرنىڭمۇ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي، ئۇلار كۆرسىتىدىغان سېھرىي – كارامەتلەرمۇ ھەر خىللىشىپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇ كارامەتلەر ئۇنى شەكسىز قايىل قىلاتتى. ھەزرىتى ئاپاق خوجىنىڭ دۇئايى بەركاتى بىلەن دىلدا ھاسىل بولغان ئىلاھى كارامەتلەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇمۇ، يۇرتتىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ دەرۋىشلىكىنى تەرغىب قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرمەي، مۇشۇ باياشات يۇرتقا ئۇۋۇلاپ قالغىنىنى؛ ئائىلە ۋە روزىغارىنى تەرك ئېتىشنى تەرغىب قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بايلىق توپلاۋاتقانلىقىنى، قانچىلىغان قىزلارغا دۇئا بېرىپ، خوتۇن قىلىپ يۈرگىنىنى ۋە تالاي قىز – چوكانلار بىلەن ئېرى بار دېمەي، ئىشپەش تارتىشىپ يۈرگىنىنى.. بولسا ھېچ كىشى ئېغىزغا ئالمايتتى. ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ئاشىقلىق ئۇلۇغ يول، — بىردىنلا گەپنى بۇرىدى سايىت قازى، ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىمۇ شۇ ئىدى، — ئەمما لېكىن، مۇشۇ يولدىكى توسالغۇ – مۇھەممەت ئىمامنى قانداق قىلماق كېرەك؟ دەرۋىش بولۇشقا مۇناسىپ جامائەت ئۇنىڭغا مۇخلىس بولۇپ، روزىغارغا ئاشنا بولدى. شۇل سەۋەب ئۇ كۆرەڭ، پەتىۋاچى، مېنىڭ قازىلىقىمنى بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى ئۇ. جانابى سوپى، دەرۋىشلىرىم، مۇشۇ ئىشنى..

— نە ۋەجىھىدىن مۇھەممەت دەيدىلا ئۇنى، قازى؟ – چىلىمنى بولۇشىغا شوراپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن شەيخ سوپى

خاپىلىق ئارىلاش سۆز قاتتى، — ئەنسىرەپ تۇرىدىلايۇ، يەنە مۇھەممەت، تېخى مۇھەممەت ئىمام دەپ تۇرىدىلا. ئۇل جەدىدىي ـ كاپىرونىنىڭ ئەھلى مۇسۇلمانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ بۇ، قازى.

— خوش، بىچارىلارچە باش ئەگدى سايىت قازى.

— نە سەۋەب مۇھەممەت بولغۇدەك؟ — چىشلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن چىقىرىپ داۋاملاشتۇردى شەيخ سوپى، — مۇھەممەت ئەمەس، مۇرتەد ئۇ!

— بەرھەق، مۇرتەد! — دەرھاللا ئاۋاز قوشتى ئەبەيدۇللا ئىمام. ئۇمۇ قولىدىن كەتكەن ئىماملىقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھەر قېتىملىق پىتنە ـ سۇيىقەستلەرگە شېرىك بولۇپ يۈرەتتى.

— ئۇ شۇم ئېغىز كاپىر ھەددىدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى زادى، تەقسىرلىرىم، — دېدى باياتىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي چىلىم شوراپلا ئولتۇرغان بەكرى دەرۋىش. ئۇ «ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدىن كەلدىم» دەپ، يۇرتقا يېڭىدىن باش تىققىنى بىلەن، ئۆز تەسىرىنى ناھايىتى تېزلا تىكلىۋالغان ئابرۇيلۇق دەرۋىش ئىدى، — ئاڭلاشتىلىمىكىن، مەسچىتتە، ئاللا يولىغا مېڭىپ، ئاشىقلىق پەرھىزلىرىنى تۇتقانلارنى كەمسىتىپ، ئاسىي ـ مۇرتەدلىكنى تەرغىب قىلىدىغان نەزم ئوقۇپتۇ.

— شۇنچە يوغان ئىشنى ئاڭلىماي قويغۇلۇقمۇ، ئاڭلىدۇق.

— ئىشتمەمدىغان، ئىشتتۇق، — تۇشمۇتۇشتىن ئاۋاز قوشتى ھەممىسى.

— ھە يەنە مەدرىستىمۇ تالىپلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، كاپىرانە جۆيلۈپ يۈرۈۋېتىپتۇدەك، — داۋاملاشتۇردى بەكرى دەرۋىش، — بۇنى ئاز دەپ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملاردىمۇ جامائەتنىڭ ئالدىدىلا يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى تۆكتى. ھەر قايسىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە بار، پېقىر ۋە ئەبەيدۇللا ئىمام

شۇنداق سورۇنلارنىڭ بىر قانچىسىدە ئۇل ئىمانسىز بىلەن قاتتىق مۇنازىرىدە بولدى. ئەمما لېكىن، ئىمانسىز گەپدان بولۇر دېگەندەك، ئۇل كاپىر بىزگە زىنھار گەپ بەرمىدى. سەككىز ـ ئون تالىپمۇ ئۇ تەرەپ بولۇپ قۇرئان، ھەدىسلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ ئېغىزىمىزنى ئاچۇرمىدى. جامائەت ئالدىدا يۈزىمىزنى تۆكتى. ئابرۇيىمىزنى چۇشۇردى. ئۇ مۇتىھەمنىڭ ئىناۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كەتتى...

— ھەق راست. ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدىكى ئابرۇيى بەك ئېشىپ كەتتى. ھازىر ھەممە شۇنىڭدىن پەتىۋا سورايدىغان بولدى. مەندىن پەتىۋا سورايدىغانلارنىڭ تايىنى قالمىدى. ئىلگىرى بەرگەن پەتىۋارلىرىمنىمۇ يوققا چىقىرىۋەتتى ئۇ دەيۈز، ـ چالا مەستلىكىدە قايناپلا كەتتى سايىت قازى، ـ ئاللا ۋەسلىنى ئىزدىگەن ئادەمگە روزىغار تۇتۇش مۇناسىپ ئەمەس، دېسەم، ئاللا: يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپخورلۇق قىلماڭلار، دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇر ئېلىڭلار دېگەن، روزىغارلىق بولماق كېرەك دەپتۇ. ئاللا يولىنى تۇتقانلار ئۆيلەنمەسلىكى، بالا تاپماسلىقى لازىم، دەپ پەتىۋا بەرسەم، پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۆيلەنگەن، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنتلەرنى كامىل مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيلەش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى. قازىنىڭمۇ خوتۇنى بارغۇ؟ دەپ جۆيلۈپ پەيغەمبىرىمىزگە شەك كەلتۈرۈپتۇ. پەيغەمبىرىمىز راست ئۆيلەنگەنمۇ تەقسىر؟ — گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دەرھاللا شەيخ سوپىغا قارىدى ئۇ.

— بۇ ... قايسى پەيغەمبىرىمىزنى دېگەندۇ، ئۇ كاپىر؟

— راست، قايسىسىنى دېگەندۇ؟

ھەممە بىر ھازا جىم بولۇپ قېلىشتى. ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان كىچىك ھېجىردىكى شەربەتنى بىر يولىلا غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەن ئەبەيدۇللا ئىمام گەپنى دەرھال بۇرىدى:

— جامائەتنىڭ ئالدىدا كۆپ قېتىم قارغىدۇق ئۇ كاپىرنى، يا ئۆلمىدى، يا بىر يېرى سۇنمىدى. بىزگە بەك سەت بولدى، سەت بولدى!...

— راست دەيلا، — يەنە سۆز قاتتى بەكرى دەرۋىش، — باشقىلارغا ئۆتكۈزگەن دۇئايى - هېكمەتلىرىمىزنى شۇل مۇرتەدكە ئۆتكۈزەلمىسەك، بۇ يەرنى... نېمە دەيتۇقا بۇۋەنى؟... راست، چوغتال، هە چوغتالى ئەزىمنى تاشلاپ كەتسەك بولۇر...

— روزى هاپىز، سەلەي دوقا، هېزىم چورۇق... دېگەن مۇخلىسلىرىمىز ئەسلى كارغا كەلمىدى. هەر قېتىم بارغاندا ئىشنى ئەپلەشتۇرەلمەي... — ئاغرىندى شادى دەرۋىش. ئۇنىڭ دەۋاتقىنى، مۇهەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ماڭدۇرۇپ، ئىشنى بۇزۇپ يېنىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ گېپى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ دەرۋىش، جامائەتنىڭ ئالدىدىلا: كاپىر - ئىمانسىز مۇهەممەتنى دۇئايى - بەد قىلدىم. مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە يا پۇت - قولى سۇندۇ، يا ئۆلدۇ، دېگەندى. ئەمما دېگىنىنىڭ هېچقايسىسى ئىشقا ئاشمىدى.

— قىسقىسى، يا ئۇ تۇرۇشى كېرەك، يا بىز!

— بەرهەق، ئۇنىڭ كاپىرانە تەرغىباتى، پىتنە - تۆهمەتلىرىگە هېچ چىدىغىلى بولماستۇر، تەقسىرلىرىم.

— ئۇنى مۇدەررىسلىكتىن قوغلاش كېرەك.

— ئىماملىقىنى تارتىۋالماق زۆرۈر.

شىر كەيپلىكتە ئۇلارنىڭ غەزىپى ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندى.

— تەخىر قىلىشىلا، تەخىر قىلىشىلا، — دېدى، بايا ئۇجۇقۇپ كەتكەن شەيخ سوپى بىردىنلا سۆز ئېلىپ، — جامائەت ئالدىدىكى نوپۇز - ئابرۇيى بۇ كەبى ئېشىپ كەتكەن ئول كاپىرنى بۇنداق ئاسان قوغلىغىلى بولماس. قوغلىغان هالەتتىمۇ، ئۇنىڭغا

ئىتائەت قىلىپ يۈرگەن نادان جامائەتنى ئىشەندۈرگىلى، بېسىقتۇرغىلى بولماس. يەكچەشەنبىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال، دېگەندەك، مۇشۇ نادان، گول جامائەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپراق ئىش كۆرمەك لازىممىكىن، تەقسىرلىرىم.

— تەمسىلگە، قايداغىراق قىلساق بولۇر تەقسىر؟

— بۇنى مۇنداق قىلىلى... — دېدى شەيخ سوپى چىشلىرىنى كاراسلىتىپ تۇرۇپ، — بۇگۈنلا بولسۇن، يەنە ئەپلەشمەي، چېنىشىپ يۈرمەيلى. جامائەتنى ئازدۇرغان، قازى، دەرۋىشلەر بىلەن پۈت ئېتىشقان بۇنداق مەلئۇننى!...

— راست، ئاللا توۋىسى چىقىپ كەتسۇن، جامائەتمۇ كۆرۈپ قويسۇن!...

— بارىكاللا، ھازىرلا تەييارگارلىق قىلسۇن. ھاي توختەك، كەل بۇياققا!

— ھاي ھېزىم چورۇق دېگەن يارىماس، قادىر مىس باش سەنلەرمۇ كېلىپ تەييارلىقنى تەقلەپ بېرىش، نىياز شوپاڭ سەنمۇ كەل!

ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە راسا ئىچىشتى، چېكىشتى. يول - يوللارغا چىقىپ قارىغدى:

— ۋەھى كەلدى، ئىمانسىز مۇھەممەت ئۆلىدۇ!

— پىر - ئۇستازىمىز ھەزرىتى ئاپاق خوجا بۇيرۇق بەردى، مۇرتەد، جەدىد مۇھەممەت يوقىلىدۇ!

جامائەت ھەيرانلىق ۋە ئەندىشە بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى. چوڭ - كىچىك ھەممە «مۇھەممەت داموللام قارغىشقا كەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق» دېيىشتى.

لېكىن، ئويلىمىغاندا، ئەتىسى مەھەللىگە بىر خەۋەر تارالدى: سايىت قازىنىڭ يىللىقچىسى توختى كەيپىلىكتە ئېزىپ، مۇھەممەت دامولللامنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ بېرىپتۇ. دامولللام ئۇخلاۋېتىپلا ئۇنى كۆرۈپ، قولىنى بىر سىلكىگەنىكەن،



ئېغىل ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ تېمى توختىنى بېسىۋاپتۇ. دامولللام ئۆزىگە كەلگەن خەۋپنى ئالدىن بىلەلەيدىغان ئەۋلىيا ئىكەن...

بۇ خەۋەرنىڭ باش ـ ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرگىلى ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن توختى ئىسملىك يىلقىچىنىڭ مۇھەممەت ئىمامنىڭ ئېغىل تېمى ئاستىدا ئۆلگىنى راست ئىدى...



# تىنجىماس چايانلار

جەمادۇل ئاخىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى.

ھاۋا ئوچۇق. ئالتۇن رەڭ قۇياش ئوتلۇق نۇرلىرىنى زېمىنغا كۈچ بىلەن سېپەتتى. ئەمدىلا چاشگاھ ۋاقتى بولۇشىغا قارىماي، يەر ـ جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئەتراپ يېلىنجايتتى. يىراق بوشلۇقلاردا، كۆيگەن ھاۋا ئالۋۇن كەبىي جىمىرلايتتى. ھەممە ياق ئوتلۇق، ھەممىلا ياق ھارارەتلىك ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا باقماي، ئالەم ئەمدىلا يورۇغان چاغدىكىدەك ھاياتبەخش بىر ئويغۇنىشنىڭ بۈيۈك سەھنىسى ۋە گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇراتتى: يېقىن ئەتراپتىكى باغلاردىن كاككۇكلارنىڭ بەس ـ بەستە سايراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. قويۇق چاتقاللىق، دەرەخلىكلەر ئارىسىدا ئاللىقانداق قۇشلار چاڭىلداپ سايرىشاتتى. توپ ـ توپ بولۇشقان ئاق قۇشقاچلار گاھ ئاۋۇ بوستانلىققا، گاھ ماۋۇ بوستانلىققا؛ بىردە، سۆۋادان تېرەكتىن جىغانلار ئۈستىگە، بىردە، زىرىق شاخلىرىدىن جىگدە ـ ماندالارغا قونۇشاتتى. شاد ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە ۋە بەسلىشىپ تۇرۇپ ۋىچىرلىشاتتى. ھەرە، چىۋىنلەرمۇ ئىسسىق ھارارەت كۈچىدە ئورنىدىن بالدۇرلا قوزغىلىشقانىدى. ئۇلارمۇ شاختىن ـ شاخقا، شاپاقتىن ـ شالتاققا ئاچكۆزلۈك بىلەن قونۇپ يۈرۈشەتتى. بىر ـ بىرلىرىنى خوشلۇققا چىللاپ گىڭىلدىشاتتى. غىڭىلدىشاتتى. ھاۋا ئىسسىغانچە، ئۇلارغا بايرام ئىدى...

ئالەم قىزىپ باراتتى. يىراقتىن ــ خانقاسۇنىڭ تەرەپتىن،

نەپەسنى قىسقۇدەك دىمىق هاۋا قېتىدىن زىل ۋە ياڭراق بىر قوڭغۇراق ئاۋازى جاراڭلاپ كېلەتتى. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى، قۇشقاچلارنىڭ گۇرۇلدەپ ئۇچۇشلىرى، ياۋا توشقانلارنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا چۆچۈپ قېچىشلىرى كۆپىيەتتى.

قوڭغۇراق ساداسى ئاخىرى يېقىنلاپ كەلدى. ئىككى يېقىنى يۇلغۇن، جىغان، زىرىق، ماندا، سېرىق بۇيا، پىچان، قومۇش... كەبى ئۆسۈملۈكلەر ئوراپ تۇرغان توپىلاڭ يولدا، سايىۋەنلىك بىر مەپە هارۋا غىلدىرلاپ كېلىۋاتاتتى. مەپىنىڭ ئالدىدا، 15~10 قەدەم ئۇزاقلىقتا، چىرايلىق ئېگەرلەنگەن قارا گىر ئاتقا مىنىۋالغان شالاڭ ساقال، سەللىلىك بىر ئادەم يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ، ئەبەيدۇللا ئىمام ئىدى. ئۇ، چوڭقۇر ئويغا پېتىپ مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن يەنە ئاللىقانداق خۇشلۇق ۋە مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆز خىياللىرى بىلەن غەش ۋە يەنە يەتكۈسى ئارزۇلىرى بىلەن خۇشال ھەم راھەتلىك ئىدى. «بېگىمنىڭ مۇشۇ سەپىرى بىرلە، ئىشىم ھەل بولۇپ، مۇرادىم بىر ھاسىل بولۇپ كەتسىغۇ...» دەيتتى ئۇ، ئاتنى سىيلىق دېۋىتىپ كېتىۋېتىپ. بىر ياقىقا قارىسا، قىيامەتلىك دۇشمىنى — ئورنىنى تارتىۋالغان مۇھەممەت ئىمام كۈچلۈكتەك بىلىنەتتى. يەنە بىر تەرەپكە — تۇنۇگۇنكى ھەمشىرىكلەر سۆھبىتىگە ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولمىش ساۋۇت بەگنىڭ قەدەم تەشرىپىگە باقسا، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ قالىدىغاندەكمۇ قىلاتتى. «ئىلاھىم، ئىشىم ئوڭغا تارتارا!» دەيتتى ئۇ، تەكرار ـ تەكرار. قولاق تۈۋىدە مەھەللە چوڭلىرىنىڭ ئىشەنچكە تولغان ئاۋازى ھېلىدىن ـ ھېلىغا جاراڭلاپ تۇراتتى. بۇ ھال، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئاشۇراتتى.

— بىزلەر، ھۇزۇرلىرىغا بىكارغىلا يىغىلمىدۇق، ئەبەيدۇللا ئىمام، — دېگەنىدى تۇنۇگۇنكى مېھماندارچىلىقتا، كەيپ بولغان سايىت قازى، — جانابلىرىنىڭ دەردلىرىگە ئورتاق داۋا

بولۇرمىز. مۇھەممەت، ئۇ ھەممىمىزنىڭ دۈشمىنى ئېرۇر. ئۇنى يوق قىلماي تۇرۇپ، ھېچبىرىمىزگە ئارامچىلىق يوقتۇر. ئەدناسى، مەھەللىنىڭ قازىسى پېقىر توغرىلىق، ھۆكۈم ـ پەتىۋالار مۇھەممەتتىن چىقسالەر، كەمىنە چىداپ تۇرۇرمۇ؟ يوقسۇ. بۇ خۇسۇستا يۈرەكلەر قان ـ زەرداپ يۇتماقتالەر. شۇل سەبەب بادەئىي كۆكنارنى خاگۇڭ يوق ئىچۇرمەن. شۇل سەبەب كەيىپ بولۇرمەن. جېنىم ئىمامىم، ئەل ـ جامائەت دېگەنلىرى تۇزكورى بولىدىكەن. سىلىگىلا ئەمەس، ماڭىمۇ زىيادە ئەلەم قىلدى ئۇلار. يېڭى كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق دەپ، مۇھەممەت دېگەن شۇمبۇيا مەھەللىگە قاچان ئۇندى، شۇندىن بېرى ماڭىمۇ ئاراملىق يوق. شۇل سەۋەب، جانابلىرىنىڭ دەردى — ھەم يانە بىزنىڭ دەردىمىز تەقسىر. مۇھەممەت دېگەن ئەھلى جاھىلنى مەسچىدى ـ ھەرەمدىن قوغلاپ چىقارىپ، ئول مۇبارەك مېھرابى ـ پەشتاقتا بىر ئۆزلىرىنىڭلا قەدەملىرىنى بېسىشلىرىغا مانا بىزلەر مەدەتكارمىز، ئىمامئاخۇنۇم! ئىشلار بىرۋاراقىي ھەل بولۇر. ئەۋۋالەمبار ئۆزلىرىنىڭ، ئاندىن سۆڭرە بىزلەرنىڭ...

— بەرھەق! سىلى ھايات تۇرغان يەردە، جانابلىرىدىن ئۆزگە ھېچبىر بەندەدە مەھەللە ئىماملىقىغا لاياقەت يوقتۇر، — گەپ قىستۇرغاندى باست مۇفتى، چىلىمنى ئېغىزىدىن ئاجرىتىپ تۇرۇپ، — ھېچبىرى، زىنھار بۇ مەرتىبىگە لايىق ئەمەستۇر. بۇنى بىزلەر بىلۇرمىز. باشلىرىنىڭ ئوڭشىلىشىغا بىزلەر مەدەتكارمىز!

— رەھمەت... مىڭ مەرتىبە تەشەككۇر! — كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەندى ئەبەيدۇللا ئىمام، — شۇنچە زامان ئىمامەتچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، تۈيۈقسىزلا، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالسا، ئىنسانغا ئۇيات بولىدىكەن تەقسىرلىرىم. جامائەت دېگەن يۈزسىز بولىدىغان خەقكەن. بىر دوملاپلا ئاشۇ ئازغۇن تەرەپكە ئېغىپ

كېتىشتى. ماڭا ياردەم قىلىشقايلا. دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى بىر كۆتۈرۈشكەيلا. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىغا ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلاي. دىللىرى تارتقان ھەر نەرسىلەر بىرلە رەھمەت ئېيتاي. مەن ھەرقايسىلىرىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولاي. ئىككى ئالەم خۇش بولۇپ كېتەي!...

ــ بولدى ئۇنداق قىلمىغايلا، باشلىرىنى كۆتۈرگەيلا ئىمام، ــ دېدى شەيخ سوپى، ئىززىلىنىپ ئولتۇرۇپ، يەرگە پىشانىسىنى يېقىپ يىغلاۋاتقان ئەبەيدۇللا ئىمامنى ئۆرە ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، ــ سايىت قازى دېدىغۇ، شۇل زابان ھەممىمىزنىڭ ئېرۇر. سايىت قازىنىڭ ئەھدى ـ نىيەتى ھەم بىزنىڭ ئېرۇر. مۇھەممەتنى يوق قىلماق كېرەك. ئەمما لېكىن، ئۇل مەلئۇننى ئۇشبۇ دەملەردە باقىيغا ئۇزۇتۇش دۇرۇس ئەمەستەك بىلىنۇر. ئۆتكەن سەپەردىكى يوق قىلماق چارىمىز، ئۇل جەددىي ـ كاپىروننىڭ يۇرت ئىچىدىكى شۆھرەت ـ نوپۇزىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، جاھان بويلاپ تاراتتىلەر. ئۇشبۇ دەستىرخاندا ھازىر بولۇپ تۇرغان ئەزىز تەقسىرلىرىم بىلىپ يەتتىلەركى، مۇھەممەت ئاتلىق ئۇل شاياتۇننى ئەبەدىيەتكە يوق قىلماق ــ ئۇنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئەل قەلبىدە ئەبەدىيلەشتۇرمەك بولۇر. شۇل سەۋەب، ئۇنى باقىيغا يوللاشنى ئاللانىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇپ، نام ـ مەرتىبە، نوپۇز ۋە ئىناۋەت ياقلارىدىن يوق قىلماق ئەڭ خوپ چارىدۇر. بەلكى، ھۆرمەتلىك سوپى ھۇسەيىنخان ھەزرىتىمنىڭ بۇنىڭدىنمۇ مۆلۈك چارە ـ تەدبىرلىرى باردۇر... ــ ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتقان سىياقتا ئولتۇرغان ھۇسەيىنخان سوپىغا يۈزلەنگەندى.

ــ خوش، ــ دېگەندى ھۇسەيىنخان سوپى تۇزۇت قىلىپ، ــ ئەۋۋەل ھەرقايسىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىغا قايلىمىز. بىزلەر بۇۋەگە يېڭىياچە...

ــ يوقسۇ، يوقسۇ، سوپى ھەزرىتىم، ــ دېدى بەكرى

دەرۋىش، ئالدىراپ ـ تېنەپ گەپكە ئارىلىشىپ، ـــ ئۆزلىرى دېگەن جاھان كۆرگەن، خوجا ئاللاھىمدىن دۇئا ئالغان مۇبارەك زاد. ئۆزلىرىدەك غايىبنى بىلىدىغان پىر ـ ئۇستازلار تۇرغان يەردە، بىزلەرگە چارە ئويلاش نەھاجەت؟ يەنىلا ئۆزلىرى ئەقىل كۆرسەتكەيلا.

ـــ دۇرۇس گەپ قىلدى.

ـــ بەرھەق.

خۇش كەيپ بولۇشقان سورۇن ئەھلى تۇشمۇ تۇشتىن گەپ قىستۇرۇشقانىدى. پۈتۈن ئۈمىد ۋە ئىلتىجالارنىڭ بىر ئۆزىگىلا مۇجەسسەم بولغىنىنى سەزگەن ھۇسەيىنخان سوپى، قەددىنى رۇسلاپ، گېلىنى يېنىشلاپ قىرىپ تۇرۇپ، مەغرۇر قىياپەتتە سۆز ئالغان:

ـــ ئەۋلىيا ئاپاق خوجا ھەزرىتىم شۇنداق ئېيتىدۇلەركى، نىيەت قىلسا، ھاسىل بولماس مەقسەت يوقتۇر. مەقسەت ئۈچۈن سەبەب لازىمدۇر. جامائەت دېگەن چىم باشلاپ ماڭسا ئەگىشىۋېرىدىغان قوي پادىسى يەڭلىغ غەپلەت توپى ئېرۇر. جىسمانىيەتتىن كۆرە، ئۇلار گوياكى بىر توپ غالجىر ئىت. ياخشى ـ يامانىنى ھېچ پەرق قىلالماستۇر. چىم يۇندا بەرسە، شۇنىڭغا قايلاپ قۇيرۇق شىپپاڭشىتىۋېرۇر. ۋاقتانى ـ ۋاق كەلسە، ئېگىسىنىمۇ چىشلەپ قويۇر. بۇ يەڭلىغ مىساللار كۆپ، زەرا كۆپتۇر. ئەمما لېكىن، روھانىيەت ياقىدىن كۆرە، جامائەت دېگەن ئۆزى، بىر كۆيدۇرگۈچ ئوت ئېرۇر. ئۇنى باشلاپ قاياقلارغا ئاتسا، شۇ ياق كۆيۈپ كۈل بولۇرلەر. بۇ دېگەنلىك ئۆزى، ئۇلارنىڭ روھلارىنى تەسلىم قىلدۇرماق، ھەر مۇددىئاغا ئۇيغۇن بىر چارەدۇر. بۇنىڭغا ئاپاق خوجا ئاللاھىم تەمسىل ئەمەسمىدۇر؟ ئول كەرەملىك، جامائەتنىڭ ھېچبىرىدىن ۋايىسمىغانلەر. ھېچبىرىنى تەرك ئەتمىگەنلەر. ئەكسىچە، بەجايىكى يىڭنە بىرلە قۇدۇق قازغان كەبىي، ئۇرۇق ـ بىخلارنى سۆيۈپ ئۆستۈرگەن

كەبى، جامائەت روھلاربغا پەرۋىش قىلدىلەر. ئاقىبەت نېمە بولدىلەر؟ ئاللاننىڭ ئىرادىسى بىرلە، ساناقسىز مۇخلىس روھلارنىڭ مەدەت ـ ھەمكارلىقى بىرلە خان بولدىلەر. جاھاندا يىگانە بولدىلەر! پېقىر دېمەكچىمەنكى، جامائەتتىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس، ئۇلارنى ئەگەشتۇرگۈلۈك. بۇنىڭغا قاراملىق ئەمەس، ئەقىل كېرەكتۇر، ئۆزى. پېقىر، جانابىي ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ مۇبارەك خانىسىدا كۆن چىقاردىن بېرى ئىشتىپ كەلدىمكى، ئۇشبۇ دەستىرخانغا جەم بولماقتىن مۇددىئا، رەقىب ئۇچۇن چارە تېپىشتۇر. رەقىب — بارچەنى چۆچۇتكەن، ھەم يانە پېقىرنى سەگىتكەن ئازغۇن مۇھەممەت ئېرۇر. ئەمما، كالامىم شۇلكى، مۆھتەرەم سوپى ـ دەرۋىشلەرىمىنىڭ ئىباراتلارىدىن كۆرە، مۇھەممەت ئاتلىق ئول ئازغۇن ئەلدە زىيادە شۆھرەتلىك بىلىنۇر، ھەم يانە زەرا مېكىرلىك كۆرۈنۇر. شۇ بائىز، ئول جەدىدىنىڭ جانىغا ئېمەس، ئەل ئاراسىدىكى شۆھرەت ـ نوپۇزىغا قەست قىلماق جايىز. قىلىنماق بولغان بۇ قەستىنىڭ پىچاغى بىزلەرنىڭ قوللارىمىزدا ئېمەس، بىزلەردىن ئاجىزلارنىڭ قوللارىدىمۇ ھەم ئېمەس، ئۆزىنى بارچەدىن كۈچلۈك سانىغانلارنىڭ قوللارىدا بولماغى زەرۇردۇر. بۇنىڭغا ئەڭ ئۇيغۇن چارە، قەست پىچاغىنى يۇرت كاتتىسى بولمىش ساۋۇت بەگكە تۇتقازماقتۇر، ئۆزى. بىزلەر پىلان قۇرۇرمىز، ئول بەندەئىي ھەۋا بەجا كەلتۇرگۇسىدۇر. شۇندا، بارچە ئىشلار ئۇتتۇغلۇق بولغۇسىدۇر. بۇ يەڭلىغ چارەلەرىمىز ئەندىجاندىمۇ ھەم، سەمەرقەنددىمۇ ھەم جۇدە ئۇتتۇغلۇق بولغاندۇر. بۇ يەڭلىغ چارەنىڭ يانە غالىب چىقماغى خۇسۇسىدا پېقىرغا غايىبتىن بىشارەت باردۇر، ئۆزى. ئېيتارىم شۇلكى، ئىباراتلارىڭىزلەردىن كۆرە، ساۋۇت بەگ جۇدە ئىشرەتخور كۆرۈنۇر. ئول بەگنىڭ شۇ دەملەردىكى ئىشرەت خاھىشى ئەلبەتتە، قورساق ئىشرەتى ئېمەس، توقلۇقتىن تۇغۇلىۋاتقان شوخلۇق ئىشرەتى، ئۆزى. شۇل

بائىز، ئۇل بەندەئىي ھەۋانىڭ بارچە ئىشرەت خائىشغا يول قويماق زەرۇر. ئاندىن سۆگرە ئىككىنجى قەدەمگە كېلۇرمىز...

— مۇبارەك ھۇسەينىخان سوپى ھەزرەتنىڭ ھەر كەلىمىسىنى تولۇق چۈشەندىم!

— چارە بۇندىن ئارتۇق بولماس. ھەر كەلىمە بىر ھېكمەت!

— جانابىي ھۇسەينىخان سوپى ھەزرەتنىڭ ئەقىل ھەم تەدبىرلىرىگە ئاپىرىن. مۇشۇ تەقلىددە ئىش ئېلىپ بارغايمىز. مۇھەممەت ئاتلىق ئۇل مەلئۇننى جامائەت، يۇرت ـ مەھەللە ئارا شەرمىسار قىلغايمىز!

— ئەمدى يىغلىمىغايلا، ئەبەيدۇللا ئىمام، — سۆزنى يەنە ئۆزى يىغقانىدى، سايىت قازى، كەيىپتىن يېشىلگەندەك بولۇپ، — ئاللا خالىسا، ئىشلىرى ھەل بولغۇسى. ھەممىمىزنىڭ باشلىرىمىز غەمدىن قۇتۇلۇپ، سا... ساقايغۇسى. ئىشىمىزنى ئەتىلا باشلايلۇق. ساۋۇت بەگكە مانا پېقىر ئەلچى بولۇپ بارۇرمەن. سەبەب كۆپ: ئۇجمە ۋاقتى، ئۆرۈك ۋاقتى بۇ. باغ سەيلىسىگە چىللايمەن، دەپ ئېيتۇرمىز. سىلى ئۇچۇن، ئۆز خانەمگىلا چىللايمەن!...

— رەھمەت. تەشەككۈر، قىيامەتلىك بۇرادەرلىرىم، مۆھتەرەم تەقسىرلىرىم. كەمىنە، ھەرقايسىلىرىنى ئۇ ئالەم ـ بۇ ئالەم...

«خەپ، مۇھەممەت! خۇدا خالىسا، ئاللا نېسىپ قىلسا، سېنى...»

ئەبەيدۇللا ئىمام، يىغلامسىرىغان ھالەتتە ئۆزىگە كەلدى. تۈنۈگۈنكى ھەمسۆھبەتلىرىدىن زىيادە رازى بولغىنى ئۇچۇنمۇ، بۈگۈنكى خوشلۇقتىنمۇ ياكى مۇراد تاپقۇسى ئارزۇسىنىڭ ھاياجىنىدىنمۇ، چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. ئۇ، ئات ئۇستىدە ئەمەس، گوياكى شېرىن خىياللار ئۇستىدە ئىدى. بىر ـ بىرىدىن تاتلىق ۋە تۈگىمەس خىياللارغا مىنىپ كېتىپ

باراتتى...

مەپىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئىككى ئاتلىق ئادەم ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ بىرى بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ، ئاق كۆينىكى ئۈستىدىن ھاۋا رەڭ پوتا باغلىۋالغان، ياغاق يۈز، كەكە ساقال ئادەم ئىدى. كەڭ تامبىلىنىڭ پۇشقىقىدىن ھوشۇقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەسە ـ كالاچلىرى ئۈزەڭگە ئۈستىدە يەڭگىل تەۋرىنەتتى. يەنە بىرى، دۈگلەك يۈز، ئاق پىشماق يىگىت بولۇپ، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقاندەك ئىدى. پاكىز قىردۇرغان بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغانىدى. قارىماققا، بۇلار ئىككىيلەن ئىختىيارەن مېڭىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەس ـ يادى، پۈتۈن دىققىتى مەپىدە، مەپىدىكى ئادەمدە ئىدى. ئۇ كۈلسە، ئۇلارمۇ تەڭ كۈلۈشەتتى. ئۇ نارازى بولسا، چىرايىنى پۈرۈشتۈرسە، بۇ ئىككەيلەنمۇ چىرايلىرىنى، ئاۋاز ۋە قىياپەتلىرىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىپ كېلىشەتتى.

مەپىگە قوشۇلغان قىزىل چىلانتورۇق ئات سىيلىق، چىرايلىق يورغىلاپ قەدەم ئالاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈك تۇياقلىرى يەرگە ھەر تەگكەندە، توپا ئېقىنى ئەتراپقا فونتاندەك چاچرايتتى. تۆت تەرەپكە سۇدەك ئاقاتتى. تۇياقلار ئاستىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاپئاق توپىلار مەپە ئۈستىگىمۇ يامىشىپ ئۆلگۈرەتتى. تېخى بايىلا كۆپكۆك پېتىقلارنى كېچىپ كەلگەن تۇياقلار، مانا ئەمدى گەجگە دەسسىگەندەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەپىگە قوشۇلغان بۇ ئاتنىڭ تويغا ماڭغان قىزدەك ياساندۇرۇلغانلىقىنى توپا ـ تۇمان، لاي ـ پېتىقلار قېتىدىنمۇ بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى.

چىرايلىق بېزەلگەن مەپە ئۈستىگە قات ـ قات كۆرپە سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە، نامى يۇرت ـ يۇرتلارغا مەشھۇر بولغان ساۋۇت بەگ گۈلدار تەكىيىگە يۆلەنگىنىچە قىڭغىيىپ ئولتۇراتتى. بۇ، ئىگەرچى ئاتلىق زېمىنى كەڭ ۋە گۈزەل يۇرتنىڭ

كونا بەگلىرىدىن ئىدى. ساۋۇت بەگ بۇغداي ئۆڭ، دۇگلەك يۈز، شاپ بۇرۇت، مەڭىزلىرىدە قان يۈگۈرۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ، پولتىيىپ تۇرغان يوغان، ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ، بېشىغا قىزىل مانچىستېر دوپپا كىيىۋالغانىدى. پاكىز قىرىلغان ئېڭەكلىرىنى پات ـ پات سىلاپ قويۇپ، ۋە بەزىدە قويۇق بۇرۇتىنى مىجىغىنىچە يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ باراتتى. بىردە سۇ بېسىپ كەتكەن، بىردە، دوغاپتەك پېتىق ئاستىدا قالغان، يەنە بىردە، ئاپئاق توپىلار سۇدەك ئېقىپ تۇرغان يولغا قارىغىنىدا، ئۇنىڭ كەيپى دەرھاللا بۇزۇلاتتى. بىراق، يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى ھەدېگەندىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۇجمە دەرەخلىرى ۋە ئۇنىڭ شاخلىرىدىكى مەي باغلاپ پىشقان ئاق، چېقىر ۋە قىزىل ئۇجمىلەر ئۇنى يەنە دەرھال شۇكرانىلىق ئارىلاشقان مەستانىلىق قويىنىغا باشلاپ كېتەتتى.

«ئاللا تائالا نېمىدېگەن ئۇلۇغ!» دېدى ئۇ ئىختىيارسىزلا، ئۇجمە شاخلىرىدا ۋىچىرلىشىپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا قاراپ، «ھەممە جان ـ جانىۋارلارنى ئۆز رىسقى ـ نېسىۋىسى بىلەن يارىتىدىكەن. بىرىنىڭكىنى يەنە بىرى يەپ كېتەلمەيدىكەن. يەنە كېلىپ، ئاۋۋال ئۇجمىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆرۈكنى، ئۆرۈك تۈگەي دېگەندە شاپتۇلنى، ئاندىن قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما ـ نەشپۈت، ئۈزۈم ـ ئاللىگىرات... لارنى پىشۇرغىنىنى قارىمامدىغان. ئېخ ئاللا، ئۇلۇغ ئاللا!...»

ئۇ، كېتىۋاتقان مەنزىل تەرەپكە قاراپ قويدى. يول ھېچقانچە ئاينىمىغاندەك قىلاتتى. تۇياقلاردىن ئاۋۋالقىدەكلا ئاپئاق توپىلار توزۇيتتى.

— ئىتتىكراق ھەيدىگىنە، ئەمەر! — دېدى ئۇ، ئاتنىڭ يېنىدا يالاڭئاياغ مېڭىپ كېتىۋاتقان مەپىكەشكە قاراپ، — بۇ كۆڭۈلسىز توپىلىقتىن چاپسانراق چىقىپ كېتەيلى.

— خوش، بېگىم! — دېدى مەپىكەش، ئۆيىمىدىن ئويغانغاندەك بىر ھالەتتە چۆچۈپ، — باياتىن بېرى ئۆزلىرىنى سىلىكىنىپ كەتمىسۇن دەپ، قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ... ئوبدان. خوپ! — ئۇ شۇنداق دېگەچ، ئاتقا يەڭگىل بىر قامچا سالدى، — تىرت چۇھ!...

مەپە، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا تەۋرىنىپ ۋە سىلىكىنىپ، شامالدەك غىلدىرلاپ ماڭدى. قوڭغۇراقنىڭ زىل ئاۋازى تېخىمۇ تېزلەشتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر، سايلىق ۋە تاشلىقلار... بىر - بىرلەپ ئارقىدا قالدى.

جاھان دېمىق ئىدى. ھاۋانىڭ يېقىمسىز بىر ھالدا ئىسسىپ كېتىشى، مەپىنىڭ دۆڭدىن - كاتاڭغا، تاشتىن - داڭگالغا سەكرەپ مېڭىشى، ساۋۇت بەگنى بىئارام قىلدى. كۆڭلىدە بۇ سەپەردىن سەل پايسىنىپمۇ قالدى. ئەمدى يەنە بايىقى گېپىدىن يېنىپ، «ئاستا ھەيدە!» دېسۇنمۇ؟ قاچان يېتىپ بارىدۇ چوغتالغا، ئۇنداقتا؟...

«مەنمۇ بىر ئەخمەق بولدۇم - دە!» دەپ ئويلىدى ئۇ، سەكرەپ - تاسقىلىپ كېتىۋېتىپ، «خانىقاسۇڭدا شۇنچە كۆپ باغ - ۋاران تۇرسا، شۇنى تاشلاپ چوغتالغا كېتىۋاتقىنىمنى قارىمامدىغان. باغ سەيلىسى دەپ بارغانغا تۇشلۇق قانچىلىك بىر نەرسە يەپ كېتەرمەن. قانچىلىك ئويناپ - سەيلە قىلىپ كېتەرمەن. بەش - ئون تال ئۆرۈك، ئون - ئون بەش تال ئۇجمىنى دەپ...» بىر ھازادىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى ئۇ، «ھەزرىتى ئاپاق خوجا ئەۋلىياغا قول بەرگەن كارامەتلىك سوپىدىن يەنە بىرى كەلدى، دەپ قالدى، بولمايدىغان بولسا...» گەرچە ئۇ، شۇنداق دەپ ئويلاۋاتسىمۇ، كۆڭلىنىڭ يەنە بىر يېرى ئاللىقانداق بىر ئوتلۇق زارىقىشتا تىترەيتتى. يۈز بەرگۈسى تەڭداشسىز بىر شېرىن مەستلىككە ئىنتىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىنقى سەۋەب بەك مۇھىم ئىدى - يۇ، لېكىن كېيىنكى تەلپۈنۈشتىن

زادىلا كېچەلمەيتتى...

مەپە ئىگەرچى مەھەللىسى ئىچىگە كىرگەنىدى. مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتسىلا... ئۇ بىردىنلا، چوغتالدىكى سايىت قازىنى ئەسلەپ قالدى. تونۇگۈن ئۇ ئالايتەن ساۋۇت بەگنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ، تېگىدە گەپ باردەك بىلىنىدىغان سىيلىق ئىلتىجالىرى بەگنى باشقىچە قىزىقتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. تاتلىق خىياللارغا ئەسىر قىلاتتى... شۇئان، بايىقى بېزىشلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ، ئۆز مەنزىلىگە تېزرەك يېتىشنى ئىستەيتتى ئۇ.

— ئۇجمىلەر تۆكۈلمەككە باشلىدى. ئۆزلىرىگە ئاتىغان كىشمىش ئۆرۈكلەر پىشىپ ئۈلگۈردى. بەگ جانابلىرىنى ئەرتە باغ سەيلىسى قىلدۇرماق ئۈچۈن مەخسۇس چىللاپ كېلىۋىدىم. ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي بىر بېرىپ بەرگەن بولسىلىرى، بۇ شورلۇق بېشىم ئاسمانغا تاقىشۇر ئىدى، — دېدى سايىت قازى، تەكەللۇپلۇق سالام - سائەت ۋە ئەھۋال سورۇشىشلاردىن كېيىن، ساۋۇت بەگنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئەرزىمەس خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىلىك ئالغايلا بېگىم.

— سەيلىگە يەنە كىملەرنى چىللاپ قويدىلا ؟ — بۇرۇتىنى چىمداپ تۇرۇپ سورىدى ساۋۇت بەگ، سايىت قازىغا ئولتۇرۇش ئىجازىتى بېرىپ تۇرۇپ ۋە چاي - مەززەگە تەكلىپ قىلغاچ. ئۇ، تومۇر تۇتۇۋاتاتتى. بېرىش - بارماسلىقنى ئەمدىكى جاۋابقا قاراپ بېكىتمەكچى ئىدى.

— يوقسۇ بېگىم، جانابلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز بىرووۋلارنى چىللىغىلى بولۇرمۇ؟ دەسلىۋالاسدا ئۆزلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن سۆڭرە باشقىلارغا كېلۇر. كىملەر بىرلە جۇيلىرى كېلىشۇر، كىملەر بىرلە كېلىشمەس... بۇ ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق. بۇ ئىشتا مۇبارەك ئېغىزلىرىغا قارايمىز، بېگىم، — ئۇ، شۇنداق دەۋېتىپ، قات - قات كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان

قوروپ ئولتۇرغان، قىزارغان، پارقىراق يۈزلىرىدىن كۆچ ـ قۇۋۋەت نۇرلىرى تەپچىپ تۇرغان بەگكە قاراپ قويدى. بەگ، پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلام سومۇرۇپ قويۇپ، قويۇق بۇرۇتىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. بۇ، ئۇنىڭ دىلىغول بولۇۋاتقىنى ئىدى. ئادەتتە ئۇ، مېھماندارچىلىقتا ئاسانلىقچە بارمايتتى. ئۇ بارغان ھامان ئاشۇ مەھەللە ـ ئايماقلاردا بايرام بولۇپ كېتەتتى. «ساۋۇت بەگ مەھەللىمىزگە كەپتىمىش.»، «ساۋۇت بېگىم كەپتۇ» دېيىشىپ، چوڭلار بىر ـ بىرلىرىگە خەۋەر يەتكۇزۇشەتتى. بالىلار، بەگنىڭ مەيىسى ۋە ئېتىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، بەگ چۈشكەن ئۆينىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىشاتتى. بۇ، ساۋۇت بەگنىڭ ئاۋامغا زىيادە مېھرىبانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى نامىنىڭ يۇرت ـ يۇرتلارغا مەشھۇرلىقىدىن ئىدى. مەشھۇر ئادەمنىڭ ھەممىلا نەرسىسى مەشھۇردە!

ــ مېنىڭ تازا تاۋىم يوق تۇرىدۇ، سايىت قازى، ــ دېدى ئۇ، كۆڭلىدىكى دىلىغۇللۇقىنى نېزىرقاشقا ئۆزگەرتىپ. ئۇ، سايىت قازىنىڭ جاۋابىدىن خېلىلا قانائەت تاپقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز كېيىرىنى كۆرسەتكۈسى كېلىۋاتاتتى، ــ بارسام، سەل ھەرەج تارتىپ قالۇرمەنمىكىن؟

ــ يوقسۇ، بېگىم، ــ دېدى سايىت قازى دەرھاللا، ــ كەمىنە زىيادە ئەتراپلىق تەييارگارلىق قىلماقنى دىلىمغا پۈكتۇم، ــ ئۇ، بەگكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، پەس ئاۋازدا دېدى، ــ تاۋىلىرىنىڭ تازا ئوبدان بولمايۋاتقىنىنى كەمىنە بىر قاراپلا بىلدىم. شۇل ۋەجىدىن، ئۆزلىرىگە ياقىدىغان، مىجەزلىرىنى تەڭشەيدىغان دورا ـ تەدبىرلەرنىڭ يولىنىمۇ قىلىپ قويدۇم. قۇمغا كىرىشنى راۋا كۆرسىلىرى، ئۆزلىرىنى ئاپتاپتا كۆيدۇرمەي، تەشنالىقتا قالدۇرماي قۇمغا سېلىشنىڭ يولىنى قىلىمەن. شۇ كۈنلەردە قۇم راسا قىزىدى. بىزنىڭ چوغتالنىڭ

قۇمدەك شىپائىي قۇملۇق ئۆزگە ئىقلىمدا زىنهار تېپىلماستۇر.
ياق دېسىلىرى، ياغلىنىپ ئاپتاپقا قاقلانسىلىرىمۇ بولىدۇ. ئەرگە شىپالىق بېرىدىغان قوداي يېغى، ئېيىق يېغىدىن، يەنە ئۇنىڭ تال، بۆرەك، جىگەر دېگەندەك ئىچ ئەزالىرىدىن ئازراق تاپتۇرۇپ كېلىشۈيدىم. ياغلانسىلا. ئىچ ئەزالىرىنى يەپ، قۇۋۋەت تاپسىلا. سىلىدەك، «ئىشقا» خۇمار ئادەمگە تازا دورا دېسىلە ئۇنى. دەرھاللا پايدا قىلىدۇ... بۇنىڭغىمۇ رايىلىرى بارمىسا، مەن يەنە ئۆزلىرىگە... — سايىت قازى قۇۋلۇق بىلەن ھىجايدى. ئۇ، پۈتۈن يۈز مۇسكۇللىرىغا كۈلكە يوگۇرتۇشكە تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئورۇق يۈزلىرى قورۇلۇپ، چۈشۈپ كەتكەن ئۇدۇل چىشلىرىنىڭ بەدرەڭ مىلىكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.
— «دەرھاللا پايدا قىلىدۇ» دەپ قالدىلىغۇ قازى ئاخۇنۇم، — ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ ئۆزىگە ياقىقان جۈملىسىنى تەكرارلىدى بەگ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ ياقىدىغىنى مۇشۇ ھەقتىكى گەپلەر، مۇشۇنداق ئىشلار ئىدى، — دەرھال پايدا قىلسا، ئادەمنى قىيناپ قويۇرمىكىن؟
— كەمىنە خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ يولىنىمۇ قىلىپ قويۇغلۇق، — ساقاللىق ئېڭەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، مەككارلىق بىلەن جاۋاب بەردى سايىت قازى ۋە پىخىلداپ كۈلدى.
— ئۇنداقتا، خاتۇن خەق، بالا - چاقا دېگەنلەرنى ئالمايلا بارىدىغان گەپمۇ - نېمە؟ — بەگ ئەمدى رەسمىي قىزىغاندەك قىلاتتى. كۆپۈشكەن تومۇرلىرى، ئۆرغۈپ تۇرغان قانلىرى، ئويغانغان شەھۋەتلىرى ئۇنىڭ بېرىشىغا مەدەت بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى.
— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسە، دورا قىلىدىغان يەرگە يالغۇز بارغانلىرى ئەۋزەل...
سايىت قازى، بەگنىڭ ئۆز ھۇزۇرىغا بېرىشقا ماقۇل

بولغانلىقىغا ئەمدى رەسمىيلا ئىشەندى. «شادى دەرۋىش: كەمىنە، ئول بەگلىرىنىڭ خوي ـ پەيلىنى پەملەپ بولغانمەن. ساۋۇت بەگ كېلىشكە بەك ئۇنىمىسا، بىر ئامالىلار بىلەن خاتۇن خەقنىڭ، بولسا، تازا قاملاشقان خاتۇنلارنىڭ گېپىنى چىقارسىلا، دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەندە!» دەپ ئويلىدى ئۇ، تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بەگكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ. ئارقىدىنلا يۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، باشقا غەرەزلىرىنى ئېيتتى.

— خاس مەشغۇلاتلىرى ئەلۋەتتە ئايرىمچە بولغۇسى، بېگىم، — دېدى سايىت قازى يەنە، — ئەمما لېكىن، نەغمە ـ ناۋا، سۆھبەت ـ سامالارنى بىر ئادەم بىرلە قىزىتىپ بولماس. شۇڭا دەيمەنكى، كۆڭۈللىرى تارتقان بىرەر ـ يېرىم مېهمانلىرى بولسا...

— بايا دېدىلىغۇ... دورا قىلىمەن دەپ بارغاندا، ئادەم يانداپ نە قىلاي؟... — سايىت قازىغا مەنىلىك قاراپ قويدى بەگ، — ئىچىم پۇشۇپ قالغۇدەك بولسا، سىلىنىڭ چوغتالدا مۇھەممەت داموللام دەپ، يۇرت كەزگەن، نەزمە پۇتىدىغان بىر ئىمام بارغۇ، شۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ قويسىلا. ياقا يۇرتلاردا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى دەپ بېرىپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى ئالۇر.

— ئۇ... ئۇ، كاللىسى زىيادە ئېلىشەڭگۇ بىر بەندە، بېگىم، — دېدى سايىت قازى دەرھاللا، — نەغمە ـ نەۋا، كەيپى ـ ساپا... دېگەننى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. بۇرۇنلاردا ساز دېگەنگە جان دەپ يېپىشار ئىكەن. شۇ كۇنلەردە، بۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەملەرنىمۇ بەك يامان كۆرەر بولدى. بۇ، نەۋا قىلىپ، خوش كەيپ بولىدىغان ۋە ئانىڭ پەيزىنى سۇرۇدىغان چاغ ئېمەس، دېگۇدەك پەتىۋالىرىدا ھېممىشە. ھازىر نېمىشقا بولمايدۇ، خوش كەيپ بولىدىغان ۋاقىت زادى قاچان؟ بۇنى ھېچكىمشى بىلىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن سوراشقىمۇ ئىمكان يوق. سىلىگە دېسەم، مەھەللىدىكى بار دەردلەر شۇنىڭدىن كېلىۋاتىدۇ، بېگىم.

ئۇنىڭ دەردىدىن، ئەبەيدۇللا ئىمام ئىلىشىپ سارائ بولاي دېدى. بىر ئۇلا ئەمەس، مانا بىزلەرمۇ...

— ھەرقانچە پەتىۋاچى، پىتنىچى بولسىمۇ، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئادىمى كەلگۈندى سوپى ـ دەرۋىشلەردىن ياخشىراقتۇر، قازى؟

كۈتمىگەن بۇ سوئالدىن، سايىت قازى گاڭگىراپ قالدى. ئۇ، بەگنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ، ئىشنى خىمىغا ياندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتى. شۇڭا، دەرھاللا ماسلاشتى:

— بەرھەق. دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، بېگىم، — دېدى ئۇ، ئۆز قارىشىنىڭ ساۋۇت بەگنىڭكى بىلەن مۇتلەق بىردەكلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، بېشىنى تۆۋەن سىلىپ تۇرۇپ، — شۇغىنىسى، ئۇ ئادەم...

— بولدى، بولدى، — دېدى بەگ، تولا گەپ قىلىشىنى خالىماي، — ئۇل زاد بىرلە پىيازلىرى گىچ ـ گىچ بولسا، ئۆزلىرى خاھلىغان نامدار ـ مۆتىۋەرلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىلىرىمۇ مەيلى. مەھەللە چوڭلىرى بارغۇ يەنە؟ باسىت مۇفتى دەيمىز، قاسىم مۇھتەسىپ دەيمىز...

— ئۇلار... ئەلبەتتە ئۇلارمۇ بولىدۇ. ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياج ـ خاھىشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۆزلىرىگە ئۇلپەت بولالايدىغان ئەڭ يارامىلىق نامزاتلار: شەيخ سوپى، شادى دەرۋىش، ئەبەيدۇللا ئىمام، يانە بەكرى دەرۋىشلەر ئېرۇر، بېگىم.

— ساپلا سوپى — دىنىي زادلاردىن ئىكەن، ئۇلار بىلەن قانداقسىگە؟...

— خاتىرجەم بولغايلا، بېگىم. بۇ ئىشنى دەل شۇلار بىرلە مەسلىھەتتە قىلغانمىز. يانە، ھۇسەيىنخان ئاتلىق بىر كاتتا سوپى يۇرتىمىزغا قەدەم باستىلەر. ئۆزىنىڭ بايان قىلىشىغا كۆرە، ئاپاق خوجا پىرىمىنىڭ قولىنى تۇتقان، ئول كەرەملىكتىن يەتكۈچە دۇئايى ـ رىزالىق ئالغان ئۇلۇغ زاد ئىكەن. ئۆزلىرىدىن قالسا، يانە بىر ئەزىز مېھمانىمىز شۇل زاد بولۇر.

— ئۇنداق بولسا، بوپتۇ ئەمەسە، دېگەنلىرىدەك بولسۇن. خۇدا خالىسا، تەشرىپ بۇيرۇش نىيىتىپ قىلۇر.

— رەھمەت، بېگىم! — ئورنىدىن دەرھاللا تۇردى سايىت قازى، — رەھمەت! ئەرتە، ئىمكان بار ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كېلۇرمەن. تەسادىبەن، تەييارگارلىقتا ئالدىراپ قالغۇدەك بولسام، مەھەللە چوڭلىرىدىن بىرى ئۆز ئورنۇمدا ھۇزۇرلىرىغا كېلۇر، بۇنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا، بېگىم. شۇل زاد ئۆزلىرىگە يول باشلاپ بارغۇسىدۇر. ھۇسەيىنخان سوپى ھەزرەت، يانە بىزلەر خانەمىزدە ئۆزلەرىنى تۆت كۆزدە كۈتۇرمىز. ئول زاد بىرلە دىدارى مۇلاقەتتە بولسىلىرى، جانلىرى يايراپ كەتكۇسىدۇر...

مەپە يەڭگىل تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتى. دېمىقتا نەپسى قىسىلىپ بېرىۋاتقان ساۋۇت بەگ، بىردىنلا تۇنۇگۇنكى سۆھبەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىنى تەكرارلاپ قويدى: «ئول زاد بىرلە دىدارى مۇلاقەتتە بولسىلىرى، جانلىرى يايراپ كەتكۇسىدۇر...»

«دېمەككى، ئۇلارچە، بولغۇسى مۇلاقەتتىن، ئۇلارنىڭ، ئول سوپىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ جېنىم يايرىغۇدەك ئەمىسە؟» ئاچچىق بىلەن شۇنداق دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، «بىر كەلگۈندى سوپى - قەلەندەر بىلەن دىدارى - ئەسرار بولغىنىم سەۋەبلىك خۇشھال بولسام بولغۇدەك - دە! تۇنۇگۇن بۇ ئىباراتلارغا نە ۋەجھىدىن كۆڭۈل قويمىدىم؟ سىلىگە دورا تەييارلىدىم... دېگەنلىرى قۇلۇقۇمغا كىرىپتۇ - يۇ، ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ قاسماق، گېزەندى سوپىدىن تۆۋەن كۆرۈلگىنىمنى ھېچ سەزمەپتىمەن. مېنىڭ مۇشۇ مىجەزىمنى - زە!... ئاشۇ تىرناقچىلىك بىر مەھەللىنىڭ قازىسى بولغان سايىت قازى جېنىدا مېنى!...»

ئۇنىڭ ئېزىقلىرى يەڭگىل غۇچۇرلىدى. يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى غەزەپلىك قىسىلدى...

«كەينىمگە يېنىپلا كەتسەمچۇ؟» بىردىنلا شۇ خىيال كاللىسىدا ئەگىدى ئۇنىڭ، «سوپىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ ئىمام، مۇفتى، قازى دېگەن نېمىلەر بىلەن بىر داستىرخاندا ئولتۇرغۇچە، بارمايلا قويسام؟...» ئاربىدىن بىرقانچە تېنىق ۋاقىت ئۆتۈپ، خىيالىدىن يەنە ياندى، «بولدىلا، يولۋاس ئىزىدىن ياناماس، يىگىت سۆزىدىن دەپتىكەن. چوپچوڭ بىر يۇرتنىڭ بېگى تۇرۇپ لەۋزىمدىن يېنىپ يۈرسەم دۇرۇس بولماس. يەنە كېلىپ، تېخىمۇ مۇھىمى، سوپىلارنىڭ زامانى بولۇپ كەتتىغۇ بۇ. ئاپاق خوجامغا قول بەرگەن سوپىدىن بىرى كەلدى دەپ قالدى. ئاپاق خوجا دېگەن ــ خان. شۇل زاماندا بەگ بولمەن دېگەن كىشى ئۇل زادقا سەل قاراپ بولماس. باراي، بېرىپ باقاي. دېتىمگە ياقمىسا، بىر گەپ بولۇر...»

مەپە قويۇق دەرەخزارلىقلارنى، يۇلغۇن، قومۇشلۇقلارنى ئارقىغا تاشلاپ، يولنى داۋام قىلىپ باراتتى. ساۋۇت بەگ، ئۆز ئىلكىدىكى بۇ مەنزىرىلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، مۇڭ ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئەتراپقا باقاتتى. قارىغانسېرى، كۆرۈنگەن مەنزىرىلەر ئۇنىڭ دىل ئارامىنى بۇزۇپ، تىنچ كۆڭلىگە غەشلىك كەلكۈننى باشلاپ كېلەتتى. بولۇپمۇ، تېرىلماي تاشلىۋېتىلگەن بويىلام ـ بويىلام يەرلەردىكى ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئاچارچىلىق ۋەھىمىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ، ئۆيىدىن چىققاندىن بېرى كۆرۈۋاتقىنى، پۈتۈنلەي ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن، كۆكتات ـ زىرائەتلەردىن ئەسەرمۇ بولمىغان تاشلاندۇق يەرلەر ئىدى. بۇنداق كېتىۋەرسە، يۇرتنى ئاچارچىلىق باسامدۇ. ئاچارچىلىقتا يەم بولغان يۇرتنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولسۇنمۇ؟

ئۇ، ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالدى. يىراق ـ يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتقان تاشلاندۇق يەرلەردىكى رەتسىز ئوت ـ چۆپلەر، ئۇنىڭ كۆزىگە ساپايە سوقۇپ، جەررە سېلىۋاتقان ساناقسىز

قەلەندەر ـ دەرۋىشلەر بولۇپ كۆرۈندى. ئۇلار دېھقانلار ئىدى. ئۆز يەرلىرىنى پايخان قىلىپ، نان بەرگەن ئېتىزلىرىدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ سوپىلىق قىلىۋاتاتتى. قېرىلار، ياشلار، ھەتتا گۆدەك بالىلار... ھە ـ ئە، ئۇلار بەك كۆپ كىشىلەر ئىدى.

«جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟» ئىختىيارسىزلا قايىندى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، «ھەممىلا ئادەم ئۆي ـ ۋاقا، يەر ـ زېمىنلىرىنى تاشلاپ، سوپى ـ دەرۋىش بولۇۋالسا، قانداق گەپ بۇ؟ زادى...»

ئارقىدىنلا ئۇ، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ قويدى. تۇيۇقسىز دېيىلىپ كەتكەن ئىچكىي نارازىلىقلىرىدىن چۆچىدى. بىلەتتىكى، ئۇ، تۇنۇگۈن، بۈگۈنكى تەجرىبىسىز، ياش بەگلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىدراك ۋە تەجرىبىلىرى، ئۆتكەن خانلارنىمۇ، شۇ زامانىنىڭ خانىنىمۇ مەنپەئەت نۇقتىسىدىن خېلى ئوبدانلا دىتلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۇكنىڭ يېتىشىغا» ئىش كۆرۈش — ئۇنىڭغا ئۆلمەس مىزان بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇنچە زامان كۈچ ۋە سېھرىنى يوقاتمىغان بۇ ئەڭگۈشتەر سۆز، ئەمدىلىكتە ئۇنتۇلۇپ كەتسۇنمۇ؟ ياق، يەنە ياشايدۇ بۇ سۆز! ئۇ، شۇ زامانىنىڭ كونا، مەرتىۋىلىك بېگى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زامان ۋە خانلار خۇسۇسىدا يېتەرلىك مەلۇماتقا ئېگە ئىدى. زامانىنىڭ بارلىق تاجى ـ مەنسەپدارلىرىغا ئوخشاشلا، كۆڭلىدىكىنى بىرەرسىگە تىنمايتتى ـ يۇ، ھەممىنى بىلىپ، دىتلاپ باراتتى...

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى گوياكى تاماخور بولۇپ قالغان قېرى ئادەمنىڭ ئۆمرىدەكلا دىلغۇللۇق ۋە ئۇمۇنۇش ئىچىدە ئۆتتى. بالىلارنىڭ مۆكىمۆكۈلەڭ ئويۇنىدا بىردە ئۇ بالا، بىردە بۇ بالا مۆكۈپ ۋە تۇتۇلۇپ تۇرغىنىدەك، سەئىدىيە ئائىلىق بۇ شاھلىق ئويۇنى سەھنىسىدىمۇ پادىشاھلارنىڭ ئورنى زادىلا ئىسسىمىدى. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى مەيدانغا چىقىپ تۇردى. تۇنۇگۈن سەلتەنەت سۈرگىنى بۈگۈن مەھبۇسقا

ئايلاندى. تۇنۇگۇنكى مەھبۇس بۈگۈن شاھ بولدى. بىراق، بىرلا ئىش زادىلا ئۆزگەرمەيتتى: قايسىبىر خان شاھلىق تەختىگە چىقسۇن، ئوخشاشلا، خانلىق ئۈچۈن ئاجايىپ ۋەدە ـ ئەھدىلەرنى بېرەتتى. ئاۋام ۋە دۆلەتكە، تارىختا ھېچبىر شاھ قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى ۋەدە قىلاتتى. پۇقرالار ئېغىر تىنىشاتتى. خانلىق، يېڭى شاھقا ئۈمىد بىلەن باقاتتى. بىراق، ئارىدىن «ئۇھ» دەپ تىنىغۇدەك ۋاقىت ئۆتمەيلا، يەنە بىر خان پەيدا بولاتتى — ھېچ كۈتمىگەن بىرى باش كۆتۈرەتتى. خانلىق، ئۈمىد كۆزىنى ئامالسىز ھالدا يېڭى خانغا تىكەتتى...

ئاق تەقىيلىقلەر ۋە قارا تەقىيلىقلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپ خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى ئاساسلىق ئىككى چوڭ كۈچ بولۇپ قالغان بۇ دەۋردە، شاھلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرىمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن كۆرە، مەلۇم بىر گۇرۇھنىڭ ۋەكىلى، جارچىسىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، قايسىبىر خان تەختكە چىقىشىنى، ئۇزاق سەلتەنەت سۈرۈشنى نىيەت قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مەزھەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن سىياسەت يۈرگۈزۈشى ھەم ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئىجتىمائىي تەسىرىگە تايىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭسىز، ھەر قانداق بىر شاھ، شاھزادە تەختكە ئولتۇرالمايتتى. سەلتەنەتنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايتتى.

1670 ـ يىلى، ئىسمائىلخان قارا تەقىيلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن سەلتەنەت تەختىگە چىقتى. بۇ، قارا تەقىيلىقلەرنىڭ ئاق تەقىيلىق غوجىلار گۇرۇھىنى يەنە بىر رەت قاتتىق مەغلۇپ قىلىشى ئىدى. ئىسمائىلخان ئاۋۋال ئاقسۇنى ئىگىلىدى. يەر، سۇ، ھاۋا شارائىتى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن نىسپىي باياشاتچىلىق ۋە ئاۋام روھىدىكى ئۆزگىچە مايىللىق، ئۇنىڭ بۇ يۇرتنى ئىستىھكام قىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا، ئۆزىنى يېڭىباشتىن ئوڭشىدى. كىشىلەر

كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، يۇرتتا ئەمىنلىك ئورنىتىشقا تىرىشتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ ياراغ يىغىشنى تېزلەتتى. ئاق تەقىيلىق خوجىلارنى ھاكىمىيەت سەھنىسىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل يوق قىلىش ئۈچۈن، قوشۇنلىرىنى تېزلىكتە تەرتىپكە سالدى. ئاقسۇ ئاتلىق بۇ كۈچلۈك ئارقا سەپ بازىسىغا تايىنىپ، قەشقەر ۋە يەركەنلەرنى بىر يولىلا قولغا كىرگۈزمەكچى بولدى. ھۇجۇم قىلدى. قەشقەرنىمۇ، ئوردا شەھىرى يەكەننىمۇ ئالدى. ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى قاتتىق باستۇرۇلدى. ئاق تەقىيلىق خوجىلارنىڭ مىڭلىغان مۇرىتلىرى قان دېڭىزىغا غەرق بولدى. يەنە نەچچە مىڭلىغان مۇخلىسلىرى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە پىتىراپ قاچتى. ئاپاق خوجىنىڭ يۇرتنى تاشلاپ قېچىشى ۋە ئىسمائىلخاننىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن بۇ قېتىمقى جەڭ ئاخىرلاشقان بولدى. بىراق، پۇقرالىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى سوپىلىقتا بېرىلگەن بۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئاسانغا توختىمىدى. خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار... لاردا سوپىلىق ئەۋج ئېلىپ، ھېسابسىز تېرىلغۇ يەرلەر ئاق تاشلىۋېتىلگەنىدى. ھەممىلا يەرنى نامراتچىلىق، موھتاجلىق قاپلاپ تۇراتتى. ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ مۇبارەك سەلتەنەتنى داۋام ئەتكۈزمەي بولمايتتى. ئىسمائىلخان بارلىق ئەقىل ـ پاراستى، زېھنىي ـ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ باقتى. ئۆزى زىيادە ھەشەم ـ دەرەملەردىن قول ئۈزدى. ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەرلىكنى ياقلايدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، يولغا قويدى. شۇغىنىسى، ۋەيران بولغان ئىگىلىك تېز ئارىدا ئەسلىگە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سوپىلىق، نامراتلىق ۋە قاشىشاقلىق يەنىلا ھەممە يەردە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. زەبەردەست كىشىلەر يەر تېرىماي، نەم يەرگە كۆكسىنى يېقىپ، «ئاللا، ئاللا!» دەپ يېتىشاتتى. بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تېگىشلىك

يېگىتلەر، ساپايە سوقۇپ، يۇرت ــ يۇرتلاردا تىلەپ يۈرۈشەتتى. يوللاردا، بازاردا ۋە مازارلاردا ئاۋۋالقىدەكلا «ھۇ ــ ھە!»، «ھۇم، ئاللاھ ــ ھۇم!» سادالىرى ياڭرايتتى. سان ــ ساناقسىز مۇساپىر باللار، كېسەل تېمىپ تۇرغان بىچارە كۆزلىرىنى ئۆتكەن ــ كەچكەنلەرگە يېلىنىش بىلەن تىكىشەتتى. ئورۇق قوللىرىنى ئىلتىجا بىلەن ھەرياقلارغا سوزۇشاتتى...

ئىسمائىلخان سەلتەنىتىدە كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە 8 ~ 10 يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە، گەرچە نامراتلىقنى تەلتۆكۈس يوق قىلىش ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، ئاۋام ۋە تارىخ بىر ئىشقا كۆز يۇمالمايتتى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ دەۋردە، جەمئىيەتتە نىسپىي ئەمىنلىك ۋە ئادىللىق ئورنىتىلغانىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئويۇنچى پەلەكنىڭ تېنىمسىز چاقى ئاق تەقىيلىق سوپىلارنىڭ قۇياشى يۈزىگە توغرىلاندى. يەنە بىر يېڭى ۋە دەھشەتلىك ئويۇننىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

مىلادىيە 1678 ــ يىلى، نەق بۈگۈنكى ئايلاردا ــ جەمادىئۇل ئاخىرىلىرىدا، مۇشۇنداق ئالتۇن پۇرسەتلەرگە چىش بىلەپ تۇرغان غالدان قۇنتەيجى، ئاق تەقىيلىق خوجىلارنىڭ سەردارى ئاپاق خوجىنىڭ بىۋاسىتە يول باشلىشى بىلەن، يۈزمىڭلىغان قالماق لەشكەرلىرىگە باش بولۇپ مۇز داۋاندىن ئۆتتى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۆھەر زېمىنى بولغان ئاقسۇ دىيارىغا باستۇرۇپ كەلدى. خانلىقنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى شىددەتلىك ئېلىشىش مۇشۇ كۈندىن باشلاندى. بۇلاڭ ــ تالاڭ ۋە باسقۇنچىلىقلارغا ۋەدە قىلىنغان بۇ ئۇرۇش، مۇشۇ خىل ھەقسىز نېسىۋىگە كۆنۈككەن قالماق لەشكەرلىرىنى گويا قۇترىغان ياۋا توڭگۇزلارغا ئايلاندۇرغانىدى. ئىلگىرىكى ئۇرۇش جاراھەتلىرىدىن تېخى قۇتۇلالمىغان، نامراتلىق، قاششاقلىق دەردىدە ئىڭراۋاتقان خەلققە ھىمايىچى بولغان خانلىق، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاقسۇنى ئۆز ئىلكىدە ساقلاپ قالالمىدى. ئاتلىرى

ئورۇق، ياراق ـ جابدۇقلىرى يېتەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋغا سېلىشتۇرغاندا، سان جەھەتتىن تولىمۇ ئاز بولغان خانلىق لەشكەرلىرى تۇنجى ئېلىشىشتىلا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. تېز مەغلۇپ بولۇشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ھىيلىگەر ئاپاق خوجا ئىچكى ـ تاشقى جەھەتلەردىن ماسلىشىشنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاشقانىدى. ئۇ، نەچچە ئايلاردىن بېرى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقان مەخپىي چاپارمەن، كۆز ـ قۇلاق ۋە قۇتراتقۇچىلار، قالماق لەشكەرلىرىگە ئىچكى جەھەتتىن كۈچلۈك ماسلاشتى. ھەتتا ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ ئۈلگۈرمىگەن نامرات خەلقنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بايلىق ۋە يەر ھەققىدىكى قورۇق ۋەدىلەرگە ئىشىنىپ، ئەتراپلىرىدىكى ئاپاق خوجا مۇخلىسلىرىغا قوشۇلۇپ، خانلىق لەشكەرلىرىگە تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئىچكى ـ تاشقى جەھەتلەردىن ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھۇجۇمدا خانلىق تەرەپدارلىرىنىڭ جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلەندى. شەھەر ۋە يېزىلاردا قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى...

قالماق لەشكەرلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئېرىشكەن ئولجىلىرىدىن مەست بولۇشۇپ يۈرگەن شۇ دەملەردە، بۇ قانلىق ئويۇننىڭ باش رولچىلىرى بولغان ئاپاق خوجا ۋە غالدان قۇنتەيجىلەر، ئېرىشكۈسى تېخىمۇ زور نەتىجىلىرىدىن لەززەتلىنىپ بېرىشاتتى. ئاپاق خوجا ئۆز پاراسىتى ئۈچۈن روھ ئېكىنىزارلىقىغا مەسنەۋى پۈتمەكتە ئىدى. سەئىدىيە چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، دالاي لامانىڭ ھۇزۇرىغا پاناھلىق تىلەپ بارغانلىقى بەك توغرا تاللاش بولغانلىقىنى، ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى ئېتەك يالاپ، بوسۇغىسىغا پېشانىسىنى يېقىپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ ياتقانلىقىنى، بۇنىڭ بەدىلىگە، ئۇنىڭدىن غالدانغا قارىتا مەكتۇپ ئېلىۋالغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى

ئەرزىيدىغان ئىش ـ ھەركەتلەر ئىكەنلىكىنى رازىمەنلىك ئىچىدە ئويلاپ ماڭاتتى. ئاخىرقى لەززەت بىرلا ئىدى: ئىسمائىلخاننى يوق قىلىش. ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولۇش! ئۇ، بۇ ئارزۇسىغا كۆنسېرى يېقىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. غالدان قۇنتەيجىنىڭ يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان خۇشبۇي لەززەتلەر بولسا تېخىمۇ كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇ، بۇ يۇرۇشى ئارقىلىق، ئۆزى چوقۇنىدىغان مەنىۋى ئۇستازى دالاي لامانىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرگەن بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن، ساداقەتمەن شاگىرت ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلالايتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئايىقىغا باش قويۇپ كەلگەن مۇسۇلمان سەردار ئاپاق خوجىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل ئەتكەن سانىلاتتى. بۇ ئارقىلىق بىر ساداقەتمەن ھەم كۈچلۈك قوللىغۇچىغا ئىگە بولاتتى. ئەڭ مۇھىم ۋە ئاداققى مەقسەت ـــ ئۇزاقتىن بېرى كۆز تىكىپ يۈرگەن بۇ زېمىنغا خوجا بولۇش غەرىزى بولسا، يۇقىرقى ھادىسەن ئىككى سەۋەب ۋاستىسىدە بىراقلا ئىشقا ئاشاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئۇزاقتىن زارىقىپ كۈتكەن مەقسىتى دەل مۇشۇ ئىدى. بۇ مەقسەتكە تولۇق يەتسە، ھالىسراپ قېلىۋاتقان جۇڭغار خەزىنىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىق ـ لازىمەتلىكلەرگە تولۇپ كېتەتتى. قەرەللىك كېلىپ تۇرىدىغان ئولپان ۋە سوۋغا ـ سالاملاردىن ئۇنىڭ لەشكىرىي كۈچى زورىيىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغىلى، چېگرىنى كېڭەيتكىلى، بېيجىڭدىن كېلىۋاتقان بېسىم ۋە تەھدىتلەرگىمۇ كۈچلۈك تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. ئىلگىرىكى چاغلاردا، جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولۇپ، بۇ گۆھەر زېمىندىن كۆپ قېتىم قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. مانا ئەمدى بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندەك قىلاتتى. مەقسەت مەنزىلىنىڭ يورۇق يۈزى يېقىنلا يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئېھ، ئاپاق خوجا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن

بايلىق ئەلچىسى. ئەمدى سەن غالدان خەزىنىسىنىڭ ئەبەدىيلىك غالچىسى. ئىگەڭ سىنى قوللاپتۇ، خوش بول، غالدان!...

سەئىدىيە خانلىقىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ دەريا ـ دەريا قانغا بويالغاندىن كېيىن، باشقا يۇرتلاردىكى خەلقنىڭ قارشىلىق روھىغا ئېغىر دەز كەتتى. ئاۋام، لەشكەرلەرگە ھەمنەپەس بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. خانلىق لەشكەرلىرى بولسا، زورۇر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئېرىشەلمىدى. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەسكى، ئاپاق خوجىنىڭ قۇتراتقۇ مۇخلىس ۋە چاپارمەنلىرى باسقۇن قىلىنغۇسى يۇرتلارغا ئالدىن بېرىپ، ئاۋامغا دەھشەت سالىدىغان، ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان تەرغىباتلارنىمۇ قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. شۇ تۈپەيلى، خانلىق تەرەپ كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولۇشىغا قارىماي ئاتۇش، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىقلاردىكى ئۇرۇشمۇ ئاقسۇدىكى بىلەن ئوخشاش نەتىجىلەندى. ئىسمائىلخان بىر مەزگىل تىركەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ، ياق، 165 يىل دەۋران سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنەت قۇياشى يەنىلا زاۋاللىق قۇچىقىغا باش قويدى. چۆل ـ باياۋان، يول ـ يوللاردا قالماق لەشكەرلىرىگە قارشى پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ ساناقسىز جەسەتلىرى تاشلىنىپ قالدى. خانلىق زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرى ئۆچمەس قان دېغى بىلەن بويالدى. جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ئۇرۇش قىلغان خانمۇ ئەسىرگە ئېلىندى. ئاپاق خوجىنىڭ كۆچلۈك تەلىپى بىلەن، ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى سەئىدىيە خان جەمەتى بىلەن قوشۇلۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن، بۇ زېمىندا ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرى بولمىش خوجىلارنىڭ ئوزۇنغا سوزۇلغان ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى...

مەپە هارۋا قوڭغۇراق رىتىمىغا ماسلىشىپ غىلدىرلاپ ۋە

ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كاتاڭغا چۈشكەندە غىچىرلاپ كىتىپ باراتتى. يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى قويۇق ماندا، چىغ، زىرىق ۋە جىغان... لار ئارىسىدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۆرۈنمەيمۇ قالاتتى. كۆڭۈللۈك يېرى، مانا ئەمدى كۈن چىقىش تەرەپتىكى، جەنۇبتىن ـ شىمالغا سوزۇلغان سېرىق تۇپىلىق يارنىڭ ئەڭ ئېگىز بېشى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دېمەك، چوغتال يېقىنلاپ قالغاندى.

ساۋۇت بەگ ھېچنېمىگە ئېرەڭشىمەيتتى. ئۇ، تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ باراتتى. «تېرىلماي تاشلىنىۋېتىلگەن يەرلەر...» دىن باشلانغان خىيال دولقۇنى، ئۇنى تاكى ئۆزى يەتمەك بولغان تونۇش قىرغاقلارغىچە تۇرتۇپ كەلگەندى. خىيال، خىيال. ئۆزگە نېمە، ئۆز ھەققىدىكى خىيال!...

«يەرلەرنى ئاق تاشلاشسا، تاشلاشمامدۇ» دەپ يەكۈنلىدى ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرلىرىنى، «ئاچ قالىدىغىنى مەنمىدىم، تىلەمچى بولسا، ئۆزلىرىگە ھېساب. ئەممازە، باج ـ پاراق، ئالۋاڭ ـ ياساقلارنىڭ بىرىنىمۇ كەم قىلماي يىغدۇرىمەن. بالىسى بولمىسا دادىسىدىن، ئېرى بولمىسا خوتۇنىدىن. ئاشلىقى بولمىسا مېلىنى، مېلىمۇ بولمىسا جېنىنى بېرىدۇ!...» ئېغىر ـ ئېغىر بىرقانچىنى تىنىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە داۋاملاشتۇردى ئۇ، «شۇنداق، پۇقرالاردىن يىغىدىغاننى تولۇقى بىلەن يىغماق زۆرۈر. مەن ئۇلارنى ئاياپ قويغان بىلەن، دوتەي، ئامباللار مېنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. موللا كىشىگە مەسە ياخشى، دوتەيلەرگە بەرسە ياخشى. مەيلى كىمدە ـ كىم خان بولسۇن، خاھى كىملەر دوتەي بولسۇن، مەن ساۋۇت بەگنىڭ ۋەزىپە ـ ئىجرائىتىم — بېرىش. پاراق بېرىش، پارا بېرىش، سوۋغا بېرىش... شۇڭلاشقا، بەرمەك ئۈچۈن، پۇقرالاردىن ئالمىقىم جايىز. بەگلىك قولۇمدىلا بولسا، خاتۇن ـ باللىرىم، جەددى ـ جەمەتىم باياشاد ئۆتسە، خەقنىڭ سېلىقلاردىن يىغلاش ـ قاقشاشلىرى بىلەن نېمە ئىشىم. غەللە ـ

پاراق، باج ـ سېلىق ئىشىدا پۇقرالارغا سىلە ـ رەھىم قىلماسلىقىم كېرەك. شۇندىلا يارامىلىق بەگ سانىلىمەن. ئىسمائىلخان زامانىدىمۇ شۇنداق قىلىپ، سادىق بەگ ئاتالغانىدىم. ئىمانىم بىلەن قەسەمكى، مانا ئەمدى ئاپاق خوجا دەۋرىدىمۇ يەنىلا قازاننىڭ قۇلىقى تۆتتۇر...»

مەپە هارۋىنىڭ سايىۋىنىگە قويۇق مانىدا شاخلىرى ئىلىنىشىپ، تارتىشىپ ۋە بىر ـ بىرلەپ ئۈزۈلۈپ ئۆتتى. بۇ كۆڭۈلسىز تارتىشىشتىن ساۋۇت بەگنىڭ خىيالىمۇ ئۈزۈلدى.

ـــ تۈزۈك ھەيدىگىنە هوي ئاداش! ـــ دېدى ئۇ، مەپىكەش بالىغا ۋارقىراپ.

بالىدىن سادا چىقىپ بولغۇچە، مەپە ئوچۇقچىلىققا چىقىپ بولدى. ساۋۇت بەگ بېشىنى كۆتۈردى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە مەنزىلگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى: ئانچە ئۇزاق بولمىغان يەردىكى يولنىڭ ئىككى قىرغىقىدا مەھەللىنىڭ ئىمام، مۇفتى، قازى ـ قۇززاتلىرى باشلىق چوڭ ـ كىچىك ئاقساقاللىرى بەگ كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ قول باغلاشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. يول ئۇستىگە ئوتقاشتەك قىزىل گىلەملەردىن پاياندازلار سېلىنغانىدى.

«باراي دېگىنىم توغرا بولغان زادى» دەپ ئويلىدى ئۇ چاقماق تېزلىكىدە، «سوپى ـ ئىشان، دەرۋىش ـ قەلەندەرلەر بولسا نېمە بوپتۇ. ئۇلارمۇ بۇگۇنكى خان نەزەرىدىكى ئەتىۋا ئادەملەرغۇ. تۇتقان يولۇممۇ توغرا: سۇنى ئېقىشىغا، تۇكنى يېتىشىغا قويۇش كېرەك. ئەل توغرا دەيدۇ: ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ!»

* * *

ـــ بولدى قىلىسىلا خېنىم. بولدى قىلىسىلا دەيمەن، ھى ـ ھى ـ ھى!... ۋاي بولدى قىلىسىلا دەيمەن، ھا ـ ھا ـ ھا!... يۇمشاق قوللىرىدىن كېتىپ قالىمەن بىكار. قىچىقلاشلىرىدىن ئۆلۈپ قالىمەن بىكار. ۋۇي، جېنىم خېنىم، خۇدايىم بەرگەن

تاتلىق خېنىم، بولدى قىلىسىلا دەيمەن!...

ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە ياتقان ساۋۇت بەگ، گىلەم ئۈستىدە ھەريان تولغىناتتى. تېنىمسىز دوملايتتى. تۈگۈلۈپ تۇرۇپ كۈلەتتى. كۈلكە ئارىلاش ئىڭرايتتى...

تونۇش ۋە سېھىرلىك قوللار ئۇنى ئەسەبىيلەرچە غىدىقلىماقتا ئىدى. چىداپ بولماس شېرىنلىك ۋە تەڭداشسىز مەستخۇشلۇق تاراۋاتقان بۇ بىر جۈپ قول ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە يوپۇشۇپ كەلمەكتە ئىدى. بويۇن، قولتۇق، كىندىك، يىرىقلار... ئاپئاق، نازۇك ۋە تاتلىق قوللارنىڭ غىدىقلىشىدا لەرزىگە كېلەتتى. شېرىن ئازاب. گۈزەل بىزارلىق. قىيالماس يۇلقۇنۇش... چىدىغىلى، قاچقىلى بولمايتتى...

ئۇ چىدىمىدى. دوملاپ كېتىۋېتىپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئاۋازدا كۈلدى. كۈلكە ئارىلاش ئىڭرىدى...

— نېمە بولدىلا؟ يەنە نېمە بولدىلا بېگىم؟ — دېدى پاشا خېنىم، گىلەم ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا دوملاۋېتىپ، «تاتلىق خېنىم، خۇدايىم بەرگەن خېنىم!» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا كۈلىۋاتقان ئېرىنىڭ يالىڭاچ ۋە قاۋۇل بەدەنلىرىنى قات - قات ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەيزۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن قوللىرىدا ئىرغىتىپ تۇرۇپ، — يالغۇز ياتمەن دېگەنلىرى بىكار ئەمەسكەندە. يەنە توقال ئېلىشىنىڭ غېمىدە يۈردىلىمۇ بېگىم؟

— نى... نى... نېمە بولدى؟ — دېدى ساۋۇت بەگ ئويغۇنۇپلا ئەدىيال بىلەن بەدىنىنى ئېتتىك يۆگىۋېلىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ، — نېمە قىپتىمەن؟

— قاراپ باقسىلا نېمە قىلغانلىرىغا؟ يەنە نېمە قىلىسىلا بولاتتى؟ چوغتالغا بىر بارماق بىلەن، ئەس - يادلىرى شۇ يەردىلا قالدىمۇ نېمە؟ بېرىپلا كېلىمەن دېگەن ئادەم، ئىككى كۈندە ئاران ئۆيىنى تاپتىلا. كەلگەن ئىككى كۈندىن بۇيان، كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ «جېنىم خېنىم، تاتلىق خېنىم!» دەپلا

جۆيلۇيدىلا. سىلىنى مۇشۇ كويغا سالغان قانداق خېنىمدۇ ئۇ شۇنچە. بايا جۆيلىگەندە ئويغۇتۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىۋېدىم، كىرىپ بولغۇچە يەنە شۇ جۆيلۇش. كېچىدىن ئېشىپ، سەھەردىلا «خېنىم» ھەققىدىكى جۆيلۇشلىرى باشلانغىلى تۇرسا، كەچكىچە نېمە بولۇپ كېتەرلا بېگىم. ھەجەپ يامان يەر ئىكەنا ئۇ چوغتال دېگەن؟!...

— ئاۋۇ ئېغى بۇسۇلۇپ كەتكەن تامبالدەك ئېغىزىڭنى يۇمساڭچۇ؟!

— ئەمىسە، دېگەنلىرىم يالغانمۇ؟ مۇشۇ بىرنى ئالسام، ئەمدى ئالمايمەن دەپ يۈرۈپ، كەينى ـ كەينىدىن تۆت توقال ئالدىلا. ئەمدى يەنە چوغتالدىن ئالماقچىمۇ. مەن شۇنچە قېرى كۆرۈنۈپ كېتىپ بارىمەنمۇ كۆزلىرىگە؟ سەمىلىرىگە سالاي، بۇ ھۇجرىدا ئۆزلىرىگە ئالتۇندەك بەش بالا تۇغۇپ بەرگەنمەن جۇمۇسىلا...

— ئاغزىڭنى يۇم! ماڭ، چېيىڭنى دەملە. ھېلى بىكار...

پاشا خېنىم چاناقلىرىغا يامراپ كەلگەن ياشلىرىنى سۈزۈك ئاق رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، ئەمدىلا ھۇجرىدىن سىرتقا قەدەم ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، تالادىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بېگىم! ئالتۇن بويلىرى ئامان بولسۇن! سىرتتا 7 ~ 8 ئادەم ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقىلى خېلى بولدى. بېگىمگە ئېيتىدىغان مۇھىم ئەرزىمىز بار دەيدۇ.

— ئەرز ـ شىكايەت دېگەننى قازىخانا، خاھى مەھكىمە شەرئىيگە بېرىپ ئېيتقۇلۇق ئەمەسمۇ؟

— بۇنىسى راست بېگىم. كەمىنە شۇنداق چۈشەندۈردۈم، يەنە بېزىرىپ تۇرۇۋېلىشتى. بېگىمگە ئېنىق ئېيتسىلا، بىز چوغتالدىن كەلدۇق دېيىشىدۇ.

— نېمە؟ چوغتالدىن؟ — ئۇ، كىيىملىرىنى كىيگەچ، سىرتقا — ئاۋاز چىققان ياققا قاراپ دېدى، — ئۇنداقتا، ئۇلارغا

ئېيت، ساقلاپ تۇرسۇن!

ئۇ ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان تېزلىك بىلەن كىيىملىرىنى كىيدى. ئورنىدىن چاچراپ قوپتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان پاشا خېنىمنى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كەتتى.

— ئۇلار، سىلى ئالماقچى بولغان توقال ئۈچۈن ئالدىلىرىغا ئەلچى بولۇپ كەلمىگەندۇ ـ ھە؟ — دەۋەتتى پاشا خېنىم، تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرنى ئېغىزىدا ئەمەس، يۈرىكىدە ئېيتىۋاتقاندەك بىر مۇڭ بىلەن.

— كاسىلدىما! — دېدى بەگ تېرىكىپ. شۇئان ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، — ھۇ ئىچى زەھەر توخۇ پوقى. ھېلى بىكار...

ساۋۇت بەگنىڭ يوسۇنغا يات ھالدا، سىرتتىكى ئەرزدارلار ھويلىغا باشلانغانىدى. بىراق، ئۇلار — كولاھ ۋە جەندە كىيىشكەن دەرۋىشلەر، داستىرخانغا شۇنچە تەكلىپ قىلغانغا ئۇنىماي، ھويلا ئوتتۇرىسىدا قول باغلاشتۇرۇپ ئۆرە تۇرشاتتى. ئەجەپلىنەرلىكى، كولاھى ئۈستىگە بىر ـ بىرىنىڭكىدىن يوغان ۋە كىرلاشقان سەللە ئورىۋېلىشقان بۇ 5 ~ 6 دەرۋىش ئارىسىدا بېشىغا چۈمبەل ئارتقان 2 ~ 3 ئايالمۇ باردى.

خان سارىيىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ كەڭ ۋە سىرلىق ھويلا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇيغۇر بىناكارلىق ئەنئەنىسى بويىچە لايىھەلەنگەن نەقىشلىك پېشايۋان، ئۇنىڭ گۈلدار تۈۋرۈكلىرى؛ قاپارتما گۈللۈك ئىشىك ۋە ئۇنىڭدىن خېلى پەسكىچە تۇتىشىپ كېلىدىغان ھەيۋەتلىك پەشتاقلار. پەشتاقلار بويلاپ ـ تاكى دەرۋازىغىچە سوزۇلغان ئوتقاشتەك قىزىل پايانداز. پېشايۋان ئاستىدىكى چۆرىسى قاپارتما گۈللۈك كەڭرى ياغاچ كارىۋات. كارىۋات ۋە ھويلىنىڭ باشقا يەرلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تىزىلغان ھەر خىل رەڭدىكى ئەتىرگۈللەر ھەم باشقا گۈللەر. گۈللەر

ئۈستىگە ئېسىلغان چىرايلىق قەپەزلەردىكى ئېسىل سورتلۇق كەكلىك ۋە سايراپ تۇرغان رەڭدار تاغ قۇشقاچلىرى. ھەر ئېچىلىپ ـ يېپىلغاندا، ھەيۋەتلىك غىچىرلىشى بىلەن ھويلىغا سۈر ـ سالاپەت بېغىشلايدىغان گۈللۈك يوغان دەرۋازا... مانا بۇ مەنزىرىلەر ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. ھويلىغا كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشىنى قورۇنۇش، قورقۇش ۋە ئەنسىرەشتەك سۈرلۈك تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلاتتى.

ــ شۇنداق قىلىپ، داستىرخانغا كېلىشمەيدىلا؟ ــ دېدى ساۋۇت بەگ، سالام ـ سائەتلەردىن كېيىن، قول باغلاپ، يەردىن ئۈستۈن قارىماي تۇرۇشقان كىشىلەرگە قاراپ. ئۇلار دەرۋازىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىشاتتى. بەگ بولسا، پىشايۋانغا كەينىنى قىلىپ، ئۇلارغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، كەلگەن كىشىلەرنى بىر قاراپلا تونىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھويلىغا باشلىغانىدى. تېخى ئۈچ كۈن ئاۋۋال چوغتالدا ئۆزىگە جەننەت ھۇزۇرىنى سۈردۈرگەن ئادەملەر ــ شەيخ سوپى، شادى دەرۋىش، سايىت قازى، ئەبەيدۇللا ئىمام، بەكرى دەرۋىشلەر ناتونۇش 2 ~ 3 ئايال بىلەن كۆز ئالدىدا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەتىگەندىلا كەلگۈدەك، بۇنچە كۆپ ئادەم دېگۈدەك نېمە ئەرزى باردۇ شۇنچە؟ دەپ ئويلىدى بەگ، ئۇلارغا سوئال نەزەرى بىلەن قاراۋېتىپ.

ــ ھەقاچان، بۇنچە ئەتىگەن كېلىپ نېمە ئىشى باردۇ بولارنىڭ دەپ ئويلاۋاتقانلا بېگىم، ــ دەپ، سىپىلىق ئاۋازدا سۆز باشلىدى، بېشىغا ئۈچلۈق كۇلاھ كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەللە ئورىۋالغان، تولۇق دەرۋىش سىياقىغا كىرگەن سايىت قازى، بېشىنى يەرگە ئېگىپ تۇرۇپ، ــ بىزنى بۇ يەرگە دەرد ئېلىپ كەلدىلەر، دەرد، بېگىم. مۇھەممەت دېگەن شۇل مەلئۇننىڭ دەردىدە ياشىماق زۇلۇم، يېگەن ئاشىمىز زەھەر بولدىلەر، ــ ئۇ، ئەتراپىدىكى ھەمنەپەسلىرىگە تەكشى قاراپ چىقتى. ھەممىسىدىن بىر ئېغىزدىن «ھەق راست!» دېگەن سادا چىققاندىن كېيىن،

بەگكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى، — جانابلىرى چوغتالى ئەزىمدىن يانىپ، خانەلەرىگە قەدەم باسىپ بولغۇنچە كېلىشىمىزدىكى مۇددىئا شۇلكى، ئۆزلىرى كەتكەندىن سوڭ، جانىمىزگە سىلىنغان ئىككىنىڭ ۋەزنى جۇدە ئارتىپ كەتتىلەر. سىلىنىڭ چوغتالى مۇبارەككە قەدەم باسقانلارى بىزنىڭ يانە بىر گۇناھىمىز بولدىلەر، بېگىم.

— ئوچۇقراق ئېيتىشسىلا، نېمە گەپ بۇ؟ — دېدى بەگ تېرىكىپ قالغاندەك سەل چىڭقىلىپ، — چوغتال ئاشۇ بىر ئادەمنىڭمىكىنە؟ شەيتاننىڭ ئېشىدىن پەرىشتە قىزغىنىپتۇ دېگەندەك، مېھمان بولسام، سىلەرگە بولسام. يەنە كېلىپ، مەن دېگەن ئېگەرچى ئاتلىق بۇ چوڭ يۇرتنىڭ بېگى تۇرسام، ئۆز يېرىمگە ئۆزۈم بارالمادىم؟! قاملاشمىغان... ھۇ، قاملاشمىغان!... — ساۋۇت بەگ يەرنى تېپىپ، ئورنىدا پىرقىراشقا باشلىدى.

— شۇنى دېسىلە...

— ھەق راست، سىلى بىزنىڭ ئاتىمىز.

— يۇرت دېگەن ئۆزلىرىنىڭ، بېگىم.

تۇشمۇ تۇشتىن ئاۋاز قوشتى سەللىلىك كىشىلەر.

— زادى نېمە گەپ، قازى؟ — تىت - تىتلىق بىلەن يەنە سورىدى بەگ. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ياغلىما - چەلپەك، ئەگىتمە گەپلەرگە تاقىتى يوق ئىدى. مۇددىئانى ئودۇللا ئېيتىشنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرغانلارنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى بۇ ئەمەسلىكىمۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى، — نېمە گەپ بولسا، ئودۇللا دېيىشسىلە. ئەتىگەندە ئادەمنىڭ... — بىزارلىقىنى بىلدۈرۈپ قوللىرىنى ئىشقىلىدى ۋە خۇددى بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك ئۇياق - بۇياقلارغا مېڭىپ قويدى.

— خوش... خوش!... — بىر قەدەم ئالدىغا سۈرۈلۈپ ۋە بايىقىدىن زىيادىراق ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى سايىت قازى، — مۇھەممەت دېگەن ئول مەلئۇن، بىر - ئىككى كۈندىن

بىرى مەھەللە جامائەتىگە: چوڭ باشنى ئاچسا، كىچىك كۆتنى ئاچقۇسىدۇر. يۇرت چوڭلىرى پوقنى ئوسۇرۇق بىرلە باسماق بولسىمۇ، ئەمما ئانىڭ بەدبۇي پۇراقلىرىنى يوق ئېتەلمەستۇر، دەپ يۇرۇپتۇرلەر. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ گەپلەرنىڭ بىزلەرگە تېگىل ئىكەنى شۇبھەسىز. ئەمما، ئۆزلىرىگىمۇ دارىتمىلاۋاتقانى بىزلەرنى قىلدەك تولغاندۇردىلەر. مۇبارەك يۇرتىمىزدا جانابلىرىدىن ئۆزگە يەنە قايسىبىر ئەزىز ۋە چوڭىمىز باردۇر بېگىم؟ ئانىڭ تىل دەھشىتىگە تاقەتلەرىمىز زەرا ئاجىز ئېرۇر...

— ئۇ شۇنداق دەپتىمۇ؟ — بۇرۇتلىرىنى چىمدىپ، ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاچ سورىدى بەگ.

— ئىللا ـ بىللا يالغىنى يوقكى، شۇل سۆزنى قىلغانى راست بېگىم.

— ئانىڭ، بۇل خۇسۇستىكى زەرەر سۆزلەرنى قىلماغى ھېچ شۇبھەلىك ئەمەستۇر، بېگىم.

— ئىمانىم بىرلە قەسەملەركى،...

— بارچەلىرىنىڭ مۇددىئالىرى شۇمۇ؟ — دېدى بەگ، بىرەر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك، پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويۇپ.

— يانە بار، بېگىم، — دېدى سايىت قازى كۆڭلىدىكى ئەسلى گېپىنى دېيىشكە ئالدىراپ ۋە دەرھاللا يەرگە تېخىمۇ ئېڭىشتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يادەك ئېگىلدى ھەم مىشىلداپ يىغلاشتى، — مۇھەممەت ئاتلىق ئول جوھۇتنىڭ جانىبىدىن دەردلەر ئىچىمىزگە ھېچ سىغمىدىلەر، بېگىم، — باشقىلارغا قوشۇلۇپ يىغلىغاچ، داۋاملاشتۇردى قازى، — مۇھەممەت ئاتلىق ئول دەيۇز يۇرتقا ئۇنگەندىن سۆڭرە، كەمىنە قازى قازى ئېمەس. نامدا قازى ـ يۇ، ھۆكۈمىم ئېمەس. ئەبەيدۇللا ئىمامىمۇ ئىمام ئېمەس. مۇدەررىس ھەم ئېمەس. نامدا ئىمام، مۇدەررىس ـ يۇ، مەسچىدى ھەرەم ۋە مەدرىسەئى ئەزىمدە ھېچكىم ئېمەس. مۇفتىمۇ ھەم شۇل قىسمەتتە قان يۇتۇپ

تۇرۇبتۇر، بىگىم. شۇ كۈنلەردە، يۇرت جامائىتى نەزەرىدە، قازىمۇ، ئىمامىمۇ، مۇفتىمۇ، مۇدەررىسمۇ... بىر شۇل مۇھەممەت سانىلۇر. ئۆزى پەتىۋا بېرۇر، ئۆزى ھەم ھۆكۈم قىلۇر. مەدرىس ۋە مەسچىتى ھەرەممۇ ھەم بىر ئانىڭ ئىلكىدەدۇر. بارچە جامائەت بىزلەردىن يۈز ئۆرۈدىلەر. بىزلەر كىم ئىدۇك؟ كىم بولدۇق؟ يۇرت تەرتىپلەرى قېنى. ئانىڭ قاياش ـ ماشايىخلارى قايدا؟... چىداپ بولمىدى بىگىم. گۇناھ سانالماسەدە، ھەر بىرلەرىمىز قارنىمىزنى پىچاق بىرلە يارىپ، يۇخانىدىن چىقۇر ئىدۇك. ئەمما لېكىن ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانبىز، مۇسۇلمانبىز!... مۇسۇلمانلەرنىڭ قاياشى بولمىش ئاپاق خوجا خان ئاللاھىمنىڭ ھىد ـ پۇراقلارىنى ئالىپ كەلگەن ھۇسەيىنخان سوپى ھەزرەت مۇبارەك لەۋزى بىرلە شۇنداق دېدىلەركى، جۇدە غەزەب ـــ دىنىمىز ـ كاپىرونىنىڭ ئادەت ـ خاھىشى ئېرۇر. غەزەپ ئەھلى ـــ دەۋزەخ ئەھلىدۇر. غەزەب بىرلە جەدىدىي ـ كۈشەندىلەرنى يېڭىپ بولماس. غەزەبكە دەلالەت، پەيغەمبەر رەسۇلىللاھمۇ، زامانىنىڭ ئاقىل بەگلىرىمۇ قابۇل ئەتمەس يوسۇندۇر. شۇل سەبەب، بارچە دەردلەرىڭىزلەرنى جانابىي ساۋۇت بەگ ئادىلغا بارىب شىكايەت قىلىڭىزلەر. قول سۇنسا، يەڭ ئىچىندە دەپتۇلەر. شۇقەدەر يېقىنىمىز بولسۇنۇ، شىكايەتنى ئۆزگىگە قىلىڭ. بۇ، دۇرۇس ئەمەستۇر. ئۇلۇغ بەگنى تەرك ئېتىپ، ئۆزگىگە شىكايەت قىلماق ـــ بەگنى نەزەرگە ئالماقنى ۋاز كەچمەك بولۇر. ئاۋۋالەمبار بەگكە بېرىڭىزلەر. خان خوجام پېشانىسىگە سۆيۈپ ئىبەرگەن مۇخلىسى بولمىش كەمىنە تۇرغان يەردە، مەھكىمە شەرئىيىنىڭمۇ، دوتەي، ئامبال قەسىرلەرىنىڭمۇ ئىشىكلەرى ئاچىلىپ قالۇر. ھۇسەيىنخان سوپى ھەزرەت شۇنداق دېدىلەر. ئۆزلىرىنى مالال قىلىشىمىزدىن سەبەب شۇلدۇر، بىگىم.

ـــ ئەرز ـ دادىمىزغا قۇلاق سالغايلا بىگىم.

ـــ بىز ئۆزلىرىنىڭ سادىق چاكارلىرى، بىگىم. قۇللىرىغا

ئېگە بولغايلا!

— مۇھەممەت ئاتلىق مۇرتەدنى بارچە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماققا پەرمان بەرگەيلا، بېگىم!

— ئول شاياتۇننى يۇرت ھۇدۇدلارىدىن يوق قىلغايلا، بېگىم!

ئەرزدارلار ھازىدار ئادەملەردەك ھۇ تارتىپ يىغلايتتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ دەرد ئېيتىشاتتى.

«مۇشۇ ئىش ئىكەندە!» دېدى بەگ ئىچىدە، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋېتىپ. بەگكە نىسبەتەن، بۇلارنىڭ تەلىپى بەك ئاددىي تەلەپ ئىدى. بىر بۇيرۇق بىلەنلا ھەل قىلىۋېتىشكە بولاتتى. ئۇ بىر ھۆركىرىشى بىلەن، يۇرتنىڭ مەھكىمە شەرئىي ئاتالغان سىرلىق ئوردىسىمۇ، سۇرلۇك قازى ـ مۇپتىلىرىمۇ... تەۋرەپ كېتەتتى. بۇنداق كىچىككىنە بىر مەھەللىنىڭ ئىمام، قازى ـ قۇززاتلىرىنى بىردەمدىلا ئۇيان ـ بۇيان قىلىۋېتەلەيتتى. بىراق، يىراقنى ئويلىغاندا، بۇ بىر باش ئاغرىتىدىغان ئىش ئىدى. بەگ، يۇرتنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقدارى بولسىمۇ، ئىشلارنىڭ ئۆز تەرتىپى بىلەن بولغىنى ئەۋزەل ئىدى. بۇنداق بولغاندا، ئۆز ھەيۋىسىنى ئاشۇرغىلى، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلانغىلى بولاتتى. ئىسمائىلخان دەۋرىدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار ئالدىغا كۆپ كەلگەن. كۆڭۈل سوۋغىلىرىغا بېرىلىپ، قائىدە ـ تەرتىپ دېگەنلەرنى بۇزۇپ، مەھەللە ـ مەھەللىلەرنىڭ ئىمام، مۇفتىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئالماشتۇرىۋەرگىنى ئۈچۈن، خاندىن تەنبىھ ئىشتقان. بولۇپمۇ، بالداڭ ۋە قارامۇقچى ئاتلىق ئىككى مەھەللىنىڭ ئىمام، مۇفتىلىرىنى ئالماشتۇرغاندا، قالدۇرۇلغان ئىمام، مۇفتىلار خانغا ئەرز ئېيتقىنى سەۋەبلىك، خان ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ھەتتا بەگلىك مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان. ئۇ، تىزلىنىپ باش ئۇرغىنى، يىغلاپ تۇرۇپ تۆۋبە قىلغىنى ئۈچۈن، خان ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلغان. ھازىرغۇ خان ئالمىشاچان ئالماشتى. لېكىن، بۈگۈنكى خانمۇ بۇرۇنقى خان

مىجەزلىك چىقىپ قالسىچۇ. ئۇ چاغدا، خاننىڭ دوتەي، ئامباللىرىمۇ ئېگىسىنىڭ مىجەزىنى تارتمايدۇ دېگىلى بولۇرمۇ؟ بۇ، ئاددىي ئىش، ئەممازە خاننىڭ پەيلى ئايدىڭ بولماستا قاراملىق قىلىدىغانمۇ ئىش ئەمەس. ئۇنداقتا، بۇلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس دېسە، قىلالمىدى دەيدۇ. يەنە كېلىپ، مۇشۇلارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن چوغتال دېگەن شۇ يەردە ئاجايىپ... مانا ئەمىسە دەپ قىلسا، ھېلىقىدەك...

بەگ، قويۇق قارا بۇرۇتىنى تېنىمسىز مىجىقلاپ، چوڭقۇر خىياللار بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشىنى داۋام ئەتكۈزدى. ئېڭىدا، ئۇنىڭ ھەر قەدىمى ئېھتىيات بىلەن قاراملىق سىزىقى ئوتتۇرىسىدا ئاۋايلاپ يۆتكىلىپ باراتتى.

«تووا، بۇ خەقنىڭ چاقىقانلىقىنى...» دەپ ئويلايتتى بەگ، «مەن ئەيزىدىن خوشلىشىپ كېلىپ بولغۇچە، مەيزىدىن ئۆيۈمگە ئۇنۇپ بوپتۇ...» شۇئان، ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا قارامۇقچى باغلىرىدا بىر دۇتتارچىدىن ئاڭلىغان ناخشىسى چاقماق تېزلىكىدە ئېسىگە كەلدى:

يېمە نامەرد ئاشىنى،
ئاشلىق سېنى ئۆلتۈرىسىمۇ.
ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن،
سۇ سېنى چۆكتۈرىسىمۇ.

«شۇ ئاداش بىلىپ دەپتىكەندە!» دېدى بەگ، كۆز ئالدىدىكىلەرگە مېھمان بولغىنى ئۇچۇن سەل پۇشايمان قىلىپ، «سوپى ـ ئىشان دېگەنلەرغۇ مۇشۇنداق كۆزى كىچىك، مىننەتخور خەق ئىدى. خەير، ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ...»

بەگنىڭ چىراي ئۆزگىرىشى ۋە تېنىمسىز ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشلىرىدىن، ئەرزىنىڭ ئوڭغا تارتمايۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلغان سايىت قازى، ئارقىسىدا قارا پەرەنجە بىلەن

دۈگدىيىپ تۇرغان ئايالنى چاندۇرماي نوقۇشلىدى. كۈتمىگەندە، هويلىدا يىغىچە بىر هال يۈز بەردى. پەرەنجىلىك ئۈچ ئايال، بەگنىڭ ئالدىغا شىپىرلاپ بىرىپلا يەرگە «گۇپ» قىلىپ تىزلاندى.

— نىمە، نىمە ؟... سىلى نىمە بولۇشتىلا؟ — دىدى بەگ دەرهال ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىقىنلاپ كىلىپ. ئۇ، گەپنى قىسقا، ئۇدۇللا دىيىشنى ياقتۇراتتىكى، تۇرلۇك يوللار بىلەن ئەگىتىپ يەتكۈزۈشنى، ئەسلىي مەقسەتنى پەردازلاپ ئىپادىلەشنى يامان كۆرەتتى. يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرد ئىيتقان ئادەمنى تىخىمۇ يامان كۆرەتتى. ئۆزىلا ئەمەس، ھەتتا بۇرۇنقى پادىشاھ — ئىسمائىلخاننىڭمۇ مۇشۇنداق مىجەزى بارلىقىنى ھىس قىلغانىدى. «مۇسۇلمانىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرد ئىيتمىقى جايىز ئەمەس» دىگەنىدى ئىسمائىلخان بىر قىتىملىق يىغىلىشتا، يۇرت چوڭلىرىغا. «فانىيدىكى مەنسەب ـ مەرتىبە جەھەتلەردىن پەرقلىرىمىز بولسىمۇ، لىكىن ئاللاھ ئالدىدا ھەممىمىز باراۋەر. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قىرىندىشىدۇر.» ئۇ، سەل جىددىيلەشتى، — نىمە گەپ ـ دەردلىرىڭلار بولسا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ دەڭلار! نىمە قىلىۋاتىدۇ بۇلار، ئەتىگەندە ئادەمنىڭ...

— شەپقەتلىرىگە رەھمەت. ئەمما، ھەممۈيلەن ئورنىدىن قوپسىمۇ، كەمىنە ئاجىزەلىرى ئەرز ـ دادىم سىلى بەگكە قابۇل بولمىغۇنچە مۇشۇ ھالدا ئولتۇرۇرمەن، — دىدى پەرەنجىلىك ھالىتىدىمۇ گۈزەللىكى سىرتتىنلا ئالاھىدە بىلىنىپ تۇرىدىغان، چۇمبىلىنىڭ قىرغاقلىرى لىغىلداپ تىترەپ تۇرىۋاتقان ئايال يىغىملىق ھەم تىترەك بىر ئاۋازدا، — ئەرزىمنى قەغەز يۈزىگە پۈتۈپ كەلدىم، كۆرۈپ باققايلا، — ئۇ شۇنداق دىگەچ، پەرەنجىسىنىڭ ئىچىدىن قاتلاغلىق قەغەزنى چىقىرىپ بەگكە سۇندى.

— بۇ...بۇ... — بەگ، خەت تونۇمايدىغانلىقىنى بىردىنلا ئەسكە ئالدى ۋە قەغەزگە قول ئۇزارتماي تۇرۇپ، بەلكى قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ دېدى، — بۇنداق قىلىپ يۇرگىچە، گەپىنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېسىلە! ئەتىگەندە ئادەمىنىڭ... — لېكىن، ئايالىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۇنى جەلپ قىلغانىدى. قانداقتۇر بىر يەرلىرى تونۇشتەكمۇ بىلىنىۋاتاتتى.

— گېپىمنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، بېگىم، — دېدى ئايالمۇ چىرايلىق ئاۋازى بىلەن، ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا، — مەنمۇ، مۇھەممەت ئاتلىق شۇل چايانىنىڭ ئۇستىدىن دەرد ئېيتۇرمەن. نېمىشقا دېسىلىرى، بىرنەنچىدىن، ئۇ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ رۇخسىتىسىزلا، تاغامنىڭ — ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ مەرتىبىسىنى تارتىۋېلىپ، ھەممىمىزگە ئەلەم قىلدى. ئەللە ـ مەھەللىدە يۇزىمىز يەر بولدى. دەرد ـ ئەلەمدە تاغامنى كېسەل چاقتى. ھازىرقى ھالى مانا مۇشۇ، — ئۇ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئەبەيدۇللا ئىمامنى تۇتۇپ كۆرسەتتى، — ئىككىنەنچىدىن، ئۇ، مەندەك، ماۋۇ ئولتۇرغانلاردەك پاك ۋە تول مەزلۇملار ئۇستىدىن پىتنە تارقاتتى. خوجا ئاللاھىمىنىڭ تەرغىباتلىرىغا ئاشكارە قارشى چىقىپ، مەزلۇم كىشى ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە ياخشى دەپ، بىزلەرنى ئەركەك زادلىرىنى ئازدۇرۇشقا قۇتراتتى. سوپى ـ ئىشانلىق كالامىدىكى بويتاقلىق، تەركىيدۇنيالىق سۇننەتلىرىگە نەشتەر سانجىپ، ئائىلە ـ روزىغارلىق بولماق بارچە ئەرلەرگە پەرز. مەزلۇملارمۇ بىر ئەرنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ئۆتمىكى لازىم. رەسۇلىللاھمۇ خاتۇن ئېلىپ، روزىغارلىق بولغان... دەپ پەيغەمبىرىمىزگە ھاقارەت كەلتۇردى. يۇرتتىكى سوپىلىق يولىغا ماڭغان بارچە ياشلارنى خاتۇن ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا قۇتراتتى، بېگىم. ئەگەرچەندە، بارچە مەزلۇملار ئەر كويىدا يۇرسەك، نەپسى شەيتانىغا بەس كېلەلمىگەن ئەرلەر نېمە بولغۇسى؟ بارچە ئەرلەر خاتۇن ۋە روزىغار كويىدا ئۆتسە، ئىسلام

سۈننەتى بولمىش سوپى ـ ئىشانلىق نۇرىدا پاكلىنىۋاتقان يۇرت ئەمدى نېمە بولغۇسى، بېگىم؟... دېسەم گەپ تولا، دەردلىرىم تولا. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە دارغا ئېسىلىشقا لايىق ئول مەلئۇن بۆگۈنگىچە يۇرتتا ئىمامەتچىلىك قىلىپ تۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ رەسۋاچىلىق خان خوجا ئاللاھىمنىڭ سەمىگە يېتىپ قالسا، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قولىقىغا كىرىپ قالسا، ئەھۋال نېمە بولۇر، بېگىم. شۇڭا، ئول جەددىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماققا پەرمان بەرگەيلا. چوغتالى ئەزىمدىمۇ بۇ خۇسۇستا ئۆزلىرىگە سۆز يورۇتقانىدىم...

— نېمە؟ سىلى؟... — باياتىن بېرى، قانداقتۇر بىر تونۇش تەلەپپۇزدىن تۇيغۇلىرى ئويغۇنۇپ، گۇمان ۋە پەرەزلىرى ئاللىقانداق چىرايلىق بىر سىما تەرەپكە ئېغىپ كېتىۋاتقان بەگ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، — سىلى زۆھرە خېنىمدەك قىلامدىلا ـ نېمە؟ سىلى...

— ھە ـ ئە، شۇ، — دېدى ئايال گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي، — مەن زۆھرە خېنىم بولىمەن. ماۋۇ يېنىمدىكى ئىككەيلەن ھاۋا خېنىم ۋە گۈلنىسا خېنىم بولىدۇ. ھەممىمىز ئورتاق بىر ئەرز بىرلە ئالدىلىرىغا كەلدۇك. ئەدەپسىزلىك بولمىسا، ئۆزىمىزنىڭ ھەم سۆزىمىزنىڭ راستلىقى ئۈچۈن يۈزلىرىمىزنى بىر ئاچايلىمۇ بېگىم؟ — ئۇ شۇنداق دېگەچ، بەگنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن يۈزىنى «شارت» قىلىپ ئاچتى. قالغان ئىككى ئايالمۇ تەڭلا چۈمبىلىنى قايرىدى.

ئاھ، قەنتتەك تاتلىق بىر ئايال. ئايدەك چىرايلىق ئۈچ ئايال. ئەستىن چىقماس شۇ ئايال!

— ساڭا نېمە بار؟ ماڭ كىرىپ كېتىش! — دەپ ۋارقىرىدى بەگ تۇيۇقسىزلا، ئىشىكلەردىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ تۇرغان بىر ـ ئىككى خىزمەتكارغا قاراپ ۋە ئارقىدىن تىترەك ئاۋازدا داۋاملاشتۇردى، — ھە، ھىم... شۇ ئىكەنلا. زۆھرە خېنىم... ھاۋا

خېنىملار شۇ ئىكەنلا...

ئۇنىڭ سۇر ــ ھەيۋىسى پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. ۋۇجۇدىدىكى بەگلىك كىبىر ۋە ھەيۋىتىمۇ بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. بىراق، كۆزلىرى چاقنىدى. قانلىرى قىزىشتى. تومۇرلىرى قات ــ قېتىدىن كۆپۈشۈشكە باشلىدى...

ــ سىلى... مەن... ــ ئۇ، تەكرار ــ تەكرار يۇتۇندى. تىترەپ تۇرۇۋاتقان قېلىن لەۋلىرىنى يېنىش ــ يېنىشلاپ يالىدى، ــ بۇ ئىشنى...

ئوتلۇق كۆزلەر. شېرىن ۋە غالىب بېقىشلار. جان ئالغۇچى تىكىلىشلەر. چىداپ بولماس كۈتۈشلەر...

سىيلىق، سېھىرلىك قوللارنىڭ تاتلىق غىدىقلاشلىرى يەنە باشلىنىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بەدەننىڭ قايسىبىر يەرلىرى قىچىشاتتى. يەنە قايسىبىر جايلار چىڭقىلاتتى، كۆپۈشەتتى... قولايسىز دەقىقىلەر يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمدى ۋاقىتنى سوزۇشقا بولمايتتى. ھېچكىم سوزالمايتتى...

* * *

ساۋۇت بەگنىڭ ئالدى بىلەن ئەسكە ئالىدىغىنى، ئېنىقكى، ئۆز خاھىشىغا ئۇيغۇن ھالدىكى شېرىن ئەستىلىكلەر بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇنى دەيدەيگە سېلىۋاتقان غايىبانە كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئوقۇرمەنلەر ئەلۋەتتە ھىس قىلىپ يېتەلەيتتى. بىراق، ھېچكىشى، ئۇ ئەسلەيدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپمۇ ئېيتالمايتتى.

ئۇ، ئۆزىگە كۆرستىلىدىغان ھۆرمەت ــ ئېھتىرامنىڭ بۇ قەدەر يۇقىرى چەككە يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. «سوپى خەق قانچىلىك بولماقچى. سوپىغا ئىلەشكەنلەر قانچىلىك ئادەملەر ئىدى؟» ئۇ، شۇنداق ئويلىغان. شۇنداق ئوي ــ خىيال قېتىدا، بويىنىنى ئارغامچا بىلەن باغلىغاندەك بىر ھېسسىياتتا كەلگەنىدى. ئەپسۇس، ئۇ، چوغتالغا ئاياغ بېسىپلا، كىلىۋېتىپ

سورگەن غەش خىياللىرى ئۇچۇن پۇشايمان قىلدى. ئوتتۇرىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئەيىپلىدى. كېيىن، ھە - ئە، كېيىن بولسا، بالدۇرراق كەلمىگىنى ئۇچۇن مىڭ قېتىملارچە ئۆكۈندى...

— يۇرتىمىزغا كەلمەكلىرى ئاسان ئەمەس، — دېدى، بەگنىڭ ئالدىغا چىققان كىشىلەر ئارىسىدىكى دەرۋىش سىياق بىر ئادەم، ئۇ مەيدىسىن چۈشكەن زامات ئالدىغا كېلىپلا «لوككىدە» ئولتۇرۇپ، — مىنسىلە، ئىمام ھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك خانىسىگە يۇدۇپ ئېلىپ كېرەي. سىلىنىڭ قەدەم باسقانلىرى — بىزلەرگە ئامەتتۇر.

— رەھمەت، ئۆزۈم مېڭىپ كېرەي، — دېدى بەگ ۋە سۆيۈنگەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى ھاپاش قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى، — ئادەم ئادەمنى مىنسە، يامان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قارىسىلا، راۋۇرۇس ماڭغۇچىلىكىم بار مېنىڭ، — ئۇ، شۇنداق دەۋېتىپ، تۇكلۇك قوللىرى بىلەن قورساق ۋە بېقىنلىرىنى سىيلاپ قويدى.

— ئۇغۇ شۇنداق بېگىم، — تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىپ گەپ قىستۇردى، بەگكە سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان سايىت قازى، — مەھەللىمىزگە قەدەم باسقانلىرىغا ئەل - ئاۋام زىيادە خۇش ئېرۇر. خۇشلۇق غالىسلىقىدا...

— شۇنداق، ئۆزۈممۇ خۇرسەند، — ئۇ، قازىنىڭ قوللىرىنى دوستانە قىسىپ قويدى، — شۇنداقتىمۇ مېڭىپ كېرەي. تېخى قېرىپ كەتمىدۇق. ھاپاش بولغۇدەك ھالغىمۇ كېلىپ قالمىدۇق. بىلىپ قويسىلاكىم، خېلى - خېلى ئىشقا يارايمىز بىز... — ئۇ، كۇلۇپ تۇرۇپ، قازىنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان بۇ نۇرلۇق كۆزلەردىن شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. بىلىنىپ تۇراتتىكى، ئۇ، كۆز تىلى ئارقىلىق، ئۆيۈمگە بارغاندا ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى بەجا

كەلتۈردۈڭمۇ، دەۋاتاتتى.

— ئىشقا يارايدىغانلىقلىرىنى بىلىمىز، — دېدى تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداقتەك، ھىجىيىپلا تۇرىدىغان قازى، كېتىۋېتىپ دەرھاللا بەگنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — شۇل سەبەب تەييارگارلىقلارنىمۇ ئەتراپلىق قىلىپ قويدۇق. سىلىنى قوشقاردەك چېۋەر، ئۆكۈزدەك كۈچلۈك دەپ تونۇپ... — قازى توختىۋالدى. بىراق، ئۇ ھەممىنى دەپ بولغانىدى.

ساۋۇت بەگ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى. بۇرۇتىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سىيلىدى، چىمدىدى. ئۇنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى.

ھايالدىمايلا مېھماندارچىلىق باشلىنىپ كەتتى. داستىخان، ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ ئۆي ئارقىسىدىكى بېغىغا ھازىرلانغانىدى. باغ ناھايىتى چوڭ، پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، گويىكى پانىيدىكى جەننەتكىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ھەر ياقلىرىغا تۇتاشقان يوللار، يولنىڭ بىر يېقىدا ئۇنىڭ يېنىدىلا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان چىرايلىق ئېرىقلار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. ئۆرۈكلەرنىڭ پاكار شاخلىرىغا ئېسىلغان قەپەزلەردىكى رەڭگارەڭ تاغ قۇشقاچلىرى تىنىمسىز سايرىشاتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، قايسىبىر دەرەخ شاخلىرىغا قونىۋالغان كاككۇكلارمۇ ئاچچىق ـ ئاچچىق سايراپ قويۇشاتتى.

قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ، ئالتۇن مونەكتەك سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈكلەرنىڭ ئاستىغا سېلىنغان شاھانە داستىخاننىڭ تۆرىدە ساۋۇت بەگ گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا، بۇ دىيارغا يېڭىدىن قەدەم باسقان، بەگكە ناتونۇش بولغان ھۆسەيىنخان سوپى ئورۇن ئالغانىدى. ئۇنىڭ يوللۇق ئاق رەختتىن تىكىلگەن جەندىسى ۋە ئاقۇش كۈلاھى ئۈستىدىن ئورۇۋالغان يوغان ھەم ئاپئاق سەللىسى ئۇنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق كۆرسىتەتتى. لېكىن، پۈتۈن يۈز قىسمىنى

قاپلاپ تۇرغان چىگىش ۋە قاسماق تۈكلەر (بۇ تۈكلەر، نورمال ساقال ۋە بۇرۇت ئۆلچىمىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى.)

ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئاران - ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بۇ هال، ئاپئاق ۋە ھەيۋەتلىك سەللە بەخش ئېتىدىغان سۈر - سالاپەتكە زادىلا ماس كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، سالاپەتلىك ھالىتىنى نامايەن قىلىپ ئولتۇراتتى. بەگنىڭ سول يېقىدا سايىت قازى، ئۇنىڭ بېقىنىدا ئەبەيدۇللا ئىمام، موللانىياز مۇفتى، ئاندىن مەھەللىنىڭ بىر قىسىم ئاقساقاللىرى ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلار، ساۋۇت بەگنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك، مۇشۇ قېتىم ئۇنىڭ دىدارىغا راسا قېنىۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. داستىخانغا قول ئۇزارتسا قولىغا؛ لوقما چاينىسا ئېغىزىغا؛ يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئاغرىغان پۇتلىرىنى يۆتكىسە، پۇتىغا كۆز سېلىشاتتى.

بەگنىڭ ئوڭ يېقىدا، ھۇسەيىنخان سوپىنى بويلاپ شەيخ سوپى، شادى دەرۋىش، بەكرى دەرۋىشلەر ئورۇن ئېلىشقانىدى. ئۇلار تەبىئىي ھالدىلا ساۋۇت بەگنى مەركەز قىلىپ، يەرلىك ۋە كەلگۈندىلەر بويىچە ئايرىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ساۋۇت بەگدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىلا دەرۋىش سىياق كىيىنىشكەنىدى. قارىماققا، بۇ، كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنغا ئەمەس، بەلكى دىنىي ئىلىم مۇتالىئە قىلىدىغان يىغىلىشقا ئوخشايتتى. داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىر خىلدىلا كىيىنىۋېلىشى، سورۇنغا تېخىمۇ ئېغىر كەيپىيات، سۈر ۋە ھېيۋەتلىكنىش... بەخش ئېتەتتى.

داستىخانمۇ ئادەم ئەيمەنگۈدەك دەرىجىدە مول راسلانغانىدى. ئۇجمە، ئۆرۈك قاتارلىق ھۆل يېمىشتىن تارتىپ، مالما، ھالۋا، قېتىق - قايماق، ئۇگرە، پولو، مانتا، سامسا، تۇخۇم، ئۆپكە - ھېسىپ، قورداق، زىقلىق كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ... كەبى تائاملار

ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ۋە سىغداپ تىز بۇيتىلگەندى.

بىر ئازدىن كېيىن، قورساقلار ئەستەرلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەر خىل شەربەتلەر كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇسەللەسمۇ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. چىرايلىق چۆچەكتە بىر ئايلاندى. يەنە بىرمۇ ئايلاندى...

مانا ئەمدى سورۇننىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى خېلىلا چۈشكەندى. يېمەي، يېگەنگە قاراپ ئولتۇرغان ئەدەب ـ ھايالىق دەرۋىش ـ ئاقساقاللارمۇ ئالدىدىكى داستىخاننى خېلىلا بوشاتقان. يەنە لوقمىغا تېنىمسىز قول سوزۇپ ئولتۇرۇشاتتى. قەدەھمۇ توختىماي ئايلىناتتى. جىمجىت، سۈرلۈك سورۇننى بارغانسېرى پاراڭ، قايناش ۋە ۋەز ـ ئۇگۇتلەر باسماقتا ئىدى.

ــ گەرچە، «قۇرئانى كەرىم» دە شۇنداق بولسىدە، ھەم ئۇشبۇ يۇرتلەردەكى مۇھەممەت ئاتلىق ئېزىتقۇ ـ شاياتۇن مەي ـ شاراب ھارام ئېرۇر دېب جار سالىب يۈرسەدە، بىزلەر كەبى ئاشىقلەرنىڭ ئىشق ئوتلەرىنى باسماغىغە مۇشۇنىڭدىن ئۆزگە چارە يوقتۇر، ــ بىر ھازادىن كېيىن، كۆزلىرى خۇمارلاشقان ھۇسەيىنخان سوپى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ساۋۇت بەگكە قەدەھ سۇندى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ بايىقى ئېغىر ـ بېسىق ۋە سالاپەتلىك ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ــ تىڭلىغىنىم بارىكى، مۇسەللەس ئاتلىق بۇ شەربىتى خۇشكەيىپ ئەرلەر ئۈچۈن جۇدە كاتتا قۇۋۋەت ئېرۇر. ھە، كۆتۈرسىلە بېگىم، قۇۋۋەت ئېرۇر.

ــ يەنە كېلىپ، بۇ، ئۆتكەن يىلنىڭ دورىسى، ئوت ئىسسىق دېسىلە بېگىم، ــ دېدى سايىت قازى دەرھال لوقما سېلىپ، ــ مۇسەللەس قانچە كونا بولسا، قۇۋۋىتى شۇنچە ئاشۇر، ــ ئۇ، مۇشۇ گەپنى دەۋېتىپ، ساۋۇت بەگنىڭ كۆزىگە «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى. ئارقىدىنلا، ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ قالغاندەك ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكاردەك، كۆزلىرىنى دەرھال ئېلىپ قېچىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى، ــ بارچىسىدىن، بۇ، چوغتالى ئەزىمنىڭ

مۇسەللىسى. بىلىدىلا، بۇ ئىقلىمدا ئاۋات ئاتلىق يۇرتنىڭ مۇسەللىسى زىيادە مەشھۇردۇر. شۇنىڭدىن قالسىلا مانا بىزنىڭ — چوغتالىنىڭدۇز. ئىچىپ قويسىلا، زەرەر قىلمايدۇ بىگىم. مۇھەممەت ئۆزى ئىچمەيدۇ، ئىچكەننى كۆرەلمەيدۇ، ھۇزۇر نىمە، خوشلۇق نە، كەيپىنى سۇرەلمەيدۇ...

— ھۇششەررە، قازى ئاخۇنۇم، ھۇششەرررە! مۇھەممەت ئاتلىق ئول كۇشەندە ھەققىندە قوشاق قىتىۋەتىلە ئۆزى، — بىر پارچە ئۇستىخاننى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، باش كۆتۈرمەي غاجىلاۋاتقان بەكرى دەرۋىش (باشقىلار ئۇنى سوپى دەپمۇ، دەرۋىش دەپمۇ ئاتاۋېرەتتى.) بىردىنلا شۇنداق ۋارقىراپ قويدى. تەڭشىلىپ قالغانلىقى ئۇنىڭ بوزارغان چىرايىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق دىمىگەن ھالەتتىمۇ، ئىېنىقكى، چوقۇم باشقا بىرى، ساۋۇت بەگدىن باشقا بىرسى مۇشۇ گەپنى دىگەن، ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇغان بولاتتى. چۈنكى، سايىت قازىنىڭ گەپدانلىقى مەھەللىدىكى ھەممىگە ئايان ئىدى.

— مەن، مۇھەممەت ئاتلىق شۇل نىجىسنىڭ جانىپىدىن ئىچۈرمەن بۇ دورىنى!

— ئول لەنىتى ۋەجىدىن دەردلىرىم ئىچىمگە ھېچ سىغماستۇر مىنىڭ! شۇ تاپ ئىچىمگە ئوت كەتتى، ئوت!

— مەنمۇ شۇ!

— مەنمۇ ھەم!

— ئاللا، ئاللا!

سورۇن ئەھلىنى كەيپىلىك ئەسىر قىلماقتا ئىدى.

ساۋۇت بەگمۇ خېلىلا قىزىشتى. بىراق، ئۇ ھېچبىر سورۇندا بىرىنچى بولۇپ يىقىلىپ باقمىغانىدى. بۇگۈنمۇ ئالدىراپ يىقىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئەكسىچە، ئۆزىنى شۇنچە يەڭگىل، كۆتۈرۈشلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك سېزەتتى. ئەقلى ـ ھوشىمۇ بەكلا جايىدا ئىدى. ئۇ، مەخسۇس قويۇپ بېرىلگەن

ئېگىز، گۈللۈك تەكچىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، سورۇن ئەھلىنى بىر ـ بىرلەپ كۆزىتەتتى.

«تووۋا» دەيتتى ئۇ ئىچىدە، كوچىلۇغۇچ بىلەن بىجىرىم ۋە سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى ئالدىرىماي كولاپ تۇرۇپ، «دەرۋىش خەق دېگەن ئەجەپ بولىدىكىنا. مۇسۇلماندارچىلىقنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىكەنتۇ، يەنە ھەممىسىلا كەيىپ قىلىدىكەن. سەللە ئوراپ تۇرۇپ كەيىپ قىلىسىمۇ غەلىتە تۇرىدىكىنا...»

— مۇھەممەت دېگەن شۇ دەيۈزنى!

— خەپ، شۇ ئىبلىسنى!

ساۋۇت بەگ يەنە دىققەت قىلدى. ھەيران قالدى. ئۇلۇك يىغىدىنىمۇ، سول تەرىپىدىنىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق سادا چىقىۋاتاتتى. ئۇلار، گويا مۇھەممەت ئاتلىق ئورتاق بىر كىشىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەردەك، ھە دېگەندىلا مۇشۇ ئىسمىنى تىلغا ئالاتتى. ھەتتا توغرا كەلمىگەن جايلارغىمۇ زورمۇ زور قوشۇۋالاتتى. قارىغاندا، ئولتۇرغانلار ئۇنىمۇ مۇھەممەت ھەققىدە بىرنىمە دېيىشكە دالالەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ سەل كەيپى ئۇچتى. تونۇمايدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ نىمە ئىشى. شەخسىي ئاداۋىتىنى داستىخانغا سۆرەپ چىققانمۇ ئىشمۇ. بىر گەپ دېگەننى ھەممىلا ئادەم، كەچكىچە دەۋەرگۈلۈكمۇ. ئەر كىشى دېگەنمۇ مۇشۇنداق غەيۋەت قىلىپ ئولتۇرامدۇ. بىرى دېگەننى يەنە بىرىمۇ دەپ، لاتا چاينىپ...

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى يانغا بۇراپ، كۆزىنى يېرىم يۇمدى. قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئاڭلىغۇسى كەلدى. بۇ ئىستىكىنى سايىت قازىغا ئېيتماقچىمۇ بولدى ـ يۇ، يەنە ۋاز كەچتى. ئۆزلىرى بىر ئىش قىلار. بۇنچىلىك ئىشنى بىلىشەر. سورۇن ئۇنىڭمىدى؟!... سەل ئۆتۈپ، قولىقىغا يەنە سورۇننىڭ پارىڭى كىردى.

«سورۇننى يامان ئەمەس تۈزۈپتۇ. لېكىن ئاجايىپ... غەلىتە،

بەك غەلىتە خەق ئىكەن بۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا دەرۋىش بولۇۋاپتۇ. ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر دەپ راست ئېيتىپتىكەن. ئەمدىلىكتە چوغتالىنىڭ موللىسى قايان، دەرۋىشى قايان؟...» دەپ ئويلىدى ساۋۇت بەگ. شۇئان، سورۇنغا ھەيرانلىق بىلەن قايتا كۆز يۈگۈرتتى. پەردىشەپ، ھايا دېگەنلەر تامامەن يوقالغاندەك قىلاتتى. ھېلىلا باشلاردا سۈرلۈك كۆرۈنگەن ھەيۋەتلىك سەللىلەر، مانا ئەمدى قىڭغىر، مايماق ۋە بەزىسى يەردە چۇۋۇلۇپ تۇراتتى. چىرايلار قىزارغان، كۆزلەر ئەلەڭ ـ سەلەڭ، تېتىقسىز پاراڭلار. مۇھەممەت ھەققىدىكى غەيۋەتلەر. يەنە شۇ ئادەم ھەققىدىكى قاغاشلار...

ساۋۇت بەگنىڭ ئەمدى زادىلا ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. كۈچلۈك مۇسەللەس ئۇنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاپ، ۋۇجۇدىنى شېرىن بىر تۇيغۇغا چۆمدۈرمەكتە ئىدى. تومۇرلىرى كۆپەتتى. قانلىرى ئوت بولۇپ قايناتتى. بەدەنلىرى چىڭقىلىپ، نەپسى قىسىلاتتى. ئۈگە ـ ئۈگىلىرى قىزىشاتتى، تارتىشاتتى. كۆڭلى نېمىدۇر بىر نەرسىنى، ھە ـ ئە، قانداقتۇر بىر شېرىن نەرسىنى خالايتتى...

ئۇ، ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي، سايىت قازىغا «قېنى؟» دېگەندەك «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلدى. كەيىپ بولسىمۇ، باشتىن ـ ئاخىر بەگدىن كۆز ئۈزمەي، سەزگۈرلۈك بىلەن ئولتۇرغان سايىت قازى دەرھال ئېغىز ئاچتى:

— سەل چارچاپ قالدىلا ـ ھە، بېگىم؟... ناخشا باشلىسۇنمۇ؟... بوپتۇ ئەمىسە، خالىغانلىرىدەك بولسۇن. ئىمامئاخۇنۇم، بېگىمنى بەك چارچىتىۋەتمەيلى. بىراز ئارام ئالسۇن. دېيىشكىنىمىزدەك، ئاپتاپخانىلىرىغا باشلىغايلا. مايلانغاچ، دېمىنى ئېلىۋالسۇن... ئاۋۇلار ئەمدى ھازىر بولغاي... قېنى بېگىم، مەرھەمەت!

سايىت قازى ۋە ئەبەيدۇللا ئىمام تەڭلا ئورنىدىن قوپۇپ، ساۋۇت بەگنى ئىككى ياقتىن تۇتۇپ يۆلەشتۇرۇپ ماڭدى. بەگ، باشقىلار يۆلىۋالغۇدەك ھالدا ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە قارشىلىق قىلمىدى.

سورۇندىكىلەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كەيپ ھوزۇرى ئەمدى باشلىناتتى.

سورۇننىڭ نەغمە ـ ساز ئاڭلاش، تۇخۇم چېكىشىش، ئۇسسۇل ـ ساماغا دەسسەش، چىلىم تارتىش... كەبىي بىرمۇنچە باسقۇچلىرى ئەمدى باشلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بەگ بۇلارغا قىزىقمىدى. قىزىقمىغانلىقى ھەققىدە ئويلىغۇسىمۇ كەلمىدى. بىلەتتىكى، ئۇنى «سايىت قازىنىڭ ۋەدىسى» دىن ئۆزگە ھېچنىمە قىزىقتۇرالمايتتى.

ئۇلارنىڭ «ئاپتاپخانە» دېگىنى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس لايىھەلىتىپ ياساتقان ھەشەمەتلىك ۋە ھويلىلىق خاس خانە ئىدى. بۇنداق ھويلىلىق خاس ھۇجرىسى بار «خانە» لەر مەھەللىدە قازى، ئىمام، مۇفتى قاتارلىق بىرنەچچىلا ئادەمنىڭ بار ئىدى. كەلگۈندى دەرۋىشلەر بولسا، مانا ئەمدى بىر بىرلەپ ياستىنىشىۋاتاتتى.

«ئاپتاپخانە» نىڭ ئاچقۇچى ئادەتتە ئۆينىڭ ئەر خوجايىنىدا تۇراتتى. مەزلۇملارنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئىمام ياكى قازىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خاس ۋە پىنھان دۇنياسىدا دىلى تارتقان بارلىق ئىشلارنى قىلاتتى: يالغۇز ئارام ئالاتتى. كۆڭلى خالىغان قايسىبىر قىز ـ چوكانلارنى باشلاپ كىرىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئايالLARنىڭ يۇمشاق قوللىرى بىلەن ھېرىققان ۋە زارىققان تېنىگە داۋا تاپاتتى. ئاشۇ سىيلىق قوللار بىلەن ياغلىناتتى. ئاپتاپقا قاقلىناتتى. چىلىم تارتاتتى. خىيال سۈرەتتى... قىسقىسى، «ئاپتاپخانە» ئاتالغان بۇ يەرنى، ئەر

خوجايىننىڭ بارچە شەرمەندىلىكلەرنى ئاشكارە مەخپىيەت سۆيىتىدە يۇرگۈزۈشلىرىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان «پاسىقخانە» سى دېيىشكىمۇ ھەم بولاتتى.

«ئاپتاپخانە» — ھويلىغا يانداش سېلىنغان بولۇپ، ئىسمىغا يارىشا ئاپتاپمۇ تولۇق چۈشىدىغان ۋە سايىدايدىغان يېرىمۇ بولغان ياسىداق ھويلا ھەم خاس بىرقانچە ھۇجرىدىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ يەر ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ياغ قۇيۇپ يالىغاندەك پاكىز ۋە رەتلىك تۇراتتى ـ يۇ، خوجايىنىدىن باشقىلار خالىغانچە كىرەلمەيتتى. لېكىن بۈگۈن، ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ بۇ خاس خانىسىگە تۇنجى قېتىم يات بىر ئەر ئاياغ بېسىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ، خوجايىنى شۇ قەدەر خۇشخۇي، رايىش ۋە رازىمەنلىك بىلەن باشلايتتى، مېھمان بولسا، ئەكسىچە، شۇ قەدەر مەغرۇر، مۇغەمبەر ۋە مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە قەدەم باساتتى.

ھويلا زىيادە ئاپتاپلىق ئىدى. ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئۇستىدە 15 ~ 20 غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ياسىداق ۋە ئېگىز پېشايۋان قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قەدىمىي گۈللۈك كارىۋاتقا گىلەم، كۆرپىلەر رەتلىك سېلىنغانىدى. بۇ يەرگىمۇ ئاپتاپ يېتىپ ئاشقۇچە چۈشۈپ تۇراتتى... بىراق، بۇلارمۇ ساۋۇت بەگنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئۇنىڭ كۆتكىنى بۇمۇ ئەمەس ئىدى...

— ئەمسە، بېگىم، ئەبەيدۇللا ئىمام ئۆز قولى بىلەن پىشۇرغان مۇنۇ ئېيىق ئۆتى، تاپىنى، جىگەرلەرىگە ئېغىز تېگىپ ئولتۇرغايلا. ئۆزلىرىنى مايلاپ، ئاپتابقا سالىپ، دورىلىماق بولغان تېببەلەر ئۆزىمايلا يانلىرىغە ھازىر بولغۇسىدۇر، — دېدى سايىت قازى بۇرۇنقىدەكلا ھىجىيىپ ۋە تېزلىك بىلەن تۈزۈلگەن داستىخاندىكى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان گۆشلەرگە ساۋۇت بەگنى تەكلىپ ئېتىپ تۇرۇپ، — بۇنىسى ئەرلەر ئۈچۈن ھەقىقىي قۇۋۋەت ئېرۇر. قېنى، تارتىنماي قول سالغايلا.

بىزلەرگە قارىمىغايلا. ئەبەيدۇللا ئىمام ئىككىمىز مېھمانلار تامانىغا بىر بارىپ كېلۇرمىز.

— مېنى يالغۇز تاشلاپ قويىدى دەپ رەنجىمىگەيلا، بېگىم، — گەپ قىستۇردى ئەبەيدۇللا ئىمام، مەستىلىكتىن غىلايغان كۆزلىرىنى بەگدىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، — يانلىرىغا ھازىرلا قولى شىپاھ غىلمانلار كىرگۈسى. ئاڭغىچە بىزلەرمۇ ھەم كېرۇرمىز...

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى.

ساۋۇت بەگ، ئاياقتىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان جىگەر ۋە يەنە گۆش سىياقىدىكى قانداقتۇر بىر نەرسىلەرگە خۇشياقماسلىق بىلەن قول ئۇزاتتى.

جىگەر، باشقا جىگەرلەرگە ئوخشايتتى. شۇنداق تەم ۋە پۇ-راقتا ئىدى. لېكىن، باشقىلىرى غەلىتە پۇراۋاتقاندەك قىلاتتى. «ئېيىق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغىنى ئۈچۈن شۇنداق بىلىنىۋا-تامدۇ ياكى راستتىنلا شۇنداقمۇ... بىلەلمىدى. بىلگۈسىمۇ كەل-مەيتتى. ئۇنىڭچە، بۇ ئەرزىمەس، قاشاڭ گۆشنىڭ تەمىنى بىر-نەرسىگە ئوخشىتىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئەرزىمەيتتى. ھەئە، ئەرزى-مەيتتى! ئۇنداقتا، شۇ تاپتىكى ئېھتىياج نېمە؟ زادى نېمە؟...

ئۇ، ئىختىيارسىز ھالدا، نېرىدىكى ئۈجمە شېخى ئۈستىدە بىر - بىرىنى چوقۇلىشىپ ۋە چۇكۇرلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ ئاق قۇشقاچقا تىكىلدى. ئۇلار شۇنچە ئەركىن، بىمالال ۋە راھەتلىك ئىدى. كاشكى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئادەمنىڭ يېنىدا بىرەرى بولسا... شۇلارنى ئويلاش بىلەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تېخىمۇ لەرزىگە كەلدى. قىزىشقان بەدەنلىرى چىڭقىلىپ، ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بىلىندى. شېرىن خىياللىرىنى بولسا ئۆزىمۇ باشقۇرالمىدى ئۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تەڭداشسىز گۈزەل بىر ئايال، ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىز، توختىغان قىز، سېمىز قىز، ئورۇق قىز، نازلىق جۇۋان، خۇلقى بار چوكان...

— ئەسسالام، بېگىم!

ساۋۇت بەگ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. كۆز ئالدىدا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، نېپىز شايى رومال بىلەن بېشىنى ئورىۋالغان، غۇنچە بوي، بەللىرى تال - چىۋىقتەك ئىنچىكە بىر قىز، ھە - ئە، قىز سۈپەت بىر ئايال ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ تۇراتتى.

— ۋا... ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى بەگ ئالدىراپ جاۋاب قايتۇرۇپ. ئاۋازى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تىترەپ چىقىۋاتاتتى، — ئىجازەت... باشلىرىنى كۆتۈرگەيلا.

قىز بېشىنى كۆتۈردى. يۈزلىرى ئوراقلىق بولسىمۇ، كەم تېپىلىدىغان گۈزەللەردىن ئىكەنلىكى تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇم بېگىم، ئەپۇ قىلغايلا، — ئۇنىڭ تاتلىق ۋە يېقىملىق ئاۋازى، كۆكسىگە قويغان سۈزۈك ۋە چىرايلىق قوللىرى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە يەنىمۇ ئېنىق بېشارەتلەرنى بېرەتتى.

— ھېچقىسى يوق. ھې... ھې... ھېچقىسى يوق... — ئىختىيارسىز ھالدا كېكەچلىدى بەگ، — ھېلىھەم بولسىمۇ كەلدىلە خېنىم. تو... تولا تەقەززا بولدۇم سىلىگە.

— ياغلايدىغان دورىنىڭ ئوبدانراغىنى تاپاي دەپ... شۇ سىلىگە ئوبدانراق بىر دورا قىلىپ قوياي دەپ...

ئايال، بەگ نەزەرىدىكى قىز شۇنداق دېگىنىچە بەگكە يېقىنلاشتى. قولىدىكى كىچىككىنە تۈگۈنەكنى ئۇنىڭ يېنىغىلا قويدى. ئۇ ئېڭىشىپ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە ئۆتكەن شۇ قىسقىغىنە دەقىقىدە، سۈتتەك سۈزۈك بەدەن، يېقىملىق ھىد، كەرەشمىلىك ھەرىكەتلەر... بەگنىڭ ئاچ نەزەرى ۋە تۈيغۇلىرىغا سانجىلىپ ئۆتتى. بەگ جالاقلاپ تىترىدى. ئەرلىك سەزگۈلىرى شامدەك، سىمابدەك ئېرىدى. كۆزلىرى يالتىراپ، ئېغىزىغا قانداقتۇر بىر سۈيۈقلۇق يىغىلدى...

— ئۇنداقتا، كىيىملىرىنى سالسىلا، — دېدى قىز تېۋىپلارغا خاس كەسكىنلىك بىلەن، ھېچنىمىنى سەزمىگەندەك بىر ھالەتتە.

— مۇشۇ يەردىلىما؟ — دېدى بەگ، «كىيىمنى سالسىلا» دېگەن گەپنى ئۆز ئىستىكى بويىچە چۈشىنىپ، ھاياجان بىلەن، — ھۇجرىغا كىرىپراق بىر ئىش قىلىمامدۇق؟

— بىر ئىشنى ئەمەس، نۇرغۇن ئىشنى قىلىمىز بېگىم، — قىز، ساۋۇت بەگنىڭ دوپپىسىنى بىر ياققا ئاۋايلاپ ئېلىپ قويۇپ، كارىۋاتنىڭ كۆن تولۇق چۈشۈپ تۇرغان بۇرجىكىگە كۆرپە ۋە تەكيە ئېلىپ كەلدى، — ئۆزلىرىنى مايلايمىز، ئاپتاپقا سالىمىز، ئۇۋۇلايمىز، مۇجۇيمىز... ئىش قىلىپ، بۈگۈن سىلىنى داۋالاپ ساقايتىمىز، بېگىم.

— مېنى راستتىنلا ئاغرىق دەپ ئويلاپ قالدىلىما خېنىم؟ — بەگ، سىناق نەزەرىدە قىزنىڭ رومال ئىچىدىكى يۈزىگە، كۆزلىرىگە تىكىلدى. يەنە گەپ قىلىماقچىدى، قىلالمىدى. ئۆزىنىڭ زەبەردەست ئەركەك ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچىدى، بۇنىمۇ ئېيتالمىدى. تۇرۇپلا، بۇنداق دېيىش ئورۇنسىزدەك بىلىندى. دېمىسىمۇ، بىر ئەرنىڭ يارامىلىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ سۆزىدىن — ئاتقان پورىدىن بىلگىلى بولسۇنمۇ؟

— سىلىنى ئۇنداق دەپقۇ ئويلىمىدىم... — قىز، يەڭگىل، تارتىملىق ۋە يېقىملىق ھەرىكەتلەر بىلەن بەگنىڭ پەستىكى بىر جۈپ ئايغىنى چەتكە يۆتكىدى. بۇ ھەرىكەتلەردىنمۇ نازاكەت ۋە مىسلىسىز جەلپكارلىق چىقىپ تۇراتتى، — بۇ تۇرقىلىرىدىن ئاغرىقتەكمۇ تۇرمايدىلا، ئۇنىڭ ئەكسىچە... لېكىن شۇنداقتىمۇ، ياغلاپ قويغاننىڭ زەرەرى يوق، بېگىم. ئۆزىمايلا پايدىسىنى كۆرۈپ قالىدىلا...

— ماقۇل، بۈگۈن مەن ئۆزلىرىگە تۇرۇپ بېرەي... ئۆزۈمنى سىلىگە تاپشۇراي... — دېدى بەگ تىترەپ تۇرۇپ ۋە ھەممە تەلد-

يىمنى دەۋالدىم دەپ ئويلاپ، — مېنى نېمە قىلغۇلىرى كەلسە، قىلسىلا!... ئادەمنى تەقەززا قىلماي، چاپسانراق قىلسىلا!...

ساۋۇت بەگ، شېرىن ئىستەك ۋە ئەرلىك تەشنالىق قېتىدا، كىيىملىرىنىڭ قانداق سالدۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئەمدى ئۇ، پوستى سويۇلغان پىيازدەك، كالتە ئىشتان بىلەنلا قالغانىدى. يۇمشاق، ئىسسىق، سىيلىق، تاتلىق ۋە يېقىملىق قوللارنىڭ شېرىنلىك قوزغاتقۇچى چىداپ بولماس غىدىقلاشلىرىدا ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. بەدەنلىرىنى قاچۇراتتى. گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا تولغىناتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بەدىنىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى قىسىۋالاتتى... ئەمما، قوللار توختىمايتتى. مۇجۇش، سىيلاش، غىدىقلاشلار مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغاندەك، ئۇنى ئەبەدىي مۇشۇ هالدا قىيناپ ئۆتۈدىغاندەك داۋاملىشاتتى.

بەگ چىدىيالمىدى. سېھىرلىك قوللار سىيلاپ ئارقا يوتىسىغا كەلگەندە، ئۇ ئىختىيارسىز هالدا «كاپ» قىلىپلا قىزنىڭ قولىغا، ئاندىن بىلىگە ئېسىلدى.

— ئالدىرىمىسىلا بېگىم، — دېدى قىز، بەگنىڭ قوللىرىنى بىلىدىن ئاستا ئاجرىتىشقا ئۇرۇنۇپ، — تېبابەتتە ئىشلارنى بىر ۋاراقى قىلۇرمىز. ئاۋۋالەمبار تۇتىمىز، ئاندىن سۆگرە سىيلايمىز، ئاياغىسىدا مايلايمىز. ئاپتاپقا قاقلاش ئەڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. ئاندىن... بىر دەم چىدىغايلا بېگىم...

— ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا، خېنىم، — دېدى بەگ، قىزنىڭ بىلىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ۋە يېلىنغاندەك بىر ئاهاڭدا، — مې-نى ئۇنداق قىينىمىسىلا... قىينىمىسىلا!...ماقۇل دېسىلە دەي-مەن!...

قىز، رومال ئىچىدە تۇرۇپ، بەگ ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا تاتلىق ۋە نازلىق كۈلۈپ كەتتى. مەن ـ مەن دېگەن تەكەببۇر ئەرلەرنىڭ مۇشۇنداق چاغدا يېلىنىپ، ئەرزىمەس بىچارىگە ئايلىنىپ

قالدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ئۇ. بىراق، بۇنداق يىلىنىشلارغا ئالدىراپ ئېرىپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇ، بۇ تەرەپلىرىنىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭچە، يىلىنىش ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىشى، بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاداققى پەللىگە ئۇلىشىشى كېرەك ئىدى. شۇندىلا، ئەرلەرنىڭ — مەيلى ئۇ بەگ بولسۇن، مەيلى شاھ بولسۇن — ھەيۋىسى بىراقلا سۇناتتى. تەكەببۇرلىقى يەرگە ئۇرۇلۇپ، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان، ئېغىزىنى «ھە» دەپ ماكىلدىتىپ ئېچىپ تۇرىدىغان كەپتەر باچكىسىغىلا ئوخشاپ قالاتتى. مۇشۇ باسقۇچقا يەتكەندىلا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولاتتى. كۆزلىگەن مەقسەتلەر تېز ۋە توسقۇنسىز مۇراد تاپاتتى.

— ماقۇل، ماقۇل، ئاز قالدى. شۇنچىكى تەخىر قىلسىلا... — دېدى قىز، بەگنىڭ سەزگۈر جايلىرىنى تېخىمۇ سىيلىق ۋە غىدىق بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، — تەكشى تۇتۇپ، بىر ياغلاپ قويسامىلا ئىش تۈگەيدۇ. ئاندىن...

— بولدى ياغلىمىسىلا خېنىم... — دېدى بەگ ھاسىراپ تۇرۇپ. ئەمدى ئۇ چىدامچانلىقىنىڭ ئاخىرقى پاسىلىنى بۆسۈپ ئۆتكەنىدى، — بولدى قىلسىلا. ياغلانمىسامۇ، ھەقىقىي ئەركەكمەن. كە... كەلسىلە!...

ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە، قىزغا جان - جەھلى بىلەن يېپىشتى.

— ۋىيەي!... بۇ... بۇ... — قىز يەنە تارتىنىشتى.

— ئۇنداق بولسا، ھۇجرىغىلا كىرىپ كېتەيلى، — دېدى بەگ ۋە قىزنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن، بۇركۈتتەك چەبدەسلىك بىلەن قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى.

سىرتتىن، باغ تەرەپتىن تەمبۇر تەڭكەش قىلىنغان مۇڭلۇق ناخشىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلاپ ئېيتىلماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ، خۇددى بەگكە ئاتاپلا ئېيتىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئەڭ

ئامراق ناخشىلىرى ياڭرايتتى. يار ھەققىدىكى ناخشىلار، يارنى قوشلاپ تۇتۇش، زاپاس تۇتۇش، چىرايلىقنى تۇتۇش، يەڭگۈشلەپ تۇتۇش ھەققىدىكى ناخشىلار... ناخشا ئارىلىقىدا قايسىبىر مەستنىڭ «ياشاپ كەت!»، «قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن!» دېگەندەك مەدھىيە ئاۋازلىرىمۇ ھۇجرىغا ئوقتەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە، بۇ ئاۋازلار، قالايمىقان بۇ ۋارقىراشلارنىڭ ھەممىسى بەگكە شۇ قەدەر يېقىملىق تۇيۇلاتتى. سورۇن، كۇتۇنۇش، مۇئامىلە، ئارام... ھەممە ـ ھەممە جەھەتلەردىن شاھ ھۇزۇرىنى سۇرگەندەك سېزىلەتتى بەگكە. بەرھەق، شۇ تاپتىكى شېرىن دەملەرگە نېمە يەتسۇن. ئۇشبۇ دەقىقىلەردىكى جانغا راھەت سېھرىي مۇشتاقلىقتا نېمىمۇ تەڭلەشسۇن!

قىزنىڭ رومىلى تەبىئىيلا ئېلىۋېتىلگەنىدى.

— بەك يامانكەنلا جۇمۇسلا بېگىم... — دېدى قىز ناز بىلەن، ھاسىراپ تۇرۇپ، — ياغلاپ قويغان بولسام قانچىلىك بولۇپ كېتەر ئىدىلە؟...

— شۇنداقمۇ خېنىم؟... — بەگ تېخىمۇ روھلاندى. گويا قىز بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتمەكچىدەك، ئۇنىڭ قات ـ قېتىغا كىرىپ كەتمەكچى بولغاندەك تېخىمۇ چىڭ قاماللىدى، نىقتىدى، — سىلى، مەن كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق ئايال. جاھاندا تەڭدىشى يوق ئايال. مېھرىلىك ئايال. سېھىرلىك...

— ئۆزلىرىمۇ، مەن ئۇچراتقان ئەڭ كۈچلۈك، يارامىلىق ئەر، بې... بېگىم!... جېنىم بېگىم... ھارماس بۇقام... يېڭىلمەس قوشقىرىم!...

— تاتلىقىم... ھەسىلىم... شەكىرىم!...

تەمبۇر توختاپ، ساپايىلەر شاراقشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، دەرۋىشلەرچە مۇڭلۇق زوۋاندا «ئاللا ـ ئاللا!...»، «ۋاي دەردىمە!...» دېگەن ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋازلارمۇ شۇنچىلىك مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئىدى. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولات ـ

تىكى، شۇ تاپتا، ھەرقانداق كۆرۈنۈش ۋە ھەرقانداق ئاۋاز، مەيلى ئۇ ئەڭ بەدبەشىرە كۆرۈنۈش بولسۇن ۋە مەيلى ئەڭ يېقىمسىز ئا-ۋاز بولسۇن، ھەتتا ئىشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى بولغان تەقدىر-دىمۇ، يەنىلا ناخشىدەك يېقىملىق ئاڭلانغان بولار ئىدى بەگكە.

— مۇشۇ خۇلق، مۇشۇ چىرايلىرى بىلەن نەدە يۈرگەن بولغىيدىلە، خېنىم؟ — قىزنىڭ لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى بەگ، — مەن سىلىگە بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولدۇم. ئۆزلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېتىمەن. نېمە دېسىلە، شۇنى قىلىپ بېرىمەن...

— مېنى ئېلىپ كەتمىسىلىمۇ، پات - پات يوقلاپ تۇرسىلا، شۇ كۇپايە، — نازلىق بېقىش ۋە ئىڭراشلار قېتىدا جاۋاب بەردى قىز.

— ئەلۋەتتە، ئە... ئەلۋەتتە!...

بەگ بىھوش ئىدى. قىزمۇ شېرىن ھوشسىزلىق قاينىمىدا ئېقىپ باراتتى.

— ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىماسىم باردى، توغرا كېلۇرمۇ؟ — تاتلىق ئاۋازدا، ئەركىلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى قىز، ئۇستىدە توختىماي ھاسىراۋاتقان بەگنىڭ ئېڭەكلىرىنى قوللىرى بىلەن سىيلىغاچ، لەۋلىرىگە چىڭگىدە سۆيۈپ تۇرۇپ، — پەقەت بىرلا.

— بىر ئەمەس، مىڭ ئىلتىماس بولسىمۇ دېسىلە. دې... دېسىلە!...

— رەھمەت. ئەبەيدۇللا ئىمام مېنىڭ تاغامدۇر. ئەمما، مۇ-ھەممەت دېگەن زېدىپەس ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالدىلەر، بېگىم.

— چۇ... چۈشەندىم، زۆھرە خېنىم. بۇ ئىشنى ئۆزۈم ئوڭ-شايمەن. ئىماملىق مەڭگۈ تاغىلىرىنىڭ بولىدۇ، جېنىم خېنىم.

— كۆپ رەھمەت. ئۇ ھەم يانە مۇدەررىس ئىدى، ئۇنىمۇ تارتىۋالدى.

— مۇدەررىسلىكمۇ ئەبەدىي تاغىلىرىنىڭ بولغۇسى، تاتلىق

خېنىم.

— ۋەدىلىرى ۋەدە بولۇرمۇ، بېگىم؟

— ئە... ئەلۋەتتە، خېنىم. مە... مەن دېگەن ساۋۇت بەگ!

— رەھمەت، لاچىنىم. رە... رەھمەت، بۈركۈتۈم!...

بەگ تېخىمۇ مەست بولۇپ كەتتى. ئەتراپ مەست ئىدى. نېرۋىلارمۇ مەست، ھەممە ياق مەست ئىدى.

— مەن ھاۋا خېنىم بولۇرمەن. سايىت قازىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنىڭ سىڭلىسى...

— مەن گۈلنىسا خېنىم بولۇرمەن...

...

ساۋۇت بەگ، كېيىنكى سائەتلەردىكى شېرىن سۆھبەتلەرنى ئەنە شۇنداق ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر دەردمەننىڭ ۋاكالەتچىسى ئىدى. بىراق، ھېچقايسىسى ھۆسن، خۇلق ۋە نازاكەتتە بىر ـ بىرلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار گويا مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن مەخسۇس ئۆستۈرۈلگەن جەلپكار گۈللەردەك، كۆندۈرۈلگەن توشقانلاردەك، پاقلانلاردەك قىلاتتى. ئەمما، بۇ تەرىپىمۇ بەگكە بەربىر ئىدى. ئۇ پەقەت تاتلىق سېزىم، تەڭداشسىز ھاياجان، ئۇنتۇلماس لەززەتلەر... ھوزۇرىدا ئۈزەتتى. جان ـ جەھلى بىلەن ئۈزەتتى!

مۇسەللەس مەست قىلدىمۇ ياكى شېرىن كەيپىيات بىھوش ئەتتىمۇ بىلمەيتتى... ئەمدىلىكتە، قوينىدا يەنىلا ئاۋۋالقى خېنىم — باغرى يۇمشاق، مېھرى ئىسسىق، خۇلقى ئوتلۇق زۆھرە خېنىم ياتاتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇمۇ شۇنى خالايتتى. خالاپ تۇراتتى!

— ئەمدى يېنىمدا ئۆزلىرىلا تۇرغايلا، خېنىم، — دېدى بەگ، بىر مەھەل قولدىن چىقىرىپ قويغان يارىنى تەستە تاپقان ئادەمدەك، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، — سىلىگە پەقەت تۆزمەيدىكەنمەن. مەن بۈگۈن، ياق، ئەتىمۇ كەتمەيمەن. ئۆزلىرىگە

توپۇرلا قانمىدىم، تاتلىقىم، پاقلىنىم!...
يەنە شۇ شېرىن دەملەر. بىھوش دەقىقىلەر...

*   *   *

— بېگىم!
ساۋۇت بەگ، شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىلغان ئادەمدەك چۆچۈپ كەتتى. كۆز ئالدىدا زۆھرە خېنىم، گۇلنىسا خېنىم ۋە ھاۋا خېنىملار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا باشقا ئاقساقال، سوپى ـ دەرۋىشلەر مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، زۆھرە خېنىمنىڭ سۆيگۈ، تەشنالىق، سوراق ۋە ئىلتىجا تۆكۈلۈپ تۇرغان ئوتلۇق قاراشلىرىغا چىداپ بولمايتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا يەنە...
— ۋەدىلىرى ۋەدە بولۇرمۇ، بېگىم؟
يەنە زۆھرە خېنىمنىڭ ئاۋازى. سېھىرلىك ناز، تاتلىق ئىگراشلار قېتىدا ئاڭلانغان ئاۋاز.
بەگنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى. تېنىنىڭ، ياق، جېنىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە پىنھان بەتلىرىنى شېرىن ئەستىلىك ئارىلاشقان رېئاللىق تەشنالىقلىرى چېقىپ ئۆتتى.
— ئە... ئەلۋەتتە، خېنىم! — ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ھاياجاندىن يەنە ئىختىيارسىز ھالدا دۇدۇقلىدى بەگ. ئەمدى جاۋاب بەرمەي بولمايتتى. مۇشۇنداق دېمەي ئامالىمۇ يوق ئىدى. ئەرلىك غۇرۇرى، بەرگەن ۋەدىسى ۋە يەنە ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان سۆيگۈ ئىچىرقاشلىرى تەبىئىي ھالدىلا شۇنىڭغا ئېلىپ باراتتى. شۇنداق دېيىشكە قىستايتتى.
— ئۇنداقتا، مۇھەممەت ئاتلىق ئول تەرساغا ئىككى ئىلىك يارلىق پۈتۈپ بېرەمدىلا، بېگىم؟ — ئۇلاپلا سورىدى زۆھرە خېنىم.
— مۇھەممەتكە دەمدىلا؟
ساۋۇت بەگ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ نېمىدىندۇر قىسىلىۋاتقانلىقىنى ئەتراپتىكىلەر بىلمەيتتى. پەقەت ۋە پەقەت

بىر ئۆزىلا بىلەتتىكى، ئۇ ساۋاتسىز ئىدى. ئەلۋەتتە، خەت تونىغان تەقدىردىمۇ، مۇھەممەتتەك بىر ئاددەمگە يارلىق يېزىپ يۇرۇش، بەگنىڭ لاياقىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. خەت تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئەڭ دانا ئۇسۇل، مەھكىمە شەرئىگە كۆرسەتمە بېرىش، تەۋسىيە قىلىش ئىدى. ئۇنداقتا، بۇنى قايسى يول بىلەن دېسۇن. كۆز ئالدىدىكى خېنىمغا قانداق چۈشەندۇرسۇن؟

ئۇ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى. خەت تونۇمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ مەھكىمە شەرئىگە قارىتا بىر نەرسە يېزىپ بېرىشىگە پۇتلىشىۋاتاتتى. باشقىلارغۇ مەيلى، شۇ تاپتا، چىرايلىق زۆھرە خېنىمنى تولۇق رازى قىلىپ يولغا سېلىشنىڭ چارىسىمۇ شۇ ئىدى. ئەمما...

— بۇنى مۇنداق قىلىلى خېنىم، — دېدى بەگ، باشقىلارنى ئۇنتۇپ، ئالدىدا پەقەت زۆھرە خېنىملا تۇرغاندەك، بىر شۇنىڭغىلا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشنى مەن، جىددىي ئەرز قاتارى مەھكىمە شەرئىگىلا تاپشۇراي. ھەممە ئىشنى شۇلار ئۆزلىرى ئوڭشىسۇن!

ئۇ، چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا كەلگەن بۇ ئەقىلدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. مۇشۇنداق بولغاندا، ھەم زۆھرە خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئالالايتتى ھەم ساۋاتسىزلىقىنى يوشۇرۇپ قالالايتتى.

— بىر نەرسە يېزىپ بەرمىسىلىمۇ بولۇرمۇ؟ — تاتلىق ئاۋازى بىلەن يەنە كاندەك چاپلاشتى زۆھرە خېنىم.

ئارقىدا تۇرغانلار بىر ـ بىرلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراشتى. بولۇپمۇ، ئەبەيدۇللا ئىمام، زۆھرە خېنىمنىڭ ئاچقان، ئۇسسىغان يەرگە بېرىۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئەمەلىيەتتە، ھەممەيلەننىڭ كۆتكىنى شۇ ئۇنۇملۇك يول — مەھكىمە شەرئى ئارقىلىق ھەل قىلىش يولى ئىدى. پەقەت مۇشۇ يولنىڭلا ئەڭ كۈچلۈك، ئەجەللىك ۋە قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى

بەكرى دەرۋىش ئالىلىقاچان ئېزىپ ئىچۇرۇپ بولغانىدى.

ـــ سىلىچە، خېنىم ئۆزۈمدىنمۇ مۇھىممىدۇر، خېنىم؟

ـــ ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىنى باشقا ھېچنىمىگە تەڭ قىلغىلى بولماس. شۇنداقتىمۇ دەيمىنا... ـــ تاتلىق گېپىگە قوشۇپ يەنە نازلىق باقتى زۆھرە خېنىم.

ـــ ۋەدە بېرەي، خاتىرجەم يېنىشقايلا، ـــ بەگ، گويا قەسەم بەرگەندەك، ئوڭ قولىنى يۈرىكى ئۈستىگە قويدى، ـــ خۇدا بۇيرىسا، مەھكىمە شەرئىگە، ھەسەن قازىگە ئۆزۈم ئېيتۇرمەن. ھەممە ئىشنى ئۆز يولى بىرلە، ھەم يانە شۇلارنىڭ قولى بىرلە ئوڭشىغايمىز، ـــ ئۇ، كۆز ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈزەل دىلدارنى، تەڭداشسىز نۇرلۇق چىرايىنى يەنىمۇ خۇش قىلىۋېتەي دېگەندەك، زۆھرە خېنىمغا تىكىلىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى ـــ زۆھرە خېنىمنىڭ دۈشمىنى ـــ مېنىڭ ھەم دۈشمىنىم ئېرۇر. بىلىپ قالسۇنلەركى، مۇھەممەت ماخىمۇ دۈشمەن سانىلۇر!

ـــ رەھمەت، بېگىم!

ـــ مىڭ مەرتىبە رەھمەت سىلىگە!

ـــ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي!

...

ئەرزدارلار ھاياجانلاندى، شادلاندى. ئۇلار، دەسلەپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ساۋۇت بەگنىڭ بوگۈن مومدەك ئېرىپ، پىلىكتەك يۇمشاپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇشتى. ئاخىرىدا، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئادەمگە قاراۋاتقاندەك، زۆھرە خېنىمغا بەس ـ بەستە ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن قاراشتى.

«ھېچ بىر ئىنسان پېقىرنى بوش چاغلىمىسۇنلەر.» دەپ پىد ـ چىرلىدى بەكرى دەرۋىش پىخىلداپ كۈلۈپ، «بارچە: ئاش ـ تا ـ ئامىنىڭ تۇزى ھەممىدىن ئۇلۇغ دېيىشۇر. مەن دەيمەنكى، ئەمەلدە بولسا، قىز ـ چوكانلارنىڭ تۇزى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغدۇر.»

# دەسلەپكى رىۋايەتلەر

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كىشىلەر مۇھەممەت ئىمامنى «ئەۋلىيا» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەت داموللام ۋۇجۇدىدىن تېشىپ تۇرۇۋاتقان سېھرىي كارامەتلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ كەلگەن كەمتەر زات ئىدى. پەقەت ئىچىگە سىغمىغانلىرىلا ئامالسىزلىقتىن سىرتىغا تېپەتتى. جېنىغا قەست قىلغان توختىنى دۇئايى ـ بەند بىلەن تام ئاستىدا قالدۇرغىنى، ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئانىسى ـ بۇۋىنىيازخاننىڭ تۇرۇپلا ساقىيىپ قېلىشى، مۇھەممەت داموللامنىڭ ئۇچار قۇشلار، گۈل ـ گىياھلارغىمۇ سالام ـ ئېھتىراملار بىلدۈرىشى... قاتارلىق جەريانلارنى «سىرتىغا تەپكەن سېھرىي ئىپادە» دەپ ئىزاھلىشاتتى ئۇلار. مۇشۇلار بىر يەرگە تىزىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئېلىپ، مۇھەممەت ئىمام توغرىسىدىكى ئاجايىپ ھېكايىلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تۇغۇلۇشقا باشلىدى...

سۇلايمان شەيخنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۆزى مۇشۇ يەرگىچە ئۇلىشىپ، ئىزلاپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ھەزرەتنى بارلىق سېھرىي ـ كارامەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ غايىبانە ئىخلاسىنىڭ، تەلىم ئېلىش مۇددىئاسىنىڭ يىلتىزىمۇ مۇشۇ ئىدى. لېكىن ھەزرىتى ھاجىمنىڭ ئۆزىدىكى سېھرىي ـ كارامەتلەرنى جامائەت ئالدىدا ئېتىراپ قىلمىغانلىقى، توي قىلىپ، روزىغار تۇتۇپ، ئاشىقلىق يولىغا مۇخالىپ ئىشلارنى

قىلغانلىقى... ئۇنى ئويغا سالاتتى. ئۇ ئازابلىق ئىچكى مۇلاھىزىلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. ئويلايتتى، تەسەۋۋۇر قىلاتتى، ئاڭلايتتى. بولۇپمۇ، يۇرت جامائىتىنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەت داموللام توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ئۇنى ئالاھىدە قىزىقتۇراتتى، ئۇ مۇشۇ سىرلىق دۇنيا قېتىدا ھەزرىتى ھاجىمنىڭ خىسلەتلىك سىيماسىنى كۆرەتتى:

ئىبادەتتە ئولتۇرغان ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئىلاھىي ئايەتلەرنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئۆزى ئىزدىگەن ۋىسال مەنزىلىنى قوغلاپ باراتتى. كىملەر بىلەندۇر غايىبانە سىردىشاتتى، مۇنازىرە قىلاتتى. ئايەتلەر داۋاملىشاتتى... ھەزرىتى ھاجىم قانداقتۇر بىر ئىلاھى يۈكسەكلىككە يېقىنلاپ كەلگەندى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى سېھرىي ھارارەت بىلەن ئېرىپ باراتتى. كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى. ئايەتلەر تىزىلىپ چىقىۋاتقان ئېغىزى ئەمدى نېمىنىدۇر ئىلتىجا قىلاتتى. ئىلتىجا، ئوقۇش...

كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلگەندى: ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى تىنىمسىز چوڭقۇرلاپ ئوقۇغان ئىلاھىي ئايەتلەرنىڭ سېھرىي - قۇدرىتى بىلەن سىمابتەك ئېرىپ، ئېغىرلىق كۈچىنى يۇتۇنلەي يوقاتقانىدى. ئەنە، ئۇ پەيدەك يەڭگىللەپ، ئىبادەت قىلىۋاتقان يەردىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى. قۇيۇندەك چۆرۈلۈپ، ئۆزى كۆزلىگەن نىشان - ئاللا ۋىسالىغا قاراپ ئۇچتى...

مۇھەممەت داموللام توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ باراتتى.

— مۇھەممەت داموللام راستىنلا ئەۋلىيا ئىكەن، — دەپ گەپ باشلايتتى جامائەت ئارىسىدىن بىرى، — نېمىشقا دېسەڭلار، بۇخاراغا ئىلىم - تەھسىل قىلىشقا كەتكەندە، تولا يىغلاپ كۆزى

قارىغۇ بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ كۆزىنى بىر ئايەت ئوقۇپلا ساقايتىپتۇ، كۆرۈۋاتقانسىلەر، ھازىر ئۇ مەزلۇم تالا ـ تۈزگە چىقىپ يۈرىدۇ.

ــ بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى مۇھەممەت داموللامغا، ــ گەپ قىستۇراتتى يەنە بىرى، ــ ئۇ زات يەرگە دەسسەپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن ئۇچىدىكەن. بىر چاغدا ئۇنىڭ بىلەن مەسچىتتىن يېنىپ بىرگە مېڭىپ قالدۇق، باشقا ئادەم بولمىغاچ يانمۇ يان كېتىپ بارىمىز. ئۇمۇ پاراڭ قىلىدۇ، مەنمۇ گەپ سورايمەن. بىر چاغدا ئېغىزىم قىچىشىپ: داموللام، ئۆزلىرىنى ھەر جۈمە كۈنى ئىككى يەردە ناماز ئوقۇيدىكەن، مەككە مۇكەررەمدىكى جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ كېلىپ، بىزگە ئىمامەتچىلىك قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلايمەن. مۇشۇ گەپ راستمۇ؟ دەپ سورىدىم. ماڭىمەن، ماڭىمەن... ھېچ سادا يوق. ئەجەپ جاۋاب بەرمىدىغۇ دەپ شۇنداق يېنىمغا قارىسام داموللام يوق. نېمە ئىش بولۇپ كەتتى دەپ ئىككى يېنىمغا، ئارقامغا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ چىقتىم... قارا، دېگەندەك مەلۇم بولدى، ئالدىمغا قارىسام، داموللام نەچچە يۈز مىتىر يەرگە ـ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بوپتۇ. مەن بىلەن ئوخشاش ماڭغاندەك قىلىۋىدى، قانداق بولۇپ ئالدىمدا كەتتى... دەپ ئەقلىم ھەيران.

ــ داموللام سىرتقا چىقارماي يۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقى بۇخارادا ئوقۇۋاتقاندىلا بىلىنگەنىكەن، ــ پاراڭلار شۇ تەقلىدتە شاخلاپ باراتتى.

ھېكايىلەر، ــ بىر جۈمە كۈنى مۇھەممەت داموللام بۇخارا مەسچىتىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا «توختا، توختا!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇڭ قولى بىلەن بىر نەرسىنى يۆلەۋاتقاندەك، ئىتتىرىۋاتقاندەك ھەرىكەت قىپتۇ. نېمە دەپ ناماز تەرتىپىنى بۇزىدىلا تەقسىر؟ ناماز بۇزغانلارغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەمدىلا؟ دەپ

كايىپتۇ، ئىمام، ناماز تۈگىگەندىن كېيىن. ناماز ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئەيىبلەپتۇ. ئىبرەت ئۈچۈن ئۇنى جازالىماقچى بوپتۇ. جازالىسىلا مەن رازى تەقسىر، دەپتۇ مۇھەممەت داموللام تەمتىرىمەي تۇرۇپ. ئەمما لېكىن سۆزۈمنى بىر ئاڭلاپ باقسىلا. نامازنىڭ تازا قىيام ۋاقتىدا، ئەل مىسىرنىڭ قاھىرە دېگەن شەھىرىدىكى بىر چوڭ مەسچىتنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تۇردى. شۇ پېتىچە قويۇۋەتسەم، مىڭلىغان مۇسۇلمان تام ئاستىدا قېلىپ شېھىت بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا سەۋر قىلالماي، ناماز تەرتىپىنى بۇزۇپ، ئۇنى يۆلىۋالدىم. «توختا!» دەپ توۋلاپمۇ سالدىم. ئەمدى ناماز تۈگىدى. كەمىنە مۇھەممەتنى جازاغا تارتسىلا ئارمىنىم يوق، دەپتۇ. نېمىدەپ جۆيلۈيدۇ بۇ بەدرەك، دەپ ھېچ ئىشەنمەي، شەھىرى قاھىرەگە بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن شۇنداق خەۋەر كەپتىلەر: قاھىرەدە چوڭ بىر مەسچىتنىڭ تېمى راستتىنلا قىڭغىيىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدا يوغان بىر ئالىقاننىڭ ئىزى بار ئىكەن. بۇنى كۆرگەن بىر ئۆلىما: مەسچىت تېمىنى بىر ئەۋلىيا يۆلىۋاپتۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا، مىڭلىغان مۇسۇلمان تام ئاستىدا شېھىت بولار ئىكەن. تامنى يۆلەپ توختىتىۋالغان شاپائەتچى ئەۋلىيا تۇركىستاندا ئىكەن، دەپتۇ. كىشىلەر رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ. ھەر نامىزىدا مۇشۇ نامەلۇم شاپائەتچىگە ئاسايىشلىق تىلەپ كېلىۋېتىپتۇ... بۇنى ئاڭلىغان بۇخارالىق كىشىلەر ھەيران قېلىشىپتۇ. مۇھەممەت داموللامنى ئەۋلىيا دەپ ئېتىراپ قىپتۇ...

— مۇھەممەت داموللامچۇ ھەرەمگە جۈمە نامىزىغا ماڭغاندا كەپتەر بولۇپ ئۇچىدىكەن.

— ياقەي، بۇركۇت بولارمىش.

— تالىپلىرىنىڭ دەپ بېرىشىچە، مۇھەممەت داموللام ئالەمدىن ئۆتكەن پەيغەمبەر ـ ساھابىلەرنىڭ روھى بىلەن دىدارى

مۇلاقەتتە بولۇپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىمايمىش.

... ــ

«ھەزرىتىمنىڭ مۇشۇنداق كارامەتلىك خىسلىتى بولغان بولسا ئەسلى ياخشى ئىدى» دەپ ئويلىدى، ئېتىكاپ سۇپىسىدىن چۈشمەي ئولتۇرغان سۇلايمان شەيخ. ئۇنىڭ ھەزرىتى ھاجىم توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى بارغانسېرى ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە چىقىۋاتاتتى. ھاجىم، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى رەت قىلغانلىقى ۋە سوپى ـ دەرۋىشلەرگە زىت ھالدا تۇتقان ئېتىقاد، تۇرمۇش يولى... ئىشنى تېخىمۇ مۇجمەللەشتۇرۇپ تۇراتتى.

شەيخنىڭ قەلب كۆزى ئېچىلىپ كەتكەندى. ئۇ مۇشۇ تەقلىدتە بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتاتتى...

# ئۇ راستىنلا خەراباتى ئىكەن

ئۇ پۈتۈن يۇرت ئەھلى ئاڭلىسۇن دېگەندەك، ۋارقىراپ تۇرۇپ تەلقىن قىلىپ باراتتى. پۈتۈكچى تالىپ بولسا يادلاپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. مۆجىزىلىك مىسرالار سۈكۈتلۈك مۇھاكىمىدىن كېيىن، مۇقىم ئورۇندا تۇرغان ھالەتتىن ئەمەس، قىن ـ قىنىغا سىغماي قايناپ، تېشىپ چىقىۋاتقان سەييارە تەرغىباتقا ئۇلىنىپ تۆكۈلىۋاتقىنى ئۈچۈن، ئۇنى خاتىرىلەپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئەڭ زور ھوشيارلىق بىلەن يادلاپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

قىلما تەننى تەربىيەت ئەندەك زامان،
تەنپەرەستلىك بۇتپەرەسلىكتىن يامان.

...

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە توۋلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى پەقەت مۇشۇ يوللا قالغانىدى. مەسچىت، مەدرىسلەردىكى ساۋاق ۋە تەربىيەت بېرىش ئىمتىيازىنىڭ قولدىن كېتىشى، ئۇنى تەرغىباتنىڭ سەييارە سەھنىسىگە چىقىشقا مەجبۇرلىغانىدى، پۈتۈكچى تالىپ ھەيران ئىدىكى، كېتىۋېتىپ تەلقىن قىلىش، ئۇنى يۇقىرى ئاۋازدىكى نەزمىلىك تەرغىباتقا ئايلاندۇرۇش ـ مۇھەممەت ئىمامنىڭ تەپەككۇر بالاغىتى ۋە تىل پاساھىتىنى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىپادە قىلىشقا يول ئېچىپ

بىر نۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ، ئۇستازىنى ئەزەلدىن ھېچكىمگە تەڭ قىلماي كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۆكۈنۈپ ياتقان زېھنىي كۈچىنىڭ، يېتىلگەن ئىستېداتىنىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك پەللىدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. غەزەپ پىكىر تۇغۇۋاتامدىكىن؟ ئازاب ۋە نەپرەت شۇنداق تىل ـ مەجاز پاساھىتىگە سەۋەب بولۇۋاتامدىكىن؟ ئۇ بۇلارنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. بىلىدىغىنى يادلاش، پەقەت يادلاشلا ئىدى! ئىلاھىي ھېكمەتلەر مۆجىزىۋى مىسرالار گەۋدىسىدە نازىل بولۇپ باراتتى. ئۇ ئىلگىرى مۇقىم ھالەتتە تۇرۇپ تەلقىن قىلغان چاغدىكىدەك بىر مەزمۇن ـ بىر مەزمۇن بويىچە ۋە بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ ئەمەس، بىرلا ۋاقىتتا ھەم بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. بۇ، ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەن ئىلھامكىن، نەدىن كېلىۋاتقان كۈچ ۋە پىكرىي ھازىرلىقكىن، مىسرالار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توقۇلۇپ كېلەتتى. يېمەكلەر خاسىيىتى، دۇنيالار سۆھبىتى، سەبىرلىك خىسلىتى، پەزىلەتلەر بايانى... كەبى مەزمۇنلار بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ باراتتى. ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر نۇقتىغا يىغىلاتتىكى، ئۇ بولسىمۇ، نۇقسانلار مەنبەئى ـ نەپسى ئىدى. ئۇنىڭچە، ئىنسانىنىڭ بارلىق ئىللەتلىرى نەپسىدىن كېلەتتى. ئابرۇي ـ مەنپەئەتپەرەسلىك نەپسى ئىدى. ئىشرەت ـ زىناخورلۇق نەپسى ئىدى. ئاچ كۆزلۈك، تاماخورلۇقمۇ ھەم نەپسى غالىبلىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەلقىن ـ مۇلاھىزىلىرى تۇغقان نەزىم ـ مىسرالاردا مۇشۇ ھەقتىكى چوڭقۇرلاش ۋە تەكىتلەشلەر ئالاھىدە كۆپ ئۇچرايتتى.

نەپسى!...

نەپسى!...

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان، غەزەپلىك كۆزلىرىدە كۈچلۈك ئەقىدە نۇرلىرى چاچرايتتى، مۇمكىن بولسا، نەپسى، ئىللەتلەرنى،

ئۇنىڭ تۆرەلمە ـ ۋارىسلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭغا يول ئاچقان سوپى، قازىلارنى... بىر يولىلا يوق قىلغۇسى كېلەتتى. شۇڭا ئۇ غەزەپلىك ئىدى. شۇڭىمۇ ھېچقاچان يورۇتۇلمىغان پىكرىي ھېكمەتلەر مۆجىزىۋى مەجاز، ئىلاھىي مىسرا بولۇپ تۆكۈلەتتى:

قىلما تەننى تەربىيەت ئەندەك زامان،
تەنپەرەستلىك بۇتپەرەسلىكتىن يامان.

بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە كېلىشۈتقان بارلىق خەۋپ ـ خەتەرلەرگە پىسەنت قىلماي، زور جۈرئەت ۋە جاسارەت بىلەن قىلىنۋاتقان كۈچلۈك خىتابى ئىدى. بۇ يەنە ئۇنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بۈيۈك بىر پەللىگە ئۆلۈشۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى، تەنبىھ ـ تەربىيەتلەردىمۇ يېڭى بىر سەكرەش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. ھەم يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولاتتىكى، بۇ، ئۇنىڭ سەۋەن ـ نۇقسانلار يىلتىزى ھەققىدە چىقارغان كەسكىن ۋە ئاداققى يەكۈنى ئىدى.

ئۇ ھەممىسىنى بىلىپ تۇراتتى. سايىت قازىنىڭ شەرىئەت مىزانىغا، شەيخ سوپىنىڭ تەپسىر ـ پەتىۋالىرىغا سېلىپ ئۆلچىگەندە، مۇشۇ مىسرالارنىڭ ئۆزىلا (باشقا نەزىم ـ مىسرالىرىنى قوشمىغان ھالەتتىمۇ) ئۇنىڭ «بۇھتانچى» قالپىقى كىيىشىگە ئاساس بولالايتتى. ئايان ئىدىكى، ئۇلار: ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈڭنى سەمرىتتىڭ. تېنىڭنى مەئىشەت تەربىيىتىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇڭ. نەپسى بالالىق ئىچىدە ئوقۇغان بۇنداق نامىزىڭ قوبۇل بولمايدۇ. بۇ سىياق مۇسۇلمان بولغۇچە، ئاددىي ـ ساددا، ئەدلى ـ ئادالەتلىك، شەرمى ـ پەزىلەتلىك بۇددا مۇخلىسى بولغان تۈزۈك، دەپ جامائەتنى ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، كاپىر، بۇتپەرەست بولۇشقا قۇتراتقان. شەرىئەت ئۆلىمالىرىغا، پەيغەمبەر ۋە خوجىلار ئەۋلادلىرىغا بۆھتان چاپلىغان... دەپ شەرھى بېرەتتى بۇ

مىسرالارغا. ئۇلارنىڭ ئىمتىياز ۋە تەسىر كۈچى تەڭلەشكۈسىز بىر ھالغا يەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە، بۇ بەك خەتەرلىك ئىدى. لېكىن خەتەرلىك دەپ، سىڭگەن نېنىنى يەپ ياتسۇنمۇ؟ قايمۇقۇپ، ئارسالدىلىقتا يۈرگەن جامائەتنى ئەستىن چىقىرىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرسۇنمۇ؟ دۇرۇس مۇئامىلە، ئىناقلىق تاماسىدا ئاشۇ سوپى، قازىلار بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ئۆتسۇنمۇ؟ ئۇ، ئۇنداق قىلالمايتتى. بۇ خىل ناباب مۇرەسسەنىمۇ مەئىشەتپەرەسلىك ـ مەنپەئەتپەرەسلىككە، ئۇنى يەنە نەپسى غالىبلىقتا باغلايتتى ئۇ. بۇنىڭ ئۆزى شەيتان بىلەن يولداش بولغانلىق ئىدى.

ئۇ ئەمدى ئىمامۇ، مۇدەررىسمۇ ئەمەس ئىدى. تەربىيەت ۋە تەرغىبات يولىدىكى سورۇنسىزلىق ئۇنى جامائەتتىن ئايرىپ تۇراتتى.

«مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ئەنۋەر ئىمام، مۇدەررىسلىكتىن قالدۇرۇلسۇن!» بۇ، مەھكىمە شەرئىينىڭ كەسكىن بۇيرۇقى ئىدى. يېقىندا يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى ئۇ خېلىدىن بۇيان سېزىپ يۈرەتتى. نەتىجە ھامان شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆزىمۇ. يۇرت ـ يۇرتلاردىن قاڭقىپ كەلگەن سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقى، سايىت قازى، شەيخ سوپى، بەكرى دەرۋىش ۋە يېڭىدىن قەدەم باسقان «خوجا، پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» نىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ يۈرۈشلىرى... خېلى بۇرۇنلا مۇشۇ خىل يەكۈندىن دالالەت بېرىپ تۇرغانىدى.

— بىز نېمە دېسەك، شۇ بولىدۇ، — دېدى سايىت قازى، شۇنىڭدىن كېيىنكى جامائەت يىغىلىشلىرىدا.

— بىز نېمە دېسەك، شۇ كېلىدۇ، — تولۇقلىدى شەيخ سوپى.

— بىزنىڭ پەتىۋايىمىز ـ ئاللانىڭ ئىرادىسى، مەھكىمە

شەرئىنىڭ يارلىقى، — تېخىمۇ كۈچەيتتى بەكرى دەرۋىش.
شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ كۆپ يىللىق ئىمام، مۇدەررىسلىك هاياتى ئاخىرلاشقانىدى. ئەمدى ئۇ مەدرىسكە، ھەتتا مەسچىتكىمۇ قەدەم باسالمايتتى. قازى، ئىشانلار بۇ ھەقتىمۇ مەھكىمە شەرئىدىن پەتىۋا ئالغانلىقىنى جار سېلىپ يۈرەتتى.
— مۇھەممەت كەبى مۇرتەدلەرنىڭ تەڭرى ئۆيى — مەسچىتكە قەدەم باسماغى ئەھلى مۇسۇلمان ئۈچۈن ھارام، دېيىلدى، مەھكىمە شەرئى پەتىۋاسىدا.
— خادىمە ئۇل شەرئەتى خۇسۇسىدا پىتنە — بوھتانلار قىلغانى ئۈچۈن، مەدرىس — مۇكەررەمدە ساۋاق بەرمەگى جايىز ئەمەس، دەپ كۆرسەتمىلەر بېرىلدىلەر.
ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەبەيدۇللا ئىمامىمۇ ھەر ۋاخ نامازدىن بۇرۇن جامائەتكە مۇشۇ خۇسۇسىدا ئۈچۈر — يەتكۈزۈلمىلەر قىلاتتى. ھەممە، نوپۇزنىڭ ئورنى ئالماشقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئىلگىرى «كاپىرنىڭ ئىماملىقىدا ناماز ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس» دەپ مەسچىتكە يېقىنىمۇ يولىمايدىغان سوپى، قازىلار مانا ئەمدى جامائەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇراتتى. پاساھەتلىك شەرھى — مۇلاھىزىلىرى؛ كەمتەر، خۇش پېئىللىقى بىلەن يىراق — يېقىندىكىلەرنىڭ ھۆرمەت — ئېھتىرامىغا نائىل بولغان مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا داموللام بولسا جامائەت ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغانىدى. ئۇ بەلكى نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇۋاتقاندۇر. قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان بېغىدا ھۆرى — غىلمانلار بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولۇۋاتقاندۇر...
ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەر ۋاخ نامىزىدىن ئىلگىرى شۇنى خىيال قىلاتتى. ئەمما چىش يېرىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. داموللام بىلەن كۆرۈشۈش تېخىمۇ مۈشكۈل ئىدى. يېقىندا چىقىرىلغان مەھەللىۋى پەتىۋا ھەممىنىڭ يولىنى توسۇپ

تۇراتتى: قۇرئان، ھەدىسلەردىن باشقا كىتابلارنى ئوقۇش، ساقلاشقا بولمايدۇ. يۇرت ئاتلاپ مەسچىتكە كىرىشكە بولمايدۇ، ناتونۇش زاتلارنىڭ ئىماملىقىدا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. قازى ئىماملاردىن خالىغانچە سوئال سوراشقا بولمايدۇ. شەرىئەت پەتىۋاسىدىن يۇتاق چىقىرىشقا بولمايدۇ. سوپى، قازىلار... كەبى ئۇلۇغ زاتى مۇبارەكلەردىن يامانلاشقا بولمايدۇ. كوچا - كويلاردا يىغىلىپ كۇس - كۇس پاراڭلارنى قىلىشقا، پىتنە - بوھتانلار چاپلاشقا، تەتۈر مۇقاملار توۋلاشقا يول قويۇلمايدۇ. ناخشا - ساز، بەزمە - مەشرەپكە؛ قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ غادىيىپ مېڭىشقا رۇخسەت يوق. «خوش» دېيىشكە رۇخسەتكى، خوجا ئەۋلادىغا تىكىلىپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇھەممەت كەبى مۇرتەدلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ، ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار شەرىئەت ئاسىيسى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ...

«بولمايدۇ» بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بۇ پەتىۋالار بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايتتى. ئاستىرتتىن ئۆز خاھىشىنى ئىپادە قىلىدىغانلار چىقتى دېگەندىمۇ - يەنىلا ئېھتىيات قىلماسا بولمايتتى. تىڭتىڭچى، پايلاقچىلارنىڭ تولىلىقىدىن ئېغىرراق تىنىشمۇ قىيىن ئىدى. ھەممە ئائىلە دەككە - دۇككە، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. ئەتە نېمە بولار، ماڭا نېمە قازا كېلەر... دەپلا يۈرەتتى.

مۇھەممەت ئىمام بولسا، جامائەتنىڭ غول ۋاقتىنى تېپىپ، ئەتىگەن ۋە كەچلىكى توۋلىغىنى توۋلىغانىدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ھېكمەتلەرمۇ، ھېكايەتلەرمۇ، تەمسىل - ئىبرەتلەرمۇ ... تۆكۈلەتتى. كۆپىنچە ھاللاردا بولار نەزم ھالىتىدە ئاشكارا بولاتتى. قىزىقارلىق، سۆلكەتلىك، تەربىيەتلىك، ئىبرەتلىك...

— دېمىدىمۇ، مۇھەممەت دۇئايىمىنىڭ سېھرىي - قۇدرىتى بىرلە سارىڭ بولدىلەر، سارىڭ بىرلە تەڭ بولماق يوق، — دەپ

ئىزاھلايتتى شەيخ سوپى، مۇھەممەت ئىمامنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك نەزىم ـ ھېكمەتلىرىگە چۆچۈپ قۇلاق سېلىۋاتقان جامائەتكە. ئۇ مۇھەممەتنى يوقىتىپ ئەمەس، سېستىپ تۈگىتىشنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە ئىبرەتلىك تەرغىبات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

— جامائەت كۆرۈپ تۇردى، ـ ئىككى ئادەم يىغىلغاننى كۆرسىلا شۇنداق ۋەز ئېيتاتتى سايىت قازى، ـ شەيخ سوپى ھەزرەتلىرى زاتى خوجىلارنىڭ ئۇرۇقىدىندۇر. ئۇل زات يەنە پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولمىشتۇر. ئۇل ھەزرەتنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن تۆكۈلگەن ھەر كەلىمە سۆز ـ ئىبارەت دۇرى ھېكمەت ئېرۇر. قىلغان سېھرىي ـ غەزەپلىرى بەئەينى ئاللانىڭ غەزەپ ئوقىدۇر. ئەنە، ھەممە بىلىدىلەركى، ئۇل زاتنىڭ سېھرىي بىرلە پىتنىچى مۇھەممەت ھوش ـ كاللىسىدىن ئايرىلدىلەر...

— بۇلا ئەمەس جامائەت، — تالىشىپ سۆز ئالاتتى ئەبەيدۇللا ئىمام، ـ ئۇل مۇبارەك سوپى ھەزرەتنىڭ غەزىپى بىرلە بوھتانچى مۇھەممەتنىڭ ئانىسى ھەم يەنە كىچىك ئوغلى ئارقا ـ ئارقىدىن قازايى ـ قىسمەتكە دۇچار بولدىلەر. جامائەتنىڭ ئىبرەت ئالمىقى زۆرۈردۇر، ئىبرەت ئالمىقى زۆرۈردۇر!

جامائەتنىڭ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي ئامالى يوق ئىدى. دېمىسىمۇ، مۇھەممەت، ئەبەيدۇللا ئىمام، شەيخ سوپى، سايىت قازىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىمام، مۇدەررىسلىكتىن قالدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئانىسى قازا قىلدى. ئىشقا يارىغۇدەك بولۇپ قالغان كىچىك ئوغلى ناتونۇش ئادەملەر تەرىپىدىن بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇ، قارىغىش تۇتقانلىق بولماي نېمە؟ شەيخ سوپىنىڭ غەزىپى، سېھرىي كارامىتىنىڭ كۈچى بولماي نېمە؟

تەرغىبات، قىسىش، پايلاشلار... ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئەمدى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىغا يىراقتىن، سىرلىق قارىشاتتى. ئۇنىڭ سەھەر ۋە كەچلەردە

ئېلىپ بارىدىغان سەييارە تەربىيە ـ تەرغىباتلىرىغا ھەيران ئىدى. ھەر كۈنى، ھەر سەھەردە ـ ھە! يەنە كېلىپ نەزم بىلەن!...

«ئېھ، چىن ئەقىدە ئىگىسى، سەن ئۆز ئېتىقادىڭنىڭ پەرۋانىسى ئىكەنسەن، ئىسمى ـ جىسمىڭغا لايىق خەراباتى ئىكەنسەن!» دەيتتى مويسىپىتلار قاراڭغۇ ئۆيلىرىگە تىقىلىپ ئولتۇرۇپ.

«بىچارە داموللام جامائەتكە تەربىيەت قىلىپ بولالماي ئۆلۈپ كېتەر بولدى» دەپ ئاھ ئۇراتتى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر.

«مۇھەممەت داموللام بىلەن ھازىرقى ئۇستازنىڭ ساۋاق ـ تەپسىرلىرى پەقەت ئوخشىمايدىكىنا» ـــ شۇنداق دەپ سېلىشتۇراتتى بىر قىسىم سەگەك تالىپلار، ئىككى ئۇستازنىڭ بىر ـ بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان تەربىيەت ئادىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

ئەمما، خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر مۇھەممەت ئىمامنىڭ بېجىرىم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قېلىۋاتاتتى. «راستىنىلا كاللىسىدىن كەتمىگەن بولسا، ھەر كۈنى كاكىراپ يۈرەمتى. قارغىش دېگەنمۇ يامان نېمىكەن» دەپ ئويلايتتى ئۇلار.

ۋەز ـ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالىدىغانلار بارا ـ بارا ئازىيىپ كەتتى. مۇھەممەت ئىمام مەسچىت ۋە مەدرىس مۇنبىرىنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۈك تەربىيەت سورۇنى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلارمۇ... تەربىيەت ئېلىپ بارىدىغان ياخشى سورۇن ئىدىيۇ، نېمىشقىكىن بۇنداق چاغلاردا جامائەت ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، ئۇ، ئادەملەرنى ئىزدەپ يۈرەتتى، قوغلاپ باراتتى، نەدىلا ئادەم بولسا، ئۇنىڭ نەزم ـ تەربىيەتلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى...

تەلقىن ـ مۇلاھىزە، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان نەزم ـ ھېكمەتلەر ئاۋۋالقىدەك ئوقۇلۇپ بارماقتا ئىدى، ئۇ خۇددى ئۆزى ئۇچۇن

ئوقۇۋاتقاندەك، كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش ـ ئاڭلىماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ئادەم بارلىكى جايدا ئوقۇۋېرەتتى:

...

مەن نېچۈن ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

يىللار ئۆتتى. كىشىگە يېڭى تۇيغۇ ئاتا ـ قىلىدىغان نەچچە باھار ئۇنىڭغا دەرد ـ ھەسرەت، ئازاب ـ كۈلپەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ياشقا چوڭقىيىپ قالغانىدى. پۇتى سىرقىرايتتى، گېلى خىرقىرايتتى...

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئەللامە سۇپەت بىر ۋائىز ئۆتكەنىكەن... — شۇنداق دەپ ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى ئۇ پۇتۇكچى تالىپقا، ئۇستازىنىڭ دەۋەت ۋە ئىقتىسادى بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالغان تالىپ يەنىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلماي ئۆتۈۋاتاتتى. مۆھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى بىرەر جىسمانىي ئەمگەككە مەلىكە بولغان ۋاقىتلىرىدا ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە ئامراق ئىدى، — ئۇ ۋائىز ۋەز ئېيتىشقا شۇ قەدەر خۇشتار ئىكەنكى، كىچە ـ كۈندۈز، قىش ـ ياز دېمەي... ھېكمەت، تەربىيەتلەر قىلىدىكەن. ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى، تەسىرلىك پەندلىرى... ئاۋامنىڭ دىلىغا مۆھىرى گۆھەر بولۇپ ئورنىشىپتۇ. بارا ـ بارا كىشىلەر ئۇنىڭغا بەند ـ ئەسىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئويىدىمۇ، ئوڭىدىمۇ ۋە ھەتتاكى چۈشلىرىدىمۇ ئاشۇ ئەللامە سۇپەت ۋائىزنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلايدىكەن. ئۇنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىگە ئاشىقى بىقارار بولغان جامائەت، تېخىمۇ كۆپ ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ مەزىنى قىلىۋاپتۇ. ۋائىز مۇنبەرگە بىرلا چىقىدىغان بولسا، تۇتى قۇشنىڭ ئاۋازىدەك شېرىن زۇۋانى بىلەن كىشىلەرنى ئەسىر ـ بىھوش قىلىۋالىدىكەن. مۇشۇنداق ۋاقىتتا،

كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدىن «ۋاقىت» دېگەننى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. بالا ـ چاقا، مال ـ بىسات دېگەنلەرنىمۇ ئەستىن چىقىرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە نېمىسىنى بېرىشكە، ھەتتا جان تەسەددۇق قىلىشقىمۇ تەييار بولۇپ تۇرىدىكەن... دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئۇ، ۋائىز ـ ئۆلىمالارغا سوۋغا ھەدىيە قىلىشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىشقا باشلايدىكەن. بۇ ۋەز شۇ قەدەر تەسىرلىك ئېيتىلىدۇكەنكى، كىشىلەر ئۆيلىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ھەدىيە قىلىۋەتكىنىنى تۇيمايلا قالىدىكەن. ئاۋامنىڭ مەقسىتى كۆپرەك پەندى ـ نەسىھەتلەر، قىسسە ـ ھېكايەتلەر ئاڭلاش ئىكەن. ۋائىزنىڭ قەستى بولسا، نەسىھەتنى ئەفسۇن قىلىپ، جامائەتنىڭ پۇل ـ مېلىنى چۆنتەككە سېلىش ئىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. جامائەت ھەر نامىزىدا شېرىن زۇۋان بۇ ۋائىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت ـ سائادەتلەر تىلەپ يۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ بولسا، ھەممە ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسىنى تۇيدۇرماي ئۆزىنىڭ قىلىپ، يېنىنى چىڭداپتۇ. ئۇ يەنە شۇنداق بىر ئادەتكە كۆنگەن ئىكەنكى، ھەدىيە دەپ بەرسىلا، ئاز ـ كۆپ، ھالال ـ ھارام دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىكەن... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ساقاللىق، قارا بىر توڭگۇز يۈگۈرۈپ چىقىپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. جامائەت ئالاقزادە بولۇشۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن 10 ~ 15 ئىت پەيدا بولۇپ توڭگۇزنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان گېلىدىن بوغۇپتۇ. جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان توڭگۇز مېھرابنى تاشلاپ سىرتقا قېچىپتۇ. ئىتلار ئۇنى قوغلاپ كېتىپتۇ... جامائەت كېيىن بىلىشىپتۇكى، قېچىپ كەتكەن ئاشۇ توڭگۇز ۋائىز ئىكەن. تىلى بىلەن دىلى، تەلىمى بىلەن ئەمەلى (ئەمەلىيىتى) ئوخشىمىغىنى ئۇچۇن، تەڭرى ئۇنى توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇپ نەپسى غالىبلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى «ۋائىزى توڭگۇز» سۈرىتىدە

كۆرسەتكەنكەن.

...

بەرمەگىل گۆھەرنى سەن مۇردارىغە،
ئاسماغىل ھەلقىڭنى ئۆزىدىن دارىغە.

ۋائىزى، بۇ پەندىغە سالغىل قۇلاق،
چىركىنىەتدۇر بۇ جەھان باشىدىن ـ ئاياق.

ئالسە ۋائىز خەلقىدىن نەزرۇ نىياز،
نەقل قىلىسە قىلماڭىز ھەرگىز نەماز.

غاپىلا، ئۆمر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
بىتەمە پەند ئەيلەگىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۇن ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى تەربىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولاتتى. يەنە كېلىپ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەزم ـ مىسرالار بىلەن چۈشۈرۈلەتتى. دەسلەپتە ئۇ مەقسەتلىك ھالدا ئەھمىيەتلىك ھېكايەتلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئاخىرىغا بارغاندا ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجانلىنىپ، شېئىرىي پىكىر قوينىغا غەرق بولاتتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمەيلا ئىبرەتلىك مىسرالارنى تۆكۈشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى «نىيەتى دېھقان»، «ئەھۋالى كاسىب»، «كاساپەتى مالى ھەرام»... كەبى بىر يۈرۈش مەسنەۋىلىرى ئەنە شۇنداق ئىلھامى كۈچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دۇنياغا كەلگەندى.

پۇتۇكچى تالىپ ئاۋۋالقىدەكلا چېچەنلىك ۋە ساداقەتلىك بىلەن خاتىرىلەپ باراتتى. يۈرەك پارىسى بولغان بىر جۈپ

پەرزەنتىنى ـ بىر ئوغۇل، بىر قىزنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ بولغان ئۇستازىنىڭ ئايرىلماس پىكىردىشى يەنىلا مۇشۇ تالىپ بولۇپ قالغانىدى.

ــ پەرزەنتلەرنى كىچىكلا ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىۋەتتىلە. بۇ قەدەر ئالدىراشنىڭ ۋەجى نېمە، داموللام؟ ــ دەپ تۇرىدىغان بولدى بىر قىسىملار ئۇنىڭدىن گەپ ئالماق ئۈچۈن.

ــ ئۇلارنىڭ قەلەندەر ـ دەرۋىشلىك يولىغا كىرىپ قېلىشىنى توسماق ئۈچۈن، ـ ئىككىلەنمەيلا شۇنداق جاۋاپ بەردى داموللام.

ــ ئەھلى مۇسۇلمان تۇرۇپ دەرۋىشلىك يولىدىن قاچماق بارمۇ؟

ــ پېقىر تەۋەررۇك پەرزەنتلىرىمنى كامىل مۇسۇلمان قىلماقنى نىيەت قىلدىم.

ــ بۇ دېگەنلىرى... بۇ...

گەپ كوچىلىغانلار غىققىدە بولۇپ ياناتتى. ئۇلارچە سوپى، دەرۋىشلىك يولىغا كىرىش ئەھلى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن ئىدى. «بۇ ئادەم راست قىرىپتۇ» دەيتتى ئۇلار، «ئالجىپتۇ» دېيىشكە تىلى بارمىغان چاغلىرىدا. ئۆزىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان پۈتۈكچى تالىپىنىڭ پىكرىي چوڭقۇرلۇقتا ئۆزىگە ياندىشىپ ئىلگىرلەۋاتقان بىردىنبىر شاگىرتنىڭ ئۆيلۈك بولۇش سەۋەبىنىمۇ شۇنداق ئىزاھلايتتى ئۇ:

ــ روزىغار تۇتماق لازىم. ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولماق كېرەك. بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى.

يېشى چوڭىيىپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەمدى ئۇ كوچا ـ كويلارغا چىقىپ تەربىيەت قىلماس بولغانىدى. راستىنى دېگەندە، شۇ كۈنلەردە تەربىيەتكىمۇ ھېچ كىشى قۇلاق سالمايتتى. چوڭلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۆلۈپ تۈگىگەن.

ياشلار بولسا غەلىتە بىر ئېتىقاددا ئۆسۈپ باراتتى: چاچنى مۇرىسىگىچە قويۇۋېتىپ، يېنىدىن ساپايى، خورجۇنلارنى ئايرىمايتتى. نەشە ـ ناسۋاللارنى تارتىپ تۇراتتىيۇ، بەش ۋاخ نامازنى تاشلىمايتتى. مىللەت، يۇرت، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەنلەرنى، خوتۇن ـ بالا دېگەنلەرنى تامام ئەستىن چىقارغانىدى. نومۇس، ئىمان ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى پايمال قىلىپ، ساپايىلىرىنى شاراقشىتقىنىچە يۇرت ـ يۇرتلاردا تىلەپ، مازار ـ مازارلاردا تۈنەپ يۈرۈشەتتى... مانا بۇلارنىڭ تەربىيەتكە قۇلاق سېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ تەربىيەتنى كۆپرەك يەنە شۇ پۇتۇكچى تالىپقا ۋە ئۆزىنى تاشلىماي كەلگەن شاگىرت، ھەمسۆھبەتلىرىگە قىلاتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ، تەربىيەتنىڭ يېڭى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىغا كىرىشىپ قالغانىدى: يېزىش، ئىشلەش! مانا بۇلار داۋراڭسىز، ئەمما ئۈنۈملۈك تەرغىبات ئىدى. يازغاندىن تەسىر، ئىشلىگەندىن ئۈلگە ئالاتتى كىشىلەر.

— مېھنەت ـ نەپسنى يېڭىشتىكى ئەڭ مۇھىم خاسىيەت، بالام، — دەپ، تەلقىن ـ مۇلاھىزىلىرىنى يەنە باشلاپ كېتەتتى ئۇ. سۆزلىگەنسېرى پىكىر چوڭقۇرلىشىپ، مۇھاكىمە قىيامىغا يېتىپ باراتتى. پۇتۇكچى تالىپ ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خاتىرىگە ئەينەن ئالاتتى. مانا بۇلار ـ ئۇنى كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام ئالىمىگە تونۇتقان نوپۇزلۇق شەرھى ـ مۇلاھىزىلەر، قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان تەسىرلىك ماقالىلەر ئىدى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، بۇنداق مۇھاكىمە ـ مۇنازىرە تۈسىنى ئالغان ماقالىلەر بىرنەچچە پارچە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانىدى.

— قېرىغاندا شۇنچە ھەرەج تارتىپ بوز يەر ئاچتىلا، ياز بويى پاشىغا تالىنىپ ساتمىدا ياتتىلا. مانا ئەمدى ئېغىزغا تەگكەن قوغۇننى نېمىدەپ بىكاردىن ـ بىكارغا يولغا ئەچىقىپ دۆۋىلەپ

قويدىلا، ئۇستاز؟
ئۇچرىغانلا ئادەمگە ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەننى ئاز دەپ، يېڭىدىن ئاچقان يەرگە تېرىغان قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنىمۇ ئۆتەڭ يولغا ئەپچىقىپ تىزىپ قويۇۋاتاتتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا داموللام.
— جەننەت مېۋىسى، ئەمگەك شاراپىتى، مېھنەت كارامىتى... — چۈشىنىكسىزلا جاۋاب بېرەتتى مۇھەممەت داموللام. ئەمما پۈتۈكچى تالىپ دەرھال چۈشىنەتتى. ئۇستازى: جەننەت مېۋىسىنى پۇلغا ساتماق يوق. يولۇچىلار مېھنەتنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ قالسىلا ھېساب دەيتتى. مانا بۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر خىل ئەڭ ئەمەلىي تەربىيەت ئۇسۇلى ئىدى.
كېيىنكى كۈنلەردە، يىراق ـ يىراقلاردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن يولۇچىلار چوغتال دىيارىغا ئاياغ باسقاندا، يول ـ يوللارغا تىزىپ قويۇلغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى تويغۇچە يەپ ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە تىزىپ قويۇلغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى ئىزلاپ يۈرۈپ، قوغۇنلۇققىچە قەدەم باسىدىغان بولدى.
— قالتىس مەرد ئادەم ئىكەن ـ ھە! — دەيتتى ئۇلار كېكىرىپ تۇرۇپ.
— راستتىنلا ساخاۋەتچى زات ئىكەن، — قوشۇمچە قىلاتتى بەزىسى.
— ساخاۋەتچى دېگىنىڭلار نېمىسى؟ — يەنىمۇ چوڭقۇرلايتتى ئايرىملىرى، — بۇ، ئۇنىڭ ئەقىدە ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى. كۈچ ـ مېھنىتىنىڭ نېمىتى. مېنىڭچە، ئۇ تۆكمەس دەۋائىي ئىشق يولىدىكى خەراباتى (خاراب بولغۇچى) ئىكەن!
ئۇزاق ئۆتمەي، كىشلەر قوغۇنلۇققا ئۆگىنىپ كېتىشتى. ھەر يىلى، چوغتالى ئەزىمدىنلا ئەمەس، يىراق ـ يىراقلاردىن كەلگەن ناتونۇش يولۇچىلارمۇ خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا: بۇ زات راستتىنلا خەراباتى ئىكەن، دەپ يانىدىغان بولۇشتى...

# تەنھالىق

ئۇ ھېچقاچان يالغۇزلۇق چۆلىنىڭ قاراڭغۇ ئازگاللىرىغا بۈگۈنكىدەك چوڭقۇر پېتىپ كەتمىگەنىدى.

يالغۇزلۇق دېگەن — ئىلاھىي پىكىر مەھبۇبلىرىنىڭ ئاشىقىغا يۈز ئاچار دەملىرى. يالغۇزلۇق دېگەن ئۇ — يار ۋەسلىگە يېقىنلىشىش يولىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇرۇنۇش، تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان غەنىيمەت پۇرسەت. يالغۇزلۇقتىن زارلانغۇلۇق ئەمەس. ئەبەدىيلىك مەشۇق — ھەقمۇ تەنھا ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇ تۈپەيلى، ئۆزنى ئۆزگىدىن پىنھان تۇتۇپ، دىل خانىلىرىنى بارچە ماسىۋالاردىن تەرك ئېتىش — قەلبنى تازىلاپ ھەققە، ھەقىقىي مەشۇق ۋەسلىگە يېتىشتىكى بىردىنبىر يول. ئىنسان ئۆزىدىن كەلگەن، ئەگىپ، چەتنەپ، ياتلىشىپ ۋە ۋاز كېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يەنە ئۆزىگە بارىدۇ. بۇ جەريانلاردىكى بارلىق ئىچكىي - تاشقىي مۇساپىلەر تەنھالىق ئىچىدە تاماملىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىدىن كەلگەن، لېكىن تەنھا كەلگەن. يەنە ئۆزىگە قايتىدۇ ھەم تەنھا بارىدۇ. يالغۇزلۇق — ياراتقۇچىنىڭ ئۆز ئاشىقىغا ئاتا قىلغان نېمىتى. قاچانكى، يالغۇزلۇق پۇرستى ئەقىدە يولىدىن سىقىپ چىقىرىلىدىكەن، دەل شۇ چاغ ئاشىقلار لۇغىتىدىن «ۋىسال» ئىبارىتى ئۆچۈرۈپ تاشلانغان دەقىقىدۇر. چىن ئاشىقلارنى مەشۇقلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سېھرىي رىشتىلەرنىڭ ئۈزۈلگەن مەۋسۇمىدۇر. بۇ ھەم يەنە دۇنيانىڭ ئازغۇنلۇق زۇلمىتى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان دەملىرىدۇر...

بىر چاغلاردا ئۇ شۇنداق قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئولتۇرسا ـ قوپسا يالغۇزلۇقنى خالايتتى. شۇنىلا ئىستەيتتى. تومۇزدا، دەشت ـ باياۋاندا سەپەر قىلغان ئادەم مۇزدەك سۇنى سېغىنىپلا تۇرغاندەك، سېزىك ئايال ئۆز خۇمارىنىڭ ئوتلۇق كۈچىنى ھېچ باسالمىغاندەك، ئۇنىڭمۇ يالغۇزلۇق شەربىتىگە بولغان تەشنالىقى زادىلا قانمايتتى. يالغۇزلۇق ئىزدەپ، ھەر ۋاق نامىزىدىن كېيىن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇۋالاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا، بىر ئامالالارنى قىلىپ باشقىلاردىن قاچاتتى. ئادەملەر قورشاۋىدىن زادىلا قۇتۇلالمىغان ۋاقىتلاردا، دىل ئۆيىنىڭ ئەڭ روشەن ۋە گەۋدىلىك ئىشىكى بولغان تىل يولىغا تاقاق سېلىپ، روھىي ئالەمىنىڭ كۆرۈنمەس چوڭقۇرلۇقلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. مەرھۇم قوشناچىمى ئالدىدا، بالىلىرى يېنىدا، تالىپلىرى كۆزىدە، جامائەت ئارىسىدا پات ـ پاتلا مۇشۇ ھالىنىڭ يۈز بېرىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەب، ئۆزىمۇ، ئۆزگىلەرمۇ ئاجايىپ بىر قولايسىزلىقلارغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى... مانا ئەمدى ئويلىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالاتتى. ئەمدىلىكتە، ھەئە، ئارىدىن نەچچە ئون يىللار ئۆتكەن شۇ تاپتا، ئۇ، يالغۇزلۇق دېگەنگە ھەلقۇمىغىچە، ياق، بۇرنى ـ قۇلاقلىرىغىچە پاتقانىدى. بىر چاغلاردا، يالغۇزلۇق دېگەنىنىڭ بۇگۈنكىدەكمۇ بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولغىيمىتتى؟...

ئۇ، ئىختىيارسىز ھالدا گېلىنى قىرىپ قويدى. ئاتىسىنى بىر ئۆمۈر قىينىغان ۋە ئاخىر بېرىپ يىقىتقان زىققا ئاتلىق بۇ ئېرىناس مەرەز، ئۇنىڭغىمۇ مىراس بولۇپ قالغانىدى. گال تىنىمسىز قىمىلدايتتى. قايسىبىر يەردىن كەلگەن قىچىشقاق ئېغىزىدىن كىرىپ، نەق گېلىدا تۇرۇپ قالغاندەك، كانەينىڭ ئىچكىي دىۋارلىرى توختاۋسىز قىچىشاتتى. بۇنىڭ بىردىن ـ بىر چارىسى يەنە شۇ گالنى قىرىش ئىدى. ئۇ، ياشلىقىدىن

تارتىپ گېلىنى قىرىپ كۆنگەن. ئەمدى ئۇ يەر قىچىشتىمۇ، قىچىشمىدىمۇ، بۇنى ئويلاپ ئولتۇرمايتتى. بىلەتتىكى، قىچىشقان هامان، ئۆزىمۇ سەزمەستىن، تەبىئىي هالدىلا گېلىنى قىراتتى. گېلىنى قىرغان چاغلىرى، نەق شۇ كونا مىراس كۇشەندىسى قۇترىغان چاغلار بولۇپ چىقاتتى. بۇنىڭغا ئۆزىمۇ، گېلىمۇ كۆنۈك ئىدى.

مانا ئەمدى گال قىرىشلارغا قۇرۇق يۆتەل قوشۇلۇپ كەتتى. دېمەك، ئۇ چارچىغانىدى. ئەمدى كۆكسى چىڭقىلىدىغانلىقى، نەپسى قىسىلىدىغانلىقى، يەڭگىل تىنىق ئورنىغا ئېغىر تىنىقلار قاپساپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. جىسمانىي هارغىنلىقتىن كۆرە، كۆپرەك روهىي چارچاش ئۇنى مۇشۇنداق بىئاراملىق قايىنىمىغا قىستايتتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئىزتىراپ سەپىرىدىن يانالمايتتى. يېنىشقا بولمايتتى. شۇ تاپتا، روهىيەت سەپىرىدىكى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يول ئالغان خىيال، تەسەۋۋۇر ۋە پىكرىي ئارغىماقلىرىنىڭ هېچبىرىنىڭ تىزگىنى ئۆزىنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. خالىسا، پىكىر تۇلپارى ئۇنى هېكمەت كۆكى قوينىغا سۆرەيتتى. ئۇنىڭ چىن دىلىدىن تىلەيدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. يەنە خالىسا، تەسەۋۋۇر ئارغىمىقى ئۇنى كۆرۈنمەس يىراقلىقلارغا ئېلىپ قاچاتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا، ئۆزىنى خىيال تۇلپارىغا مىنگەن هالەتتىمۇ كۆرەتتى. بۇنىڭ هېچبىرىگە كۆڭۈلدىكىدەك چارە يوق ئىدى. ناۋادا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىۋاتقان بولسا ئىدى، بۇ چۆنەككە ئۇرۇق سېلىپ بولماي تۇرۇپ، ئۇ چۆنەككە ئۆتمىگەن بولاتتى. يەر ئاغدۇرۇۋاتقان تەقدىردىمۇ، بىر ئېتىزنى ئاغدۇرۇپ تۈگەتمەي تۇرۇپ، باشقا بىر ئېتىزغا كەتمەن سالمىغان بولار ئىدى. لېكىن تەسەۋۋۇر، خىيال دېگەن بۇ نەرسە كۈچ ۋە ئىرادىگە باقمايتتى. سېنى تاماملاپ، ئاندىن باشقىسىغا ئۆتمەن. سەن تۇرۇپ تۇر، سەن كەل دېگەنگە تېخىمۇ ئۇنىمايتتى. جاهاننى غال ـ غال تىترىتىدىغان قەهىر ۋە قۇدرەت

ئېگىلىرىگە، شاھمۇرادنىڭ تېغىدەك بەستى بار كۆچتۆڭگۆرلەرگە زاكون ئۆقتۆرغىلى بولاتتىكى، خىيال ئاتلىق بۇ كۆرۈنمەس، ئەمما قۇدرەتلىك، تېنىمسىز روھىي كۆچكە گەپ، ياق، گەپلا ئەمەس، ھېچنىمە توغرا كەلمەيتتى. قايسىبىر مەجھۇل پېشىدىن تۇتۇپ تارتساڭ، يەنىمۇ ئۇزاقلارغا قاچاتتى. قوغلىساڭ، زىنھار يېتەلمەيتتىڭ. خۇددى ئالىقاندىكى سۇنى قانچە سىققانسېرى، شۇنچە تېمىپ ۋە ئاخىرى يوقاپ كەتكەندەك، روھىيەتنىڭ بۇ كۆرۈنمەس ئېقىنىمۇ باسقانسېرى شۇنچە سىرغىيتتى. شۇنچە يىراقلارغا يۇلقىناتتى. بۇ، ئۇنىڭ تەرسالاشقان قۇدرىتىگە تىت ـ تىتلىق ئارىلاشقان چاغلىرى ئىدى. ئىنچىكە كۆزەتكەندە، بۇ، كۆڭۈلنىڭمۇ پاراكەندە دەملىرى بولۇپ چىقاتتى. دىل ئەمىنلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، مەقسەت ئاشىقى روھ تۇلپارىغا مىندۇرۇلگەن دەقىقىلەردە بولسا، پىكىر يۈكىنى ئارتىپ ماڭغان خىيال ۋە تەسەۋۋۇر پەرۋازىنىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىدىكى، بۇنى ئىزھار قىلىشقا ئىنسان تىلى ئاجىزلىق قىلاتتى. بارچە پىكرىي بالاغەت، سەنئەتتى پاساھەت، ئىختىرائىي كامالەتلەر دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئاپىرىدە بولاتتى. بۇ چاغدىكى روھىي كۈچنىڭ مۆلايىملىقى ۋە سېھرىي مۆجىزىكارلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

دېمى سىقىلىپ تۇرغان يۆتەلگەك بوۋاي — مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىمۇ، شۇ تاپتا ئۆزىدە شۇنداق بىر روھىي يېتۈكلۈكنى، پىكرى جارىيەت دەقىقىلىرىنى كۈتەتتى. ئۇ، سىرغىپ قاچىدىغان ئەمەس، يوپۇشۇپ كېلىدىغان روھقا؛ زېھنىنى چاچار خىيالغا ئەمەس، پىكرىنى ئاچار تەسەۋۋۇرغا موھتاج ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا، ئىلھام قىزى ھايالشىمايلا ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ كېلەتتى. مۇھەببەت تۇلپارى ئۇنى ناھايىتى تېزلا ۋىسال ئۇپۇقىغا ئېلىپ باراتتى. ئۆزىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان «كوللىيات مەسنەۋى» مەنزىلىنىڭ

«ھېكايەت» ئاتىلىق ئۇزاق ۋە مۇشەققەتلىك بىر تارماق مۇساپىسىمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاخىرلاشقان بولاتتى. ھە، شۇنداق بولاتتى. ئىلاھىم، شۇنداق بولسىدى!...

ئۇ، پىكرى مۆجىزىلەرگە، زامانىمىزدىكى قەلەم ساھىبلىرى «ئىلھام» دەپ ئاتايدىغان ھاياجان كۈچىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ئەمما، ھاياجان كۈچى بەدەلسىزلا ئۆزىنى كۆرستىدۇ دەپ قارىمايتتى. ئۇ چوقۇم مەقسەتلىك، باسقۇچلۇق ئىچكى - روھىي ئىزدىنىش جەريانلىرىنى مەنبە قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەپەككۇر ئىگىسىدە ساغلام روھىي كەيپىيات بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇندىلا، تىنىمسىز چۇقچۇلىنىپ، زەرەتلىنىپ، يىغىلىپ ۋە كۈچىيىپ بىرىئاتقان يوشۇرۇن پىكىر ئىچىتقۇلىرى توغرا كەلگەن بىر پۇرسەتتە — يا يولدا، يا ئادەملەر ئارىسىدا، ياكى ئۇخلاش ئالدىدا، قىسقىسى، ئۇ ئۆزىمۇ ئالدىن پەرەز قىلمىغان بىر پەيتلەردە پارتلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ تالاي مەسنەۋىلىرى مۇشۇنداق تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭچە، شېئىرىي تەشەببۇسلارنى ئىسپاتلايدىغان قىستۇرما ھېكايەتلەرنى — خەلق چۆچەكلىرى، ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى تۇراقلىق كەيپىيات ئىچىدە، پىلانلىق ھالدا يېزىپ تاماملاشقىمۇ بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم شەرت — ساغلام كەيپىيات ئىدى. ئۇنداقتا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەيپىياتچۇ؟ ئۇنى جىلى قىلىپ، غەزىپىنى تىخىمۇ ئۆرلىتىۋاتقىنى دەل مۇشۇ يېرى ئىدى. پىكىر جەۋھەرلىرىنى خىيال تاشقىنلىرى ھەدېسىلا ئېلىپ قاچاتتى. تەسەۋۋۇر بورانلىرى ئۇچۇرۇپ باراتتى. سۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان جەۋھىرى ھېكايەت، پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان، پورۇقلاپ تېشىۋاتقان، ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان روھىي غەلىيانلار زەربىسىدە ھەريان تەۋرىنەتتى. گاھ يوقلۇق چەكسىزلىكىدە غايىب بولاتتى، گاھ خۇنۇكلۇك ئېتىكىگە كۆمۈلۈپ قالاتتى. ئۇنى تارتىپ چىقىش، ئەبجەش

سۇرەنلەر جەڭگاھىدىن ئايرىپ ئېلىش بەسى مۇشكۇل ئىدى. بۇنىڭغا غايەت زور چىدام، سەۋرچانلىق، جۇرئەت ۋە پاراسەت كېرەك بولاتتى. يەنە، قەلب كۆزىنىڭ ھاياتبەخش نۇرلىرى، يۈرەك قېنىنىڭ جانغا تەڭداش جەۋھەرلىرى بەدەل قىلىنىشى لازىم ئىدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى ئىدى ـ يۇ، بىراق، بۇ ھالدا ۋىسال قىرغاقلىرىغا يېتىشقا ئۇنىڭ ھېچ كۆزى يەتمەيتتى. شۇ تاپتا، ئۇ گويا ئەبجەق بىر سال ئىدىكى، ئەسەبىي دولقۇنلار قېتىدا تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتى. يوللار قاراڭغۇ ئىدى. قايناملار شاۋقۇن سالاتتى. قولدا، يا يولدا چىراغدىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. زۇلمەت قوينىدىكى ئۇزاق قىرغاق بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ پالاق ئۇرماي بولمايتتى. دىل خانىسىدىكى قايسىبىر بىشارەت كۆزى ئېزگۇ مەنزىلدىن ئۈمۈندۈرۈپ تۇراتتى...

ئېغىل تەرەپتىن توخۇنىڭ ئەنسىز بىر چىللىشى، ئۇنىڭ دىققىتىنى يەنە چاچتى. شۇئان، بىردەملىك ئۇنتۇلغان يۆتەل قايتا باشلاندى. ئەستىن چىقىپ كەتكەن ياغاق كۆكرەكلىرى يېڭىباشتىن چىڭقالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تون تەڭ بولغاندەك قىلاتتى. مۇشۇ چاغقىچە تۈزۈك تۆت بىيىت جىجىيالمىسا ـ ھە؟

ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. جىن چىراغ بىر خىلدا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى. چىراغ ئەتراپىدا قاپقارا ئىسلار بۇلۇتلار توپىدەك ئەگىپ يۇرۇشەتتى. چىراغ نۇرى يېتىپ بارالمىغان بۇلۇڭلار، يۈزىنى توسۇپ تۇرغان ئىسلار بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. تۈڭلۈكمۇ قاپقارىلا كۆرۈنەتتى. ئاي قاراڭغۇسىدا يۇلتۇزلار بەكرەك چاقناپ تۇرغىنىنى كۆرگەن كىشى، ياكى ئۇنىڭ كۆزى يۇلتۇزلارنىمۇ پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالدىمىكىن. غەزەپ تۇمانلىرى كۆكۈل ئاسمىنىغا ھۆكۈمران بولغان چاغلاردا، ئالەم كۆڭلى بولغان نازۇك ئاسمانمۇ قارىيىپ كېتەمدىكىن ـ تاڭ!

ئۇ، چىراغپاي يېنىدا يۆكۈنەگدەپ ئولتۇرۇپ، قەغەزگە چۈشۈرمەك بولغان پىكىر ـ ھېكايەتلىرى ھەققىدە، يەنە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، يازمىغا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر ــ نۇرغۇن مۆجىزاد، ئاجايىباتلار توغرىسىدا ئويلىدى. ئەمما بىردەمدىن كېيىنلا خىيالى بۇ گادىرماش پىكىر سىزىقىدىنمۇ چەتنىدى. ئاجايىپكى، ئۇنىڭ پىكرى ـ خىيالى ئۆز مەنزىلىدىكى بىرەرمۇ مۇساپىنى تاماملاپ بولالمايۋاتاتتى. يول چالا بېسىلغان ئىكەن، مۇددىئا قىرغاقلىرىغا ئۇلاشقىلى بولسۇنمۇ؟ ئەقىدە مېھنىتىنىڭ كامالەت سەمەرىسىنى كۆرگىلى، ئىزتىراپ نېمىتىنىڭ شېرىن شەربىتىنى تېتىغىلى بولسۇنمۇ؟

ئۇ، جىن چىراغنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ پاراسلاپ كۆيۈپ تۇرغان ئاجىز نۇرلىرىغا كۆز ئۇزمەي قاراپ كەتتى. شائىر ئۇچۇن ھەر كۆرۈنۈش بىر پىكىر، ھەر بارلىق بىر مەجاز ئىدى. شۇ تاپتىكى پاراسلاش، گوياكى دەردلىك قەلبىنىڭ ئېچىشىشى، دىل جاراھىتىنىڭ يېرىلىشىغا ئوخشايتتى...

ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. دەڭدەك يوغان ئۆيدە بىر ئۆزىلا قالغانلىقى مانا ئەمدى تولۇق مەنىسى بىلەن بىلىنىۋاتاتتى. ئالەمدىكى بارچە قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ يېنىغا، كىچىككىنە جىن چىراغنىڭ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى خۇنۇك نۇرلىرى ئەتراپىغا سىلجىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇنى ئاز دەپ، بىر پەرۋانە ھەدېسىلا چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، بوۋاينى ئەنسىزلىككە چۆمدۇرەتتى.

ئىلگىرى، كەچلىكى سىرتتىن ئاڭلانغان ئاۋازلار ئۇنىڭغا ئىشەنچ، خاتىرجەملىك بېغىشلايتتى. ھويلا ئىشىكى «غىچ!» قىلىپ ئېچىلاتتى، قەدىناسى كۆلدىن سۇ ئېلىپ كىرگەن، ياكى تالاغا ماڭغان بولاتتى. يان ئۆيلەردىن گۈڭگۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى، باللىرى «قۇرئان» ئوقۇۋاتقان، ياكى قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىپ، بىر ـ بىرلىرىگە كۆڭۈل

سىرلىرىنى تۆكۈشۈۋاتقان بولاتتى. يېنىدىلا بىر نەرسە كىتىرلايتتى، سادىق شاگىرتى، مەسلەكدىشى — پۇتوكچى تالىپ، ئۇستازىنىڭ شېئىرىي تەلقىنلىرىنى قەلەمگە ئېلىۋاتقان بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار يوق، ھېچقايسىسى يوق. ئەمدىلىكتە، دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىمۇ، گۈڭگۈلداشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېنىقسىز ئاۋازلارمۇ، ھەتتا ئېغىلدىكى قوي، كالىلارنىڭ ئۇسۇشىشلىرىمۇ، ئۆگزىدىكى كەپتەرلەرنىڭ چوقىشىش، بۇقۇلداشلىرىمۇ شۇ قەدەر ئېنىسىز ۋە كۆڭۈلسىز. تام تۆشۈكلىرىدىكى چاشقانلارنىڭ توختىماي كىتىرلاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدۇ. بۇ ئاۋازلار، قانداقتۇر بىر جانلىقنىڭ، ھاياتلىقنىڭ شەپىسى ئەمەس، بەلكى يالغۇزلۇقنىڭ، قورقۇنچلۇق تەنھالىقنىڭ بەلگىسىدەك بىلىنىدۇ. ئەجەبا، ئوخشاش بىر ئاۋاز، ئوخشىمىغان كەيپىياتتا باشقا - باشقىچە ھېس قىلىنسا - ھە؟ بەرھەق، ھەقتىن باشقىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس!

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى «جوغ!» قىلىپ تىترىگەندەك، يۈرىكى «ۋىژ!» قىلىپ بىر نەرسىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى. شۇئان، چىراغپاي يېنىدىكى تۆت چاسا شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويغان پەي قەلەمنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. ئەمدى ئەسلى پىكىرگە قايتالىسام كېرەك دەپ ئويلىدى. تەرەپ - تەرەپلەرگە شاخلاپ كەتكەن ھېكمەت ئۇمۇرتقىسىنى نەق ئۆز بوغۇمىدىن تۇتالايمەن دەپ ئىشەندى. بىراق، ئىش يەنە ئەپلەشمىدى. قەلەم ئۇنىڭ قولىدا قالدى - يۇ، پىكىر كاللىسىدىن يەنە قاچتى. ھېلىلا ئۇنى زىلزىلە قازىنىدا قايناتقان پىكرى ھاياجان قېنى، ۋۇجۇدىنى ياپراقتەك تىترەتكەن ھېكمەت كەلكۈنلىرى قېنى؟!...

ئۇ ھەيران قالدىكى، قەلەمدىن يىراقلاشقان ھامان، بىر ئوتلۇق مىسرا ئۆزى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز پىكىرلەرنى يۈكلەپ دىل خانىسىدا ھازىر بولاتتى. بۇنى پۇتەي دەپ، قەغەز - قەلەم يېنىغا كەلگەندە بولسا، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. تۇۋا،

بىر چاغلاردا ئۇ قوغلىغان يالغۇزلۇق دېگەن مۇشۇ ئەمەسمىدى. ھاياتنىڭ مەنا كاپالىتى — يالغۇزلۇق، دەپ تەبىر بېرىپمۇ ئۈلگۈرگەن تەنھالىق مۇشۇ ئەمەسمىدى. تەنھالىقنى قوغلاش بىلەن، ئۇنىڭغا تۇتۇلۇشمۇ باشقا ـ باشقا گەپ ئىكەندە ئەسلى. دېمىسىمۇ، ئىرشكەن تەنھالىق بىلەن تېڭىلغان تەنھالىق قانداقمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىسۇن. بۇ خۇددى ئاچ قورساق غىزالانغان بىلەن توق چاغدا غىزالانغان، خالاپ مېھنەت قىلغان بىلەن مەجبۇرەن قىلدۇرۇلغان بىر ـ بىرلىرىگە تامامەن ئوخشىمىغاندەكلا ئىش. ھەربىرىنىڭ تەمى ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇنۇمىمۇ بىر ـ بىرىگە توپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنىمۇ ھېس قىلدىكى، ئۇنىڭغا ساداقەتمەن شاگىرتى — پۇتۇكچى تالىپ بولمىسا بولمايدىكەن. ئۇ، قەلەمدىن نېرى تۇرۇپ — قەلەمسىز يازغان شائىر ئىكەن. قاچانكى قەلەمگە باغلىنىپ قالىدىكەن، شۇ چاغدا پىكىرىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل بوغۇلۇپ قالىدىكەن. خۇددى قەپەسدىكى قۇشتەك، بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن بۇقىدەك، پۇتى چۇشەپ قويۇلغان ئارغىماقتەك، ئىشەككە چېتىپ قويۇلغان تۆگىدەك.

ئۇ، قەلەمنى قويدى. كۆڭلى پۇتۇكچى تالىپنى تارتىۋاتاتتى.

پۇتۇكچى تالىپ، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ ئۆمۈرىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ساداقەتمەن شاگىرتى. يەنە كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىغىچە ئۇستازىنىڭ ئىجادىيەت ئەمگەكلىرى ئۈچۈن مېھنەت سىڭدۈرگەن شەخس. ئەپسۇسكى، نە ماتېرىيال، نە ۋائىزلار رىۋايەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئەسلى نام ـ شەرىپىنى ئېنىقلاشقا ھېچ ئىمكانىمىز بولمىدى. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەھىپىلەردىمۇ ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا «پۇتۇكچى تالىپ» دەپ ئېلىشنى ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر ئىش دەپ قارىدىمكى، قارىسىغىلا ئىسىمدىن بىرنى توقۇپ، «ئەھمەت» ياكى «سەمەت»

دەپ ئات قويۇۋېلىشنى راۋا كۆرمىدىم. بۇنىڭلىق بىلەن، پۇتوكچى تالىپنىڭ ئۇستازىغا بىلدۈرگەن ئەجىر ـ ساداقىتىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتمىسە كېرەك.

ئۇ، شاگىرتىنى چوڭقۇر سېغىنىۋاتاتتى. بۇ، دىلى تارتىش مەنىسىدىكى ئاددىي سېغىنىشلا ئەمەس، بەلكى پىكرىي ھەمكارلىق يۇكسەكلىكىدىكى زۆرۈرى ياد ئېتىش ئىدى. ئۇ، پۇتوكچى تالىپنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ھەمراھ ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى تولۇق ھېس قىلدى. قەلىمى تۇرۇپ، پىكىرلەرنى قاچۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندى. ئۇ، مۇقىم ئولتۇرۇپ، ئۆزى قەلەم تۇتۇپ يېزىشنى ئادەت قىلغان شائىرلاردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ شېئىرىي پىكىرلىرىمۇ گويا بىر توسۇن ئات ئىكەن. قاچان ۋە نەدە خۇشى تۇتسا، شۇ يەردە چېپىۋېرىدىكەن. يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلدىكى، ئۇ ــ پۇتوكچى تالىپ بولمىسا، ئۆزىنىڭ مەسنەۋىلىرىمۇ بولمايدىكەن. قەلبىدىن قايناپ چىقىپلا قۇمدەك، توزغاقتەك، ماغزاپتەك توزۇپ كېتىدىكەن.

پۇتوكچى تالىپ، يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئۇستازىغا ئۈچ ۋاق تاماقنى كەم قىلماي ئەپكىلىپ بەرگەننى ئاز دەپ، ھەر كەچلىكى: خاتۇنۇم سىڭلىسى بىلەن يېتىپ تۇرسۇن. بۈگۈن ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولاي ئۇستاز، دېيىشنى ئەستىن چىقارمايتتى. بۇ ئەلۋەتتە، «مەسنەۋى» تولغاقلىرىنىڭ ئۆزى يوق چاغلاردا تۇتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئىدى. بۇنداق قەرەلسىز «تولغاق تۇتۇش» ھادىسىلىرىنىڭ تالاي قېتىملاپ يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. «ئۇنىڭ ھېلىغىچە بىلدۈرگەن ساداقىتىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ ئويلايتتى خەراباتى، «شاگىرت دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس. ئۆزىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ شۇنچىلىك بولار. ئۇ، جۈپتىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسۇن. مەسنەۋىنىڭ تۇغۇلۇشى، بىر

بالىنىڭ ــ ئىنساننىڭ ئاپىرىدە بولىشىدىن مۇھىم ئەمەس.
ئىجادىي زوروۋرىيەت ئادىمىي قەدىرىيەتتىن ئۇلۇغ ئەمەس!...»
ئۇ خىيالىدىن بىرى قەلەم تۇتۇشتىن چىقىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە قولىغا قەلەم ئېلىشقا زورۇقۇۋاتاتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭدىن ئۆزگە يولمۇ قالمىغانىدى. يېشى ئۇلغىيىپ قالدى. باقىيغا ئۇزاش ۋاقتى بوگۇنمۇ ـ ئەتىمۇ بىلىپ بولمايدۇ. (بۇنى بىر ئاللا بىلىدۇ) ھېلى، تۇيۇقسىزلا بىرمۇنچە پاساھەتلىك مىسرالارنى ئېيتىپ، بىردەمدىلا ئۆزى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شاگىرتى يېنىدا بولمىغىنىدا، ئېيتقانلىرى ئۆزىنىڭ ئېسىدە قالمىغىنىدا، ئەپلەشمىسىمۇ، يەنىلا قەلەمگە زورلىماي نە چارە. ئىرادە قىلغان ئىشنى ــ «كولليات مەسنەۋى» قەرزىنى قايتۇرماي مېڭىپ، گۇناھكار بولسۇنمۇ. ئۇنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىچ پۇشۇقى شۇكى، ئۇ، جامائەت ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. مەدرىس ۋە مەسچىتلەردىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ئۆمۇرلۈك ھەمرىيى مەڭگۈلۈك بارارگاھىغا كېتىپ قالدى. ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان باللار پۇكۇلگەن قەددىنى رۇسلاش غېمىدە. ئۇنىڭغا ئەمدى نېمە قالدى. ئەسلىدە ئۇ كىملەر بىلەن ياشاپ، نېمىلەرنى قىلماقچىدى؟
كۇندە قازا قىلماي ئوقۇيدىغان بەش ۋاق ناماز بىلەن، شېئىرىي مەلامەتلەر ئارىسىغا شۇڭغۇش ــ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ زور روھىي تەسەللى ئىدى. ئېتىز ۋە باغ ـ ۋارانلاردا جىسمانىي مېھنەت بىلەن مەشغۇل بولۇشمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېغىشلايتتى ـ يۇ، لېكىن چىن مەنىسى بىلەن مەلھەم بولالمايتتى. ئۇ پەقەت قۇترىغان تەنگە ئەرمەك بولاتتىكى، ھېرىتقان، زارىتقان ۋە تېلىققان روھقا ئاراملىق بېرەلمەيتتى. روھىيەت غەليانىغا نېمىمۇ تەڭ كەلسۇن. بولۇپمۇ، پۇتۇن ھاياتى تېنىمسىز پىكىر ئادەتلىرى ۋە تەپەككۇر سائادەتلىرى بىلەن ئۆتكەن ئىنسانغا نىسبەتەن، بۇ خىل ئۇمتۇلۇشنى بېسىش مۇمكىنمۇ؟ كۇندۇزىغۇ

بىر نۆرى، بولۇپمۇ كىچىلىرى ئۈنىڭغا تەس ئىدى. ئۆزى ئالايىتەن شاپاشلاپ بىرىپ ياپمىسا، ئىشىكلىرى ھاڭدەك ئوچۇق تۇرىدىغان ئىغىل ۋە ھويلا ـ ئارام، ئۈنىڭغا تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ ۋە مازاردەك سۈرلۈك باغ ـ ۋاران... ئۈنىڭغا تەنھالىقنىڭ ئەڭ ئاچچىق قاقشال تىكەنلىرىنى سانجىيتتى. ياراتقۇچى مۇشۇنداق چاغلاردا ئامانەتنى سوراپ قالسا، يالغۇزلۇقتىن ئىڭكىم چۇشۇپ قالۇرمۇ، دەپمۇ ئەنسىرەيتتى ئۇ. ئارقىدىنلا، ياراتقۇچى ئىگەم ئۆزى سالغان مۇشكۇلات تۇگۇنىنى ئۆزى يېشىپ بەرگۇسى، دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى. دېمىسىمۇ، كىچىدە، يالغۇز ئادەمنىڭ ئىسىگە نىمىلەر كەلمەيدۇ. پانىيلىق پاسىلىغا يىقىنلاپ كىتىۋاتقان روھىي مۇئەممالار ساھىبى نىمىلەرنى ئويلىمايدۇ؟

كىچە ــ بارچە خىياللارنىڭ ئانىسى. ئۇلۇغلۇق، ئىزگۇلۇك ۋە رەزىللىكلەر ئۇنىڭ قاراڭغۇ باغرىدىن بىخ يېرىپ چىقىپ، ئوخشىمىغان ۋۇجۇدلار تۇپرىقىدا كۆكلەيدۇ، ئەي بولىدۇ. پۇرسىتى پىشىپ يىتىلگەن ھامان ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋەتلەر ھىمايىسىدە رىئال بىر ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرگە سەۋەبكار بولىدۇ: يا ئۇلۇغ بىر مۆجىزە يارىلىپ، ئىنسانىيەت بەختىگە ھامىلە بولىدۇ، ياكى ئەڭ رەزىل بىر پەسكەشلىك ئىزگۇلۇك تۇپرىقىغا نەشتەر بولۇپ سانجىلىدۇ. دىققەتنى ئانچە جەلپ ئەتمەيدىغان ھاسىلاتلار ــ مەيلى ئۇ پايدىلىق ياكى پايدىسىز، ئۆز ياكى ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ــ ئالەمگە يۇز ئاچقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىخلىرى يەنىلا كىچە باغرىدىن قۇۋۋەت ئىمىپ ئۆسكەن بولىدۇ. كىچە ــ روھىيەت مۆجىزىلىرىنىڭ پەرۋاز سەھنىسى، پىكرى كامالەتنىڭ تۇغۇلۇش پەللىسى، ئىجادىي جاسارەتنىڭ يىتىلىش كاللىسى. جاھاندىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇلۇغ پىلانلار كىچىدە تۇزۇلۇپ، كۇندۇزى ئىجرا

ئېتىلىدۇ. بارلىق خىياللار كېچىلىرى بىخلىنىپ، كۈندۈزلىرى ھەرىكەتلىنىشىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن، كېچە ئۇيقۇ بالىياتقۇسى ئەمەس، بەلكى پىكىر قۇياشىنىڭ يارىلىش قۇچىقى، باش كۆتۈرۈش، تاۋلىنىش ئوچىقى. شۇنىڭدەك، كېچە يەنە، ۋۇجۇدلار سىرلىرى خىياللار قوينىدا ئاشكارە ئېتىلىدىغان تىنچسىز تەنھالىق. ئازابلار تولۇمىنىڭ تېگى تېشىلىدىغان كۆڭۈل تارتماس ئىختىيارلىق. كۈندۈزلىرى تىنجىماس كۈلكىلىرى بىلەن ھەممىنى ھەيرەتتە قويۇپ، يوقالماس ۋە تەڭداشسىز كۆرەڭلىكى بىلەن ئەتراپتىن چاڭ چىقىرىۋېتىدىغان غەمسىز نوپۇز ئېگىلىرىمۇ، كېچىلىرى ۋۇجۇدىنىڭ شەخسىيەت يوشۇرۇنغان ئاشكارە بازارلىرىدىكى روھىي سەيرلەرگە ئىشتىراك ئېتىشكە مەجبۇر. دېمەككى، كېچە — روھىي چەكسىزلىكنىڭ پەرۋاز ئالىمى. ئۇ، ئەركىنلىك بوشلۇقى ۋە يەنە چارىسىزلىك تۆشىكى. بۇ دەقىقىلەردە، تەنھالىق، جۇدالىق، ئازاب ۋە نادامەتلەر تۇيغۇسىغا تەبىئىيلا ئەسىر بولىسەنكى، شاھ ۋە ياكى تەڭداشسىز باھادىر بولساڭمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىزسەن. ھەممىسى ھەر تەرەپتىن چۈمۈلىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، سېنى ئورۇۋالىدۇ. ھەرىدەك باستۇرۇپ كېلىپ، سېنى تېنىمسىز چاقىدۇ. چاشقاندەك ئۇستاتلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، يۈرەك ـ باغرىڭنى توختىماي غاجىلايدۇ، قاسايدۇ. ۋۇجۇدۇڭ ئېچىشىپ كېتىدۇ. شۈركىنىپ كېتىسەن. بىراق، روھىي دۇنيارىڭدا، پايانسىز قەلب خانەڭدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن ھەسرەت، ئۆكۈنۈشلەر... قاناتلىرىنى بوغۇشقا ئامالسىزسەن. ئۇنىڭ پەرۋاز ھۆرىيىتىگە چەك قويۇشقا چارىسىزسەن. ئۇنى قوغلاي دېسەڭ، قوغلىيالمايسەن. قوغلاش قولۇڭدىنمۇ كەلمەيدۇ. قاچاي دەپمۇ ھەم قاچالمايسەن. ئۇنىڭ كۆرۈنمەس توزاقلىرى ئالدىدا قېچىشلىرىڭ بىر تىيىن — ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. لەكمىڭلاپ لەشكىرىڭ بولغان ھالەتتىمۇ، يەكۈن بىرلا: سەن — يېڭىلگۈچى!

ئـەمدى ئويلاڭ، خـەراباتى كەبىي تەنھـا مويسـىپىتـنـىڭ كېچـە قوينـىدا قانداق پۇچۇلـىنـىدىغىنىنى. يەنە ئـويلاڭ، ئۆز قـىممىتـى ھەققىدە ئەمەس، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدرىيەتلىرى، ئەل ـ يۇرت ۋە ئۇنـىڭ دەرد ـ ھەسرەتـلىرى خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆتكەن بىر روھىي مېھنەتكەشنىڭ كېچە قوينىغا يالغۇز تاشلىنىۋېتىلگەن چاغدىكى ئازاب ـ كۈلپەتلىرىنى!

دەرۋەقە، ياشانغان ئادەمنىڭ چەككەن ھەسرەتلىرىنى ھېچنىمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بالىلارنىڭ نادامىتى گۆدەكلىكنى مەنبە قىلغىنىدەك، قېرىلارنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى زەئىپلىكنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. گۆدەكلەر نادامەت ئىچىدە چوڭ بولىدۇ. قېرىلار ئازاب ـ كۈلپەت ئىچىدە ھالاك بولىدۇ. بالىلىقتىكى ئازاب، ئادەمنى يەنە بىر يېتىلىش پەللىسىگە ئېلىپ چىقىدۇ. قېرىلىقتىكى ھەسرەتلەر بولسا، ئادەمنى ئاخىرلىشىش يولىغا ــ ئۆدۈل گۆرگىلا سۆرەيدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بوۋاي، ئەمەلىي يېشىغا قارىغاندا ياش ۋە تېمەن كۆرۈنسىمۇ، ئازاب ـ ھەسرەتلەر تېغىنىڭ ئاستىدا جۇلىقى چىقىپ كەتكەن مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خەراباتى بۇ زاكوننى ھەممىدىن بەكرەك چۈشۈنەتتى. شۇڭلاشقا، ئاچچىق ـ ھەسرەتلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر تاسادىپىيلىقتا سەۋەبكار بولۇپ قېلىشىدىن، تەنھا جىسمىنىڭ جىمجىت كېچە قوينىغا ئۈن ـ تىنسىز سىڭىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۆلۈمغۇ ــ ئۆلۈغ بىر نېمەت. ئۇنى دادىل قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇ تەرىپىنى ئۇ تېخىمۇ ئېنىق بىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەندىشىسى «ئۆلۈم» دە ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم باھانىسىدا، تەن خانىسىنىڭ روھىيەت مېھمانىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىشى ئىدى. ئاشۇ دەقىقىلەر راستتىنلا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بارچە پىكرى مۇرادى تەڭ يولدىلا ئۈزۈپ تاشلىناتتى. مۇراد تاپالمىغان شېئىرىي تەلقىنلەر ئۆز جايىدىلا قالاتتىكى، يارالغۇسى يېڭى ۋۇجۇدلار

روھىغا ئۆلىشالمايتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ زور پاجىئە سانىلاتتى. چۈنكى، كېيىنكى كۈنلەردە، خەراباتى ئەسەرلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، بۇ ئۇلۇغ زات، ئۆز دەۋرى ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى كېلەچەك مەسئۇلىيەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھەسرەت ۋە ئىزتىراپلىرى ئاشۇ يۈكسەكلىك كويىدا تېپىرلاشلارنىڭ ئىز ـ داغلىرى ئىدى.

سىرت قاراڭغۇ. ئالەم قاراڭغۇ. ئۇ ــ ھۆكۈمران قاراڭغۇلۇق كۆرۈنمەس قول ـ پۇتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاجىزغىنە يورۇقلۇق ئىزلىرى كۆرۈنگەن كىچىككىنە ماكان ــ ئۆيگە ئۈن ـ تىنسىز باستۇرۇپ كېلەتتى. سىغدىلىپ كىرەتتى، سىرغىپ كىرەتتى. ئۆينىڭ ئومۇرتقا ۋە كېكىردەكلىرى، ئۇنىڭ قارا قوللىرى بىلەن مەھكەم بوغۇلغانىدى. ئىشىك، تۈڭلۈك ۋە بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردىن مۇدھىش بىر قارا ئېقىم قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، تەنھالىقنىڭ ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان غېرىب تونىنى بوۋاينىڭ تىترەپ تۇرغان تۈيغۇ بەتلىرىگە قاتمۇ قات ياپاتتى...

جىن چىراغ ئاجىز پىلدىرلايتتى. تەنھا بىر پەرۋانە قاراڭغۇلۇققا ئارىلىشىپ كەتكەن كۈچسىز يورۇقلۇققا ھەدەپ ئۆزىنى ئۇراتتى. بىردە ئوڭغا ئۆرۈلەتتى، بىردە سولغا ئۆرۈلەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا، كۆيگەن قاناتلىرىدىن «پىژ» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. لېكىن ئۇ، ھېچنىمىنى سەزمىگەندەك، چىراغ ئوتىغا ئۆزىنى ئۇرۇشنى زادىلا توختاتمايتتى. خۇددى شۇنداق قىلسا، نىجاتلىق تاپىدىغاندەك، مۇشۇ يول ئارقىلىقلا مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىغاندەك.

ئۇ، قىزارغان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرۇپ پەرۋانىگە تىكتى. ئۇ چىراغ ئەتراپىدا ئايلىنىشنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئېپىنى تاپسىلا، ئۆزىنى نۇرغا، نە نۇركى، ئۇنىڭغا سىڭىشتۇرغاندا تەڭداشسىز ھارارەت بىلىنىدىغان قىپقىزىل چوغقا ئەسەبىيلەرچە ئۇراتتى. ئۇ، بىردەم ـ يېرىمدەم چىراغپايغا ياكى تام ـ تورۇسقا قونۇپمۇ ئالاتتى ـ يۇ، لېكىن سۇكۇتى ئۇزاق داۋام قىلمايتتى. قاياقتىندۇر يەنە لەپىلدەپ كېلىپ، ئوتقا، ئۆزىنىڭ نەزەرىدىكى نۇرغا جىسمىنى ئۇراتتى. قارىماققا، ئۇنىڭ مەقسىتى چىراغنى ئۆچۈرۈش ئەمەستەك قىلاتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئۇنىڭغا بەك ئاسان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوتقا ئەمەس، چىراغنىڭ ئۆزىگە، چىراغ دەپ ئاتالغان كىچىككىنە ھېجىر قۇتىغا كۈچ بىلەن بىر ئۇرسىلا ھەممە ھەل بولاتتى ــ چىراغ ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. ئوتمۇ تەڭلا ئۆچەتتى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ مۇددىئاسى ۋاستىگە ئەمەس، مەقسەتكە ئۇلىشىش ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراۋاتاتتى. زېرىكمەي پىرقىراش، ھارماي، ئىككىلەنمەي ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇشلار بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراۋاتاتتى. خەراباتى تۇيغۇسىدا شۇنداق بىر مەجاز پارلىدىكى، پەرۋانىنى شۇ ھالغا مۇپتىلا قىلغىنى كېسەللىك ئەمەس، بەلكى چىن مۇھەببەت ئىدى. تەلۋىلىك ئەمەس، ئەكسىچە، ئاشىقلىق ئىدى. دېمەك، ئۇ ــ ئاشىق. مەقسەتلەر ئاشىقى!

ئۇ، تۇرۇپلا ئۆزىنى ئاشۇ پەرۋانىگە ئوخشاتقۇسى كەلدى. ئوخشىتىپ، يەنە ياندى. ئارقىدىنلا، چىرايىغا تېپىپ بولغىچە تورۇپ كېتىدىغان، بەك قىسقا، ئاچچىق ۋە مەسخىرىلىك بىر كۈلكىسىنى كۈلۈۋالدى. بەلكى مېيىقىدا كۈلگەندۇ ۋە بەلكى مېيىقىدا كۈلدۈم دەپ ئويلىغاندۇ. ئىش قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە بىر كۈلدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك قانات ـ قۇيرۇقلىرى بولسا ـ ھە! مەقسەتلەر سەپىرىدىكى مېھنەت ۋە پەرۋىشكارلىقى پەرۋانە چاغلىق ئىمكانغا ئىگە بولسا ـ ھە! ئېنىقكى، پەرۋانىنى ئۆز تائىپىسىدىكىلەر زادىلا قوغلىمايتتى. ئۇ ئۆزىنى چىراغقا ــ

نۇرغا ئۇرغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلەنمەيتتىكى، ئەكسىچە، بارلىق پەرۋانىلەر بۇ ئاشىقانە ھەرىكەتنى ھايات ئۇدۇمى خۇسۇسىدا قوبۇل قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياشاش مۇددىئاسىمۇ، ئۆلۈم مەنزىلىمۇ ئوخشاشلا، نۇر ئىشقىدا، يورۇقلۇق كويىدا تېپىرلاش بولاتتى. ئۇنىڭ ۋىسالىمۇ مۇرادقا قوشۇلغان ئۆلۈم ئىدى. ئوخشاش بىر توپنىڭ ئوخشاش بىر مەقسەت بىلەن ياشاپ، ئۆلۈشى، ياق، نە ئۆلۈشكى، ئورتاق مۇراد تېپىشى نەقەدەر ئەھمىيەتلىك! قاناتلىرىڭغا كۆز تەگمىسۇن. شىجائىتىڭگە ئاپىرىن، پەرۋانە!

ئەمدى ئۇ، پەرۋانىنىڭ پىرقىراشلىرىدىن، چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇشلىرىدىن ئاۋۋالقىدەك يېقىمسىزلىق ھېس قىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ پىداكارلىقىنى قورال قىلغان بارچە ھەرىكەتلىرىدىن سۆيۈندى. يانغان چىراغنىڭ ئۆچمىكى بار. ئۆچسە، يەنە ياندۇرماق جايىز. ئۆچكەن چىراغنى ياندۇرغىلى بولۇر، بىراق، چىن مۇھەببەتنى سەۋەبىيەت بىلەن تۇغدۇرماق مۇشكۈل. ياندۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ — ئاشىقلىق قىسمىتى. پەرۋانە خىسلىتى.

ئۇ، پانىيدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شىرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى - يۇ، يەنە ئۆزىنى چۈش قوينىدا، ئەسلىمىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقاندەك سېزەتتى. ئازاب دېڭىزىدا تەنھا ئۈزۈۋاتقاندەك، خىيال تاغلىرى قېتىدا يىگانە تېپىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. مىدىرلايتتى، قوپالمايتتى. ئۆزى ئۆمۈچۈك، تەرەپ - تەرەپلەرگە يىلتىز تارتقان پىكىر ۋە خىيال يوللىرى گويا بىر مۇستەھكەم ۋە چەكسىز ئۆمۈچۈك تورى بولۇپ، ئۇنى ھەربىر تۈشۈكتىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە زورلايتتى. زادى قايسى تۈشۈكنىڭ مەنزىلگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. يەنە كېلىپ، بىرەرمۇ تۈشۈكنى ئاخىرغىچە ماڭالمايتتى. ئۇ جىلۋە قىلاتتى، بۇ

تارتاتتى، يەنە بىرسى قىستايتتى...
كېچە...
چىراغ...
كېپىنەك...
رەجەب ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى. بۇ ۋاقىتتىكى ئاقسۇ كېچىسىنىڭ ھاۋاسى زىيادە دىمىق ۋە ئىسسىق، يەنە كېلىپ، پاشىلىق بولىدۇ. ھاۋا ئىسسىق بولغان ئاشۇ كېچىلەر، ھاي ـ ھاي... پاشىلارغا بايرام بولىدۇ. بۇ چاغلاردا نەپسى سىقىلىدىغان قېرىلارلا ئەمەس، ئۆز قامىتىنى تەڭرىتېغىغا تەڭلەشتۇرۇدىغان كۈچتۈڭگۈر يىگىتلەرمۇ نەپەس ئالالماي، «دات!» دەپ، ئۆگزىلەرگە چىقىپ يېتىۋېلىشىدۇ. نەپسى بوغۇلۇپ، ئىبغىزلىرىنى كۆشۈكتەك ئېچىشىدۇ. كىشىلەر ھويلا ـ ئارامىلاردا يىغىلىشىپ ئولتۇرۇپ، دەرەخ شاخلىرى بىلەن ياسىۋېلىشقان يەلپۈگۈچلىرىدە ئۆزىنى يەلپۈيدۇ. يەنە شۇ يەلپۈگۈچ بىلەن، يايراپ، غىڭشىپ يۈرگەن پاشىلىرىنى قورۇيدۇ. تىنجىق ھاۋانى تىللاپ، بىزەڭ، رەھىمسىز پاشىلارنى بولۇشىغا قارغايدۇ.
دەل شۇ ئازابنى ئەمدى بىزنىڭ تەنھا شائىر بوۋىمىزمۇ تارتىۋاتاتتى. ئۇ تەرلەپ، بولالمايلا قالدى. ئاق شاپاق دوپپا ئاستىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قارا تەرلەر تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار باسقان پېشانىسىنى بويلاپ پەسكە دومىلىماقتا ئىدى. ئۇ مەيدىسى ئوچۇق ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى ئېرتتى. شۇئان ئۇنىڭ ياغاق يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى بىلىندى. ئېغىزىمۇ يوغان ئېچىلدى. قارىماققا ئۇ نەپەسنى بۇرنىدا ئەمەس، ئېغىزىدىلا ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن، گۇرەن تومۇرلىرى قاتتىق ئىشلەپ ھالىدىن كەتكەن ئادەمنىڭكىدەك كۆپۈشۈپ كەتكەنىدى. چىگىش ساقاللىرى تىكلىشىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى، ئۇمۇ خۇددى نەپەس

ئۈچۈن كۆچۈنىۋاتقاندەك، تومۇرلارغا قوشۇلۇپ تارتىشىۋاتقاندەك.

ئۇنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ھالەتتە كېڭىيىپ تارىياتتى. يۈز مۇسكۇللىرىدىن ئاجايىپ بىر جىددىيلىك سېزىلەتتى. نۇرسىز كۆزلىرى گويا قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، نامەلۇم نۇقتىلارغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تىكىلەتتى. شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ تۇرغان ئورۇق بەدەنلىرى قېرىلىق ۋە زەئىپلىكتىن يىگىلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تۇرقىدىن — پۈتۈن ئەزالىرىدىن غەمكىنلىك ۋە ھارغىنلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ ئۆزىگە قېرىلىق يېتىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئېتىز ۋە باغ ـ ۋاران ئىشلىرىدا تېزلا ھارىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پىكرى مەشغۇلاتلاردا، زېھنىنى ئاسانلىقچە مەركەزلەشتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە بىرلا كىرىپ كەتسە، ئەجەپكى نەچچە كۈنلەپ ئۇنىڭ تەسىرىدىن، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان شىددەتلىك دولقۇن ۋە ئۇنىڭدىن تارايدىغان تىنجىماس شاۋقۇنلاردىن ئاجراپ چىقالمايتتى. بۇنى ئۇ نورمالسىزلىق — قېرىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلەتتى. بارچە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى، پىكرىي ۋە ھەرىكەتلىرى قاتمال، قولايسىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، بۇنىڭغا تەن بەرمەيتتى. روھ ۋە قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئىرادە كۈچى ئاجىزلىق، مەغلۇبىيەت دېگەنلەرگە يول قويمايتتى. ئۇمۇ خۇددى كۆز ئالدىدىكى پەرۋانىگە ئوخشاش، مەقسەتلەر يولىدا تېنىمسىز تىپىرلايتتى ۋە تىپىرلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ پەرۋانىنىڭ ھەر قېتىملىق ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇشىنى كۆرگەندە، ئەزەلدىن چارچىمىغان، مەڭگۈ چارچىمايدىغان ئادەمدەك بىردىنلا جانلىنىپ كېتەتتى. نەپەس ئېلىشلىرى

تېخىمۇ تېزلىشەتتى. كۆكرەكلىرىنىڭ چىڭقىلىۋاتقانلىقىنىمۇ تامامەن ئۇنتۇيتتى.

مانا، ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. پەرۋانە چىراغقا يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر مۆجىزىۋى قۇۋۋەتكە ئېرىشكەندەك جانلىنىپ كەتتى. چىرايىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقنىدى. مۇشۇ خىل ھالەت قانچە قېتىملاپ يۈز بەردى، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. لېكىن بىرلا نەرسە ئېنىق ئىدى: ئۇ ئاخشامدىن بېرى، بىردە ئۈمىدلىنىپ، بىردە ئۈمىدسىزلىنىپ كېلىۋاتاتتى. شېئىرىي تەلقىنلىرىنىڭ دەلىلىي جەريانى بولغان مەسنەۋى ھېكايەتلىرى ئۇنى شۇ ھالدا قىيناۋاتاتتى. ئەمدىكى جاسارەتلىنىش، يەنە بىر قېتىملىق، بەلكى ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان (ئۇ شۇنداق بولۇشىنى كۈتەتتى) ئۈمىدۋارلىقىنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

ئۇ قەددىنى رۇسلىدى. چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمى بىلەن تالغان بەللىرىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ مۇشتلىدى. ئارقىدىن ئوڭ قولىدا پەي قەلەمنى ناھايىتى قولاشمىغان بىر ھالەتتە تۇتقاچ، سول قولى بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا چاتىرىقىنى قاشلىدى. ئېيتماقچى، ئۇنىڭ كىچىكىدە مۇشۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدى. مەيلى قانداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسۇن، شۇ ھەقتە ئويلانغاچ، پىكىر يۈرگۈزگەچ، چاتىرىقىنى قاشلايتتى. سەل چوڭ بولغاندا بۇ ئادىتىنى تاشلىغانىدى. بىر چاغلاردا ئۇنتۇپ كېتىلگەن بۇ ئادەت يەنە قانداق بولۇپ تەكرارلىنىپ قالىدىكىن. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سەزمىسە كېرەك. ئۆتمۈشتە بۇ ھەقتە بولۇنغان پارچە ـ پۇرات گەپلەرنىمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى، ئېھتىمال. شۇنداقتىمۇ، بىز توغرا كېلىپ قالغان بۇ پۇرسەتتە، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسلىمە ئىزنالىرىدىن كىچىككىنە بىر بەتنى ۋاراقلاپ ئۆتىمىز.

چاتىرىقى بىلەن ھەپىلىشىش ئۇنىڭ بالىلىقتىكى ئادىتى

ئىدى. مويسىپىتلار ھېكايەتلىرى، ئانىسىنىڭ بىر چاغلاردا يېقىنلىرىغا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىگە ئىشارە ئىدى: «توۋا دەيمەن، بۇ بالا يەرگە چۈشكەندىمۇ ئىككى قولى چاتىرىقىغا تىقىغلىق ئىكەن.» كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇ ئادىتى زادىلا ئۆزگەرمىدى. ئەكسىچە بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئويلانغاندا ۋە ئۇخلىغاندا سادىر بولىدىغان ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلاندى. باللار شۇنداققۇ، بىرلىرى بۇرنىنى كولايدۇ، بىرلىرى بارماقلىرىنى يالايدۇ، يەنە بىرلىرى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايدۇ... ئىش قىلىپ، ھەر بىر بالا ئەڭ دەسلەپ ئاتا - ئانىسىلا سېزىدىغان كىچىك ئادەتلەرگە كۆنگەن بولىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بەزى باللار كۆنگەن ئادىتىنى تاشلاپ، باشقا بىر ئادەتنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلىرى، باللىقتىكى ئادىتىنى ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىپ، باقىيغىچە ئېلىپ كېتىدۇ. مۇھەممەت بىرەر ئىش - مۇئەمما ھەققىدە ئويلانغاندا، تەبىئىيلا چاتىرىقىنى قاشلايتتى. ھەرىكەت ئىختىيارسىز ھالدا يۈز بېرىدىغان بولغانلىقتىن، ئەتراپتا ئادەم بار - يوقلىقى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايتتى. ئۇخلاۋاتقاندا ئىككى قولى ياكى بىر قولى چاتىرىقىغا تىقىلغان ھالەتتە ياتاتتى. بۇنى كۆپرەك دادىسى كۆرۈپ قالاتتى.

ئابدۇللا مەزىن ئوغلىغا ئەگىتمە يوللار بىلەن تەربىيە بېرىشكە ماھىر كىشى ئىدى. شۇڭا، بۇ خۇسۇسىيتىمۇ ھېكايە توقۇپ ئۇلگۇردى.

مۇھەممەت قانچە ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئېسىدە قالمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئېسىنى بىلگەن، ئاق - قارىنى پەرق قىلالايدىغان چېغى ئىدى. ئۇ چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشىغا، دادىسى يېنىغا كەلدى.

— ھەي... قاراموقچىدىكى پالتاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنى دەيمىنا، بالام، يىلبويى قولىنى چاتىرىقىغا تىقىپ

ياتقۇدەكمىش. قىش ۋاقىتلىرىغۇ توڭلاپ كېتىپ تىقىۋالسا، مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقىدىمۇ تىقىۋالامدۇ قوللىرىنى شۇ يەرگە ـ ھە؟ ــ دېدى ئابدۇللا مەزىن، ئوغلىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ــ تۇتۇپ ياتمىسا قېچىپ كېتىمەن دېگەنىمىدۇ ـ يا، ئۇ بالىنىڭ تاشاقلىرى.

ــ بۇ... بۇ... ــ ئىزادىن يىغلىغۇدەك بولۇپ يەرگە قارىدى مۇھەممەت. ئۇ گەپنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلدى. ئۇياتسىز ئىشنى يەنە قىلىپ سالغانلىقىنى، ئۇنى دادىسىنىڭ كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزدى، ــ مەن تۇتۇپ ياتمىغان بولمىسا... تۇتمىغان... ــ ئۇ بولۇنىۋاتقان گەپنى نەق ئۆزى ئۇستىگىلا يۈكلىدى.

ــ سىلىنى دېمىدىم، بالام، ــ دېدى ئابدۇللا مەزىن، ھېچنىمە بىلمىگەن قىياپەتتە، ئەمما ئىچىدە پىخىلداپ كۈلۈپ، ــ سىلى دېگەن ئۇنداق سەت قىلىقلارنى قىلىدىغان بالا ئەمەس.

ئەلۋەتتە، مۇھەممەت بۇ ئىشنى قەستەن قىلمايتتى. ئۇخلاشتىن بۇرۇن شۇ يەرنى تۇتماي ياتىمەن دەپ، ئىككى قولىنى بېشى ئۇستىگە قويۇپ ياتاتتى ـ يۇ، ئويغانغاندا يەنە قوللىرى چاتىرىقىدا تۇرغان بولۇپ چىقاتتى. بىر نەرسىلەر ھەققىدە باش قاتۇرغاندىمۇ شۇنچە دىققەت قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن قوللىرى ــ ئوڭ قولى ياكى سول قولى ھامان ئىختىيارسىز ھالدا چاتىرىقىغا يۈگۈرەيتتى.

ــ دېمىسىمۇ، يامان ئادەت ئۇ، بالام، ــ سەل تۇرىۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى دادا، ــ ئۇ بالىنىڭ قىلىقلىرىنى كېچىسىغۇ بىرەر كىشى كۆرمەس. كۈندۈزلىرى بولۇپ قالسىچۇ؟ كۈپكۈندۈزدە ئىككى قوللاپ چاڭگاللاپ ياتسا ئاشۇ يەرلىرىنى. ئانا، سىڭىللىرىمۇ كۆرۈپ قالمايدۇ دېگىلى بولامدۇ. يەنە ياتۋاش كىشىلەر كۆرسە نېمە دەپ قالۇر؟ يەنە بىرسى، ئۇ يەر ئىشرەت ۋە گۇناھقا بەك يېقىن جاي. شۇڭا، تاشاق دېگەن باشقا ئەزاغا

قارىغاندا پاسكىنا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ جاينى تۇتۇپ ياتىدىغان ئادەمنىڭ قولىمۇ لاۋزا، لولاڭ بولىدۇ. قوي، كالىلارنى بوغۇزلىسا، گۆشى تەمسىز چىقىدۇ. ئاش ئەتسىمۇ، لولاڭ پىشىپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىنىڭ پەقەتلا تەمى، بەرىكىتى بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئەر كىشى دېگەن ئۇخلىسۇن خاھى ئويغاق چېغىدا بولسۇن، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولغۇلۇق. سىلىنىڭ ئۇنداق چاكىنا ئادەتلىرى يوق. مۇشۇ يەرلىرىگە بەك كۆيىمەن، ئوغلۇم!

— ئەمدى مەن ئۇنداق قىلمايمەن... زادىلا ئۇنداق قىلمايمەن!...

دادا، ۋاستىلىق هالدا بىر قېتىملىق تەربىيەت مەقسىتىگە يەتكەن بولدى. بىراق ئەمەلدە، ۋەدە باشقا، ئادەت باشقا بولۇپ چىقتى. ئويغاق چاغلاردا ۋەدىنى ئىرادە بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولغان بىلەن، ئۇيقۇلۇق هالەتتە ئادەت كۈچى ئىرادىنىڭ چەكلىمىسىگە بوي سۇنمايتتى. كونىلار: ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈك هالەت، دەپ بىكار ئېيتمىغان. گۆدەك بالا ئۇچۇن ئۇيقۇلۇق هالىتىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش تېخىمۇ مۇشكۈل ئىش. چۈنكى، بۇلارغا نىسبەتەن ئۇيقۇ — پۈتۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. بۇنداق چاغدا ئۇلار ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىكى تۆرەلمە هالىتىگە قايتىدۇ. تۆرەلمە هالىتىگە كىرگەن گۆدەك بالىنىڭ ئۇيقۇ پەسلىدىن، چوڭلارنىڭ پىشقان گۈزەل ئادىتىنى تەلەپ قىلىش مۇمكىنمۇ؟... ئابدۇللا ئىمام (ئۇنى مەزىنمۇ دېيىشەتتى) ئەلۋەتتە بۇ تەرەپلىرىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۇچۇن تىرىشىپ باقتى. ئوغلى مۇھەممەت ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتلاردا، ئۇنى ئالايتەن كۆزىتىپ، چاتىرىقىغا بېرىپ قالغان قوللىرىنى ئۇ يەردىن ئېلىۋەتتى. ئوغلىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ياتتى. بىراق، ئادەت دېگەن ۋاز كېچىش قىيىن بولغان خۇمار ئىكەن. بولۇپمۇ، بالىلارنى بۇخىل خۇماردىن

ئاسانلىقچە تەزدۇرگىلى بولمايدىكەن. ئەگەر تەزدۇرۇشكە ئىرادە قىلىنسا، بۇنىڭغا بەك ئۇزۇن جەريان كېتىدىكەن. شۇغىنىسى، ئابدۇللا ئىمام ئوغلىدىكى غەلىتە ئادەتكە دىققەت ئاغدۇرغاندا، بالا ياشقا خېلىلا چوڭىيىپ قالغانىدى. ئۇنى تۈزىتىشكە ئىرادە قىلغان چاغلاردا بولسا، بالىنىڭ ئايرىمخانىدا يېتىش ۋاقتى بولۇپ قالدى. چوپچوڭ بولۇپ قالغان بالىنى يېنىمدا يات دەپ تۇتۇۋېلىش، ئەقىل ۋە ئەدەبكە ئۇيغۇن ئىش ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ھالدا مېڭىۋەرسە، «چاتىرىقىنى قاشلاش» بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئادىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇستازىنىڭ بىر قېتىملىق كوللېكتىپ تەربىيەسى ئۇنىڭ بىخ سۇرۇۋاتقان بۇ ئادىتىنى كەسكىن رەۋىشتە چەكلەپ قويدى.

شۇ چاغدا باشقا تالىپ باللار قاتارى مۇھەممەتمۇ ئۇزۇن بىر سۈرىنى يادلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا مۇدەررىس بىرمۇنچە كىتابلارنى قولتۇقلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، مەڭزىلىرى سۈزۈك ۋە قىپقىزىل، سەللىسى باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا يوغان ئورالغان ئادەم بولۇپ، تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. باللارنى قورقۇنچقا سالىدىغىنى، دەل ئۇنىڭ مۇشۇ سۈرلۈكلىكى ئىدى. ئۇنى كۆرگەن ھامان تالىپ باللار دىر - دىر تىترەيتتى. يادلاشقا، ئوقۇشقا، تەھلىلگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئۇخلىماي بولسىمۇ ئورۇنلاپ كېلەتتى. مەھەللىدىكى ئاتا - ئانىلار «ئۇستاز زالىم بولسا، شاگىرتى ئالىم بولۇر» دېگەن ھېكمەتنى مۇشۇ مۇدەررىسنىڭ ۋۇجۇدى ۋە ئەمەلىيىتىدىن كۆرۈشمەكتە ئىدى.

ئۇ سىنىپقا كىرىپ، باللارنىڭ قورقۇنچ بېسىپ تۇرغان چىرايىغا تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەتنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرىدىغان بىر بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قالدى.

— ئابدۇلئەزىز، «قۇرئانى كەرىم» نىڭ تۇنجى سۈرىسى قايسى؟

مۇدەررىس ھەمىشە بىرىنچى سوئالنى مۇشۇنداق ئاسان مەسىلىلەردىن باشلايتتى. بۇ بالىلاردىكى تەمتىرەش، قورقۇنچنى تۈگۈتىدىغان ئەڭ ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىدى.

— سۈرە فاتىھە.

— خوپ، ئوبدان جاۋاب بەردىلە بالام، — دېدى ئۇستاز، مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلىنى بىر سىقىمدىۋېتىپ. ئەمدى سىناق بېرىۋاتقان بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىكمۇ سەل بېسىققاندەك تۇراتتى، — ئۇنداقتا، «سۈرە ياسىن» نىڭ تۆتىنچى موبىيىنىنى يادلاپ باقسىلا.

بالا دەماللىققا كېكەچلەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ تۆتىنچى موبىيىنگە ئۆتۈش ئۈچۈن، باشتىكى ئۈچ موبىيىنىنى ئىچىدە بىر رەت يادلاپ چىقىشى، ئاندىن نۆۋەت بويىچە تۆتىنچىگە كېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ بالىلاردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت. بىراق، ئۇستاز پىششىق يادلىتىش مۇددىئاسى بىلەن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتاتتى. ئۇستاز نەزەرىدە بۇ خىل ئۇسۇل ئۈنۈملۈك بولغىنى بىلەن، بالىلارنى ئەڭ قىينايدىغىنى مۇشۇنداق قاپ بەلدىن كېسىپ بېرىلگەن سوئال ئىدى.

سىنىپنى سۈرلۈك سۈكۈنات باستى. مۇھەممەتنىڭ ئابدۇلئەزىز ئاتلىق ساۋاقدىشى، تەلەپ قىلىنغان سۈرىنىڭ باشتىكى موبىيىنلىرىنى پىچىرلاپ تۇرۇپ يادلاۋاتاتتى. ئۇ ئوبدان بىلەتتىكى، تېز تۈگۈتمەن دەپ، ئايەتلەرنى چالا ئوقۇپ قويۇشقا، خاتا ئوقۇپ قويۇشقا بولمايتتى. باشتىكىلىرىنى ئوقۇمايلا تۆتىنچى موبىيىنگە كىرىشەلمەيتتى، ئۇنى دەرھاللا ئېسىگە ئالالمايتتى.

ئۇ ئېغىزلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئەمما سىرتقا لام ـ جىم دەپ ئاۋاز چىقارماي تۇراتتى. مۇھەممەت ۋە باشقا ھەمساۋاقلىرى ئۇنىڭغا تىكىلمەكتە ئىدى. ھەممە يادلاپ بولالماپتۇ، دەپ ئۇنىڭغا قارايتتى. بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈتكە ئۇستازمۇ

چىداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئېغىزىنى ئۆمەللەپ، ئەمما لام ـ جىم دېمەي تۇرغان بالىغا قارىدى. قارىدى ـ يۇ، ئۆزىنى پەقەت تۇتۇۋالالمىدى. بالا خۇددى قوتۇر باسقان مايمۇندەك، سول پۇتىنى يەردىن ئۈزۈلمىگىدەك دەرىجىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ چاتىرىقىنى كۈچ بىلەن قاشلاۋاتاتتى.

— هاي، ئابدۇلئەزىز! — دېدى ئۇستاز، هېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر زەردە بىلەن، — ساۋاقنى سىلى ئالامدىلا ياكى تاشاقلىرى ئالامدۇ؟!

تۇيۇقسىزلا سورالغان بۇ سوئالدىن باللار پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى. لېكىن، ئۇستاز غەزەپلىك ئىدى.

— مە... مە... مەن ئالىمەن... — ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، قولىنى چاتىرىقىدىن دەرھاللا تارتىۋالدى. بېشى ساڭگىلاپ، چىرايى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇستازىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇ تولۇق چۈشەنگەنىدى.

— ئەمىسە، نېمە ئىش ئۇ؟ — ئاۋازىنى ئۇرغۇلۇق چىقىرىپ تۇرۇپ سورىدى ئۇستاز، — مەن ساۋاقنى سىلىگە بەرسەم، سىلى قوپۇپ تاشاقلىرىدىن مەسلىھەت سورامدىلا. ئۇمۇ بىلمەيمەن دېگەندۇر تايىنلىق؟

— مەن ... مەن بىلەتتىم ئۇستاز. ھەممىنى يادلاپ بولغان... — ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى، — باشتىكى ئۈچ موبىيىننى ئىچىمدە يادلاپ بولۇپ، ئاندىن تۆتىنچى موبىيىننى ئاۋازلىق يادلاپ بەرمەكچىدىم. لېكىن...

— لېكىن، ئارىلىقتا مەسلىھەت سورايدىغان پىرى شەيتان چىقىپ قالدى، شۇنداقمۇ؟ — ئۇستاز قوش بىسلىق سۆزلەر بىلەن بالىغا نەشتەر سانجىماقتا ئىدى. ئۇ شۇنداق ئىنسان ئىدىكى، تالىپلىرىنىڭ ئىلىم ـ ئىرپاندىلا ئەمەس، پەزىلەت ۋە ئادەتلىرىدىمۇ ئۆزىگە زەررىچە داغ قوندۇرۇۋېلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇلارغا قويىدىغان تەلەپلىرىمۇ ھەرقانداق بىر

مۇدەررىستىن قاتتىق ۋە زىل ئىدى.

— بۇ... بۇ... مەن... — ئۇ ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى.

ئۇستازغا يەنە بىر تەربىيەت نۇقتىسى ئاشكارە بولغانىدى.

— سۈرە ئايەتلىرىگە نەدىن سورالسا، شۇ يەردىن باشلاپ تەمتىرىمەي جاۋاب بەرمەك ئەقەللىي ساۋات، بالىلىرىم، — دېدى ئۇستاز، بالىلارغا تەكشى قاراپ قويۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇستاز سوراقلىرىغا، خالايىق مۇئەممالىرىغا جاۋاب بەرمەك، گوياكى پەرھىز نامازدا زۆرۈرىي سۈرىلەرنى ئوقۇماق بىلەن باراۋەردۇر. نامازدا بۇرۇن كولىماق، بەدەن قاشلىماق، كۆزنى ھەريان تاشلىماق يوق. شۇل كەبىي، سوراق ـ مۇئەممالارغا جاۋاب قىلماقتىمۇ غەيرىي قىلىق ـ ھەرىكەتلەردە بولماق يوق. بۇ ئۆزى ئەھلى ئىلىمگە، ئۇستازغا، خالايىققا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك سانىلۇر. شۇل سەۋەب ھەر بىرىڭلار قۇلاقتا مەھكەم تۇتۇڭلاركى، بارچىسىدىن سۈرە ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ئاگاھ ۋە ئۇز قىلىق بولۇڭلار. «قۇرئان» دىكى ھەر بىر ئايەت ئاللانىڭ سۆزى، كالامى. ئۇنى قەدىرلەش سىلەردىن باشلانمىقى جايىز. سەۋەبى شۇلكى، سىزلەر موللا بولىسىزلەر. ئىرپان ۋە پەزىلەتتە بارچىغە ئۈلگە بولۇڭلاركى، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆلگە سىيىدىغان موللىلاردىن بولماڭلار، بالىلىرىم!...

شۇ كۈنى كۆپ نەسىھەتلەر بولۇندى. مۇدەررىسنىڭ سۆزى گۆدەك مۇھەممەتكە بەكلا تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ كۆيۈشۈپ، بېشى تۆۋەن سېلىندى. مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇ ئالدىدىكى كونا شىرەنىڭ ئاستىغا ئاللىبۇرۇن كىرىۋالغان بولاتتى. ئۇستاز نېمىدېگەن سەزگۈر ـ ھە! گېپىنىڭ ئۇرامىدىن مۇھەممەتنىڭمۇ چاتىرىقىنى قاشلايدىغان ئادىتى بارلىقىنى بىلىۋالغاندەك. دادىسىمۇ، ئۇستازىمۇ ئوخشاشلا نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، راستىنلا ئەسكى ئادەت ئىكەن ـ دە، بۇ. ئۇستاز مۇھەممەتنىڭ ساۋاقدىشىغا ئەمەس، دەل

ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىپ سۆزلىگەندەك ئىدى. چۈنكى، ئۇمۇ چاتىرلىقىنى قاشلايتتى. ئۇ ئىۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە قىلدى. يامان ئادىتىمنى تاشلايمەن دەپ، نەچچە كېچە ئۇخلىماي ياتتى. بىر نەرسە ئويلىغاندا قوللىرىنى قەستەن ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇردى. ھەممە ئىشلار پىلان بويىچە ئورۇنلىنىۋاتقان چاغلاردا، بۇنداق ئادەتكە چەك قويۇش ئاسان ئىدى. ئەكسىچە، كۆرۈنمەس تاسادىپىيلىق، قەرەلسىز كەلگەن غەزەپ، تۇيۇقسىز دۇچ كەلگەن قىيىن مۇئەممالار... دوقاللىرىدا «چەكلەش ئېگى» نەگىدۇر غايىب بولاتتى. ھەممە يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز قىنىغا چۈشۈۋالاتتى. بۇنى ئۇ ئۆزى سەزمەيتتى. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. نېملا بولمىسۇن، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى. تاشلاشقا ۋەدە قىلغان ئادىتىنى ئاخىرى تاشلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ چاتىرىقىنى قاشلاپ ـ تۇتىدىغان ئادىتى بولغانلىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى، ھېچ ئويلىمىغاندا بىر زامانلاردىكى ئادىتىنىڭ يەنە تەكرارلىنىپ قېلىشى ئەقىلگە زادىلا سىغمايتتى. ئەمما، ئەمەلىيەت شۇنداق ئىدىكى، ئۆمۈرىدە تالاي ئېسىل ئادەت، ئىلىملەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن بۇ ئىنسان، بىر چاغلاردا باللىقىدا تاشلىۋەتكەن، چاتىرىقىنى قاشلاشتىن ئىبارەت بۇ ئەرزىمەس ئادىتىنى ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا قايتا تېپىۋېلىپ، ئۇنى ۋۇجۇدىدىن تەرك ئېتەلمەي ـــ ئۇنىڭغا قىيماي ئەمەس، سەزمەي، پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ھەئە، بۇ كىچىككىنە ھەرىكەت ئادىتى (باشقىلار بۇنى «خاسلىق» دەپ ئاتىغان بولاتتى) ئۇنىڭغا ئەبەدىيلىك ھەمراھ بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا پەرۋانىدە ئىدى. پەرۋانە ھامان نۇر بويلاپ ئايلىناتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇراتتى، يەنە ئۇراتتى. توختىماي ئۇراتتى. ئاھ، پەرۋانە. ئاھ، نۇر!... ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان نۇرسىز كۆزلىرى خۇمارلاشتى. قانداقتۇر بىر ئىشەنچ

ۋە ئۇنىڭدىن چاقناۋاتقان خۇشلۇق ئىپادىسى مۇرەككەپ جىمجىتلىقتىن، ھەئە، چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر سۈكۈتتىن سادا بېرىپ تۇرىۋاتقان ياغاق چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم بولۇپ جىلۋىلەندى. ئۇ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تولىمۇ يىراق بىر ئۈپۈقىدىن پارلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان شەپەق سايىسىنى كۆرگەندى. ئۇنىڭ زارىقىپ كۈتكىنى، ئىزدىگىنى، قوغلىغىنى شۇ ئىدى. ئۇ ئىشىنەتتىكى، روھىي گەۋدىسى دەلدۈگۈنۈپلا كەتمىسە، قەلب كۆزى ئۇنى كۆرەلەيتتى. ئۇ كۆزلەر قارمىقىغا ئىلىنغان ھامان، پىكىر يىپى، ھە، مۇراد يىپى كۈچ ۋە مۇھەببەت بىلەن تارتىلاتتى، يىغىلاتتى. بارچە پارلاقلىق ئەنە شۇ يەردىن باشلىناتتى.

پەرۋانە ھامان قايتماس روھ بىلەن چىراغقا ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى. قولدا قەلەم، كۆزلەردە ئالەم پارلايتتى. جىن چىراغنىڭ ئاجىز نۇرلىرى قاراڭغۇلۇق قوينىغا يۇتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان غۇۋا تاملارنى كۈچسىز، ئەمما قايتماس بىر روھ بىلەن سۆيۈپ ئۆتەتتى. باش ئەگمەس ئاجىزلىقنىڭ روشەن مۆجىزىسى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تامدىكى نەرسىلەرنى ئەسلىدىكىدىن غۇۋاراق بولسىمۇ پەرق ئەتكىلى بولاتتى. راۋاب، رەھمەتلىك دادىسىنىڭ قولى تەگكەن، كۆزى كۆرگەن ئاشۇ تەۋەررۇك ساز يەنىلا تۆر تامدا ئېسىقلىق تۇراتتى. ھېلىلا مۇڭ پەدىلەرگە جاراڭلاپ چېلىنىدىغاندەك. «ھازىرچە بۇنى چالسىلا ھېچقىسى يوق. چوڭ بولغاندا چالسىلا - زە، بولمايدۇ جۇمۇسىلا بالام» دېگەنىدى ئەقىللىك دادا چوڭ بولۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوغلىغا. ئەمدى بىلدى، بۇ چالسا بولمايدىغان ساز ئەمەسكەن، بەلكى ئەتراپىدىكىلەر چالغۇزمىغان، چالغۇزمايدىغان ساز ئىكەن. ئەنە، داپ. ئۇمۇ جىن چىراغنىڭ ئاجىز يورۇقىدا گاھ قارىيىپ، گاھ لىپىلداپ كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇپتۇ. ھازىرلا داراڭلاپ

چېلىنىدىغاندەك. «داپ ــ پەدىسىز ساز، ئەمما ئوغۇل بالىنىڭ بارچە پەدىسى داپ بىلەن تەڭشىلىدۇ»، «بۇنىمۇ قانغۇدەك چېلىۋالسىلا، چوڭ بولغانلىرىدا بۇنى چالالمايلا، مۇشۇ چالغانلىرىنى سېغىنىپلا ئۆتۈدىلا» دېگەنىدى يىراقنى كۆرەر دادىسى. ئەمدى بىلدى، ھەممىنى بىلدى. بۇمۇ قول تەگكۈزسە بولمايدىغان، كىتابلاردا «گۇناھ» قا ئايرىلغان ساز ئەمەسكەن، بەلكى «گۇناھ» قا پەتىۋا بەرگۈچى گۇمراھلارنىڭ گۇناھسىز يۈرەكلەرنىڭ ئۇدار ـ غەلىيانلىرىنى بېسىشقا تاپقان باھانىسى ئىكەن. ۋادەرىخا! بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ ئالالماسلىق، قولىدا تۇرۇپمۇ چالالماسلىق نەقەدەر ئازاب!... مۇمكىن بولسا، بۇلارنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ يايراپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاۋازلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتسە، چۆمۈلۈپ كەتسە!...

ئۇ تەپەككۇر ئۆتەڭلىرىدە سىقىلىش ۋە چىڭقىلىشلىرىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ سازلارنى، ئۇنىڭدىن تارايدىغان مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاھاڭلارنى سېغىنغانىدى. ھەر قېتىملىق پىكرى بالاغىتى جەريانىدا مۇڭلۇق كۈيلەر، يۈرەكنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتۈدىغان خەلق ئاھاڭلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇ رۇيابقا چىقارغان ھەر بىر بېيىتتە، ئاتىسى ئاڭلىغان، ئانىسى قانمىغان ئۆلمەس ئاھاڭلارنىڭ ھىد ـ پۇراقلىرى ئوخچۇپ تۇراتتى. ئۇ ناخشا ـ مۇزىكىغا ھېرىس ئىدى. ساز چېلىش «كاپىر» لىق پەتىۋاسى بىلەن ئەل ئادىتىدىن سىقىپ چىقىرىلغان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ بارچە سازلارنى روھىدا چېلىپ، روھىدا ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۆزى رازى بولغان بارلىق بېيىتلىرى، ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈي ـ ئاھاڭلار قويىنىدا ئاپىرىدە بولغانىدى. بولۇپمۇ، بالىلىقىدا ئاڭلىغان، ئېيتقان ناخشىلار ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايتتى. ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، مەدەت بېرىۋاتقىنىمۇ، دەل ئاشۇ بالىلىقىغا باغلىنىپ كەتكەن ئۇنتۇلماس ئاھاڭلار ئىدى. شۇ تاپتا، يىراقلاردا قالغان

بالىلىقنىغا قايتالىغان بولسا ـ ھە! بالىلىقىڭدا تېزراق چوڭ بولغۇڭ كېلىدىكەن. چوڭ بولغىنىڭدا جان ـ جېنىڭ بىلەن بالىلىققا قايتىشنى ئىستەيدىكەنسەن. چوڭ بولۇش — ئىنسانىي، ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي مەسئۇلىيەتلەر قەرزىگە بوغۇلۇش دېمەكتۇر. ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنى ھېچكىم ئەيىپلىمەيدۇ. لېكىن، رىئايە قىلىپ تۇرۇپ، بىزارلىق ھېس قىلىسەن. ھارغىنلىق سېزىسەن. بەزىدە چارچاپ ھېچ ھالىڭ قالمايدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنمەس، ئۈزۈلمەس سىرتمىقىدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. قاچقان كۇنۇڭ دەل سېنىڭ ماتەم تۇنۇڭدۇر. شۇندىن ئېتىبارەن، قەلبلەر ئالەمىدىن غايىب بولىسەن. ئۆمۈرلۈك روھىي قەسىرىڭنىڭ چاقناق ئىمارەتلىرى بىر يولىلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدۇ. ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمىكىڭ بەسىي مۇشكۈل. يېڭىباشتىن بىنا قىلىپ چىققان تەقدىردىمۇ، سەن بەربىر «ئىمارەتلىرى گۇمۇرۇلگەن ئادەم» بولۇپ قالىسەن. بالىلىق باشقىچە. بۇ مەزگىلدە سەن ھەر نېمىنى خالايسەن ۋە خالىغان ئىشنى ئاشۇرۇپ قىلالايسەن. بىراق، قىلمىشلىرىڭنىڭ چېكىدىن قىممىتىگە يېتىپ ئەمەس، بالىلىق رايىڭ بىلەن، ئالدىراقسان تەلپۈنۈشلىرىڭ تۈرتكىسىدە ئورۇنلايسەن. نېمە قىلساڭ، نېمىنى دېسەڭ، ئەيىپلەنمەيسەن. چۈنكى، سەن ھەممىنى ئەيىپلەيدىغان چوڭلارنىڭ نەزەرىدە بالا. «بالا» نىڭ «ئادەم» بولۇشى ئۇچۇن يەنە بىرمۇنچە جىسمانىي ۋە مەنىۋى يېتىلىش جەريانى كېرەك بولىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان. بالىلىق — ئەپۇچانلىق بۆشۈكىدە پەپىلىنىۋاتقان ئىمكانىيەتلەر پەسلى. بالىلىق — قايتىلانماس ئالتۇن پۇرسەتلەر دۇنياسى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆزۈڭ ئىشتىراك ئەتكەن ھەر بىر سەرگۈزەشتىنىڭ زادىلا تەكرارلانماس جەريان ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. بىر ۋاقىتلار كېلىپ، ھازىرىڭغا تەلپۈنىدىغانلىقىڭنى، مۇشۇ پەسلىڭنى كۆزلىرىڭگە سۈرتكۈدەك

بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىچ ـ ئىچىدىن سېغىنىدىغانلىقىنى
ھېس قىلالمايسەن. شۇڭا، بۇ مەزگىلنىڭ قەدرىگىمۇ
يەتمەيسەن. قەدرىگە يەتكىدەك بولغىنىڭدا، ئارىدىن تالاي يىللار
ئۆتۈپ كەتكەن بىر كۈنلەردە، سەن قەدرىگە يەتمەكچى بولغان
بالىلىقىڭنى ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن. شۇ مەزگىلگە قايتاي دەپمۇ
قايتالمايسەن. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيسەن. مانا بۇ
تەكرارلانماس ھاياتنىڭ ئەپسۇسلىقى، تاتلىقى ۋە يەنە شادلىقى.
ئۆتكۈنچى پانىي مۇشكۇلاتلىرىنىڭ ئەبەدىيلىك باقىي
پاراغەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان سېھرىي قۇدرىتى. بالىلىقتا
«گۇناھ» سۆزى يوق. سەن گويا ياراتقۇچىنىڭ ئەركە ھاكىمى
بولۇپ، ئالەمنىڭ راي ۋە تومۇرلىرىنى ئۆز خاھىشىڭ بويىچە
تۇتۇپ باقىسەن. جاھان سازىنىڭ زەر پەدىلىرىنى بالىلىق
ئەركىڭ بىلەن تەڭشەيسەن. دۇنيانى ساز قىلىپ چالىدىغان ئاشۇ
غۇبارسىز چاغلارغا بىر قېتىم، پەقەت بىر نەپەس بولسىمۇ
قايتقىلى بولسا ـ ھە!

ئۇ بىردىنلا ھاياجانلاندى. خىيالىدا ئارقىسىغا بۇرۇلدى.
پۈتۈن بەدىنىم بويىچە ئەمەس، بېشىم بىلەن قايرىلىپ قارىدىم
دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۆزىنى مەجازىي مەنىدىكى
ئارقىسىغا ـــ يىراقتا قالغان بالىلىقىغا قايرىلغاندەكمۇ ھېس
قىلدى. تامدىكى راۋاب مۈڭ تۆكۈشكە باشلىغاندى. ئۇ ياخشى
كۆرۈدىغان، ئاڭلاپ، ئېيتىپ قانمايدىغان تەسىرلىك بىر كۈي،
ئۆڭگەن توپىلار ئارىسىدىن، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق
قېتىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقماقتا ئىدى...

يېقىن ئەتراپتىن ساپايىلەرنىڭ جور بولۇپ شاراقشىغان
ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا تەڭكەش بولۇپ «ھە ـ
ھەم!»، «ھۇۋ، ئاللا ـ ھۇۋ!» دەپ جەرىرە سېلىشلار، كۈچەپ
چىڭقىلىش، يىغلاپ نالە قىلىشلار ئاڭلىناتتى. بىراق، بۇ
ئاۋازلار، تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ ئەسەبىي ئۇرۇنۇشلار

ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ راۋابىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى قېتىدا، قەلب دېڭىزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەكتىدىكى پىكىرىي بايلىقلارغا، جەۋھىرىي جاۋاھىراتلارغا قارماق سالماقتا ئىدى. ياق، ئۆزى قارماق بولۇپ سانجىلماقتا ئىدى!

ھېكايەتتىكى ساھىبىي زاھىت، تەقۋادار زاھىت سەپەر قىلىپ نەلەرگە كېلىۋىدى؟ شەھىرىي قەشقەرمىدى ۋە ياكى جەننىتى خۇراسانمىدى؟

ئۇ ئۆزىنى سوپى دەۋالغان ۋە ئەۋلىيالىقتىن نەسىب ئالغان بىر زاھىتنىڭ شەرمەندە سەرگۈزەشتىسىنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق، ئۆز مەسنەۋىسىنىڭ سوپىلارغا بېغىشلانغان قۇرلىرىنى دەلىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلماقچىدى. ھەقىقىي سوپىلىق يولىنىڭ، دەسلەپكى ئاشىقلىق قىزغىن زاھىتلىق ئىشقى بىلەنلا بىر باشقا چىقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ ئومۇمەن شۇنداق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئىنسان، ھايات، ئىلىم، دۇنيا ۋە شەرىئەت... كەبىي بارچە مەسىلىلەر خۇسۇسىدا شېئىرىي تەلقىنلەر ئېلىپ بارغانلىرىدا، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ پىكىر - تەشەببۇسلىرىنى مەجازىي ۋاستە ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بىر رېتىمدا مىسرالارغا سىغدۇرۇپ ئۆتەتتى. بۇ تەشەببۇسلار ئالدى بىلەن مەرىپەت، تەرىقەت، شەرىئەت، پەزىلەت، ھەقىقەت... دېگەندەك، ئۆز دەۋرى كامىل ئىنسانلىرىنىڭ رىئايە ئۆلچىمى بويىچە ئىسپات تاپاتتى. مۇشۇ يوسۇندا مىسرالار - مىسرالارغا، بېيىتلار - بېيىتلارغا ئۇلىنىپ، شېئىرىي پىكىر چوڭقۇرلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ باراتتى. بىر ۋاقىتلاردا شائىر ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇغان دەقىقىلەردە، كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر پىكرى بالاغەت چوققىسى زاھىر بولاتتىكى، ئۇنىڭ ۋەزنىنى قۇرلار گەۋدىسىمۇ، مىسرالار ئومۇرتقىسىمۇ ھېچ كۆتۈرەلمەيدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن، مەزمۇنلار بويىچە ماۋزۇلارغا ئايرىلغان بېيىتلار بۆلەكلىرى بەرداشلىق كۆچىنى يوقىتىپ

غاراسلاۋاتقاندەك، بېيىتلار پۈتۈلگەن ئاپئاق قەغەزلەر ئۈتلۈق پىكىرلەر تەپتىدىن ئوت ئېلىپ يېلىنجاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق پىكرىي بۆلەكلەر تامامىدا، يۇرۇشلۇك بىر ماۋزۇنىڭ تۈگەللىنىسىدە، «راھەتلىك بېيىتلار» مەزمۇنىغا تەڭداش بىر ماۋزۇدا — «ھېكايەت» دېگەن نام ئاستىدا، كۆچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە، چىن ۋە تەسىرلىك ۋەقەلەر بايان قىلىناتتى. شۇ تاپتا باش قاتۇرۇۋاتقىنى، ئاشۇ خىل شەكىلدىكى ئىبرەت ھېكايەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇنىڭدا ئۆزى شەرىئەت ئادىمى تۇرۇپ، ئۇنىڭ خىيانەتكارىغا ئايلانغان، سوپىلىق ئىستەپ يۈرۈپ، بۇ يولنىڭ جىنايەتكارىغا باغلانغان بىر ئازغۇن زاھىتنىڭ ھېكايىسى سۆزلىنەتتى. شائىرنىڭ نەزەرىدە، زاھىت ـ دەرۋىشلەرنىڭ بارچىسىنى ھەقىقىي مەنادىكى «سوپى» ئۇقۇمى بىلەن تەرىپلەشكە بولمايتتى. سوپىلىق — ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىنسانغىلا نېسىپ بولىدىغان بۈيۈك مەنىۋى كامالەت، شۆھرىتى تەڭداشسىز ئاشىقانە مەقام ئىدى. لېكىن، ئاۋام ئىستېمالىدا ئۇقۇم ھەمىشە ئارىلىشىپ كېتەتتى. مۇشۇ سەپكە قېتىلغانلىكى ئىنسان «سوپى» دەپ قارىلاتتى. ھەتتا، مۇتلەق كۆپ قىسىم زاھىتلارمۇ — مۇشۇ ئاشىقلىق سېپىنىڭ دەسلەپكى ئىشتىراكچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنى سوپى دەپ ئاتىشاتتى. كەمتەرلىك ۋە ياكى سەھۋەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى زاھىت ئاتايدىغان سوپىلارمۇ كەم ئەمەس ئىدى. ئەمەلدە چىن مەنىسىدىكى سوپى كىم، زاھىت كىم خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، سوپى دېگەن سوپى ئىدى، مەنىۋى كامالەت پەللىسىگە تۇتاشقان. زاھىت دېگەن ھامان زاھىت ئىدى، سوپىلىق سەپىرىدە كېتىۋاتقان. ھەقىقىي سوپىلارنى، دەرۋىشلىك باسقۇچلىرىنى تولۇق بېسىپ ئۆتكەن زاھىت دېيىشكە بولاتتىكى، زاھىتلارنىڭ ھەممىسىنى قارا ـ قويۇقلا سوپى دەپ ئاتاشقا بولمايتتى. سوپى — ئۇ بىر مەنىۋى پەللە ئىدى. ئىقلىمغا يۇلتۇزلاردەك تارالغان سان

ـ ساناقسىز زاھىتلارنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ مەنزىلگە يېتەلمەي، ھەتتا بەزىلىرى يېتەلمىگەنلىكىنى سېزەلمەي ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلار تۇتقان پىرى ـ مۇرشىدلارنىڭ لاياقىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولاتتى. ئۆزىنىڭ باشچى لاياقىتى يوقلىقىنى بىلىش ئىقتىدارىمۇ بولمىغان «سوپى» لارغا مۇرىت بولغان ۋە زادىلا پىرى ـ مۇرشىدى بولمىغان زاھىتلارنىڭ ئىستىقبالى ھامان شۇنداق تۈگەللىنەتتى. «پىرى يوقنىڭ، پىرى شەيتان» دېگەن ھېكمەتنى بۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاڭلىمىغان بولۇپ چىقاتتى. بۇ ئەلدە شەرىئەت ھامان ئەسلىيىتىدىن كېڭەيتىلىپ ۋە ياكى تارايتىلىپ شەرھلىنەتتى. ئەمدىلىكتە تەسەۋۋۇپ نامىدا، ئىلىم ئاتالغۇسى بويىچە سوپىزىم كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان بۇ كەڭ دېڭىزنىڭ ئورتاق مەنپەئەتكە تالىق قەترىلىرىمۇ بۇ زېمىنغا سۇزۇك ھالىتىدە كەلمەيۋاتاتتى...

جىن چىراغ ئاجىزانە پاراسلايتتى، بەلكىم پاراسلاۋاتقاندۇر. ئۇنىڭ كۈچسىز نۇرلىرى تېنىمسىز لىپىلدايتتى، بەلكىم لىپىلداۋاتقاندۇر. ئۆي ئىچى خىرە يورۇپ تۇراتتى، بەلكىم ئۇمۇ ئاۋۋالقىدەكلا يورۇپ تۇرۇۋاتقاندۇر. لېكىن، شائىر ئۇچۇن بۇلار بەربىر ئىدى. ئۇ بۇلارنى سەزمەيتتى، تۇيمايتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆز دۇنياسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى شېئىرىي دۇنياسىدا، رېئاللىقتىكى بارچە مەۋجۇدلۇق ــ قاراڭغۇ ئالەم، خىرە ئۆي، ئاجىز جىن چىراغ، تېنىمسىز پەرۋانە، يىگانە ئۆزى... ھەممە ـ ھەممىسى گويا بىر مەجاز ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىچكىي ئالىمى ئۇچۇن، پىكرى ھاجەتلىرى تەقەززاسىغا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق راۋاب ئاھاڭىنىڭ سېھىرلىك تۇرتۇشلىرى ئىچىدە تېنىمسىز ئۈزۈپ باراتتى. ئۇ شۇڭغىغان دېڭىز بارغانچە چوڭقۇرلايتتى. پىكرىي جاۋاھىراتلار كۆزنى چاقناتماقتا ئىدى. بىرى ـ بىرىدىن نۇرلۇق، بىرى ـ بىرىدىن پارقىراق، بىرى ـ يەنە بىرىدىن سۇزۇك، يەنە بىرى ـ باشقا

بىردىن چىرايلىق!...

ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان مەۋلانا (جالالىددىن رۇمى) ئۇنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇپۇق تەرەپتىن كېلەتتى. قارشى ئۇپۇقتا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۇمىدۋارلىق بىلەن پارلايتتى. غايەت زور قۇياشنىڭ زەر تالالىرى ئۇلارغا پاياندار ئىدى. ئۇلار چەكسىز ۋە گۈزەل زېمىنغا مۇھەببەتلىك باقىنىچە، يەڭگىل قەدەم تاشلاپ كېلەتتى. كۆڭۈل توق، مەقسەت ئېنىق، مۇددىئا بۈيۈك، مەنزىل تولىمۇ ئۇزاق ئىدى. زادى نەگىچە بارىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئالتۇنرەڭ يول، ئالتۇنرەڭ زېمىن، ئالتۇنرەڭ ئۇپۇق، ئالتۇنرەڭ قۇياش... سەپەر تۈگىمەيتتى. مۇساپە ئۆمۈرلۈك باسىدىغان قىسمەتتەك قىلاتتى. ئۇلار شۇ تەقلىدتە ماڭاتتى، ماڭاتتى... يىراقلارغا تىكىلگەن مەۋلانا كۈلۈمسىرەپ باراتتى. ئۇستازىدىكى سۈكۈت ۋە كۈلۈمسىرەش بالىغا يۇقۇقاندەك، ئۇمۇ ئۈنسىز تەبەسسۇم بىلەن كېلەتتى. ئۇلار بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمايتتى، بىراق ھەممىنى دېيىشەتتى. ئۇلار گويا بىر مېڭىدە پىكىر قىلىۋاتقان ئىككى باش، بىر جانغا تەئەللۇق ئىككى تەن، بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىۋاتقان ئىككى بەدەن ئىدى. بىر - بىرىنىڭ روھىغا شۇ قەدەر سىڭىشىپ كەتكەندىكى، ئۇلارغا مۇلاقەت ئۈچۈن سۆزمۇ كېرەك بولمايتتى. ھېچنېمە دېيىشمەي تۇرۇپ، ھەممە ھەققىدە دىيالوگ قۇرۇشاتتى...

ئۇ چۆچۈپ كەتتى. چۈش كۆرگەندەك قىلاتتى. تەپەككۇر تۇلپارىدا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالغانمىدۇ. ئويغاق تۇرۇپلا چۈش كۆرگەن بولسا - ھە؟ ئۇ باللىقىدىن تارتىپ مۇشۇ چۈشنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. چىتنىڭ تۈۋىدىكى كونا ئۈۋىدا، مېكىيان ئۈچۈن تۇخۇم بېسىپ ياتقان شۇ كۈنى بۇ چۈشنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى. دادىسىدىن تالاي قېتىم

نامىنى ئاڭلىغان ئاشۇ مۆجىزىكار زاتنىڭ دىدارىنى كۆرگىنى ئۇچۇنمىكىن، بەدەنلىرى سوغۇقتىن دىر - دىر تىترەپ تۇرسىمۇ، روھىدا پەقەتلا توڭلىغىنىنى ھېس قىلمىغانىدى.

ھەتتا، ئۇستاز يېتىلەپ ماڭغان قولى ئىسسىقتىن كۆيۈشۈپ، ئۇنىڭدىن تارالغان ئوتلۇق ھارارەت پۈتۈن ئەزالىرىنى قىزىتىۋەتكەندەك بىلىنگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بۇ چۈشنى پات - پاتلا كۆرۈپ كەلدى. يەنە كېلىپ، بىر خىل ھالەتتە — ھېچقانداق بىر يېرى ئۆزگەرمىگەن ھالىتىدە، ئەسلى قىياپىتىدە كۆردى. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتتى. ئۇ بىرمۇنچە داڭلىق مەدرىسلەردە ئوقۇپ، تالاي مۇدەررىسلەرنىڭ ھاياتبەخش ئىرپان بۇلاقلىرىدىن زەمزەم كەبى خىسلەت سۇلىرىنى قانماي ئىچتى. بارا - بارا بۇلارغىمۇ قانائەت قىلماي، قەدىمكى ئەللامە - شائىرلارنىڭ تاپقىلى بولىغانلىكى ئەسەر - قولىيازمىلىرىنى تەشنالىق بىلەن مۇتائىلە قىلىپ تۈگەتتى. قەلب كۆزلىرىنى توسۇۋالغان قارا پەردە كۈنسېرى نېپىزلەپ، ئەقىل ۋە ئىدراك قۇياشىنىڭ شولىلىرى دىل خانەسىنى يورۇتىشقا باشلىدى. قارا، ئاق، يېشىل؛ سۆيگۈ، جۇدالىق، ۋىسال... كەبى ھېسسىي ۋە ئىدراكىي چۈشەنچىلەر ئېڭىدا ئەسلىي ھەم مەجازىي مەنالىرى بىلەن پارلاشقا باشلىدى. شۇندىمۇ بۇ چۈشنىڭ تۈنجى قېتىملىق ھالىتى زادىلا ئۆزگەرمىگەن ھالدا ئۇيقۇلىرىغا، روھىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئاجايىپكى، ھېلىغىچە نەق مۇشۇ چۈشنىڭ ئۆزىنى يېنىش - يېنىشلاپ كۆرۈۋاتاتتى. ئاخشامىمۇ شۇ چۈشنى كۆرگەن. ھازىرمۇ كاللىسىدا يەنە شۇ چۈش. بايا، شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ مۇشۇ چۈشنى كۆردىمىكىن ياكى كۆرگەن چۈشنى خىيال قىلدىمىكىن؟ ئۇنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مەۋلانا ھەققىدىكى بۇ چۈشنىڭ جەريان ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەننى ئاز دەپ، چۈشىدىكى ئىككىيلەنمۇ — مەۋلانا بىلەن خەراباتىمۇ پەقەتلا ئۆزگەرمەيتتى. مەۋلانا يەنە شۇ ئاپئاق

ساقىلى بىلەن، خەراباتى (ئۇ چاغدا مۇھەممەت دەپلا ئاتىشاتتى) ئوماق بالىلىق چىرايى بىلەن قولنى قولغا تۇتىشىپ كېلەتتى. ئۇ بوۋايغا ئايلىنىپ بولغان مۇشۇ دەقىقىلەردىمۇ، چۈشىدىكى ئۆزى يەنىلا شۇ چاغدىكى بالا ئىدى.

راست، مەرھۇم دادىسى بىر چاغلاردا: «ئۇلۇغلاردىن شۇنداق رىۋايەت قالمىشلەركىم، ھەزرىتى مەۋلانا راۋاب، نەي، داپ كەبىي مۇڭلۇق، ياڭراق ۋە ئويناق زوۋان سازلارغا ھېرىس ئېرمىشلەر» دېمىگەنمىدى؟

ئۇنىڭ دىققىتى بىردىنلا بۇرالدى. ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، چۆلدىن شەھەرگە كەلگەن زاھىتنىڭ، ئۆزىنى سوپىلىق يولغا بېغىشلىغان دىدار تەلەپ دەرۋىشنىڭ كېيىنكى قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ ئورنىنى، تولىمۇ يىراقتا قالغان، ئەمما نۇرلىرى ئالەمگە بۇگۇنگىچە تاراۋاتقان پاتماس مەڭگۈ قۇياش — ھەزرىتى مەۋلانانىڭ پەزلى - پاراستى ھەم مەڭگۈ كامالىتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە خىياللار ئىگىلىدى. شائىر ئۇ بۇيۈك زاتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. (ئەلۋەتتە، كۆرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى) لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇ ھەقتىكى تەكرار مۇتالىئە ۋە سان - ساناقسىز رىۋايەتلەر شائىر ئېڭىدا ئۇنىڭ پارلاق سىماسىنى يارىتىپ بولغانىدى.

رىۋايەتلەردە مەۋلانانىڭ مۇزىكىغا — سازغا ئامراقلىقى ھې-كايە قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ، راۋاب ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان سازى ئىدى. ئىزتىراپلىق مىنۇتلاردا، ھاياجانلىق دەقىقىلەردە، ئىچ - ئىچىنى مۇڭ ۋە ھەسرەت قاپلاپ كەتكەن چاغلاردا راۋاب ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇنىڭ ئەڭ نازۇك چوڭقۇرلىقىغا يېتىپ بارىدىغان سېھىرلىك ئاۋازىدىن تەسەللى تاپاتتى. راۋاب يەنە ئۇنىڭغا ئىلھام، كۈچ ۋە چىدام ئاتا قىلاتتى. تەسەۋۋۇرىغا قا-نات، تەپەككۇرىغا مۆجىزىۋى قۇدرەت بېغىشلايتتى. شۇنىسى ئا-جايىپ ئىدىكى، ئۇنىڭ بۈيۈك ۋە توم - توم مەسنەۋىلەرنىڭ

ھەممىسى دېگۈدەك راۋاب سادالىرى ئاستىدا، قايناق، جۇشقۇن ساما يىغىلىشلىرى ئارىسىدا روياپقا چىققاندى. ھەتتا، مۇرىتلار مۇسىبەتلىرىنىمۇ جۇشقۇن، ياڭراق نەزمە - سامالار چۇقانىدا ئۇزۇتىشلىرى، ئېنىق ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار بۇ-رۇنقى، كامىللىق ئىزتىراپلىرى ئىچىدە ئۆزلۈكنى ئىپادىلەش يولىدىكى بۇ خىل غەلىتە، ئەمما دادىل ئۇرۇنۇش مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۇگۈنگىچە كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. لېكىن بۇ ئۇ-نىڭ ئىنسانىي كامىللىق ئىچىدىكى شەخسىيەتنى قۇتلۇقلاش خاھىشىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى. دەرۋەقە، مەۋلانانىڭ ئاۋام ۋە دائىرىلەر ئالدىدىكى نوپۇزى يۇكسەك ئىدى. ئۇنىڭ پىكىر - خا-ھىشلىرىنى بوغۇپ قويۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. بىد-راق، بۇ يەردە يەنە باشقا ئامىللارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ ئەل، ئاۋام روھىدىكى ئاڭلىق، مايىل-لىق، توغرىلىققا قول بېرىدىغان جۈرئەت، ئىلىم ۋە ئەقىدىگە ھۆرمەت روھىدىن ئىبارەت. بۇنى پادىچى بىلەن پادا مۇناسىۋىتىد-دە كۆرسىتىش مۇمكىن ئىدى. پادىچى دانا بولمىغىنىدا، پادىلار ھەر ياقلارغا پىتىراپ توزۇپ كېتىدۇ. بۆرىلەرگە يەم بولىدۇ. ئې-رىق - ئۆستەڭ، سازلىق - توقايلىقلاردا ئۆلۈكلىرى قالىدۇ. بۇ توپنى ياۋدىن، خېيىم - خەتەردىن ساقلاپ، توق ۋە ساق ھالىتىدە مەنزىلگە يەتكۈزگۈچى يەنە شۇ پادىچىدۇر. ئەمما، بىر پادىچىلا چېچەن بولۇپ، پادىلار مېيىپلاردىن تەشكىل تاپقان توپ بولسا، يولباشچى — پادىچى مېيىپلىققا ئۇيغۇن بىر رەۋىشتە يېتەك-لەشكە مەجبۇردۇركى، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ساغلام توپقا قويىدىغان تەلەپ بىلەن يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. بۇ ھالدا پادا ۋە پادىچى يە-نىلا ئورتاق مەغلۇبىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. پادىچى بىر چىراغدۇركى، ئۇنىڭ نۇرلىرىنى ھېس قىلار ئىمكان، كۆرەر ئىنسان لازىم. پادىچى گويا بىر ئېكىنزار پەرۋىشكارىكى، ئۇ چاچقان ئۇرۇقلارنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرار مۇنبەت تۇپراق لازىم.

پادىچى يەنە شۇنداق بىر تەربىيەت ئۇستازىكى، ئۇنىڭ شەرھى ـ تەرغىباتلىرىنى ھەزىم قىلىپ، مېۋە بېرەلەيدىغان قەلب لازىم. ئۇ شۇنداق بىر ئاۋازدۇركى، ئۇنىڭغا يەنە ئۆز ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىنى قايتۇرغۇدەك گىگانت مەنىۋى تاغلار لازىم. پادىچىنىڭ دانالىقى بىلەن پادىنىڭ بېجىرىملىكى بىر ـ بىرىنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدۇكى، ئەكسىچە بىرى يەنە بىرىگە مەدەتكار ياكى يېـ. تەكچى بولۇپ، توپىنىڭ ئەبەدىيلىك پۈتۈنلىكى ۋە ئامانلىقىنى ساقلايدۇ. شۇ ئاساستىلا توپ گۈللىنىدۇ، ئۈلگىيىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ پادىچىنىڭ دانالىقى بىلەنلا ئەمەس، پادا توپى ئىچىـ. دىكى ھەر بىر گەۋدىنىڭ روھىي پەللىسى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىـ. ۋەتلىك بولغان ھەمكارلىق سەپىرىدۇر. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىـ. مىزكى، «ھەر قانداق ئىنسان كامالەتكە يېتىشى مۇمكىن، شۇڭا ھەر بىر ئادەم مۇقەددەستۇر.» بىز يەنە ئادەملەرنىڭ كامالەتكە ئىنتىلىشىگە ۋە بۇ ئىنتىلىشنىڭ ئەبەدىيلىكىگە ئىشىنىمىز. ئايرىم گەۋدە نۇقتىسىدىن، بۇنى گويا بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇـ. ناسىۋىتىگە، بىر ئىنساننىڭ تەن ۋە جېنى مۇناسىۋىتىگە ئوخـ. شىتىشمۇ ھەم مۇمكىن. سۆز، تەن ۋە روھ مەنا بوشلۇقىغا قەدەر ئۇزارغاچقا، بۇنى مۇنداق ئىزاھلاشقىمۇ بولاتتى: «تەن ۋە روھ، خۇش خەۋەر ئېلىپ ئالدىراپ ماڭغان ئات بىلەن، شۇ ئاتنى مىنـ. گەن كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئەمما، ئاتنىڭ ئوزۇقى شۇ ئاتنى مىنـ. گۈچىگە ئوزۇق بولمايدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئۆز يەيدىغىنى، ئۆز نېـ. سىۋىسى بار. ئات مىنگۈچى ئاتنى ئۆز يولىغا سالالمىسا، ئات ئېـ. گىسىنى مەنزىلگە ئەمەس، ئوقۇرغا باشلايدۇ.» مەۋلانا ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئىنسانلار توپىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ خۇددى تەن بىـ. لەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. مەۋلانا ئاجايىپ يارقىن بىر روھ ئىدىكى، زارىققان تەنلەردە چاقناق روھىي قۇۋـ. ۋەتلەرنى، قاراڭغۇ دىللاردا ئۈمىد ۋە پارلاش ئىمكانىيەتلىرىنى پەيدا قىلاتتى. ھەم يەنە ئارىق روھلار سېماسىدىن ئۆز ئەكسىنى

كۆرەتتى، ساداسىنى ئاڭلايتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا مۇرىت ۋە
بەزىدە مۇرشىدىي ئەينەك ئىدى. دەرۋىشلەر ئۇنىڭغا شاگىرت ۋە
بەزىدە چاقلىغۇچ ـــ بىلەي ئىدى. مەۋلانا روھىي تاۋلىنىشقا ئېھ-
تىيار بېرىپ، ئۆز جىسمىنى پەرۋىش قىلىشقا كۆڭۈل بەرمىگەن-
نىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ مۇخلىس ۋە خالىسلىرىمۇ باتىنىي مۇ-
كەممەللىكنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلەتتى. بۇ خىل ئادەت ئۇلار-
نىڭ قەدىمى يەتكەن شەھەرلەردىكى تالاي كىشىلەرگە ئۇدۇم بولۇپ
يۇققانىدى. شۇڭلاشقا، ئاۋام روھى قوزغاتقۇچ بىر ئىجتىمائىي
پىكىر چېقىنىدىن ھەر زامان زەرەتلىنىپ تۇراتتىكى، سۆيگۈ،
ئادالەتنى، زەربە ۋە زەلالەتنى... سېزىپ، بايقاپ تۇرالايتتى. ھەق-
قە، ئادىمىي قىممەت ۋە ئۇنىڭ تاكامۇللۇق دەرىجىسىگە توغرا
باھالىرىنى بېرەلەيتتى. ھەق ۋە توغرىلىق بايقالغان ھامان ھېچ
ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا قول بېرەتتى. ئەقىدە ئۇچۇن ئۆزىنى بې-
غىشلىيالايدىغان پىداكارانە روھ سانىقسىز دىللاردىن ماكان تۇت-
قانىدى. شۇ سەۋەب، مەۋلانا ئۆز پادىسىنى ئۆزى كۆزلىگەن مەن-
زىلىگە باشلاپ ماڭالىغانىدى. پادىلار توپىدىكى ھەر بىر مەنىۋى
گەۋدىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىستەكلىرىنى رەھبىرى يولىدىن،
ئۇنىڭ نۇرانە چېھرىدىن، مەندار سۆزىدىن ۋە ئۇمىدۋار كۆزىدىن
كۆرۈشكەنىدى. مانا بۇ ئورتاق مەنزىل يولىدىكى ئاشىقانە سەپەر-
داشلىق، ئۇلارنى ـــ مەۋلانا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى تەڭداش-
سىز بىر مەنىۋى قۇۋۋەتلەر سېپىلىغا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى.
بۇ سېپىل ئىچىدە ھەممىلا نەرسە ـــ ھەق ۋە ئادالەت يولىدا ئىد-
پادىلىنىۋاتقان ئۆزلۈك غەليانلىرى؛ روھىي تاكامۇللۇق مۇسا-
پىسىدىكى ئىنسانىي ئۇرۇنۇشلار؛ مېھىر، سۆيگۈ، شەپقەت ۋە سە-
ممىيەت... ھەممە ـ ھەممىسى قوغدىلاتتى. بۇنداق بىر جۇشقۇن
توپ ئىچىدە مەۋلانانىڭ ئۆزىنى كۈچسىز ھېس قىلىشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەممىنى بىر ياقىقا چۆرۈپ تاشلاپ،
ئۆز خاھىشى بويىچە ساز ئاڭلىيالايتتى. ئۇسسۇل ـ ساماغا تەڭ-

كەش ۋە باشچى بولالايتتى. كونيا، قەيسەرى، لەرىندې... مەيلى قەيەرگىلا بارسۇن، ھېچبىر كۆچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغا-نىدى...

ئۇسسۇل ـ ساما، ناخشا ـ قوشاقلار ئالەمنى لەرزىگە سالاتتى. خەراباتى مەۋلانا ياشىغان زاماندىن نەچچە يۈز يىللار، ئۇ پائالىيەت قىلغان ماكاندىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان شائىر ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ساما سېلىپ يۈرگەن بىر مۇخلىستەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ساز ئاڭلايتتى، نەغمە قىلاتتى. ئۆزىنى، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. راستتىنلا شۇنداق بولغىنىدا، ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار سېزەر ئىدى. بالىلىقىدىلا يۇقىقان «مەۋلانا جىنى» ئۇچۇن يۈز مىڭلارچە رازى ـ رىزالىق بىلدۈرگەن بولاتتى. بىراق، ئۇ مۇشۇنداق ئارزۇ قىلىشقا، ئويلاشقىلا قادىر ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولۇش مەڭگۈ قولىدىن كەلمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلمىش قىسمەت ئىدى. ئۇ شۇنى بىلىپ تۇراتتى ـ يۇ، يەنە مەۋلانا روھى بەخش ئەتكەن سېھىرلىك نۇر ـ ھارارەت تەسىرىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ تەشكىللىشىدىكى ئاممىۋى تاشقىنلارغا ئىشتىراك قىلىشنى ئىستەيتتى. دەرۋەقە، مەۋلانانىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرغان مەنىۋى تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. ئۆزىمۇ نۇرغۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مەۋلاناغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ھەتتا، بەزىدە ئاز ساندىكى مەسنەۋىلىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىدا ئاشۇ بۈيۈك ئۇستازىنىڭ مەجازىي كەلىمىلىرىنى تەكرارلاپ سالغانلىقىنى چۈچۈش ئىچىدە ھېس قىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئىنسانىي كامىللىق ھەققىدىكى قاراشلىرى، شەرىئەت ۋە ھەقىقەت چۈشەنچىسى، مەشغۇلات ئۇستىدە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولىدىغان ئىلھام ئادەتلىرى، قەلەمدە ئەمەس، تولا ھاللاردا قەلبىدە يېزىپ، ئېغىزدا ئىپادىلەشكە كۆنۈشلىرى... ئۇستازىنىڭ رىۋايەتلەردە

قەيت قىلىنغان ئادەتلەرگە يېقىنلىشىپ كېتەتتى.
ئەدەبىياتشۇناسلارغا ئايانكى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياشىغان شائىر ۋە باشقا پىكىر غەۋۋاسلىرىنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى قىسمەن ئوخشايدىغان پىكىر ئۇسۇلى ۋە نەتىجىلىرىگە ئېگە بولۇشى ھېچ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئۇلار تەپەككۇرلۇق ئىنسان بولۇش سۈپىتىدە، ئوخشىمىغان مۇھىتتا ۋە بىر ـ بىرلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىنكى دەۋردە ياشاپ تۇرۇپمۇ، ئورتاق بىر پىكىر يولىدا، ئورتاق بىر نەتىجىگە ئېرىشىپ قېلىشلىرى تامامەن مۇمكىن. بۇنىڭدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى كېيىنكىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمىغىنىدەك، تامامەن ناتونۇشلۇق ئىچىدىكى ئىچكى يۈكسىلىش جەريانى ۋە بۇ يولدا ئېرىشكەن مەنىۋى پەللىدىكى تاسادىپىي ئوخشاشلىقنىمۇ ھەم چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنقىلاردىن قوبۇل قىلغان پايدىلىق مەنىۋى تەسىرلىرىنى بىر يولىلا «دورامچىلىق» قا چىقىرىش ئۇلارغا قىلىنغان تېخىمۇ زور ئادالەتسىزلىكتۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيا تەپەككۇر تارىخىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىدىن ئىلھام ۋە ئەندىزە ئالمىغان بىرمۇ مۇتەپەككۇر يوق. ئەتتار، رۇمىي، جامىي، يەسسەۋىي، لۇتفىي، نەۋائىي... مانا بۇلارنى كېيىنكى مۇسۇلمان ـ تۈركىي دۇنياسىدا كىملەر ئوقۇمىغان. ئۇلاردىن قايسى بىر مۇتەپەككۇر زوق ۋە ئىلھام ئالمىغان؟ خەراباتى ئەنە شۇ نۇر ئېمىپ، ھارارەت بەرگۈچى ساناقسىز يۇلتۇزلار قاتارىدىكى ئاددىي ۋە يەنە گېگانت ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ مەۋلاناغا بىلدۈرگەن ھۆرمەت ۋە مايىللىقى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى ئىككىنچى بىر نۇسخىلانغان مەۋلاناغا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر روھىنى باغاشلاپ ئۆسكەن يېڭىچە، ئۆزگىچە بىر مۇتەپەككۇرغا، ئىسلام ۋە تۈرك

دۇنياسىغا مەشھۇر يىگانە شائىرغا ئايلاندۇردى. بۇ خۇددى ئۇنىڭ تالىپ ۋاقىتلىرىدا لۇتفىي ۋە نەۋائىي ئەسەرلىرىگە ئاشىق بولۇپ تۇرۇپمۇ، يەنە كېيىنچە ئۇلارنىڭ يەنە بىر سىياقىغا ئايلانماي، بەلكى ئۇلار يورۇتقان قەلب كۆزى بىلەن تېخىمۇ يىراقلاردىكى ئەتتار ۋە رۇمىي كەبىي مەنىۋى سىمالارنى كۆرەلەيدىغان يارقىن بىر پەللىگە ـــ خەراباتى گەۋدىسىگە ئايلانغانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش ئىدى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، مايىللىقنىڭ چىن مەنىسى دوراش ئەمەس، ئۆزگەرتىپ تەكرارلاشمۇ ھەم ئەمەس، مۇھىمى ئۆزىنىڭ مەنىۋى قامىتى ۋە ئىچكى ۋەزنىنى دەڭسەشتۇر. خۇددى مەۋلانا ئۆز كامالىتىنىڭ ئەكسى ھەم جۇلاسىنى سەئىد بۇرھانىدىن، شەمس تەبرىزى، ئاخىرىدا سالاھىددىن ئاتلىق مەنىۋى ئەينەكلىرىدىن كۆرگىنىدەك، خەراباتىمۇ ئۆز ئەكسىنى مەۋلانا ئاتلىق بۈيۈك مەنىۋى ئەينەكنىڭ ئۆلمەس روھىي گەۋدىسىدىن ئىزدىدى ۋە ئاخىرى ئۇنى كۆردى. مەلۇمكى، ئەكس سادا ھامان ئېگىز تاغلاردىن ياڭراقراق ئاۋازدا قايتىدۇ. زوۋان قانچە كۈچلۈك بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئېگىزلىكتە ئۇنى قايتۇرغۇدەك ماجال ۋە بۈيۈكلۈك بولمىسا، بارچە ئۇرۇنۇشلار بىر قوۋۇز يەل كەبىي ھاۋاغا سىڭىپ تۈگەيدۇ. خەراباتى بۇ تەرىپىنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۇزاق يىللىق روھىي قىدىرىش ئارقىلىق، مەۋلانا ئاتلىق تەڭداشسىز بىر سىمانى تېپىۋالغانىدى. بۇنى بالىلىقىدا كۆرگەن ۋە ھازىرمۇ كۆرۈۋاتقان ئۆزگەرمەس چۈشىگە بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندا، مۇشۇنداق بولۇش ئۇنىڭ ئەزەلىي قىسمىتىدەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ مەنىۋى ئەينەكنى ئۆز ئەتراپىدىكى ھايات جەسەتلەر ئارىسىدىن ئەمەس، بەلكى يىراقتىكى، نەچچە يۈز يىللار ئۇزاقتىكى تىرىك روھلار ئارىسىدىن ئىزدىشىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى مەۋلاناغا قىسمەن مايىللىقىمۇ،

ئۇنىڭغا ــ بۈيۈك ئۇستازغا بولغان چەكسىز ھۆرمەتنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى. بۈگۈنگىچە داۋاملاشقان ھايات مۇساپىسىنىڭ نادانلىق ۋە تەتۈرلۈك توساقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسا، ھەزرىتى مەۋلاناغا مەستلىكى كېلەتتى. ئىختىيارسىز ھالدا، ھەزرىتىم تەلەيلىك ئىكەن! دەۋەتتى. ئەتراپىدا مۇشۇ دەقىقىلەرگىچە ياشاپ كېلىۋاتقان روھىي چىركىنلىك قۇرتلىرى ئۇنى ئازابلايتتى. ئەجەبا، نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى ئۇنى ــ مەۋلانانى ئوراپ تۇرغىنى ئەل ـ ئاۋام، سوپى ـ دەرۋىشلەر ئىدى. ئەمدى، مەۋلانا ۋاپاتىدىن يەنە نەچچە يۈز يىللار كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنى قورشاپ ۋە توراپ تۇرغىنى ئوخشاشلا موللا، سوپى ـ دەرۋىشلەر باشلاپ كېتىۋاتقان ئەل ـ ئاۋامغۇ؟ ۋاقىت ــ مەنىۋى يۈكسىلىش يولىدىكى بىلەي، ئۇنى تاۋلايدىغان ئوچاق بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەجەبا... ئۇ ئەل ـ ئاۋامدىن رەنجىمەيتتى. لېكىن، ئۆزلىرىنى كامىل مۇسۇلمان، يېتۈك سوپى دەۋالغان رىياكار موللا ـ دەرۋىشلەرنى ئويلىسىلا پىغانى ئۆرلەيتتى. ئەنە، مەۋلانا دەۋرىدىكى ئاشۇ كىشىلەرمۇ سوپىلىق يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئاشىقلار ئىكەن. بۇ يەردىكى سوپى ـ زاھىتلارچۇ؟... ھىم، سوپىمىش تېخى! سۈيى قانداق بولسا، بېلىقى شۇنداق بولىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە، ئەسلى. ھەي! ھەي! ھەي!!...

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز رېئاللىقىغا قايتماي تۇرۇپلا يۆتىلىپ قويدى. ئۇنىڭ مەۋلانا ھەققىدە ئاڭلىغان رىۋايەتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى. يەنە بىر رىۋايەتلەردە بۇ بۈيۈك زات ئاتا ۋە ئۇستاز ئورنىدا كۆرگەن، مۇسۇلمان دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان مۇتەپەككۇر شائىر پەرىدىددىن ئەتتار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. نەقەدەر بەختلىك ئىنسان ـ ھە! ئۇيغۇر نەسىللىك بىر مۇسۇلمان تولىمۇ ئۇزاقتا، 400 يىللاپ يىراقتا تۇرۇپ، قىبلىگە تەلپۈنگەن ئىخلاسمەن ئۇممەت

كـەبي تـەلـپۇنۇپـمـۇ ئۇنـىڭ قـىـيـاسـەن دـىـدارىغـا مـۇشـەررەپ بولالـمىسۇنـۇ، ھەزرىتـىـم ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالـىغا ئـۆز نـەزەرى بىلەن يۈز كـەلتۈرۈپ قانـالـىسۇن. بـەخت، راستـتـىنلا بـەخـت! خـەراباتـنىـڭ نەزەرىدە، مـەۋلانانىڭ بـەختى يالـغۇز بۇلا ئـەمـەس ئىدى. ئـۇ ھـەر قېتـىـم يالغـۇزلـۇقنـىڭ قـاراڭغۇ ھـاڭلىرىغـا يىقىـلىشقانـدا، تەقـدىـرى ـ قـۇدرەت بىلـەن بـىر پارلاق قـۇيـاش ئۇنىڭغا ئۆز نۇرىنى بەخش ئېتەتتى. شۇندىلا مەۋلانـانىڭ روھـي جۇشقۇنلىقى قايتىدىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. سەئىدىن، شەمس تەبرىزى ۋە سالاھىددىن قاتارلىق پارلاق مەنىۋى ئەينەكلەر ئۇنىڭ روھـي سەرسانـلىقـىنى ئۇنتـۇلدۇرىدىغـان، دىل خىرەلـىكـىنـى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ھارارەتلىك قۇيـاش بولۇپ ئۆتكەنىدى. شـۇ سـەۋەب، ئـۇ ئۆزىنـى كـۆرۈپ، دەڭسـەپ ۋە تـەڭـشەپ بـارالـىدى. ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاجايىپ قايناق ئـاممىۋى جـۇشقۇنلـۇق ئىچىدە ئۆتتى. ئاشۇ تـەڭداشسـىز روھـي تاشقىنلاشـلار قېتـىدا بۈيـۈك مەسنەۋىـلىرى، ئـىـنسانـىـيەتنـى تـاڭ قالدۇرغـان كـۆپ جىلدلىق دىۋانى يورۇقلۇققا چىقتى. بىراق، ئۆزى بىر كولليات مەسنىۋىنى تاماملاپ بولالماي ئاۋارە. بىرەرسىغۇ ئۇنىڭ تەپەككۇر خـانىسـىگە قۇلۇپ سېلىپ، پـىكىر يـولىغـا تـوساق قـۇرمـىـدى. ئىجادىكىنى توختات دەپ، بېشىدا ياراق تەڭلەپمۇ تۇرمىدى. ئەھۋال شۇنداقتەك كۆرۈندى ـ يۇ، يەنـە بېشى ئـارام تاپمـىدى. قانداقمـۇ ئارام تاپسۇن؟ ئەتراپتىكىلـەر زاھىت ـ دەرۋىشلـەر تەرغـىباتىغـا چـىـنـپۇتۇپ، گۇمـراھلىق يـولىغا كـىرىپ كېتىشكـە باشلـىدى. ھەممىلا يەرنى نەپسى شەيتان ۋەسۋەسىسى ئـۆز ئىلكـىگە ئالـدى. ئاتا ـ بـوۋىـلاردىن قالـغـان تەۋەررۈك ئۇدۇمـلار بـىر ـ بـىرلـەپ نەپسانىيەت ئەجدەرھاسىغا يەم بولدى. ئىسلامـي پەرز ۋە ئەدەپ ـ ئەقىدىلەرنىڭ شەرھـي دەستۇرلىرى ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتىشكـە يۈزلەندى. ئاۋام بېشىدىكى نامراتلىق ۋە نادانلىق كـۆلـپىتىگە مانا ئەمدى ئاسىيلىق گۇناھى قوشۇلدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق يـەنە نېمـە

بولماق؟ بۇنىڭ ئۆزى ياراق تەڭلەشتىن يەڭگىلمىدى؟... مەنىۋى ئىختىرا بىجىرىم كۆڭۈلدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. دىل ئەممىنلىكى ئەل شادلىقىدىن يارىلىدۇ. ئاۋام يۈرىكى زەرداپ دېڭىزى بولۇپ ئېقىپ كېتىۋاتسا، سەن ئۇنىڭغا نەسىھەت گاھى تەربىيەت قىلالمىساڭ، ئۆلىما ئاتىلىپ تۇرۇپ، ئەتراپىڭدىكى دىل قاراڭغۇلىقىغا بەرھەم بېرەلمىسەڭ، بىشىڭ ئارام تاپسۇنمۇ. قەلب جاراھىتىڭ ئېغىز ئالسۇنمۇ؟ مەۋلانانىڭ ئۆمۈرى ئاۋام ئارىسىدا ئۆتكەنىدى. لېكىن، خەراباتى ئەل ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئىخلاسمەنلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى. شۇ تاپتا ئۇ تىكەندەك يالغۇز، يېتىم قوزىدەك تەنھا. تۇپرىقى بولمىغان ئۇرۇق بىخ سۈرەلمەيدۇ. ئاسمىنى بولمىغان قۇش پەرۋاز قىلالمايدۇ. يايلىقى بولمىغان ئارغىماق يايلىيالمايدۇ، يايرىيالمايدۇ. مۇرادى ھاسىل بولمىغان كۆڭۈلدىن پىكرى بالاغەت گۈللىرى چېچەك ئاچمايدۇ. ئىزتىراپ چۆللىكىدە ھوشسىزلانغان دىلدىن بارچە جىلۋىدارلىق ئۆزىنى يوشۇرىدۇ. ھەتتا، بۇنداق تىزگىنسىز قەلب ئۆزىنىڭ ئاڭلىق پىكىر – خاھىشىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۇزۇنغىچە يىغالماسلىقى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ياراتقۇچى، ئۆزى بەخش ئەتكەن قىسمەت تۈگىمىنى ئۆزى يەشسە كېرەك. ئۆزى ئەزىزلىگەنگە يەنە ئۆزى ئەزىزلىك ئاتا قىلسا كېرەك. مۇيەسسەرىيەت ۋە مەھرۇمىيەت تەڭشىكىنى بىر ئۆزىلا تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرسا كېرەك!...

ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدا بىردىنلا كۈچلۈك چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. شۇئان يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن تەپەككۇر يىپلىرىنىڭ ئىككى ئۇچى ئوخشاش بىر مەنا تۈگۈنىگە باغلاندى: مولىلا، شەيخ، سوپى – زاھىت!

بىراق، شائىر ئەتراپىدىكى زاھىتلار تەسۋىرى باشقىچە ئىدى.

بار ئىدى بىر زاھىتى زۆھدە ئىچرە تاق،

شامغه بارماقنى قىلدى ئىتتىپاق.

ئەۋلىيالىقدىن نەسىب ئالغانىدى،
نەپسىنىڭ ئەمرىدىن ئۇل قالغانىدى.

تالىب ھەق ئەردى دائىم بى قارار،
ھەر تۈنى بىدار، ھەر كۈن روزەدار.

ئۆمرىدە ھەق ئەمرىنى قىلغان ئىدى،
نەھىدىن كۆڭلى تىنىپ قالغانىدى.

شامدىن تا سۇبھىغە گىريان ئىدى،
دەۋزەخۇ جەننەت ئاڭا ئەئىيان ئىدى.

كۆردى زاھىت يولدە بىر شەھرى ئەزىم،
بولدى ئۇل شەھەر ئىچرە نەچچە كۈن مۇقىم.
...

ئۇ يىتتۇرۇپ قويغان پىكىر يىپىنىڭ ئۇچىنى يەنە تىپىۋالدى. تەپەككۇر، زاھىتلار ھەققىدىكى ھېكايەتتە — سوپىلىق مەقامغا تەلپۈنۈپ كېتىۋاتقان بىر دەرۋىشنىڭ ئۆزگىرىشچان قىسمىتى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى.

ئەلقىسسە، شۇنداق بىر زاھىت، دەشت ـ باياۋانلاردىن ئېشىپ، نامى ئۇلۇغ بىر شەھەرگە قەدەم باستىلەر (بۇ شەھەرنى نىمە دەپ ئاتاشنى، بايا شائىرنىڭ ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالغاندى. ئەمدى ئۇنى بىر شەھەر دەپلا ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالدى. شۇندا پىكىرنىڭ مەنە قاتلىمىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى). ئۇ تاۋاب زىيارەتلىرى ئۆچۈن مۇشۇ مېڭىشىدا شامغا بارماقچى ئەردى. ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەن ئۇشبۇ شەھەر شۇنداق كاتتا ئەرمىشكى، زاھىت ئۆمۈرىدە بۇ قەدەر چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك

شەھەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنلەر. شەھەرنىڭ ئادەملىرىمۇ ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئەرمىش. ھېرىپ ماجالىدىن كەتكەن دەرۋىش، بۇ گۈزەل شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىشنى ئىختىيار قىپتۇ. شەھەرنى مېھرى بىلەن كۆرۈپ، چىن ئىخلاسى بىلەن ئايلىنىپ چىقىپتۇ. لېكىن شۇنىڭغا ھەيران قاپتۇلەركى، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ بارچە خەلقى بۇدپەرەستلەردىن ئىكەن. زاھىت بەكمۇ ـ بەك ئەپسۇسلىنىپتۇ. شۇل زاماندا بۇ قەدەر كۆپ كىشىلەرنىڭ يەنىلا گۇمراھلىقتا ياشاۋاتقانلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. بىراق، ئىشەنمەيمۇ ئامالى يوق ئىكەن. شەھەر ئاھالىسى ھەر كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتىكى بىر قەدىمىي دەرەخ تۈۋىگە بەس ـ بەستە يۈگۈرەيدىكەن. كۆرۈپتىلەركى، ئۇ دەرەخكە غايەت زور بىر بۇد ئورنىتىلغان ئىكەنلەر. كىشىلەر رەت ـ رەت تىزىلىشىپ كېلىپ، دەرەخ ئۈستىدىكى ئاشۇ بۇدقا تېۋىنىدىكەن، باش ئۇرۇشىدىكەن. ئۇنىڭ ئاستىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىپار ـ ئەنبەر پۇراقلىق، تىللا ـ يامبۇ قاداقلىق كۆجىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆيدۈرىشىدىكەن. ئېسىل ئاش ـ تائاملارنى بۇد ئالدىغا قويۇشۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىدىكەن. ساۋاب تاپماق ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرنى، پۇل ـ بىساتلىرىنى بۇد ئاستىغا شۇنچىلىك كۆپ چاچار ئىكەنلەركى، بايلار گادايغا ئايلانغۇچە، گادايلار «غېنى» ئاتالغۇچە توختىمايدىكەن. ھەر بىر پۇقرانىڭ بۇدقا بولغان ئېتىقادى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىكەنكى، مۇشۇ يولدا جان تەسەددۇق قىلىشقىمۇ تەييار ئىكەنلەر...

زۇھدە ـ تەقۋادارلىقتا ئەلگە مەشھۇر بۇ زاھىت شەھەردىكى ئاۋام ئارىسىدىن بىر مويسىپىتنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە شۇنداق سوراپتۇ:

— ئەي ئىخلاسمەن ئاتا، شەھەردىكى بارچە ئەل ـ ئاۋامنىڭ، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممە ئادەمنىڭ جانسىز بىر بۇدقا

قۇللۇق بىلدۇرۇشىنىڭ ۋەجھى نېمە؟ شۇنچە گۇمراھلىقتىن نە پايدا؟

مويسىپىت دەپتۇلەركى:

— نە پايدا بېرەرىنى بىزلەرمۇ بىلمىدۇق، ئاشىق ئوغلۇم. شەھەردىكىلەر ئەلمىساقتىن رەسۇلىللانىڭ ئۇممەتلىرى ئەردىلەر. يېگى ھاكىم بۇ شەھەرگە قاي زاماندا پەيدا بولدى، شۇندىن بېرى ئەزىز دەرەخ قويىنىدا شۇل بۇد ئۇندى. بۇنىڭغا ئۇزاق زامانلار بولدى. ئاشۇ ۋاقىتتىكى يېگى ھاكىمنىڭ يېگى باللىرىنىڭ يېگى باللىرىمۇ ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئەمما لېكىن، ئۇنىڭدىن قالغان بۇدپەرەسلىك ئۆزگەرمىدى. دەرەخنىڭ ئەسلى ئاتى «بۇزرۇك خوجا» ئەردى. بۇنى بىز كەبىي چاللار، ئاڭلىغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق بىلۇرمىز. گۆدەكلەرنىڭ رىۋايەتكە مەيلى سۇستۇر. شۇل سەۋەب، بۇنىڭ تەكتىنى زىنھار بىلمەستۇر. ئۇلار پەقەت بۇد — بىزلەرنى ياراتقۇچىدۇر دەپ بىلۇرلەر. ئەندىشەم شۇلكى، بۇ كەبىي ئازغۇنلۇق يەنە داۋاملاشسا، شەھەرنى توپان باسقاي. ئەل - ئاۋام خارابە ئاستىدا قالغاي!...

— ئۆزگىلەردىن سىز كەبىي سادا چىقماسمۇ، ئاتا؟ — يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ سوراپتۇ زاھىت.

— مەڭگۇ چىقماستۇر، — خىر - خىر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ چال، — سەۋەب شۇلكى، ھاكىم نەسلىنى تارتقاندۇر، ئەل ئەسلىنى ئۇنتۇغاندۇر. بۇ ھالدا مۇخالىپەتچىلىكتىن ھېچ ئۇمىد يوقتۇر، بالام.

زاھىت قەلبى قەھرى - غەزەپكە تولۇپتۇ. بۇ قەدەر ئاسىيانە تىلاۋەتلەرگە چىداپ بولامدۇ. كۆز ئالدىدىكى مىكىر زۇننارىنى پاچاقلىماي تۇرۇپ شامغا بارماق دۇرۇس بولۇرمۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇپ، كۆرمەسكە سېلىپ يولىنى داۋام ئەتكۈزسە، قېنى ئۇنىڭ ئۇمۇرلۇك تەقۋادارلىقى. قېنى، ئۇيقۇدىن بىدار ئۆتكۈزگەن ھەققە سېغىنىش كېچىلىرى. قېنى، كۈن بېسىپ تۇتقان روزا،

ئوقۇغان نامازلار؟... ئاشۇ ئاشىقلىقنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر پىداكارلىق كۆرسەتمىسە...

ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، چالغا يۈزلىنىپتۇ.

— ئۆتۈنەي ئاتا، ساڭا بىر خەبەر، تېپىپ بەر ماڭا تېزدىن بىر تەبەر!

— تەبەر تېپىلغۇسى، ئەمما لېكىن... — چال ئىككى يېنىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ دەپتۇ، — بۇدپەرەستلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ قەۋمنىڭ پەيلى بەك يامان. قىلمىشىڭنى زىنھار كەچۈرمەستۇر. ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگەيسەن، يىگىت.

— ئاشىقلىق يولىغا چۈشۈپتۇرمەن. يارىم دىدارىغا مۇيەسسەر بولۇپ، «فەنا» لىق مەقامىغا يېتىش مېنىڭ مەڭگۈلۈك مۇرادىمدۇر. شۇل يولدىكى ئازغۇنلۇق توساقلىرىنى يوق قىلىش پېقىرنىڭ زاھىتلىق بۇرچۇمدۇر. قىلمىشىم سەۋەبلىك، بۇ قەۋم مېنى نە قىلسا قىلسۇنلەركى، نىيىتىمدىن يانماسمەن!

ئۇ شۇنداق دەپتۇ ـ دە، مويسىپىت راسلاپ بەرگەن ئۆتكۈر تەبەر (قىلىچ) نى ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

زاھىتنىڭ قايتماس ئىرادىسىدىن تەسىرلەنگەن مويسىپىت، ئۇنىڭ تەكتۇشلىرى ۋە قوشنا ـ قولۇملار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ، غايىبانە نۇسرەت تىلەپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇخالىپەتچىلىكتە ئىرادىسى بۇ قەدەر قەتئىي ئادەمنى شەھەر ھۇدۇدىدا تېخى كۆرمىگەنىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ قىزغىن سالام قىپتۇ، يېرىم يولدا ئۇچرىغان سەللىلىك بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! — سەللىلىك ئادەمدىن ئۆتە قىزغىن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ زاھىت. ئۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى بۇ شەھەردە مۇسۇلمان زاتىنى كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا، خۇش بوپتۇ،

ھاياجانلىنىپتۇ.

— ساڭا نە بالايى - قىسمەت قارا قولىلىرىنى ئۇزارتتى، ئەي پاراسەتلىك، ساخاۋەتلىك يىگىت، — ئۇنىڭ قوللىرىنى قېرىنداشلارچە قىسىپ تۇرۇپ سوراپتۇ سەللىلىك ئادەم، — جامالىڭدا شوم خەبەر، قوللىرىڭدا ئۇشبۇ تەبەر؟

— كۆرۈۋاتىسەن، شەھەرنىڭ ئاۋۇ بېشىدىكى ئېگىزلىكتە بىر دەرەخ، ئۇنىڭ ئۈستىدە گۇمراھلىق سەۋەبكارى بولمىش كاتتا بىر زۇننار. ئۇنى چېقىپ، دەرەخنى كېسىپ تاشلىغايمەن. بۇ كەبىي ئەشەددىي ئاسىيلىققا يول قويۇپ بولماس!

— ئېتىقادىڭ كۈچلۈك، نىيىتىڭ دۇرۇس يىگىت ئىكەنسەن، — سەللىسىدەكلا ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، زاھىتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپتۇ ئاپئاق سەللىلىك ئادەم، — ئەمما ھېچ بىلمىدىم، ئول دەرەخنى كېسىشتىن قايسى مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي؟

— مېنىڭ بۇ سەپەردىن مۇددىئايىم مۇرادقا يېتىش ئەمەس، ساۋاب تېپىشدۇر، — قېرىنداشلارچە سەممىيەت بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ زاھىت، — شام تامان يۈرۈپتۇرمەن. يولبويى ئۇلۇغلار مازارىنى تاۋاب ئەيلەپ، ساۋابلىق ئالىمىنىڭ ئىشىكلەرىنى قاققايمەن.

— ساۋاب تېپىش دېگىن، — چوڭقۇر ئويلانغان بىر قىياپەتتە داۋاملاشتۇرۇپتۇ ناتونۇش ئادەم، — زىيادە خالىس نىيەت ئىكەنسەن. بۇ نىيىتىڭ ھەقتائالا ئالدىدا قوبۇل بولغۇسىدۇر. لېكىن راستىنى دېسەم، بۇ دەرەخنى كېسىشتىن ساڭا كۆپ مەنپەئەت — ساۋابلىق يوقتۇر. ساۋابنىڭ ئەڭ كاتتىسى — ئېھسان قىلماقتۇر.

— ئېھسان قىلىش؟ — چۆچۈپ كېتىپتۇ زاھىت، — مەن بىر تەركىي دۇنيا دەرۋىشدۇرمەن، ئېھسانغا لايىق بىساتىم نەدە تۇرماق؟

— مال ـ بىسات مەندە بار! — مەيدىسىگە گۈپپۈلدىتىپ ئۇرۇپتۇ سەللىلىك ئادەم، — سەن ھەق يولىنى تۇتقان ئىنسان ئىكەنسەن. ساڭا جانلار تەسەددۇق. بىسات قانچىلىك كېرەك بولسا، شۇنچىلىك ئال.

— بۇ... بۇ...

زاھىت گەپ قىلالماي قاپتۇ. سەللىلىك ئادەم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ.

— ئەمىسە مۇنداق ئەھدىلەر ئۇلسۇن، مەن ساڭا ھەر كۈنى بىر خەرۋار (ئېشەكلەپ) زەر بېرۇرمەن. ئۇنى كۈندە كۆڭلۈڭ خاھىشچە ئېھسان ئەيلەگەيسەن. شۇندا ساۋاب تىزگىنىنى قولۇڭغا ئېلىپ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى بولغايسەن!

زاھىت ئويلىنىپ قاپتۇ. بەرھەق، بىر دەرەخنى كېسىپ تاشلاشتىن ئاداققى مۇراد ھاسىل ئولماس. ئۇنى يوق قىلماق بىلەن بۇدپەرەسلەرنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپمۇ ھەم بولماس. ئۇلار بىر ياسىغاننى يىقىلاپمۇ ياسىۋالغۇسى. ئالدىدىكى بۇ تەقۋادار توغرا ئېيتىدۇ: ساۋابنىڭ ئەڭ كاتتىسى — ئېھسان ئەيلىمەكتۇر. ئېھسان ئۈچۈن بىسات تەييار بولغانىكەن، ئۇنى چاچقۇ قىلىپ چېچىشتىن، ئابى ئېھسان ئورنىدا سېپىشتىن ئەنسىرەش نە ھاجەت. ئېھسان — ساۋابلىق مەنبەئىدۇر، ساۋابلىق — جەننەتنىڭ كۆۋرۈكىدۇر!

— دېگەنلىرىدەك بولغاي. ئەھدىگە ۋاپا قىلغايمىز!

— ئەھدىمىز ئەھدە، لەۋزىمىز ھالال بولغاي!

ئۇلار شۇنداق پۈتۈشۈپتۇ. زاھىت شاد، ناتونۇش ئادەم رازى بولۇپ قايتىپتۇ.

— ئول دەرەخنى كېسىش پەيلىمدىن ياندىم، — دەپ يىنىپ كەپتۇ زاھىت، تەبەرنى ئېگىسىگە، ئۇنى راسلاپ بەرگەن مويسىپىتكە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، — مەن ساۋاب تېپىشنىڭ

ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇنۇملۇك يولىنى تاپتىم.

— قانداق قىلىپ؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىشىپتۇ چال ۋە ئۇنىڭ تەكتۇشلىرى. ئۇلار زاھىتتىن بۇنداق نەتىجىنى كۈتمىگەنىكەن.

— ئالتۇن - كۈمۈش خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولدۇم. كۈنبويى ئېھسان قىلغايمەن. ئەمدى ئەتراپىمدا نامرات - موھتاجلار بولماس.

— ئۇ خەزىنە نەدە ئىكەن؟ ئاچقۇچىنى قايسى ئىنسان ھەدىيە قىلدى؟ — ئالدىراپ ۋە ئەنسىرەپ سورىشىپتۇ ئۇلار. بايا مۇھىم بىر گەپنى تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقلىرىنىمۇ مانا ئەمدى ئەسكە ئېلىشىپتۇ.

— ئول خەزىنە بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ قولىدا ئىكەن. ئاچقۇچنى شۇل زات ھەدىيە قىلدى. ئۇ ئاپئاق سەللىلىك، نۇرلۇق چىراي ئىنسان ئىكەن، — دەپتۇ زاھىت، قىن - قىنىغا پاتماي، — ئول بىساتتىن سىزلەرگىمۇ يېتەرلىك ئۈلۈش بەرگەيمەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ... — دەپتۇ چالنىڭ تەكتۇشلىرى، ساقاللىرىنى ئەپسۇسلۇق مەناسىدا سىيلىشىپ، — گەپ بىساتتا ئەمەستۇر. يامىنى ھېلىقى سەللىلىك ئادەم نەپسى ئاتلىق شەيتان ئىدى. ئۇ ھەممىشە مۇسۇلمان سۇرىتىگە كىرىپ، شەھەرگە قەدەم باسقان سوپى - زاھىتلارنى نەپسى ۋەسۋەسىسىدە ئازدۇرار ئىدى. شۇل سەۋەب، بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى «سىناقكەنت» ئەمەسمىدى. تالاي سوپى - دەرۋىشلەر مۇشۇ شەھەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي، بۇتپەرەستلەر سەپلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ياكى ئىرادىسى پايمال قىلىنىپ، كەلگەن يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەنلەر. ناھايىتى ئاز بىر قىسىملىرىلا نەپسى شەيتانىنىڭ كەمەن ئەيپارىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆز يوللىرىنى داۋام ئەتكۈزەلىگەن. بايا بۇ گەپنى ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمىز. بىز دېمىگەن ھالەتتىمۇ، سەن دىگەن ئاشىق ئەمەسمىدىڭ؟!

— ۋاي ئانامەي! — دەپ پىشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ زاھىت. ئەمدى نېمىلا دېسۇن ۋە نېمىلا قىلسۇن بەكلا كېچىككەنىكەن.

چال ۋە ئۇنىڭ تەكتۇشلىرىمۇ لەسسىدە بوشىشىپ كېتىپتۇ.

— كۆنىمىزگە رازى - رىزالىق بىلدۈرۈش بىزنىڭ قىسمىتىمىز ئىكەن، — دېيىشىپتۇ ئۇلار زاھىتنىڭ ئەتراپىدىن ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا تارقىلىپ كېتىشىۋېتىپ، — ئۆزىگە سادىق بولالمىغان بەندە، قانداقلارچە ئۆزگىگە سادىق بولالىسۇن. مۇرادىنىڭ تىزگىنىنى تۇتالمايدىغان بىر زاھىتنى ئاشىق دەپ ئىشىنىپ قاپتىمىز. ھەتتا، مۇرادىمىز ئۈچۈن شەپقەت تىلەپ يۈرۈپتىمىز. ئىست!...

ئۇ دىلى غەش، ئەمما شاد قىياپەتتە يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ.

— شامغە بارماقنى كۆزلەپ ماڭغان ئىدىڭغۇ؟ — دېيىشىپتۇ ئاۋام تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭغا سوئال ياغدۇرۇپ. چۈنكى، شام ئۇلار ئۈچۈن مۇرادنىڭ ئېگىز بىر پەللىسى ئىكەن.

— ۋاز كەچتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زاھىت دىلىدىكى غەشلىكنى ئىمكان بار يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — چۈنكى، ساۋابلىق يولىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا كارۋانىغا ئېرىشتىم. «سىناقكەنت» ئاتلىق شەھەردە مەڭگۈلۈك خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولدۇم. ئەمدى ئەتراپىمىزدا موھتاجلار بولمايدۇ. ئاشۇ خەزىنىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئېھسان قىلغايمىز.

— پوقنى يەپسەن! — دېيىشىپتۇ ئەل - ئاۋام، قولۇم - قوشنىلار، — سەنمۇ نەقلا نەپسى شەيتانغا ئۇچراپسەن. بىكارغا ئېرىشىش بىلەن، ھارام يېيىشنىڭ نېمە پەرقى؟ مېھنەتسىز قولغا كەلگەن بىساتنى ئېھسان قىلىش بىلەن، باشقىلاردىن خەيرى - ئېھسان تىلەشنىڭ نېمە پەرقى؟ بىلمەي قاپسەنكى، شامغە بېرىش يولىدىكى رىيازەت سىناقلىرى — نىيەت ۋە

ئىرادەڭنىڭ ۋەزنىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك ئىدى. ساۋاب تېپىش مۇرىت ئۈچۈن مەقسەت ئەمەس، بەلكى خالىسلىق يولىدىكى بىر ۋاستىدۇر. مەقسەت بولسا ۋىسالدۇر. ئۇنىڭغا يېتىش يوللىرى بەك كۆپ: ئىرادە، پاراسەت، ساداقەت، ساۋاب، سەمىمىيەت، ۋاز كېچىش ۋە بەزىدە قىيماسلىق... ئىش قىلىپ، شەكىل ۋە يوللىرى بەك ـ بەك كۆپ. لېكىن، مەنزىل بىرلا. خۇددى ئېتىمىزنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە ئۈچ تارتقان پېلەكلەرنىڭ يىلتىزى پەقەت بىرلا بولغاندەك. بىراق، سىنىڭ قىلماقچى بولغىنىڭ ئېھسان ئەمەس، تىلەپ يېيىش. ۋاز كېچىش ئەمەس، ئېرىشىش. كەڭ قورساقلىق ئەمەس، بەلكى ئاچكۆزلۈك. شۇڭا، ئەمدى سەن نەپسى شەيتاننىڭ مەڭگۈلۈك قۇلى بولدۇڭكى، ھۆر ئاشىق بولالمايسەن!

— ...

ئاۋامنىڭ تەنقىد ـ نەشتەرلىرى ئۈزۈلمەپتۇ. ئەل ئىچىدە شەرمىسار بولغان زاھىت كۈنۈ ـ تۈن زار ـ زار يىغلاپتۇ...

بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي خاسۇ ئام،
ئاقىبەت بولغاي ساڭا دارەسسالام!

...

ھېكايەت مۇشۇ تەقلىددە داۋاملىشاتتى. لېكىن، شائىر بۇ باسقۇچقا تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ نەپسى شەيتان تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان زاھىتنىڭ ئەل ئارىسىدىكى رەسۋائىي قىسمىتى ئارقىلىق، ئاشىقلىق يولى ئاسانلا باشقا چىققىلى بولىدىغان يول ئەمەس، يەڭ تۈرگەنلا زاھىتنىڭ مەنزىل ـ مەقامغا يېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس دېمەكچى بولاتتى.

راۋاب مۇڭ تۆكەتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن يېقىملىق نەي ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. جانغا ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان، ئۇلۇغ ئىستەكلەرنى قاناتلاندۇرىدىغان ئاھاڭلار ئارىسىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ساپايىنىڭ شاراقلىغىنىمۇ ئاڭلىنىپ

قالاتتى. كىملەردۇر ھۆكمەت ئېيتىپ، جەررە سالاتتى. ھەي!...
سوپى ـ دەرۋىشلەر، ياق، سوپىلار شەنىگە داغ چۈشۈرگەن بىزەڭ دەرۋىشلەر!... ئۇ تەنھالىق زۇلمىتىنى، ياق، ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. دۇنيا ئۆركەشلەيتتى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بىرى تۇنجى قېتىم پىكىر تۇلپارىنى مۇقىم ئورنىدىن چاپتۇرۇۋاتاتتى. چاپتۇرالىغىنىغا خۇش ئىدى. ئۇنىڭ قەلب دېڭىزىدىن پىكرى ھاياجان دولقۇنلىرى قىن ـ قىنىغا پاتماي تېشىپ چىقاتتى. قەلەم تۇتۇشقا قولاشمىغان قول يېزىپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. پىكىر يەنىلا سوپى ـ زاھىتلار ھەققىدە باراتتى...

دەرۋەقە، ئۇ مەسنەۋىلىرىدە شەيخ ۋە سوپى ـ زاھىتلار خۇسۇسىدا ناھايىتى كۆپ توختالغانىدى، يەنە توختىلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ ساھە ئادەملىرىگە بولغان تەلىپىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بويىچە قاتتىق ۋە كەسكىنلىكىدىن بولۇۋاتاتتى.

زامانىسىنىڭ يېتۈك ئەللامە شائىرلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەراباتى بىر ئۆلىماغا خاس زۆرۈرىي ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئانا تىلى سانالغان ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدىن باشقا، ئوردۇ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىنمۇ خەۋەردار بولىشى ئۇنىڭ نەزەر كەڭلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ زور پۇرسەت ئاتا قىلاتتى. ئىلىم ۋە شەرىئەتنىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرى بىلەن كەڭ ئۇچىرىششقا ئىمكان بېرەتتى. شۇ سەۋەبلىك، تەسەۋۋۇپ — شائىر كىچىكىدىن تارتىپ تونۇشىشقا مۇيەسسەر بولغان ۋە ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ رۇمى، نەۋائىي كەبىي بارچە بۈيۈك سىمالارغا ئوخشاش، تەسەۋۋۇپنى ئادەتتىكى زاھىتلىقتىن، يەنى ھەقىقىي مەنا كامالىتىگە يەتمىگەن سوپىلىقتىن ئايرىپ چۈشىنەتتى. قىرانلىق دەۋرگە ئۇلاشقانسېرى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل خاھىش تېخىمۇ كۈچەيدى.

ئالدى بىلەن ئۇ تەسەۋۋۇپنىڭ، ئۆزى ئادىيلاشتۇرۇپ

ئېيتقان «چىن سۆيىلىق» نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى «پاراسەت» ۋە «پاكلىق» دەپ چۈشىنەتتى ۋە بۇ ئىبارىلەرگە باغلىنىپ كېلىدىغان مەنا قاتلاملىرىنىڭ كۆپلىگەن باتىنىي مۇكەممەللىكلەرگە تۇتىشىپ كېتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا، چېچىنى بولۇشىغا قويۇۋېلىپ، ئۆيمۇئۆي تىلەپ يۈرگەن تىلەمچىلەرمۇ، كۇلاھ ـ جەندىنى كىيىۋېلىپ، ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي تېنەپ يۈرگەن ساراڭلارمۇ، رەسۇلۇللانىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان دېۋەڭ دورامچىلارمۇ... سۆيىلار سېپىنىڭ ئەزاسى سانىلىشى كېرەك بولاتتى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە، بۇ ئۇنداق پۇچەك مەنالار يۈكلەنگەن ئىبارە ئەمەس ھەم ئۇنداق بولماسلىقى لازىم ئىدى. ھېچقانداق بىر بىمەنىلىك ۋە ئەسەبىي ئورۇنۇش بۇ بۈيۈك مەقامنىڭ ئەزەلىي ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. بۇ شۇنداق بىر مەنزىل بولۇشى كېرەك ئىدىكى، ئۇنىڭغا ئىلىم ـ ئىرپان، ئەقىل ـ پاراسەت، ئىشق ـ مۇھەببەت، پەزىلى ـ شاپائەت، چىدام ـ ساداقەت، بۈيۈكلۈك ـ مەتانەت... كەبىي كۆپ تەرەپلىمە روھىي تاۋلىنىش ئوچاقلىرىدا ئېسىل خۇلق ۋە مەنىۋى كامالەت ئېگىسى بولۇپ يېتىلگەن كىشىلەرلا يېتەلىشى لازىم ئىدى. شۇ تۈپەيلى، ئۇ ئۆزىنىمۇ ئەزەلدىن سۆيى لاياقىتى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. پەقەتلا «ھەق ئاشىقى»، «ۋىسال رىيازەتكارى» دەپلا چۈشىنەتتى. سۆيى ھەققىدە خىيال قىلغانلىرىدا، كۆز ئالدىغا ھامان شەمس تەبرىزى ۋە مەۋلانە رۇمىي كېلەتتى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى سۆيى ئەمەس، ئاشىق دەپ ئاتاشقان بولسىمۇ. «سۆيى بولساڭ، ئەنە شۇلاردەك بولۇش!» دەيتتى ئۇ ئەتراپىدىكى سۆيى ـ زاھىتلارغا خىيالەن مۇراجىئەت قىلىپ. بۇ خىل ئىدىيەۋى مەۋقە، ئۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ نازۇك ئىچكىي قاتلاملىرىغىچە ئېلىپ كىردى. دەل مۇشۇ شۇڭغۇش ئىچىدە ئۇ، جەننەت تاماسىدىكى ئاددىي زاھىتلىقتىن تارتىپ، تاكى ئۆزلۈكتىن

تامامەن ۋاز كەچكەن چىن ئاشىققىچە بولغان سوپىلىق جەريانىنىڭ مەنىۋى تاۋلىنىش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىنىنى ھېسسىي ھەم ئىدراكىي كۆزلىرى بىلەن دەڭسىيەلىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرى سۈپىتىدە، تەسەۋۋۇپتىكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدراك قىلىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدىكى ئاساسىي مەنىۋى باسقۇچلارنى تولۇق ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي تەشەببۇسلارنىمۇ چىن مەنىسى بىلەن قۇۋۋەتلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوپىلار ھەققىدىكى رېئال ۋە پەرقلىق قاراشلىرىنىمۇ ئۆز مەسنەۋىلىرىدە زادىلا يوشۇرمىغانىدى.

ئۇ شەرىئەتنى سوپىلىق يولىدىكى ئەڭ قاتتىق ۋە تۇنجى ئۆتكەل دەپ بىلەتتى. گەرچە بۇ تەسەۋۋۇپتىكى روھىي يۈكسىلىش جەريانىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىرىنچى تاۋلىنىش باسقۇچى سانالسىمۇ، شائىرنىڭ سوپى ـ زاھىتلارغا قويىدىغان شەرىئەت تەلىپى تېخىمۇ كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز ئىدى. ئۇ زاھىت ـ دەرۋىشلەرنىڭ ھەق ۋەسلىگە يېتىپ، «فەنا» بولۇش ئارزۇسىدا شەرىئەتكە مۇخالىپ سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇراتتى. «پاكلىق ۋە پاراسەت ئېگىسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، زاھىتلار شەرىئەت مىزانلىرىغا ھەممىدىن بەكرەك رىئايە قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن «خاس» لار دەپ ھۆرمەتلىنەتتى. «خاس» لار «ئام» لارغا دىنىي مىزانلار توغرىسىدا ئۈلگە ۋە باشچى بولۇشى لازىم ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىغا دەز كەتكۈزۈۋېتىشىگە بولمايتتى. شۇ قاتاردا ۋىسال ئىزدەپ، ئىلاھىي ئىشق ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كەيىپ سۈرۈش، مەئىشەت پەيزىدە مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇش، پەرزەنت ۋە ئائىلە بۇرچىنى تەرك ئېتىش... كەبىي نامۇۋاپىق قىلىقلارنىمۇ سوپىلىقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئەمەس دەپ قارايتتى. چۈنكى، بۇنداق بەد قىلىقلارغا «قۇرئان» ۋە

ھەدىسلەرنىڭ ھېچ بىرىدىن ئاساس تېپىلمايتتى. ھەقنى بىلىش يولىنىڭ ئاساسلىق باسقۇچلىرى بولغان شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت... كەبى مەنىۋى يۈكسىلىشنىڭ ھەرقايسى پەللىلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەسەبىيلىك تەشەببۇس قىلىنمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، شەرىئەت — دۇنيادىكى بارچە مۇسۇلمانلار ئورتاق رىئايە قىلىدىغان قانۇن ئىدى. بۇ مۇقەددەس قانۇنغا سوپىلىق يولىنى تۇتقانلارمۇ ھېچ تەۋرەنمەي ئىتائەت قىلىشلىرى، بەلكى «ئام» لارغا قارىغاندا تېخىمۇ قەتئىي بولۇشلىرى كېرەك بولاتتى. چىن سوپىلىق يولىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى — زاھىت - دەرۋىشلەر، ئالدى بىلەن ئۇلۇغ «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن بارلىق تاپشۇرۇلمىلارنى تولۇق ئورۇنلىشى لازىم. بۇ باسقۇچنى ئورۇنلىماي ياكى سەل قاراپ، چالا ئورۇنلاپ ۋە ھەتتا بۇرمىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچلارغا يۈكسىلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي سوپىلار رىياكارلار ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەقىدىسىگە ساداقەتمەنلەردۇر. شەرىئەت ئاسىيسى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ جان كۆيەر قوغدىغۇچىلىرىدۇر. شائىر مەنىۋى ھاياتىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان دىنىي ئەقىدە يولىدا سوپى - زاھىتلار قىلچىلىكمۇ تەۋرەنمەسلىكى لازىم دەپ قارايتتى. چۈنكى، دىن قائىدە - يوسۇن، ئەدەپ - ئەخلاق، شەرمى - ھايا، ھەق - ئادالەت، ئىنساپ - دىيانەت، ۋاپا - ساداقەت، ئادىمىي كامالەت... ھەممە - ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ — ئادەم بولۇشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇنىڭغا سەل قارىغان ئىنساندىن يارامىلىق سىپالارنىڭ ئەكس ئېتىشىنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا جار سېلىپ يۈرگەنلەرچۇ؟

«بۇ زاماندىكى سوپى - زاھىتلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئاسىيلىرى. دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئالدامچىلار، قاراقچىلار!»

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىزلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ۋارقىرىدىممىكىن دەپ ئويلىدى. شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرغاندەك، نەپسى قىسىلىپ، جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى. تېنىمسىز هاسىرايتتى. سول كۆكرىكى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك چىڭقالماقتا ئىدى...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەتراپىدىكى قاراقچى سوپەت سوپى ـ زاھىتلار كەلدى. راست، ئۇلارنىڭ ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن نېمە پەرقى؟ ئۇلارنىڭ بارچىسى ئۆزلىرىنى «دىنىنىڭ مۆتىۋەرلىرى»، «ئىسلامنىڭ ھىمايىچىلىرى» دەپ جار سېلىشاتتى. ئەمەلدە بولسا، دىنىنى ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. نەپسى خاھىشىنىڭ ئازدۇرۇشىغا قۇل بولۇپ، بارچە تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى دىن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ قاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئەل ـ ئاۋام ئويلاپ يەتمىگەن بارچە رەزىللىكلەر دەل شۇلارنىڭ قوللىرىدىن چىقاتتى. بۇ ھەقتە ئۇستاز نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى توغرا ئېيتىدۇ: «شەيخ رىيائى، رەنالىقتا جىلۋىسى سۈنئىي، قاچىسىغا ئالتۇن بېرىلگەن ھەل، تاشقى كۆرۈنۈشى خۇش، ئەمما ئىچىدە ناخۇشلۇق ۋە غەلدە ـ غەش، تاشقىي كۆرۈنۈشى دەرۋىشكە ئوخشىغان، ئەمما ماھىيىتى پۈتۈنلەي خەلققە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۆزىنى كۆرسەتمەك بولىدۇ ئازادە، ئەمما ئۆزى بەندىنىڭ ئىچىدە. ئۇنىڭ كارامەتلىرى پۈتۈنلەي خەلقنى ئالداش، بېشىدىكى بىر تال مويىدا بىر بۇزۇق خىيال بار، سەللىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئالامىتى بار. كىيىملىرىدىكى ياماقلار ئۇ كىيىملەرنى رەڭدار كۆرسىتىش ئۈچۈن يامالغان، ئۇنىڭ يەكتىكى پەردىسىدۇر ئۇنىڭ سەتلىكىنى ياپىدىغان، ئۇنىڭ رەختىنى رىيانىڭ چاقىدا ئېگىرىپ توقۇغان. بۇنىڭ مىسۋىكى بىلەيدۇ تەمەخورلۇق چىشىنى. چەندازىسىدا ساقال تارغىقى نىھان. ئۆزىنى خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر ئېشەك مۈنچىقىدىن

ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ تۇرىشى ۋە ئۇزاق ناماز ئوقۇشىدىكى غەرىزى. دەسمىسى سەللە يۆگىگەن كۇلاسى؛ تۇلكە قۇيرىقىغا ئوخشايدۇ سەللىسىنىڭ ئۇزۇن ساڭگىلاتقان چۇچىسى. ئۇنىڭ بىۋاقىت، سەت، سوغۇق تۇۋلاشلىرى بىمەھەل قىچقارغان توخۇنى ئەسلىتىدۇ. مەستلەر ئۆز بەزمىسىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقاندەك هۆكمەتنى پۇتۇنلەي ھالالا بىلەن ئوقۇيدۇ. سۆزلىرىگە پۇتۇنلەي ھىيلە ئارىلاشقان، ھەرىكەتلىرىگە پۇتۇنلەي غەرەز ئارىلاشقان. قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. ئويغاق چېغىدا دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇنىڭ ساماسى ئۇسسۇل ئەمەس، غەزىلى ھېچ ئاھاڭغا ماس ئەمەس. سۈرىتىنى قانچە خىل قىلسۇن، ھەممە قىلىقلىرى مەنىسىز... ئۇنىڭ قىلىقلىرى شەيتاننى ھەيران قالدۇرىدۇ، دىۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ...» شائىر كۆرۈۋاتقان سوپى ـ زاھىتلارنىڭ بارچە سۆز ـ ھەرىكىتى رىيا بىلەن تولغانىدى. تېخىمۇ يامىنى، ئۇلار شەرىئەتتىن ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، يەنە ھەققە سادىق ئەمەس ئىدى. شائىرنىڭ قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ «رىيا تەقۋىسى ئەمەس، ئىنساننى ھەققە ئېلىپ بارىدىغان، پاكلىق، خالىسلىق، سەمىمىيلىك يولىغا ئۈندەيدىغان ئىلىم. يالغان ئاشىق بولۇپ سەكرەش ئەمەس، بەلكى ‹ھەق› ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى مەھۋ (يوق) ئېتىش» ئىدى. لېكىن، ئەتراپتىكى ئۆزلىرىنى سوپى ـ زاھىت ئاتىۋالغان كىشىلەرنىڭ سۆز ۋە ئىپادىلىرىدىن بۇنداق «ھەققە تەلپۈنۈش» ئالامەتلەر زىنھار سېزىلمەيتتى. شائىر ياخشى بىلەتتىكى، ئۆزىنى تونۇمىغان ھەقنى تونىمايتتى. ھەقنى تونىمىغان ھېچنىمىنى تونىمايتتى. ئۇنىڭ شەرىئەتنى سوپىلار ئۈچۈن تونجى ۋە ئەڭ قاتتىق مىزان دەپ بىلىشىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىدى.

شائىر نەزەرىدە، سوپىلار يەنە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ شەرىئەت مىزانلىرىدىمۇ ئومۇم ئۈچۈن ئورتاق

تەلەپ قىلىنىدىغان كەڭ مەنالىق ئەخلاقىي ئۆلچەم بولسىمۇ، مەسنەۋىلىرىدە يەنە مەخسۇس توختىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھەئە، يەنە توختىلىۋاتاتتى، توختىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قارايتتىكى، پاكلىق — ئىنساننىڭ بارچە ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىكىنىڭ مەنبىيى ۋە ئۇنى ئۆلچەيدىغان بەلگە ئىدى. ئەدەپ، سەممىيەت، ئىنساپ، كەڭ قورساقلىق، ياخشىلىق... قاتارلىقلارنىڭ بارچىسى پاكلىق مۇنارىنىڭ ئۇلتاشلىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە شەرمى ـ ھايانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك پاكلىق ئىمارىتىنىڭ ھەر بىر تال خىش ـ كېسەكلىرىنى قەدىرلەش، ئۇنىڭغا دەز كەتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى. شۇنداق، بۇ گۈزەل ۋە تەڭداشسىز مۇنارنى كۆز چاقناتقۇدەك بۈيۈكلۈكلەرگە ئۇلاشتۇرغىلى بولاتتى. ھەر بۈيۈكلۈكنىڭ كۈشەندىسى بولغىنىدەك، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توسالغۇلىرىمۇ بەك كۆپ ئىدى. ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، تاماخورلۇق، دۇنياپەرەسلىك، مەنمەنچىلىك، سۇخەنچىلىك... قاتارلىق ئىللەتلەر ھامان پاكلىق مۇنارىنىڭ يۈزىگە داغ بولۇپ چۈشۈشكە ئۇرۇناتتى. بۇنىڭ مەنبىيى ۋە مەركىزى — ئاچكۆزلۈك، يەنى تەسەۋۋۇپ تىلىدا «نەپسى» دەپ ئاتالغان ئەشەددىي دۈشمەن ئىدى. ئۇ ئىنساننى ھەر تەرەپلەرگە باشلاپ، ھەر كويلارغا سالاتتى. شۆھرەتپەرەسلىك، ئالدامچىلىق، تەپرىقچىلىق، نەشەخورلۇق، زىناخورلۇق، پارىخورلۇق... كەبى بارچە ئەخلاقسىزلىق ۋە نابابلىقلار دەل ئاچكۆزلۈكتىن — نەپسىدىن تۇغۇلاتتى. نەپسى ھەممە رەزىللىكنىڭ ئانىسى ئىدى. شۇڭلاشقا، «نەپسى جىھاد» — جەڭلەرنىڭ ئەڭ مۇشكۈلى سانىلاتتى. بىر قېتىملىق زور جەڭدە زەپەر قازانغان رەسۇلىللا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىكەن: «كىچىك جىھادتا غالىپ كەلدۇق، ئەمدى چوڭ جىھادقا بارىمىز.» ئېنىقكى، ئۇ كۆزدە تۇتقان چوڭ جىھاد دەل نەپسى جىھاد ئىدى. بۇ جەڭدە غالىب چىقماي تۇرۇپ

رەزىللىك ئانىسى بولغان نەپسنى تەلتۆكۈس يوق قىلماي تۇرۇپ، پاكلىق پەللىسىگە يۈت قويغىلى بولمايتتى. پاكلىق شەرتىنى هازىرلىمىغان سوپى ـ زاهىتلارنىڭ چىن مەنىدىكى سوپىلىق مەقامىغا ئېرىشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شائىر نەزەرىدە، ئەخلاقنى يادرو قىلغان پاكلىق ئۇقۇمى شۇنداق كەڭ مەنالارنى ئۆزىگە سىغدۇرغان ئىدىكى، ئالەمدىكى بارچە ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق ۋە گۈزەللىكلەرنى بىر ئۆزىلا كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭا، پاكلىق شەرىئەت بىلەن قوشكېزەك ئىدى. پاكلىق دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتەلمىگەن ئىنسان شەرىئەت بېغىدىن مېۋە ئۈزەلمەيتتى. شەرىئەت مېۋىسىگە چىن ئىخلاسى بولمىغان ئىنساننىڭ پاكلىق دەرياسىغا كېمە سالالىشىمۇ هەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پاكلىق ـــ ئىنساننىڭ گۈلتاجىسى. ئۇ بار يەردىن بارچە ئېسىل خىسلەتلەر يارىلىدۇ. پاكلىق ـــ ئالىيجاناب ئىنساننىڭ بارارگاهى، هەقنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرارگاهى!

ئىلىم ـ مەرىپەت ـــ ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالەت دەرىجىسىنى ئاشۇرىدىغان ۋە بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇهىم شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭلاشقا، خەراباتى نەزەرىدە، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇش ـــ سوپى ـ زاهىتلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇهىم شەرت هېسابلىناتتى. ئۇنىڭ قارىشىدا، مەرىپەت ـــ ئالدى بىلەن هەقنى ياد ئېتىش ۋە ئۇنى تونۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇ تەشەببۇس قىلغان ئىلىمنىڭ ئەڭ غايىۋى ۋە ئاداققى مەنىسى. بۇ ئەلۋەتتە ئادەتتىكى ئىلىملەردىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەس، ئىشق بىلەن يەتكىلى بولىدىغان ئىلاهىي يۈكسەكلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى دەستۇر ۋە دوراشلاردىن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى. بۇنىڭغا ئەقىل بىلەن ئەمەس، ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۆزلۈكتىن تامامەن كېچىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ

ئۇچۇن قەلبتە ھەققە بولغان تۇغما ئىشق بولۇش كېرەك. ئەمما، شائىر ئىلىم قارىشىنى يەنە تولۇقلاپ داۋاملاشتۇراتتىكى، ھەققە بولغان ئىشقنى يېلىنجىتىدىغان، ئۇلغايتىدىغان سەۋەب ۋە كۈچ بولىشى لازىم. بۇ دەل ئەقىل بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغان كىتابى ھەم ئىدراكى ئىلىمدۇر. ئىشق ئوتى تالاي دىللاردا ساقلىنىپ ياتقان بولۇشلىرى مۇمكىن. بىراق، ئۇنى چۇقچىلايدىغان كۆسەي — ئىلىمدىن تۇغۇلغان ئەقىل ـ ئىدراك بولمىسا، ئۇ مەڭگۇ يالقۇنغا ئايلىنالمايدۇ. ئۆگىنىپ مۇكەممەللىشىدىغان ئەقلىي ئىلىملەر ئىدراكنى ئىشق بوسۇغىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى بارلىق جەريانلار ئىلاھىي مۇھەببەت بىلەن داۋاملىشىدۇ. شائىرنىڭ نەزەرىدىكى ئەقىلنى ئىشققا ئۇلايدىغان ئىلىم دەل بىز تەكىتلەيدىغان «بىلىم» تەشەببۇسىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. سوپى ـ زاھىتلار كۆرۈنۈشى ۋە ئىش ـ ئەمەلىدىن قەلب كۆزى تۇتۇلغان «ئام» لارغا ھامان بۈيۈك دانىشمەنلەر سىياقىدا كۆرۈنىدۇ. ئەمەلدە بولسا، كۆپىنچىسى «ئامى» — ئىلىمسىز. شائىر نەزەرىدە، سوپى ـ زاھىتلار جەزمەن ئىلىملىك بولۇشلىرى كېرەك ئىدى. ئىلىم — ئەقىلنى تاۋلايدىغان بىلەي، ئىشق يولىنى يورۇتىدىغان چىراغ. ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن پاكلىق، يەنى ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ئېگىزلىرىنى كېڭەيتكىلى، شەرىئەت بوستانىغا يەتكىلى ۋە ئاخىرىدا ھەقنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل تەلپۈنۈش بارچە سوپى ـ زاھىتلارنىڭ ئۇدۇم ئىستەكلىرىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئىلىمسىزلىك، دىلنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. كۆڭۈل مەيلىنى تەمەننا ـ تەكەببۇرلۇق چۆلىگە باشلايدۇ. ئىنساننى غەپلەت ئازگاللىرىغا سۆرەيدۇ. غەپلەت باسقان قاراڭغۇ دىلدىن ھەرقانداق رەزىللىكلەرنىڭ قۇتراپ چىقىشلىرى ئېھتىمال. ئىلىم ئەدەب ـ ئەخلاق بىخىنى پەيدا قىلالمىسىمۇ، قەلبتىكى پاكلىق تۆرەلمىلىرىنى پەرۋىش قىلالايدۇ. ئۇ نەپسى خاھىشىغا ۋە ئۇ تۇغقان بارچە رەزىللىكلەرگە

بەرھەم بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۈرتىنى پەرق قىلىدىغان دىل كۆزى ئاتا قىلالايدۇ. ئىلىم سۈيى پاكلىق ۋە شەرىئەت كەبىي نۇرانە دېڭىزغا قوشۇلسا، ئىنسانىي كامىللىقنىڭ پارلاق مەنىۋى گەۋدىسى ئاپىرىدە بولىدۇ. چىن سوپىلىقتىن مەقسەت مەنىۋى مۇكەممەللىك ئىكەن، ئۇنداقتا ئۆزلىرىنى سوپى - زاھىت ئاتاشقان بۇ كىشىلەر قەتئىي رەۋىشتە ئىلىم - مەرىپەتلىك بولىشى كېرەك. ئىلىمسىزلىك رەزىللىك تۇغمىغان بىلەن، ئۇنى قوش قوللاپ چىللايدۇ. نەپسى مەرىكىلىرى ئۇچۇن مەدھىيە سازلىرىنى چالىدۇ. ئىلىمسىز - نادان سوپى گوياكى نەپسى پەرۋانىسىدۇر. ئۇ مەنپەئەت چىرىغى ئەتراپىدا بىر ئۆمۈر پىرقىراپ ئۆتىدۇ. ھەقنى تونۇشتىن يىراق بولغاچ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا - رەزىللىكلەر كېلىدۇ. ھەرقانداق ھىيلە - مېكىر، ساختىپەزلىكلەردىن باش تارتمايدۇ. مەنپەئەت، مال - دۇنيا كويىدا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، بىر شۇنىڭ ئىشقىدىلا ئۆلىدۇ...

ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالدى. كۆرۈنۈۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىنكى تېپتىكى — ئىلىمسىزلىك تېپىدىكى سوپىلار ئىدى. بۇنداق نادانلاردىن پاكلىق ۋە شەرىئەت كامىللىرى ئەسلا تېپىلمايتتى. ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرى يالغانچىلىق، قىلىۋاتقانلىرى تامامەن ئالدامچىلىق ئىدى. ھەممىسىنى بىرلا يىپ — مەنپەئەت قارمىقى ئىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ كويىدا بېلىق بولاتتى، ئەجدەرھا بولاتتى، ئىت بولاتتى، تۆڭگۈزمۇ بولاتتى...

«بۇنداق سوپى - زاھىتلىقتىن ساراڭلىق مىڭ ئەۋزەل. بۇ كەبىي پاسىق روھ بىلەن دەرۋىش بولغاندىن، ئىش - ئەمەللىرى بىلەن ئەل - ئاۋامغا مېھنەت قىلغان ئەلا!»

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئىچ - ئىچىدىن يامراپ كەلگەن نەپرەت كەلكۈنى ئۇنى يېڭى بىر قىرغاققا — ئۆز رىئاللىقىغا سۈرەپ چىققاندى.

جىن چىراغ بىر خىلدا پارىسلايتتى. ئۇنىڭ خۇنۈك نۇرلىرىنى قورشاپ تۇرغان قارا تۇمان، قاپقارا ئىسلار خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدەكلا ئېغىر، غەشلىك ۋە كۆڭۈلسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنى هامان ئەل ـ يۇرت بىلەن بىر گەۋدە هالىتىدە سېزەتتى. شۇ سەۋەب، ئەل ـ يۇرتنى مالىمان قىلىۋاتقان سوپى ـ دەرۋىش دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمايتتى. ئۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا، ئۆزىنى باسالماي قالاتتى. كۆڭلىنى غەشلىك تۇمانلىرى قاپلايتتى. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردىكى هەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ، بارچە رەزىللىكلەرنىڭ مەنبىيى ۋە ئىجراچىسى دەل ئاشۇ سوپى ـ زاهىتلار ئىدى. ئالدامچىلار!... قاراقچىلار!...

قەلەم يەنە يورغىلاپ كەتتى. يازماي بولمايتتى. ئۆزىگە قالغان مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى ئەلگە خىزمەت ـــ مېهنەت يولىنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. تەييارتاپ سوپى ـ زاهىتلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشرىسىنى ئەلگە، ئەۋلادلارغا يېيىش كېرەك ئىدى. شۇندىلا، مېهنەتنىڭ قىممىتى ئايدىڭلىشاتتى. ئاۋام ئەمگەكلىرىنىڭ قەدرى ئاشاتتى.

شائىرنىڭ قارىشىچە، ئەلگە خىزمەت قىلىش ـــ مېهنەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى هېسابلىناتتى. سوپى ـ زاهىتلاردەك ساختا ئالىيجاناب بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قىيناپ يۈرگەندىن كۆرە، ئەل قاتارى، هۆددىسىدىن چىقالايدىغان مېهنەتكە كۈچ سەرپ قىلىپ، هالال ياشىغان تۈزۈك ئىدى. بۇنداقتا، پاكلىق قۇياشىدىن قانغۇچە نۇر ئېمىپ، ئەركىن ۋە هالال ياشىغىلى بولاتتى. پاكلىق بىلەن داۋاملاشقان بۇنداق هايات بەكمۇ خاتىرجەملىك هەم شېرىنلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ مەسنەۋىلىرىدە بۇ خىل مېهنەتلىك هايات تەشەببۇسىغا ناهايىتى كەڭ ئورۇن بېرىپ كېلىۋاتاتتى. هەر ساهە، هەر كەسىپ ۋە كىشىلىك هايات مۇساپىسىنىڭ هالقىلىق دوقمۇشلىرىدىكى ئىنسانىي پەزىلەت

مىزانلىرى ھەقىقىدە كۆپرەك توختىلىپ كېلىشلىرىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ بىر قىسىم بېيىتلىرىدا ئومۇمغا ئورتاق بولغان شەرىئەت، پاكلىق ۋە ئىلىم - مەرىپەت... كەبىي ئىنسانىي كامىللىق شەرتلىرىنى ئەڭ ئالدى بىلەن سوپى - زاھىتلار ۋۇجۇدىدا قارار تاپقۇزۇشنى ئىستەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپ قىسىم مەسنەۋىلىرىدە يەنە مېھنەتكەش كىشىلەرنىڭ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى تەپسىلىي ۋە بىر - بىرلەپ شەرھلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇنى سوپى - زاھىتلارنىڭ ھۇرۇن ۋە ئاچكۆزلىك ئىللەتلىرىگە پاراللېل قويۇپ سېلىشتۇرىدۇ. مېھنەتنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئاچكۆزلۈك، تەييارتاپلىقنىڭ شەرمەندىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، دېھقان بول ياكى كاسىپ بول ۋە ياكى ئۆز مېھنىتىڭنىڭ قايسىبىر قىستاڭ مۇساپىسىدە يۈرگەن ئىنسان بول، ئادىللىق، راستچىللىق بىلەن مېھنەت قىلغان بولساڭلا، سەن دۇرۇس ئىنسان. دۇرۇسلۇق — پاكلىق مۇنارىنىڭ يۈرىكى. شائىرنىڭ قارىشىچە، مېھنەت — گوياكى تائەت - ئىبادەت. ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى سۇنئىي زۇھد - تەقۋادىن ئەلا. بارچە ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ تاۋلىنىش ئوچىقى — مېھنەت. پاكلىق پەرزەنتىنىڭ بالىياتقۇسى — يەنە شۇ مېھنەت. خۇددى بارچە رەزىللىكلەرنىڭ ئانىسى — نەپسى بولغىنىدەك، بارلىق ئالىيجانابلىقنىڭ يېتىلىش قوينىمۇ — مېھنەت. ئۇ مېھنەتنى پاك ئىنسان بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى دەپ قارايتتى. شۇڭا، ھەر بىر مۇسۇلمان شەرىئەت كېچىكىگە كىرىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ھالال مېھنەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى. مېھنەتتىن باش تارتىپ قىلغان ئىبادەت ئىبادەت قىلمىغانغا باراۋەر ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، پەقەت مېھنەتلا پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىق يېتىلدۈرىدىغان بۆشۈك، يەنە پەقەت شۇ مېھنەتلا نەپسىدىن تۇغۇلىدىغان بارچە رەزىللىكلەرنى چەكلەپ

تۇردىغان مۇھاپىزەت قورغىنى ئىدى. شۇ تۇپەيلى، مېھنەت ئىمارىتى ۋە ئۇنىڭ قەدىر قاتلاملىرىنى «كوللىيات مەسنەۋى»نىڭ ھەر بىر بېيىتلىرىغا دېگۈدەك تەكشى سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. شائىرنىڭ نەزەرىدە، مېھنەتنىڭ بارچە خىسلەتلەر ئارىسىدىكى ئورنى ئەڭ بۈيۈك ئىدى. پاكلىق، شەرئەت ۋە ھەق يوللىرىمۇ نەق مۇشۇ مېھنەت پەللىسىدىن باشلىناتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چىن مەنىدىكى مېھنەت ئادىمى ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى مېھنەت بىلەن ياشاۋاتقان ئاددىي خەلقنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلەتتى. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ مېھنەت قىلاتتى. شۇنىڭدىن سۆيۈنەتتى، تەسەللى تاپاتتى. ئۆزىنى ئەل ـ جامائەتتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتىكى تەنھالىق تۇغقان بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئۇنى شۇ قەدەر ئازابلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى.

شائىر مەسنەۋىسىنىڭ ھەرقايسى مەنا بۆلەكلىرىگە خۇددى بېيىتلار تېپىتقۇسىدەك تەكشى تارالغان يەنە بىر تەشەببۇس — دۇرۇس نىيەت تەشەببۇسى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاۋام ئۇچۇن، يەنى ھەر ساھە مېھنەت ئادەملىرى ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى نىيەتنىڭ دۇرۇسلىقى ئىدى. دۇرۇس نىيەت — يېرىم مېھنەت. نىيەتنىڭ قانداق بولىشى جەريانىڭ قايسى سۈپەتتە داۋاملىشىشىنى بەلگىلەيتتى. دۇرۇس نىيەت ئىبادەتكە باراۋەر ئىدى. نىيەتنىڭ ئۆزى بىر شۇڭقار ئىدىكى، ئۇۋچى نېمىگە قارىتىپ قويۇۋەتسە، شۇنى ئوۋلايتتى. نىيەت گويا بىر ئوق ئىدىكى، مەرگەن قاياققا چەنلەپ ئاتسا، شۇ ياققا ئۇچاتتى ۋە شۇنىڭغا تېگەتتى. ياخشى نىيەت پەيدا بولغىنىنىڭ ئۆزىلا ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىناتتى. نىيەت — مۇرادنىڭ ئۇندۇرمىسى ئىدى. قايسى خىلدىكى نىيەت ئۇنسە، شۇ سۈپەتتىكى مۇراد ئۆسەتتى. نىيەتنىڭ خاراكتېرى مەقسەت ۋە مەنزىلنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيتتى. مەقسەت قىرغاقلىرىدا ئايرىم تاسادىپىيلىقلارنىڭ يۈز بېرىپ

قىلىش ئېھتىماللىقلىرىنى چەتكە قاقمىغان ھالەتتىمۇ، ئومۇمەن ياخشى نىيەتنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى مۇراد بىلەن، يامان نىيەتنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ھامان كۆڭۈلسىز نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشاتتى. بۇ خۇددى بۇغداي ئېكىنزلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە ئارپا ئۈنۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇغداي تېرىش نىيىتىدە سالغان ئۇرۇقلارنىڭ ھامان بۇغداي بولۇپ ئۈنۈپ چىققىنىدەكلا بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، دۇرۇس نىيەت، خالىس نىيەت بولۇش بارچە مېھنەت ۋە ئېزگۈلۈكلەرنىڭ ئېپتىداسى ھېسابلىناتتى...

شائىر كۇنسېرى قېلىنلاپ بېرىۋاتقان مەسنەۋىلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى مۇسۇلمان شائىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە، ياراتقۇچىغا ھەمدۇسانالار ئوقۇش بىلەن باشلىغانىدى. مۇشۇ بۆلەكتە ئۇنىڭ ھەققە بولغان ئاشىقانە سېغىنىشلىرى، ھەممىگە قادىر ياراتقۇچىنىڭ تەڭداشسىز سۈپەتلىرى، ئالەمدىكى كۆللى مەۋجۇداتنىڭ ھەق تېزگىنى ئاستىدىكى بارلىق ئىكەنلىكى... دەك ئىلاھىيەت قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا رەسۇلىللاغا ـــ ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيەلەر ياغدۇرغان. كېيىنكى بېيىتلاردىن باشلاپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىغا كىرىشكەن. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئەسىردىكى بېيىتلار گەۋدىسىدىن سېزىلىپ تۇرىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەق» ۋە بارچە ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تەسەۋۋۇپ ئىدىيەۋى ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ئەدەبىيات زېمىنىدا شەكىللەنگەن مەجازىي يارالمىلار ئىشتىراكىدا ئوخشىمىغان مەنا قاتلاملىرى بويىچە پەسىللەرگە بۆلۈپ، شۇ پەسىللەردە بايان قىلىنىدىغان كونكرېت ئىنسانىي كامىللىق ئىش ـ ئەمەلى گەۋدىسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە ھەر پەسىلدە (بابتا) بىر يېڭى تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ھەمدە بارچە تەشەببۇستىن بىر ئورتاق سادا ـــ ھەققە تەلپۈنۈش ئىستىكى بالقىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى

يارىتىلغان. بۇنداق ئۇسلۇبتىن كۆپ قاتلاملىق مەنا بوشلۇقلىرىغا شۇڭغۇپ كىرگىلى ۋە تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالغىلى بولاتتى. ئايرىم پەسىللەر گەۋدىسىدىن كونكرېت تەربىيەت ئالغىلى بولىدىغان، بىر پۈتۈن بىيىتلار جۇغلانمىسىدىن ئورتاق بىر تەشەببۇسنى سەزگىلى بولىدىغان بۇنداق ئىجادىيەت خەلققە يېقىن تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ھەر ئادەم ئۆز خاھىشى ۋە مەنىۋى كامالىتىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجى بويىچە مەنپەئەت ئالالايتتى. ئاۋامنىڭ بارچە قاتلاملىرىغا، مەنىۋى يۈكسىلىشىنىڭ تۈرلۈك جەريانلىرىغا ئورتاق باب كېلىدىغان بۇنداق ئەسەرنىڭ خېرىدارلىرى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى. يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسلۇب شائىرنىڭ ھەققە تەلپۈنۈش مۇددىئاسىغا، ئۆلۈم، تۇغۇم، ھاياتلىق؛ ئىدراك، ۋىسال، مۇھەببەت؛ ئادەم، ئالەم ۋە روھىيەت... ھەققىدىكى قاراش ـ تەشەببۇسلىرىغا ھەم ئۇنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى. ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار نەزىرىدە، قەلب ئىشق ئارقىلىق بىلگەن ھەقىقەتنى ئېغىز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. يەنى، ھېس قىلغاننى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. كونكرېت ئىش ـ ئەمەللەر ئۈستىگە تەدبىقلاپ كۆرسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ... دەپ قارىلاتتى ۋە مۇشۇ ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ھەق» ھەممىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ ئىپادە قىلىناتتى. بىراق، خەراباتى مېھنەتكەش ئادەملەرنىڭ كونكرېت ئىش ـ ئەمەللىرىگە ئىنسانىي كامىللىق شەرتلىرىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تەدبىقلاش ئارقىلىق، ئاۋام بىلەن «ھەق» ئارىسىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ خىل ئىجادىي تىرىشچانلىق مەيلى قانچىلىك ئۇنۇم بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پۈتكەن بىيىتلارنىڭ ھەر پەسىللىرىدىكى ئەخلاقىي ۋە مېھنەت مىزانلىرى ئارىسىدىن ئاددىي كىشىلەرگە قارىتىلغان كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك تەشەببۇس، مۇراجىئەتلەرنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن مەقسەت يەنە

«ھەق» بولۇپ كۆرۈندۇ. مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، ھەممە پەسىلدە دىگۇدەك «مەي»، «ساقىي»، «مەيخانە»، «يار»... كەبىي مەجازىي مەنىدىكى سىمۋوللار كۆز ئالدىمىزدا جىلۋە قىلىدۇ. مۇشۇ قاتار ماجازلارنىڭ بىشارىتى ئارقىلىق «ئۆزلۈك»، «فەنا»، «بەقا»، «ۋەھدەت»... قاتارلىق يىڭى بىر مەنا چوڭقۇرلۇق قاتلىمىغا ئۇلىشىمىز. نەتىجىدە ئۇلارنى تەبىئىي ھالدىلا يەنە «ھەق» قە باغلايمىز. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ئاۋامنىڭ ئاددىي مىھنەتلىرى گەۋدىسىگە سىڭدۈرۈلگەن ۋە شۇ ئارقىلىق يورۇتۇلغان ئاجايىپ چوڭقۇر ئىدىيە باغلىنىشى ئىدى. ئۇ دۇنيا ۋە ئىنسان ھەققىدىكى بارچە قاراشلىرىنى ھەر ساھەدىكى مىھنەتكەش ئادەملەرنىڭ كونكرىت بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتى ۋە پەزىلەت مىزانى ئۈستىگە قويۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كونكرىت تەشەببۇسلار ۋاستىسىدە ئۇلۇغ بىر تەرغىبات ـــ ئۆز ئىدىيەسىنى ئىپادىلەش مەقسىتىگىمۇ يەتكەن. بۇنداق ئۇسلۇب شائىرغا قەدەر داۋاملاشقان ئۇيغۇر شىئىرىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇ بارچە قەلەم ساھىبلىرى قاتارى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كۆپلىگەن بۈيۈك سىمالاردىن ئۆرنەك ئالغان، بىراق يەنە كۆپلىگەن سىمالارغا ئوخشىمايدىغان، بەلكى ئۇلاردىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان خاس ۋە گىگانت بىر مەنىۋى گەۋدە ئىدى. شائىرنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى مەنىۋى يۇلتۇزلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان يەنە بىر پىكرى ـ ئىدىيەۋى ئۆزگىچىلىك شۇكى، ئۇ مىللەت ئۇچۇن ئەڭ كۆپ ۋە قاتتىق قايغۇرغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. مىللىي تۇيغۇ ۋە ئەندىشە شائىرلار ئۇچۇن يىڭى تېما ئەمەس. لىكىن، بىز بۇنى خەراباتى مەسنەۋىلىرىدە ئەزەلدىن كۆرۈنمىگەن بىر جىددىيلىكتە كۆزىمىزگە چېلىقتۇرىمىز. ھەتتا، ئۇ مىللىيەتنى ئېتىقاد بۈيۈكلۈكى پەللىسى بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئالىدۇ. ئۇ

مىللىي ئار ـ نومۇس تۇيغۇسىنى مىللەتنىڭ تەخداشسىز ۋە بىباھا مەنىۋى ئەخگۇشتىرى دەپ قارايتتى. ئار ـ نومۇسنى، باشقىچە ئېيتقاندا، قەدىر ـ قىممەتنى قوغداش — كاتتا شان ـ شەرەپ، ئۇنى يەرگە ئۇرۇش — ئېغىر گۇناھ ۋە پاجىئە ئىدى. دىنىنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتىنى يەكسان قىلىدىغان ئەجدەرھا — نەپسى بولغىنىدەك، مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسنى يەرگە ئۇرىدىغان كۆرۈنمەس قارا سايمۇ — نەپسى ھىسابلىناتتى. بۇ جەھەتتىن — ئورتاق دۈشمەنلىك نۇقتىسىدىن، دىن ۋە مىللەت بىر سەپتىكى قىسمەتداشلاردىن سانىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دىن ۋە مىللەت — مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئايرىلماس ئىككى قانىتى ئىدى. شۇنىڭدەك، ئار ـ نومۇسنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى، ئەڭ نازۇك قورغىنى، ئەڭ ئاخىرقى ھودۇدى ئىدى. بۇ ئىككى جەھەتتىكى كىملىك قەدىرىيىتى پايخان بولغان توپنىڭ ھېچنىمىسى قالمايتتى. بۇ ھالدا ياشىغان ـ ياشىمىغان ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئاھ نەيلەي دىنۇ مىللەت مەندە يوق،
ئىشقى ھەق سارى مۇھەببەت مەندە يوق.
...
نەپسى شەيتاندۇر دەۋام ھەم سۆھبىتىڭ،
كەتتى سەندىن دىن بىلە ھەم مىللىتىڭ!
...

شائىرنىڭ مىللەت ھەققىدىكى قايغۇرۇشلىرى ئوخشىمىغان پەسىل ۋە بېيىتلاردا ئوخشاش جىددىيلىك ھەم قەتئىيەت بىلەن ئىپادىلىنەتتى. ئۇ ئىمان، ئېتىقادلىق ئىنسان سۈپىتىدە دىنىنى مەدھىيەلىسە، ۋىجدان ۋە ئەقىدىلىك مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە مىللىتىنى ئۇلۇغلىغاندى. بۇ خىل ئۇلۇغلاش بېيىتلار گەۋدىسىدە قايغۇرۇش بولۇپ ئىپادىلىنەتتى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، قايغۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت ئىدى.

ھەممىلا ياقنى مەنپەئەت غەۋغاسى، نەپسى سەۋداسى قاپلاپ كەتكەن دەۋردە، بۇ خىلدىكى ئۇلۇغ قايغۇرۇش ھەممىلا قەلبتىن تۇغۇلۇۋەرمەيتتى. بىر قىسىم سىپمالار ئۆتكەن ئىدىكى، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ مۇتەپەككۇرى بولۇش ئىستىكىدە كۆككە، يىراقلارغا، ئېگىزلىكلەرگە باققان. بىراق، قەلب نەزەرىنى ئايغا، قۇياشقا يەتكۈزگەن پىداكار جىسمىنىڭ ئاستىدا، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان مۇقەددەس تۇپراق بارلىقىنى تامامەن ئەستىن چىقارغان. نەتىجىدە «قەلبى ئايدا، جىسمى لايدا» ھالەتتە دۇنيادىن ئۆتكەن. ئەمما، خەراباتى مەنىۋى ئىزدىنىشلىرىدىن بۇ زۆرۈرىيەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئايغا تەلپۈنگەندە، زېمىنغا تايىنىۋاتقانلىقىنى ئەستىن چىقارمىغانلىقى؛ زېمىنغا تەشەككۈر ئېيتىۋاتقىنىدا، ئايغا بېقىش ئىستىكىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى سېزىلىدۇ. تەلپۈنۈش ۋە تەشەككۈر، ياد ئېتىش ۋە سېغىنىش... ئۇنىڭ تەپەككۇر مۇساپىسىدىكى تەڭشەك رىشتىسى بولغان ئىدىكى، ئۇنى يەككە ھالەتتە ئۆزىگە تارتىدىغان پىكرى ھالاكەت ئۆڭكۈرى بولۇپ قالمىغان. مەلۇمكى، كۆككە بوي سوزغان گىگانت دەرەخلەر ئاۋۋال يەستىن كۆكلەپ چىقىدۇ. بۇلۇتقا تاقاشقان قامەتلىك تاغلارمۇ يەستىن باشلاپ ئۆسىدۇ. كۆك ئەركىسى شۇڭقار، بۈركۈتلەرمۇ بۈيۈك پەرۋازىنى ئوخشاشلا پەستىن باشلايدۇ. ئاداققى نۇقتىسىغا يەتكەندىمۇ، ئاخىر بېرىپ يىقىلغاندىمۇ، يەنىلا ھەممىسى پەسكە، زېمىنغا يىقىلىدۇ. شائىر نەزەرىدە، مىللەت كامالەت ئىگىسىنى ئۆستۈرىدىغان مۇقەددەس تۇپراق، ئۇنى يۆلەپ تۇرىدىغان مەزمۇت تېرەك، پەرۋازىنى كۆككە ئۇلاشتۇرىدىغان خورىماس قۇۋۋەت ئىدى. ئۇنىڭسىز مۇرادمۇ، سېغىنىشمۇ، تەلپۈنۈشمۇ؛ پاراغەتمۇ، شاپائەتمۇ، كامالەتمۇ بولمايتتى...

شائىر تەپەككۇرى ئەنە شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ باراتتى. ئۇ

بالدۇر يېتىلگەن تەپەككۇر تىرەنلىكىگە سىلىشتۇرغاندا كىچىككىپرەك باشلىغان «كوللىيات مەسنەۋى» سىدە، ئىلگىرىكىلەردىن پەرقلىق ھالدىكى ئىدىيەۋى ـ پىكرى تۈيغۇنلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بىيىتلىرىدا بىلىمسىزلىك، نادانلىق، رەزىللىك، رىياكارلىق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق... كەبي ئىللەتلەرنى قامچىلاش بىلەن بىرگە، يەنە سۆيگۈ، سەممىيەت، پاكلىق، بىرلىك، ئالىيجانابلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق... قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇغان. يەنە كېلىپ، ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن بارچە قاراش، ھەممىلا قۇرلاردىن ئۇخشاش بىر ئىدىيەۋى كامالەت نۇرلىرى پارلاپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىچىلىك بۇ مەسنەۋىلەر دىۋانىنى ئۆز گەۋدىسى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھالدىكى كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق، پىكرى بالاغەت ۋە بەدىئىي پاساھەتكە ئىگە قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇشۇ دەۋرگە قەدەر «مەسنەۋى» ئاتالغۇسى بىلەن كىشىلەر پەقەت مەۋلانە رۇمىنىلا تونۇپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ نامغا يەنە بىر كىگانىت ھەقدا ـــ خەراباتى قوشۇلدى. ئۇنىڭ خاس مەنىۋى پەللە سۇپىتىدە ياراتقان «كوللىياتى مەسنەۋى» ياكى «مەسنەۋى خەراباتى» نامىدىكى ئەسىرى تارىخى ئۇزاق بۇ ساھەگە يېڭىچە مەزمۇن، يېپيېڭى ھۆسن قوشتى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر نەزىرىدىكى بىرلا مەنىۋى سىماغا تەئەللۇق مەسنەۋى دەۋرى ئاخىرلاشقان بولدى...

ئەتراپ جىمجىت ۋە قاراڭغۇ ئىدى. جىن چىراغ بىردە كۆچىيىپ، بىردە ئاجىزلايتتى. تام ـ تورۇسلار گاھ غۇۋا يورۇپ، گاھ قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان غايەت زور گەۋدە بىردەم روشەنلىشىپ، يەنىمۇ يوغىنايتتى. بىردەم خىرەلىشىپ، پەرق ئەتكۈسىز ھالغا كېلىپ قالاتتى. سوپى ـ زاھىتلار بايانىدا چىپىپ كەلگەن قەلەم مەنزىلىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. بىراق، پىكىر تۇلپارى ھامان بىر خىلدا شىددەت

بىلەن تىزگىن سىيرىپ باراتتى. ئۇ يېتەلمىگەن ئىزلىرىنى تاشلاپ يىراق ـ يىراقلارغا چاپماقچى بولاتتى. تۇياقلىرىغا چۇشەك بولۇۋاتقان قەلەم تىزگىنىنى ئۇنتۇپ، چەكسىز ئۇزاقلارغا قاچماقچى بولاتتى. مۇشۇ يۈرۈشىدە مەنزىلىگە بىر يولىلا چىپىپ يەتسە. مۇساپە چەكسىزلىكىدە ئۆز مۇرادىنى تاپسا! ئۇ قىززىغانىدى. ئەمدى توختىمايتتى. ھېچكىممۇ توختىتالمايتتى...

ئۇ تېنىمسىز ھاسىرايتتى. قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن ئېغىزى ھاڭدەك ئېچىلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇزاق مۇساپىنى يۇگۇرۇپ كەلگەن ئادەمدەك نەپەس ئېلىپ ئۆلگۈرتەلمەيتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن قىستاپ كېلىۋاتقان يۆتەل كەلكۈنى ئۇنىڭ نەپەس راۋانلىقى ئۇچۇن يەنە بىر توسالغۇ ئىدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتىلەتتى، قىزىراتتى، كۆكىرەتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن كۆكرەكنىڭ سىقىلىش، چىڭقىلىشلىرى... بوغۇلغان نەپەس ئېقىمىنى تەلتۆكۈس ئۇزۇپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. ئارمانلىق بىر ۋۇجۇدنى باقىي بوسۇغىسىغا مەڭگۈلۈك ئىتتىرىۋېتىدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانمىدۇ. ئالىمادىس، مۇشۇنداق يالغۇز ۋاقتىدا كېتىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئېڭىكى چۈشۈپ قالارمۇ؟ نەچچە كۈنلەپ تۇرۇپ كېتەرمۇ؟... ئەمما، تەلپۈنۈش يەنىلا ئەندىشىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. دىل كۆكىدە پەقەت بىرلا ھاياتلىق پەرۋازدا ئىدى: ئىلھام شۇڭقارى — پىكىر تۇلپارى!

تەپەككۇر چوڭقۇرلاپ باراتتى. ئەمدى قەلەمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ دىل نەزەرى سوپى ـ زاھىتلار بارخانلىرىدىن ھالقىپ، شەيخ، موللا ۋە دېھقانلار... ئېكىنزارلىقىدا كېزىپ يۈرەتتى، ئۇچاتتى، ئۇچاتتى...

ئۇ جىددىي ئىدى، ھاياجىنى بېسىقمايتتى. ۋۇجۇدى

ياپراقتەك تىترەيتتى. ئەس ـ يادى هامان تەپەككۇر تۇلپارىنىڭ ئىلهامبەخش تۇياقلىرىغا ئەگىشىپ، يىراق ـ يىراقلارغا يۇلقىناتتى...

ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزىدە قۇياش پارلايتتى. ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ قەلب تۆرىدە ساما قاينايتتى...

داپ ـ راۋاب ساماسىنى بىردىنلا نەي ساداسى بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۇتكىنى دەل مۇشۇ ئويناق، مۇڭلۇق ئاۋاز ئىدى. نەي ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردىن مۇڭ تۆكەتتى. ئاجايىپ چالغۇ ـ ھە؟ ئەرزىمەس قومۇشتىن ياسىلىدۇ ـ يۇ، ئۇنلەشلىرىدە ئالەم ساداسى. كۆرۈنۈشى شۇ قەدەر ئاددىي ـ يۇ، ئاۋازلىرى تاڭنىڭ ساباسى، دىلنىڭ جاكاسى. كاشكى، ئىنسان ھاياتى ئاشۇ نەيدەك ئاددىيلىق ئىچىدە ھەم يەنە ئۇ تۇغقان سېھىرلىك ئاۋازلار كەبىي قىممەت ۋە ئەھمىيەتلەر بىلەن داۋاملاشسا ـ ھە!...

ئۇ ئۆزىنى يېقىملىق نەي كۈيى قېتىدا، ساناقسىز ئادەملەر ئارىسىدا سېزەتتى. تەنھالىق ۋە ئۇ تۇغقان ئېغىر مىسكىنلىك نەگىدۇر غايىب بولغانىدى.

ئۇ قەلب خاھىشىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان نۇرسىز كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز چىراغقا تىكتى. ئاھ، يەنە شۇ پەرۋانە!... ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى. كۆزلىرى يالتىرىدى. پۈتۈن سەزگۈلىرى ئاشۇ كىچىككىنە نۇرغا مەركەزلەشتى. ھارماس پەرۋانە ھامان ئۆزىنى نۇرغا ئۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى...

ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى ــ ئىشق ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشلىرىدىن تۇغۇلۇۋاتقان قايتماس ئىرادە. ئۇنىڭ تىنىمسىزلىكى ــ ئىشق بەخش ئەتكەن كۈچ ـ قۇۋۋەت. ئۇنىڭ ھارماسلىقى ــ ئاشىقلىق مەستخۇشلىقى. ئۇنىڭ قايتماسلىقى ــ ئىشق مەيلى ئاتا قىلغان سېھىري ـ قۇدرەت. نۇر ــ ئۇنىڭ مەشۇقى، مۇراد مەنزىلى. ئۇ ۋىژىلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئاشۇ ئوت قېتىدىن، ھەئە، پارلاق نۇر

قىپتىدىن ۋىسال تاپىدۇ. ئوت ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن كۆيدۇرىدۇ. مەشۇقى كۆيدۇرۇپ تۇرۇپ سۆيدۇرىدۇ. كۆيۈش ـــ دەھشەتلىك، سۆيۈش ـــ لەززەتلىك. كۆيدۇرۇش ـــ تەڭداشسىز، سۆيدۇرۇش ـــ تەسۋىرلىگۈسىز. بىراق، ھەممىسى بىرلا مۇددىئا ـــ مەشۇق ئۈچۈن، ۋىسال ئۈچۈن. پەرۋانە ۋىسال كويىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان. شەخسىيەت، مەنپەئەت، ھايات... ھەممىدىن ۋاز كەچكەن. ئاللا «ھەق» ئاشىقلىرىنى ئاشۇ پەرۋانە كەبىي پىداكارلىق كۆرسىتىشكە نېسىپ قىلسا. ھەر بىر مۆمىن پەرۋانىدەك بولالىسا، ئۆزىمۇ «ئۆزلۈك» نى ئۇنتۇپ، ياق، ئۇنىڭدىن تامامىي ۋاز كېچىپ، نەق ئاشۇ پەرۋانىنىڭ ئۆزى بولالىسا...

ئۇنىڭ پىكرى مەستخۇشلۇقتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى يەنە چىراغقا تىكىلدى. ئاجايىپكى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى پەرۋانە ھالىتىدە كۆرۈۋاتاتتى!

چىراغ، نە چىراغكى، ئۇلۇغ ئوت پاراسلاپ يېنىپ تۇرۇۋاتاتتى. پەرۋانە ئۇنىڭغا ئۆزىنى توختاۋسىز ئۇراتتى. بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاشىقلىق ھەسرىتىنى تۆكەتتى. ئۇنىڭ ياشلىرى ئوت ئۈستىگە تېمىپ، «ۋىژ ـ ۋىژ» ئاۋاز چىقىراتتى. بەدەنلىرىدىكى تۈكلەر پىژىلداپ كۆيۈپ، قورساقلىرىغا، قاناتلىرىغا ئوت تۇتاشماقتا ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ساقال ـ بۇرۇتلار كۆيۈپ تۈگىدى. بەدەنلىرىدىكى تۈككە ئورالغان ھەممىلا ئەزا چاراسلاپ يېرىلىشقا باشلىدى. يۈرەكنىڭ بېغىشلىرى، مېڭىنىڭ تومۇرلىرى... ئاھ، كۆيۈك!...

ـــ ئەي ساقىي، كاسە ـ كاسلەب قۇي مەيىڭنى! ـــ ئۇلۇغ يانغىنىنىڭ نامەلۇم بىر چوڭقۇرلۇقلىرىدىن شۇنداق نىدا چىقىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى پەرۋانە.

ـــ مەي تەلەپ قىلماقتىن مۇددىئايىڭ نېمىدۇر؟ ـــ ئارقىدىنلا يەنە شۇنداق بىر سادا ئاڭلاندى.

— ۋىسال تاپماق، «ھەق» ۋەسلىگە يەتمەك.

— ئاشىقمەن. ئىشق كويىدا مەست بولغانمەن. ئىچىپ تويۇپ، ۋىسال ئىزدەرمەن. كۆيۈپ تويۇپ سۆيەرمەن. سۆيۈپ تويۇپ ئۆلەرمەن! — ياڭغىنىنىڭ يەنە بىر قايىنىمىدىن باشقا بىرىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى ئاڭلاندى.

گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت قېتىدا ۋىژىلداپ ئېرىگەن ئاۋازلار. ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە ھەسرەتلىك خىتابلار.

— ئەي، ساقىي!...

— ئېھ، ساقىي!...

— ھەق دەرگاھى — مەيخانەدۇر. مەيىنى مەيخانىدىن ئىچكۈلۈك.

— مەينى ساقىينىڭ قولى بىرلە ئىچكۈلۈك. ساقىي بار — مەي بار. ساقىيسىز مەي — مەي سانالماس. كەل، مېنى مەيخانەڭگە باشلا، ساقىي!

— جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يېتىپ بولماس. ئۆزلۈكتىن قول ئۈزمىگۈنچە «ھەق» قە بېرىپ بولماس.

يەنە تەرەپ ـ تەرەپتىن خىتابلار.

— بەرھەق، بەرھەق!

— ئۆزلۈك؟

— ھەئە، ئۆزلۈك.

— ئۆزلۈك نېمە؟

— ئۇ مەنلىك، مەنپەئەت ۋە شەخسىيەتكە تەئەللۇق ھەممە.

— دۇرۇس. ھەممىدىن كەچمەك كېرەك!

— روھ ۋە جىسىمدا بارچە تەييارلىقلار ھازىردۇر. مەن تەخىرسىز ئاشىق. مەشۇقۇم دىدارىغا قېنىپ، ۋىسال تاپماقنى ئىستەرمەن.

— مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېرىپ، «فەنا» بولماقنى كۈتەرمەن!

— ئەي، مەردۇ ـ مەردانە ساقىي، قۇي، مەيخنى! مەن «بەقا»
غا بارۇرمەن!
— مەي ئىچۇرمەن!
— مەست بولۇرمەن!
...
كۆيۈشلەر قېتىدىكى ئوتلۇق ئىزھارلار داۋام قىلىۋاتاتتى. ئۇ كىرپىكلىرى كۆيۈپ تۆكىگەن يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە سەپ سالدى. قاناتلىرى تولۇق كۆيۈپ تۆكىگەنىدى. ئەمدى تېرە بويلاپ ئىچكى ئەزالىرىغىمۇ ئوت تۇتاشقاندەك قىلاتتى.
قورۇلغان كۆزلەر ئاجىز پىلدىرلايتتى. قەلبىتە ئۇلۇغ ئوت يېلىنجايتتى. ۋىسال مەنزىلى شۇقەدەر ئۇزاقتا ـ ھە! ھايات بەدىلىگە ئۇنىڭغا يېتىشمۇ خالىغانغا نېسىپ ئەمەس ـ ھە!؟...
پەرۋانىنىڭ كۆچ بىلەن قانات قېقىشلىرىدىن چىققان ئاۋاز ئۇنى سەگىتتى. ئۇ ئۆزىگە قايتتى. ئۇ ئۆز جايىدا، ئەمما ئەس ـ يادى يەنىلا ئوتتا، ئوتنى ئايلىنىپ يۈرگەن پەرۋانىدە ئىدى. ئۇ ئاداققى تىرىشچانلىقى بىلەن ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتاتتى. ئۆزلۈكىدىن، جىسمىدىن، مەنلىك ئىستەكلىرىدىن، ھاياتىدىن، بارلىقىدىن... ۋاز كەچمىگۈچە توختىمايدىغان بىر ئىشتىياق بىلەن ئوتقا، كۆيۈپ ئاخىرلىشىدىغان ئۆلۈمگە، ئۆلۈپ باشلىنىدىغان ۋىسالغا تەۋەككۇل قىلىۋاتاتتى.
ھەئە، تەۋەككۇل!
ئۇنىڭ جىسمى ئوت ئالغاندەك كۆيۈشتى. ۋۇجۇدى ئېرىۋاتقاندەك بىلىندى. ئويچان كۆزلىرى يەنە چىراغ نۇرىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى نۇرلىرى باشقىچە ئىدى...
ئۇ نۇرنىڭ قات ـ قېتىغا شۇڭغۇپ، ئۇنىڭدىن مەجازىي مەنالارنى ئىزدەۋاتقىنىدا، كۇتۇلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: پەرۋانە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، نۇرغا ئەمەس، چىراغقا ئۆزىنى ئۇردى. ياق، ئۇرۇۋالدى. «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» قىلغان ئاۋاز

بىلەن تەڭ چىراغ يەرگە چۈشۈپ ئۆچتى. ئۆينى گۆرۈستان قاراڭغۇلىقى قاپلىدى. بىراق، ئۇ قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. قەلب ئۆيىدە ئاجايىپ بىر چىراغ، ئاجايىپ بىر نۇر پارلايتتى...

ئۇنىڭ زوق ـ ئىشتىياقلىرى قايناپ تاشتى. قانداقتۇر بىر ھادىسىگە تەييارلىنىۋاتقاندەك مۇرەككەپ ھېسلارغا چۆمۈلدى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇمىدلەندى، جىددىيلەشتى، ھاياجانلاندى، ئۆزىنى نۇر بىلەن بېزەلگەن پاكلىق ئالىمىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. جىسمى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بىلىندى. ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. روھىي قۇۋۋىتىنىڭ بارلىق توساق ـ پەردىلىرى ئېچىلىپ كەتكەندەك سېزىلدى. مەنىۋى ئالەمگە كىرىشىپ كەتكەن تۇيغۇلىرى ئىلاھىي ساداغا قۇلاق سالماقچى بولغاندەك ئەڭ يۇقىرى سەزگۈرلۈك ھالىتىگە كىردى. كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، قانداقتۇر بىر مۆجىزىۋى شادلىقنى كۈتۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئەس ـ يادى، ئەقىل ـ ئىدراكى، مۇھەببەت ۋە ئىشتىياقى بىلەن ئاشۇ تامان تەلپۈندى...

ئۇ ئىچكى دۇنيا سىرلىرىغا بەند بولۇپ ئولتۇرغان دەقىقىلەردە، ئۆينىڭ يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكى تۇيۇقسىزلا «غاچ!» قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. شۇئان، ئۇ ئۆزىگە كەلدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، چاقماق تېزلىكىدە ئەتراپىغا سەپ سالدى. ھېلىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان ئۆي مانا ئەمدى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا سېمىز ۋە چىرايلىق بىر ئاق قوچقار كۆكۈش نۇر ئىچىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن تارالغان مۆجىزىۋى نۇرلار ئۆي ئىچىنى ئىلاھىي كەبىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئۇ دەسلەپ مەڭدەپ قالغاندەك بولدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. دەل شۇ چاغدا قوچقار ئۇنىڭغا قاراپ مەرىدى:

— مەرھەمەت!

شۇنداق ئاڭلاندى ئۇنىڭغا غايىب ئاۋاز. ئۇ ئەمدى ئېسىنى يىغىۋالدى. ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى. شۇئان ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. تەرتىنىڭ سۇنۇپ كەتمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئىچىمۇ خاتىرجەم بولدى. مۇشۇ كۈننىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۆزىمۇ سەزمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مېھمانلىق كىيىمىنى قانداق ئىزلىكتە كىيىۋالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى...

ئاق قوچقار ئۇنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىپ باراتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، كۆكتىن چۈشكەن دۇگىلەك بىر دەستە نۇر ــ ناندەك يۇمىلاق، يارىيارنىڭ چاقىدەك يوغان بىر نۇر دەستىسى ــ قوچقارنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپ، ئۇنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىكى يولنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قوچقارنىڭ مېڭىشلىرىغا ماس ھالدا نۇرمۇ يۆتكىلىپ باراتتى. يا كېيىن قالمايتتى، يا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كېتىپ قالمايتتى. قوچقار خۇددى ئۆزىنى كۆرەك قىلىۋاتقاندەك شۇ قەدەر سىلىق، شۇ قەدەر مەغرۇر يۇرەتتى. جۇپ، ئەگىم مۇڭگۈزلۈك بېشىنى غالىبلاردەك ئېگىز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئەتراپ ئۆلۈكتەك تىنچ ۋە گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئاق قوشقارغا ئۈن ـ تىنسىز ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بېسىۋاتقان يول ئەلمىساقتىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ پۇتىنىمۇ كۆرەلمەيتتى. ئۇ قوچقارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتى. دەسسەپ مېڭىۋاتامدۇ، سىيرىلىپ كېتىۋاتامدۇ ۋە ياكى ئۇچۇۋاتامدۇ... بىلمەيتتى. كۆڭلىدە ئادەت بويىچە «سۈرە فاتىھە» دىن باشلاپ خاسىيەتلىك ئايەتلەرنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ باراتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى ياشاۋاتقانلىقىنى كۆڭلى خىرە ـ شىرە تۇيغاندەك بولاتتى.

ئۇ مەھەللىنىڭ پەس تەرىپىدىكى قەدىمىي زاراتگاھلىققا

قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ھامان بار ئىدىغۇ بۇ كۈن. كۆڭلى بىكارلا ئۆيمەپتىكەندە. ئۇنىڭ كۈتكىنى «غايىب — مۆجىزى دەپنە» ئىكەندە! ئۇنىڭ دىلى شۇنى تۇيۇپتىكەن، شۇنىڭغا شادلانغان ئىكەندە! شۈكرى!... يا ئاللا، يا قۇدرەت!...

ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك بەردەم سەزمىگەنىدى. جىسمى پەيدەك يەڭگىل يۈرەتتى. ئەزەلدىن نەپسى قىسىلمىغان، ئەلمىساقتىن يۆتەلمىگەن، بۈگۈنگىچە ئاغرىمىغان ئادەمدەك جۇشقۇن كېتىپ باراتتى...

قوچقار زاراتگاھلىقنىڭ ئەڭ پەس ۋە چەت تەرىپىدىكى بىر قېرى توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. بۇ يەرگە ئەزەلدىن مېيىت قويۇلۇپ باقمىغان، بىرەر گۆرمۇ كولانمىغانىدى. ئۇ ئاۋۋال توغراقنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئارقىدىنلا قىبلە تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، خۇددى بايا ئىشىك سىرتىدىن ئۆيگە قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان گۆر ئاغزىغا سۈرلۈك ھالدا قاراپ تۇردى. ئەمدى راستتىنلا ئېغىزى ئېچىقلىق بىر گۆر ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۈرلۈك قىياپەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۆكۈش نۇر قوچقارنى ئاۋۋالقىدەكلا يورۇتۇپ تۇراتتى. گۆر ئىچىمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. قوچقار شائىرغا بىر يۈزلىنىۋېتىپ، ئاندىن گۆر ئاغزىغا قاراپ مەردى:

— مەرھەمەت!

ئۇ سىرلىق ئۆلۈم ۋە سەۋەبسىز غايىب بولۇشلار ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان. ئەمدى بۇ قىسمەت ئۆزىگە نېسىپ بولغان بولسا... سېھىرلىك ئۆلۈم شەربىتى ئۆزىگە سۇنۇلغان بولسا... شۈكرى، ئەلھەمدۇلىللا!...

ئۇ گۆر ئىچىگە بېشىچىلاپ ئاستا سىيرىلىپ كىردى. يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ يېتىپ، يەنە «سۈرە فاتىھە» دىن باشلىدى.

تۇيۇقسىزلا گۆرنىڭ ئاغزى ئېتىلگەندەك بولدى. ئۇ ئۆز

بەدەنلىرىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇلا ئەمەس، ھەممە ياق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.

«ئىنايىتىڭگە تەشەككۇر، بەرگەن نېسىۋەڭگە رەھمەت!»

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، قانچىلىك زامان ئۆتتىكىن... بىر چاغدا ئۇ غايىب ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك، غايىبانە ئاۋازدا سۆزلىگەندەك بولدى.

— ئالدىراپ شادلانما. ئۆلۈم نېسىۋىسى ساڭا تېخى بېرىلمىدى!

— ئۇنداقتا، مەن قانىيدىمۇ؟

— قانىيدا، ھەم باقىيدا.

— تۆۋبە!... بەندە ئاجايىپ سىناقلارغا دۇچار بولىدىكىنە. ئاللا!... ئۇلۇغ ئاللا!...

— ئېيتقانلىرىڭ توغرا. ئەمما، تۇنجى گۆرۈڭ يەنىلا مۇشۇ يەردە بولغۇسى.

— رەھمەت. بۇ... بۇ... يەنە كۆچكۈدەكمەن؟... بۇيرۇلغان قىسمەتكە قۇللۇق!

— كۆچۈشلىرىڭ قارا بورانلىق كۈنگە توغرا كەلگۈسىدۇر.

— پۈتۈلمىش قىسمەتكە قۇللۇق!

— مۇساپەڭ ئۇزاق، سىناقلار ئېغىر بولغۇسىدۇر.

— ئەلھۆكمىلىللا!

— ھەق ۋە ئەل ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق بولغۇسىدۇر.

— مىڭلارچە تەشەككۇرلەر!

...

گۆر ئاغزى قانداق تېزلىكتە يېپىلغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىكتە ئېچىلدى. ئاق قوچقار نۇرلار ئارىسىدىن يەنە ئۇنىڭغا قاراپ مەرىدى:

— مەرھەمەت!

ئۇ قايتا تىرىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. باقىيدىن

قايتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. قوچقارغا ئەگىشىپ، كەلگەن يولىچە ياندى. ئۆيگە كېلىپ ئىختىيارسىز هالدا بايىقى ئورنىدا ۋە شۇ قىياپىتىدە ئولتۇردى. چىراغ يېقىش ئېسىگىمۇ كەلمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا قارىدى. ئىشىك يېپىقلىق. قوچقار غايىب بولغانىدى.

«تۆۋبە قىلدىم، تۆۋبە!...»

ئۇ ياقىسىنى تۇتقىنىچە، ئالدىدىكى شىرەگە بېشىنى ئاستاغىنە قويدى. هاياجان دولقۇنلىرى ئۆرلىگەن قەلبى كۈچلۈك لەرزىگە كەلگەنىدى. ۋۇجۇدى تىترەيتتى، يۈرىكى تېپىچەكلەيتتى. روهىي زىلزىلىسى مەڭگۈ بېسىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پىكىر تۇلپارى هامان بىر خىلدا چېپىپ باراتتى. لېكىن، كۆزلەر، هەئە، هارغىن ۋە خۇمارلاشقان كۆزلەر ئىختىيارسىز ۋە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا ئىلىنماقتا ئىدى...

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ چۈش كۆردى.

ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان مەۋلانە ئۇنى ئاۋۋالقى يولدا، ئاۋۋالقىدەكلا يېتىلەپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ــ بۇلۇتلۇق يىراق ئۇپۇقتا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلارمىش. ئالتۇن نۇرلىرىنى سېپەرمىش...

# مەن كىم؟

قەبرىستانلىق جىمجىت ئىدى. سۇلايمان شەيخ تەپەككۇر دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇ شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئىدىكى، روشەنلەشكەن قەلب كۆزى ئىككى ئالەم روھ، سىمالىرى ھودۇدىدىنمۇ ھالقىپ كېتەتتى. ئۆتمۈش، بۈگۈن، كەلگۈسى؛ ئارزۇ، رېئاللىق، خىيال، چۈش... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئېھتىياجى بويىچە يۇغۇرۇلۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ باراتتى. كۆرەلمەس سىما، ئاڭلىيالماس سادا بولمايتتى. دەرۋىشلىكتىن شەيخلىققىچە بولغان چىن ۋە زىددىيەتلىك ئەقىدە مۇساپىسىدە ئۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مەنىۋى چوڭقۇرلۇق ئالەمگە ئۇلىشىپ باقمىغانىدى...

ئۇ ھاياجانلىناتتى، ئۇزۇن يىللىق ئازابلىق سۈكۈت بەدىلىگە ئېرىشكەن روھىي ئىزدىنىش پەللىسىنى قاچۇرۇپ قويغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن ئۆز ـ ئۆزىگە ماھىيەت ۋە ئەسلىيەت... كۈندەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇشەققەتتە ئېچىلغان بۇ ئىلاھىي يوچۇقتىن ئۇ ئۆزى ئىزدىگەن، تىنىمسىز قوغلاپ يۈرگەن ھەممىلا نەرسىنى تولۇق كۆرۈۋېلىش كېرەك ئىدى.

راست، ئۇ كۆرۈۋاتاتتى. ئېچىلىپ كىرگەنسېرى ئۆزىنى كۆرمەكتە ئىدى. باقىي، پانىي ئالەم ۋە ئادەم... قىسقىسى، ئۇ ئىزدىگەن ھەممىلا نەرسىدىن ئۆز ئەكسى ئايان بولۇۋاتاتتى. ئەڭ ئېنىق كۆرۈنۈۋاتقىنى ھەزرىتى ھاجىمنىڭ (ھاجى خەراباتىنىڭ)

سىماسىدا ئەكس ئەتكەن ئۆزى ئىدى!
«كۆرۈنۈۋاتقىنى كىمنىڭ سىماسى؟ مەن كىم؟» ئۇ ھەيران ئىدى. ئىزدەپ يۈرگەن مەنزىلى كۈتمىگەن نەتىجىلەر بىلەن ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى. نەزىرىدىكى ھاجىم ھاجىمغا، چۈشىنىدىغان ئۆزىمۇ ئۆزىگە ئوخشىمايۋاتاتتى. ئۇ ھاجىمنى چۈشەنمىگەنمۇ ياكى ھاجىمنىڭ قۇدرەتلىك روھى ئۇنى ئۆزگەرتىپ بېرىۋاتامدۇ؟ بۇنىڭغىمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى. پەقەت ھەيرانلىق بىلەن ئىزدەيتتى، ئەسلەيتتى، كۆرەتتى، سېزەتتى...
— ئۇشبۇ بۇزرۇگاھقا مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپتۇ. ئەمدى بىر مەھەل تۇرۇپ، دۇئايى - زىيالىرىنى چېچىپ كەتكەيلا دەرۋىش ھەزرىتىم، — شۇنداق دېگەندى شەھىدانە خوتەننىڭ گۈما ئاتلىق گۈل دىيارىدىن يانار چېغىدا ياشانغان شەيخ ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ.
— خوش، مەن يەنە كېلۇرمەن تەقسىر، — چىرايلىق رەت قىلغانىدى سۇلايمان دەرۋىش، يوقلار مازارىم كۆپ، بارار مەنزىلىم خوپ يىراق، قوزغالمىسام بولماس.
— دېگەنلىرى يوللۇق، ھەزرىتىم، — يەنە يوپۇشقانىدى شەيخ، — ئەمما، سىلى بارماق بولغان مازارى - ماشايىخلار ئىچرە بۇ يەڭلىغ كاتتا مازار يوق! نى - نى غازى، شېھىتلەرنىڭ روھى مۇشۇ تۇپراقتا جەم بولغان تەقسىر. خوتەن دېگەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، ئۇلۇغلار يۇرتى.
— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، شەيخ ھەزرىتىم، - ئالدىراپ چۈشەندۈرگەنىدى سۇلايمان دەرۋىش، — شۇلارنى ئويلىسام، پېقىرنىڭ زادىلا كەتكۈسى يوق. لېكىن، دىيارى ئاقسۇنىڭ چوغتال ئاتلىق مۇبارەك تۇپرىقىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ھاجى خەراباتى ھەزرىتىمنى زىيارەت ئەيلەپ، پىر - ئۇستاز تۇتماقنى ئۈزۈندىن دىلىم تارتىپ تۇرىدۇ. ئەھدۇ - مەنزىلىمنى

چۇشەنگەيلا ھەزرەت.

— ۋاي، ھەزرىتى ھاجى خەراباتى ئەۋلىيانى دەملا، تەقسىر؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى شەيخ، — ئىسىم قۇرۇسۇن، ئىسىم قۇرۇسۇن. بىلىمەن، ئۇل زات غازىيانە ئاقسۇنىڭ گۇلتاجى، ئىقلىمدىكى تەڭداشسىز ئەۋلىيا، ئۆلىما. ئۇل كەبى زاتلار بۇ ئەلدە ناھايىتى كەمدۇر. پېقىرنىڭ بىلىشچە، ئۇل زات تەلقىن ـ مۇلاھىزىلەردە كامالەتكە يەتكەن، نەزىم ـ ھېكمەتلەردە تەڭداشسىز. ئۇنىڭ پاساھەتلىك مىسرالىرىدىن بەھر ئالغان ئىنسان ئاللانىڭ ۋەھىسىنى غايىبانە ئاڭلاۋاتقاندەك بولىدۇ. يەنە ئۇ زاتتا ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىش؛ تىلسىز مەخلۇقاتلارغا تىل بېرىپ، ئەنجۇمەن قۇرۇپ ئولتۇرالايدىغان... سېھرىي ـ كارامەتلەرنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ.

— ھەق راست، تەقسىر، — دېگەنىدى سۇلايمان دەرۋىشمۇ ھاياجانلىنىپ، — پېقىر دەل شۇ ۋەجىدىن زىيارەت ئەيلەپ كېتىۋاتىمەن. شۇل ھەزرەتنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرگۈم بار. ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، سوپى ـ دەرۋىشلىكنىڭ كامالەت مەنزىلىگە يەتكۈم بار، تەقسىر.

— خويمۇ خاسىيەتلىك ئىشنى نىشانلاپ مېڭىپتىلا، دەرۋىشىم، شۇنداق دېگەنىدى شەيخ قايىل بولۇپ، — ئۇل ئەۋلىيانىڭ ھۈنەر ـ خىسلەتلىرىنى ئىگىلىۋېلىش كاتتا ئىلىم تاپقانلىق. ئۇل زات يېتۈك سوپى. يوق بولالايدىغان، يوقىتالايدىغان، جىمى مەخلۇقات بىلەن مۇلاقەتتە بولالايدىغان، قۇشلار سۈرىتىدە ئۇچالايدىغان ئۇلۇغ زات. تەقدىر ئىرادە قىلسا، پېقىرمۇ ئۇل زاتنى زىيارەت ئەيلەپ كېلىشنى ئىستەپ يۈرگەنمەن. سىلىگە دەخىل قىلماي، ئۆز مۇددىئا، خاسىيەتلىك نىيەت بىرلە يولغا چىقىپتىلا، ئاقىيول بولسۇن!...

سۇلايمان شەيخ سۆكۈت ئىچىدە ئىچكىرلەپ باراتتى. تىنىمسىز چوڭقۇرلاش ئۇنى ئۆز ئەكسىگە، ماھىيىتىگە

يېتەكلەپ بارماقتا ئىدى. مۇشۇ ماھىيەت گەۋدىسىدە ھەممە زاھىر بولاتتى، قايتىلىناتتى، قايچىلىناتتى...

— شۇنداق قىلىپ، ئۆزلىرىمۇ بۇ يەرنى تەرك ئېتەمدىلا دەرۋىشىم؟ — نارازى بولۇپ سورىغانىدى چىھىلتەنلىرىم شەيخى ئىككى ئايچە ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ، يانماقچى بولۇۋاتقان سۇلايمان دەرۋىشتىن. مازارغا كېلىدىغانلارنىڭ سانى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، بۇ قەدەر ئۇزاق دۇئايى ـ سىغىنىشتا بولىدىغانلار مازار ئۇچۇن ئەبەدىيلىك مېھمان ئىدى. بۇنداقلار مازارنىڭ نامىنى تارىتاتتى، سۇر ـ ھەيۋىسىنى ئاشۇراتتى. شۇڭا، شەيخلەرنىڭ ئۇلارنى قويۇۋەتكۇسى كەلمەيتتى، — ماڭا قايلىسىلا، مانا بۇگۇن ساق 67 كۈن بولدى ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقىلى. ئەمدى يەنە بىرنەچچە ھەپتە ئارام ئالسىلا. خىزمەتلىرىدە بولاي، مۇڭ ـ مۇلاقەت قىلىشايلى.

— رەھمەت، شەيخ ھەزرەت، — بۇ يەردىمۇ شۇنداق ئۆزرە قويغانىدى سۇلايمان دەرۋىش، — چىھىلتەنلىرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى دىلىمغا ئايانىدۇر. لېكىن، مەنزىلىم كۆپ... مەنزىلىم بەكمۇ كۆپتۇر...

— سوپى دەرۋىشلەرنىڭ بارار گاھى تۈگىمەستۇر، تەقسىر. ئىقلىمدىكى جىمى مازارى ـ ماشايىخ ئۇنىڭ مەنزىلى. جاھان كېزىش ئاشىقلارنىڭ ۋىسال تېپىش يولى. ئەمما، ھەزرەت، ۋىسالنى قارار تاپقۇزۇشتا ئەزىزانە قەشقەر كەبى خىسلەتلىك يۇرت يوقتۇر. چىھىلتەنلىرىم پىرىيانە يەركەن ھەم يانە دىيارى كاشىغەرنىڭ زىننىتى ئېرۇر. بۇ يەرگە ساۋاب ـ ساخاۋەت، دىدار ـ مۇلاقەت، ۋىسال ـ پاراغەت... ھەممە مۇجەسسەم بولغاندۇر. شۇڭا دەيمەنكى، شەھىرى خوتەندىن كېلىپلا «بىرنى بىر دەيتمىز» دەپ گەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالماي، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ تۇرۇپ بەرگەيلا. ماڭا قايلىسىلا دەرۋىشىم...

شەيخنىڭ گەپلىرى تۈگەر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سۇلايمان

دەرۋىشنى راستىنلا قويۇۋەتكۇسى كەلمەيۋاتاتتى. يۇرت ـ يۇرتلاردا كۆرسىتىلىۋاتقان قىزغىن شاپائەتتىن سۇلايمان دەرۋىش بەكلا تەسىرلەندى. ھەتتا، شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ چاناقلىرىغا لىققىدە ياش تولدى. لېكىن، ئۇ ماڭمىسا بولمايتتى. تولىمۇ يىراق جايدا ـ شەھىرى ئاقسۇدىكى چوغتال ئاتلىق مۇبارەك يۇرتتا ئۇلۇغ بىر زات ئۇنىڭ زىيارەت ئەيلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى ئىدى، ھەئە، ئۇ كارامەتلىك ئەۋلىيا خەراباتى ھەزرىتىم ئىدى.

ئۇ ئاخىرى راست گەپنى دېدى. چېھىلتەنلىرىم شەيخىمۇ ھەيران قالدى.

— ۋاي شۇنداما؟ — سۇلايمان دەرۋىشنىڭ ئىككى قولىغا مەھكەم ئېسىلدى شەيخ، — بۇرۇنراق دېگۈلۈكتى ئەمەسما مۇشۇ گەپنى تەقسىر. ئول زات ھەققىدە پېقىرمۇ ئىشتىپ، بىلىپ كېلىۋاتقان قايىلسىلا. ئەمما، شۇل زاتنى زىيارەت ئەيلەش كەمىنە ئاجىزغا نېسىپ بولمىدى، — ئۇ خېلىلا ئاقسايدىغان ئوڭ پۇتىنى تۇتۇپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى، — ھامان بىر بارماقنى ئىستەپ يۇرۇۋاتىمەن. خۇدا نسىپ قىلار. ئەممازە، ئۆزلىرىگە تولا خاسىيەتلىك مەنزىل راۋا بوپتۇ، دەرۋىشىم. ياش، بېجىرىم ئىكەنلا. ئۇلۇغ نىيەتنى مۇشۇنداق چاغدا قارار تاپقۇزغۇلۇق. بىلمەي قاپتىمەن، بارسىلا. ئول زاتقا كەمىنە ئاجىز دەرۋىشتىن سالام دېسىلە. ئول زات بەكمۇ كارامەتلىك دەرۋىشتۇر. پۈتۈن ئالەمنى كېزىپ چىقىپ، ئاقسۇ ئاتلىق ئەزىم يۇرتتا تۇرۇپ قالغاندۇر. ئۇ يەنە ئەۋلىيا، سېھرىي ـ بەند قىلىش خىسلىتىگە ئىگە ئۆلىما سوپىدۇر. ئۇنىڭ بىر كەلىمىسى بىرلە چۆللەر بوستان بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر زۇۋانغا كىرمىشتۇر. ئۆلۈكلەر جان تېپىپ، تىرىكلەر ئىبرەت ئالمىشتۇر. ئىنسان ھايۋانغا، ھايۋانلار ئادىمىزات سۇرىتىگە بەند بولمىشتۇر. كېسەلگە شىپا بېرىپ، مەجرۇھقا كۈچ ئاتا قىلمىشتۇر، ئول زات يەنە نەپسى

ۋەسۋەسىسىدىن تامامى قول ئۈزگەندۇر. شۇل سەۋەب، جاھان مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئۆيلەنمىگەن، روزىغا تۇتمىغان، پۇل، مالۇ ـ دۇنيا يىغمىغاندۇر. ئول زات يېگانە ئەۋلىيادۇر، تەنھا ئۆلىمادۇر. يوللىرىغا توسقۇن بولماي، بارسىلا، ئاللاھقا ئامانەت!

سۇلايمان دەرۋىش بارغانلا يېرىدە ھاجى خەراباتى ھەققىدە ئاڭلايتتى. بۇ ھەقتە دېيىلگەن تەرىپ ـ سۈپەتلەر ئۇنىڭ ھەزرىتى ھاجىم توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاس ـ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭچە، ھاجى خەراباتى ئەۋلىيا، ئۆلىما بولۇپلا قالماي، يەنە تەڭداشسىز سېھرىي ـ كارامەت ئىگىسى ئىدى. ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئاشىقلىق يولىنى تۇتقان مەشھۇر دەرۋىش، ئاللا ۋەسلىنى ئىزدەپ ماڭغان يىتۈك سوپى ئىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان شۇنداق ئاڭلاپ ۋە چۈشىنىپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ ئوخشاشلىق ئۇنى ھاجى خەراباتىغا غايىبانە شاگىرت بولۇشقا ئۈندىگەندى. مۇشۇ ئوخشاشلىقلار ئۇنى ئالدىراتتى، ھاجى خەراباتىدىن تەلىم ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدەك سېھرىي كارامەتلىك سوپى بولۇشقا، ئاشىقلىق دەۋايىغا تېزرەك شىپا تېپىشقا ئالدىراتتى... مۇشۇنداق چاغدا ئۇ ئۆز ئەقىدە يولىنىڭ ناھايىتى توغرا تاللانغانلىقىنى ۋە بۇ يولنىڭ پاك پەرھىزلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئادا قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

ئۇ «پىر ـ ئۇستازلار توغرا قىلغان» دەپ ئۆز يولىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى ۋە ئۆزى بىلىدىغان مەشھۇر سوپى ـ ئىشانلارنىڭ نامى ـ شەرىپىنى بىر ـ بىرلەپ زىكرى قىلىۋەتكەندىن كېيىن، «فانىي مەئىشەتلىرىدىن نە لەززەت، جاھان تەئەللۇقاتىدىن نىمە ۋافا؟» دەپ ئىلگىرىكى دەرۋىشلەرنىڭ ھېكمەت ـ ئىبارىلىرىنى تەكرارلايتتى. «ئىشقنىڭ ئۇلۇغى ـ ئىلاھى ئىشق. دەرۋىشلىك رىيازەتلىرى ـ ئاللا ۋەسلى يولىدىكى

ئاشىقلىق سىنىقىدۇر.»

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇشەققەتلىك، ئەمما يەنە ھىدايەتكە تولغان پارلاق بىر يول قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ يول بويلاپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ قارىشىدا مۇشۇ يولدىن، ئۆزى بېسىپ مېڭىۋاتقان دەرۋىشلىك يولىدىن باشقىسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. نېمىشقا شۇنداق بولمىسۇن؟ جاھاندا سان ــ ساناقسىز پۇل ــ دۇنيا ئىگىلىرى، پادىشاھ ــ ئېسىلزادىلەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كۆرگەن راھەت ــ پاراغەتلىرى، سۈرگەن خۇلق ــ مەئىشەتلىرى... ھەددى ــ ھېسابسىز ئىدى. لېكىن، قايسىبىرى ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالىدى؟ قايسىبىرى ئەبەدىيەت جامىدا مەي ئىچەلىدى؟ ياق، ھېچقايسىسى! جەننەت ھۆزۈرىنى سۈرگەنلەرمۇ، دەۋرى ــ دەۋران ھاكىم بولۇپ ئۆتكەنلەرمۇ جاھاندىن ئىز ــ تىزسىز يۇتتى، يوقىدى. بۇ ئالەمدە پەقەت ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن گۇناھى كەبىرلارنىڭ بەتبۇي ئىزناسىلا قالدى. بىلسە، بۇ ئالەمدە ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ. ياشىغان ئىكەنسەن گۇناھنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئازدۇرۇشلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. مال ــ دۇنيا يىغىش گۇناھلار ئارىسىدىكى ئەڭ سېھىرلىك ۋە ئەڭ ئېزىتقۇ گۇناھ. ئىنسان دۇنيا ۋەسۋەسىگە ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى مال ــ دۇنيا ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان نەپسى غالىبلىقتۇر. ئىنسان ئۇنىڭ كۆرۈنمەس جىلۋىسىگە ئاسانلا ئەسىر بولۇپ، ئىبلىس سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ. دۇنيا يىغىش يولىدا ھارام، ھالال دەپ ئايرىمايدۇ. بىرلىرىنى شىلىپ يەپ، يەنە بىرلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. قول ئىلكىدىكى دۇنيانىڭ كۈچى بىلەن مۆمىنلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدۇ. تېخىمۇ يامىنى، غالىبلىق تالىشىپ، ئاللاغا شەك كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا ئىمانسىزلىق بىلەن باراۋەر. بۇنىڭ يىلتىزى روزىغار تىكلەش. بۇ ئىككىسىنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، مەنبىيى

يەنىلا روزىغار. روزىغار دېمەك ئۆي ـ جايلىق بولۇپ، خوتۇن ئال، بالا تاپ، پۇل ـ دۇنيا يىغ دېمەكلىك. مانا بۇ ئىنساننى گۇناھنىڭ بارلىق يوللىرىغا باشلاپ كىرىشكە قادىر. روزىغار تۇتقان ئىكەنسەن، خوتۇن ئالىسەن، بالىلىقمۇ بولىسەن. ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇش، تەربىيەلىنىش، قاتارغا قوشۇلۇپ مۇسۇلمان بولۇش... يولىدىكى بارلىق پەرھىز ـ سۈننەتلىرىنى ئاتىلىق سالاھىيەتتە ئادا قىلمىقىڭ شەرت. ئادا قىلمىساڭ، ئاللا يولىدا گۇناھكار بولىسەن، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ۋاپاسىز ئاتىلىسەن. ئادا قىلساڭ، مۇشۇ يولدا بىلىپ ـ بىلمەي يەنە گۇناھقا پاتىسەن. تۇرمۇش ئۈچۈن، ياخشى ياشاش ئۈچۈن... ھەر يان چاپىسەن. «مەن» دېگەن بىر يەككە مەنپەئەتنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئىنساب، ديانەت... دېگەنلەردىن كېچىپ، روزىغارا يىغىسەن! بۇنىڭ ئۆزى گۇناھ. گۇناھلار قېتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلار ئۆز روزىغارى ئۈچۈن يەنە گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ سادىر قىلىدىغىنى ھەتتا ئاتىسىنىڭ گۇناھىدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ گۇناھ ئۇستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك. ئۆزى تۇرماق، ئۇرۇق ـ پۇشتىنىمۇ گۇناھقا شېرىك قىلىپ، نەۋرە ـ چەۋرىلەرنىمۇ گۇناھقا پاتۇرغانلىق... بۇنىڭ ئۆزى ۋىجدانى جىنايەت. شۇڭا، ئىنسان تۇغۇلماسلىقى كېرەك. تۇغۇلغانىكەن، بىر ئۆمۈر «نەپسى جىھات» قىلىپ، نەپسى بىلەن ئېلىشىپ ئۆتۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، جاھاننىڭ ھەممە خوۋلۇق ـ مەئىشەتلىرىدىن قول ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر يول ـ دەرۋىشلىك!

ئۇ شۇنداق ئويلايتتى. تىل ۋە ھەرىكىتىدىمۇ شۇ مىزانغا ئەمەل قىلىپ كەلگەنىدى. ھەتتا، شۇنداق ئىشىمۇ يۈز بەرگەن ئىدىكى، ئۇ ئەرلىك غۇرۇرى بىلەن دەرۋىشلىك ئەقىدىسى ئوتتۇرىسىدا شەھۋانى ئىشق بىلەن ئىلاھى ئىشق ئوتتۇرىسىدا ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنىدى. نىھايەت، بۇنى يەڭدى. يەنىلا ئۆز

ئەقىدىسىگە سادىق بولدى. ئەمما، بۇلارنى ئويلىسا، ۋۇجۇدى هازىرمۇ جىغىلدايتتى. قەلبى لەرزىگە كېلەتتى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، مېنى بىرگە ئېلىپ كەتسىلە ئۇز غوجام... — شۇنداق دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلغانىدى خوتەنلىك هېلىقى گۈزەل قىز ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇنقى بىر سەھەردە يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئېسىلمىسىلا، قولۇمغا ئېسىلمىسىلا خان، — دەرهال سىلكىۋەتكەنىدى سۇلايمان دەرۋىش قىزنىڭ ئوت تەپچىپ تۇرغان نازۇك قولىنى، — مەن ئاشىقلىق يولىدا يۈرگەن ئادەم. نەپسى شەهۋەتتىن، مۇهەببەتتى هارامدىن قول ئۈزگەنمەن. بۇ يولدىن يانسام گۇناه بولىدۇ. راست، مېنى تۇتمىسىلا...

— گۇناهى بولسا ماڭا بولسۇن، دەرۋىش غوجام، — جاهىللىق بىلەن قول سوزغانىدى پەرى سۈپەت شۇ قىز، — ئاللا دىلىمغا بۇ ئىشقنى ساپتۇ، ئەمدى ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا. يا تۇرۇپ قالسىلا، يا بولمىسا مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتسىلە.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، يولۇمدىن يانالمايمەن، — خۇددى پاسكىنا بىر نەرسە يۇقۇپ قالىدىغاندەك قوللىرىنى تېزلىك بىلەن قاچۇردى سۇلايمان دەرۋىش، — ئاللا مېنىڭ دىلىمغىمۇ ئاللىبۇرۇن ئىشق ئوتىنى سېلىپ بولغان، بۇ ئوت ئاللاغا بولغان ئاشىقلىق، ئىلاهىي ئىشق!

— ئۇنداق ئۇۋال قىلمىسىلا غوجام.

— سىلىمۇ ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا خان.

بىر هازا جىمجىتلىق ۋە ئىزتىراپتىن كېيىن، كۈتۈلمىگەن بىر سوئالنى تاشلىدى قىز.

— ئاللاغا ئىشىنەمدىلا غوجام؟

— ئەلۋەتتە، بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟

— خوپ، ئۇنداقتا هەممە ئىش ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— خوش.

— ئەمىسە نېمىشقا ئەر، ئايال دەپ ئايرىپ ياراتتى؟ بۇنداق يارىتىشتىن مەقسەت نېمە؟ — يىغلامسىراپ تۇرۇپ ۋە غايەت زور جۇرئەت بىلەن يېنىشلاپ سورىدى قىز. ئىشق ۋە جۇدالىق پەيتلىرى ئۇنى شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلاۋاتاتتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئىماندىن ئاجراپ كېتىلا.

— ئەمىسە... نېمەدەپ... — مىشىلداپ يىغلىدى قىز تىترەك ئاۋازدا سۆزلەۋېتىپ.

— بۇ... بۇنى...

— بۇنداق غەرەزلىرى بار ئادەم ماڭا نەزەر تاشلىماي يۈرگۈلۈكتى ئەمەسمۇ، ئۇز غوجام، — يىغلاپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى قىز، — قارىسام قارىدىلا، ئۇسسۇزلۇق ئەكېلىپ بەرسەم ئىچتىلە. ئاش - تاماق بەرسەم ئالدىلا. بىر كۈن ئۆتتى، ئىككى كۈن ئۆتتى. ئۈچ ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى... قارا - قارىشا تۇيمايلا سىلىگە ئەسىر بولۇپ قالدىم. ئۆزلىرىگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى غوجام. ئەمدى ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا. مېنى ئەمىرلىرىگە ئېلىپ، خىزمەتلىرىگە سالسىلا، غوجام. تەرەتلىرىگە سۇ بېرەي، پۇتلىرىنى يۇياي... بىر ئۆمۈر خىزمەتلىرىدە بولاي...

قىزنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن نومۇس ۋە غۇرۇرنى قايرىپ قويۇپ شۇنداق دەۋاتقانلىقى سۇلايمان دەرۋىشكە ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا تىترەك ئولاشتى. بېسىپ بولماس بىر ئوت يۈرىكى ئارقىلىق تومۇر - تومۇرلىرىغا ياماشتى. ئۇ خوتەن قىزلىرىنىڭ ناھايىتى گۈزەل بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، لېكىن بۇ قەدەر گۈزەل ۋە جۈرئەتلىك كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە، گۈزەل رۇخسارىغا قايسى ئىقلىمنىڭ قىزلىرى تەڭلىشەلىسۇن؟ بالدەك شېرىن سۆزلىرىگە قايسىبىر سۇخەنگوي سۆز قايتۇرالىسۇن. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆز ئەمەس،

ئوت؛ سۆزلىرى سۆز ئەمەس، لەزىز ئوق!

— مەن سىلىگە باشقىچە غەرەزدە قارىمىغان، خان... — ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، مىنىڭ تەسلىكتە شۇنداق دېيەلىدى دەرۋىش، — ئەجەپ كۆڭلى ئوبدان، دىلى يۇمشاق قىز ئىكەن... دەپ، ساۋابلىق يولىنى تۇتۇپتۇ دەپ...

— شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ كۆڭلۇمنى ئۇتتۇۋالدىلا ئەينا.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ...

— سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا مەن ئەر بولۇپ قالغان بولسام... — قىز ئاياپ قالدىمۇ ياكى ئاخىرىنى دېيىشكە نومۇس قىلىپ قالدىمۇ، گېپىنى چالا دەپلا، بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى. لېكىن، بۇ گەپ دەرۋىشنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتتۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى چوش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆز ئورنىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق مىدىرلىماي تۇردى. قەلبىدە ئاچچىق بىر داغ قالغاندەك بولدى.

نېمىلا بولسۇن بۇ ئىش توگىدى دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. بىراق، ئاخىرقى دەقىقىلەر تېخىمۇ قىيىن بولدى. قىز ئېشەككە مىنىش ئالدىدا تۇرغان دەرۋىشنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، تۇيۇقسىزلا يەرگە تىزلاندى:

— مېنى ئېلىپ كەتسىلە غوجام... سىلى بىلەن بىرگە كېتەي. خىزمەتلىرىنى قىلاي، دېدەكلىرى بولاي...

— راست، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن... قىلالمايمەن! — تىترەك ئاۋازدا رەت قىلدى دەرۋىش.

— ئۇنداق بولسا... ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۇۋالى سىلىگە.. ماۋۇ يوللۇقۇمنى قوبۇل قىلغايلا، يولدا ئەسقېتىپ قالار، خۇداغا ئامانەت، ئاقيول بولسۇن!...

قىز شۇنداق دېدى - دە، يەنە قىيماي، دەرۋىشنىڭ پۇتىغا «كاپ» قىلىپ ئېسىلىپ، ئۇچىرىغانلا يېرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. پۇرىدى، كۆزلىرىنى سۇرتتى... ئۇ مۇشۇ تەقلىدتە يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ دەرۋىشنى ئۇزىتىپ قويغانىدى.

مۇشۇ كۆرۈنۈشلەر پات ـ پات ئېسىگە كېلىپ، قەلبىدە ھىجران ئازابىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل شېرىن ئازابنى پەيدا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۆلگىيىپ بېرىۋاتقان ئىلاھىي ئىشقىنىڭ كۈچى بىلەن دىلىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئەرزىمەس ئىشقىنى، نەپسى غالىبلىقنى باسماقچى بولاتتى...

ئۇنىڭ قەلب كۆزى يەنىمۇ ئىچكىرى نۇقتىلارغا تىكىلىپ باراتتى. كۆرۈپ سېلىشتۇرغانسېرى باشقىچە بىر ھال زاھىر بولماقتا ئىدى. بۇ سۇلايمان شەيخنى ھەيران قالدۇراتتى. گاڭگىرىتىپ قوياتتى.

ـــ جانابىلىرى يىتۇك ئەللامە، داڭلىق سوپى تۇرۇپ يەنە ئۆي ـ ئوچاقلىق بوپتىكەنلا ـ ھە، تەقسىر؟ دېمەكچى بولۇۋاتىدىلا دەرۋىش ئىنىم، ـــ دېگەنىدى ھاجى خەراباتى بىر كېچىدىكى روھىي مۇلاقەتتە سۇلايمان دەرۋىشنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، يېڭى كەلگەن يىللىرى مۇشۇ سوئال ئۇنى قىينىغانىدى.

ـــ يوقسۇ، يوقسۇ ھەزرەت، مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم... ـــ سۇلايمان دەرۋىش ئۆزىگە قادىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋە دانىشلارچە نۇر تاراپ تۇرغان كۆزدىن ھېيىقىپ، گېپىدىن دەرھال يانىدى، ـــ سەت بولدى، ئەۋلىيا ھەزرىتىم، مەن... مەن... شۇنداق ئويلىغان.

ـــ دۇرۇس، سىلى شۇنداق ئويلىغان. قەبرەمگە قاراۋاتقان كۇندىن باشلاپلا مۇشۇنداق ئويلاۋاتىدىلا.

ـــ خوش، ـــ ھەيران بولۇپ شۇنداق دېگەنىدى كېچىلىك مۇلاقەتتە سۇلايمان دەرۋىش.

ـــ ئەمما بىلىپ قالسىلا، تەقسىر، ـــ ئەۋلىياچە تەلەپپۇزدا داۋاملاشتۇرغانىدى ھاجى خەراباتى، ـــ مەن سوپى ـ دەرۋىش ئەمەس، كامىل مۇسۇلماندۇرمەن. دەرۋىش بولۇپ، يۇرت كېزىپ يۈرگەنلىرىدە، چوغتالى ئەزىمگە كېلىشتىن ئاۋۋال شۇنداق

ئويلىغاندىلە. قەبرەم يېنىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىرىدىمۇ مۇشۇ ئوي - خىيال كاللىلىرىدىن نېرى بارمىدى. ئەمدى بىلگەندىلا، مەن ھېچقاچان سوپى - دەرۋىش بولۇپ باقمىغان. مانا ئەمدى سىلى شەيخلىق يولىنى تۇتماق بولۇۋاتىدىلا. دېمەك، بىز ئەبەدىي بىرگە بولىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن مۇلاقىتىمىز كۆپ بولىدۇ. سىلىگە ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن، نۇرغۇن نەرسىدىن خەۋەردار بولىلا، - ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ ئىزاھات بەردى ئۇ، — مەن كامىل مۇسۇلمان. مۇسۇلمان ئۇچۇن ئۆيلىنىش سۈننەت. ئۆيلەنگەن ئىكەن بالا - چاقا بولۇش ھۆكۈمى مۇقەررەردۇر. سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇ تاپتا يەنە «روزىغار تۇتسا نەپسى ئۇستىدىن غالىب كەلگىلى بولۇرمۇ» دېگەننى خىيال قىلىۋاتىدىلا. راست دەيلا، روزىغار - نەپسىنىڭ يىلتىزى. ئەمما، بىلىشلىرى كېرەككى، ئېھتىياجىدىن زىيادىسى نەپسى غالىبلىق سانىلۇر. ئاللاتائالا: يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، دېگەن. بۇنىڭ ئۆزى ئېھتىياجىغا يارىشا بولسۇن دېگەنلىك. ئېھتىياجنىڭ قامدىلىشى نەپسى بالالىق ئەمەستۇر.

— ئۇنداقتا، سوپى - دەرۋىشلەر مۇسۇلمان ئەمەسمۇ، دېگەننى خىيال قىلىۋاتىدىلا دەرۋىش ئىنىم، يوقسۇ، ئەمدى سىلى شەيخ بولدىلا، شۇڭا شەيخ ئىنىم دەي، — دېدى خەراباتى ھامان سۇلايمان شەيخنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىپ، - ئۇلارمۇ ئەھلى مۇسۇلمان جۈملىسىدىندۇر. بارچىسىدىن، ئۇلارنىڭ نەپسىنى يېڭىش يولىدىكى ئاشىقانە جاھان كەزدىلىكى، روزىغار ۋە ئىشرەت - مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كەچكىنى - نەپسى جىھادىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئەمما، تەقسىر، ئىلاھىي ئىشققا بەند بولۇپ، ئىنسانىي سۆيگۈدىن يۈز ئۆرۈش گۇناھتىن قېچىپ، يەنە گۇناھقا پاتقانلىق بولۇر. ئالەمدىكى جىمى مەخلۇقاتنى، شۇ جۈملىدىن ئىنساننىمۇ ئاللاتائالا ئۆزى ياراتقان. ئاللانىڭ ياراتمىش بولمىش ئىنساننى سۆيمەك - ئاللانى سۆيمەكتۇر.

خۇلاسە كالامكى، ئاللا ياراتقان بارلىق مۆجىزىگە قايىل بولماق لازىم. ئىنسان سۆيگۈسىمۇ ئاللانىڭ مۆجىزىسى. شۇڭا، ئىنسانني سۆيگۈ بىرلە ئاللانىڭ ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك. ئاللا دىلىمىزدا، ئاللانىڭ روھ ـ زىبالىرى ئۇ ياراتقان بارلىق مۆجىزاتلار گەۋدىسىدە.

ـــ سىلى يەنە پېقىرنى ئەۋلىيا دەپ قىياس قىلغان. پاك دەرۋىش بولماق ئۈچۈن، ئىنسانني سۆيگۈنىمۇ رەت قىلغان. سېھرىي ـ كارامەت ئۆگەنمەكچى بولغان... ـــ سۇلايمان شەيخنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇ قىلغان ۋە ئويلىغان ھەممە ئىشنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتتى ھاجى خەراباتى، ـــ لېكىن، تەقسىر، ئەۋلىيالىق سۈپەت ئىنسان بالىسىغا خاس ئەمەستۇر. شۇل سەۋەب، مۆجىزە ـ كارامەتچىلىك ئەۋلىيالارغىلا تەئەللۇق خىسلەتتۇر. پاك سۆيگۈنى رەت قىلىش ۋاپاسىزلىق جۈملىسىدىندۇر... قالدى مۇئەممالار خۇسۇسىدا يەنە دېيىشىمىز، قېنى، ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا...

قەبرىستانلىق جىمجىت ئىدى. روھىي مۇلاقەتكە شاھىت بولماقچى بولغاندەك يۇلتۇزلار تىنىمسىز جىمىرلايتتى. سۇلايمان شەيخ مەنۋى مۇساپىسىنىڭ ئېگىز ۋە تولىمۇ يىراق پەللىسىگە ئۇلۇشۇپ بارغان بولسىمۇ، شۇ مەنزىلدە يەنىلا ئۆزىنى كۆرۈۋاتاتتى. چۈشىنىدىغان ئۆزى بىلەن ھازىر كۆرۈنىۋاتقان ئۆزىنى سېلىشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى ئۇنى يەنە قەبرە بېشىغا كەلگەن تۈنجى يىللارغا، روھىي مۇلاقەتلىرىنىڭ تېيىز كېچىكلىرىگە قايتۇرۇپ بارغانىدى. ئۇ ھەزرىتى ھاجى خەراباتىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى، ماڭاتتى، ماڭاتتى...

ئۇ شۇ قەدەر ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ بولغانىدى. ھەزرىتى ھاجىمنىڭ باللىقىنى بويلاپ داۋاملاشقان بۇ ئىزلاش، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھاجى خەراباتىنىڭ يۇرتتا تۇرۇشقا رايى قالمىغان دەۋرىگە ئۇلاشقانىدى. شەيخنىڭ قەلب كۆزى ئۆكۈنۈش بىلەن شۇنى

كۆرۈپ يەتتىكى، بىر چاغلاردا ھەزرىتى ھاجىمنى ئەۋلىيا دەپ ئۇلۇغلىغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئەمدىلىكتە ئۇنى خورلايدىغان، كەمسىتىدىغان مەۋقەدە كۆزگە چېلىقىۋاتاتتى. بۇ مەۋقە كىشىلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆچىيىپ كەتكەنىدى. سايىت قازى، بەكرى دەرۋىش... كەبى مۆتىۋەر پەتىۋاچىلار ئاللىقاچان باقىيلىققا يول ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەربىيەلەپ چىققان مۇرتلار سوپى ـ دەرۋىشلەر بىلەن قوشۇلۇپ غايەت زور كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. بولۇپمۇ، يۇرت ـ يۇرتلاردىن باش ئېلىپ چىقىۋاتقان قەلەندەر ـ دەرۋىشلەر ئالاھىدە رول ئېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىقىرىۋاتقان پەتىۋالىرىنىڭ غەلىتىلىكىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇلار ھەتتا قۇرئان، ھەدىستىن باشقا كىتابلارنى ساقلىغۇچىلارنى دارغا ئېسىشنى جاكارلىغانىدى. شۇنىڭدىن ئۆزگە نەرسىلەرنى يېزىشقا، كۆچۈرۈپ تارقىتىشقا بولمايتتى. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى چالما ـ كېسەك قىلىش، بارماقلىرىنى كېسىش، تىلىنى داغلاش، كۆزىنى ئويۇش... تەك قەبىھ جازالار كۈتۈپ تۇراتتى. يەنە بىر غەلىتە پەتىۋا شۇ ئىدىكى، باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەرنى كەمسىتىشكە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىزاھاتىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى خوجا ئەۋلادلىرى، ئاللا يولىدىكى ئاشىقلار ئىدى. بۇلاردىن دىنىي ياردەم، دۇئا ـ بەرىكەت كېلەتتىكى، ھېچبىر زەررە كەلمەيتتى. شۇڭا، چوغتالى ئەزىمدىكى جامائەت ئۇلارغا قول باغلاپ سالام بېرىشى، تەربىيەت قىلغاندا «خوش!» دېيىشى؛ خۇش چىراي مۇئامىلە قىلىپ، سورىغان ھەرقانداق نەرسىسىنى ئايىماسلىقى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىز ماللىرىنى ھەدىيە قىلىش لازىم ئىدى. بولمىسا ئىككى ئالەملىك گۇناھ ھېسابلىناتتى...

شەيخنىڭ نەزەرگە ئالغىنى غەلىتە پەتىۋالارنىڭ نەچچە مىڭ-دىن بىر پارىسى ئىدى. مۇشۇ كەمگىچە ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق باشقىلارغا تەربىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ھەزرىتى ھاجىم (ئەمدى

ئۇ ساۋابلىق خالىس جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىق تەربىيەت ۋە ساۋاق بېرىش يولىنى تۇتقانىدى). بۇنداق بۇرۇختۇم مۇھىتقا چىدىسۇنمۇ؟ ئۇ ھەزرىتى ھاجىمنىڭ كۆز ئالدىدىكى قارارنى سۇلايمان شەيخ ئۆزى ئىزلاپ يەتكەن قارارنى چىقارغىنى ئورۇنلۇق بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. ھەزرىتى ھاجىمنىڭ توغرا بولغانىكەن، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ خاتامۇ؟ ئۇنداقتا، دەرۋىشلىك ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ شەيخ بولۇۋاتقان ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىچۇ؟ ئۇ ئويلايتتى، مۇلاھىزە قىلاتتى. ئۇزۇن يىللىق روھىي مۇلاقەت ۋە مەنىۋى ئىزدىنىشلىرى ھاجى خەراباتىنىڭ پاك دىنىي ئەقىدە بىلەن ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. پاكىت، تەپسىلات ھەم ساخاۋەت ئىزنالىرىمۇ... ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەۋەرۇك ئۆلىما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

«خوش، ئۇنداقتا سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن ھەزرىتى ھاجىم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ يىلتىزى نېمە؟» بىردىنلا يەنە چوڭقۇرلاپ كەتتى سۇلايمان شەيخ. تەپەككۇر ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قەلب كۆزى ھەريان تىكىلەتتى. تەسەۋۋۇر قۇشلىرىمۇ كۈچ بىلەن پەرۋاز قىلاتتى. «مەنپەئەتمۇ، ئەقىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ؟»

ئۇ چوڭقۇر تەپەككۇر ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. كۆز ئالدىغا ھەزرىتى ھاجىم، ئەقىدە، سوپى - دەرۋىش ۋە مەنپەئەت - نەپسى... دېگەنلەر كېلەتتى. بارا - بارا ئۇ بىر نۇقتىنى سەزگەندەك بولدى. بۇ نۇقتا دەل ئەقىدە، نەپسى ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش يولى ئىدى. ئۇ بىلىدۇ، سوپى دەرۋىشلىك ئۇلۇغ ئەقىدە بىلەن باشلانغان ئاشىقلىق يولى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەقىدە مىزانى نەپسى جىھاد. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن جاھان كېزىدۇ، ئالەمدىكى بارلىق خوۋلۇق - پاراغەتلەردىن قول ئۈزىدۇ. ئەمما، بۇ ئەلدىكى كۆپلىگەن سوپى - دەرۋىشلەر مۇشۇ ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلالىدىمۇ؟ ھەزرىتى شاھ مەشرەپ

ئەۋلىيادەك ئاشىقلاردىن قانچىلىك چىقتى؟ ياق، ئۇ جىق كۆرمىدى. ۋىجدان بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقان دەرۋىشلەر، «نەپسى جىھاد» نى تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇپ، نەپسى شەيتانىغا ئەگەشكەن سوپىلار بولدى. يىراقنى دېمەي، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ يۇرتىدىكى سوپى ـ دەرۋىشلەرنى ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. راست ئەمەسمۇ؟ چوغتالى ئەزىمدىكى مۆمىن مۇسۇلمانلار ئاشىق ـ قەلەندەرلەرنى ئۆز قويىنىغا ئالدى. تۇز ـ تائام بېرىپ باقتى. ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ دەل ئاشۇ قەلەندەرلەر يۇرت ئەھلىنىڭ گەجگىسىگە مىندى. «نەپسى جىھاد» ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مال ـ دۇنيا يىغدى. قىز ـ چوكانلارغا قول ئۇزاتتى... مۇشۇنداقلار بىلەن خەراباتى ھاجىم كەبى ئەللامە زاتلار چىقىشالىسۇنمۇ؟

ئۇ چوڭقۇرلىغانسېرى قايناپ باراتتى. مۇشۇ پەيتى ماڭسا، ھەتتا ئۆزىنىمۇ رەت قىلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال ئىدى.

«ئەمما، ئاشىق ـ دەرۋىشلىك نەپسى جىھادتىكى ئەڭ توغرا يول» دېدى ئۇ چوڭقۇر خىياللار قېتىدا كېتىۋېتىپ. ھاجى خەراباتى بىر يىللاردىكى روھى مۇلاقەتتە ئېيتقان سۆزىنى تەكرارلاپ مۇنداق دېدى: «سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى بالا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ دىيانەتلىك زاتلار ئۆتكەن. ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرمەكنى ئىستەيمەن... ھەزرىتى ھاجىمنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەقىدە ئاسىيسى بولمىش ئازغۇن سوپىلاردۇر...»

ئۇ ھاجى خەراباتىنىڭ باشقىچە ئۇلۇغ بىر زات ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ چوغتالى ئەزىمگە كېلىشتىن بۇرۇن ھەزرىتى ھاجىمنى ئەۋلىيا دەپ بىلەتتى. لې-كىن، روھىي مۇلاقەتتە ئۆزى بۇنى رەت قىلدى. سوپى ـ ئىشانلار كاتتىسى دەپ ئاتىلىغاندى. ئەپسۇسكى، سوپى ـ ئىشانلار بىلەن

سىغىشالمايدىغان بولۇپ چىقتى. سېھرىي ـ كارامەتلىك زات دەپ ئىخلاس قىلغان، لېكىن بۇنىمۇ تەن ئالغۇسى يوق. ئەۋلىيالار ئۆز مۆجىزە ـ كارامەتلىرىنى ئەلدىن پىنھان تۇتىدۇ، دېگەن گەپ راست ئوخشىمامدۇ؟ سۇلايمان دەرۋىش گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. بىراق، گاڭگىراش ئىچىدە تۇرۇپمۇ ھاجى خەراباتىنىڭ خىسلەت مۆجىزىلىرى يوقلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئەۋلىيالىقىغا بولسا، بار ـ غانچە ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئەۋلىيا بولمىسا شۇنچە كۆپ ئىلا ـ ھىي ھېكمەتلەرنى، مۆجىزىۋى نەزم ـ مىسرالارنى ئاپىرىدە قىلالامدۇ؟ سېھرىي ـ كارامەتلىرى بولمىسا، خەقلەر ئۇنىڭغا ئىشىنەمدۇ، ئۇنىڭ پەزىل ـ سۈپەتلىرى ئەۋلىيا ماقامىدا يۇرت ـ يۇرتلارغا تارىلامدۇ؟

ئۇنىڭ قەلب كۆزىگە تاشلانغان ھاجى خەراباتى راستتىنلا قالتىس زات ئىدى. شۇ قەدەر كاتتا ئۆلىما تۇرۇپ، تىنىمسىز مېھنەت قىلاتتى؛ يازاتتى، تارتاتتى، تەربىيەت ۋە تەھسىل قىلاتتى. بۇنى ئاز دەپ يىل بويى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولاتتى. مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن تېرىغان ئوتياش، قوغۇن ـ قاپاقلىرىنى ئەھلى ـ مەھەللىدىكى يېتىم ـ يېسىرلار، مۇساپىر ـ يولۇچىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرەتتى. «ھاجى خەراباتىنىڭ ئەۋلىيالىقى ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقىدا، كەمتەرلىكىدە» دېگەنىدى مەھەللە مويسىپىتلىرى سۇلايمان شەيخ بىلەن بولغان مۇڭ ـ مۇلاقەتلىرىدە. «ئۇنىڭدىن نېمىنىلا سورىسا، بىلىمەن، قولۇمدىن كېلىدۇ، دېمەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز كارامەتلىرىنى داۋراڭسىز ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل خىسلەت ـ خاسىيىتى قورساقتا.»

بىر ھېسابتا مۇشۇ گەپلەر ئەقىلگە ئۇيغۇندەك قىلاتتى. دې ـ مىسىمۇ سېھرىي ـ كارامەتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغان ئادەمنى ئەۋلىيا دېگىلى بولامدۇ؟ پەزلى ـ پاراسەت، ئىلمىي ـ ھېكمەت، سەزگۈ ـ بېشارەت، سېھرىي ـ كارامەتلەر... ئەۋلىيالىقنىڭ ئۇر ـ

تاق سۆپىتى. تىرىك يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولماي، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ سېھرىي ـ كارامەتلىرىدىن بەھر ئالالمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىنقى سۆپەتلىرى روھىي مۇلاقەتلەر جەريانىدا ئايان بولدىغۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەۋلىيالىق شەرتىگە توشماسمۇ؟

سۇلايمان شەيخنىڭ ھەيران قالغىنى، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ شۇنچە ئۇزۇن روھىي مۇلاقەتلەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ سېھرىي ـ كارامەتلىرىنىڭ شولىسىنى بولسىمۇ ئاشكارا قىلمىغىنى ئىدى. بۇ خىل خىسلەتنى ھەتتا ۋاپات ئەتكەندىن كېيىنمۇ سىر تۇتۇش كېرەكمىدۇ؟

ئۇ ئابدۇللا خەراباتىنىڭ خىسلەت، پاراستىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولماقتا ئىدى. قايىل بولغانسېرى ئۆزىنى دەڭسەپ، ئۆزىگە قايتا باھا بېرىپ كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، ھەزرىتى ھاجىمنىڭ سېھرىي ـ كارامەتلىرىنى ئۆگىنىشكىلا قىزىقىپ، ئۇنىڭ باشقا پەزلى ـ پاراسەت، ئەقىدە ـ ساداقەتلىرىگە سەل قارىغانلىقىنى ئويلىسا، نومۇس قىلاتتى. ئۆزىنى ئەرزىمەس ئادەمدەك، مەنپەئەت ئۈچۈنلا تىپىرلاپ يۈرگەن مەخلۇقتەك ھېس قىلاتتى. نام ـ مەنپەئەت، شان ـ شۆھرەت تاماسىدا ياشاۋاتقان كەلگۈندى دەرۋىشلەردەك سېزەتتى. شۇنداق چاغلاردا، نەزىرىدىكى ئۇلۇغ ئۆلىما بىلەن يەنە مۇلاقەتتە بولغۇسى، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى، ئادىمىيلىك بابىدىكى ھەممە خىسلىتىنى دورىغۇسى كېلەتتى...

— ئۆزلىرى بۇ يۇرتقا ئۆزلەشكىلىمۇ ئۇزۇن يىللار بولدى شەيخ ھەزرەت، — تەكرار ـ تەكرار شۇنداق دېدى مەھەللە مويسىپىتلىرى، — جاھاندىن بۇنداق ئۆتۈپ بولماس. كۆچ ـ قۇۋۋەتلىرىنىڭ بارىدا ئوبدانراق بىرەرىنى تېپىپ، باشلىرىنى قوشۇپ قويساق تولا بەلەن بولاتتى.

بۇ گەپلەر تالاي قېتىم تەكرارلاندى. مەھەللىدىكى تۇل ئاياللار، خېلى ياش قىز ـ جۇۋانلارمۇ سايە قىلىندى. لېكىن،

سۇلايمان شەيخ بۇنىڭغا زادىلا قىزىقمىدى، توغرىسى ئۇنىڭ ئەقلىدە يولىدىن تايغىسى كەلمىدى.

يېقىندىن بۇيان بۇ خىل قىزىقتۇرۇش يەنە ئەدەپ كېتىۋاتات-تى. مويسىپىتلار، ئاق كۆڭۈل يۇرت مۆتىۋەرلىرى ھە دېسىلا ئۇ-نى توي قىلىشقا قىستايتتى. تېخىمۇ يامىنى شۇ ئىدىكى، خوتەندىن ئۇنى ئۇزىتىپ قالغان گۈزەل قىز شۇ چاغدىكى جە-لىپكارانە ھالىتى بىلەن چۈشىگە كىرىپ، ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى...

— توي قىلىش نىيەتلىرى بولسا قىلىۋالسىلا، تەقسىر، — دەيتتى ھاجى خەراباتىمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، — مۇسۇلمان ئۈچۈن نىكاھ ۋە ئۆيلۈك — ئوچاقلىق بولۇش ۋاجىپ. شەرىئەتتە شەيخلەر روزىغار تۇتمىسۇن، دېگەن پەتىۋا يوق.

— ھەزرىتى ھاجىم شۇنداق دەۋاتقاندا، يۇرت مويسىپىتلىرىنىڭ گېپىگە كىرسەم قانداق بولار؟ — شۇنداق ئويلاپ قالدى ئۇ تۇرۇپلا، — مەرھۇم ئۇستازىمۇ بىر قانچىلاپ پەرزەنتى بولغانىكەن. ئەۋلىيا بۇنى توغرا تاپقان يەردە... ئۇنداقتا، كىم بىلەن تويلاشسام بولار؟ جۇمەقىز دەيدۇ، ھاشىخان، توختىخان دەيدۇ... بۇلارنىڭ تازا تونۇپ كەتمەيمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆي تۇتۇپ كۆرگەن ئايال بولغىنى ياخشىراقمىكىن. يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆي تۇتۇپ باققان ئايال دېگەن قولى ئىشلىق، ئىدىتلىق كېلىدۇ...

ئۇ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى «پىژ» قىلغانلىقىنى سەزدى. چۈشىدىن چىقمايۋاتقان خوتەندىكى ئاشۇ گۈزەل قىز يەنە ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى. قىز يۇم — يۇم يىغلايتتى، يېلىناتتى، يالۋۇراتتى... «ئۇنداق قىلمىسىلا، ئۇۋال قىلمىسىلا، ئۇز غوجام» دەپ چاپانلىرىغا يوپۇشاتتى. زادى بولمىغاندا، «ئۇۋالى سىلىگە...» دېگەن گەپنىمۇ قىستۇرۇپ قوياتتى.

ئۇ، چوغتالى ئەزىمگە قەدەم باسقان ھامان بۇ قىزنى ئۇنتۇي-

مەن، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ھەممە ئىش ئەكسىچە بولۇۋاتات-تى. مەھەللە موپىسپىتلىرىمۇ، ھەتتا ھاجى خەراباتنىڭ غايىب ئاۋازىمۇ بۇ ئوتنىڭ ئۇلغىيىشىغا يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا دەرۋىشلىك ئەقىدىسى ئۇچۇنلا قىزنىڭ سۆيگۈ ئىز-ھارىنى رەت قىلغان ئەمەسمىدى؟ يەنە مۇشۇ ئەقىدە ئۇچۇنلا ھەممىدىن ۋاز كەچكەن، جاھان كېزىپ يۈرۈپ، ئۇستازنىڭ ئايد-غى تەگكەن ئۇشبۇ مۇبارەك تۇپراقتا يەرلىشىپ قالغان ئەمەسمد-دى؟ ئۇستازغا ساداقەت يۈزىسىدىن دەرۋىشلىك سەپىرىنى توختد-تىپ شەيخ بولغان، بولغاندىمۇ دەرۋىشلىك ئەقىدىسىگە سادىق شەيخ بولغان ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ۋاز كەچسۇن-مۇ؟ ئۆزىنى، ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئازغۇن بولسۇنمۇ؟

— ياق! — بىردىنلا ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرىپ توۋلىۋەتتى ئۇ، — ئۇنداق قىلالمايمەن. نەپسى جىھادنى ۋۇجۇدۇم ئارقىلىق قارار تاپقۇزىمەن. ئەقىدەمگە ئاسىيلىق قىلمايمەن!

ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىدىن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان جىمجىت كېچە لەرزىگە كەلدى. ئەھدى بولۇپ چىققان كۈچلۈك سادا ئېگىز ياردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتتى.

— مەن كىم؟ — يەنە شۇنداق توۋلىدى ئۇ لاپلا.

— مەن كىم؟ — ياردىن شۇنداق دەپ ئەكس سادا قايتتى. ئۇ نېمە مەقسەتتىدۇر يەنە سوراپ قالدى:

— ئۇنداقتا، سەن كىم؟!

— سەن كىم؟!

ياردىن قايتقان بۇ سادا ئۇنىڭغا قويۇلغان سوئال بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ناھايىتى ئۇزاق سۈكۈناتتىن كېيىن كەسكىن قىلىپ جاۋاب بەردى:

— مەن شەيخ. دەرۋىشلىك ئەقىدىسىنى شەيخلىق يولىدا قارار تاپقۇزىدىغان كامىل مۇسۇلمان!

# خەير، ۋەتەن

مۇھەممەت داموللامغا جىسمانىي مېھنەت ئارقىلىق ۋاستىد-لىك تەربىيەت قىلىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ئۇ مەدرىس، مەسچىتلەرگە كىرمەيتتى(ئىلگىرى كىرگۈزۈلمىگەن بولسا، مانا ئەمدى ئازغۇنلار ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ جايغا كىرىشكە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايتتى)، كوچا - كويلاردا تەرغىبات قىلىشقا يول قويۇلمايتتى. يول قويۇلغان ھالەتتىمۇ، ھەممىلا يەرنى ئې-تىقاد ئاسىيلىقى قاپلاپ كەتكەن، ساختا مۆجىزە - كارامەتلەردىن باشقىسىغا ھېچكىم ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەن مۇشۇ زاماندا، سە-مىمىي تەربىيەتكە قۇلاق سالىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قالمىغا-نلىقىغا ئۇنىڭمۇ كۆزى يېتىپ قالغانىدى. قەلبىدىن قايناپ چى-قىۋاتقان نەزم - مىسرالىرىنى ئىلگىرىكىدەك كۆچۈرۈپ تارقى-تىشقا بولمايتتى. قۇرئانى كەرىم تىلاۋەتلىرى ۋە مەنپەئەت ئېھ-تىياجى بويىچە چىقىرىلغان تۈرلۈك پەتىۋالاردىن ئۆز ئىگىسىگە دىققەت قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايدىغان كىشىلەر شۇ كۈنلەردە دۇر كەبى نەزم - ھېكمەتلەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرسىمۇ، قورق-قىنىدىن يىرتىپ تاشلايتتى ياكى ساداقەت يۈزىسىدىن ئوتتا كۆي-دۈرەتتى. ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ئازابلايدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىپ، سىر - ئەسرار بولىشىد-دىغان خېلى تۈزۈك كىشىلەرمۇ مانا ئەمدى بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. داموللام بىلىپ تۇراتتىكى، ئۇلارمۇ ئۆزىگە گۇمانلىق كۆزلەر تىكىلسە، بالا - چاقىلىرىغا زەررە يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەتتى. قارىماققا دۇنيا ئۇنى ئۇنتۇغان، ھەممە ئۇنى تاشلى-غاندەك ئىدى.

ياق! ئۇنداقمۇ ئەمەستەك. پۈتۈكچى تالىپ يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، يەنىلا ئۇستازىغا ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ. دۇنيانىڭ ئىلگىرى مەۋھۇم كۆرۈنگەن سىر - مۇئەممالىرى مانا ئەمدى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ھال ئېيتىپ تۇرۇپتۇ. بارلىق مۆجىزاتلار - ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، سۇ، تۇپراق... ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن شېرىن ئىچكى مۇلاقەتتە بولۇۋېتىپتۇ. ئىلگىرىكى تەكتىگە يېتىپ ئۇلگۈرمىگەن تالاي - تالاي قاراڭغۇ بوشلۇقلار ئەمدى ئۇنىڭغا سېھىرلىك پەردىسىنى ئېچىپ ئۇلگۈرۈپتۇ...

لېكىن، ئۇنىڭ ئازابلىرى ھەر قانداق چاغدىكىدىن كۆپ ئىدى. دۇنيا سىرلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ ئايدىڭ بولۇشىمۇ ئۇنى خۇشال قىلالمايتتى. ئۇ ئىلگىرى مۇشۇ سىر - مۇئەممالار ئوتىدا ئازاب چەككەن ئەمەسمىدى؟ مۇشۇ سىرلار كويىدا باش كۆتۈرمەي تەلقىن - مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەن ئەمەسمىدى؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يوپۇشقان ئەڭ كۈچلۈك ئازاب كۆز ئالدىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق يولىغا ماڭغانلىقى ئىدى. بۇ خىل ئازغۇنلۇق ھەر قانداق دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ يۇقىرى چېكىگە يەتكەنىدى. بۇنى توسىمىسا بولمايتتى. گۇناھ - گۇمراھلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقان سادda، مۆمىن قېرىنداشلىرىنى ئازغۇنلۇق پاتقىقىدىن تارتىپ چىقمىسا بولمايتتى. كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇشۇ مۇئەممالارنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، دۇنيانىڭ سىر - سېھىرلىرىنى يورۇتقانىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. ئالەم سىر - مۆجىزىسىنىڭ يادروسى نېمە؟ ئۇ كەسكىن جاۋاب بېرەتتىكى: ئادەم! ئۇنداقتا، ئاللانىڭ ئىرادىسىغا خىلاپ ئەقىدىدە بولۇۋاتقان ئادەملەرنى، كۆز ئالدىدا ئاڭسىزلارچە گۇناھ سادىر قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى قانداق قۇتقۇزماق كېرەك. زادى قانداق؟!

ئايدىڭ كېچە.

كەيپىياتى ياخشى بولمىغانلىق ۋەجىدىن، خوپتەن نامىزىدىن كېيىنلا يېتىۋالغان مۇھەممەت داموللام تېخىغىچە ئۇخلايدىغان-دەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھامان قېرىنداشلىرى ئوتىدا كۆيەتتى، تولغىناتتى. لېكىن، بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ ئامالى ھېچ تېپىل-مىدىغاندەك قىلمايتتى...

«ۋا دەرىخ!... ۋادەرىخا!!»

شۇنداق دېدى ئۇ يەنە ئۇلۇغ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، شۇئان ئۇنى كۇچلۇك يۆتەل تۇتۇپ كەتتى، دېمى كېسىلدى. سول كۆكرىكى چىمىلداپ، قانداقتۇر بىر نەرسە سانجىلغاندەك ئاغرىدى. پۈتۈن بەدەنلىرى بىرەرسى ئۇرۇپ - چېقىۋەتكەندەك ئۇيۇشتى.

«قېنى ئىنساب؟! قېنى ئىمان، ديانەت؟!»

يۆتەل تۇتقانسېرى، ئۇنىڭ پىغانىمۇ تېشىپ باراتتى. ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىرەرسىگە قارىتىپ ئېيتىۋاتقاندەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيتتى...

يېقىندىن بېرى ئۇ كۆپرەك غەزەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاۋام دەردى، بۇنى ئاز دەپ ... ئۇ تىكەندەك يالغۇز قالغانىدى. قەدىناس ھەمرىيى ۋاپات بولغان، باللار ئۆزلىرى رازى بولغۇدەك مىراسلار بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىنىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئۇنى يالغۇزلۇق چېقىپ كېتىۋاتاتتى. سادىق شاگىرتى پۈتۈكچى ئۇنى تاشلىماي يۇرگەن بولسىمۇ، باللىق بولۇپ قالغان ئادەمنى كېچىسىمۇ مەن بىلەن سىردىشىپ يات بالام، دېگىلى بولمايتتى. ئاش - غىزا ئېتىپ يېيىش، رەھمەتلىك دادىسىنىڭ يۈزى كۆرگەن قەپەستە بۇقۇلدىشىپ تۇرغان كەپتەرلەرگە قاراش، باغ - ۋارانلارنى چاناپ، سۇ قويۇش...قا ئوخشاش ئىشلار ئۇنى ھالسىرىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە شۇ دەرد، شۇ ئوت!...

ئۇ تولغىنىپ سولغا ئۆرۈلدى، يەنە شۇ ھال: يۆتەل، ئاغرىق، سىرقىراش...

كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئۇ ئۆرۈلگەن تەرەپتىكى تۇغرا تامنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆگزىنىڭ قەپەس قويۇلغان ئۇدۇلىدىن پات ـ پات كىتىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. دېلىغۇللۇقتا ئۇيقۇسى قاچقان داموللامنىڭ قۇلىقىغا يەنە يىراق ـ يىراقلاردىن قىچقارغان توخۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ كىرەتتى.

ۋاقىت تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. مۇھەممەت داموللام ئاخشامدىن بۇيان ئويلىنىپمۇ تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇنى ئىككى يول تارتىپ تۇراتتى. بىرى، كۆز ئالدىدىكى ئوتلۇق دەرد ـ مېھرلىك ئازاب؛ يەنە بىرى، مەككە ـ مۇكەررەمدە بولغۇسى خاسىيەتلىك تاۋاب، ئۆمۈرلۈك ئۇلۇغ ساۋاب ئىدى. بىرىنى دىل سۆرەيتتى، بىرىنى ۋىجدانى تارتاتتى. قانداق قىلسا بولار؟ زادى قانداق قىلماق لازىم؟! ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا كانىيىنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى بىر يېرىدىن غىژىلدىغان ئاۋاز چىققاندەك بىلىندى. «مۇشۇ ئەپتىمگە يول ماڭالارمەنمۇ، ئىككى ئايلاپ ماڭىدىغان يولغا پايلىيالارمەنمۇ؟» دېدى ئۇ يۆتەلگەچ، چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان سول مەيدىسىگە مۇشتلاۋېتىپ.

شۇ چاغدا يىراقتىن توخۇنىڭ قىچقارغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. شۇنىڭغا قوشۇلۇپلا قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان، ساپايىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى كەلدى. ئاۋازىدىن بىلىپ تۇراتتىكى، ساپايە بىر ئەمەس ئىدى، 10 ~ 15 لىگەن ساپايىنىڭ ئۆملۈكتە ۋە بىر خىل رىتىم بىلەن شاراقشىشى خېلى نېرىدىكى ئۆتەڭ يولىدىن يىراق ـ يىراقلارغا تارىلاتتى. مۇشۇنداق ئاۋازلار ئاڭلانغىلى ئۇزۇن زامان بولغانىدى. مەھەللە جامائىتىگە سىر ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بۇ دەرۋىشلەر ساداسى كېچەيۇ ـ كۈندۈز ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردىن شاراقشىپ كېلىپ، مۆمىنلەر يۇرتى دىيارى ئاقسۇدا تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى. چوغتالى ئەزىمدىكى سوپى ـ دەرۋىشلەرگە، ئاۋام

نەزەرىدىكى ئۆلىملارنىڭ كۆچىگە كۆچ قوشۇۋاتقىنىمۇ، ئەقىلگە سىغماس پەتىۋالارنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس ساپايىلەر ھەم ئۇنىڭ ئىگىلىرى بولمىش ئاشىق ـ قەلەندەرلەر ئىدى.

ئاۋازلار بارغانسېرى يېقىنلاپ ۋە ئەدەپ كېلەتتى. يۈرتنى قەلەندەر ۋاباسى، قورقۇنچلۇق ئۆتكۈن قازاسى ياكى ئازغۇن مۇرتلار بالاسى بېسىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى مۇھەممەت دا ـ موللامغا. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئەقىدىسىدىن تايغان بۇ مەلئۇنلار دەر ـ ۋىش سىياقىدىكى چايان، سوپى سىياقىدىكى يىلان ئىدى. «ھۇم! ھۇم!» دەپ ئۆملۈكتە توۋلاشلىرى، ئۇلارنىڭ چېقىشتىن بۇرۇنقى ھەيۋىسىدەك ئاڭلىناتتى. ئۇ بۇلارنى ئۆز ئىدراكىغا تايىنىپ چۈ ـ شىنىپ بولغانىدى. يېقىنقى بىر قاتار ئىشلار ئۇلارنىڭ مەقسەت، مۇددىئاسىنى تېخىمۇ روشەن ئاشكارا قىلىپ تۇراتتى.

— يۇقىرىقى مەھەللىدە بىر قەلەندەر كېپەن ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قاپتىمىش، ئۇستاز، — دەپ كىردى پۇتۈكچى تالىپ ئۈچ كۈن بۇرۇن. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئۇستازىنىڭ خالىس ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇستازىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك جىسمانىي ئەمگىكىگە ياردەملىشىپ كېلىۋاتقانىدى.

— قايسى كۈنى دەرۋىشلەردىن بىرى رەھمەتلىك سايىت قارىنىڭ بويىغا يەتمىگەن نەۋرىسىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇستاز، — شۇنداق خەۋەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى باغ ـ ۋاران ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتقان تالىپ.

ئاڭلىنىۋاتقان بۇنداق خەۋەرلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھەممىسى يەنە غەلىتە پەتىۋالار بىلەن يوقىتا چىقىرىلاتتى. بۇلارغا چىداپ بولامدۇ؟ مۇشۇنداق ئەھلى ئىمانسىزلار بىلەن ياشىغىلى بولامدۇ؟

«مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ، ھەج ـ تاۋاب زىيارىتى قىلىپ

كەلسەم كېلەي، مۇشۇ مەلئۇنلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن!» يەنە شۇنداق دېدى ئۇ بارماسلىق ھەققىدىكى قارارىنى قايتا رەت قىلىپ. ئۇ ئاخشامدىن بېرى مۇشۇنداق دېلىغۇل بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھېلى «بارسام باراي» دېسە، سەلدىن كېيىن «گۇناھقا پېتىپ كېتىۋاتقان يۇرت ئەھلىنى تاشلاپ كېتەمدىم، بارماي» دەيتتى. قارارىدىن قانچە قېتىم ياندى، يەنە قانچە قېتىم قارار قىلدى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىلىدىغىنى ھېچقاچان قارارىدىن يانمايدىغان مىجەزىنىڭ بۇگۈن بىردىنلا ئەسلىگە ئوخشىماي قالغىنى ئىدى.

— باراي... چايان سۈرەتلىك شۇ مۇناپىق مەلئۇنلاردىن قۇتۇلاي!— دېدى ئۇ خىيالىدىكى سوپى - دەرۋىشلەر تۇرغان تەرەپكە قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — «روزىغارىمنىڭ ھەممىنى سېتىپ، سەپەرگە تۇشلۇقلا ئېلىپ قالاي. راست، شۇنداق قىلاي.. قالغىنىنى، ھەممە تەئەللۇقاتىمنى يېتىم - يېسىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەي...

مۇشۇ قارارغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە يۇرتىنىكى ساددا، ياۋاش - يۇمشاق دېھقانلار، بالا - چاقا ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرى... كېلىۋالدى. بىر قارىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامرات، بىچارىدەك كۆرۈنەتتى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىغۇسى، ئۆزىنى ھاللىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان دەپىن - دۇنياسىنى شۇلارغا تارقىتىپ بەرگۈسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ توق يېرى، ئۇ ئۆي - ئوچاقلىق قىلغان ھەممە پەرزەنتىنى يېتەرلىك مىراسلار بىلەن رازى قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدى قالغان دۇنياسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئۆزى ئېلىپ قالسا بولارمىكىن ياكى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭ بىر ئۈلۈشىنى ئېلىپ قالسا قانداق بولاركىن؟

ئۇ مەككىگە بېرىش سەپىرىدىكى خەج - خىراجەتلەرنى،

يولدىكى مۇشكۈلاتلارنى تەخمىن قىلىپ يېتىپ، بىردىنلا
دەرۋىشلەرنىڭ «ھۇم!» لىگەن ئاۋازىغىمۇ ياكى ساپايىنىڭ
شاراقشىغىنىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ
ھەممىشە تاڭغا يېقىن ئاڭلىنىدىغان، ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ
كىرىپ، يۈرىكىنىڭ بېغىش ـ بېغىشلىرىنى مۇجۇپ ئۆتىدىغان
مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك ناخشا ئىدى. ئۇنى يولۇچىلار ئېيتاتتى.
يىراق ـ يىراقلاردىن كېلىۋاتقان دەردمەن مۇساپىرلار ئاچلىق
ئازابى، يول جاپاسىنى بېسىش ئۈچۈن توۋلاپ ئۆتەتتى. غەم ـ
قايغۇ ۋە ئازاب ـ ئىزتىراپ سەۋەبىدىن قۇلاق سالمىدىمۇ ياكى
بوشراق ئاۋازدا ئېيتىلىپ قالغان بولسا ئاڭلىماي قالدىمۇ،
ئىشقىلىپ بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۇ بۇ ناخشىنى ئاڭلىمىغانىدى.
ئەمدى ئۇ تولىمۇ ياڭراق، مۇڭلۇق بىر تۇستە ئېيتىلىپ باراتتى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

ناخشىدىن مۇڭ، ھەسرەت، چىداپ تۇرغۇسىز غېرىب ـ
مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ مۇھەممەت داموللامغا تىرىك ـ
چىلىك ھەلەكچىلىكىدە ئۆز يۇرتىنى، قەدىردان يارۇ ـ بۇرادەر ـ
لىرىنى تاشلاپ، ئۆزگە يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ كېتىۋاتقان بى ـ
چارە يېتىملارنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار ئېشەكلىك، خېلى كۆپ قى ـ
سىمى پىيادە ئىدى. ئاچلىق، يول ئازابى ئۇلارنى قىينايتتى. قە ـ
دىردان دوست ـ يارەنلىرى غېرىبلىق يېشى لىغىرلاپ تۇرغان
كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ، يۇرت ھىدى بۇرنىغا ئۇراپ كېتەتتى. تۇر ـ
لۇك خېيىم ـ خەتەر ۋە ئۆلۈم تەھدىتى ئۇلارنىڭ دىلىنى چېگەت ـ
تى. ئەھلى مەھەللىسىدىكى ئاچ ـ زېرىن قالغان تۇغقانلىرى،
ئۇلار ئۇستىدىكى تۈگىمەس زۇلۇم ـ سىتەملەر يولۇچىلارنىڭ

دەردىگە دەرد، ھەسرىتىگە ھەسرەت قوشاتتى...

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.

ناخشا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېيتىلىپ ئۆتەتتى. تېكىست ئالماشقانسېرى ناخشىدىكى مۇڭ، قايغۇ، ئۆچ ـ ئاداۋەت... پۇراقلىرى كۈچىيىپ باراتتى. قان ـ زەرداب يۇتۇۋاتقان بىچارە كىشىلەر ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقان دەرد ـ پىغانىنى مۇشۇ مۇڭلۇق ناخشىلار بىلەن چىقارماقتا ئىدى. ئاجىز، ئەمما غەزەپلىك ئاشۇ كىشىلەر يۈرىكىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان دەرد ۋە قان ـ زەردابلار جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولغان ھەسرەت دەرياسىدىكى قىساسكار بېلىقلار ئىدى. ئۇلار ئۆز رەقىبىنى يۇتاتتى، يۇتاتتى...

«ئاھ، غېرىب بىچارىلەر!» ناخشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ، تۇيۇقسىزلا توۋلاپ تاشلىدى ئۇ. شۇ تاپتا ناخشىنى يولۇچىلار ئەمەس، ئۇ ئۆزى ئېيتىۋاتاتتى. دەرد ـ پىغان ئۇلارنىڭ ئەمەس، نەق مۇھەممەت داموللامنىڭ ئىدى. «مۇشۇ كۈننىڭ ئايىغى بارمىدۇ؟... ئاھ، ياراتقان ئىگەم، ئاجىز بەندىلىرىڭنى يەنە كىملەرگە خار قىلىدىغانسەن؟!»

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان چاناقلىرىدىن سىرغىغان ياشلار كونا تەكىيىنى ھۆللەپ باراتتى. ناخشا ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىنى خۇن قىلىپ، ھامان ئاشۇ مۇڭلۇق ئاھاڭلار بىلەن ئېيتىلىپ ئۆتەتتى.

ــ بولدى، بارمايمەن! دەپىن ـ دۇنيارىمنى ئاشۇ بىچارىلەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىمەن. ئەللە ـ مەھەللە نېمە كويدا، مەن نېمە كويدا؟ ــ دېدى ئۇ ئېچىشىپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى كۆكسى ئۈستىدىن مۇجۇپ قويۇپ، ــ ھەرەمگە بارمىساممۇ،

كامىل مۇسۇلماندۇرمەن، ئەل رىيازەت چېكىمۋاتقاندا ھەج قىلىش نە ھاجەت؟!

ناخشا تىنىمسىز ئېيتىلىپ ئۆتەتتى. ئۇ ھېلىلا ئاڭلانغان قوڭغۇراق ـ ساپايە ئاۋازلىرىدىن كەسكىن پەرق قىلاتتى. غەم مۇڭلىرى بىلەن ئېزىپ، ئوينىاق، تەسىرلىك ۋە لىرىكىلىق ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنى مەھلىيا قىلىۋاتقان بۇ سېھىرلىك ناخشىلار ئاچ كۆزلەرچە شاراقشىپ كېلىدىغان ساپايە ئاۋازلىرىنى كۆيدۇرۇپ كۈل قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئوت ئىدى. ئۇلارغا ئەجەل چىللايدىغان ئوق ئىدى.

— ئەل غەزىپى ئوق! — دېدى ئۇ ۋايجانلاپ تۇرۇپ، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزىگە ئاۋاز قوشقاندەك، غەزەپلىك بىر قوشاق ئۇلاپ ئېيتىلدى:

كەيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

— توغرا، بارماي، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ، — نېمە كۆرسەم ئەل ـ جامائەت بىلەن تەڭ كۆرەي!»

ناخشا ئۇنى مۇڭ ھەسرەت سۈيىگە چۆمدۈرۈپ، قەيەردىندۇر كۆرۈنىۋاتقان ئۈمىد، ئىشەنچ قىرغاقلىرىغا باشلاپ كەتكەنىدى.

ئۇ مۇشۇ ناخشىلارغا ئامراق ئىدى. بۇلا ئەمەس، مۇڭ ـ ھەسرەت، ئازاب ـ كۈلپەتلەر ئىپادىلەنگەن لىرىك ۋە يېقىملىق ناخشىلار بولسىلا ئۇنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ رەھمەتلىك دادىسى ھايات ۋاقتىدىن تارتىپلا، يىراقتىن ئېيتقاندا، باللىق چېغىدىن باشلاپلا ناخشا ـ سازغا ھېرىس ئىدى. «ھازىر مەيلى ئوغلۇم، چوڭ بولغاندا دۇتتار، تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۇرسىلە قاملاشمايدۇ جۇمۇ». دىنى نۇقتىسىدىن چىقىپمۇ ياكى باشقا

سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، مۇشۇنداق دىگەنىدى ئابدۇللا مەزىن. بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئۇ كېيىن، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئاتاڭ مۇھەممەت ئىماممۇ نەغمە ـ ناۋاغا بۇزۇلغان ئازغۇن بەندە ئىدى. ئۆزۈڭمۇ مۇت شۇنى دوراپ چۈشۈپسەن. نەرىڭ مۇسۇلمان سەنلەرنىڭ؟ يوقات ئۆيۈڭدىكى دۇتتار، راۋابلىرىڭنى، ئاڭلىسام يەنە ئۆيۈڭگە نەغمىچىلەر كىرىپ، كېچىچە كاكىراپ چىقارمىش. توختات، بۇنداق شەيتان نەغمىسىنى، ئاتاڭغا ئېيت، نەزم توقۇيمەن دەپ، پىتنە ـ پاسات تېرىپ، جامائەتنى ئازدۇرۇپ يۈرمىسۇن!

بۇ گەپلەرنى ئوغلى كۆتۈرۈپ كىردى. بۇنى ئەبەيدۇللا ئىمامنىڭ ئوغلى، هازىرقى رەۋەيدۇللا ئىمام مەسچىتتىكى جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئوغلىغا ئېيتقان ئىدى.

ئوغلىنىڭ ھەممىلا جەھەتتىن ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى مۇھەممەت ئىمام ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ سۆيۈنەتتى، كۆڭلى توق ئىدى. لېكىن، ئۇلار نېمىدەپ ئوغلىغا ئاھانەت قىلىدۇ، ئۆزىدىن ئېشىپ، ئوغلىغا؟! يەنە تاڭلا بەش كۈندە نەۋرىسىگە ئۆتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەۋرە ـ چەۋرىلىرىمۇ قالمىسا!...

ئۇنىڭ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى، كۆز ئالدىغا يىڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئازغۇن ئىمام، قازىلار كەلدى... ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئۇنى گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت قوينىغا تاشلاپ كەتكەنىدى. يۈرەك ئېچىشاتتى. دەردلىك ۋۇجۇد تېنىمسىز ئازاب چېكەتتى. قايسى بىر يالماۋۇز (بەلكى ئەجدىھا ياكى دىۋىدۇر) ئېغىزىدىن ئوت پۈركۈيتتى. يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئاشۇ ئوت قېتىدىن يۈزى قاپقارا، يۈزىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ، جېنىمۇ، ئىمان ـ ئېتىقادىمۇ... قاپقارا كەلگەن سان ـ ساناقسىز مەخلۇقلار سەكرەپ چۈشەتتى...

راست، ئۇلار داۋاملىق كۆپىيىدۇ، كېلىدۇ، تۇغىدۇ، ئۆسىدۇ!... ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ساناقسىز ئازغۇنلار كۆرۈندى. ئۇلار ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشىغا توسقۇن بولاتتى، سۆزلەتمەيتتى، ساۋاق بەرگۈزمەيتتى. شەرھى - تەپسىر ئېيتقۇزمايتتى، تەلقىن - تەرغىبات قىلغۇزمايتتى...

ئۇنىڭ يۈرەكلىرى قىسىلىش ۋە دەرد - پىغاندىن يېرىلىپ كېتەي دېگەندى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، پىكرى چېچىلىپ «كوللىيات مەسنەۋى» سىمۇ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇنداق مۇھىتتا نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن؟ ھېچنېمە قىلالماي تۇرۇپ، جامائەتكە نېمە بىلەن تەربىيەت قىلسۇن؟ قايسى نەزم - ھېكمەتلەر بىلەن ۋەز - نەسىھەت قالدۇرالىسۇن؟

— ماقۇل، بېرىپ كەلسەم كېلەي، — يەنە بىر قېتىم قارارىنى ئۆزگەرتتى ئۇ. مۇھەممەت داموللام يۇرتتا ھېچنېمە قىلالماي يۈرگەندىن سىرتنى كۆرۈپ، پىكرى قۇۋۋەت جۇغلاپ كېلىشنى ئەۋزەل بىلگەنىدى، — «ھېچ بولمىسا كۆرۈپ كېلەرمەن، مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بىلىپ كېلەرمەن. ئۇنىڭچە، ھەممە ياخشى بولۇپ كېتەر. بەلكى...

ئۇ يولدىكى خەتەرنى، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، سەپەردىن ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىنچىلىكىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تېخىمۇ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى ۋە كەسكىن ھالدا: «خەير، ۋەتەن!» دېدى پىچىرلاپ تۇرۇپ. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارى ئىدى.

ئۇيۇق سۆزۈلۈپ باراتتى. توخۇلار بەس - بەستە چىللايتتى. ئويقۇدىن بىدار ھالەتتە تاڭ ئېتىپ كەتكەن بۇ كۈن مىلادىيە 1720 - يىلى، يەنى ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى 82 ياشقا كىرىپ قالغان چاغ ئىدى.

# ھاجى ھەققىدە رىۋايەتلەر

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ توغرىدىكى غارايىپ ھېكايىلەر تەرەپ - تەرەپلەردىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارىلىشقا باشلىدى.

— مۇھەممەت داموللام بۇ يەردە بىر كىملەرگە قېيىدىغاندەك قىلىپ ھۇنىرىنى كۆرسەتمەي يۈرگىنى بىلەن، ئۇ راستىتىنلا كارامەتكە توشقان سوپى[1] ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتەر چېغىدا بىر «سۇف» بىلەنلا تاغار - تاغار پۇل پەيدا قىلغانمىش. ئاشۇ پۇلنىڭ ئۇچتىن بىر ئۇلۇشىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، قالغىنىنى مەھەللىدىكى تۇل خوتۇن، ئاغرىق، ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئىشەنمىسەڭلار ئىرادىخان پوقاق، توقاچخان ھۆپۈپ، يەھيا باداڭ... لاردىن سوراپ بېقىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇتام - تۇتام پۇل ئاپتۇ. بىر كېچىدىلا بېيىپ، تۇل، يېتىملارغا ئوخشىمايلا قاپتۇ...

— مۇھەممەت داموللام ئۆزىنى ئاشكارا قىلماي يۈرگەن كارامەتچى زات ئىكەن. ئۇ سېھرىي - كارامەت كۆرسىتىشتە مەھەللىدىكى سوپى - دەرۋىشلەردىنمۇ مۆلۈك ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مەھەللىدىن چىققاندا، ئەمدىلا كۆندۈرۈلگەن

---

① كىشىلەرنىڭ سوپىلار سېھرىي - كارامەتلىك كېلىدۇ دەپ قاراپ، مۇھەممەت داموللامنىمۇ خاتا ھالدا سوپى ئاتاۋاتقانلىقى مۇشۇنىڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بوز تېپىغا مىنىپ ماڭغىنىنى ھەممىمىز ئاڭلىغان. ئەمما، ئۇنىڭ 500 قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا نېمە قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ھە، تېخى ئاڭلىمىغانسىلەر. ئۇ ئاستىدىكى بوز تېپىنى مەھەللىگە قارىتىپ قويۇۋېتىپ، قارا ساقال ئاتام مازارىغا پىيادە بېرىپتۇ. شۇ مازاردا بىر كۆن كەچ بولغۇچە ئولتۇرۇپ، ناھايىتى جىق ئايەتلەرنى ئوقۇپتۇ. كۆن بىلەن تەڭ ئايەت كۆچىنى كۆرسىتىپ، داموللام ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئاسمانغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن كۆچەپ بىر «سۇف» دېگەنىكەن، بوراندەك ئۇچۇپ، ھەرەمگە شۇ كۆنىلا بېرىپ بوپتۇ...

ــ داموللام قورسىقىنى تازا تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئامراق كەپتەرلىرىگە كۆز ئۇزمەي قاراپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ساق بىر موللاقچى كۆك كەپتەر بار ئىدىكەن. ئۇ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، داموللامنىڭ قولىغا قونۇپتۇ. داموللام ئۇنىڭغا قارا ـ قارا... ئاخىرى «ساڭا ئايلىنىپ قالسامچۇ» دەپتۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، داموللام ئاشۇ كەپتەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرەمگە كەپتەر بولۇپ ئۇچۇپ بېرىپتۇ.

ــ مۇھەممەت داموللام ھەرەمگە كېتىۋېتىپ، دەشتى ـ قىپچاق چۆلىدە بىر يېتىمگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ ئاقساق ـ ئاغرىق يولۇچىكەن. ئۇ: بەك بولالمىدىم، ئون قەدەم بولسىمۇ كۆتۈرۈپ قويسىلا ئىكەن، دەپ يېلىنىپ يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىمىغان داموللام سەكسەنگە كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇ ئاجىزنى گەجگىسىگە مىندۈرىۋاپتۇ. ئۇ يېتىمەك داموللامنىڭ بوينىغا بىر مىنۇۋالغانچە يىلىمدەك چاپلىشىپ، زادىلا چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. شۇ چاغدا مەلۇم بوپتىلەركى، ئۇ مەككىنىڭ رودۇپيىيى ئىكەن. ئەرەب چۆلىدە قېرىنداشلىرىدىن ئازار يەپ، بۇ ئۆتەر يولغا كېلىۋالغانىكەن. بۇ تەرەپلەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارنى ئانىي

تېپىپ كېلىۋاتقانىكەن. دەرغەزەپكە كەلگەن دامولللام سېھرىي ـ بەند قىلىدىغان ئايەتلىرىنى شۇنداق ئوقۇۋېتۇلەركى، ھېلىقى رو ـ دۇپاينى سۇبھاناللا دېگۈزىۋېتىپتۇ. ئاخىرى دامولللام ئاستىدىكى ئېتىنى تاشلاپ، ھېلىقى رودۇپاينى مىنىپ ھەرەمگە بېرىپتۇ...

— مۇھەممەت دامولللام ھەج تاۋاب زىيارىتىنى تاماملاپ، مەككىدە بىر مەھەل تۇرماقنى نىيەت قىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ھەرەمدىكى بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇپتۇ. ناماز تەڭ بولغاندا، دامولللام تۇساتتىنلا «چۇھ، چۇھا» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتى چېچىلىپ، تەرتىپى سۇنۇپ، نامىزى قازا بولۇپ كېتىپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن جامائەت: قايدىن كەلگەن پەسەندى مەلئۇن بۇ؟ مەسچىتكە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ ناماز بۇزغان بۇنداق جوھۇتنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، دەپ قاتتىق ۋارقىرىشىپتۇ. ئىمامنىڭ غەزىپىمۇ جامائەت بىلەن ئوخشاش ئىكەن. شۇ چاغدا ھاجى خەراباتى ھاجىم — بۇ ھاجىم بولۇپ بولغان ۋاقتى ئىكەن — ئىمام ۋىجدانەن جاۋاب بېرىپ باقسۇن، ئەگەر ئۇمۇ يالغان گەپ قىلسا ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئۇقماسقا سېلىۋالسا، مېنى قانداق جازالىساڭلار مەن رازى، جامائەت، دەپ ھەممەيلەننى سەۋر قىلىشقا چاقىرىپتۇ. ئۇ يەنە ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇۋاتسام، ئىمامنىڭ كاللىسىغا: ئۆيىدىكى ئىنەكنىڭ موزىيىنى ئايرىپ سولىغاندىمەنمۇ ياكى قوشۇپ سولىۋەتكەندىمەنمۇ؟ ئايرىمىغان بولسام، موزاي ئانىسىنى ئېمىۋالسا، بۇگۈن ئىنەكنى ساغقىلى بولماي قالۇرمۇ؟ دېگەن خىيال كىرىۋالدى. شول ۋەجىھىدىن ئۇنى ناماز ئايەتلىرىنى خاتا ئوقۇپ قويمىسۇن، ئىماملىقتا سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويمىسۇن دەپ، «چۇھ، چۇھا» دەپ توۋلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم، دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىمام سەممىيلىك بىلەن: «ھەق راست، راست شۇنداق ئەندىشىدە بولغاندىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جامائەت

مۇھەممەت داموللامنىڭ ئەۋلىيالىق خىسلىتىگە ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنى جازالاشتىن ۋاز كېچىپتۇ.

— ھاجى خەراباتى دىيارى مەككە مۇكەررەمدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كۈنلىرىدە، ئۇنى داڭلىق مەدرىسلەرنىڭ بىرىگە ساۋاق بېرىشكە تەكلىپ قىلىشىپتۇ. تالىپلار ھاجى خەراباتىنى يوچۇن كۆرۈپ، تەربىيەتلىرىگە تازا پىسەنت قىلماپتۇ. بۇنى ھار ئالغان ھاجى شۇنچىلىك قايناپ كېتىپتۇلەركى، ئىلاھى ھېكمەتلەر نەزم بولۇپ تۆكۈلۈپ، تالىپ، مۇدەررىسلەرنىڭ قەلبىگە ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ئايەتتەك تۇيۇلۇپتۇ. ھەممىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاللانى سېغىنىش ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ. ئوقۇلغان ئىلاھىي نەسىھەتلەر شۇ قەدەر تەسىرلىك ئىكەنكى، ئۇنىڭ سېھىر ـ تەسىرىدىن ئەھلى ئۆلىمالارلا ئەمەس، مەدرىسىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىمۇ تەسىرلىنىپ، ياش تۆكۈشكە، بىر ـ بىرلەپ سويۇلۇپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. مۇشۇ پېتىم داۋاملاشسا، تام ـ تورۇسلار كۆز يېشىدىن زەي تارتىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانلىقىنى سەزگەن تالىپلار: بولدى ئۇستاز، غەزەپ قىلمىغايلا، ئۆزلىرىگە سەل قارىغانىكەنمىز، بىلسەك، ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانى شۇ ئەلدە ئىكەن، دەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزرە سورىشىپتۇ.

— ھاجى خەراباتى مەككە مۇكەررەمدە يۈرگەن چاغلىرىدا شائىر، ئۆلىمالار بىلەن دوستلۇق مۇلاقەتلىرىدە بولۇپتۇ. ئىلمىي ئەنجۇمەنلەردە مۇشائىرە ۋە مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپتۇ. خەراباتى ھەممىدە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپتۇ، بولۇپمۇ نەزم ئوقۇشقا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى ئاللانىڭ ھەدىس ـ شېرىپلىرىگە تەدبىق قىلىپ، ئىلاھىي مىسرالارنى ئاپىرىدە قىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئۆزى كەلگەن ئەلنىڭ ئۇيغۇر ئېلى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە ناھايىتى نامرات، ئازاب چېكىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى، مۇسۇلمان مۇسۇلمانىنىڭ قېرىندىشى، دېگەن ئىلاھىي روھ بويىچە، ئۇيغۇر ئېلىدىكى شۇ بى-

چارە مۇسۇلمانلارنىڭ بەخىت ـ سائادىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ئۇلارنى ياد ئېتىپ تۇرۇش... بارلىق مۇسۇلمانىنىڭ ۋىجدانى ۋە دىنىي بۇرچى ئىكەنلىكىنى مىسرالىرىدە قەيت قىپتۇ.

— ھاجى خەراباتى نەرە تارتىپ كېلىۋاتقان تاشقىنىنى ئارقىغا ياندۇرۇۋېتىپتۇ.

— خەراباتى ھاجىم مەككە ـ مۇكەررەمگە باستۇرۇپ كەلگەن قارا بوراننى توختىتىپ قويۇپتۇ.

— خەراباتى ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن بىر مۇسۇلمان ئوغلىنى دۇئايى ـ بەند بىلەن مەھكىمە شەرئىگە ياندۇرۇپ ئەكەپتۇ...

توقۇلغان رىۋايەتلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى. ئۇ يەنە داۋاملىق توقۇلۇۋاتاتتى...

ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ھاجى خەراباتىنىڭ قەبرىگاھىغا قاراپ يۈرگەن سۇلايمان شەيخمۇ بۇ ھەقتىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى ئۇزۇلدۇرمەي ئاڭلاپ تۇرۇۋاتات-تى، بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ ئىشەندۇرەتتى. كۆز ئالدىغا سېھرىي ـ كارامەتلىك ئەۋلىيا، يىتۇك ئەللامە ھەزرىتى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خەراباتى قايتا ئايان بولاتتى. ئۇ تىلسىز مەخلۇقاتلار بى-لەن سۆھبەت قۇراتتى. ئاغرىق ـ بىمارلارغا شىپالىق ئاتا قىلات-تى. بارلىق مۆجىزاتلارغا چىن دىلىدىن ھۆرمەت ـ ئېھتىراملار بىلدۇرەتتى...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇش كەپسىزلەر، ئەزىزلەر!

ھەزرىتى ھاجىمنىڭ ھېچكىم يوق باغقا شۇنداق دەپ كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى سۇلايمان شەيخ.

«سىلى راستىنىلا ئەۋلىيا بولۇپ ئۆتكەن ئىكەنلا ھەزرەت.»

چوڭقۇر ئىچكى مۇلاقەتتە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا شۇنداق دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

# ئاخىرقى تىركىشىش

شەيخنىڭ نەزىرى ئېچكىرىلەپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىدراكى قۇۋۋىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى...

مىلادىيە 1733 ـ يىلى.

چوغتالى ئەزىم ئېيۇل قۇياشى تەپتىدىن گويا بىر ئاتەشگاھقا ئايلانغان. پورۇقلاپ قايناۋاتقان زەيلىك سۇيىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلىدۇ. شورلۇق زېمىندىن چوغ ھارارىتى ئۆرلەيدۇ. تىنىقتىن ئوت چىقىدۇ. نەپەسمۇ ئاتەش بولۇپ تارايدۇ. ئىسسىق تەپتىدىن قانىتى كۆيۈۋاتقان ئۇچار قۇشلار پەرۋاز قىلىشقا ئامالسىز. ھەتتا، بىزەڭ چىۋىنلارمۇ ئۆزىگە دالدا ئىزدەش كويىدا...

كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، قەدەملىرى تولىمۇ ئېغىر بىر مويسىپىت پۈتىنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان توپىلاڭ يولدا يالاڭ ئاياغ كېتىپ باراتتى. ئۇ خۇددى ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدەك يېنىدىن ئۆتكەنلەرگىمۇ، تاپانلىرىنى قىزدۇرۇپ بىرىۋاتقان كۆيدۈرگۈچ ھارارەتكىمۇ پەرۋا قىلمايتتى، نۇرلىرى قېتىپ قالغان ئوپۇردەك كۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر نامەلۇم نۇقتىلارغا تىكىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە، ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئىلگىرىلەپ كېلەتتى. ئۇ ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالاتتى. تىنىمسىز خىرقىراۋاتقان گېلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن «جاھاندىن ۋاپا يوق، جاھاندىن ۋاپا يوق!» دېگەن ئاۋازلار چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. تۇتيا ئۇستاز، بارمۇ سىلى؟ —

سەللىسى كىرلەشكەن، ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان بولسىمۇ، چىرايىدىن بىر خىل پاراسەت ۋە پاكىزلىق چىقىپ تۇرىدىغان پوتـوكچى تالىپ دەرۋازىسى ئالدىغا پەيدا بولۇپ قالغان ھاجى خەراباتنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، پېشگە سۆيۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. شۇ گەپنى دېيىش بىلەن تەڭ كۆزلىرىگە لىغىرلاپ ياش كەلدى. ئۇستازىنى كۆرمىگىلى خېلى زامان بولغانىدى. ئەمدىكى ئۇستاز باشقىچە قىياپەتتە تۇراتتى: غېرىب چىراي، توپا تەرەت، ياغاق چىرايىنى رىيازەت قورۇقلىرى بېسىپ ياتقان، خۇنۇك كۆزلىرى پىلدىرلاپ، قەدىلىرى يادەك پوكۇلگەن...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تۇر، بالام! — ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان زەئىپ بىر ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى ھاجى خەراباتى.

ئۇ ھەج زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندە بىر كۆرۈنۈپ قويغانچە، شاگىرتىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئاياغ باسمىغانىدى. ئۆزىنىڭ روزىغارى سېتىۋېتىلگەن، ئادەملەردىن قېچىپ يۇرگىنى ئۇچۇن، بالىۋاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ بارمايتتى. كىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، نەلەردە يۇرگەنلىكىنى ئەسلا بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ مەككە ـ مۇكەررەم، مىسىر كەبى ئىسلام ئۆلكىلىرىدە بەش يىل تۇرۇپ، ئۇدا ھەج قىلىپ قايتقاندا، يۇرتىنى باشقىچە قىياس قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، غېرىبانە چوغتالى ئەزىم بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر بىر ھالەتتە كۆز ئالدىدا نامايان بولدى: يەرلەر ئاق تاشلىۋېتىلگەن، يۇرتنى ئاچارچىلىق قاپلىغان، تالاي ياشلار پىر ـ ئۇستازلىرىدىن دۇئا ئېلىپ تىلەمچىلىك بىلەن يۇرتمۇ ـ يۇرت چىقىپ كېتىشكەن، سان ـ ساناقسىز ياش ئاياللار ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ تۇل قېلىشقان، ھەممىلا ياقتا شاراقشىپ تۇرغان ساپايە، ھەممىلا ياقتا يەنە شۇ «ھۇم!» ـ جەررە!...

هاجى خەراباتى چىدىمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالەتنى يەنە كۆرگۈسى يوق ئىدى. ئۇ كىمنى، قايسى كۆزى بىلەن كۆرسۇن؟ قازى يەنە بۇرۇنقىدەك قازى ئىكەن: ھەق ـ ئادالەت ھەققىدە داۋراڭ قىلىپ، نەپسى شايىتاننى شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان. ئىمام يەنە شۇ ئىمام ئىكەن: ئەھلى مۇسۇلماننى ئىقتىدا قىلدۇرۇپ، ئۆزى نەپسىنىڭ مۇخلىسى بولىدىغان، غەنىيىمۇ، گادايمۇ، شەيخمۇ، سوپىمۇ ۋە ھەتتا مۇپتى، مۇھتەسىپمۇ.. شۇ ئىكەن. بۇلار بىلەن ياشاپ بولامدۇ؟ بۇ دەردلەرگە چىداپ بولامدۇ؟!

ــ خۇداغا ئامانەت، بالام، ــ دېدى ئۇ بىر نوگاي سوغۇق سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، شاگىرتى داستىخان راسلىغان سۇپىغا پېشىنى تەگكۈزۈپمۇ قويماي. ئەسلىدە پۇتۇكچى تالىپ: سىلىنى كۆپ ئىزدىدىم، نەلەردە يۇردىلە ئۇستاز؟ دەپ ھال ـ ئەھۋال سورىماقچى ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا ئىمكان بولمىدى. ئۇ ئۇيۇقتا قويۇپ قويغان قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇستاز خۇنۇك كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ تۇرۇپ، خىرقىراق ئاۋازدا تەلقىن قىلماقتا ئىدى:

نى ھېساب ئەيلەدىمكى تارىخغە،
مىڭ ۋە يۈز يانە قىرىق ئالتىغە.

پۇتۇكچى تالىپنىڭ يۇرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئاڭلىغان مىسرالار ئۇستاز تەلقىنىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بىلەتتىكى، تالاي شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خاتىمىسىنى مۇشۇنداق ۋاقىت، يىلنامىلار بىلەن چۈشۈرگەندى. بۇ يەنە مۇئەللىپىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ يەكۈنىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئەجەبا، ئۇستاز مۇشۇنىڭ بىلەن خۇلاسە كالام قىلىۋەت‑ سە ـ ھە! ئەمدى ئۇنىڭ تەلقىن، مۇلاھىزىلىرى ئاخىرلاشقانمىدۇ ياكى ئىلاھىي ھېكمەتلەر ئاپىرىدە قىلىشقا زېھنى يەتمىگەنمىد‑

دۇر؟ ۋە ياكى... كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغانمىدۇ؟ ...

ئۇ ئۇستازنىڭ ئىلاھىي يۈكسەكلىككە تۇتۇشۇپ كېتىدىغان نەزىم ـ تەلقىنلىرىنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك، پۈتۈن دىققىتى، سېزىم ـ سەزگۈلىرىنى قۇلىقىغا يىغىپ، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئاڭلاپ تۇردى:

قىلغۇلۇق شەرئىنى كىتاب ئەتتىم،
بىلمىگەنلەرغە مەن خىتاب ئەتتىم.

گەر خاتالىق ئۆتسە مەندىن، ئەي ئالىم،
رەھىم ئەيلە، لۇتفى قىل كۆرۈپ ھالىم.

تا كېرەم بەخشى تەڭرىدۇر غەم يوق،
ھەرنە قۇدرەت ئانىڭدە كۆڭلۈم توق.

بولماغاي ھېچ ۋەقت ھۆكمى تەڭرى رەد،
ئېيدى تەڭرى: «ئىننەل ئىنسانەفى كەبەد»

ئادەمىي ھەر دائىم ئەمگەك ئىچرەدۇر،
نەپسىنىڭ كامىنى بەرمەك ئىچرەدۇر.

ئۆتتى ئۆمرۈم تېز بىكارلىغ بىلەن،
كېچەيۇ كۈندۈز زىيانكارلىغ بىلەن.

بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇرلەر دەردۇ ئەلەم،
ھەم قىلۇر جەۋرى جاپا زۇلمى سەتەم.

ئەي ئوغۇل كۆڭلۈڭدە تۇت بۇ ياخشى پەند،
ئاسلار گۈرگى ئۇلدى، مۆئمىن گوسفەند.

بىر ـ بىرلىرىنى ھەمە قەسدىدەدۇر،
تىغ زەھەر ئالۇد دەستىدەدۇر.

تۇن ـ كۇن ئوغلى ئاتاغە مۇددەئى،
ھەم قىياس دوختەر ئاناغە مۇددەئى.

ئەي دەرىخا بارچە غەفلەت ئىچرەدۇر،
دائىما كۇفرى زەلالەت ئىچرەدۇر.

ھېچكىم قورقماس كىشىنى ھەققىدىن،
يادىغە كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن.

خا غەنىيۇ، خا گادايۇ، شاھ ھەمە،
خا شەيخۇ، خا سوفىيۇ موللا ھەمە.

خاھى قازى، موفتى، خاھى مۇھتەسىب،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالىدىن نەسىب.

ئەي بىرادەر تۇت بۇ پەند يادىڭدا ياد،
ھېچكىم ئانى قىلالماسدۇر كۇشاد.

كىم بىرادەر ھەققىدىن يەريا ئىچەر،
ئول كىشىنىڭ كۆڭلىدىن گۆھەر كىچەر.

كىيسە كىمنىڭ ھەققىدىن ھەركىم لىباس،
كەيدۇرۇر مەھشەر كۇنى ئوتدىن لىباس.

ھېچكىم يوقدۇركى غەيبەتدىن يىراق،
ھەم بىراۋ شىركۇ ئاداۋەتدىن يىراق.

نەپسى شەيتاندۇر دەۋام ھەم سۆھبىتىڭ،
كەتتى سەندىن دىن بىلە ھەم مىللىتىڭ.

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر، بىر پاكى ھەلق،
بارچەنى ئالۇدەدۇر ناكاپى ھەلق.

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمۇ ھايا،
ھېچكىم بولمەس بىر ـ بىرىدىن رىزا.

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر مېھرۇ ۋاپا،
بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇر جەۋرۇ جاپا.

بى خەبەردۇر بارچە ھەقنى ئەمرىدىن،
ھېچكىم قورقمايدۇ ھەقنى قەھرىدىن.

ھەمە مەنلىك بىلەن قىلغاي تەپەككۇر،
ئۆزىنى ئەسلىنى قىلماس تەپەككۇر.

خالى ئەرمەس ھېچكىم ۋەسۋاسىدىن،
پاك ئەرمەس كۆڭلى ھەم خەنناسىدىن.

كىمدۇر بۇ ئالەم ئارا دۇنيىسىز كىشى،
ھەرنە مەشغۇلاتى ئول دۇنيى ئىشى.

ھېچكىم شايىستەئى دەرگاھ ئېمەس،
ئاخىرەت ئەھۋالىدىن ئاگاھ ئېمەس.

بۇ زامان قاچماس ھارامدىن ھېچكىم،
ئادىمىغە بۇ دۇرۇر ئەيىب ئەزىم.

قىلماسە فەرھىزلىك نىيەتغە يول،
ھېچكىمنى تائەتى بولماس قوبۇل.

ساقلامەس ھېچكىم ھارامدىن ھەلقىنى،
ئول سەبەبدىن ئول خۇدانى دۈشمەنى.

بارچەلەرنى نەپسى غالىبدۇر ھەمە،
فىسق ئىلە ئىسيانغە راھىبدۇر ھەمە.

بولسە ھەر كىمدە ھارامدىن بىر دەرەم،
روزى مەھشەر ئۆكسىمەس ئاندىن ئەلەم.

بارچە ھالى گورگى رىۋ باھلىغ بىلەن،
ئۆتكەرۇر رەسۋايۇ گۇمراھلىغ بىلەن.

ئىستەمايدۇر ھېچكىم رىزقى ھالال،
ھېچكىم ئىمانى تاپمايدۇر كامال.

ھېچكىم تائەتى بولمايدۇ قوبۇل،
ھېچكىمدە پاك يوقدۇر بىر كۆڭۈل.

مەنپىئەت يوقدۇر ئانى تائەتىدە،
ھۇشىغە كەلمايدۇر ھېچ سائەتىدە.

ھېچكىم يوقدۇركى غەيبەتدىن يىراق،
ھەم ھەسەد بەغزۇ ئاداۋەتدىن يىراق.

يوق تۇرۇر بۇ ۋەقىتدە تائەتى خاس،
كىبىرىسىز يوقدۇركى بولغاي يارى خاس.

بارچە ھالى پىتنەيۇ تەزۋىردام،
ئۆتكەرۇر غەفلەتدە ئۆمرىن سۇبھى ـ شام.

ئەھلى دۇنيانىڭ نىچە ئاداتى بار،
سۆزەن دۇنياغە مەشغۇلاتى بار.

ئىپتايىن ئول پىرى زەننىڭ دەستىدىن،
تا خالاس تابقايسەن ئانىڭ بەندىدىن.

يوق دۇرۇر ئانىڭدە ھىچ شەرمۇ ھايا،
زاھىرى رەئنايۇ ھەم گۈلگۈن قابا.

بىۋاپا مەككارۇ ھەم ئەييارىدۇر،
نازۇ ئىستەغناسى ھەم بىسياردۇر.

سىھرى بىرلە جادۇغە ئۇستادىدۇر،
غەمزەسى جويىندەغە دىلشادىدۇر.

قۇل قىلىبدۇر بارچەنى ئەفسۇن بىلەن،
پەرۋەرىش ئەيلەبدۇر ھەم ئەفيۇن بىلەن.

زاھىرىدە قەندىدىك گۇفتارى بار،
باتىنىدە تىغ زەھەر ئالودى بار.

ئەۋۋەلى ھەر كۈن ئاڭا شىكەر بىرۇر،
ئاخىرى بىر كۈن ئاڭا زەھەر بىرۇر.

ئەۋۋەل ئول ھەر كىمگە بەرگەي سىمۇ زەر،
ئاخىرى بىر كۈن ئاڭا بەرگەي زەھەر.

رام ئىتەر ئۇل كەسنى ئۇل مۇردارىغە،
ئاخىرى بىر كۇن چىقارغاي دارىغە.

يوق تۇرۇر ئۇل پىرى زەندىك ھىلىگەر،
يۈز تۇمەن مىڭ ئەرگە ھەر سائەت تېگەر.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ تۈن ـ كۈن ئانىڭ قەستىدە،
ئۇل ھەمىشە ئەقلى جانىڭ قەسدىدە.

دائىم ئۇل ئادەم بىلەن سەۋدا قىلۇر،
ئەقلى ـ ھۇشىنى ئېلىپ رەسۋا قىلۇر.

پىرىزەن دامىدە بۇ ئالەم يۈزى،
چىقماس ئۇل ھېچ ۋاقىتدە ئادەمدىن ئۆزى.

ئۆلمەگۈنچە ھېچكىم بولماس خالاس،
ئاڭلاغىل بۇ پەندىنى ئەي ئامۇ خاس.

ھەققىغە ئۇل پىرىزەن ئۆمرىڭ ئالۇر،
جىمى ئەسباب ئىماراتىڭ قالۇر.

ئەي ئوغۇل ئۇل پىرىزەن كۆڭلۈڭدەدۇر،
قىلدۇرۇر دائىم ساڭا فىسقۇ فۇچۇر.

تېز ئۇل مەككارىنى ئۆيدىن چىقار،
ئۇل زامان زەنگار كۆڭلۈڭدىن چىقار.

ئەي بىرادەر ئۆزگەيسەن ئاندىن ئۈمىد،
بولغاي ئۇل ۋەقت شەمئى ئىمانىڭ پەدىد.

ئۆزسەلەر ھەركىم ئۆمىد فانى بولۇر،
ئول زامان ئەيسائى روھانى بولۇر.

خالى قىلغان ئۆزنى ئۆلتۈرمەك دۈرۈر،
نەپسىنى ئىمانغە كۆندۈرمەك دۈرۈر.

كىم چىقارماس كۆڭلىدىن نەمرۇدىنى،
ئىككى ئالەم كۆرمەس ئول مەئبۇدىنى.

ھەر كىشىكىم بولمەسە ئاندىن خالاس،
بولمەغەي ئول تەڭرى دەرگاھىدە خاس.

نېچە كىم بولساڭ ئىگەر سەن روسىيا،
قىل ئېتىنىڭ خاكى پايىن تۇتىيا.

تابتى جىسمىڭ تەربىيەت بۇ خاكىدىن،
بەھرى ئالماق ئەقلۇ پەم، ئىدراكىدىن.

ئەي ئوغۇل جىسمىڭنى قىلدىڭ پەرۋەرىش،
قىلمادىڭ رەھبەر تەلەب ھېچ يازۇ قىش.

ئۆتتى ئۆمرۇڭ بىھۇدە سەۋدا قىلىپ،
بەندەئى ھەقمەن دىبان غەۋغا قىلىپ.

ئەي ئوغۇل بىرنەچچە پەند ئېيتاي ساڭا،
خالى قىل كۆڭۈلنى پەنددىن ئال ئاڭا.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ھەلقىڭنى پاك ئەيلەگىل شامۇ سەھەر

ئەي دەربخا، بارچە غەفلەت ئىچرەدۇر،
دائىما كۇفرى زەلالەت ئىچرەدۇر.

ھېچكىم قورقماس كىشىنى ھەققىدىن،
يادىغە كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن.

خاھ غەنىيۇ، خاھ گادايۇ شاھ ھەمە،
خاھى شەيخۇ، خاھ سوپى موللا ھەمە

خاھى قازى، مۇفتى، خاھى مۇھتەسىب،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالىدىن نەسىب.
...
نەفس شەيتاندۇر دەۋام ھەم سۆھبىتىڭ،
كەتتى سەندىن دىن بىلە ھەم مىللىتىڭ.
...

پۈتكۈل تالىپ سىزىپ تۇردىكى، ئىلگىرى تەلقىن قىلىنغان بۇ مىسرالار يەنە تەكرارەن نەزم بولۇپ تۈزۈلگەنىدى. ئەمما ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلىنىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، بۇرۇنقىدىن پەرقلىق ھالدىكى بەدىئىي پاساھەت پەللىسىگە ئۆلۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى ئۇستازدىكى ئۇنتۇغاقلىق ۋەجىدىن كېلىپ چىققان تەكرارلىق دېگىلى بولمايتتى. مىسرالاردىكى چوڭقۇرلۇق، ئەستايىدىللىق ۋە يەكۈن خاراكتېرىنى ئالغان كەسكىنلىك بىلدۈرۈپ تۇراتتىكى، ئۇستاز ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن مۇشۇ مىسرالارنىڭ ۋەزنىنى قايتا ھېس قىلغان ۋە ئۇنى خاتىمە قىلىش زۆرۈر دەپ قارىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قالدۇرۇش يولىدىكى ئاخىرقى تىرىشچانلىقى، تەرغىبات مۇساپىسىدىكى ئاداققى تىركىشىشى ئىدى. بۇنىڭ ئاخىرى تەبىئىيكى، تالىپقا ياد بولۇپ كەتكەن ھېلىقى ئىككى مىسرا

بىلەن چۈشەنتى:

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

— خەير - خوش! — ھاسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ھاجى خەراباتى تەبىئىتى ۋە يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. ئۇ مەسنەۋىلىرىگە خوش دېدىمۇ ياكى شاگىرتىغىمۇ بىلىپ بولمايتتى. پۈتۈكچى تالىپ ئەس - ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە ئارىلىقتا، ئۇ ئۇلۇغ ئىچچۈېتىلگەن دەۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى...

# شاگىرت پۈتكەن يىلنامە

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ھېچكىمگە كۆرۈنمىدى. مۆجىزە ـ كارامەتلەرگە ئەسىر بولۇپ كەتكەن ئادەملەر بۇ ھەقتىمۇ ھېكايە قىلىشىپ ئۈلگۈرگەنىدى:

ــ ھاجى خەراباتى ئاخۇنۇمنى بىزنىڭ خوتۇن كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەرەم تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇمىش.

ــ خەراباتى ئاخۇنۇم ئانىدىن تۇغما بولۇپ، قومۇشلۇقمۇ قومۇشلۇق كېزىپ يۈرەرمىش.

ــ خەراباتىم يوغان تېرەك تۈۋىدىكى سېسىق كۆلنىڭ بويىدا يىغلاپ ئولتۇرارمىش.

ــ ئۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قاپتىمىش. ھە دېسىلا يىغلاپ، زامانىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تىللاپ يۈرەرمىش...

گەپلەر تولا ئىدى. لېكىن، ھېچقايسىسىدا ھاجى خەراباتىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى يورۇتۇلمايتتى. راستىنى دېگەندە، يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ ھېچ كىشى قادىر ئەمەس ئىدى.

ئۇ ھەج ـ ھەرەم زىيارىتىدىن قايتىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىنلا، ئۆزىگە مۇشۇنىڭدىن باشقا يول يوقلىقىنى ھېس قىلغانىدى: ئۇ ھېچكىشىگە يېلىنمايتتى، ھېچ كىشىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ گۇناھ ـ گۇمراھلىققا پاتقان دۇنيادىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزگەنىدى.

«جاھاندىن ۋاپا يوق، جاھاندىن ۋاپا يوق!» ماڭغان ـ تۇرغان يېرىدە شۇنداق دەپ زارلىناتتى ھاجى خەراباتى. ئۇ ئامالسىز قالغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرغان ئازغۇنلۇق، پاسىق ـ

چىركىنلىكلەرگە چىداپ بولمايتتى. ئۇنى تۇپ يىلتىزىدىن يوق قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ بىر ئادەم، چۈشىنىشكە ئېرىشەلمىگەن قېرى بىر ئادەم ئىدى!

«بىۋاپا ئالەم، بىۋاپا ئادەم!» ئۇ ھەممىدىن سەسكەنگەنىدى. ياش ئەگىپ تۇرىدىغان خۇنۇك كۆزلىرىگە گۇناھدىن ئۆزگە نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۆزىمۇ تېگى يوق شۇ گۇناھ دېڭىزىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، بۈگۈن، ھازىرلا ھالاك بولىدىغاندەك بىلىنەتتى...

ئۇ ئاچ ـ يالىڭاچ ھالەتتە، ھېچ كىشىگە كۆرۈنمەي، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتى. مۇشۇ قىلمىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنى ـ گۇناھقا تولغان پاسىق دۇنيادا بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلگەن قېرى جېنىنى جازالىماقتا ئىدى!

كۈنلەر، ئايلار... ئۆتتى. قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئاچلىقتىن قىيناپ كەلگەن يىللاردىنمۇ نەچچىسى ئۆتتى. مانا ئەمدى يەنە ياز كەلگەنىدى...

بەدەنلىرى ئورۇقلاپ، ئىسكىلىتتەك بولۇپ قالغان ھاجى خەراباتى قېلىن قومۇشلۇق ئارىسىدا ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە مۇدۇرۇپ ـ دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ياغاق ۋە ئاجىز تېنى ئاپتاپتا كۆيۈپ چۈچىلىدەك قارىداپ كەتكەنىدى. كۆيۈشتىن سويۇلۇپ، تالاي يېقىلىشلاردىن يېرىلىپ كەتكەن ئاشۇ قارا بەدەنىنىڭ يىڭنە ئۇچى چاغلىق ساق يېرى قالمىغانىدى. ھەممىلا يەر يېغىر: قومۇشلار تىلىۋەتكەن، كۆتەك، يىلتىزلار يېرىۋەتكەن، ئوي ـ دوڭغۇللار سۈرۈۋەتكەن، پاشا، كۆكۈيۈنلەر چېقىپ ئىششىتىۋەتكەن... ئۇ ئۇ زەيلىكتىن ـ بۇ زەيلىككە، ئۇ قومۇشلۇقتىن ـ بۇ قومۇشلۇققا... يۆتكىلىپ تۇراتتى. نەدە ھەرە بولسا، قەيەردە كۆكۈيۈن سېزىلسە، قايسى قومۇشلۇقتا لاي ـ لويى، پاشا ـ كۆمۈتىلار كۆپ كۆرۈنسە شۇ يەرگە قاراپ يول ئالاتتى. ئاچچىقچان ھەرىلەر ئاۋاق بەدەنگە زەھەرلىك

نەشتەرلىرىنى خەنجەردەك ئۇراتتى. پاشا ـ كۇمۇتسلار تۆپە ـ تۆپىلەپ ئىششىپ چىققان تارشىدەك قاتتىق ئۇستىخانغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېتىلاتتى...

— چاقە، مەندەك گۇناھكارنى چېقىپ ئۆلتۈر! — دېدى ئۇ توشقىچە سۇ قۇيۇۋېتىلگەن شاللىقتا قىپيالىڭاچ ھالدا دۈم يېتىپ. ئۇ بەدەنلىرىنى تەكشى ئۆرۈپ، بەس ـ بەستە قونۇۋاتقان پاشىلارنىڭ نۆۋەت بىلەن چېقىۋېلىشىغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىۋاتاتتى.

— چاقە، ماۋۇ تەرەپنىمۇ چاق، گۇناھ قېتىدا ياشىغان گۇناھكار مۈشۈنىڭغا لايىق، — دېدى پىچىرلاپ تۇرۇپ يانغا ئۆرۈلگەچ، — بولمىدى، تېخىمۇ قاتتىق چاق. سانجىپ ـ سانجىپ!... تىغ ئۇرغاندەك، پىچاق تىققاندەك، يىلان چاققاندەك!..

ئۇنىڭ بەدەنلىرى چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىيتتى، ئېچىشاتتى. بىر قىسىم جايلار سېزىمىنى يوقىتىپ باراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭغا پاشىلار تازا كۈچەپ چاقمايۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

— قاراموقچىنىڭ① پاشىلىرىغا يەتمەيدىكەنسىلەر. ساقى باينىڭ سازلىقى② دىكى پاشىلارنى دورىيالمايدىكەنسىلەر، — شۇنداق دەپ ئاغرىندى ئۇ، بەدەنلىرىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قونۇۋالغان سانجاق ـ سانجاق پاشىلار قەۋەتىگە قاراپ، — ئۇ يەردىكى پاشىلار ئالامەت چاقاتتى. قېنىمنى شوراپ، قورسىقىنى كۆتۈرەلمىگۇدەك بولغىچە قادىلىپ تۇراتتى. ئاسانلىقچە تويمايتتى. بەس ـ بەستە يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى...

ئۇ پاشىلار كۆپ قونۇپ، قانچە قاتتىق چاقسا، شۇنچە سۆيۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن، ھازىر سۆيۈنگىدەك ئىش بولمايۋاتاتتى. پاشىلار بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ قونۇشاتتىيۇ،

---

①② ئاقسۇدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئاغرىتقۇدەك چاقالمايۋاتاتتى. زادىلا ئاغرىمايتتى!... كەچ بولسا بەك چاقاتتى. ئىتتىكرەك كەچ بولسا ئىدى!...

ئۇنىڭ شاللىق قىرىغا قويۇۋالغان بېشى ئاستا ـ ئاستا سۇغا سىرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇنىڭدا بېشىنى كۆتۈرگۈدەك كۈچ ـ ماجال، تېنىنى باشقۇرغۇدەك سېزىم ـ مادار يوق ئىدى. ئۇ سېزىملىرىنى يوقاتقان ھالەتتە، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۈيغۇدا قارامۇقچىدىكى ساقى باينىڭ سازلىقىنى، ئادەمنى چاقىدىغان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدىغان ئاشۇ قېلىن قومۇشلۇقلارنى... ئەسلەپ قالدى. شۇ خاسىيەتلىك سازلىقتىن ئەپكېلىنىۋالمىغان بولسا، بۇ چاققىچە بەلكى...

— سېلىنى بىر ھەپتىدىن بېرى ئىزدەپ يۈرىمىز جېنىم ئاكا، قايسى گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئازابلايدىغانلا؟ سىلىلا ياشىغانمۇ بۇ كور جاھاندا؟ — نەۋرە ئاكىسىنى ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ، ساقى باينىڭ قومۇشلۇقلىرىدىن تاپقان رېھىمخان بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى ئاكىسىغا، — ئۇنداق قىلمىسىلا، جاھان بۇنىڭ بىلەن ئوڭشىلىپ قالمايدۇ. بالىۋاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلەر «دادام نەدىدۇ» دەپ سىلىنى ھەريان ئىزدەپ يۈرىدۇ. مېنىڭ يۈزۈمنى، ھېچ بولمىسا، ئۆيدىكى ئاشۇ ئاجىز ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى قىلسىلا خۇدايىم بەرگەن ئاكا. ماڭار چېغىمدا ھاجىم دادامنى ئېلىپ كەلمىسىكىز، ساقى باينىڭ سازلىقىغا مەن كېتىمەن، دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ قالدى شۇ بىچارە بالا. باشقا تۇغقانلارنىڭ ھېچقايسىسىگە گەپ ـ سۆز قىلماي كەلدىم. جۇرسىلە، سىلىنى ئېلىپ كېتەي، ئاكا.

— با... بارمايمەن، — مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغان خەراباتى يېرىلىپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە مىدىرلاتتى، — ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكۈم يوق... كۆزۈم كۆرمىسۇن شۇلارنى... بۇ يەرنىڭ پاشىسى ئاۋۇنكەن... بەك ئوبدان يەركەن... ئادەمزات يوق، خالىي...

— خۇدايىم خۇش بولسۇن، جېنىم ئاكا، ئۆيدىكى ئاشۇ ئاجىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىنىمۇ قىلمامدىلا؟

— شۇ بالىنىڭ - ھە!... جېنىم بالام!... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، قورۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە غىلىلىدە ياش ئالدى. ئۆز بالىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ ئاجىزغا چىدىمايدىغانلىقىنى رېھىمخان ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا نەۋرە ئاكىسىنى يارىيار ھارۋىسىغا يۆلەپ چىقاردى...

نەۋرە سىڭلىسى ياندۇرۇپ كېلىپ ئەتىسىگىلا ئۇ يەنە ئۇن - تىنسىز غايىب بولغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئېغىزىغا بىر نەرسە سالدىمۇ - يوق، نەلەردە پاشىغا تالىنىپ يۈردى، بۇ شاللىقتا يېتىۋاتقىلى قانچە كۈن بولدى... ئەسلىيەلمەيتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇ زامان، ماكان سېزىمىنىمۇ يوقاتقانىدى. قورسىقى ئاچقىنىنى تېخىمۇ سەزمەيتتى. قىر تۈۋىگە يېنىچە تاشلانغان بېشى لەشلەر لەيلەپ تۇرغان ئىسسىق زەي سۇغا بوش چىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان خىيالى دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. تولىمۇ يەڭگىل، شېرىن، خىسلەتلىك ۋە ئارامبەخش بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ روھىي ۋە تېنىنى قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. شېرىن كۆرۈنۈش، شېرىن سېزىم، شېرىن خىيال...

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇش كەپسىزلەر، ئەزىزلەر!»

شېرىن بىر تۇيغۇ ئىچىدە شۇنداق پىچىرلىدى ئۇ خىيالغىمۇ، رېئاللىققىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرۈنۈشكە قاراپ. ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزى بىر - بىرىگە لەغمەن پىلتىسىدەك يۆگۈشۈپ كەلگەن يوغان بىر جۈپ چار يىلاننى كۆرگەنىدى.

«مەرھەمەت، چېقىشسىلا!»

يىلان بېشىنى تىككىدە كۆتۈرۈپ، خەراباتنىڭ يېنىچە

تاشلانغان يۈزىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى ۋە ئۆزىگە زەرەر - زەخمەتسىز ھالدا قاراپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلەرگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «غىلدىر» قىلىپ ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى...

«...ئېزگۈلۈك بارچە جانلار ۋۇجۇدىدا...»

خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە شۇنداق پىچىرلىدى ئۇ شۇئان بىردىنلا جانلىنىپ قالغاندەك بولدى. يوپۇرۇلۇپ كەلگەن تەڭداشسىز لەززەت تۇيغۇسىدىن جان - جېنى يايراپ كەتتى. ۋۇجۇدى پەيدەك يەڭگىللەپ، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان شېرىن سېزىمگە ئەسىر بولدى. خاتىرىسى روشەنلەشتى. تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى كۈچەيدى. باقىي ياكى پانىيغا تەۋەلىكىنى ئايرىش تەس بولغان تالاي كۆرۈنۈشلەر قايتا - قايتا گەۋدىلەندى...

«جان بىلەن تەن مەجازى بىرلىكتەدۇر»

ئۇنىڭ كاللىسىغا توساتتىنلا كىمدۇر بىرى ئېيتقان مۇشۇ گەپ كېلىپ قالدى. راست، كىم دېگەن؟ كىمنىڭ گېپى بۇ؟... ئاھ، ئېسىگە كەلدى. بۇ گەپنى شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا دېگەن! ئۇ ئايكۆل مەۋلانەمدىن[1] ئاقسۇغا چۈشكەندە ئۆزىنى يوقلاپ ئۆتكەن ئەمەسمىدى؟ ئالتۇنلىرىم[2] مازارىنى زىيارەت ئەيلىگەندىن كېيىن ئىلىغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ شۇ چاغدا دېگەن ئەمەسمىدى؟

— قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە تالىپ بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تەلقىن قىلغان مۆجىزە - ھېكمەت ۋە شېرىن پاساھەتلەرگە تويۇنغان مەسنەۋىلىرىنى بۇ دورام ئىشتىپ كەلدىم، تەقسىر، — دېگەنىدى ئۇ خەراباتى بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولۇۋېتىپ، — ئۇنىڭ بالاغىتى دىلىمدا، پاساھىتى

---

① ئاقسۇ ئايكۆلدىكى مازارنىڭ نامى.
② ئونسۇدىكى مازار.

تىلىمدىدۇر. بەرھەق، جانابلىرى شۇل زاماندىلا مەجازىي ئىپادىدە تەلقىن قىلغاندەك، جان ـ تەنگە مېھمان ئېرۇر. دېمەككى، جان بىرلە تەن مەجازىي بىرلىكتەدۇر...

ئۇ يەنە ئويلىدى. ۋۇجۇدى يەڭگىللەپ، تەسەۋۋۇرى شۇ قەدەر كۆچىيىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن شېرىن ئەسلىمىلەر، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىلەرمۇ... ناھايىتى ئېنىق ئېسىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئاقسۇدىن ئۆتكەندە ئۆزىنى يوقلاپ ماڭغان شاھ مەشرەپنىڭ بىر كەلىمە سۆزىنى تاسادىپىي ئەسكە ئېلىپ قېلىش باھانىسىدە، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى — قەشقەر خانلىق مەدرىسىدىكى نەزم تەلقىن پائالىيىتىدە زىلزىلە قوزغىغان ياشلىق چاغلىرىنىمۇ شۇنداق شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە ھۇزۇر بىلەن ئەسلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھەممە كېلەتتى، ئۇ ھەممىنى ئويلايتتى...

ئۇنىڭ سۇغا يېرىم چىلىشىپ تۇرغان بېشى ئاستا ـ ئاستا چۆكمەكتە ئىدى...

كەچ كىردى. پاشا، كۇمۇتىلار چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. سۇ ئۈستىدە يېرىم يۇمۇلۇپ تۇرغان بىر كۆز تىنچ ھالەتتە سۇ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. سان ـ ساناقسىز ھاشارەتلەر ئۇۋۇلاپ كەتكەن يەنە بىر ئاخىرقى تۆشۈك ـ ئۇلۇغ قۇلىقىمۇ كۆپىيىپ كەلگەن زەي سۇ ئاستىدا غايىب بولدى. ئېچىققا يېقىن جايدىكى ئاشۇ كىچىككىنە قىر تۇۋىدىن تولىمۇ ئاجىز ھالدا بىرقانچە قېتىم بۇلدۇقلىغان ئاۋاز چىقتى. بۇ ئۇنىڭ نەۋرە سىڭلىسىغا خىيالەن ئېيتقان: «مەن دادامنىڭ يېنىدا ياتاي» دېگەن زەئىپ ۋە ئاداققى ئاۋازلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى...

ئالەم جىمجىت ئىدى. ئاچ كۆز پاشىلار ئاۋۋالقىدەكلا يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى...

كىشىلەر شۇ كۈنى كېچىسى ئاجايىپ نۇرلۇق بىر يۇلتۇزنىڭ

ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئىز قالدۇرۇپ، ئۇپۇق بويلاپ ساقىپ چۇشكەنلىكىنى كۆرۈشتى.

كېيىنكى چاغلاردا قېرىلىق يېتىپ، خاتىرىسى زىيادە ئاجىزلىغان پۇتۇكچى تالىپ ئاشۇ ئۇنتۇلماس جۇمە كۇنىنى تەستە ئەسكە ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن:

«تارىخىي ھىجرىيەنىڭ بىر مىڭ بىر يۇز قىرىق توققۇزىنچى يىلى» (مىلادىيە 1737 ـ يىلى) دەپ پۇتۇپ قويىدى.

# خاتىمە

— ھاجى خەراباتى ئاخۇنۇم ۋاپات بولغان كۈنى جاھان ماتەمدار بولۇپ، ھەممە ياق تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنى مۇرىمىزگە ئېلىشىمىزغىلا، تاۋۇت ئۆزلىكىدىن يەڭگىللەپ، خۇددى كەپتەردەك لەپ، لەپ، لەپ قىلىپ ئۇچۇپ ماڭدى.

— بىز خەراباتى ئاخۇنۇمنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرمىدۇق، تاۋۇت بىزنى سۆرەپ ماڭدى...

— خەراباتى ھاجىم ئەسلىدە پەستىكى زاراتگاھلىقتا دەپنە قىلىنغان. بىر كۈنى نەۋرە سىڭلىسى رىھىمخاننىڭ چۈشىگە كىرىپ: مەن دادامنىڭ يېنىدا ياتاي، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا يەرلىك كولاپ، ئەمدى يۆتكەيلى دەپ تۇرۇشىغا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپتۇ. بوران توختىغاندا قارىسا، پەسكە قويۇلغان ئەۋلىيا دادىسىنىڭ يېنىدىكى يەرلىككە يۆتكىلىپ كېلىپ بوپتۇ... بۇ راستتىنلا ئۇلۇغ زات ئىكەن...

ھاجى خەراباتى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر مەڭگۈ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەن سۇلايمان شەيخ بۇ توغرىسىدىكى ھېكايىلەرگە يېڭى تۈس قوشۇپ باراتتى:

— قوغۇن يەڭلار، تاۋۇز يەڭلار! كۆكتات لازىم بولغانلارمۇ كېلىڭلار! ھەممىسى خەراباتى ھاجىمنىڭ، ھەممىسى بىكىرىغا!...

ئۇ ھاجى خەراباتى نامىدىكى ۋەخپە يەرگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە خالىس تەر تۆكۈپ ئۆتتى. يۇرت ـ يۇرتلاردىن كېلىپ ـ كېتىۋاتقان كىشىلەر چوغتالى ئەزىمگە قەدەم باسقاندا ھاجى خەراباتىنى قايتا

كۆرگەندەك بولدى. ئۇلار سۆيۈنۈش بىلەن: ھاجى خەراباتى ھايات ئىكەن، دېيىشتى...

مىلادىيە 2002 ـ يىلى 31 ـ ماي ئاقسۇدا يېزىلدى.

مىلادىيە 2009 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر ئاقسۇدا قايتا تولۇقلاپ يېزىلدى.

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇنگۈل ياسىن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
قايتا تەكشۈرگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيېۋ


# تەنها پەرۋانە

## ئاپتورى: ئابباس مۇنىياز تۈركىيقان

---


نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 15.75
نەشرى: 2014 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN978 − 7 − 5469 − 5133 − 1
باھاسى: 55.00 يۈەن